بسم الله الرحمن الرحيم

# جواهر التفاسير

**مختارات من جواهر التفاسير التالية:**

الطبري، القرطبي، ابن كثير، البغوي، الجلالين، تيسير الكريم الرحمن في تفسير كلام المنان، التفسير الواضح، تفسير الشعراوي، التفسير الميسر، المختصر في التفسير، التحرير والتنوير، صفوة التفاسير، أيسر التفاسير لكلام العلي الكبير، التفسير الكبير للرازي.

محمد يوسف محمد تورسون

٤

ئەنفال سۇرىسىدىن يۇنۇس سۇرىسىگىچە

# تەپسىر جەۋھەرلىرى

تەپسىرى تەبەرىي، تەپسىرى قۇرتۇبىي، تەپسىرى ئىبنى كەسىر، تەپسىرى بەغەۋىي، تەپسىرى جەلالەين، تەپسىرى سەئدىي، تەپسىرى ۋازىھ، تەپسىرى شەئراۋىي، تەپسىرى مۇيەسسەر، تەپسىرى مۇختەسەر، تەپسىرى ئىبنى ئاشۇر، سەفۋەتۇتتەفاسىر، تەپسىرى جەزائىرىي، تەپسىرى رازىي قاتارلىق تەپسىرلەرنىڭ جەۋھەرلىرى تاللاپ ئېلىنغان.

مۇھەممەد يۇسۇپ مۇھەممەد تۇرسۇن

4

ئەنفال سۈرىسىدىن يۇنۇس سۈرىسىگىچە

# تەپسىر جەۋھەرلىرى

## جواهر التفاسير

تەپسىرى تەبەرىي، تەپسىرى قۇرتۇبىي، تەپسىرى ئىبنى كەسىر، تەپسىرى بەغەۋىي، تەپسىرى جەلالەين، تەپسىرى سەئدىي، تەپسىرى ۋازىھ، تەپسىرى شەئراۋىي، تەپسىرى مۇيەسسەر، تەپسىرى مۇختەسەر، تەپسىرى ئىبنى ئاشۇر، سەفۋەتۇتتەفاسىر، تەپسىرى جەزائىرىي، تەپسىرى رازىي قاتارلىق تەپسىرلەرنىڭ جەۋھەرلىرى تاللاپ ئېلىنغان.

مختارات جواهر كل من التفاسير: الطبري، القرطبي، ابن كثير، البغوي، الجلالين، تيسير الكريم الرحمن في تفسير كلام المنان، التفسير الواضح، تفسير الشعراوي، التفسير الميسر، المختصر في التفسير، التحرير والتنوير، صفوة التفاسير، أيسر التفاسير لكلام العلي الكبير، التفسير الكبير للرازي.


مۇھەممەد يۈسۈپ مۇھەممەد تۇرسۇن

محمد يوسف محمد تورسون



تۆتىنچى توم | المجلد الرابع

بىرىنچى نەشرى | الطبعة الأولى

2024م/1446هـ

ISBN: 978–625–00–1246–8

شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى نەشر قىلدى

ئىستانبۇل–تۈركىيە

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

﴿وَأَنزَلۡنَآ إِلَيۡكَ ٱلذِّكۡرَ لِتُبَيِّنَ لِلنَّاسِ مَا نُزِّلَ إِلَيۡهِمۡ وَلَعَلَّهُمۡ يَتَفَكَّرُونَ﴾

﴿(ئى پەيغەمبەر!) بىز ساڭا بۇ قۇرئاننى ئىنسانلارغا چۈشۈرۈلگەن (ئەھكاملار)نى بايان قىلىپ بەرسۇن، ئۇلار تەپەككۇر قىلسۇن دەپ نازىل قىلدۇق﴾

نەھل سۈرىسى: 44 ـ ئايەت.

﴿وَإِذۡ أَخَذَ ٱللَّهُ مِيثَٰقَ ٱلَّذِينَ أُوتُواْ ٱلۡكِتَٰبَ لَتُبَيِّنُنَّهُۥ لِلنَّاسِ وَلَا تَكۡتُمُونَهُۥ﴾

﴿ئۆز ۋاقتىدا، ئاللاھ كىتاب بېرىلگەنلەردىن «كىتابنى كىشىلەرگە چوقۇم بايان قىلىپ بېرىسىلەر ۋە يوشۇرمايسىلەر» دەپ ئەھدە ئالغان ئىدى﴾

ئال ئىمران سۈرىسى: 187 ـ ئايەت.

تەپسىرنى كۆرۈپ چىققۇچىلار:

دوكتور ئابدۇلئەزىز رەھمەتۇللاھ
ئۇستاز ئابدۇلئەھەد ھاپىز
مۇھەممەد ئۆمەر قارىھاجىم
مۇھەممەد ئەمىن (بىشارەت) قارىھاجىم
ئۇستاز ئۇبۇلقاسىم ئەھمەدى
ئابدۇرراززاق قارىھاجىم

ئەدەبىي تەھرىرلەر:

ئابدۇلئەزىز ئاقھۇن
ئالماس ھاجىم
ئىسمايىل قادىر ھاجىم
ئەلانۇر ئەتتار خانىم

لايىھەلىگۈچى: ئا. ئاقھۇن

**بۇ تەپسىر پالۋان مەرىپەت فوندىنىنىڭ ئىقتىسادىي ياردىمى بىلەن شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى تەرىپىدىن نەشر قىلدۇرۇلدى.**

# مۇندەرىجە

ئەنفال سۈرىسى 009
بەدرى غازىتىدە بولغان ئىشلار 013
بەدرى غازىتى 016
پەرىشتىلەر ئۇرۇش قىلغانمۇ؟ 021
مۇسۇلمانلارغا ھەربىي تەلىم 024
دىنىغا قارشى چىقىشنىڭ ئاقىۋىتىدىن ئاگاھلاندۇرۇش 030
«قۇرئان كەرىم»گە دەۋەت قىلغۇچىنىڭ دەۋىتىنى قوبۇل قىلىش 033
خىيانەتكارلىق مۇناپىقلارنىڭ سۈپىتىدۇر 039
تەقۋادارلىق ۋە ئۇنىڭ ئىنسان ھاياتىدىكى تەسىراتلىرى 043
كاپىرلارنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قىلغان دۈشمەنلىكى 045
ئەرەب مۇشرىكلىرىنىڭ ھاماقەتلىكى ۋە نادانلىقىدىن بىر كۆرۈنۈش 047
ئاللاھنىڭ دىنىغا قارشى پۇل-مال سەرپ قىلغانلارنىڭ ئاقىۋىتى 051
ئاللاھنىڭ مەخلۇقاتلىرىغا بولغان پەزل-مەرھەمىتى 054

## ئونىنچى پارە

غەنىيمەتلەرنى تەقسىم قىلىش توغرىسىدا 057
ئاللاھنىڭ مۇئمىنلەرگە ياردەم قىلىشى 060
جىھاد توغرىسىدىكى نەسىھەتلەر 064
شەيتاننىڭ ھىيلە-مىكىرلىرى 067
ھالاكەتنىڭ سەۋەبى 071
مۇھىم نوقتىلىرى 074
ئەھدىسىنى بۇزغانلارنىڭ ئاقىۋىتى 074
ئۇرۇش ئۈچۈن ئەسكىرىي تەييارلىق ھەققىدە 078

تىنچلىقپەرۋەرلىك ۋە ئەسكەرلەرنىڭ روھىي كەيپىياتىنى كۆتۈرۈش ......... 083
ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پىكرىنى كۇچلەندۇرگەن ئىلاھىي قانۇن ......... 089
ئىسلامىي قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتى ۋە ئۇنىڭ ئەھمىيىتى ......... 095
تەۋبە سۈرىسى ......... 105
بۇ سۈرىدىكى ۋەقەلىكنىڭ قىسقىچە تارىخى ......... 106
مۇشرىكلارغا كېلىشىمنىڭ بۇزۇلغانلىقىنى ئېلان قىلىش ......... 108
مۇشرىكلارغا قارشى جىھاد قىلىشنىڭ پەرزلىكى ......... 112
ئىسلامنىڭ كاپىرلارغا مۇئامىلە قىلىشتىكى كەڭچىللىكى ......... 114
مۇشرىكلار بىلەن تۈزۈشكەن كېلىشىمنىڭ بىكار قىلىنغانلىقىنىڭ سەۋەبى ......... 116
كاپىرلارغا قانداق مۇئامىلە قىلىمىز؟ ......... 120
مۇشرىكلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشقا تەرغىب قىلىش ......... 122
مۇئمىنلەرنىڭ بېشىغا كېلىدىغان سىناقلار ......... 126
مەسجىدلەرنى ئاۋات قىلىش مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشىدۇر ......... 127
ئىمان ۋە جىھادنىڭ پەزىلىتى ......... 131
كاپىرلارنى دوست تۇتۇشنىڭ خەتىرى ......... 137
ھاتىب ئىبنى ئەبۇ بەلتەئەنىڭ قىسسىسى ......... 138
نۇسرەت ئاللاھ تائالادىنلا كېلىدۇ ......... 145
مۇشرىكلارنى مەسجىدى ھەرەمگە كىرىشتىن توسۇش توغرىسىدا ......... 150
ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى يەھۇدىي ۋە خرىستىيانلار ھەققىدە ......... 152
ئەھلى كىتاب ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلمايدۇ ......... 155
ئەھلى كىتاب ئۆلىمالىرىنىڭ قىلمىشلىرى ......... 161
ئايلارنىڭ سانى ۋە ئۇرۇش قىلىش چەكلەنگەن ئايلار ......... 166
جىھاد چاقىرىقى ......... 169
ئومۇمىيۈزلۈك ئۇرۇشقا ئاتلىنىش ......... 176
مۇناپىقلارنىڭ ھىيلە-مىكىرلىرى ......... 178
مۇناپىقلارنىڭ خەير-ساخاۋىتىنىڭ قوبۇل بولمايدىغانلىقى ......... 190

زاكات كىملەرگە بېرىلىدۇ؟ ........ 196
مۇناپىقلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەزىيەت يەتكۈزۈشى ........ 204
مۇئمىنلەرنىڭ سۈپەتلىرى ۋە ئۇلارغا بېرىلىدىغان مۇكاپاتلار ........ 217
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كاپىرلار ۋە مۇناپىقلارغا
قارىتا مۇئامىلىسى ........ 224
سەئلەب ئىبنى ھاتىبنىڭ قىسسىسى ........ 229
مۇناپىقلارنىڭ مۇئمىنلەرگە قىلغان ئەزىيەتلىرى ۋە ئۇنىڭ
جازاسى ........ 231
جىھادتىن قېلىپ قالغانلار ........ 235
پەيغەمبە ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇناپىقلارنىڭ
كاتتىباشلىرىغا قىلغان مۇئامىلىسى ........ 237
مۇناپىقلارنىڭ جىھاد ھەققىدىكى مەۋقەسى ........ 241
ئۆزرىسىز جىھادتىن قېلىپ قالغانلار ........ 244

## 11-پارە

ئۆزرىسىز تۇرۇپ جىھادتىن قېلىپ قالغانلار ۋە ئۇلارنىڭ جازاسى ........ 249
سەھرالىق ئەرەبلەرنىڭ ئەھۋالى ........ 252
ئىنسانلار بىر خىل ئەمەس ........ 256
زاكات، تەۋبە ۋە ئەمەل ........ 261
جىھادقا چىقىشتىن قېلىپ قالغان يەنە بىر تۈلۈك كىشىلەر ........ 265
زىرار مەسجىدى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەۋقەسى ........ 267
كامىل مۇئمىنلەر كىملەر؟ ........ 274
مۇشرىكلارغا مەغپىرەت تىلەشنىڭ خاتالىقى ........ 277
تەۋبىنىڭ شەرتلىرى، سەدىقنىڭ پەزىلىتى ........ 282
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن جىھاد قىلىشنىڭ مۇكاپاتى ........ 287
ئىلىم تەھسىل قىلىشنىڭ پەرزلىكى ........ 289
كاپىرلارغا قارشى جىھاد قىلىش ھەققىدە تەلىماتلار ........ 292
مۇناپىقلار ۋە ئۇلارنىڭ «قۇرئان كەرىم» گە قارشى مەۋقەسى ........ 295
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مېھىر-شەپقىتى ........ 298
يۇنۇس سۈرىسى ........ 302

قۇرئان كەرىم ئاللاھ تائالانىڭ ۋەھيىسىدۇر ........ 302
كائىنات كۆرۈنۈشلىرىنىڭ ئىمانغا دالالەت قىلىدىغانلىقى ........ 307
مۇئمىنلەرنىڭ مۇكاپاتى ۋە كاپىرلارنىڭ جازاسى ........ 314
ئىنسانلارنىڭ مىجەز-خاراكتېرى ۋە تەبىئىتى ........ 316
مۇشرىكلارنىڭ سەپسەتىلىرىگە رەددىيە ........ 321
ئاللاھ ئىنسانلارنى دىنىي ئاڭ بىلەن ياراتقان ........ 327
مۇشرىكلارنىڭ ئورۇنسىز تەلەپلىرى ........ 329
ئىنسانلارنىڭ خاراكتېرى ........ 331
دۇنيا ھاياتىنىڭ ئەھۋالى ........ 336
جەننەتكە رىغبەتلەندۈرۈش ۋە دوزاختىن قورقۇتۇش ........ 338
قىيامەتنىڭ كۆرۈنۈشلىرىدىن ........ 341
ئاللاھنىڭ بىرلىكى ۋە شېرىك ئەقىدىسىنىڭ باتىللىقى ........ 343
مۇشرىكلارنىڭ قۇرئانغا تۇتقان پوزىتسىيەسى ........ 350
دۇنيا ھاياتىنىڭ ئاخىرلىشىشى ........ 358
مۇشرىكلارنىڭ ئازابقا ئالدىرىشى ........ 360
«قۇرئان كەرىم» نىڭ خۇسۇسىيەتلىرىدىن بەزىسى ........ 367
ھالال-ھارامنى بەلگىلەش ئاللاھنىڭ ھەققىدۇر ........ 370
ئاللاھ تائالانىڭ كۆزىتىشى ۋە ئىلمىنىڭ كەڭلىكى ........ 372
ئاللاھنىڭ ئەۋلىيالىرى كىملەر؟ ........ 374
ئىززەت ۋە كۈچ-قۇۋۋەت ئاللاھقا مەنسۇپتۇر ........ 377
ئاللاھنىڭ قانداقمۇ بالىسى بولسۇن؟ ........ 379
نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى ........ 382
مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن پىرئەۋننىڭ قىسسىسى ........ 386
مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتقان كىشىلەر ........ 390
مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ پىرئەۋن بىلەن ئېلىپ بارغان
كۈرەشلىرى ........ 394
«قۇرئان كەرىم»نىڭ ھەقلىقى ........ 400
يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنىڭ ئىمان ئېيتىشى ........ 403
ئاگاھلاندۇرۇش، خۇش بېشارەت بېرىش ۋە ئىلىمگە

رىغبەتلەندۈرۈش ........ 405
ئىسلام دەۋىتىنىڭ ئومۇمىي پرىنسىپى ........ 409
بۇ سۈرىنىڭ خۇلاسىسى ........ 411

# ئەنفال سۈرىسى

ئەنفال سۈرىسى مەدىنىدە مۇنەۋۋەرە شەھىرىدە نازىل بولغان، 75 ئايەتلىك سۈرە بولۇپ، ئەنفال «نەفل» سۆزىنىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، لۇغەتتە: زىيادە دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. ئىسلام ئاتالغۇسىدا بولسا بۇيرۇلغان ئىبادەتلەرنىڭ سىرتىدىكى ئىختىيارىي ئىبادەتنى (يەنى نەپلە ئىبادەتنى) كۆرسىتىدۇ.

ئەمما بۇ ئورۇندا «ئەنفال» غەنىيمەت مەنىسىدە كەلگەن. ئىسلامىي غازاتلاردا مۇسۇلمانلارنىڭ قولىغا كىرىدىغان غەنىيمەتلەر ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارغا ئاتا قىلغان ئىنئاملىرىدىن بىرى بولۇپ، غەنىيمەت پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇنىڭ ئۇممەتلىرىگە ھالال قىلىنغان نەرسىلەرنىڭ بىرىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام غەنىيمەتنى ئۆزىگە ھالال قىلىنغان بەش نەرسىنىڭ ئىچىدە بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «أُعْطِيتُ خَمْسًا لَمْ يُعْطَهُنَّ أَحَدٌ قَبْلِي ، كَانَ كُلُّ نَبِيٍّ يُبْعَثُ إِلَى قَوْمِهِ خَاصَّةً ، وَبُعِثْتُ إِلَى كُلِّ أَحْمَرَ وَأَسْوَدَ ، وَأُحِلَّتْ لِيَ الْغَنَائِمُ ، وَلَمْ تُحَلَّ لِأَحَدٍ قَبْلِي ، وَجُعِلَتْ لِيَ الْأَرْضُ طَيِّبَةً طَهُورًا وَمَسْجِدًا ، فَأَيُّمَا رَجُلٍ أَدْرَكَتْهُ الصَّلَاةُ صَلَّى حَيْثُ كَانَ ، وَنُصِرْتُ بِالرُّعْبِ بَيْنَ يَدَيْ مَسِيرَةِ شَهْرٍ ، وَأُعْطِيتُ الشَّفَاعَةَ» يەنى «مەندىن ئىلگىرى ھېچكىمگە بېرىلمىگەن بەش خىسلەت ماڭا بېرىلدى. بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەربىرى ئۆز قەۋمىگە ئەۋەتىلەتتى، مەن قىزىل تەنلىك، قارا تەنلىك بارلىق ئىنسانلارغا پەيغەمبەر بولۇپ ئەۋەتىلدىم، بۇرۇنقىلارغا غەنىيمەتلەر ھالال ئەمەس ئىدى، ئەمما ماڭا ھالال قىلىندى، زېمىن مەسجىد قىلىندى، زېمىننىڭ تۇپراقلىرى پاك قىلىندى، شۇڭا نامازنىڭ ۋاقتى كەلسە نەدە ئوقۇسا بولۇۋېرىدۇ، ماڭا بىر ئايلىق مۇساپىدىن دۈشمەنگە قورقۇنچ سېلىش ھەيۋىسى بېرىلدى ۋە قىيامەت كۈنىدىكى شاپائەت رۇخسىتى بېرىلدى»[1].

[1] «صحيح مسلم» 1-توم، 370-بەت، 521-ھەدىس. «صحيح البخاري» 1-توم، 74-بەت، 335-ھەدىس.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: بەدرى ئۇرۇشىنىڭ جەريانىنى بايان قىلىش ئارقىلىق جىھادنىڭ ئەھكاملىرىنى، غەلىبە ۋە مەغلۇبىيەتنىڭ ئامىللىرىنى بايان قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

بۇ سۈرىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى، بولۇپمۇ جىھاد ۋە ھىجرەتكە ئوخشىغان ھالقىلىق ۋاقىتلاردىكى كەچۈرمىشلىرى ھەققىدىكى قىسسىلەر بايان قىلىنغان. مەلۇمكى، ئالدىنقى سۈرىدە پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىلىرى بايان قىلىنغان بولۇپ، بۇ ئىككى سۈرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ناھايىتى يېقىندۇر.

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

﴿يَسۡـَٔلُونَكَ عَنِ ٱلۡأَنفَالِۖ قُلِ ٱلۡأَنفَالُ لِلَّهِ وَٱلرَّسُولِۖ فَٱتَّقُواْ ٱللَّهَ
وَأَصۡلِحُواْ ذَاتَ بَيۡنِكُمۡۖ وَأَطِيعُواْ ٱللَّهَ وَرَسُولَهُۥٓ إِن كُنتُم مُّؤۡمِنِينَ
١ إِنَّمَا ٱلۡمُؤۡمِنُونَ ٱلَّذِينَ إِذَا ذُكِرَ ٱللَّهُ وَجِلَتۡ قُلُوبُهُمۡ وَإِذَا تُلِيَتۡ
عَلَيۡهِمۡ ءَايَٰتُهُۥ زَادَتۡهُمۡ إِيمَٰنٗا وَعَلَىٰ رَبِّهِمۡ يَتَوَكَّلُونَ ٢ ٱلَّذِينَ
يُقِيمُونَ ٱلصَّلَوٰةَ وَمِمَّا رَزَقۡنَٰهُمۡ يُنفِقُونَ ٣ أُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلۡمُؤۡمِنُونَ
حَقّٗاۚ لَّهُمۡ دَرَجَٰتٌ عِندَ رَبِّهِمۡ وَمَغۡفِرَةٞ وَرِزۡقٞ كَرِيمٞ ٤﴾

### ◄ تەرجىمىسى

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1 ـ (ئى پەيغەمبەر! ساھابىلىرىڭ) سەندىن غەنىيمەتلەر توغرۇلۇق سورىشىدۇ، (ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «غەنىيمەتلەر (توغرىسىدا ھۆكۈم چىقىرىش) ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە خاستۇر. ئاللاھتىن قورقۇڭلار، (ئىختىلاپ قىلىشماي) ئاراڭلارنى تۈزەڭلار. ئەگەر سىلەر (ھەقىقىي) مۇئمىن بولساڭلار، ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىڭلار».

2 ـ ئاللاھ ياد ئېتىلسە دىللىرىدا قورقۇنچ پەيدا بولىدىغان، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى تىلاۋەت قىلىنسا ئىمانى كۈچىيىدىغان، (ھەر ئىشتا) رەببىگە تەۋەككۈل قىلىدىغان كىشىلەرلا ھەقىقىي مۇئمىنلەردۇر.

**3-ئۇلار نامازنى مۇكەممەل ئادا قىلىدۇ، بىز ئۇلارغا رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىلەردىن (ئاللاھ يولىدا) سەرپ قىلىدۇ.**

**4-ئەنە شۇلار ھەقىقىي مۇئمىنلەردۇر، ئۇلارغا رەببىنىڭ دەرگاھىدا يۇقىرى مەرتىۋىلەر، مەغپىرەت ۋە ئېسىل رىزىق بار.**

## ◄ نازىل بولۇش سەۋەبى

ئەللامە قۇرتۇبى بايان قىلىدۇكى، ئۇبادە ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «﴿يَسۡـَٔلُونَكَ عَنِ ٱلۡأَنفَالِۖ...﴾ دېگەن ئايەت بەدرى غازىتىغا قاتناشقانلار ھەققىدە نازىل بولغان. چۈنكى، بىز بەدرى غازىتىنىڭ غەنىيمەتلىرى توغرۇلۇق ئۆزئارا ئىختىلاپىقا چۈشۈپ قالغان ئىدۇق، ئاللاھ تائالا ئۇنى بىزنىڭ قولىمىزدىن ئېلىپ، رەسۇلۇللاھقا خاس قىلدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ ئۇنى مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدا باراۋەر تەقسىم قىلىپ بەردى. ھەممىمىز رەسۇلۇللاھنىڭ تەقسىماتىغا رازى بولدۇق. بۇ ئىش تەقۋالىقنىڭ ۋە رەسۇلۇللاھقا بولغان ئىتائەتمەنلىكنىڭ بىر ئىپادىسى ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئوتتۇرىمىزدىكى ئىختىلاپ ھەل بولدى»[1].

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن: «رەسۇلۇللاھ غازاتچى قوشۇنغا: ‹بىر دۈشمەننى ئۆلتۈرگەن كىشىگە مۇنچىلىك غەنىيمەت بېرىلىدۇ، بىرەرسىنى ئەسىرگە ئالغان كىشىگە مۇنچىلىك بېرىلىدۇ› دەپ ئېلان قىلغان ئىدى. غازاتتا ياشتا چوڭلار بايراقنىڭ ئاستىدا ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ ئەتراپىدا بولۇپ، مۇداپىئەدە تۇرغان ياشلار دۈشمەنگە قارشى ئېلگىرىلىگەن ئىدى. غازات ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، غەنىيمەت تەقسىم قىلىنىدىغان ۋاقىتتا، چوڭلار: ‹بىز سىلەرنىڭ ئارقا سېپىڭلارنى مۇداپىئە قىلىپ تۇرغان ئىدۇق، شۇڭا غەنىيمەتلەرنى ئاۋۋال بىزگە ئېلىپ كېلىشىڭلار لازىم› دېيىشتى، ياشلار بولسا ‹رەسۇلۇللاھ غەنىيمەتلەرنى بىزگە ۋەدە قىلغان› دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن ئوتتۇرىدا ئىختىلاپ يۈز بەردى. شۇ چاغدا ئاللاھ : ﴿يَسۡـَٔلُونَكَ عَنِ ٱلۡأَنفَالِۖ...﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى»[2].

## ◄ تەپسىرى

بەدرى غازىتىدا ئېلىنغان غەنىيمەتلەر توغرۇلۇق مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئىختىلاپ يۈز بەرگەن بولۇپ، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن:

[1] «تفسير القرطبي» 7-توم، 360-بەت.

[2] «سنن أبي داود» 3-توم، 77-بەت، 2737 -ھەدىس.

«غەنىيمەتلەر مۇھاجىرلارغا خاسمۇ ياكى ئەنسارلارغىمۇ؟ ياشلارغىمۇ ياكى ياشانغانلارغىمۇ؟ ياكى ھەممەيلەنگىمۇ؟» دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا شۇنداق ۋەھيى قىلىنغان: «ئى پەيغەمبەر! ساھابىرىلىرىڭگە ئېيتقىنكى، ﴿غەنىيمەتلەر (توغرىسىدا ھۆكۈم چىقىرىش) ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە خاستۇر﴾ يەنى غەنىيمەتلەر ھەققىدە ھۆكۈم چىقىرىش ئاللاھ تائالانىڭ ھەققى بولۇپ، ئۇنى پەيغەمبەر ئاللاھ تائالانىڭ كۆرسەتكىنى بويىچە ئاراڭلاردا تەقسىم قىلىپ بېرىدۇ، غەنىيمەتلەر ھېچكىمنىڭ خاھىشى بىلەن تەقسىم قىلىنمايدۇ». شۇنداقتىمۇ، قوماندانىنىڭ ئەسكەرلەرنىڭ ئۇرۇش قىلىش رىغبىتىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، «بىر دۈشمەننى ئۆلتۈرگەن كىشىگە مۇنچىلىك غەنىيمەت بېرىلىدۇ، بىرەرسىنى ئەسىرگە ئالغان كىشىگە مۇنچىلىك بېرىلىدۇ» دېگەندەك ۋەدە بېرىشى ۋە خالىغان ئەسكەرگە غەنىيمەتتىكى نېسىۋىسىدىن كۆپرەك بىر نەرسە بېرىشى جائىزدۇر.

ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئىش شۇنداق بولغان ئىكەن، سىلەر ھەر ۋاقىت ئاللاھ تائالادىن قورقۇڭلار، تەقۋالىق دائىرىسىدە ئىش كۆرۈڭلار، ئاراڭلاردا جېدەل ـ ماجىرا قىلىشىشتىن ساقلىنىڭلار. چۈنكى، مۇنداق قىلىش ئاللاھ تائالانىڭ غەزىپىنى قوزغاپ قويىدۇ، بولۇپمۇ جىھاد قىلىش جەريانىدا قەتئىي جېدەللەشمەڭلار، تالاش-تارتىش قىلىشماڭلار، ئۆزئارا ئىناق بولۇپ ئاراڭلارنى تۈزەڭلار، ئەگەر سىلەر ھەقىقىي مۇئمىنلەر بولساڭلار، ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىڭلار. ئۇنتۇماڭلاركى، بىرلىكنى ساقلاش، ئاللاھ تائالاغا تەقۋالىق قىلىش، ئۇنىڭ غەزىپىگە ئۇچراپ قېلىشتىن ساقلىنىش، ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىش، ئارىسى بۇزۇلغانلارنىڭ ئارىسىنى تۈزەش قاتارلىق ئىشلار ئىنتايىن مۇھىمدۇر.

ئايەتتە ھەقىقىي مۇئمىنلەرنىڭ تۆۋەندىكى سۈپەتلىرى تىلغا ئېلىنغان:

1. ئۇلار ئاللاھ تائالا ياد ئېتىلسە، ئۇنىڭ مۇبارەك ئىسىملىرىدىن بىرەرسى تىلغا ئېلىنسا، ئاللاھ تائالانى ئۇلۇغلىغانلىقتىن، يۈرەكلىرى تىترەيدىغان، ئاللاھ تائالانىڭ گۇناھكارلارغا قىلغان ئاگاھلاندۇرۇشلىرىنى ئويلاپ، دىللىرىدا قورقۇنچ پەيدا بولىدىغان كىشىلەردۇر.

2. ئۇلار «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئايەتلىرى تىلاۋەت قىلىنسا، ئىمانى كۈچىيىدىغان كىشىلەردۇر.

3. ئۇلار ھەرقانداق بىر ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا ئۇنىڭ سەۋەبلىرىنى تولۇق ئورۇنداپ، تاقىتى ۋە ئىمكانىيىتىنىڭ يېتىشىچە تىرىشىپ ئىشلىگەندىن كېيىن، رەببىنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ، ئۇنىڭغا ئىشەنچ باغلايدىغان، ئۇنىڭدىن ياردەم تىلەيدىغان كىشىلەردۇر.

4. ئۇلار نامازنى بارلىق شەرتلىرىگە تولۇق رىئايە قىلغان ھالدا، مۇكەممەل رەۋىشتە ئوقۇيدىغان كىشىلەردۇر.

5. ئۇلار ئاللاھ تائالا ئۇلارغا رىزىق قىلىپ بەرگەن پۇل-مالدىن ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلىدىغان كىشىلەردۇر.

ھەقىقىي مۆئمىنلەر ئەنە شۇلاردۇر، ئۇلارنى رەببىنىڭ دەرگاھىدا يۇقىرى مەرتىۋىلەر، ئالىي دەرىجىلەر، كاتتا مەغپىرەت ۋە مەڭگۈلۈك جەننەت نېمەتلىرى كۈتمەكتە. چۈنكى، ئۇلار ئاخىرەتتە بۇ نېمەتلەرنىڭ ھەممىسىگە ئېرىشىدۇ.

بۇ ئايەتلەر بىزگە غەنىيمەت توغرۇلۇق ھۆكۈمنى، جامائەتنىڭ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىشىنىڭ ئاساسلىق ئامىللىرىنى ۋە ھەقىقىي مۆئمىنلەرنىڭ بەزى سۈپەتلىرىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالاغا تەقۋالىق قىلىش تائەت-ئىبادەتنىڭ نېگىزى بولۇپ، ئۇ مۆئمىن ئادەمنىڭ ئەڭ يۇقىرى مەرتىۋىسىدۇر.

2. ئىمان تائەت-ئىبادەتلەر بىلەن كۈچلىنىدۇ، گۇناھ-مەئسىيەتلەر بىلەن ئاجىزلىشىدۇ.

3. مۆئمىنلەردىن ئىمانى كامىل بولغانلىرى ۋە ئىمانى ناقىس بولغانلىرىمۇ بار. ئۇلارنىڭ ئىماندىكى دەرىجىسى ئۇلارنىڭ تەقۋالىقىغا قاراپ بولىدۇ.

4. ئىمانى كامىل مۆئمىنلەر يۇقىرىقى ئىككىنچى ئايەتتە سۈپەتلىرى بايان قىلىنغان كىشىلەردۇر.

### ◄ بەدرى غازىتىدە بولغان ئىشلار

﴿كَمَآ أَخْرَجَكَ رَبُّكَ مِنۢ بَيْتِكَ بِٱلْحَقِّ وَإِنَّ فَرِيقًا مِّنَ ٱلْمُؤْمِنِينَ لَكَٰرِهُونَ ۝٥ يُجَٰدِلُونَكَ فِى ٱلْحَقِّ بَعْدَ مَا تَبَيَّنَ كَأَنَّمَا يُسَاقُونَ

إِلَى ٱلْمَوْتِ وَهُمْ يَنظُرُونَ ﴿٦﴾ وَإِذْ يَعِدُكُمُ ٱللَّهُ إِحْدَى ٱلطَّآئِفَتَيْنِ
أَنَّهَا لَكُمْ وَتَوَدُّونَ أَنَّ غَيْرَ ذَاتِ ٱلشَّوْكَةِ تَكُونُ لَكُمْ وَيُرِيدُ
ٱللَّهُ أَن يُحِقَّ ٱلْحَقَّ بِكَلِمَٰتِهِۦ وَيَقْطَعَ دَابِرَ ٱلْكَٰفِرِينَ ﴿٧﴾ لِيُحِقَّ
ٱلْحَقَّ وَيُبْطِلَ ٱلْبَٰطِلَ وَلَوْ كَرِهَ ٱلْمُجْرِمُونَ ﴿٨﴾ إِذْ تَسْتَغِيثُونَ
رَبَّكُمْ فَٱسْتَجَابَ لَكُمْ أَنِّى مُمِدُّكُم بِأَلْفٍ مِّنَ ٱلْمَلَٰٓئِكَةِ
مُرْدِفِينَ ﴿٩﴾ وَمَا جَعَلَهُ ٱللَّهُ إِلَّا بُشْرَىٰ وَلِتَطْمَئِنَّ بِهِۦ قُلُوبُكُمْ ۚ
وَمَا ٱلنَّصْرُ إِلَّا مِنْ عِندِ ٱللَّهِ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ عَزِيزٌ حَكِيمٌ ﴿١٠﴾ إِذْ
يُغَشِّيكُمُ ٱلنُّعَاسَ أَمَنَةً مِّنْهُ وَيُنَزِّلُ عَلَيْكُم مِّنَ ٱلسَّمَآءِ مَآءً
لِّيُطَهِّرَكُم بِهِۦ وَيُذْهِبَ عَنكُمْ رِجْزَ ٱلشَّيْطَٰنِ وَلِيَرْبِطَ عَلَىٰ
قُلُوبِكُمْ وَيُثَبِّتَ بِهِ ٱلْأَقْدَامَ ﴿١١﴾ إِذْ يُوحِى رَبُّكَ إِلَى ٱلْمَلَٰٓئِكَةِ
أَنِّى مَعَكُمْ فَثَبِّتُوا۟ ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ ۚ سَأُلْقِى فِى قُلُوبِ ٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟
ٱلرُّعْبَ فَٱضْرِبُوا۟ فَوْقَ ٱلْأَعْنَاقِ وَٱضْرِبُوا۟ مِنْهُمْ كُلَّ بَنَانٍ ﴿١٢﴾ ذَٰلِكَ
بِأَنَّهُمْ شَآقُّوا۟ ٱللَّهَ وَرَسُولَهُۥ ۚ وَمَن يُشَاقِقِ ٱللَّهَ وَرَسُولَهُۥ فَإِنَّ ٱللَّهَ
شَدِيدُ ٱلْعِقَابِ ﴿١٣﴾ ذَٰلِكُمْ فَذُوقُوهُ وَأَنَّ لِلْكَٰفِرِينَ عَذَابَ
ٱلنَّارِ ﴿١٤﴾

### تەرجىمىسى

5ـ(ئۇلارنىڭ غەنىيمەت تەقسىماتىغا نارازى بولغانلىقتىكى هالى) خۇددى رەببىڭنىڭ سېنى ئۆز هېكمىتى بىلەن ئۆيۈڭدىن (جىهادقا) چىقارغاندىكى هالەتكە ئوخشايدۇ. هالبۇكى، مۆئمىنلەردىن بىر گۇرۇھ ئادەم (جىهادقا چىقىشنى) هەقىقەتەن ياقتۇرمايدۇ.

6ـئۇلارغا هەقىقەت ئايدىڭلاشقاندىن كېيىنمۇ، گويا ئۇلار قاراپ تۇرۇپ ئۆلۈمگە هەيدىلىۋاتقاندەك, هەقىقەت (يەنى جىهادقا چىقىش مەسىلىسى) ئۈستىدە سەن بىلەن مۇنازىرىلىشىدۇ.

7ـئۆز ۋاقتىدا ئاللاھ (مۇشرىكلار كارۋىنى بىلەن مۇشرىكلار قوشۇنىدىن

ئىبارەت) ئىككى گۇرۇھتىن بىرىنىڭ قولۇڭلارغا ئۆتىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلغان ئىدى. سىلەر بولساڭلار قورالسىز گۇرۇھ (كارۋان)نىڭ قولۇڭلارغا چۈشۈشىنى ياقتۇراتتىڭلار. ئاللاھ ئۆز سۆزلىرى ئارقىلىق ھەقىقەتنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشنى، كاپىرلارنىڭ يىلتىزىنى قۇرۇتۇشنى خالايدۇ.

8ـ(بۇنداق قىلىش) گۇناھكارلارنىڭ ياقتۇرمىغىنىغا قارىماي، ئاللاھنىڭ ھەقنى مۇستەھكەم قىلىشى ۋە باتىلنى بەربات قىلىشى ئۈچۈندۇر.

9ـئۆز ۋاقتىدا رەببىڭلاردىن مەدەت تىلىگەن ئىدىڭلار، رەببىڭلار: «سىلەرگە ئارقىمۇئارقا (چۈشىدىغان) مىڭ پەرىشتە بىلەن مەدەت بېرىمەن» دەپ تىلىكىڭلارنى قوبۇل قىلغان ئىدى.

10ـئاللاھ (بۇ ياردەمنى) پەقەت سىلەرگە (غەلىبىدىن) بېشارەت بېرىش ۋە كۆڭلۈڭلارنى ئارام تاپقۇزۇش ئۈچۈنلا قىلدى. ياردەم پەقەت ئاللاھ تەرىپىدىنلا كېلىدۇ. ئاللاھ ھەقىقەتەن غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

11ـئۆز ۋاقتىدا ئاللاھ سىلەرنى تىنچلاندۇرۇش ئۈچۈن سىلەرگە يەڭگىل بىر ئۈگىقۇ بېغىشلىغان ئىدى؛ سىلەرنى پاكلاش ئۈچۈن، سىلەردىن شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىنى كەتكۈزۈش ئۈچۈن، قەلبىڭلارنى مۇستەھكەم قىلىش ئۈچۈن، (قۇملۇقتا) قەدىمىڭلارنى مەزمۇت تۇرغۇزۇش ئۈچۈن، سىلەرگە بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بەرگەن ئىدى.

12ـئۆز ۋاقتىدا رەببىڭ پەرىشتىلەرگە: «مەن سىلەر بىلەن بىللە. مۇئمىنلەر-نى (جىھاد مەيدانىدا) مۇستەھكەم تۇرغۇزۇڭلار، مەن كاپىرلارنىڭ دىللىرىغا قورقۇنچ سالىمەن» دەپ ۋەھيى قىلغان ئىدى. (ئى مۇئمىنلەر! قىلىچ بىلەن كاپىرلارنىڭ) گەدەنلىرىگە ئۇرۇڭلار، ئۇلارنىڭ پۇت-قوللىرىنىڭ ھەممە بارماقلىرىنى چېپىپ تاشلاڭلار.

13ـبۇ ئۇلارنىڭ ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە قارشى چىققانلىقى ئۈچۈن ئىدى. كىمكى ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە قارشى چىقىدىكەن، ئاللاھنىڭ (ئۇنىڭغا بېرىدىغان) جازاسى ھەقىقەتەن قاتتىقتۇر.

14ـ(ئى كاپىرلار! بۇ دۇنيادا) سىلەر (مۇشۇنداق ئازابنى) تېتىڭلار. شەكسىزكى، كاپىرلارغا (ئاخىرەتتە) دوزاخ ئازابى بار.

### بەدرى غازىتى

مۇسۇلمانلار مەككە مۇشرىكلىرىنىڭ ھەددىدىن ئاشقان زۇلۇم- ستەملىرى تۈپەيلىدىن ئۆزىنىڭ بالىچاقىلىرىنى، مال-دۇنياسىنى ۋە ھەر نەرسىسىنى مەككىدە قويۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇلار قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ كاتتىبېشى ئەبۇ سۇفيان باشچىلىقىدىكى كارۋاننىڭ شامدىن مەككىگە تاۋار ئېلىپ كېلىۋاتقان خەۋىرىنى ئاڭلايدۇ. چۈنكى، شامدىن مەككىگە بارماقچى بولغان كارۋان چوقۇم مەدىنىدىن ئۆتۈشكە مەجبۇر ئىدى. مۇسۇلمانلار بۇ كارۋاننىڭ ئالدىنى توسۇپ، ئۆزلىرىنىڭ مەككىدە قالغان مال-مۈلۈكىنى، ئۆي-ئىمارەتلىرىنى ۋە ئىگىدارچىلىقىدىكى ھەممە نەرسىسىنى تالان-تالاج قىلغان بۇ مۇشرىكلاردىن ئىنتىقام ئېلىش نىيىتىگە كېلىدۇ.

كارۋان بېشى ئەبۇ سۇفيان بۇنى پەرەز قىلغانلىقتىن، ناھايىتى ھوشيارلىق بىلەن ئىش كۆرىدۇ ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالىنى بىلىشكە جاسۇس ئەۋەتىدۇ. نەتىجىدە، مۇسۇلمانلارنىڭ كارۋانغا ھۇجۇم قىلىدىغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلايدۇ. ئەبۇ سۇفيان دەرھال مەككىگە ئادەم ئەۋەتىپ، ئەھۋالنى ئۇلارغا خەۋەر قىلىدۇ ۋە ئۇلاردىن كۆپ مىقداردا قوشۇن ئەۋەتىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەبۇ سۇفيان مۇسۇلمانلارنىڭ قولىغا چۈشمەي دېڭىز يولىنى بويلاپ سالامەت مەككە تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئەمما مەككىدىكى مۇشرىكلار ئەبۇ جەھىل باشچىلىقىدا مەدىنىدىكى مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇش ھازىرلىقى قىلىدۇ، ئۇلار كەئبىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ تۇرۇپ، مۇشرىكلارنى ئۇرۇش سەپەرۋەرلىكىگە چاقىرىدۇ ۋە بۇتلىرىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ، مۇسۇلمانلارنى ئۈزۈل-كېسىل تارمار قىلىۋېتىشقا قەسەمياد قىلىدۇ.

مەدىنىگە قاراپ ئىلگىرىلەۋاتقان ئەبۇ جەھىل باشچىلىقىدىكى مەككە قوشۇنلىرىغا ئەبۇ سۇفيان باشچىلىقىدىكى كارۋاننىڭ ساق- سالامەت مەككىگە كېلىۋاتقانلىق خەۋىرى يېتىپ كېلىدۇ، بەزىلەر «كارۋان سالامەت كېلىۋېتىپتۇ. ئەمدى مەدىنىگە بېرىپ مۇسۇلمانلار بىلەن ئۇرۇشۇشقا ھاجەت قالمىدى، شۇڭا ئۇرۇش قىلىشتىن ۋاز كەچمەيلىمۇ؟» دېگەن پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، ئەبۇ جەھىل باشچىلىقىدىكى قوشۇننىڭ ئۇرۇش خۇمارلىرى: «ياق! بىز بۇ يەردە تۆگە ۋە قويلارنى بوغۇزلاپ، ھاراق-شاراپنى قانغۇچە ئىچىپ، داپ ئاۋازىنى بولدى دېگۈچە ياڭرىتىپ، ئەتراپتىكى ئەرەبلەرگە مۇسۇلمانلارنىڭ كارۋانغا كۈچى

يەتمىگەنلىكىنى ئىپلان قىلىمىز، ئاندىن مۇسۇلمانلارنى پۈتۈنلەي يوق قىلىۋېتىپ قايتىمىز» دەپ چىڭ تۇرۇۋالدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ساھابىلەر كارۋاننىڭ سالامەت ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى خەۋىرىنى ئاڭلايدۇ ۋە مەككىلىكلەرنىڭ ئۆزلىرىگە قارشى قوشۇن تەييارلاپ يولغا چىققانلىقىدىنمۇ خەۋەر تاپىدۇ. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىگە نېمە قىلىش توغرۇلۇق مەسلىھەت سالىدۇ. شۇ چاغدا ئەبۇ بەكرى سىددىق، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب قاتارلىق ساھابىلەر جىھاد قىلىش تەكلىپىنى بېرىدۇ، ئاندىن مىقداد ئىبنى ئەمر ئورنىدىن تۇرۇپ: «يارەسۇلۇللاھ! ئاللاھنىڭ بۇيرۇغىنى بويىچە جىھادقا ئاتلانغىن، بىز سېنىڭ ئارقاڭدىمىز. بىز ئىسرائىل ئەۋلادى مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئېيتقاندەك ﴿فَٱذۡهَبۡ أَنتَ وَرَبُّكَ فَقَٰتِلَآ إِنَّا هَٰهُنَا قَٰعِدُونَ﴾ يەنى ﴿سەن رەببىڭ بىلەن بىللە بېرىپ ئىككىڭلار ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇڭلار، بىز بۇ يەردە ئولتۇرۇپ تۇرايلى﴾[1] دېمەيمىز، بەلكى ‹بىز سەن بىلەن بىللە جىھادقا ئاتلىنىمىز، سېنى ئەۋەتكەن زاتنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سەن بىزنى نەگە باشلىساڭ، بىز شۇ يەرگە بېرىشقا تەييارمىز› دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلاردىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ خۇشال بولۇپ كېتىدۇ. ئاندىن ئۇلارغا: ‹ئى خالايىق! ئۇنداقتا، پىكىرىڭلارنى بېرىڭلار› دەيدۇ. ئەنسارلاردىن سەئد ئىبنى مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئورنىدىن تۇرۇپ: ‹يارەسۇلۇللاھ! بىز ساڭا ئىمان ئېيتتۇق، سەن ئېلىپ كەلگەن ھەقىقەتلەرگە گۇۋاھ بولدۇق، ساڭا ھەر ئىشتا ئىتائەت قىلىشقا ۋەدە بەردۇق، سەن بىزنى نەگە باشلىساڭ باشلىغىن، بىز سېنىڭ بىلەن بىللىمىز، ئەگەر سەن بىزنى دېڭىزغا كىرىڭلار دېسەڭمۇ بىز ھېچ ئىككىلەنمەي دەرھال كىرىمىز، بىز ئۇرۇشقا چىداملىق، جەڭ مەيدانىدا مۇستەھكەم خەلقمىز، بەلكى ئاللاھ ساڭا بىزدىن سېنى مەمنۇن قىلىدىغان خىسلەتلەرنى كۆرسەتكۈسى، ئاللاھنىڭ ئىنايىتى بىلەن يۈرگىن› دەيدۇ. بۇ چاغدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەئدنىڭ سۆز-لىرىدىن قاتتىق مەمنۇن بولىدۇ، ئاندىن ئۇلارغا: ‹ئاللاھنىڭ ھىمايىسى بىلەن يۈرۈڭلار. چۈنكى، ئاللاھ ماڭا شامدىن كېلىۋاتقان كارۋان بىلەن مەككىدىن كەلگەن قوشۇن ئىككىسىنىڭ بىرىنى مەغلۇپ قىلىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلدى. گويا مەن ئۇلارنىڭ يېڭىلىدىغان يېرىنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمەن›[2] دەيدۇ». بۇنىڭدىن مەلۇمكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام

---

[1] مائىدە سۈرىسى: 24- ئايەت.

[2] «تفسير الطبري» 13- توم، 400-بەت.

بىلەن ساھابىلەر ئاۋۋال شامدىن كېلىۋاتقان كارۋان بىلەن ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن يولغا چىققان بولۇپ، مەككىدىن كەلگەن تاجاۋۇزچى قوشۇن بىلەن ئۇرۇشۇش قارارى كېيىن ئېلىنغان.

شۇنداق قىلىپ ئىسلام تارىخىدىكى تۇنجى چوڭ كۆلەملىك غازات ـ بەدرى غازىتى باشلىنىپ كېتىدۇ. بەدرى غازىتى ھىجرى يەنى ك 2 ـ يىلى (624م) رامىزان ئېيىنىڭ 17 ـ كۈنى جۈمە سەھەر ۋاقتىدا مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھىرىنىڭ غەربى جەنۇبىغا جايلاشقان بەدرى دېگەن جايدا يۈز بەرگەن. بەدرى ھازىر مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھىرىگە قاراشلىق بىر ناھىيە يەنى ك ئىسمىدۇر. بەدرى غازىتىغا قېتىلغان مۇسۇلمان ئەسكەرلەرنىڭ سانى 314 كىشى بولۇپ، ئۇلاردىن ئاران ئىككى كىشى ئاتلىق، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى پىيادە ئىدى. ئەمما مەككىلىك مۇشرىك ئەسكەرلەر سانى 1300 كىشى بولۇپ، ئۇلاردىن ئاتلىقلار سانى 100 ئىدى. بەدرى غازىتىدا مۇسۇلمانلاردىن 14 كىشى شېھىت بولغان، مۇشرىكلاردىن 70 كىشى ئۆلتۈرۈلگەن ۋە 70 كە يېقىن كىشى ئەسىرگە ئېلىنغان، غەلىبە مۇسۇلمانلارغا مەنسۇپ بولغان.

بەدرى غازىتىدا مۇسۇلمانلار ياقتۇرمىغان ئىككى ئىش يۈز بەرگەن ئىدى. بىرى، غازاتقا قاتناشقان ياشلارنىڭ غەنىيمەتنىڭ ئۈزلىرى بىلەن غازاتقا چىقمىغانلار ئوتتۇرىسىدا باراۋەر تەقسىم قىلىنىشىنى ياقتۇرمىغانلىقى، يەنە بىرى، كارۋانغا قارشى ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن تەييارلىق قىلغاندىن كېيىن، مەككىدىن كەلگەن قوشۇن بىلەن ئۇرۇشۇشنى ياقتۇرمىغانلىقى ئىدى.

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «بەدرى غازىتى بولغان كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىگە قارىدى، ئۇلارنىڭ سانى 300دىن كۆپرەك ئىدى، مۇشرىك قوشۇنلىرىغا قارىۋىدى، ئۇلارنىڭ سانى 1000دىن ئاشاتتى. بۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىبلىگە قاراپ تۇرۇپ قولىنى كۆتۈرۈپ ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىشقا باشلىدى، ئۇ ئاللاھ تائالاغا: «ئى ئاللاھ! ماڭا بەرگەن ۋەدەڭنى ئەمەلگە ئاشۇرغىن، ئى ئاللاھ! ئەگەر مۇشۇ قوشۇن تۈگىشىپ كەتسە، ساڭا يەر يۈزىدە ئىبادەت قىلىدىغان ئادەم قالمايدۇ» دەپ ئىلتىجا قىلدى، ئۇ شۇنداق قولىنى سوزۇپ تۇرغانچە دۇئاغا غەرق بولۇپ كەتتى، ئاخىر ئۇنىڭ ئۈستىدىكى تونى يەرگە چۈشۈپ كەتتى، ئاندىن ئەبۇ بەكرى كېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تونىنى قايتا ئۈستىگە يېپىپ قويدى ۋە ئۇنىڭغا: «يا رەسۇلۇللاھ! يېتەر ئەمدى، ئاللاھ چوقۇم ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ»

دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئاللاھ تائالا: ﴿سَيُهۡزَمُ ٱلۡجَمۡعُ وَيُوَلُّونَ ٱلدُّبُرَ﴾ يەنى ﴿بۇ جامائە يېقىندا مەغلۇپ قىلىنىدۇ ۋە ئارقىغا قاراپ قاچىدۇ﴾[1] دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى[2].

## ◄ تەپسىرى

ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەر غەنىيمەتنى تەقسىم قىلىشتا ئۆز ئاراڭلاردا ئىختىلاپلاشقاندا، ئاللاھ تائالا ئۇنى سىلەردىن تارتىۋېلىپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە پەيغەمبەرنىڭ تەقسىم قىلىشىغا تاپشۇردى. شۇنىڭ بىلەن غەنىيمەتلەر ئادالەت بىلەن ھەممىگە باراۋەر شەكىلدە تەقسىم قىلىندى. شۇنىڭدەك، ئى پەيغەمبەر! ئاللاھ تائالا سېنى ئۆز ھېكمىتىگە ئاساسەن ھەقلىق رەۋىشتە مەدىنىدىن چىقىپ، شامدىن كېلىۋاتقان كارۋاننىڭ ئالدىنى توسۇشقا ئەمر قىلدى. شۇنداق تۇرسىمۇ، مۆئمىنلەردىن بىر گۇرۇھ ئادەم دۈشمەن بىلەن ئېلىشىش ئۈچۈن چىقىشنى ھەقىقەتەن ياقتۇرمايدۇ.

ئى پەيغەمبەر! مۆئمىنلەرنىڭ ئارىسىدىن بىر گۇرۇھ كىشى مەككىدىن كېلىدىغان قوشۇنغا قارشى ئۇرۇش تەييارلىقى يوقلۇقىنى باھانە قىلىپ، جىھادقا چىقىشنى ياقتۇرمايدۇ. ئۇلار گويا ئالامەتلىرى كۆرۈنۈپ تۇرۇۋاتقان ئۆلۈمگە ھەيدىلىۋاتقاندەك، ھەقىقەت ئايدىڭلاشقاندىن كېيىنمۇ، ئۇرۇشقا چىقىش مەسىلىسىدە سەن بىلەن مۇنازىرىلىشىدۇ. چۈنكى، شامدىن كەلگەن مۇشرىكلار كارۋىنىدا ئادەم ئاز، تاۋار كۆپ بولغانلىقتىن، مۇشرىكلار كارۋىنى بىلەن ئۇرۇش قىلىشنى ئاززۇ قىلاتتى، مەككىدىن كەلگەن قوشۇن بىلەن ئېلىشىشنى ياقتۇرمايتتى.

ئى پەيغەمبەر! سەن ئۇلارنىڭ چوقۇم غەلىبە قىلىدىغانلىقىنى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ شامدىن كەلگەن كارۋان بىلەن مەككىدىن كەلگەن قوشۇندىن ئىبارەت ئىككى گۇرۇھنىڭ بىرىنى ئۇلارنىڭ قولىغا كەلتۈرۈپ بېرىشكە ۋەدە قىلغانلىقىنى ئېيتقىنىڭدىن كېيىن، يەنە ئۆزلىرىنىڭ سانى ئاز، دۈشمەن تەرەپنىڭ سانى كۆپلۈكىنى ۋە مەككىدىن كەلگەن قوشۇن بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا تەييارلىق قىلمىغانلىقىنى باھانە قىلىپ سەن بىلەن مۇنازىرىلىشىدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئەسلىدە كارۋاننىڭ ئالدىنى توسۇش ئۈچۈن چىققان بولسىمۇ، كارۋان قۇتۇلۇپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇرۇشنىڭ

---

[1] قەمەر سۈرىسى: 45-ئايەت.

[2] «تفسير الطبري»13-توم، 409-بەت.

يۈنىلىشى مەككىدىن كەلگەن قوشۇنغا قارىتىلغان ئىدى.

ساھابىلەرنىڭ ئۆزلىرىدىن نەچچە ھەسسە كۆپ قوشۇنغا قارشى ئۇرۇش قىلىشتىن بىر ئاز ئەنسىرىگەنلىكى راست. ئەمما بۇ ئىنسان تەبىئىتى بولغانلىقتىن ئەيىبكە بۇيرۇلمايتتى. چۈنكى، دۈشمەن تەرەپ راستتىنلا ئۇلاردىن كۆپ ۋە كۈچلۈك ئىدى. ئەمما ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارغا غەلىبىنى ۋەدە قىلغان ئىدى. چۈنكى، ھەقىقىي كۈچ-قۇۋۋەت ئۇرۇش ئەسلىھەلىرىدىن ئىبارەت ماددىي نەرسىلەردىلا ئەمەس، بەلكى ئىمان ۋە چىدامچانلىقتىدۇر. ﴿كَم مِّن فِئَةٍ قَلِيلَةٍ غَلَبَتْ فِئَةً كَثِيرَةً بِإِذْنِ ٱللَّهِ﴾ يەنى ﴿ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن قانچىلىغان ئاز جامائە كۆپ جامائە ئۈستىدىن غەلىبە قىلغان﴾[1].

ئاللاھ تائالا بۇ ئارقىلىق ئىسلام دىنىدىن ئىبارەت بۇ ھەقىقەتنى ھەممە دىنلاردىن ئۈستۈن قىلىش، كۇفرى ۋە مۇشرىكلىكتىن ئىبارەت باتىلنى بەربات قىلىشنى ئىرادە قىلغان ئىدى. راست دېگەندەك، ئاخىرقى غەلىبە مۇسۇلمانلارغا مەنسۇپ بولۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ شۆھرىتى كۆتۈرۈلدى، مەككە قوشۇنىنىڭ ئابرۇيى ۋە ھەيۋىسى چۈشتى. چۈنكى، مۇسۇلمانلار شامدىن كەلگەن شۇ بىر كارۋاننىلا يېڭىپ چىققان بولسا ئىدى، ئىسلامغا دۈشمەن بولۇۋاتقان مۇشرىك كۈچلەرگە، ئەتراپتىكى ئەرەب قەبىلىلىرىگە ئانچە كۆپ ھەيۋە كۆرسىتەلمىگەن بولار ئىدى. ئەمما مۇسۇلمانلارنىڭ مەككىدىن ئالاھىدە تەييارلىنىپ كەلگەن زور قوشۇننى يەڭگەنلىكى بولسا راستتىنلا ھەقىقەتنى غالىب قىلىپ، باتىلنى بەربات قىلغانلىق ئىدى.

ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلار قوشۇنغا ياردەم ۋە نۇسرەت ئاتا قىلىشنى ئىرادە قىلغانلىقتىن، ئاسماندىن پەرىشتىلەرنى چۈشۈرگەن ۋە بۇ پەرىشتىلەر ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ئىرادىسىنى كۈچلەندۈرۈپ، كاپىرلارنىڭ دىللىرىغا قورقۇنچ سالغان ئىدى. نەتىجىدە، مۇسۇلمانلار ئىمانى بىلەن غەلىبە قىلدى، كاپىرلار سان ۋە كۈچ جەھەتتە ئۇلاردىن نەچچە ھەسسە كۆپ تۇرۇقلۇق يېڭىلدى.

ئاللاھ تائالا بەدرى غازىتىدىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋە مۇسۇلمانلارغا شۇ غازات جەريانىدا ئاتا قىلغان غەلىبە، نۇسرەت ۋە بارچە ئىنئاملىرىنى ئەسلىتىپ: ﴿ئۆز ۋاقتىدا رەببىڭلاردىن مەدەت تىلىگەن

[1] بەقەرە سۈرىسى: 249-ئايەت.

ئىدىڭلار، ئۇ: «سىلەرگە ئارقىمۇئارقا (چۈشىدىغان) مىڭ پەرىشتە بىلەن مەدەت بېرىمەن» دەپ تىلىكىڭلارنى قوبۇل قىلغان ئىدى﴾ دەيدۇ. چۈنكى، غازات باشلىنىشتىن بۇرۇن مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنىڭ سان ۋە كۈچ جەھەتتە دۈشمەندىن تۆۋەن تۇرىدىغانلىقىنى بىلگەنلىكتىن، بىر ئاز ئەندىشە قىلىشقان، ھەتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ، ئاللاھ تائالاغا ئۇزۇن-ئۇزۇن ئىلتىجا قىلغان ۋە ئۇنىڭدىن ياردەم تىلىگەن ئىدى.

## ◄ پەرىشتىلەر ئۇرۇش قىلغانمۇ؟

مۇپەسسىرلەر پەرىشتىلەرنىڭ ئۇرۇش قىلغانلىقى ياكى قىلمىغانلىقى توغرۇلۇق ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، بەزى مۇپەسسىرلەر پەرىشتىلەرنىڭ مۇئمىنلەر بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ ئۇرۇش قىلغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن. يەنە بەزىسى پەرىشتىلەرنىڭ ئۇرۇشۇش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى مۇسۇلمانلارنىڭ سانىنى كۆپ قىلىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن چۈشۈ-رۈلگەنلىكىنى بايان قىلغان. ئەللامە مۇھەممەد مۇتەۋەللىي شەئراۋي مۇنداق دېگەن: «ئايەت بىزگە پەرىشتىلەرنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ ئالدىدا سەپ تۇتقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى، ئۇ چاغدا مۇسۇلمان ئەسكەرلەرنىڭ سانى ئاز، كاپىر ئەسكەرلەرنىڭ سانى كۆپ ئىدى. پەرىشتىلەر مۇسۇلمان ئەسكەرلەرنىڭ سانىنى كۆپەيتىش ئۈچۈن كەلگەن. مۇسۇلمان ئەسكەرلەرنىڭ سانى مىڭ بولسا، ئاللاھ تائالا ئۇلارغا مىڭ پەرىشتە ئەۋەتىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ سانىنى كۆپەيتكەن. ئاللاھ تائالا خالىسا پەرىشتىدىن بىرىنىلا ئەۋەتىپ كاپىرلارنى ھالاك قىلغان بولاتتى. لۇت قەۋمى ھەققىدىكى رىۋايەتلەردە كېلىشىچە، جىبرىل ئەلەيھىسسالام بىر قانىتىنى لۇت قەۋمىنىڭ شەھىرىنىڭ ئاستىغا كىرگۈزۈپ ئۇ شەھەرنى ئاسمانغا كۆتۈرگەن بولۇپ، ئاسمان ئەھلى ئېشەكلەرنىڭ ھاڭرىغان، ئىتلارنىڭ قاۋىغان، خورازلارنىڭ چىللىغان ئاۋازلىرىنى ئاڭلىغان. ئاندىن جىبرىل بۇ شەھەرنى بىر ئۆرۈپلا يەر بىلەن يەكسان قىلىۋەتكەن. ئۇ يەنە بىر ئاۋاز بىلەنلا سەمۇد قەۋمىنىڭ شەھىرىنى تەۋرىتىۋەتكەن. ئۇنداقتا، ئاللاھ تائالا نېمە ئۈچۈن بەدرى ئۇرۇشىدا مىڭ كىشىلىك پەرىشتە ئەۋەتتى؟ جاۋاب شۇكى، ئاللاھ تائالا ئۇ پەرىشتىلەرنى مۇسۇلمان ئەسكەرلەرنىڭ سانىنى كۆپەيتىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن بولۇپ، بۇنىڭدا مۇنداق ئىككى ئىشنى كۆزدە تۇتقان: بىرىنچىسى، دۈشمەنلەرنى قورقۇتۇش، ئىككىنچىسى، مۇئمىنلەرنىڭ كۈچ-قۇۋۋەت ھاسىل قىلىشى ئۈچۈندۇر. پەرىشتىلەر سەپ بولۇپ تۇرۇشتىن باشقا بىرەر ئىش قىلغانمۇ ياكى قىلمىغانمۇ؟ بۇ

مەسىلىدە ئىختىلاپ بار»[1].

ئاللاھ تائالا يەنە مۇسۇلمانلارغا بەدرى غازىتى بولغان كۈندە ئۆزلىرىگە ئاتا قىلىنغان ئىنئاملارنى ئەسلىتىپ: ﴿ئۆز ۋاقتىدا ئاللاھ سىلەرنى تىنچلاندۇرۇش ئۈچۈن سىلەرگە يەڭگىل بىر ئۇيقۇ بېغىشلىغان ئىدى؛ سىلەرنى پاكلاش ئۈچۈن، سىلەردىن شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىنى كەتكۈزۈش ئۈچۈن، قەلبىڭلارنى مۇستەھكەم قىلىش ئۈچۈن، (قۇملۇقتا) قەدىمىڭلارنى مەزمۇت تۇرغۇزۇش ئۈچۈن، سىلەرگە بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بەرگەن ئىدى﴾ دەيدۇ. ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ مۇنداق دېگەن: «بىزنىڭ ئارىمىزدا مىقداد دېگەن كىشىدىن باشقا ھېچكىم ئاتلىق ئەمەس ئىدى، شۇنداق بىر ئەھۋالدا بىزنى يېنىككىنە بىر ئۇيقۇ باستى، قارىسام ھەممە كىشى ئۇخلاۋاتاتتى، پەقەت رەسۇلۇللاھ يالغۇز بىر دەرەخنىڭ تۈۋىدە ناماز ئوقۇۋاتاتتى»[2]. شەكسىزكى، شۇ ۋاقىتتىكى ئۇيقۇ مۇسۇلمان قوشۇنىنىڭ قورقۇنچىسىنى تۈگەتكەن ۋە ئاللاھ تائالانىڭ نۇسرىتىگە بولغان ئىشەنچىسىنى ئاشۇرۇپ ئۇلارنى خاتىرجەم قىلغان ئىدى.

مۇسۇلمانلار قوشۇنى بەدرى غازىتى بولغان كۈنى سۇسىز، پۇتلىرى پېتىپ قالىدىغان بىر قۇملۇق جايغا چۈشكەن ئىدى. كېچىدە بەزىلىرى ئېھتىلام بولۇپ قېلىپ، ئەتىسى سۇسىزلىقتىن تەيەممۇم بىلەن ناماز ئوقۇشقا مەجبۇر بولغان ئىدى. شۇنداق بىر قىيىنچىلىق ۋاقتىدا ئاللاھ تائالا ئۇلارغا يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىش ئارقىلىق ئۇلارنى سۇ بىلەن تەمىنلىگەن ئىدى. بۇ يامغۇرنىڭ مۇسۇلمانلار قوشۇنى ئۈچۈن ئۇسسۇزلۇقتا قېنىشتىن باشقا يەنە كۆپ پايدىسى بولغان ئىدى، ھەتتا ئۇلار قۇملۇق يەردە تېيىلىپ كەتمەي ماڭالىغان ۋە پۇتلىرى قۇمغا پېتىپ قالىدىغان ئەھۋاللار يۈز بەرمىگەن. چۈنكى، يامغۇر سۈيى قۇملۇق يەرنى بىر ئاز قاتۇرغان ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بولسا بىر قىسىم ساھابىلىرى بىلەن سۈيى بار بىر يەرگە چۈشكەن ئىدى، ساھابىلەر مۇشرىكلار قوشۇنىنى سۇسىز قالدۇرۇش ئۈچۈن ئۆزلىرى ئىگىلىگەن قۇدۇقتىن باشقا قۇدۇقلارنىڭ ھەممىسىنى تىندۇرۇپ تاشلىغان ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۇرۇش مەيدانىغا يېقىن ئېگىزرەك بىر جايغا مەخسۇس چېدىر (يەنى قو-

[1] «تفسير الشعراوي» 8- توم، 4589- 4590- بەتلەر.
[2] «مسند الإمام أحمد» 2-توم، 299-بەت، 1023 -ھەدىس.

ماندانلىق شتابى) ياساپ بېرىشكەن ئىدى.

غازات جەريانىدا پەرىشتىلەر ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرى بىلەن مۇسۇل-مانلارنىڭ مەنىۋىيىتىنى كۆتۈرۈش، ئۇلارنى غەلىبىگە ئىشەنچ قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ئۇلارغا غەلىبە بىلەن بېشارەت بېرىپ تۇراتتى، «بىز سىلەر بىلەن بىللىمىز، كاپىرلارنىڭ دىللىرىغا قورقۇنچ تاشلايمىز» دەپ ئىلھام بېرەتتى.

مۇسۇلمانلارغا كەلگەن بۇ غەلىبە، مۇشرىكلارغا كەلگەن بۇ مەغلۇبىيەت شۇنىڭ ئۈچۈنكى، كاپىرلار ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە قارشى چىققان، ئۇنىڭ دىنىنى يوقاتماقچى بولغان ئىدى. ئاللاھ تائالاغا قارشى چىققانلارنىڭ جازاسى ئەنە شۇنداق ئىبرەتلىك ۋە قاتتىق بولىدۇ.

بەدرى غازىتى پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرى ئۈچۈن ھەقىقەتەن چوڭ بىر غەلىبە، مۇشرىك كۈچلىرى ئۈچۈن ئۇنتۇلماس مەغلۇبىيەت ۋە مەڭگۈلۈك خارلىق بولۇپ تارىختا قەيت قىلىندى. كاپىرلارنىڭ جازاسى بۇنىڭ بىلەن تۈگەپ قالمايدۇ. چۈنكى، ئۇلارنى ئاخىرەتنىڭ قاتتىق ئازابى كۈتىدۇ.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

**1.** گەرچە نۇرغۇن كىشىلەر ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشنى ياقتۇرمىسىمۇ، نەتىجە ئېتىبارى بىلەن جىھاد ئەڭ پايدىلىق ئەمەلدۇر. ﴿كُتِبَ عَلَيْكُمُ ٱلْقِتَالُ وَهُوَ كُرْهٌ لَّكُمْ ۖ وَعَسَىٰٓ أَن تَكْرَهُوا۟ شَيْـًٔا وَهُوَ خَيْرٌ لَّكُمْ ۖ وَعَسَىٰٓ أَن تُحِبُّوا۟ شَيْـًٔا وَهُوَ شَرٌّ لَّكُمْ ۗ وَٱللَّهُ يَعْلَمُ وَأَنتُمْ لَا تَعْلَمُونَ﴾ يەنى ﴿(ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئىنسان تەبىئىتىنىڭ تەقەززاسى بىلەن) سىلەر ياقتۇر-مىساڭلارمۇ ئۇرۇش قىلىش سىلەرگە پەرز قىلىندى. سىلەر ئۆزۈڭلار ئۈچۈن پايدىلىق بولغان نەرسىنى ياقتۇرماي قېلىشىڭلار، ئۆزۈڭلار ئۈچۈن زىيانلىق بولغان نەرسىنى ياقتۇرۇپ قېلىشىڭلار مۇمكىن. (سىلەرگە نېمىنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى) ئاللاھ ئوبدان بىلىدۇ، سىلەر بىلمەيسىلەر﴾[1] دېگەن ئومۇمىي قائىدە يۇقىرىقى ئايەتلەردە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. بەزى ساھابىلەر مۇشرىكلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشنى ياقتۇرمىغان، لېكىن ئۇلار ياقتۇرمىغان بۇ جىھادتا ئۇلار ئۈچۈن كۆپلىگەن ياخشىلىقلار بارلىقىنى ئۇلار كېيىنچە بىلگەن.

---

[1] بەقەرە سۈرىسى: 216ـ ئايەت.

**2.** ئىنسان نەپسى ھەمىشە راھەت-پاراغەتنى ياقتۇرىدۇ، مۇشەققەتنى خالىمايدۇ. ئەمما ھاياتلىقتىكى غەلىبىلەر قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بېرىش بىلەن قولغا كېلىدۇ.

**3.** ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىسى چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىر سەپتە تۇرغان ھەقىقىي مۇئمىنلەردە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقاندەك، ھەر زامان ۋە ھەر ماكاندا ئىماندا راستچىل بولغانلار ئۈچۈن ئەمەلگە ئېشىپ كەلمەكتە.

**4.** بەدرى غازىتى ئىسلام تارىخىدىكى ئەڭ چوڭ ۋە ھەل قىلغۇچ غازات ھېسابلىنىدۇ.

**5.** ئاللاھ تائالادىن مەدەت تىلەش ئەڭ كاتتا ئىبادەت بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغان ئىشلاردا باشقىلاردىن مەدەت تىلەش مەخلۇقاتنى ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرگەنلىكتۇر.

**6.** ئاللاھ تائالانىڭ پەرىشتىلىرى ئىتائەتمەن بەندىلەر بولۇپ، ئۇلاردا نەپسى ئاۋارىگەرچىلىكى، گۇناھ قىلىش دەيدىغان ئىشلار قەتئىي يوق. ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ ئىتائىتىدىن ھېچ چىقمايدىغان، ئاللاھ تائالا نېمىگە بۇيرۇسا شۇنى ئورۇندايدىغان بەندىلەردۇر. مۇئمىنلەرنىڭ كاپىرلارغا قارشى ئېلىپ بارغان جىھادلىرىدا پەرىشتىلەرنىڭ ئۇلارغا ياردەم بەرگەنلىكى ھەق ۋە راستتۇر.

**7.** ئاللاھ تائالانىڭ مۇئمىنلەرگە ئاتا قىلغان ئىنئاملىرى ئاز ئەمەس. بەدرى غازىتىدا مۇئمىنلەرگە نۇسرەت بېرىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ شەنىنى كۆتۈرگەنلىكى، ئۇلارنى غەلىبىگە ئىگە قىلغانلىقى ۋە ئۇلارنى دۈشمەنلىرى ئالدىدا ئەزىز قىلغانلىقى ئۇنتۇلماس ئىنئامدۇر. مۇسۇلمانلار شۇ غەلىبىنىڭ كۈچى بىلەن قۇدرەت تاپقان ۋە ئىسلام دىنىنى دۇنياغا تارقىتىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولغان.

### ◄ مۇسۇلمانلارغا ھەربىي تەلىم

﴿يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ إِذَا لَقِيتُمُ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ زَحۡفٗا فَلَا تُوَلُّوهُمُ
ٱلۡأَدۡبَارَ ١٥ وَمَن يُوَلِّهِمۡ يَوۡمَئِذٖ دُبُرَهُۥٓ إِلَّا مُتَحَرِّفٗا لِّقِتَالٍ أَوۡ مُتَحَيِّزًا
إِلَىٰ فِئَةٖ فَقَدۡ بَآءَ بِغَضَبٖ مِّنَ ٱللَّهِ وَمَأۡوَىٰهُ جَهَنَّمُۖ وَبِئۡسَ ٱلۡمَصِيرُ

﴿١٦﴾ فَلَمْ تَقْتُلُوهُمْ وَلَٰكِنَّ ٱللَّهَ قَتَلَهُمْ ۚ وَمَا رَمَيْتَ إِذْ رَمَيْتَ
وَلَٰكِنَّ ٱللَّهَ رَمَىٰ وَلِيُبْلِيَ ٱلْمُؤْمِنِينَ مِنْهُ بَلَآءً حَسَنًا ۚ إِنَّ ٱللَّهَ سَمِيعٌ
عَلِيمٌ ﴿١٧﴾ ذَٰلِكُمْ وَأَنَّ ٱللَّهَ مُوهِنُ كَيْدِ ٱلْكَٰفِرِينَ ﴿١٨﴾ إِن تَسْتَفْتِحُوا۟
فَقَدْ جَآءَكُمُ ٱلْفَتْحُ ۖ وَإِن تَنتَهُوا۟ فَهُوَ خَيْرٌ لَّكُمْ ۖ وَإِن تَعُودُوا۟ نَعُدْ
وَلَن تُغْنِيَ عَنكُمْ فِئَتُكُمْ شَيْـًٔا وَلَوْ كَثُرَتْ وَأَنَّ ٱللَّهَ مَعَ
ٱلْمُؤْمِنِينَ ﴿١٩﴾

### ◄ تەرجىمىسى

15ـ ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەر توپلىشىپ كەلگەن كاپىرلار قوشۇنى بىلەن ئۇچراشقان چېغىڭلاردا، ئۇلارغا ئارقاڭلارنى قىلماڭلار (يەنى قاچماڭلار).

16ـ كىمكى ئۇ كۈندە (قايتا) ئۇرۇشۇش ياكى (كۆچ توپلاش ئۈچۈن) مۇسۇلمانلار جامائەسىگە قوشۇلۇش مەقسىتىدە ئەمەس، بەلكى (قېچىش مەقسىتىدە) دۈشمەنگە ئارقىسىنى قىلىدىكەن، ئۇ ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ غەزىپىگە ئۇچرايدۇ، ئۇنىڭ جايى دوزاخ بولىدۇ. دوزاخ نېمىدېگەن يامان جاي!

17ـ (ئى مۇجاھىدلار! بەدرى ئۇرۇشىدا) ئۇلارنى سىلەر ئۆلتۈرمىدىڭلار، بەلكى ئاللاھ ئۆلتۈردى. (ئى پەيغەمبەر! بىر سىقىم توپىنى ئۇلارغا) ئاتقىنىڭدا سەن ئاتمىدىڭ، بەلكى ئۇنى ئاللاھ ئاتتى. (ئاللاھنىڭ مۇنداق قىلىشى) مۇئمىنلەرنى گۈزەل ئىنئاملار بىلەن سىناش ئۈچۈن ئىدى. شەكسىزكى، ئاللاھ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

18ـ بۇ (ئاللاھنىڭ مۇئمىنلەرگە قىلغان ياردىمىدۇر). ئاللاھ كاپىرلارنىڭ ھىيلىسىنى چوقۇم مەغلۇپ قىلغۇچىدۇر.

19ـ (ئى كاپىرلار جامائەسى!) ئەگەر سىلەر غەلىبىنى تىلىسەڭلار، غەلىبە ئاللىقاچان سىلەرگە (قارشى) كېلىپ بولدى. ئەگەر (پەيغەمبەرگە دۈشمەنلىك قىلىشتىن) ۋاز كەچسەڭلار، بۇ سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر، ئەگەر (ئۇنىڭغا دۈشمەنلىك قىلىشقا) يەنە قايتساڭلار، بىزمۇ (ئۇنىڭغا ياردەم قىلىشقا) قايتىمىز، قوشۇنۇڭلار كۆپ بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇ (قوشۇن) سىلەرگە قىلچىلىك ئەسقاتمايدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ مۇئمىنلەر بىلەن بىللىدۇر.

## تەپسىرى

ئى ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتقان، پەيغەمبەرنىڭ راستلىقىنى ئېتىراپ قىلغان مۆئمىنلەر! سىلەرگە قارشى ئۇرۇش ئېچىپ كەلگەن كاپىرلار بىلەن جىهاد مەيدانلىرىدا ئۇچراشقان چېغىڭلاردا، ھەرگىز ئارقىغا چېكىنمەڭلار، قاچماڭلار. كاپىرلارنىڭ قوشۇنى سىلەرگە ھۇجۇم قىلىپ كەلگەندە، ئۇلارنىڭ سانى قانچىلىك كۆپ بولۇپ كەتسىمۇ، سىلەر ئارقاڭلارغا چېكىنمەڭلار، ئۇرۇشقا بەرداشلىق بېرىڭلار، چىدامچانلىق كۆرسىتىپ ئۇلار بىلەن ئېلىشىڭلار، ئېشىنىڭلاركى، ئاللاھ تائالا سىلەر بىلەن بىللىدۇر، ئۇ چوقۇم سىلەرگە مەدەت بېرىدۇ.

بەزى ئۆلىمالار ئاز سانلىق مۇسۇلمان ئەسكەرلىرىنىڭ كۆپ سانلىق دۈشمەن كۈچلىرىدىن قېچىشىنىڭ شەرتىنى بەلگىلەپ، ئەگەر كاپىرلار قوشۇنىنىڭ سانى مۇسۇلمانلار قوشۇنىنىڭ ساندىن ئىككى ھەسسە ئارتۇق بولمىغان شارائىتتا، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇرۇش مەيداندىن قېچىشىغا رۇخسەت يوق، مۇنداق شارائىتتا قاچقانلار ئاللاھ تائالانىڭ غەزىپىگە ئۇچرايدۇ، دەپ قارايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇرۇش مەيداندىن قېچىشنى ئەڭ چوڭ گۇناھلار (يەنى گۇناھى كەبىرىلەر)نىڭ قاتارىدىن ساناپ مۇنداق دېگەن: «اجْتَنِبُوا السَّبْعَ المُوبِقَاتِ: الشِّرْكُ بِاللَّهِ، وَالسِّحْرُ، وَقَتْلُ النَّفْسِ الَّتِي حَرَّمَ اللَّهُ إِلَّا بِالحَقِّ، وَأَكْلُ الرِّبَا، وَأَكْلُ مَالِ اليَتِيمِ، وَالتَّوَلِّي يَوْمَ الزَّحْفِ، وَقَذْفُ المُحْصَنَاتِ المُؤْمِنَاتِ الغَافِلَاتِ» يەنى «ھالاك قىلغۇچى يەتتە چوڭ گۇناھتىن يىراق تۇرۇڭلار. ئۇلار: ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش، سېھىرگەرلىك قىلىش، ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش، جازانىخورلۇق قىلىش، جەڭ مەيداندىن قېچىش، ئاتا-ئانىنى قاقشىتىش ۋە ئېپپەتلىك ئاياللارغا بوھتان چاپلاشتۇر»[1]. ئۇرۇش مەيداندىن قاچقان ئادەم ئاللاھ تائالانىڭ غەزىپىگە ئۇچرايدۇ، ئاخىرەتتە قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ. پەقەت تاكتىكا ئىشلىتىپ دۈشمەننى قايمۇقتۇرۇش ياكى كۈچ توپلاپ قايتىدىن ھۇجۇم قىلىپ كېلىش ۋەياكى باشقا گۇرۇپپىدىكى ئەسكەرلەرنىڭ سانىنى كۆپەيتىش ئارقىلىق ئۇلارنى كۈچلەندۈرۈش مەقسىتى بىلەن ئۇرۇش مەيداندىن چېكىنىش بۇنىڭدىن مۇستەسنا. چۈنكى، مۇنداق ھەرىكەتلەر ئۇرۇشنىڭ تاكتىكىلىرىدىن سانىلىدۇ. ئۇرۇشلاردا تاكتىكا ئىشلىتىش زۆرۈردۇر.

ئى مۇسۇلمانلار! سىلەر دۈشمەن بىلەن ئۇچراشقان چېغىڭلاردا ھەرگىز

---

[1] «صحيح البخاري» 4-توم، 10-بەت، 2766-ھەدىس.

ئارقىغا چېكىنمەيدىغانلار، سىلەر چىدامىلىق بولۇشتا ۋە جان پىدا قىلىشتا دۈشمەنلەردىن كۈچلۈك بولۇشۇڭلار كېرەك. چۈنكى، سىلەر ئاللاھ يولىدا جىهاد قىلىشتا غەلىبە قازىنىش ياكى شېھىت بولۇشتىن ئىبارەت ئىككى ياخشىلىقنىڭ بىرىنى كۈتىسىلەر. جىهادتا دۈشمەننى يېڭىپ غەلىبە قىلىش قانچىلىك مۇھىم، قانچىلىك ياخشى بولسا، شېھىتلىك شەربىتىنى ئىچىشمۇ سىلەر ئۈچۈن شۇنچىلىك ياخشىدۇر. ئاللاھ تائالا سىلەرنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرۈشكە ۋەدە قىلدى. بەدرى غازىتىدا غەلىبە قىلغىنىڭلارنى بىلىسىلەر، ئۇ چاغدا سىلەر گەرچە سان جەھەتتە دۈشمەن ئەسكەرلىرىنىڭ ساندىن بەك ئاز تۇرساڭلارمۇ، ئاللاھ تائالا سىلەرگە غەلىبە ئاتا قىلغان ۋە دۈشمەنلىرىڭلارنى يەڭگەن ئىدىڭلار. بۇ ئاللاھ تائالانىڭ سىلەر بىلەن بىللە ئىكەنلىكى، ئۇرۇش مەيدانىدا قەدىمىڭلارنى مۇستەھكەم قىلغانلىقى، پەرىشتىلەرنى ياردەم ئۈچۈن سىلەرگە ئەۋەتكەنلىكى ۋە دۈشمەنلىرىڭلارنىڭ قەلبىگە قورقۇنچ سالغانلىقى بىلەن ئەمەلگە ئاشقان ئىدى. ھەقىقەتتە بۇ غەلىبىنى سىلەر قازانمىدىڭلار، بەلكى ﴿يُعَذِّبْهُمُ ٱللَّهُ بِأَيْدِيكُمْ﴾ يەنى ﴿ئاللاھ ئۇلارنى سىلەرنىڭ قولۇڭلار بىلەن جازالايدۇ﴾[1] دېگەن ئايەتنىڭ تەقەززاسى بويىچە، بۇ غەلىبىنى ئاللاھ تائالا سىلەرگە ئۆزىنىڭ ياردىمى ۋە سىلەرنىڭ قولۇڭلار بىلەن قازاندۇرغان ئىدى.

مۇسۇلمانلار بەدرى غازىتىدىن قايتقاندىن كېيىن، ئۇلاردا مەغرۇرلۇق ھۆكۈم سۈرگەن بولۇپ، بەزىلىرى: ‹مەن پالانى كاپىرنى مۇنداق ئۆلتۈردۈم› دېگەنگە ئوخشىغان سۆزلەرنى قىلغان ئىدى. شۇڭا ئاللاھ تائالا ئۇلارغا مۇنداق پەخىرلىنىشنىڭ ئادەمنى ئالدايدىغان مەغرۇرلۇق ئىكەنلىكىنى بىلدۇرۇپ، ﴿ئۇلارنى سىلەر ئۆلتۈرمىدىڭلار، بەلكى ئاللاھ ئۆلتۈردى﴾ يەنى ئۇ كاپىرلارنى ئاللاھ تائالا سىلەرگە نۇسرەت ۋە مەدەت ئاتا قىلىش، ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە قورقۇنچ سېلىش ۋە پەرىشتىلەرنى چۈشۈرۈش ئارقىلىق ئۆلتۈردى، چۈنكى، ئاللاھ تائالا ھەممىگە قادىردۇر، دېگەن ھەقىقەتنى جاكارلىدى.

مەككە قوشۇنلىرى ئۇرۇش مەيدانىغا كىرگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «هَـٰذِهِ قُرَيْشٌ قَدْ جَاءَتْ بِخُيَلَائِهَا وَفَخْرِهَا تُحَادُّكَ وَتُكَذِّبُ رَسُولَكَ ، اللَّهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ مَا وَعَدْتَنِي» يەنى «مانا قۇرەيش قوشۇنى ئۆزىنىڭ ھاكاۋۇرلۇقى ۋە تەكەببۇرلۇقى بىلەن كېلىۋاتىدۇ. ئى ئاللاھ! ئۇلار ساڭا

[1] تەۋبە سۈرىسى: 14-ئايەت

دۈشمەنلىك قىلىۋاتىدۇ، سېنىڭ پەيغەمبەرلىكىڭنى ئىنكار قىلىۋاتىدۇ، ئى ئاللاھ! مەن سەندىن ماڭا قىلغان ۋەدەڭنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشۇڭنى تىلەيمەن» دەپ دۇئا قىلغان[1]. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنهۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «اللهُمَّ إِنْ تُهْلِكْ هَذِهِ الْعِصَابَةَ مِنْ أَهْلِ الْإِسْلَامِ ، فَلَا تُعْبَدْ فِي الْأَرْضِ أَبَدًا» يەنى ‹ئى ئاللاھ! ئەگەر سەن بۇ ئىسلام قوشۇنىنى ھالاك قىلىۋەتسەڭ، يەر يۈزىدە ساڭا ئىبادەت قىلىدىغان ھېچكىم قالمايدۇ› دەپ دۇئا قىلغان. شۇ ئەسنادا جىبرىل پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا: ‹يەردىن بىر سىقىم تۇپراقنى ئېلىپ ئۇلارغا چاچقىن› دەپ ئەمر قىلغان بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۈشمەن تەرەپكە بىر سىقىم توپىنى چاچقاندا، ئاشۇ توپا دۈشمەنلەرنىڭ كۆزلىرىگە، بۇرۇنلىرىغا ۋە ئېغىزلىرىغا كىرىپ كەتكەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئارقىغا چېكىنگەن»[2]. ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا: ﴿(ئى پەيغەمبەر! بىر سىقىم توپىنى ئۇلارغا) ئاتقىنىڭدا سەن ئاتمىدىڭ، بەلكى ئۇنى ئاللاھ ئاتتى﴾ دېيىش ئارقىلىق ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتى بىلەن بۇ بىر سىقىم توپىنىڭ پۈتۈن دۈشمەننىڭ كۆزلىرىگە بېرىپ يەتكەنلىكىنى بىلدۈرگەن. چۈنكى، بىر سىقىم توپىنى پۈتۈن ئەسكەرلەرنىڭ كۆزلىرىگە تەگكۈزۈش بىرەر ئىنساننىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئىش ئەمەس. گەرچە توپىنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاتقان بولسىمۇ، ئۇنى دۈشمەنلەرنىڭ كۆزلىرىگە يەتكۈزۈش پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتى بىلەن ئەمەلگە ئاشقان ئىش ئىدى.

ئاللاھ تائالا بۇ ئىشنى ئۆزىنىڭ ھەقىقىي مۆئمىنلەرنى قوللايدىغانلىقىنى، ئۇلارغا ياردەم قىلىدىغانلىقىنى كاپىرلارغا بىلدۈرۈپ قويۇش ۋە ئاللاھ يولىدا ئۆزىنىڭ ئىسسىق ئۆيىنى، بالىچاقىلىرىنى تاشلاپ ھىجرەتكە ئاتلانغان مۆئمىنلەرنى غەنىيمەتلەر بىلەن مۇكاپاتلاش ئۈچۈن قىلغان ئىدى. شەكسىزكى، ئاللاھ تائالا ھەرقانداق دۇئانى ۋە مۇناجاتنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەركىمنىڭ نىيىتىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

ئاللاھ تائالانىڭ بۇ ياردىمى كاپىرلارنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قارشى تۈزگەن پىلانلىرىنى ۋە بارلىق ھىيلە-مىكىرلىرىنى بەربات قىلىۋەتكەن ئىدى. چۈنكى، كاپىرلار ئىسلام دىنىنى يوق قىلىۋېتىش ئۈچۈن بار كۈچىنى چىقارغان بولسىمۇ، ئاللاھ تائالا ئۇلارنى مەغلۇپ

[1] «تفسير الطبري» 11-توم، 84-بەت

[2] «تفسير ابن كثير» 4-توم، 32-بەت

قىلىپ، ئارقىغا قايتۇرۇۋەت ئىدى.

مەككە مۇشرىكلىرى مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇشقا ئاتلىنىش ئالدىدا كەئبىنىڭ يوپۇقىغا «ئى ئاللاھ! بۇ ياخشى قوشۇنغا ياردەم بەرگىن، ئۇلارغا غەلىبە ئاتا قىلغىن» دەپ يىزىپ دۇئا قىلغان ئىدى. ئاللاھ تائالا ئۇلارغا تەنە قىلىش ۋە ئۇلارنى ھەسرەت-نادامەتكە قويۇش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئىبرەتلىك مەغلۇبىيىتىنى غەلىبە سۈپىتىدە بايان قىلىپ، ﴿(ئى كاپىرلار جامائەسى!) ئەگەر سىلەر غەلىبىنى تىلىسەڭلار، غەلىبە ئالللقاچان (سىلەرگە قارشى) كېلىپ بولدى﴾ يەنى سىلەر تىلىگەن غەلىبە سىلەرگە كەلمىدى، بەلكى مۇسۇلمانلارغا كەلدى، بۇ غەلىبە سىلەرنىڭ زىيىنىڭلارغا ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ پايدىسىغا ئالللقاچان كېلىپ بولدى، دېگەن. مۇشرىكلار تىلىگەن غەلىبە ئەمەلىيەتتە ئۇلار ئۈچۈن مەغلۇبىيەت بولغان ئىدى.

ئى مۇشرىكلار! ئەگەر سىلەر پەيغەمبەرگە دۈشمەن بولۇشنى، ھەق دىنىنىڭ دەۋىتىگە قارشى چىقىشنى تاشلىساڭلار، مۇنداق دۈشمەنلىكتىن ۋاز كەچسەڭلار، بۇ سىلەر ئۈچۈن بەكمۇ ياخشىدۇر. ئەگەر يەنە سىلەر پەيغەمبەر بىلەن دۈشمەنلىشىشكە قايتساڭلار، بىزمۇ ئەلۋەتتە ئۇنىڭغا ياردەم قىلىشقا قايتىمىز، ئۇ چاغدا، سىلەرنىڭ قوشۇنۇڭلارنىڭ كۆپ بولغانلىقى ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمايدۇ، بۇ قوشۇن سىلەرنى مەغلۇبىيەتتىن قۇتۇلدۇرۇپ قالالمايدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا مۇئمىنلەر بىلەن بىللە بولۇپ، ئۇلارنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرىدۇ. ياخشى ئاقىۋەت ھەقىقىي مۇئمىنلەرگىلا خاستۇر.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئۇرۇش مەيدانىدىن قېچىش ئەڭ چوڭ گۇناھلاردىن بولۇپ، ئاللاھ تائالا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى مۇنداقلارنى ئاخىرەتتىكى قاتتىق ئازاب بىلەن ئاگاھلاندۇرغان.

2. ئاللاھ تائالا ھەممىنىڭ ياراتقۇچىسى بولغانىدەك، ئىنسانلارنى ۋە ئۇلارنىڭ قىلىدىغان ئىشلىرىنىمۇ ئۇنىڭ ياراتقانلىقى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان روشەن ھەقىقەتتۇر. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، ئىنساندىن سادىر بولغان ياخشىلىق ۋە يامانلىق ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىرى ۋە ئىنسانلارنىڭ ئىختىيارى بىلەن بولىدۇ.

3. ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنى ھەر خىل سىناقلار بىلەن سىنايدۇ، ياخشى، تەقۋادار بەندىلەرگە بولغان سىناقلار قاتتىقراق بولىدۇ. ئۇلار بۇ

سىناقلار ئارقىلىق تاۋلىنىپ، كاتتا مۇكاپاتلارغا ۋە يۇقىرى مەرتىۋىلەرگە لايىق بولىدۇ.

4. ئاللاھ تائالا ھەقىقىي مۇئمىن بەندىلىرىنى ھەمىشە ھىمايە قىلىدۇ ۋە ئۇلارنى دۈشمەنلىرى ئۈستىدىن غالىب قىلىدۇ.

## ◄ دىنغا قارشى چىقىشنىڭ ئاقىۋىتىدىن ئاگاھلاندۇرۇش

﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ أَطِيعُواْ ٱللَّهَ وَرَسُولَهُۥ وَلَا تَوَلَّوۡاْ عَنۡهُ وَأَنتُمۡ
تَسۡمَعُونَ ﴿٢٠﴾ وَلَا تَكُونُواْ كَٱلَّذِينَ قَالُواْ سَمِعۡنَا وَهُمۡ لَا يَسۡمَعُونَ
﴿٢١﴾ ۞ إِنَّ شَرَّ ٱلدَّوَآبِّ عِندَ ٱللَّهِ ٱلصُّمُّ ٱلۡبُكۡمُ ٱلَّذِينَ لَا يَعۡقِلُونَ
﴿٢٢﴾ وَلَوۡ عَلِمَ ٱللَّهُ فِيهِمۡ خَيۡرٗا لَّأَسۡمَعَهُمۡۖ وَلَوۡ أَسۡمَعَهُمۡ لَتَوَلَّواْ وَّهُم
مُّعۡرِضُونَ ﴿٢٣﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

20ـ ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىڭلار، سىلەر (ئوقۇلۇۋاتقان قۇرئاننى) ئاڭلاپ تۇرۇپ ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈمەڭلار.

21ـ ئاڭلىماي تۇرۇپ ئاڭلىدۇق دېگەن كىشىلەردەك بولماڭلار.

22ـ شۈبھىسىزكى، ئاللاھنىڭ نەزىرىدە جانلىقلارنىڭ ئەڭ يامىنى ئەقلىنى ئىشلەتمەيدىغان گاس ـ گاچىلاردۇر.

23ـ ئەگەر ئاللاھ ئۇلاردا بىرەر ياخشىلىق بار دەپ بىلسە ئىدى، ئەلۋەتتە ئۇلارغا (ھەقىقەتنى) ئاڭلىتاتتى، ئۇلارغا ئاڭلاتقان تەقدىردىمۇ، ئۇلار يەنە (ھەقىقەتتىن) يۈز ئۆرۈپ باش تارتاتتى.

### ◄ تەپسىرى

ئى ئىمان بىلەن سۈپەتلەنگەن، ئىمان چىن قەلبىدىن ئورۇن ئالغان كىشىلەر! سىلەر ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئاللاھ تائالانىڭ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ بۇيرۇغانلىرىنى قىلىڭلار، توسقانلىرىدىن يېنىڭلار. سىلەر «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىسـ ـلەردىن شۇنچە تەسىرلىك ۋەز-نەسىھەتلەرنى ئاڭلاپ تۇرۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ

جىھاد قىلىشقا ۋە جىھاد ئۈچۈن پۇل-مال سەرپ قىلىشقا بۇيرۇغان ئەمر-پەرمانلىرىنى ئاڭلاپ ۋە بىلىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈمەڭلار، ئۇنى ئورۇنداشتىن باش تارتماڭلار. سىلەر ھەرگىز ﴿قَالُواْ سَمِعْنَا وَعَصَيْنَا﴾ يەنى ﴿قۇلاق سالدۇق ۋە ئاسىيلىق قىلدۇق﴾[1] دەيدىغان يەھۇدىيلاردىن بولۇپ قالماڭلار. ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە مەخلۇقاتنىڭ ئەڭ يامىنى ئەقلى بار تۇرۇقلۇق، ئەقلىنى ئىشلەتمىگەنلىكتىن، ئاڭلىغانلىرىنى ئاڭقىرالمايدىغان، چۈشەنمەيدىغان، ھەق سۆزنى قوبۇل قىلمايدىغان، ھەق دىنغا ئەگەشمەيدىغان، ۋەز-نەسىھەتلەردىن ئىبرەت ئالمايدىغان ئادەملەردۇر. ئاللاھ تائالا ئاڭلاش ۋە چۈشىنىش ئۈچۈن ياراتقان ئەزالىرىنى ئىشلەتمەيدىغانلار بۇ ئەزالارنىڭ خىزمىتىدىن مەھرۇم قالغان گاس-گاچىغا ئوخشايدۇ. چۈنكى، مۇنداقلار ھەق سۆزلەرنى ئاڭلاشتىن پاك، ھەقىقەتنى سۆزلەشتىن گاچا بولۇپ قالغانلار بولۇپ، خۇددى سەزگۈ ئەزالىرىنى يوقىتىپ قويغانلارغا ئوخشايدۇ. نۇر بىلەن زۇلمەتنىڭ، ھەق بىلەن باتىلنىڭ، ياخشى بىلەن يامانىنىڭ، ئىسلام بىلەن كۇفرىنىڭ پەرقىنى بىلمەيدىغانلار ئەگەر ئەقلىنى ئىشلىتىپ، تەقلىدچىلىكتىن قۇتۇلىدىغان بولسا، ئەلۋەتتە ئۆزلىرى ئۈچۈن پايدىلىق بولغان ئىشلارغا قىزىقاتتى. ئەمما ئۇلار ھايۋانلارغا ئوخشاش چۈشەنمەيدىغان ئەقىلسىز مەخلۇقلاردۇر.

ئۇلار ئەسلىدىكى پاك ھېسلىرىنى ۋە تۇغۇلغان ۋاقتىدىكى ھالىتىنى بۇلغىمىغان بولسا ۋە ئۆزلىرىدە ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىشقا تەييارلىق ھەم مايىللىق بولسا ئىدى، ئاللاھ تائالا ئەلۋەتتە ئۇلارنى ھەق سۆزنى قوبۇل قىلىدىغان، توغرا يولغا ئەگىشىدىغان، پەيغەمبەرنى ئېتىراپ قىلىدىغان قىلغان بولاتتى. لېكىن ئۇلارغا ھەق سۆزنى ئاڭلىتاي دېگەن تەقدىردىمۇ، ئۇلار دەرھال ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈيدۇ. چۈنكى، ئۇلاردا ھەرگىز ياخشىلىق يوق، شۇڭا ئۇلاردىن ياخشىلىق كۈتكىلى بولمايدۇ. ئۆزىدە مۇنداق ئىككى ئىللەت بار ئادەم ھەق سۆزنى قەتئىي قوبۇل قىلمايدۇ، ھەتتا ئۇنى ئاڭلاپمۇ قويمايدۇ:

1. ئۆزىنىڭ پىكرىدە چىڭ تۇرۇۋالىدىغان، نادان ئادەم ھەقنى ئاڭلاشنى ۋە ئۇنى قوبۇل قىلىشنى رەت قىلىدۇ.

2. مۇناپىق ئادەم ھەق سۆزلەرنى ئاڭلايدۇ-يۇ، ئەمەل قىلمايدۇ، ئۇ خۇددى قوبۇل قىلغاندەك كۆرۈنىدۇ-يۇ، قوبۇل قىلمايدۇ.

---

[1] بەقەرە سۈرىسى: 93- ئايەت.

3. يامان نىيەتلىك ئادەملەر ھەق سۆزلەرنى پەقەت ئۇنىڭدىن ئەيىب ئىزدەش ۋە خاتالىق تېپىش ئۈچۈنلا ئاڭلايدۇ.

4. ھەقىقەتنى ئىزدەش نىيىتى بولمىغان ئادەم ھەق سۆزگە قۇلاق سالمايدۇ.

ئەمما مۇئمىنلەر ھەق سۆزلەرنى توغرا يول تېپىش، ئىمان ۋە ھىدايەت يولىدا مۇستەھكەم بولۇش نىيىتى بىلەن ئاڭلايدۇ.

ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەر «قۇرئان كەرىم»نى ئىبرەت ئېلىش ۋە ئىلىم-ھېكمەت ھاسىل قىلىش مەقسىتى بىلەن تىڭشاڭلار ۋە ئوقۇڭلار، ھەرگىز ئۇنى ئىچ پۇشۇقۇڭلارغا تەسەللى تېپىش ياكى بوش ۋاقتىڭلارنى تولدۇرۇش ئۈچۈن تىڭشىماڭلار ۋە ئوقۇماڭلار.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالانىڭ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇنداش، توسقانلىرىدىن يېنىش ھەربىر مۇسۇلمان ئۈچۈن ئالدىنقى پەرزلەردىن بولۇپ، ھەقىقىي تەقۋالىق بۇنىڭ بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. شەرىئەت «قىل» ۋە «قىلما» دېگەن ئىككى سۆزگە مەركەزلىشىدۇ. بۇ ئىككى سۆزگە ئەمەل قىلغان ئادەم پۈتۈن شەرىئەتنىڭ بارلىق كۆرسەتمىلىرىگە ئەمەل قىلغان بولىدۇ. چۈنكى، بۇ ئىككى سۆزنىڭ ئىچىگە ساناپ تۈگەتكۈسىز مەسىلىلەر، ئەھكاملار ۋە نەسىھەتلەر يوشۇرۇنغان.

2. مۇسۇلمانلارنىڭ يۈرۈش-تۇرۇشلىرىدا، كېيىنىشلىرىدە ۋە باشقا ئىشلىرىدا ئۆزلىرىنى كاپىرلارغا ئوخشىتىۋېلىشى قەتئىي توغرا ئەمەس. ئەمما مۇسۇلمان ئەمەسلەرنىڭ ئىلىم-پەنگە قىزىقىش، تىرىشچانلىق ۋە ۋاقىتقا رىئايە قىلىش قاتارلىق تەرەپلىرىنى ئۆگىنىشكە بولىدۇ. مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىدىكى ئالاھىدىلىكلەرنى ساقلاپ قېلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، باشقىلاردىكى ئارتۇقچىلىقلارنى ئۆگىنىشكە بۇيرۇلغان. بولۇپمۇ، زامانىمىزدىكى مۇسۇلمانلار كۆپ تەرەپلەردە باشقىلارنىڭ ئارقىسىدا قالغان، ئىلىم-پەندە تەرەققىي قىلالمىغان بىر ئەھۋالدا تۇرماقتا. ئۇلار باشقىلارنىڭ پەن-تېخنىكىسىنى ئۆگىنىشكە موھتاج. ئۆزلىرىنىڭ ئەخلاقىنى قۇرئان ۋە سۈننەتكە سېلىشتۇرۇپ كۆرۈشكە ھاجەتلىك. ئەسلىدە، مۇسۇلمانلار ئۆز دىنىغا سەمىمىي بولۇپ، ئۇنىڭ تەلىماتلىرىدىكى جەۋھەرلەرنى قازىدىغان بولسا ئىدى، ئۇلار ئەخلاقتا ۋە ھەرقانداق ئىشتا باشقىلارنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتكەن بولاتتى.

چۈنكى، بىزنىڭ دىنىمىز بىزنى ئىككىلى ئالەمدە بەختلىك ياشىتىشقا كېپىلدۇر.

3. ئىنسانلارنىڭ دەرىجىلىرى ھەر خىل بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن پەرىشتە مەرتىۋىسىگە يېتىدىغان ياخشىلار ۋە ھايۋانلاردىنمۇ تۆۋەن دەرىجىلەرگە چۈشۈپ قالغان مەخلۇقلارمۇ بار. ئۆزلىرىنىڭ ياراتقۇچىسىنى تونۇمىغانلار، ئۇنىڭ بەرگەن رىزقىنى يەپ تۇرۇپ، ئۇ ئاتا قىلغان نېمەتلەر بىلەن ھۇزۇرلىنىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ بەرگەن خاتىرجەملىكىدە ياشاپ تۇرۇپ، ئۇنى ئىنكار قىلغانلار ئەمەلىيەتتە ھايۋانلاردىنمۇ تۆۋەن دەرىجىدىكى مەخلۇقلاردۇر. مۇنداقلارنى ھايۋانغا ئوخشىتىش ھايۋانغا ئۇۋال قىلغانلىق بولىدۇ. چۈنكى، ھايۋانلاردا ئەقىل-ئىدراك يوق، ئۇلار ئىمان ۋە ئىبادەتكە بۇيرۇلمىغان، ئەمما ئىنسانلاردا ئەقىل-ئىدراك بار، ئۇلار ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتىشقا ۋە ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلغان. ئاللاھ تائالا مۇنداق كاپىرلارنى توغرا يولغا ھىدايەت قىلمايدۇ، گۇناھلىرىنى كەچۈرمەيدۇ ۋە ئاخىرەتتە ئەڭ قاتتىق ئازابلار بىلەن جازالايدۇ.

### ◄ «قۇرئان كەرىم»گە دەۋەت قىلغۇچىنىڭ دەۋىتىنى قوبۇل قىلىش

﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ ٱسۡتَجِيبُواْ لِلَّهِ وَلِلرَّسُولِ إِذَا دَعَاكُمۡ لِمَا
يُحۡيِيكُمۡۖ وَٱعۡلَمُوٓاْ أَنَّ ٱللَّهَ يَحُولُ بَيۡنَ ٱلۡمَرۡءِ وَقَلۡبِهِۦ وَأَنَّهُۥٓ إِلَيۡهِ
تُحۡشَرُونَ ٢٤ وَٱتَّقُواْ فِتۡنَةٗ لَّا تُصِيبَنَّ ٱلَّذِينَ ظَلَمُواْ مِنكُمۡ خَآصَّةٗۖ
وَٱعۡلَمُوٓاْ أَنَّ ٱللَّهَ شَدِيدُ ٱلۡعِقَابِ ٢٥ وَٱذۡكُرُوٓاْ إِذۡ أَنتُمۡ قَلِيلٞ
مُّسۡتَضۡعَفُونَ فِي ٱلۡأَرۡضِ تَخَافُونَ أَن يَتَخَطَّفَكُمُ ٱلنَّاسُ فَـَٔاوَىٰكُمۡ
وَأَيَّدَكُم بِنَصۡرِهِۦ وَرَزَقَكُم مِّنَ ٱلطَّيِّبَٰتِ لَعَلَّكُمۡ تَشۡكُرُونَ ٢٦﴾

#### ◄ تەرجىمىسى

24-ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى سىلەرنى ھاياتقا ئېرىشتۈرىدىغان نەرسىگە (يەنى ئىمانغا) چاقىرغان چاغدا، سىلەر ئۇنى قوبۇل قىلىڭلار. بىلىڭلاركى، ئاللاھ ئىنسان بىلەن ئۇنىڭ قەلبى ئارىسىغا توسالغۇ بولالايدۇ (يەنى ئۇنىڭ دىلىنى ئۆزى خالىغان تەرەپكە بۇرىۋېتىدۇ)، سىلەر (ئاخىر) چوقۇم ئۇنىڭ دەرگاھىغا يىغىلىسىلەر.

25ـ سىلەر ئاراڭلاردىكى زالىملارنىڭ بېشىغا كېلىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدىغان بالا ـ قازادىن ساقلىنىڭلار، بىلىڭلاركى، ئاللاھنىڭ ئازابى قاتتىقتۇر.

26ـ ئېسىڭلاردا بولسۇنكى، بىر زامانلاردا سىلەر ئاز ئىدىڭلار، يەر يۈزىدە (مەككىدە) بوزەك قىلىنغان ئىدىڭلار، كىشىلەرنىڭ تالان ـ تاراج قىلىشىدىن قورقاتتىڭلار، شۈكۈر قىلسۇن دەپ، ئاللاھ سىلەرنى (مەدىنىدە) ماكانلاشتۇردى، (بەدرى غازىتىدا) ئۆز ياردىمى بىلەن سىلەرنى كۈچلەندۈردى، سىلەرگە (غەنىيمەتتىن ئىبارەت) ھالال نەرسىلەردىن رىزىق بەردى.

### ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارنى بىرەر مۇھىم ئىشقا بۇيرۇشتا ياكى بىرەر يامان ئىشتىن توسۇشتا، ھەمىشە ئۇلارغا ﴿ئى ئىمان ئېيتقانلار!﴾ دەپ خىتاب قىلغان. بۇنداق خىتاب قىلىش «قۇرئان كەرىم» نىڭ گۈزەل ئىپادىلەش ئۇسلۇبلىرىدىن بىرى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى جەلپ قىلىشنىڭ يوللىرىدىن بىرىدۇر. مەلۇمكى، ﴿ئىمان ئېيتقانلار﴾ ياكى ﴿مۇئمىنلەر﴾ دېگەن سۈپەت مۇسۇلمانلارنى بۇيرۇققا دەرھال ئىتائەت قىلىشقا ۋە ئۇنىڭغا ئاۋاز قوشۇشقا كۈچلۈك رىغبەتلەندۈرىدىغان سۈپەت بولۇپ، ئۇ مۇسۇلمان ئادەمنىڭ ئەڭ ئالىي ئۇنۋانى ۋە ئەڭ ئېسىل سۈپىتىدۇر. شۇنداقتىمۇ، ﴿ئىمان ئېيتقانلار﴾ دېگەن سۈپەت قەلبلەرگە تەسىر قىلىشتا ﴿مۇئمىنلەر﴾ دېگەن سۈپەتتىن كۈچلۈكرەكتۇر. چۈنكى، ﴿ئى ئىمان ئېيتقانلار!﴾ دېگەن خىتاب مۇئمىنلەرگە ئۆزلىرىنىڭ ئىمان ئېيتقان كىشىلەر ئىكەنلىكىنى ۋە ئىمانىنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇنداپ، توسقانلىرىدىن قەتئىي يېنىشنى تەقەززا قىلىدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇرىدۇ.

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە مۇئمىنلەرگە ﴿ئى ئىمان ئېيتقانلار!﴾ دەپ خىتاب قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنى ئاللاھ تائالانىڭ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئىنسانلارنى بەختلىك ھاياتقا ئېرىشتۈرىدىغان، ئۇلارنىڭ ھاياتىنى مەنىلىك قىلىدىغان، دىللىرىنى يايرىتىپ، ۋىجدانىنى ئويغىتىدىغان، ئەقلىنى ئۆتكۈر، كۆڭلىنى سۈزۈك قىلىدىغان ۋە ئۇلارنىڭ دىلىغا ھەقىقىي ھاياتلىق بېغىشلايدىغان ئىمانغا، «قۇرئان كەرىم»گە ۋە ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشقا چاقىرغان چاغدا، ئۇنى دەرھال قوبۇل قىلىشقا ۋە دەرھال ئورۇنداشقا ئەمر قىلغان. چۈنكى، ھەقىقىي ھايات ـ ئىمان بىلەن ياشىغان

ھاياتتۇر.

تەبىئىيكى، ئاللاھ تائالانىڭ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ دەۋىتىنى قوبۇل قىلغانلىق دىنىنى چىڭ تۇتۇش بىلەن، دىندا بۇيرۇلغانلارنى ئورۇنداپ، مەنئى قىلىنغانلارنى تاشلاش ئارقىلىق ئاللاھ تائالاغا تولۇق ئىتائەت قىلىش بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا بىزنى ئىمانغا، قۇرئانغا، ھىدايەتكە ۋە جىھادقا چاقىردى. ئاللاھ تائالانىڭ بۇ دەۋىتىدىن غاپىل ھالدا ياشىغۇچىلار ئۆلۈكلەرگە ئوخشاشتۇر. ﴿أَوَمَن كَانَ مَيْتًا فَأَحْيَيْنَٰهُ وَجَعَلْنَا لَهُۥ نُورًا يَمْشِى بِهِۦ فِى ٱلنَّاسِ كَمَن مَّثَلُهُۥ فِى ٱلظُّلُمَٰتِ لَيْسَ بِخَارِجٍ مِّنْهَا﴾ يەنى ﴿ئەسلىدە (مەنىۋى جەھەتتىن) ئۆلۈك بولۇپ، بىز ئۇنى (ئىمان بىلەن) تىرىلدۈرگەن، ئۇنىڭغا كىشىلەر ئارىسىدا يورۇلەيدىغان نۇر بەرگەن ئادەم بىلەن زۇلمەتلەر ئىچىدە قېلىپ ئۇنىڭدىن قۇتۇلالمىغان ئادەم ئوخشاشمۇ؟﴾[1]. بارچە ياخشىلىق، ھەقىقىي ھاياتلىق ۋە ئىككى دۇنيالىق بەخت-سائادەت ئىسلام دىنىدا مۇجەسسەملەنگەن بولۇپ، ئۇنى چىڭ تۇتقان ئادەم پۈتۈن ياخشىلىققا ئېرىشكەن بولىدۇ.

﴿بىلىڭلاركى، ئاللاھ ئىنسان بىلەن ئۇنىڭ قەلبى ئارىسىغا توسالغۇ پەيدا قىلالايدۇ﴾ يەنى ئى ئىمان ئېيتقانلار! شۇنى قەتئىي ئۇنتۇماڭلاركى، ئىنسانىنىڭ دىلى ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدە ۋە ئۇنىڭ باشقۇرۇشىدا بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئۇنى ئۆزى خالىغانچە ئۆزگەرتىپ تۇرىدۇ، خالىغان تەرەپكە بۇرۇۋېتەلەيدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا شۇ دىللارنى ياراتقان زاتتۇر. دىل ئەڭ تېز ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان نەرسىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەمىشە: «اَللَّهُمَّ يَا مُقَلِّبَ ٱلْقُلُوبِ ثَبِّتْ قَلْبِي عَلَى دِينِكَ» يەنى «ئى دىللارنى ئۆزگەرتىپ تۇرغۇچى ئاللاھ! مېنىڭ دىلىمنى سېنىڭ دىنىڭدا مۇستەھكەم قىلغىن» [2] دەپ دۇئا قىلغانلىقىنىڭ سىرى بۇ يەردە. مۇسۇلمان ئادەم ھەرگىز ئۆزىنىڭ تائەت-ئىبادەتلىرى بىلەن مەغرۇرلانماسلىقى، قەلبىنى داۋاملىق ياخشى ئەمەللەر بىلەن غىزالاندۇرۇپ تۇرۇشى، ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىش بىلەن كۆڭلىنى ئارام تاپقۇزۇشى لازىم. ﴿أَلَا بِذِكْرِ ٱللَّهِ تَطْمَئِنُّ ٱلْقُلُوبُ﴾ يەنى ﴿بىلىڭلاركى، دىللار ئاللاھنى ياد ئېتىش بىلەن ئارام تاپىدۇ﴾[3].

[1] ئەنئام سۈرىسى: 122-ئايەت.
[2] «مسند الإمام أحمد» 19-توم، 160-بەت، 12107 -ھەدىس.
[3] رەئد سۈرىسى: 28- ئايەت.

ئاسىي-گۇناھكار كىشىلەرمۇ ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىدىن، مەغپىرىتىدىن ھەرگىز نائۈمىد بولماسلىقى لازىم. چۈنكى، ئاللاھ تائالا تولىمۇ مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، خۇسۇسەن تەۋبە قىلغۇچىلارنى ئەلۋەتتە ئەپۇ قىلىپ، ئۇلارنى ئۆزىنىڭ كاتتا مەغپىرىتىگە نائىل قىلغۇچىدۇر. مۇسۇلمان ئادەم بارچە ياخشىلىققا ئالدىرىشى، تەۋبە قىلىشقىمۇ بەكرەك ئالدىرىشى لازىم.

بىلىڭلاركى، قىيامەت كۈنى سىلەر ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىغا يىغىلىسىلەر ۋە بۇ دۇنيادىكى بارلىق ئەمەللىرىڭلاردىن تەپسىلىي ھېساب بېرىسىلەر. شۇڭا سىلەر ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئالدىراڭلار، سىلەردىن ھېساب ئېلىنىشتىن ئىلگىرى ئۆزۈڭلاردىن ھېساب ئېلىپ تۇرۇڭلار، ئاخىرەتلىكىڭلار ئۈچۈن ئوبدان تەييارلىق قىلىڭلار.

سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى يامان ئىش قىلىش ۋە گۇناھ-مەئسىيەت سادىر قىلىش ئارقىلىق ئۆزىگە ۋە باشقىلارغا زۇلۇم قىلغانلارنىڭ بېشىغا كېلىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، ھەممىلا ئادەمگە يېتىدىغان بالا-قازالاردىن ساقلىنىڭلار. مۇسۇلمانلار ئارىسىدا مىللەتچىلىك قىلىش، دىننى سۈيىئىستېمال قىلىش، بىدئەتلەرگە يول قويۇش، جىھاد قىلىشتىن باش تارتىش، دىندا پىرقىلەرگە بۆلۈنۈپ كېتىش، يامان ئىشلارنى كۆرۈپ تۇرۇپ قارشى چىقماسلىق قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ھازىرقى زامان مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدا ئومۇملاشقان گۇناھ-مەئسىيەتلەر بولۇپ، بۇنىڭ ۋابالىنى پۈتكۈل ئىسلام ئۈممىتى تارتماقتا. ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل ﴿سىلەر ئاراڭلاردىكى زالىملارنىڭ بېشىغا كېلىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدىغان بالا-قازادىن ساقلىنىڭلار﴾ دېگەن ئايەت توغرۇلۇق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى ئۈممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنغان مۇنۇ ھەدىسنى بايان قىلغان: «سَمِعْتُ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَقُولُ: ‹إِذَا ظَهَرَتِ الْمَعَاصِي فِي أُمَّتِي ، عَمَّهُمُ اللَّهُ عَزَّ وَجَلَّ بِعَذَابٍ مِنْ عِنْدِهِ›. فَقُلْتُ: يَا رَسُولَ اللَّهِ ، أَمَا فِيهِمْ يَوْمَئِذٍ أُنَاسٌ صَالِحُونَ؟ قَالَ: «بَلَى». قَالَتْ: فَكَيْفَ يَصْنَعُ أُولَئِكَ؟ قَالَ: «يُصِيبُهُمْ مَا أَصَابَ النَّاسَ ، ثُمَّ يَصِيرُونَ إِلَى مَغْفِرَةٍ مِنَ اللَّهِ وَرِضْوَانٍ» يەنى : «بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ‹مېنىڭ ئۈممىتىم ئىچىدە گۇناھ-مەئسىيەت ئومۇملاشسا، ئاللاھنىڭ جازاسى ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە چۈشىدۇ› دېۋىدى، مەن ‹يارەسۇلۇللاھ! ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ياخشى كىشىلەرمۇ بولسىچۇ؟› دەپ سورىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا: ‹توغرا، ئەلۋەتتە بولىدۇ› دېدى. مەن ‹ئۇلار

قانداق بولدۇ؟» دېۋىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ‹باشقىلارغا چۈشكەن ئازاب ئۇلارغىمۇ چۈشىدۇ، ئاندىن ئۇلار ئاللاھنىڭ مەغپىرىتىگە ۋە جەننىتىگە داخىل بولىدۇ› دېدى»[1].

ئى مۇسۇلمانلار! ھىجرى يەنى ك بىرىنچى ئەسىردە، ئۈچىنچى خەلىپە ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ شېھىت قىلىنىشى، مۇسۇلمانلار سېپىنىڭ بۆلۈنۈپ كېتىشى ۋە ھۈسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ شېھىت قىلىنىشى قاتارلىق بالا-قازالارغا سەۋەب بولغان ئىشلارغا ۋە ئۇ ئىشلارنىڭ مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدە قانداق يامان تەسىرلەرنى قالدۇرغانلىقىغا قاراپ بېقىڭلار ۋە ئىبرەت ئېلىڭلار.

بىلىڭلاركى، ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلارغا ئاللاھ تائالانىڭ ئازابى ئىنتايىن قاتتىق بولىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداقلارنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە قاتتىق جازالايدۇ.

ئى مۇھاجىرلار! شۇنى قەتئىي ئۇنتۇماڭلاركى، سىلەر مەككىدىكى ۋاقىتىڭلاردا سانىڭلار ئاز، ئۈزۈڭلار كۈچسىز ئىدىڭلار، مۇشرىكلار كۆپ سانلىقنى تەشكىل قىلاتتى ۋە سىلەردىن كۈچلۈك ئىدى. شۇڭا ئۇلار سىلەرنى خالىغانچە بوزەك قىلاتتى، ئىمانىڭلار سەۋەبلىك سىلەرنى ئۆلتۈرەتتى، مال-مۈلۈكۈڭلارنى تالان-تاراج قىلاتتى، ئۆيلىرىڭلاردىن سىلەرنى قوغلاپ چىقىراتتى. سىلەرنى شۈكۈر قىلسۇن دەپ، ئاللاھ تائالا سىلەرنى مەدىنىدە ماكانلاشتۇردى، ئۇ جايدا سىلەرگە مۇقىملىق ئاتا قىلدى، مەدىنىدە سىلەرنى كۆپ جايلارغا ئىگە قىلدى، بەدرى غازىتىدا ئۆز تەرىپىدىن مەخسۇس ياردەم بىلەن سىلەرنى كۈچلەندۈردى ۋە غەلىبىگە ئېرىشتۈردى، سىلەرگە غەنىيمەتلەرنى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا پاك ھەم ھالال رىزىقلارنى ئاتا قىلدى.

بەزى مۇپەسسىرلەر بۇ ئايەتنى مۇھاجىرلار ھەققىدە ئەمەس، بەلكى شۇ ۋاقىتتىكى بارلىق مۇسۇلمانلار ھەققىدە نازىل بولغان دەپ قارايدۇ. ئاللاھ تائالا يەنە باشقا بىر ئايەتتە مەككىلىكلەرگە ئاتا قىلغان خاتىرجەملىكتىن ئىبارەت بۇ نېمەتنى ئەسلىتىپ مۇنداق دېگەن: ﴿أَوَلَمۡ يَرَوۡاْ أَنَّا جَعَلۡنَا حَرَمًا ءَامِنٗا وَيُتَخَطَّفُ ٱلنَّاسُ مِنۡ حَوۡلِهِمۡۚ﴾ يەنى ﴿ئۇلار كۆرمەمدۇكى، بىز ئۇلارغا (مەككىنى) چېقىلىشقا بولمايدىغان، ئامان (جاي) قىلىپ بەردۇق. ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى ئىنسانلار ئېلىپ

[1] «مسند الإمام أحمد» 44-توم، 216-بەت، 26596 -ھەدىس.

قېچىلىۋاتىدۇ﴾[1].

بۇ ئايەتلەردە، بىز مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە چوڭ ۋەز- نەسىھەت ۋە ئىبرەت بار. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ھەقىقىي مۆئمىن بەندىلىرىگە ئەنە شۇنداق مۇئامىلە قىلىدۇ. يەنى ئەگەر مۇسۇلمانلار ئاللاھ تائالاغا ھەقىقىي رەۋىشتە ئىتائەت قىلسا ۋە ئەمەل-ئىبادەتلىرىنى ئۇنىڭغا خالىس قىلسا، بارلىق ئىشلىرىدا سەمىمىي بولسا، ئاللاھ تائالا ئەلۋەتتە، ئۇلارنىڭ بۇ قىلغانلىرىنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ھەرگىز مۇكاپاتسىز قويمايدۇ، بۇ دۇنيادا ئۇلارنى ياخشى ئورۇنلارغا ماكانلاشتۇرىدۇ، مەدەت بېرىپ يۆلەيدۇ، ئۇلارغا ياردەم بېرىدۇ، ئۇلارنى ئەزىز قىلىدۇ ۋە ئۇلارغا ئويلىمىغان يەردىن رىزىق بېرىدۇ. ئۇلار شۈكۈر قىلىشنى ئۇنتۇمىغان مۇددەت ئىچىدە بۇ نېمەتلەر ئۇلارغا ئۈزۈلمەي داۋاملىق كېلىپ تۇرىدۇ. ئاخىرەتتە بولسا ئۇلارنىڭ قارارگاھى ئېسىل جەننەت بولىدۇ. ئەگەر ئۇلار بۇ نېمەتلەرگە تېخىمۇ كۆپ شۈكۈر قىلسا، ئاللاھ تېخىمۇ زىيادە قىلىپ بېرىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ﴿لَئِن شَكَرْتُمْ لَأَزِيدَنَّكُمْ ۖ وَلَئِن كَفَرْتُمْ إِنَّ عَذَابِي لَشَدِيدٌ﴾ يەنى ﴿ئەگەر شۈكۈر قىلساڭلار، سىلەرگە (بېرىۋاتقان نېمىتىمنى) تېخىمۇ زىيادە قىلىمەن. ئەگەر تۈزكورلۇق قىلساڭلار، مېنىڭ ئازابىم ئەلۋەتتە بەكمۇ قاتتىقتۇر﴾[2] دەپ جاكارلىغان. ئەگەر بۈرۈنقى ئۈلگىلىك مۇسۇلمانلار بۈگۈنكى كۈندىكى مۇسۇلمانلارغا ئوخشاش ئاللاھ تائالانىڭ نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلمىغان، ئۇنىڭ ئەمرىگە تولۇق ئىتائەت قىلمىغان بولسا ئىدى، ئۇلار ھەرگىز ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمىگە ئېرىشەلمىگەن، ئۆز يۇرتىدا بوزەك قىلىنغان ۋە خارلانغان، باشقىلار تەرىپىدىن ئېزىلگەن بولاتتى. يەر يۈزىنىڭ سەلتەنىتى ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدىدۇر، ئاللاھ تائالا سەلتەنەتنى خالىغان بەندىلىرىگە ئاتا قىلىدۇ، خالىغان بەندىلىرىنى ئۇنىڭدىن مەھرۇم قىلىدۇ. ئەمما ياخشى ئاقىۋەت پەقەتلا تەقۋادارلارغا مەنسۇپتۇر.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالانىڭ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ دەۋىتىگە ئاۋاز قوشۇپ، دىنىنىڭ بۇيرۇغان ۋە چەكلىگەنلىرىگە رىئايە قىلىش مۇسۇلمانلىقنىڭ ئالدىنقى تەلىپىدۇر. مۇسۇلمانلار ھاياتىدا ئاللاھ تائالانىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ياشاشقا بۇيرۇلغان بولۇپ، ئاسىيلىق قىلغۇچىلارنىڭ ئاقىۋىتى

[1] ئەنكەبۇت سۈرىسى: 67- ئايەت.

[2] ئىبراھىم سۈرىسى: 7- ئايەت.

خارلىق بولىدۇ.

2. پۈرسەت كېتىپ قېلىشتىن ئاۋۋال قىلىشقا تېگىشلىك ياخشى ئىشلارنى قىلىۋېلىش، ۋاقتىتىن تولۇق پايدىلىنىش مۇسۇلمانغا خاس ئېسىل خىسلەتتۇر.

3. مۇسۇلمانلارنىڭ كىشىلەرنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش بۇرچى بار. چۈنكى، ھەربىر مۇسۇلمان ئىسلام دىنىغا مەسئۇلدۇر. شۇڭا بۇ دىنىنىڭ ئەمر-پەرمانلىرىنى كۈچىنىڭ يېتىشىچە يەتكۈزۈش ۋە ئۆز ئەمەلىيىتى بىلەن تەتبىقلاپ كۆرسىتىش ھەربىر مۇسۇلمانغا پەرزدۇر.

4. ئاللاھ تائالانىڭ نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىش ئېغىز بىلەنلا بولمايدۇ. مۇھىم بولغىنى ئەمەل بىلەن ئادا قىلىشتۇر. مەسىلەن: بايلىقنىڭ شۈكرانىسى خەير-ئېھسان قىلىش بىلەن، تەن ساقلىقنىڭ شۈكرانىسى كېسەلچان، ئاجىز-ئورۇقلارنىڭ ھالىغا يېتىش، ئۇلارغا ياردەم قولىنى سۇنۇش بىلەن، ئىلىمنىڭ شۈكرانىسى باشقىلارغا ئۆگىتىش بىلەن بولىدۇ.

### ◄ خىيانەتكارلىق مۇناپىقلارنىڭ سۈپىتىدۇر

﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ لَا تَخُونُواْ ٱللَّهَ وَٱلرَّسُولَ وَتَخُونُوٓاْ أَمَٰنَٰتِكُمْ وَأَنتُمْ تَعْلَمُونَ ﴿٢٧﴾ وَٱعْلَمُوٓاْ أَنَّمَآ أَمْوَٰلُكُمْ وَأَوْلَٰدُكُمْ فِتْنَةٌ وَأَنَّ ٱللَّهَ عِندَهُۥٓ أَجْرٌ عَظِيمٌ ﴿٢٨﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

27- ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھقا، پەيغەمبەرگە خىيانەت قىلماڭلار، سىلەرگە قويۇلغان ئامانەتلەرگە بىلىپ تۇرۇپ خىيانەت قىلماڭلار،

28- بىلىڭلاركى, سىلەرنىڭ پۇل-ماللىرىڭلار، بالىلىرىڭلار (سىلەر ئۈچۈن) پەقەتلا بىر تۇرلۇك سىناقتۇر. ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا كاتتا مۇكاپات بار.

### ◄ نازىل بولۇش سەۋەبى

ئەللامە ئىبنى جەرىر تەبەرىي ﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ لَا تَخُونُواْ ٱللَّهَ وَٱلرَّسُولَ﴾ دېگەن ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى ھەققىدە مۇپەسسىرلەرنىڭ ئىختىلاپلىرىنى بايان قىلىپ، مۇنۇ ئىككى قاراشنى بايان قىلغان: بىرى، بۇ ئايەت مەدىنىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ سىرىنى مەككىدىكى مۇشرىك-

ـلارنىڭ كاتتىبېشى ئەبۇ سۇفيانغا يەتكۈزۈپ قويغان مۇناپىق ھەققىدە نازىل بولغان. يەنە بىرى، بۇ ئايەت يەھۇدىيلارنىڭ بەنى قۇرەيزە قەبىلىسىنىڭ ئىتتىپاقدىشى ئەبۇ لۇبابە ھەققىدە نازىل بولغان بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام باشچىلىقىدىكى ئىسلام قوشۇنى بەنى نەزىر يەھۇدىيلىرىنى مەدىنىدىن پالىغاندىن كېيىن، بەنى قۇرەيزە يەھۇدىيلىرىنى يىگىرمە بىر كۈن مۇھاسىرىگە ئېلىۋالغان. يەھۇدىيلار بۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن توختام تۈزۈش ئۈچۈن، ئۆزلىرىگە ئەبۇ لۇبابەنى ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلغان. چۈنكى، ئەبۇ لۇبابەنىڭ مال-دۇنياسى ۋە ئائىلىسى يەھۇدىيلارنىڭ يېنىدا ئىدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا ئەبۇ لۇبابەنى ئەۋەتىدۇ. ئەبۇ لۇبابە يەھۇدىيلارنىڭ يېنىغا بارغاندىن كېيىن، يەھۇدىيلار ئۇنىڭدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەلەپ قىلغان بويىچە سەئد ئىبنى مۇئازنىڭ ھۆكۈم قىلىشىغا رازى بولۇش ياكى بولماسلىق ھەققىدە مەسلىھەت سورايدۇ. ئەبۇ لۇبابە يەھۇدىيلارغا مەسلىھەت بېرىپ ئۆزىنىڭ بوينىغا ئىشارەت قىلىدۇ. يەنى ئەگەر سىلەر سەئد ئىبنى مۇئازنىڭ ھۆكمىنى قوبۇل قىلساڭلار، ئاقىۋىتىڭلار ئۆلۈم بولىدۇ، مۇسۇلمانلار سىلەرنى بوغۇزلايدۇ، دېگەننى ئىپادىلەيدۇ. كېيىنچە ئەبۇ لۇبابە شۇ ۋاقىتتىكى ۋەقە ھەققىدە توختىلىپ: «مەن شۇ ۋاقىتتىن بېرى ئۆزۈمنى ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە خىيانەت قىلغان بىر ئادەم دەپ كەلدىم» دېگەن. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن بۇ ئايەت نازىل بولغان[1].

بەزى رىۋايەتلەرگە ئاساسلانغاندا، ئەبۇ لۇبابە ئۆزىنى قاتتىق گۇناھكار ھېسابلىغانلىقتىن، ئۆزىنى مەسجىدنىڭ تۈۋرۈكىگە باغلاپ قويۇپ، ئاللاھ تائالاغا تەۋبە قىلغان، يېمەك-ئىچمەكلىرى مەسجىدكە ئېلىپ كېلىنگەن. ئارىدىن يەتتە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇنى كەچۈرگەنلىكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيى ئارقىلىق ئۇقتۇرۇلغان، ئەبۇ لۇبابە ئاندىن مەسجىدتىن چىققان.

### ◄ تەپسىرى

ئى ئىمان بىلەن سۈپەتلەنگەن، «قۇرئان كەرىم» بىلەن ھىدايەت تاپقان كىشىلەر! سىلەر ئاللاھ تائالا بۇيرۇغان ئىشلارنى تەرك ئېتىش، چەكلىگەن ئىشلارنى قىلىش ئارقىلىق ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر-پەرمانىغا خىيانەت قىلماڭلار. چۈنكى، مۇنداق قىلىش ئىماننىڭ تەلىپىگە ۋە سىلەرنىڭ

[1] «تفسير الطبري» 3-توم، 482-بەت.

«مۆئمىن» دېگەن سۈپەتلەرگە تامامەن زىت كېلىدىغان خىيانەتتۇر. پەيغەمبەرگە ئەگەشمەسلىك، كىشىلەرنى دىنغا دەۋەت قىلىشتىن ئىبارەت پەيغەمبەر تاپشۇرغان مۇقەددەس ئامانەتنى جايىدا ئادا قىلماسلىق ئارقىلىق پەيغەمبەرگە خىيانەت قىلماڭلار. چۈنكى، مۇسۇلمان ئەمەسلەرنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىش، مۇسۇلمانلارنى ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن توسۇش پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى بولۇپ، ئۇلاردىن كېيىن بۇ ۋەزىپە ئۇلارنىڭ ئۈممىتىگە يۈكلىنىدۇ، بۇ ئىشلار شۇ ئۈممەتنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسىگە ئايلىنىدۇ. بۇ ۋەزىپىنى ئادا قىلمىغانلار پەيغەمبەر تاپشۇرغان ئامانەتكە خىيانەت قىلغان بولىدۇ. يەھۇدىيلار بىلەن خرىستىيانلار ئۆز پەيغەمبەرلىرى تاپشۇرغان ئامانەتنى (مۇقەددەس كىتابلىرىنى) قوغدىيالمىغانلىقى ۋە ھەقىقەتنى ئوچۇق بايان قىلمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ دىنى بۇزۇلغان ۋە ئەمەلدىن قالغان.

ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەرگە قويۇلغان ئامانەتلەرگە - مەيلى ئۇ ئامانەت ئىقتىسادىي ئامانەت بولسۇن ياكى سىياسىي ئامانەت بولسۇن ۋەياكى ۋەدە ۋە مەخپىيەتچىلىككە ئوخشىغان مەنىۋى ئامانەتلەر بولسۇن، - ئۇنىڭغا ھەرگىز خىيانەت قىلماڭلار، بولۇپمۇ سىلەر ئامانەتكە خىيانەت قىلىشنىڭ خەتىرىنى، ئۇنىڭ دۇنيا - ئاخىرەتلىك يامان ئاقىۋىتىنى بىلگەندىن كېيىن، ھەرگىز ئامانەتكە خىيانەت قىلماڭلار. چۈنكى، خىيانەتچىلىك مۇناپىقلارنىڭ سۈپىتى بولۇپ، بۇ سۈپەت مۆئمىنلەرگە قەتئىي ياراشمايدۇ.

بىلىڭلاركى، سىلەرنىڭ بۇ دۇنيادىكى ئەڭ قىممەتلىك بارلىقىڭلار بولغان پۇل-ماللىرىڭلار ۋە سۆيۈملۈك بالىلىرىڭلار سىلەر ئۈچۈن بىر تۈرلۈك سىناقتۇر. ئىنسانلار مال-مۈلۈككە ئېرىشىش يولىدا ھەر خىل قىيىنچىلىقلارنى باشتىن كەچۈرىدۇ، ھەتتا بەزى كىشىلەر بۇ يولدا چوڭ خەتەرلەرگە ئۆزىنى ئاتىدۇ. ئىنسانلارغا بايلىق ئاتا قىلىنغاندا ئۇلار ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلىپ، ئۇنىڭغا رازى بولامدۇ ياكى ئاللاھ تائالاغا تۇزكورلۇق قىلىپ، ئۇنىڭغا ئاسىيلىق قىلامدۇ؟ پۇل-مالدىن ئايرىلىپ قالغان چاغدا سەۋر قىلىپ، ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىرىگە رازى بولامدۇ؟ ياكى ئاچچىقلىنىپ، تەقدىرنى تىللامدۇ؟ ئاللاھ تائالا ئۇلارنى شۇنداق سىنايدۇ. مال - دۇنيا ۋە ئۇنىڭغا بولغان ھېرىسمەنلىك بەزىدە ئادەمنى ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدۇ. چۈنكى، نۇرغۇن كىشىلەر شۇ مال-دۇنيانى دەپ ھاياتىنى نابۇت قىلىدۇ.

پەرزەنتلەر ئاتا ئانىلارنىڭ يۈرەك پارىلىرىدۇر، پەرزەنت سۆيگۈسى

ئىنسانلاردىكى تەبىئىي سۆيگۈ بولۇپ، دۇنيادىكى ھېچقانداق سۆيگۈگە ئوخشىمايدۇ. ئىنسانلار پەرزەنتلىرىنىڭ راھىتى، بەخت-سائادىتى ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ جېنىنى ۋە قىممەتلىك ھەر نەرسىسىنى تەقدىم قىلىشقا ھەر ۋاقىت تەيياردۇر. بەزى ئاتا-ئانىلار پەرزەنتلىرىنى دەپ گۇناھ - مەئسىيەتلەرنى سادىر قىلىشقا، باشقىلارنىڭ ھەققىگە تاجاۋۇز قىلىشقا بېرىپ قالىدۇ. بەزىدە باللىرىنى دەپ پاجىئەلىك ئاقىۋەتلەرگە بېرىپ قالىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى بىر تۈرلۈك سىناق ئەمەسمۇ؟!

مۇئمىنلەرنىڭ تەقۋالىق دائىرىسىدە ئىش كۆرۈپ، ھالالدىن پۇل-مال تېپىشى ۋە ئۇنى ئاللاھ تائالا بۇيرۇغان توغرا يوللارغا سەرپ قىلىشى، مال-دۇنيا قوغلىشىپ گۇناھ-مەئسىيەت سادىر قىلماسلىقى، ھارام ئىشلارغا ئارىلىشىپ قالماسلىقى ئىنتايىن زۆرۈردۇر. قىسقىسى، مۇئمىن ئادەم مال-دۇنيا ۋە پەرزەنت بىلەن سىنالغان بۇ ئىمتىھاندىن غەلىبىلىك ئۆتۈشى لازىم.

بىلىڭلاركى، ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا ئەڭ كاتتا مۇكاپاتلار بار. بۇ مۇكاپاتلار بۇ دۇنيادا ئاللاھ تائالانىڭ ھەر خىل سىناقلىرىدىن سالامەت ئۆتۈپ كەتكەن كىشىلەرگە خاستۇر.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. خىيانەتنىڭ ھەر قاندىقى ھارامدۇر. خىيانەتچىلەر ئۆزلىرىنى ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىغا تۇتقۇچىلاردۇر. ئەڭ چوڭ خىيانەت ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە خىيانەت قىلىشتۇر. ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە خىيانەت قىلىش دېگەننىڭ مەنىسى: ئاللاھ تائالانىڭ ۋە پەيغەمبەرنىڭ ئەمر-پەرمانلىرىغا ئاسىيلىق قىلىش، پەرز-ۋاجىپلارنى ئورۇنداشقا ئەھمىيەت بەرمەسلىك، ھارامنى ھالال ئورنىدا ئىستېمال قىلىش ۋە ئۆزى ئىسلام دىنىغا مەنسۇپ بولۇپ تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ يامان ئەخلاقى ۋە ناچار قىلىقى بىلەن بۇ دىننى باشقىلارغا يامان كۆرسىتىش قاتارلىقلاردۇر.

2. مال-دۇنيا ۋە باللار ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن بېرىلگەن كاتتا نېمەت بولغىنىدەك، ئۇ بىر تۈرلۈك سىناقتۇر. بۇلارنىڭ ھەققىنى ئادا قىلغان كىشى ئاللاھ تائالانىڭ مۇكاپاتىغا لايىق بولغانىدەك، بۇلارنى زايە قىلىۋەتكەنلەرمۇ ئازابقا يولۇقىدۇ. مال-دۇنيانى زايە قىلغانلىق-ئۇنى ھارام يوللارغا قوللىنىش ياكى ئۇنىڭ زاكىتىنى بەرمەسلىكتۇر. باللارنى زايە قىلىۋەتكەنلىك ئۇلارنى ياخشى تەربىيەلىمەستىن ئۆز ھالىغا قويۇپ

بېرىپ، ئۇلارنىڭ كېلەچېكىنى بۇزۇش ياكى ياخشى باقماي تاشلىۋېتىش دېگەنلىكتۇر.

### ◄ تەقۋادارلىق ۋە ئۇنىڭ ئىنسان ھاياتىدىكى تەسىراتلىرى

﴿يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ إِن تَتَّقُواْ ٱللَّهَ يَجۡعَل لَّكُمۡ فُرۡقَانٗا وَيُكَفِّرۡ عَنكُمۡ سَيِّـَٔاتِكُمۡ وَيَغۡفِرۡ لَكُمۡۗ وَٱللَّهُ ذُو ٱلۡفَضۡلِ ٱلۡعَظِيمِ ٢٩﴾

#### ◄ تەرجىمىسى

**29ـ ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئەگەر سىلەر ئاللاھتىن قورقساڭلار، ئاللاھ سىلەرگە ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىيدىغان ھىدايەت (ۋە ئىلىم) ئاتا قىلىدۇ، گۇناھىڭلارنى كەچۈرىدۇ، سىلەرگە مەغپىرەت قىلىدۇ. ئاللاھ كاتتا پەزل ئىگىسىدۇر.**

#### ◄ تەپسىرى

ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئەگەر سىلەر ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر-پەرمانلىرىنى تولۇق ئورۇنداش، مەنئى قىلغان ئىشلىرىدىن يىراق تۇرۇش ئارقىلىق ئۇنىڭغا تەقۋالىق قىلساڭلار، ئۇنىڭدىن ھەقىقىي رەۋىشتە قورقساڭلار، ئاللاھ تائالا چوقۇم سىلەرگە ھەق بىلەن باتىلنى، ياخشى بىلەن ياماننى، توغرا بىلەن خاتانى، ھالال بىلەن ھارامنى ئايرىيدىغان ھىدايەت، ئىلىم، پاراسەت، قابىلىيەت ۋە مەنىۋى كۈچ-قۇۋۋەت ئاتا قىلىدۇ. ئۇ چاغدا سىلەرنىڭ ئىشلىرىڭلار ئاللاھ تائالا بۇيرۇغان ۋە رازى بولىدىغان شەكىلدە داۋاملىشىدۇ. مانا بۇ تەقۋالىقتۇر. بۇ تەقۋالىقنى ھاسىل قىلغان ئادەمگە ئاللاھ تائالا نۇر، ھېكمەت، ئىلىم-مەرىپەت ئاتا قىلىدۇ ۋە ئۇنى تېخىمۇ ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا مۇيەسسەر قىلىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى بەندىنىڭ ھەق بىلەن باتىلنى، پايدا بىلەن زىياننى پەرقلەندۈرۈپ، توغرا يولدا مېڭىشنى داۋاملاشتۇرۇشىغا يېتەرلىك ھىدايەتتۇر. ئىنسان ئاللاھ تائالا پەرز قىلغان مەخسۇس ئىبادەتلەردىن باشقا، كۆپلىگەن نەپلە (ئىختىيارىي) ئىبادەتلەر بىلەنمۇ ئاللاھ تائالاغا يېقىنلىق ھاسىل قىلالايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ ھەدىس قۇدسىيدا مۇنداق دېگەنلىكىنى بايان قىلغان: «مَنْ عَادَى لِي وَلِيًّا فَقَدْ آذَنْتُهُ بِالْحَرْبِ، وَمَا تَقَرَّبَ إِلَيَّ عَبْدِي بِشَيْءٍ أَحَبَّ إِلَيَّ مِمَّا افْتَرَضْتُ عَلَيْهِ، وَمَا يَزَالُ عَبْدِي يَتَقَرَّبُ إِلَيَّ بِالنَّوَافِلِ حَتَّى أُحِبَّهُ، فَإِذَا أَحْبَبْتُهُ: كُنْتُ سَمْعَهُ الَّذِي يَسْمَعُ

بِـهِ ، وَبَـصَرَهُ الَّذِى يُبْـصِرُ بِـهِ ، وَيَـدَهُ الَّـتِي يَبْطِـشُ بِهَـا ، وَرِجْلَـهُ الَّـتِي يَمْـشِي بِهَـا ، وَإِنْ سَـأَلَنِي لَأُعْطِيَنَّـهُ ، وَلَـئِنِ اسْـتَعَاذَنِي لَأُعِيذَنَّـهُ» يەنى «كىمكى مەن دوست تۇتقان بەندەمگە دۈشمەنلىك قىلىدىكەن، مەن ئۇنىڭغا قارشى ئۇرۇش ئاچىمەن. بەندەم ماڭا مەن پەرز قىلغان نەرسىدىنمۇ سۆيۈملۈك بىر نەرسە بىلەن يېقىنلىشالمايدۇ. ئۇ نەپلە ئىبادەتلەر ئارقىلىق ھەمىشە ماڭا يېقىنلىق ئىزدەيدۇ. شۇنىڭ ئۇ مېنىڭ مۇھەببىتىمگە ئېرىشىدۇ، مەن بىرەر بەندەمنى مۇھەببىتىمگە ئېرىشتۇرسەم، مەن ئۇنىڭ ئاڭلايدىغان قولىقى، كۆرىدىغان كۆزى، تۇتىدىغان قولى، ماڭىدىغان پۇتى بولىمەن. ئۇ چاغدا، ئۇ مەندىن بىر نەرسە تىلىسە چوقۇم بېرىمەن، پاناھ تىلىسە چوقۇم پاناھلىق بېرىمەن»[1].

ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئەگەر سىلەر ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭدىن ھەقىقىي رەۋىشتە قورقساڭلار، ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ بارلىق گۇناھىڭلارنى كەچۈرىدۇ، خاتالىقىڭلارنى يوققا چىقىرىدۇ ۋە سىلەرنى جەننەتكە كىرگۈزىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا كاتتا پەزل-كەرەم ئىگىسىدۇر.

ئەللامە سەئدىي ئۆز تەپسىرىدە مۇنداق دېگەن: «بەندىنىڭ ئاللاھتىن قورقۇشى ۋە تەقۋالىق دائىرىسىدە ئىش كۆرۈشى ئۇنىڭ بەخت-سائادىتىنىڭ ۋە دۇنيادا ھەم ئاخىرەتتە نىجاتلىققا ئېرىشىشىنىڭ كاپالىتىدۇر. ئاللاھ تائالا تەقۋالىق دائىرىسىدە ئىش كۆرگۈچىلەرگە كۆپلىگەن ياخشىلىقلارنى ۋەدە قىلغان بولۇپ، بۇ يەردە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن تۆتنى بايان قىلىمىز:

بىرىنچىسى، ھەق بىلەن باتىلنى، ياخشى بىلەن ياماننى، ھالال بىلەن ھارامنى، توغرا بىلەن خاتانى ئايرىيدىغان ئىلىم ۋە ھىدايەت.

ئىككىنچىسى ۋە ئۈچىنچىسى، چوڭ ۋە كىچىك بارلىق گۇناھلىرىنى ۋە جىمى خاتالىقلىرىنى ئەپۇ قىلىۋېتىش.

تۆتىنچىسى، كاتتا ئەجىر-ساۋاب ئاتا قىلىش»[2].

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. تەقۋالىق مۇئمىنلىكنىڭ يۇقىرى پەللىسى ۋە مۇئمىن ئادەمنىڭ ئەڭ ئېسىل ئۇنۋانىدۇر.

---

[1] «صحيح البخاري» 8- توم، 105-بەت، 6502 -ھەدىس.

[2] «تيسير الكريم الرحمن في تفسير كلام المنان» 313-بەت.

2. تەقۋالىقنىڭ مېۋىلىرىدىن بىرى گۇناھلارنىڭ كەچۈرۈم قىلىنىشىدۇر. ئاللاھ تائالا تەقۋادار بولغان كىشىلەرنىڭ خاتالىقىنى، گۇناھلىرىنى تەۋبىسىزمۇ كەچۈرۈۋېتىدۇ. تەقۋالىق شۇنداق بىر نۇركى، مۇسۇلمان ئادەم ئۇنىڭ سايىسىدا يىراقنى كۆرەلەيدىغان، ياخشى-ياماننى پەرق ئېتەلەيدىغان خىسلەتلەرگە ئېرىشىدۇ، مۇنداق ئادەم ئادەتتىكى ئىنسانلار پەرق ئېتەلمەيدىغان بەزى يامان ئاقىۋەتلەرنى كۆرۈۋالىدۇ-دە، ئۆزىنى خاتالىققا چۈشۈپ قېلىشتىن ساقلاپ قالىدۇ.

### ◄ كاپىرلارنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قىلغان دۈشمەنلىكى

﴿وَإِذۡ يَمۡكُرُ بِكَ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ لِيُثۡبِتُوكَ أَوۡ يَقۡتُلُوكَ أَوۡ يُخۡرِجُوكَۚ وَيَمۡكُرُونَ وَيَمۡكُرُ ٱللَّهُۖ وَٱللَّهُ خَيۡرُ ٱلۡمَٰكِرِينَ ٣٠ وَإِذَا تُتۡلَىٰ عَلَيۡهِمۡ ءَايَٰتُنَا قَالُواْ قَدۡ سَمِعۡنَا لَوۡ نَشَآءُ لَقُلۡنَا مِثۡلَ هَٰذَآ إِنۡ هَٰذَآ إِلَّآ أَسَٰطِيرُ ٱلۡأَوَّلِينَ ٣١﴾

### ◄ تەرجىمىسى

30-(ئى پەيغەمبەر!) ئۆز ۋاقتىدا كاپىرلار سېنى تۇتقۇن قىلىش ياكى ئۆلتۈ-رۈش ۋەياكى (مەككىدىن) ھەيدەپ چىقىرىش ئۈچۈن سۇيىقەست پىلانلىغان ئىدى. ئۇلار سۇيىقەست پىلانلىغان بىلەن، ئاللاھ ئۇلارنىڭ سۇيىقەستىنى بەربات قىلىدۇ. ئاللاھ سۇيىقەستلەرنى بەربات قىلغۇچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر.

31-ئۇلارغا بىزنىڭ ئايەتلىرىمىز ئوقۇپ بېرىلگەندە، ئۇلار: «بىز (بۇنداق سۆزلەرنى بۇرۇنمۇ) ئاڭلىغان ئىدۇق، ئەگەر خالىساق، ئۇنىڭغا ئوخشاش سۆزلەرنى ئەلۋەتتە بىزمۇ قىلالايتتۇق. بۇ بۇرۇنقىلارنىڭ ئەپسانىلىرىدىن باشقا نەرسە ئەمەس» دېدى.

### ◄ تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! كاپىرلارنىڭ سېنى ۋە سېنىڭ دەۋىتىڭنى يوق قىلىش ئۈچۈن ھەممىسى بىرلىشىپ، ساڭا قارشى سۇيىقەست پىلانلىغان ۋاقتىنى ئەسلىگىنكى، ئۇلارنىڭ بۇ رەزىل پىلانىغا شەيتان ياردەملەشكەن ئىدى. شەكسىزكى، بۇ قىسسىدە سەن ۋە سېنىڭ ئۈممىتىڭ ئۈچۈن ئەلۋەتتە

چوڭ بىر ئىبرەت ۋە مۇھىم ۋەز – نەسىھەت بار. ئۇنىڭدا سىنىڭ راستچىللىقىڭغا ۋە ئاللاھ تائالانىڭ سېنى قوغداۋاتقانلىقىغا ئوپئوچۇق دەلىل بار. ئۇلار سەندىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن مۇنۇ ئۈچ پىلاننىڭ بىرىنى چوقۇم ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا بەل باغلىغان بولۇپ، يا سېنى قاماققا ئېلىپ ئىنسانلاردىن يىراق تۇتۇش ياكى سېنى بىرلىشىپ ئۆلتۈرۈۋېتىش ۋەياكى سېنى ئۆز يۇرتۇڭ بولغان مەككىدىن ھەيدەپ چىقىرىۋېتىشتىن ئىبارەت ئىدى. ئۇلار ساڭا ۋە ساھابىلىرىڭگە شۇنداق رەزىل سۇيىقەستلەرنى پىلانلايدۇ. ئەمما ئاللاھ تائالا ھەمىشە ئۇلارنىڭ سۇيىقەستلىرىنى بىتچىت قىلىپ تۇرىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ بارلىق پىلانلىرىنى بىلىپ تۇرىدۇ، ئۇلارنى بۇ رەزىل مەقسىتىگە يەتكۈزمەيدۇ.

مانا بۇلار مەككىلىك مۇشرىكلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭ ساھابىلىرىگە قىلغان رەزىل سۇيىقەستلىرىنىڭ بىر قىسمى ئىدى.

ئى پەيغەمبەر! ئاللاھ تائالا سېنى ئۇلارنىڭ سۇيىقەستلىرىدىن سالامەت قىلدى ۋە سېنى مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلدۇرۇپ چىقاردى، ئاندىن يەنە سېنى مەدىنىدىن مەككىگە زەپەر بىلەن كىرگۈزدى.

كاپىرلارنىڭ ئىسلام دىنىغا ۋە ئۇنىڭ دەستۇرى بولغان «قۇرئان كەرىم»گە قارشى قىلغان سۇيىقەستلىرى ناھايىتى كۆپ بولغان. ئۇلارغا ئاللاھ تائالانىڭ روشەن ئايەتلىرى تىلاۋەت قىلىنغاندا: ئۇلار بۇ ئايەتلەرنى مەسخىرە قىلىپ: ﴿بىز (بۇنداق سۆزلەرنى بۇرۇنمۇ) ئاڭلىغان ئىدۇق، ئەگەر خالىساق، ئۇنىڭغا ئوخشاش سۆزلەرنى ئەلۋەتتە بىزمۇ قىلالايتتۇق. بۇ بۇرۇنقىلارنىڭ ئەپسانىلىرىدىن باشقا نەرسە ئەمەس﴾ دېگەن ئىدى. ئۇلارنىڭ بۇ سۆزى «قۇرئان كەرىم»گە ئەپسانە دەپ تۆھمەت قىلىش ئارقىلىق كىشىلەرنى ئۇنىڭدىن سوۋۇتۇش ئۈچۈن پىلانلىغان رەزىل سۇيىقەستىنىڭ بىر قىسمى ئىدى.

ئۇ مۇشرىكلار «قۇرئان كەرىم»گە قانداقمۇ تەڭ كېلەلىسۇن؟! ئەرەبلەرنىڭ بەدىئىي ئىپادىلەش ساھەسىدە داڭق چىقارغان ئاتاقلىق شائىرلىرى ۋە مەشھۇر ئەدىبلىرىمۇ ئۇنىڭ مۇنازىرىسى ئالدىدا يېڭىلگەن تۇرسا، بۇ مۇشرىكلارنىڭ سۇيىقەستلىرى قانداقمۇ ئەمەلگە ئاشسۇن؟!

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالانىڭ نېمەتلىرىنى ۋە ئىنئاملىرىنى ياد ئېتىش كىشىدە

ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلىشنىڭ ھېسلىرىنى ئويغىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشى ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلىدۇ ۋە شۈكۈر قىلىشنى تەبىئىي بۇرچ دەپ تونۇيدۇ.

2. ھەقىقەتكە قارشى چىققۇچىلار ۋە ئۇنى يوق قىلىشقا ئۇرۇنغۇچىلار چوقۇم مەغلۇپ بولىدۇ. بۇ خۇددى قۇرەيش كاتتىباشلىرىنىڭ پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ۋە ئۇنىڭ دىنىنى يوق قىلىشقا ئۇرۇنۇپ، ئاخىرى ئۆزلىرىنىڭ مەغلۇپ بولغىنىغا ئوخشاشتۇر.

3. دىن دۈشمەنلىرىنىڭ ھەقىقەتكە بار كۈچى بىلەن قارشى چىقىپ ۋە تۈرلۈك ھىيلە-مىكىرلىرىنى ئىشقا سېلىپمۇ ئۇنى يوق قىلالمىغانلىقى، كوممۇنىستلارنىڭ دىنىنى خەلقنىڭ دىلىدىن پۈتۈنلەي سۈغۇرۇپ چىقىرىۋېتىش ۋە ئۇنىڭ تەسىرىنى يوق قىلىش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان بارلىق رەزىل قىلمىشلىرىنىڭ ۋە ھەرخىل بېسىملىرىنىڭ ئىشقا يارىمىغانلىقى، ئەكسىچە، دىنىنىڭ خەلقنىڭ قەلبىدە تېخىمۇ مەھكەم ئورنىشىغا تۈرتكە بولغانلىقى بىر رېئاللىقتۇر.

### ◄ ئەرەب مۇشرىكلىرىنىڭ ھاماقەتلىكى ۋە نادانلىقىدىن بىر كۆرۈنۈش

﴿وَإِذۡ قَالُواْ ٱللَّهُمَّ إِن كَانَ هَٰذَا هُوَ ٱلۡحَقَّ مِنۡ عِندِكَ فَأَمۡطِرۡ عَلَيۡنَا
حِجَارَةٗ مِّنَ ٱلسَّمَآءِ أَوِ ٱئۡتِنَا بِعَذَابٍ أَلِيمٖ ﴿٣٢﴾ وَمَا كَانَ ٱللَّهُ
لِيُعَذِّبَهُمۡ وَأَنتَ فِيهِمۡۚ وَمَا كَانَ ٱللَّهُ مُعَذِّبَهُمۡ وَهُمۡ يَسۡتَغۡفِرُونَ ﴿٣٣﴾
وَمَا لَهُمۡ أَلَّا يُعَذِّبَهُمُ ٱللَّهُ وَهُمۡ يَصُدُّونَ عَنِ ٱلۡمَسۡجِدِ ٱلۡحَرَامِ وَمَا
كَانُوٓاْ أَوۡلِيَآءَهُۥٓۚ إِنۡ أَوۡلِيَآؤُهُۥٓ إِلَّا ٱلۡمُتَّقُونَ وَلَٰكِنَّ أَكۡثَرَهُمۡ لَا
يَعۡلَمُونَ ﴿٣٤﴾ وَمَا كَانَ صَلَاتُهُمۡ عِندَ ٱلۡبَيۡتِ إِلَّا مُكَآءٗ وَتَصۡدِيَةٗۚ
فَذُوقُواْ ٱلۡعَذَابَ بِمَا كُنتُمۡ تَكۡفُرُونَ ﴿٣٥﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

32-ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار: «ئى ئاللاھ! ئەگەر بۇ (قۇرئان) سېنىڭ تەرىپىڭدىن نازىل بولغان ھەقىقەت بولىدىغان بولسا، ئاسماندىن ئۈستىمىزگە تاش ياغدۇرغىن، ياكى بىزگە قاتتىق ئازاب كەلتۈرگىن» دېدى.

33-(ئى پەيغەمبەر!) سەن ئۇلارنىڭ ئىچىدە تۇرغان چېغىڭدا ئاللاھ ئۇلارغا ئازاب قىلمايدۇ، ئۇلار ئىستىغپار ئېيتىپ تۇرغان چاغدىمۇ ئاللاھ ئۇلارغا ئازاب قىلمايدۇ.

34-ئۇلار (مۇسۇلمانلارنى) مەسجىدى ھەرەمگە كىرىشتىن توسۇۋاتسا، ئاللاھ ئۇلارغا قانداقمۇ ئازاب قىلمىسۇن؟! ھالبۇكى، ئۇلار مەسجىدى ھەرەمنىڭ ئىگىلىرى ئەمەس، ئۇنىڭ ئىگىلىرى پەقەتلا تەقۋادارلاردۇر، لېكىن ئۇلارنىڭ تولىسى (بۇنى) بىلمەيدۇ.

35-ئۇلارنىڭ مەسجىدى ھەرەمنىڭ يېنىدىكى ئىبادىتى پەقەت ئىسقىرتىش، چاۋاك چېلىشتىنلا ئىبارەت بولدى. (ئى كاپىرلار!) سىلەر (ھەق دىننى) ئىنكار قىلغانلىقىڭلار ئۈچۈن ئازابنى تېتىڭلار.

### ◄ نازىل بولۇش سەۋەبى

مۇجاھىد ۋە ئىبنى جۇبەير قاتارلىق مۇپەسسىرلەر بايان قىلىدۇكى، ﴿ئۇز ۋاقتىدا ئۇلار: «ئى ئاللاھ! ئەگەر بۇ (قۇرئان) سېنىڭ تەرىپىڭدىن نازىل بولغان ھەقىقەت بولىدىغان بولسا، ئاسماندىن ئۈستىمىزگە تاش ياغدۇرغىن، ياكى بىزنى قاتتىق ئازاب بىلەن جازالىغىن!» دېدى﴾ دېگەن ئايەت نەزر ئىبنى ھارىس ھەققىدە نازىل بولغان. چۈنكى، نەزر ئىبنى ھارىس «قۇرئان كەرىم»نى بۇرۇنقىلارنىڭ ئەپسانىلىرى دېگەن ۋە يۇقىرىقى سۆزنى ئېيتقان[1].

ئىمام بۇخارىي ۋە ئىمام مۇسلىم قاتارلىق مۇھەددىسلەر ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ﴿ئى ئاللاھ! ئەگەر بۇ (قۇرئان) سېنىڭ تەرىپىڭدىن نازىل بولغان ھەقىقەت بولىدىغان بولسا، ئاسماندىن ئۈستىمىزگە تاش ياغدۇرغىن، ياكى بىزنى قاتتىق ئازاب بىلەن جازالىغىن!﴾ دېگەن سۆزنى ئەبۇ جەھل ئېيتقان، ئەبۇ جەھلنىڭ بۇ سۆزىدىن كېيىن، ﴿(ئى پەيغەمبەر!) سەن ئۇلارنىڭ ئىچىدە تۇرغان چېغىڭدا ئاللاھ ئۇلارغا ئازاب قىلمايدۇ، ئۇلار ئىستىغپار ئېيتىپ تۇرغان چاغدىمۇ ئاللاھ ئۇلارغا ئازاب قىلمايدۇ﴾ دېگەن ئايەت نازىل بولغان دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان[2].

---

[1] «تفسير الطبري» 13-توم، 505-بەت.

[2] «صحيح مسلم» 4-توم، 2154-بەت، 2796-ھەدىس.

### تەپسىرى

ئـى پەيغەمبـەر! شـۇنى ئەسـلىگىنكى، ئـۆز ۋاقتـىـدا قۇرەيـش كاپىرلـىرى: ئـى ئاللاھ! ئەگـەر بـۇ قۇرئـان سـېنىڭ تەرىپىڭدىـن نازىـل بولغـان ھەقىقـەت بولىدىغـان بولسـا، بىـزنى خـۇددى پىـل ئىگىلىرىنـى جازالىغىنىڭـدەك ئاسـماندىن ئۈسـتىمىزگە تـاش ياغـدۇرۇپ جازالىغىـن ياكـى بىـزگە باشـقا بىـر ئـازاب كەلتۈرگـىـن! دېـدى. ئۇلارنىـڭ مۇنـداق دېيىشـتىكى ئاساسـلىق مەقسـىـتى «قۇرئـان كەرىم»نىـڭ ئاللاھ تائالانىـڭ سـۆزى ئىكەنلىكىنـى ئىنـكار قىلىـش ئۈچـۈن ئىـدى. ئـۇلار: «ئەگـەر مۇھەممەدنىـڭ ئېيتقانلىـرى ھـەق بولىدىغـان بولسـا، بىـزنىـڭ ئۈسـتىمىزگە تـاش ياغسـۇن، شـۇنىڭ بىلـەن بىـز ھـالاك بولۇپـلا كېتەيلـى!» دېگـەن ئىـدى. ئـۇلار «قۇرئـان كەرىم»گـە ئىشـەنمىگەنلىكتىن، ئۆزلىرىگـە ئـازاب چۈشۈشـىنى مۇمكىـن ئەمـەس دەپ قارىغـان ئىـدى. ئـۇلار شـۇنداق ئازابقا تېگىشـلىك تۇرسـىمۇ، ئاللاھ تائالانىـڭ ئۇلارغـا ئازابنـى چۈشـۈرۈپ ئىلگىرىكـى ئىنكارچـى قەۋملەرنـى ھـالاك قىلىۋەتكەنـدەك ھـالاك قىلىۋەتمىگەنلىكىدىكـى سـەۋەب پەيغەمبـەر ئەلەيھىسـسالامنىڭ ئۇلارنىـڭ ئارىسـىدا ھايـات بولغانلىقىدىـن ئىـدى. چۈنكـى، ئاخىـر زامـان پەيغەمبىـرى ھەزرىتـى مۇھەممـەد ئەلەيھىسـسالام پۈتـۈن ئالەملەرگـە رەھمـەت بولـۇپ كەلگـەن ئالاھىـدە بىـر پەيغەمبـەر بولغانلىقتىـن، ئاللاھ تائـالا ئۇنـى ھۆرمەتلـەش يۈزىسـىدىن، پەيغەمبـەر ئەلەيھىسـسالام قەۋمىنىـڭ ئىچىـدە ھاياتـلا بولىدىكـەن، ئۇنىـڭ قەۋمىنـى جازالىماسـلىقنى ئىـرادە قىلغـان. يەنـە ئاللاھ تائـالا بىـرەر قەۋمنىـڭ ئىچىـدە كـۆپ سـانلىق كىشـىلەر ئاللاھ تائالاغـا ئىبـادەت قىلىدىغـان، گۇناھلىرىغـا تەۋبـە قىلىدىغـان بولسـا، گەرچـە ئـۇ قەۋمنىـڭ ئىچىـدە كۇفرىـدا ھەددىدىـن ئاشـقانلار بولسـىمۇ، ئارىسـىدىكى كـۆپ سـانلىق ياخشـىلارنىڭ يۈزىسـىدىن ئـۇ قەۋمنـى ھـالاك قىلمايـدۇ. مانـا بـۇ، ﴿(ئـى پەيغەمبـەر!) سـەن ئۇلارنىـڭ ئىچىـدە تۇرغـان چېغىڭـدا ئاللاھ ئۇلارغـا ئـازاب قىلمايـدۇ، ئـۇلار ئىسـتىغپار ئېيتىـپ تۇرغـان چاغدىمـۇ ئاللاھ ئۇلارغـا ئـازاب قىلمايـدۇ﴾ دېگـەن ئايەتنىـڭ مەنىسـىدۇر.

قەتـادە ﴿ئـۇلار ئىسـتىغپار ئېيتىـپ تۇرغـان چاغدىمـۇ ئاللاھ ئۇلارغـا ئـازاب قىلمايـدۇ﴾ دېگـەن ئايەتنـى «ئـۇلار گۇناھلىرىغـا تەۋبـە قىلمىـدى، ئەگـەر تەۋبـە قىلغـان بولسـا ئىـدى، ئاللاھ ئۇلارغا ئـازاب قىلمايتتـى»[1] دەپ تەپسـىر قىلغـان. بـەزى ئۆلىمـالار مۇنـداق دېگـەن: «ئاللاھ ئىككـى ئامانلىقنـى

[1] «تفسير الطبري» 13ـ توم، 514ـ بەت.

چۈشۈرگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپات بولۇشى بىلەن ئۇ ئامانلىقمۇ كېتىپ قالدى، ئىككىنچىسى ئاللاھنىڭ رەھمىتى بىلەن تا قىيامەتكىچە قالدى، ئۇ بولسىمۇ، ئىستىغپار ۋە تەۋبىدۇر»[1].

ئىسلام دىنىغا دۈشمەنلىك قىلغان كاپىرلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بولغانلىقى سەۋەبلىك دەرھال جازالانمىغانلىقى ئۇلارنىڭ كېيىنمۇ جازالانمايدىغانلىقىنى كۆرسەتمەيدۇ، بەلكى ئۇلار ئازابنى چوقۇم تېتىيدۇ، بۇ دۇنيادىمۇ تېتىيدۇ، ئاخىرەتتىمۇ ئەلۋەتتە تېتىيدۇ. ﴿ئاللاھ ئۇلارغا قانداقمۇ ئازاب قىلمىسۇن؟!﴾ دېگەن ئايەت بۇنى ئىپادىلەيدۇ. چۈنكى، ئۇلار مۇسۇلمانلارنى ئاللاھ تائالانىڭ ئۆيى بولغان ئۇلۇغ مەسجىدى ھەرەمگە كىرىپ ئىبادەت قىلىشتىن توسقان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆز يۇرتى بولغان مەككىدىن ھەيدەپ چىقارغان ۋە مۇسۇلمانلارغا قولىدىن كەلگەن يامانلىقلارنىڭ ھەممىسىنى قىلغان تۇرسا، ئاللاھ تائالا ئۇلارنى جازالىمامدۇ؟ ئەلۋەتتە جازالايدۇ.

ئۇلار ئىغىزىغا كەلگەنچە كۆرەڭلەپ: «بىز مەسجىدى ھەرەمنىڭ ئىگىلىرىمىز، شۇڭا ئۇنىڭغا كىمنى خالىساق كىرگۈزىمىز، كىمنى خالىساق كىرگۈزمەيمىز» دەيتتى. ئاللاھ تائالا ئۇلارغا رەددىيە بېرىپ: ﴿ئۇلار مەسجىدى ھەرەمنىڭ ئىگىلىرى ئەمەس﴾ دېگەن. مۇنداق ئازغۇن قەۋم قانداقمۇ ئاللاھ تائالانىڭ پاك ئىبادەت ئۆيىگە ئىگە بولالىسۇن؟ ئۇلار ئاللاھ تائالاغا بۇتلارنى شېرىك كەلتۈرىدىغان ۋە ئاللاھ تائالانى ئۆز لايىقىدا قەدىرلىمەيدىغان تۇرسا، قانداقمۇ ئۇلار مەسجىدى ھەرەمنىڭ ئىگىلىرى بولسۇن؟! ھەقىقەت شۇكى، مەسجىدى ھەرەمنىڭ ئەسلى ئىگىلىرى ئاللاھ تائالادىن قورقىدىغان ۋە ئۇنى ئۆز لايىقىدا قەدىرلەشنى، ئۇلۇغلاشنى بىلىدىغان، ئىبادەتلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىگىلا قىلىدىغان تەقۋادار مۇئمىنلەردۇر. لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى بۇ ھەقىقەتنى بىلمەيدۇ. مۇشرىكلار نېمىنىڭ ھەق ۋە نېمىنىڭ باتىل ئىكەنلىكىنى ئېنىقمۇ بىلمەيدۇ. ئۇلار ئۆز ۋاقتىدا مەسجىدى ھەرەمدە كەئبىنىڭ ئەتراپىنى يالىڭاچ ھالدا تاۋاپ قىلىشاتتى، ئىسقىرتىشىپ، چاقچاق قىلىشىپ، چاۋاك چېلىشىپ يۈرەتتى. ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ بۇ قىلمىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۇلارنىڭ گۇناھ دەپتىرىگە يازغان بولۇپ،

[1] «تفسير الطبري» 13- توم، 514- بەت.

ئۇلاردىن چوقۇم ھېساب ئالىدۇ ۋە ئۇلارغا قىلمىشلىرىنىڭ جازاسىنى تېتىتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىبادەت دەپ قىلىۋاتقان ئىشلىرى ئەنە شۇنداق ئىدى. شۇڭا ئۇلار ئاخىرەتنىڭ قاتتىق ئازابىنى تېتىشقا تېگىشلىك بولغانلاردۇر. بۇ سەۋەبتىن ئۇلارغا قىيامەت كۈنىدە: «ئى كاپىرلار! سىلەر ئەمدى قىلمىشىڭلارنىڭ نەتىجىسى بولغان ئازابنى تېتىڭلار» دېيىلىدۇ.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئۆز ۋاقتىدا ئىسلام دىنىنى يوق قىلىشقا ئۇرۇنغان مەككىلىك مۇشرىكلار مەقسىتىگە يېتەلمىگەندەك، ھازىرقى زامان كاپىرلىرىمۇ ھەرگىز مەقسىتىگە يېتەلمەيدۇ. چۈنكى، دىن ئاللاھ تائالانىڭ دىنىدۇر، ئۇنى ئاللاھ تائالا ئۆزى قوغدايدۇ.

2. ئىسلام ئۇممىتى ھەر قانچە زۇلۇم ۋە قىيىن - قىستاقلارغا ئۇچرىسىمۇ، ئىسلام دىنىنى ھېچكىم ئۇلارنىڭ قەلبىدىن سۇغۇرۇپ ئالالمايدۇ. چۈنكى، قەلبتىكىلەرگە ھېچكىمنىڭ كۈچى يەتمەيدۇ. قەلب ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدە بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئۇنى ئۆزى باشقۇرىدۇ.

3. ئىستىغپار ئېيتىش ۋە چوڭ-كىچىك بارلىق گۇناھلارغا تەۋبە قىلىش ئادەمنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ئازابلىرىدىن ساقلاپ قالىدۇ.

4. ئىنسانلارنى ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىشتىن توسقانلار بۇ قىلمىشىنىڭ جازاسىنى تارتماي قالمايدۇ، ئۇلار كېچىكىپ بولسىمۇ، چوقۇم ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىغا يولۇقىدۇ.

5. «ئەۋلىيا» دېگەن سۆز ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر-پەرمانلىرىنى ئورۇندىغان ۋە ئۇنىڭ توسقانلىرىدىن يىراق تۇرغان ھەقىقىي مەنىدىكى تەقۋادار زاتلارنى كۆرسىتىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ ئەۋلىيالىرىنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە قوغدايدۇ.

## ◄ ئاللاھنىڭ دىنىغا قارشى پۇل-مال سەرپ قىلغانلارنىڭ ئاقىۋىتى

﴿إِنَّ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ يُنفِقُونَ أَمۡوَٰلَهُمۡ لِيَصُدُّواْ عَن سَبِيلِ ٱللَّهِۚ
فَسَيُنفِقُونَهَا ثُمَّ تَكُونُ عَلَيۡهِمۡ حَسۡرَةٗ ثُمَّ يُغۡلَبُونَۗ وَٱلَّذِينَ
كَفَرُوٓاْ إِلَىٰ جَهَنَّمَ يُحۡشَرُونَ ٣٦ لِيَمِيزَ ٱللَّهُ ٱلۡخَبِيثَ مِنَ ٱلطَّيِّبِ

وَيَجۡعَلَ ٱلۡخَبِيثَ بَعۡضَهُۥ عَلَىٰ بَعۡضٖ فَيَرۡكُمَهُۥ جَمِيعٗا فَيَجۡعَلَهُۥ فِي جَهَنَّمَۚ أُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلۡخَٰسِرُونَ ﴿٣٧﴾

### تەرجىمىسى

**36ـ شۈبھىسىزكى، كۇفرىدا چىڭ تۇرىۋالغانلار پۇل-مېلىنى (ئىنسانلارنى) ئاللاھنىڭ يولىدىن توسۇش ئۈچۈن سەرپ قىلىشىۋاتىدۇ. ئۇلار يەنە سەرپ قىلىدۇ، ئاندىن ئۇلارنىڭ سەرپ قىلغان نەرسىلىرى ئۇلارغا ھەسرەت ئېلىپ كېلىدۇ، ئاخىر ئۇلار يېڭىلىدۇ. كۇفرىدا چىڭ تۇرىۋالغانلار جەھەننەمگە (ھەيدىلىپ ئۇ جايدا) توپلىنىدۇ.**

**37ـ (بۇنداق توپلاش) ئاللاھنىڭ ناپاك ئادەمنى پاك ئادەمدىن ئايرىپ چىقىپ، ھەممە ناپاك ئادەمنى ئۈستى-ئۈستىگە دۆۋىلەپ دوزاخقا تاشلىشى ئۈچۈندۇر. ئەنە شۇلار زىيان تارتقۇچىلاردۇر.**

### نازىل بولۇش سەۋەبى

تەپسىرى تەبەرىي ۋە ئىبنى كەسىر قاتارلىق تەپسىرلەردە بۇ ئايەتلەرنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى مەككىلىك كاپىرلارنىڭ كاتتىبېشى ئەبۇ سۇفيان[1] ھەققىدە نازىل بولغانلىقى بايان قىلىنغان. ئەبۇ سۇفيان بەدرى ۋە ئۇھۇد غازاتلىرىدا مۇسۇلمانلارغا قارشى ئەسكەر توپلاش ئۈچۈن كۆپ مىقداردا پۇل-مال سەرپ قىلغان[2]. بەغەۋىي قاتارلىق تەپسىرلەردە بۇ ئايەت بەدرى ئۇرۇشىدا مۇشرىك قوشۇنلىرىغا تاماق بەرگەن ئون ئىككى كىشى ھەققىدە نازىل بولغان دېيىلگەن[3].

### تەپسىرى

شۈبھىسىزكى، ھەق دىننى ئىنكار قىلىشتا چىڭ تۇرىۋالغان، كۇفرىنى قوغداش يولىدا جان پىدا قىلىشىۋاتقان بۇ كاپىرلار پۇل-ماللىرىنى

---

[1] ئەبۇ سۇفيان ئىبنى ھارىس (571ـ636م) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى، دەسلەپتە مۇسۇلمانلارغا قارشى كۆپ قېتىم ئۇرۇش قىلغان، مەككە پەتھى قىلىنغان چاغدا ئىمان ئېيتقان، ھۇنەين ۋە تائىف غازاتلىرىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سېپىدىن ئورۇن ئالغان.

[2] «تفسير الطبري» 13ـتوم، 530ـبەت.

[3] «تفسير البغوي» 2ـتوم، 291ـبەت.

ئىنسانلارنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىشتىن توسۇش ئۈچۈن سەرپ قىلىۋاتىدۇ، ئۇلار بۇ يولدا پۇل-مال سەرپ قىلغاندىن كېيىن چوقۇم پۇشايمان قىلىدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ بۇ قىلمىشلىرى ئۆزلىرىگە تۈگىمەس ھەسرەت-نادامەت ئېلىپ كېلىدۇ. لېكىن ئۇلار بۇ قىلمىشلىرىنىڭ ئۆزلىرىگە قاتتىق پۇشايمان ۋە ھەسرەت-نادامەت ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ ۋە ئويلاپمۇ قويمايدۇ. ھەقىقەت شۇكى، ئۇلارنىڭ سەرپ قىلغان نەرسىلىرى ئۇلارنى مەقسىتىگە يەتكۈزمەيدۇ، ئۇلار چوقۇم زىيان تارتىدۇ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ پۇل-مېلىنىڭ شەيتاننىڭ يولىدا زايە بولۇپ كەتكەنلىكىنى كېيىن بىلىپ قالىدۇ. ئۇلار چوقۇم يېڭىلىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا لەۋھۇلمەھپۇزغا: ﴿كَتَبَ ٱللَّهُ لَأَغۡلِبَنَّ أَنَا۠ وَرُسُلِيٓۚ﴾ يەنى ﴿مەن چوقۇم غەلىبە قىلىمەن ۋە مېنىڭ پەيغەمبەرلىرىممۇ چوقۇم غەلىبە قىلىدۇ﴾[1] دەپ يېزىۋەتكەن. ﴿فَأَمَّا ٱلزَّبَدُ فَيَذۡهَبُ جُفَآءٗۖ وَأَمَّا مَا يَنفَعُ ٱلنَّاسَ فَيَمۡكُثُ فِي ٱلۡأَرۡضِۚ كَذَٰلِكَ يَضۡرِبُ ٱللَّهُ ٱلۡأَمۡثَالَ﴾ يەنى ﴿كۆپۈك ئېقىپ تۈگەيدۇ، ئەمما ئىنسانلارغا پايدىلىق نەرسە زېمىندا قېلىپ قالىدۇ، ئاللاھ مىساللارنى ئەنە شۇنداق بايان قىلىدۇ﴾[2].

مانا بۇلار (يەنى ئۇلارنىڭ پۇل-مېلىنىڭ نەتىجىسىز زايە بولۇپ كەتكەنلىكى، ئۆزلىرىنىڭ مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ پۇشايمانغا قېلىشى) كاپىرلارنىڭ بۇ دۇنيادىكى جازاسىدۇر. ئەمما ئۇلارنىڭ ئاخىرەتتىكى جازاسى جەھەننەمدۇر.

ئاللاھ تائالانىڭ مۇنداق قىلىشى كۇفرى-مەئسىيەتنىڭ كىرلىرى بىلەن ئۆزلىرىنى بۇلغىغان ناپاك ئادەملەرنى ئىمان ۋە ياخشى ئەمەللەر بىلەن ئۆزىنى پاك تۇتقان پاك ئادەملەردىن ئايرىپ چىقىپ، ناپاكلارنى ئۈستى-ئۈستىگە دۆۋىلەپ توپلىغاندىن كېيىن، جەھەننەمگە تاشلاش ئۈچۈندۇر. ئەنە شۇلار دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ھەقىقەتەن زىيان تارتقۇچىلاردۇر.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. كىشىلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ دىنىدىن توسۇش ۋە دىنغا قارشى چىقىش ئۈچۈن پۇل-مال سەرپ قىلغۇچىلارنىڭ بۇ قىلغانلىرى ئۆزلىرى ئۈچۈن تۈگىمەس ھەسرەت ۋە نادامەتلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ.

---

[1] مۇجادەلە سۈرىسى: 21- ئايەت.

[2] رەئد سۈرىسى: 17- ئايەت.

2. كاپىرلار ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە ناپاك ئىنسانلاردۇر. ئەمما مۆئمىنلەر پاك كىشىلەردۇر.

3. ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەرلەرگە ۋە مۆئمىنلەرگە بەرگەن ۋەدىسى ئەمەلگە ئېشىپ كەلدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئىسلامنىڭ ئالتۇن دەۋرلىرىدىكى ھەقىقىي مۆئمىنلەرگە كەلگەن نۇسرەت ۋە غەلىبىلەر بۇنىڭ مىسالى.

### ◄ ئاللاھنىڭ مەخلۇقاتلىرىغا بولغان پەزل-مەرھەمىتى

﴿قُل لِّلَّذِينَ كَفَرُوٓاْ إِن يَنتَهُواْ يُغۡفَرۡ لَهُم مَّا قَدۡ سَلَفَ وَإِن يَعُودُواْ
فَقَدۡ مَضَتۡ سُنَّتُ ٱلۡأَوَّلِينَ ٣٨ وَقَٰتِلُوهُمۡ حَتَّىٰ لَا تَكُونَ فِتۡنَةٞ
وَيَكُونَ ٱلدِّينُ كُلُّهُۥ لِلَّهِۚ فَإِنِ ٱنتَهَوۡاْ فَإِنَّ ٱللَّهَ بِمَا يَعۡمَلُونَ بَصِيرٞ ٣٩
وَإِن تَوَلَّوۡاْ فَٱعۡلَمُوٓاْ أَنَّ ٱللَّهَ مَوۡلَىٰكُمۡۚ نِعۡمَ ٱلۡمَوۡلَىٰ وَنِعۡمَ ٱلنَّصِيرُ ٤٠﴾

### ◄ تەرجىمىسى

38-(ئى پەيغەمبەر!) كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋالغانلارغا ئېيتقىنكى، ئەگەر ئۇلار (كاپىرلىقتىن) يانسا، ئۇلارنىڭ ئۆتكەنكى گۇناھلىرى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ. ئەگەر ئۇلار (پەيغەمبەر بىلەن) قايتا دۈشمەنلەشسە، بۇرۇنقىلارغا (يەنى پەيغەمبەرلەرگە دۈشمەن بولغانلارنى جازالاشتا) تۇتقان يولۇم داۋاملىشىپ كەلدى (ئۇلارمۇ ھالاك بولىدۇ).

39-پىتنە (يەنى زۇلۇم ۋە بېسىم) تۈگىگەن، دىن پۈتۈنلەي ئاللاھ ئۈچۈن بولغانغا قەدەر ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇڭلار، ئەگەر ئۇلار (كۇفرىدىن) يانسا، شەكسىزكى، ئاللاھ ئۇلارنىڭ قىلغانلىرىنى تولۇق كۆرۈپ تۇرىدۇ.

40-ئەگەر ئۇلار (ئىماندىن) يۈز ئۆرۈسە، (ئى ئىمان ئېيتقانلار!) بىلىڭلاركى، ئاللاھ سىلەرنىڭ مەدەتكارىڭلاردۇر، ئاللاھ نېمىدېگەن ياخشى مەدەتكار، نېمىدېگەن ياخشى ياردەمچى!

### ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالا كاپىرلارنىڭ ئەمەللىرىنىڭ دۇنيا-ئاخىرەتتىكى نە-

تىجىلىرىنى بايان قىلىپ بەرگەندىن كېيىن، ئۇلارغا ئۆزىنىڭ پەزل-مەرھەمىتىنىڭ ئىشىكىنى كەڭ ئېچىپ مۇنداق دەيدۇ: ئى پەيغەمبەر! كۇفرىغا جان پىدا قىلىۋاتقان كاپىرلارغا ئېيتقىنكى، ئەگەر ئۇلار كۇفرىدا چىڭ تۇرۇشتىن ۋاز كېچىپ، دىنغا ۋە پەيغەمبەرگە دۈشمەنلىك قىلىشتىن يانسا، كۇفرىنى تاشلاپ ئاللاھ تائالاغا ۋە پەيغەمبەرگە ئىمان ئېيتسا، ئۇلارنىڭ ئۆتكەنكى گۇناھلىرى ئەلۋەتتە مەغپىرەت قىلىنىدۇ. چۈنكى، ئىسلام ئىنسانلارنىڭ مۇسۇلمان بولۇشتىن ئىلگىرىكى گۇناھلىرىنى يوققا چىقىرىپ، ئۇلار ئۈچۈن يېڭى بىر بەت ئېچىپ بېرىدۇ.

مۇپەسسىرلەر ﴿قُل لِّلَّذِينَ كَفَرُوٓاْ إِن يَنتَهُواْ يُغْفَرْ لَهُم مَّا قَدْ سَلَفَ﴾ دېگەن ئايەتنىڭ تەپسىرىدە ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، ئەللامە ئىبنى جەرىر تەبەرىي بۇ ئايەتنى «ئى پەيغەمبەر! سېنىڭ قەۋمىڭ ئارىسىدىكى مۇشرىكلارغا ئېيتقىنكى، ئەگەر ئۇلار ئاللاھ تائالانى ۋە پەيغەمبەرنى ئىنكار قىلىشتىن، ساڭا ۋە مۆئمىنلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلىشتىن يېنىپ، ئۆزلىرىنىڭ توغۇلۇشتىكى تەبىئىي ھالىتى بولغان ئىمانغا قايتسا، ئۇلارنىڭ ئىلگىرىكى كاپىرلىق ھالىتىدە قىلغان بارلىق گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ»[1] دەپ تەپسىر قىلغان.

ئەللامە ئىبنى كەسىر «ئى پەيغەمبەر! كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋېلىپ، ساڭا ۋە ئىسلامغا قارشى دۈشمەنلىك قىلىۋاتقان شۇ كاپىرلارغا ئېيتقىنكى، ئەگەر ئۇلار كۇفرىدىن، سىلەرگە دۈشمەنلىك قىلىشتىن ۋە ئازغۇنلۇقتا چىڭ تۇرۇشتىن يېنىپ، ئىسلامغا كىرسە، تەۋبە قىلسا ۋە ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلسا، ئۇلارنىڭ بۇرۇنقى كاپىرلىق ھالىتىدە قىلغان گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ»[2] دەپ تەپسىر قىلغان.

شەك-شۈبھىسىزكى، ئاللاھ تائالاغا چىن دىلىدىن ئىمان ئېيتىپ، ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى كۇفرىلىقىغا ئېچىنىپ، ئىسلام دىنىغا كىرگەن ئادەمنىڭ بۇرۇنقى بارلىق گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «الْإِسْلَامَ يَجُبُّ مَا كَانَ قَبْلَهُ» يەنى «ئىسلام ئىلگىرىكى گۇناھلارنى يۇيۇۋېتىدۇ»[3] دېگەن. يەنى بىر ئادەم كاپىرلىقتىن يېنىپ، ئىمان ئېيتىپ ئىسلامغا كىرسە، ئۇنىڭ بۇرۇنقى كاپىرلىق ھالىتىدە قىلغان بارلىق گۇناھلىرى يۇيۇلۇپ كېتىدۇ، دېگەنلىكتۇر.

---

[1] «تفسير الطبري» 13-توم، 536-بەت.

[2] «تفسير ابن كثير» 4-توم، 54-بەت.

[3] «مسند الإمام أحمد» 29-توم، 312-بەت، 17777-ھەدىس.

ئەگەر ئۇلار پەيغەمبەر بىلەن قايتا دۈشمەنلەشسە، ئۇلار شۇنى بىلىپ قويسۇنكى، ئاللاھ تائالا ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغان كاپىرلارنى قانداق ھالاك قىلغان بولسا، بۇلارنىمۇ شۇنداق يوسۇندا ھالاك قىلىشقا ئەلۋەتتە قادىردۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەرلەرگە دۈشمەن بولغان ئىنكارچى قەۋملەرگە قارىتا تۇتقان يولى ھەمىشە بىر خىل بولۇپ كەلدى. ئۇ بولسىمۇ، ئىنكارچىلارنى ئەڭ ئىبرەتلىك ئازابلار بىلەن ھالاك قىلىشتۇر. ئاللاھ تائالانىڭ ئىنكارچىلارغا قارىتا تۇتقان بۇ يولى تا قىيامەتكىچە ئۆزگەرمەيدۇ. بۇ شۇنداق ئۆزگەرمەس ئىلاھىي قانۇندۇر.

ئەمما سىلەر ئى مۇسۇلمانلار! كاپىرلارنىڭ زىيانكەشلىكى، كىشىلەرنى ھەق دىنغا ئەگىشىشتىن توسۇشى ۋە ئۇلارغا قاراتقان بېسىملىرى تۈگىگەن، دىن پۈتۈنلەي ئاللاھ تائالا ئۈچۈن بولۇپ، باشقا دىنلارنىڭ ھەممىسى مەغلۇپ بولغانغا قەدەر ئۇلار بىلەن قاتتىق ئۇرۇشۇڭلار، ئەگەر ئۇلار ئىنسانلارغا زۇلۇم قىلىش ۋە دىنغا كىرگۈزمەسلىك ئۈچۈن بېسىم قىلىش، ئىمان ئېيتىشتىن توسۇش قاتارلىق قىلمىشلىرىدىن يانسا، ئۇلار شۇنى قەتئىي ئۇنتۇمىسۇنكى، ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ قىلغان-ئەتكەنلىرىنى كۆرۈپ تۇرىدۇ ۋە شۇنىڭغا يارىشا مۇكاپات ياكى جازا بېرىدۇ.

ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئەگەر ئۇلار ئىمان ئېيتىشتىن باش تارتسا، ئۇلارنىڭ بۇ قىلمىشىغا بىئارام بولۇپ كەتمەڭلار، ھەرگىز قايغۇرماڭلار. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ تېگىشلىك جازاسىنى بېرىدۇ، ئۇلار سىلەرگە قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. بىلىڭلاركى، ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ ھەقىقىي مەدەتكارىڭلاردۇر، ئۇ نېمىدېگەن ياخشى مەدەتكار، نېمىدېگەن ياخشى ياردەمچى!

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالانىڭ پەزل-كەرەمى ۋە رەھمىتى ئىنتايىن كەڭ ۋە ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولۇپ، بۇنى ئىنسانلارنىڭ تولىسى بىلمەيدۇ.

2. مۇسۇلمان بولغانلارنىڭ ئىلگىرىكى كاپىرلىق ھالىتىدە قىلغان گۇناھلىرى ئۇلارنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى بىلەنلا پۈتۈنلەي يۇيۇلۇپ كېتىدۇ ۋە ئۇلار ئۆزلىرى ئۈچۈن يېڭى بىر بەت ئاچقان بولىدۇ. ئەمما كىشىنىڭ ھەققىنى يەۋالغانلار ھەق ئىگىسىنى رازى قىلمىغۇچە بۇ ھەق ئۇلارنىڭ گەدىنىدە قالىدۇ. چۈنكى، بۇ قۇل ھەققى بولۇپ، ئۇ رازى بولمىغۇچە ئاللاھ تائالا رازى بولمايدۇ.

3. ئاللاھ تائالا زالىملارنى جازالىماي قويمايدۇ. جازانىڭ كېچىككەنلىكى زالىملار ئۈچۈن زۇلۇمنى داۋاملاشتۇرۇشقا قويۇپ بەرگەنلىكتىن دېرەك بەرمەيدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ھەرقانداق ھەددىدىن ئاشقان زالىملارنى ئىبرەتلىك ھالدا بىراقلا جازالاشنى خالايدۇ.

4. تاجاۋۇزچى كاپىرلارغا قارشى كۈرەش قىلىش پۈتۈن مۇسۇلمانلار ئۈچۈن پەرزدۇر.

5. ئاللاھ تائالا ھەق دىنغا ياردەم قىلغانلارغا ياردەم قىلىدۇ، ئۇنى قوغدىغانلارنى قوغدايدۇ. شۇنداقلا مۇسۇلمانلارنى قوغدىغان ۋە ئۇلارغا ياردەم قىلغانلارغا ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمى ۋە نۇسرىتى چوقۇم كېلىدۇ.

### غەنىيمەتلەرنى تەقسىم قىلىش توغرىسىدا

﴿ وَٱعۡلَمُوٓاْ أَنَّمَا غَنِمۡتُم مِّن شَيۡءٖ فَأَنَّ لِلَّهِ خُمُسَهُۥ وَلِلرَّسُولِ
وَلِذِي ٱلۡقُرۡبَىٰ وَٱلۡيَتَٰمَىٰ وَٱلۡمَسَٰكِينِ وَٱبۡنِ ٱلسَّبِيلِ إِن كُنتُمۡ ءَامَنتُم
بِٱللَّهِ وَمَآ أَنزَلۡنَا عَلَىٰ عَبۡدِنَا يَوۡمَ ٱلۡفُرۡقَانِ يَوۡمَ ٱلۡتَقَى ٱلۡجَمۡعَانِۗ وَٱللَّهُ
عَلَىٰ كُلِّ شَيۡءٖ قَدِيرٌ ﴿٤١﴾ ﴾

### تەرجىمىسى

41-(ئى ئىمان ئېيتقانلار!) ئەگەر سىلەر ئاللاھقا ۋە ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىلغان كۈندە-ئىككى قوشۇن (بەدرىدە) ئۇچراشقان كۈندە-بەندىمىز (مۇھەممەد)گە نازىل قىلغانلىرىمىزغا ئىشەنسەڭلار، بىلىڭلاركى، سىلەر ئالغان غەنىيمەتنىڭ بەشتىن بىرى ئاللاھقا، پەيغەمبەرگە، پەيغەمبەرنىڭ يېقىن تۇغقانلىرىغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە ۋە خىراجىتىدىن ئايرىلىپ قالغان مۇساپىرلارغا خاستۇر. ئاللاھ ھەر نەرسىگە قادىردۇر.

### تەپسىرى

ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەر كاپىرلارنى جىھادتا مەغلۇپ قىلىپ ئۇلاردىن ئالغان غەنىيمەتلەر مەيلى ئاز بولسۇن، ياكى كۆپ بولسۇن، بەش ئۈلۈشكە بۆلۈنىدۇ. ئاشۇ بەش ئۈلۈشنىڭ بىر ئۈلۈشى ئاللاھقا، پەيغەمبەرگە، پەيغەمبەرنىڭ يېقىن تۇغقانلىرىغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە ۋە يولدا

خىراجىتىدىن ئايرىلىپ قېلىپ ياردەمگە موھتاج بولۇپ قالغان مۇساپىرلارغا بېرىلىدۇ، قالغان تۆت ئۈلۈشىنى ئىمام (يەنى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىش باشقۇرغۇچىسى ياكى قوماندان) ئۆزى بىلىپ بىر تەرەپ قىلىدۇ، خالىسا دۆلەتنىڭ ئىشلىرىغا ئىشلىتىدۇ، خالىسا جىھاد قىلغان ئەسكەرلەرگە تەقسىم قىلىپ بېرىدۇ. ئەللامە قۇرتۇبىي مۇنداق دېگەن: «غەنىيمەتنىڭ تۆت ئۈلۈشىنى ئىمام ئۆزى بىر تەرەپ قىلىدۇ. خالىسا ساقلاپ قويىدۇ، خالىسا مۇجاھىدلارغا تەقسىم قىلىپ بېرىدۇ. چۈنكى، ئاللاھنىڭ غەنىيمەتنىڭ بەشتىن بىر ئۈلۈشىنىڭ كىملەرگە تەقسىم قىلىنىدىغانلىقىنى قۇرئاندا بايان قىلىپ، قالغان تۆت ئۈلۈشى توغرۇلۇق سۈكۈت قىلغانلىقى بۇنىڭغا ئىشارەت قىلىدۇ»[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېقىن تۇغقانلىرى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بوۋىلىرىدىن ھاشىم بىلەن مۇتتەلىبنىڭ ئەۋلادلىرى بولۇپ، ئابدۇ شەمس بىلەن نەۋفەلنىڭ ئەۋلادلىرى ئۇنىڭ يېقىن تۇغقانلىرىدىن ھېسابلانمايدۇ.

يېتىملەر – ئاتىسى ئۆلۈپ كەتكەن ۋە بالاغەتكە يەتمىگەن بالىلاردۇر.

بۇ ئايەتتىكى «مىسكىنلەر»دىن زاكات ئېلىشقا تېگىشلىك بولغان بارلىق يوقسۇللار كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام غەنىيمەتنىڭ بەشتىن بىر قىسمىنى بەش ئۈلۈشكە ئايرىيتتى. ئۇنىڭ بىر ئۈلۈشىنى ئۆزى ئېلىپ قېلىپ، ئۇنى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشلىرىغا سەرپ قىلاتتى، يەنە بىر ئۈلۈشىنى ئۆزىنىڭ يېقىن تۇغقانلىرىغا بېرەتتى، قالغان ئۈچ ئۈلۈشىنى يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە ۋە خىراجىتىدىن ئايرىلىپ قالغان مۇساپىرلارغا ئۈلەشتۈرۈپ بېرەتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ساھابىلەرنىڭ ئۆلىمالىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭ يېقىن تۇغقانلىرىنىڭ ئۈلۈشىنى تەقسىم قىلىش ئىشىدا ئىختىلاپلاشقان بولۇپ بەزىلەر: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭ يېقىن تۇغقانلىرىنىڭ ئۈلۈشى ئەمەلدىن قالدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغقانلىرىنىڭ ئارىسىدىكى كەمبەغەللەرمۇ باشقا مۇسۇلمان كەمبەغەللەرگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلىنىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغقانلىرى ئارىسىدىكى بايلارغا غەنىيمەتتىن ھېچ نەرسە بېرىلمەيدۇ، دەپ قارايدۇ.

[1] «تفسير القرطبي» 7-توم، 365-بەت.

بىرىنچى خەلىپە ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغقانلىرى بولغان ھاشىم ئەۋلادىغا مۇشۇ ئۇسۇلدا مۇئامىلە قىلغان بولۇپ، ئۇلارغا غەنىيمەت تەقسىم قىلمىغان.

ئۆلىمالار غەنىيمەتنىڭ بەشتىن بىرىنى قانداق تەقسىم قىلىش توغرۇلۇق ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، ئىمام شافىئىي مۇنداق دېگەن: «غەنىيمەتنىڭ ئاللاھقا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خاس بولغان ئۈلۈشى بىر ئۈلۈش ھېسابلىنىدۇ، ئۇ مۇسۇلمانلارغا مەنپەئەتلىك ئىشلارغا ئىشلىتىلىدۇ، قالغان تۆت ئۈلۈش قۇرئاندا بايان قىلىنغان بويىچە تەقسىم قىلىنىدۇ». ئىمام ئەزەم ئەبۇ ھەنىفە مۇنداق دېگەن: «غەنىيمەتنىڭ بەشتىن بىرى يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە ۋە خىراجىتىدىن ئايرىلىپ قالغان مۇساپىرلارغا بېرىلىدۇ». ئىمام ئەزەمنىڭ تەقسىماتىغا ئاساسەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېقىن تۇغقانلىرىنىڭ ئۈلۈشى ئۇلارنىڭ ۋاپات بولۇشى بىلەن ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان بولىدۇ. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭمۇ شۇنداق بولغان[1].

ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئەگەر سىلەر رەببىڭلار بولغان ئاللاھ تائالاغا ۋە بەدرىدە مۇسۇلمانلار بىلەن كاپىرلاردىن ئىبارەت ئىككى قوشۇن ئۇچرىشىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ غەلىبە قىلىشى ئارقىلىق ھەق بىلەن باتىل ئايرىلغان شۇ كۈندە بەندىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلغان ئايەتلىرىمىزگە ئىشەنسەڭلار، شۇنى بىلىڭلاركى، غەنىيمەتنىڭ بەشتىن بىرى سىلەرگە ئەمەس، بەلكى ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە، شۇنداقلا يۇقىرىدا بايان قىلىنغان كىشىلەرگە خاستۇر. بۇ بەلگىلىمىلەرگە خىلاپلىق قىلىشتىن ھەزەر ئەيلەڭلار. پەرىشتىلەرنى چۈشۈرۈپ سىلەرگە ياردەم بېرىش ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن بولغان ئىكەن، بۇنىڭ سەۋەبىدىن قولغا كەلگەن غەنىيمەتلەرنى تەقسىم قىلىش ئىشىمۇ، ئەلۋەتتە ئاللاھ تائالا كۆرسەتكەن بويىچە بولىدۇ. ئايەتتىكى ﴿بىلىڭلار﴾ دېگەن سۆزدىن غەنىيمەت تەقسىم قىلىشنىڭ ھۆكمىنى بىلىپ قويۇشلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىش ۋە نارازىلىق بىلدۈرمەسلىك كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئۇرۇشلاردا ئولجا ئېلىنغان غەنىيمەتلەرنى تەقسىم قىلىش ئاللاھ تائالانىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە بولىدۇ.

---

[1] «تفسير القرطبي» 7ـتوم، 367ـبەت.

2. مۇئمىنلەرگە ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالاغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمانى بار كىشىلەر ئىكەنلىكىنى ھەمىشە ئەسلىتىپ تۇرۇش ئۇلارنىڭ توغرا يولدا مېڭىشىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇشى ۋە دۇنيانىڭ قىيىنچىلىقلىرى ئالدىدا مۇستەھكەم تۇرۇشى ئۈچۈن تۈرتكە بولىدۇ. ھەقىقىي مۇئمىنلەر قەلبى ئويغاق، ئىرادىسى مۇستەھكەم، مەنىۋىيىتى كۈچلۈك كىشىلەردۇر. شۇڭا ئۇلار ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىشقا، ئاللاھ تائالا بۇيرۇغان ئەمەل-ئىبادەتلەرنى ئورۇنداشقا ۋە يەر يۈزىنى گۈللەندۈرۈشكە بۇيرۇلغان.

### ◄ ئاللاھنىڭ مۇئمىنلەرگە ياردەم قىلىشى

﴿إِذۡ أَنتُم بِٱلۡعُدۡوَةِ ٱلدُّنۡيَا وَهُم بِٱلۡعُدۡوَةِ ٱلۡقُصۡوَىٰ وَٱلرَّكۡبُ أَسۡفَلَ
مِنكُمۡۚ وَلَوۡ تَوَاعَدتُّمۡ لَٱخۡتَلَفۡتُمۡ فِي ٱلۡمِيعَٰدِ وَلَٰكِن لِّيَقۡضِيَ ٱللَّهُ
أَمۡرٗا كَانَ مَفۡعُولٗا لِّيَهۡلِكَ مَنۡ هَلَكَ عَنۢ بَيِّنَةٖ وَيَحۡيَىٰ مَنۡ حَيَّ عَنۢ
بَيِّنَةٖۗ وَإِنَّ ٱللَّهَ لَسَمِيعٌ عَلِيمٌ ٤٢ إِذۡ يُرِيكَهُمُ ٱللَّهُ فِي مَنَامِكَ قَلِيلٗاۖ
وَلَوۡ أَرَىٰكَهُمۡ كَثِيرٗا لَّفَشِلۡتُمۡ وَلَتَنَٰزَعۡتُمۡ فِي ٱلۡأَمۡرِ وَلَٰكِنَّ ٱللَّهَ
سَلَّمَۚ إِنَّهُۥ عَلِيمُۢ بِذَاتِ ٱلصُّدُورِ ٤٣ وَإِذۡ يُرِيكُمُوهُمۡ إِذِ ٱلۡتَقَيۡتُمۡ
فِيٓ أَعۡيُنِكُمۡ قَلِيلٗا وَيُقَلِّلُكُمۡ فِيٓ أَعۡيُنِهِمۡ لِيَقۡضِيَ ٱللَّهُ أَمۡرٗا كَانَ
مَفۡعُولٗاۗ وَإِلَى ٱللَّهِ تُرۡجَعُ ٱلۡأُمُورُ ٤٤﴾

### ◄ تەرجىمىسى

42-ئۆز ۋاقتىدا سىلەر ۋادىنىڭ (مەدىنىگە) يېقىن تەرىپىدە ئىدىڭلار، ئۇلار ۋادىنىڭ (مەدىنىگە) يىراق تەرىپىدە ئىدى. (قۇرەيشنىڭ) سودا كارۋىنى بولسا سىلەرنىڭ تۆۋەن تەرىپىڭلاردا ئىدى. ئەگەر سىلەر (مۇشرىكلار بىلەن ئۇچرىشىشنى) ۋەدىلەشكەن بولساڭلار، سىلەر (ئۆزۈڭلارنىڭ ئازلىقىنى، مۇشرىكلارنىڭ كۆپلۈكىنى كۆرۈپ) ۋەدىگە خىلاپلىق قىلاتتىڭلار، لېكىن، ئاللاھ بولۇشقا تېگىشلىك ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ھالاك بولىدىغانلارنىڭ روشەن دەلىلنى كۆرۈپ ئاندىن ھالاك بولۇشى ئۈچۈن، ياشايدىغانلارنىڭمۇ روشەن دەلىلنى كۆرۈپ ئاندىن ياشىشى ئۈچۈن (سىلەرنى ۋەدىسىز ئۇچراشتۇردى). شەكسىزكى، ئاللاھ ئەلۋەتتە ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر ۋە ھەممىنى بىلىپ

تۇرغۇچىدۇر.

**43-(ئى پەيغەمبەر!) ئۆز ۋاقتىدا، ئاللاھ چۈشۈڭدە ساڭا ئۇلارنى (دۈشمەننىڭ سانىنى) ئاز كۆرسەتتى، ئەگەر ساڭا ئۇلارنى كۆپ كۆرسەتكەن بولسا ئىدى، سىلەر چوقۇم قورقۇپ كېتەتتىڭلار ۋە جەڭ ئىشىدا چوقۇم تالاش-تارتىش قىلاتتىڭلار، لېكىن ئاللاھ (سىلەرنى مۇنداق قىلىشتىن) ساقلىدى. شەكسىزكى، ئاللاھ دىللاردىكىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.**

**44-ئاللاھ بولۇشقا تېگىشلىك ئىشنى (يەنى سىلەرنىڭ غەلىبە قىلىشىڭلارنى) ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، دۈشمەن بىلەن ئۇچراشقان چېغىڭلاردا، ئۇلارنى سىلەرنىڭ كۆزۈڭلارغا ئاز كۆرسىتىدۇ ۋە سىلەرنىمۇ ئۇلارنىڭ كۆزلىرىگە ئاز كۆرسىتىدۇ. ھەممە ئىش ئاللاھقا قايتۇرۇلىدۇ.**

### ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالا بىزگە ئۆز ۋاقتىدا مۇسۇلمان ئەسكەرلىرىنىڭ مەككىدىن كەلگەن مۇشرىكلار قوشۇنى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشىدا ئالاھىدە چوڭ رولى بولغان كاتتا نېمەتلىرىنى ئەسلىتىپ ئۆتىدۇ. بۇ ئەلۋەتتە ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر ئېيتىشىمىزنى ۋە ھەرقانداق بىر غەنىيمەتنى تەقسىم قىلىشتا ئاللاھ تائالانىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ئەمەل قىلىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئى ئىمان ئېيتقانلار! بەدرى غازىتى بولغان كۈندە ئىسلام قوشۇنى بىلەن مۇشرىكلار قوشۇنىدىن ئىبارەت ئىككى قوشۇن ئۇچراشقان ۋاقىتتىكى ئەھۋالنى ئەسلەڭلاركى، ئۇ ۋاقىتتا سىلەر ۋادىنىڭ مەدىنىگە يېقىن تەرىپىدە ئىدىڭلار، گەرچە بۇ ئورۇن مېڭىش قىيىن، پۇتلار تېيىلىپ تۇرىدىغان قۇملۇق جاي بولسىمۇ، سىلەر بۇ يەرنى تاللىغان ئىدىڭلار. مەككىدىن كەلگەن مۇشرىكلار قوشۇنى ۋادىنىڭ مەدىنىگە يىراق تەرىپىدە ئىدى. ئۇ جاي سۇغا يېقىن، ئۇرۇش قىلىشقا ئوڭايلىق، ياخشى جاي ئىدى. قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ ئەبۇ سۇفيان يېتەكچىلىكىدىكى سودا كارۋىنى سىلەرنىڭ تۆۋەن تەرىپىڭلاردا ئىدى. ئۇلارنى مۇشرىكلار قوشۇنى قاتتىق مۇداپىئە قىلىشقا تىرىشۋاتاتتى. بۇنداق قىلىش شەكسىزكى، ئۇلارنىڭ روھىنى كۆتۈرەتتى. بىلىڭلاركى، ئەگەر سىلەر مۇشرىكلار قوشۇنى بىلەن ئۇچرىشىشنى ۋەدىلەشكەن تەقدىردە، ئۆزۈڭلارنىڭ ئازلىقىنى، مۇشرىكلارنىڭ كۆپلۈكىنى كۆرۈپ، ئەلۋەتتە ئۇرۇشنىڭ ۋاقتى توغرۇلۇق

ئىختىلاپقا چۈشكەن بولاتتىڭلار. لېكىن، ئاللاھ تائالا سىلەرنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرۈشنى ئىرادە قىلغانلىقتىن، ئۆزىنىڭ بۇ ئىرادىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، سىلەرنى ئۇلار بىلەن مۇشۇنداق ۋەدىسىزلا ئۇچراشتۇردى.

ئاللاھ تائالا بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى مۇسۇلمانلارغا غەلىبە ۋە ياردەمنىڭ پەقەتلا ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كېلىدىغانلىقىنى، ئاللاھ تائالانىڭ مۇسۇلمانلارنى سان جەھەتتە ئاز ۋە تەييارلىقى تولۇق بولمىغان ئەھۋال ئاستىدىمۇ كاپىرلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشقا مۇيەسسەر قىلغانلىقىنى ئۆزلىرىگە بىلدۈرۈپ قويۇش ۋە ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر ئېيتىش بۇرچىنى ئەسلىتىش ئۈچۈن شۇنداق قىلدى.

ئاللاھ تائالا بۇ ئىشنى مۇسۇلمانلارنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرۈش، مۇشرىكلارنى مەغلۇپ قىلىشتىن ئىبارەت ئۆزى ئىرادە قىلغان ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ھالاك بولىدىغانلارنىڭ ئوپئوچۇق دەلىلنى كۆرۈپ ئاندىن ھالاك بولۇشى، ياشايدىغانلارنىڭمۇ ئوپئوچۇق دەلىلنى كۆرۈپ ئاندىن ياشىشى ئۈچۈن شۇنداق قىلدى. ئەگەر ئىشنىڭ بېشىدا ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارغا ياردەم بەرمىگەن بولسا ئىدى، مۇسۇلمانلار ئەلۋەتتە ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان بولاتتى. شۇ ئېنىقكى، ئاللاھ تائالا ھەممە نەرسىگە قادىردۇر، ئۇ ھەقىقىي مۆئمىنلەرنىڭ ۋە ياخشى كىشىلەرنىڭ ياردەمچىسىدۇر. ئاللاھ تائالا ئۆز ۋاقتىدا مۇسۇلمانلارغا دۈشمەنلەر ئۈستىدىن كاتتا غەلىبە ئاتا قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ مۇشرىكلار قوشۇنىغا ئىشارەت قىلىپ: ﴿سَيُهۡزَمُ ٱلۡجَمۡعُ وَيُوَلُّونَ ٱلدُّبُرَ﴾ يەنى ﴿بۇ جامائە يېقىندا مەغلۇپ قىلىنىدۇ ۋە ئارقىغا قاراپ قاچىدۇ﴾[1] دېگەن سۆزى ئەمەلگە ئاشتى. بۇ ئادەتتىكى ئىش ئەمەس، بەلكى كاپىرلارنىڭ كۆڭلىنى بىتچىت قىلىدىغان، بۇددىستلىق ئەقىدىسىنى يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلايدىغان مۆجىزىلىك ئىشتۇر.

بەزى مۇپەسسىرلەر ئايەتتىكى ﴿لِّيَهۡلِكَ مَنۡ هَلَكَ عَنۢ بَيِّنَةٖ وَيَحۡيَىٰ مَنۡ حَيَّ عَنۢ بَيِّنَةٖۗ﴾ دېگەن ئايەتنى «بۇ كاپىر بولىدىغانلارنىڭ ئوپئوچۇق دەلىل-پاكىتنى كۆرگەندىن كېيىن كاپىر بولۇشى، ئىمان ئېيتىدىغانلارنىڭمۇ ئوپئوچۇق دەلىل-پاكىتنى كۆرگەندىن كېيىن ئىمان ئېيتىشى ئۈچۈندۇر»[2] دەپ تەپسىر قىلغان. چۈنكى، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئايەتتىكى ھالاكەت كۇفرىدۇر، ھايات ئىماندۇر. شەكسىزكى، ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتىپ

[1] قەمەر سۈرىسى: 45-ئايەت.

[2] «تفسير البغوي» 3- توم، 363- بەت.

ئىسلام كۆرسەتمىسى بويىچە ياشىغان ئادەم ھەقىقىي ھايات ئادەم بولۇپ، ئۇ مەڭگۈلۈك بەختلىك ھاياتقا ئېرىشىدۇ، ئەمما ئىمان ئېيتمىغان ئادەم مەنىۋى جەھەتتىن ئۆلۈك ئادەم بولۇپ، ئۇنىڭ ئاقىۋىتى ھالاكەتتۇر.

ئى پەيغەمبەر! شۇنى ئەسلىگىنكى، ئۆز ۋاقتىدا، ئاللاھ تائالا چۈشۈڭدە ساڭا كاپىرلارنىڭ سانىنى ئاز ۋە ئۇلارنى ئاجىز كۆرسەتتى، ئاندىن سەن ساھابىلىرىڭنى بۇ ئەھۋالدىن خەۋەردار قىلدىڭ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ قەلبىنى مۇستەھكەم قىلدىڭ، قورقمايدىغان قىلدىڭ. ئەگەر ئاللاھ تائالا ساڭا كاپىرلارنىڭ سانىنى ئۆز پېتى بويىچە كۆپ كۆرسەتكەن بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە سىلەر قورقۇپ كېتەتتىڭلار، كۆڭلۈڭلارغا ئەندىشە چۈشەتتى ۋە جەڭ ئىشىدا چوقۇم تالاش-تارتىش قىلىشاتتىڭلار، لېكىن ئاللاھ تائالا سىلەرنى تالاش-تارتىش قىلىشتىن ۋە مەغلۇبىيەتتىن ساقلاپ قالدى. سىلەر ئەسلىدە شامدىن كېلىۋاتقان كارۋاننى كۆزلەپ يولغا چىققان ئىدىڭلار، ئاندىن ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ مەككە قوشۇنلىرى ۋە سودا كارۋىنىدىن ئىبارەت ئىككى گۇرۇھنىڭ بىرىنى يېڭىپ چىقىدىغانلىقىڭلارنى ۋەدە قىلدى. كارۋان قېچىپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا مەككىدىن كەلگەن مۇشرىكلار قوشۇنى بىلەن ئۇرۇش قىلىشلا قالدى. نىھايەت، ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمى بىلەن سىلەر ئۇرۇشتا غەلىبە قىلدىڭلار.

سىلەر بەدرىدە دۈشمەن قوشۇنى بىلەن ئۇچراشقان چېغىڭلاردا، ئاللاھ تائالا سىلەرنى دۈشمەنلەرگە قارشى تۇرۇشتا قورقماس بولسۇن دەپ، ئۇلارنىڭ سانىنى سىلەرنىڭ كۆزۈڭلارغا ئاز كۆرسەتتى ۋە ئۇلارنى سىلەرگە قارشى تەييارلىقتا بولمىسۇن ۋە مەغرۇرلانسۇن دەپ، سىلەرنىڭ سانىڭلارنى ئۇلارنىڭ كۆزلىرىگە ئاز كۆرسەتتى. بۇ ئۇرۇش باشلىنىشتىن بۇرۇنقى ئەھۋال ئىدى. ئەمما ئۇرۇش باشلانغان چاغدا كاپىرلارنىڭ كۆزلىرىگە مۇسۇلمانلارنىڭ سانى ئۆزلىرىدىن ئىككى ھەسسە ئارتۇق كۆپ كۆرۈندى. بۇ سەۋەبتىن ئۇلار قاتتىق چۆچۈپ خۇدىنى يوقاتتى، ئۇلارنىڭ روھىي كەيپىياتى ناچارلىشىپ كەتتى، ئۇلارنى ئۈمىدسىزلىك ئىلكىگە ئېلىۋالدى. ﴿قَدۡ كَانَ لَكُمۡ ءَايَةٞ فِي فِئَتَيۡنِ ٱلۡتَقَتَاۖ فِئَةٞ تُقَٰتِلُ فِي سَبِيلِ ٱللَّهِ وَأُخۡرَىٰ كَافِرَةٞ يَرَوۡنَهُم مِّثۡلَيۡهِمۡ رَأۡيَ ٱلۡعَيۡنِۚ وَٱللَّهُ يُؤَيِّدُ بِنَصۡرِهِۦ مَن يَشَآءُۚ إِنَّ فِي ذَٰلِكَ لَعِبۡرَةٗ لِّأُوْلِي ٱلۡأَبۡصَٰرِ﴾ يەنى ﴿(ئى يەھۇدىيلار! بەدرى غازىتىدا) ئۇچراشقان شۇ ئىككى گۇرۇھتا سىلەر ئۈچۈن ئىبرەت بار ئىدى، بىرى ئاللاھ يولىدا ئۇرۇشۇۋاتقان گۇرۇھتۇر، يەنە بىرى كۆزلىرىگە مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىدەك ئىككى ھەسسە كۆرۈنۈپ كەتكەن كاپىرلار گۇرۇھىدۇر. ئاللاھ

خالىغان كىشىنى ياردەم بېرىپ قوللايدۇ. بۇنىڭدا پاراسەت ئىگىلىرى ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئىبرەت بار﴾[1].

بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ ئىسلام قوشۇنىنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرۈشتىن ئىبارەت ئەزەلدىن ئۆزى تەقدىر قىلىپ بولغان بىر ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشى ئۈچۈندۇر. ھەممە ئىش ئاللاھ تائالاغا قايتۇرۇلىدۇ ۋە ئۇنىڭ دېگىنىدەك بولىدۇ.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. بەدرى غازىتى ئىسلام تارىخىدىكى ئەڭ مەشھۇر، ھەل قىلغۇچ غازات بولۇپ، مۇسۇلمانلار مەككە مۇشرىكلىرى ئالدىدا ئۆزلىرىنىڭ ھەقىقەت ئۈستىدە ئىكەنلىكىنى ۋە كۈچ-قۇدرىتىنى ئىسپاتلىغان ئىدى.

2. ئاللاھ تائالا ھەقىقىي مەنىدىكى مۇئمىن بەندىلىرىگە ياردەم قىلىدۇ ۋە ئۇلارغا نۇسرەت ئاتا قىلىدۇ.

3. غەلىبە ياكى مەغلۇبىيەت ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسى بىلەن بولىدۇ. مۇسۇلمانلار غەلىبىگە تېگىشلىك بولغاندا، ئاللاھ تائالا ئۇلارغا غەلىبە ئاتا قىلىدۇ. بۇ خۇددى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋە كېيىنكى ئۆلگىلىك مۇسۇلمانلارغا غەلىبە ئاتا قىلغىنىغا ئوخشاش. ئەمما مۇسۇلمانلار ئۆز مەنپەئەتىنىڭ قۇلغا، مال-دۇنيانىڭ مەستانىلىرىگە ۋە شەخسىيەتچىلىكنىڭ نەمۇنىلىرىگە ئايلىنىپ قالغان زامانلاردا ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمى ئۇلارغا كەلمەيدۇ.

## ◄ جىھاد توغرىسىدىكى نەسىھەتلەر

﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ إِذَا لَقِيتُمۡ فِئَةٗ فَٱثۡبُتُواْ وَٱذۡكُرُواْ ٱللَّهَ كَثِيرٗا لَّعَلَّكُمۡ تُفۡلِحُونَ ٤٥ وَأَطِيعُواْ ٱللَّهَ وَرَسُولَهُۥ وَلَا تَنَٰزَعُواْ فَتَفۡشَلُواْ وَتَذۡهَبَ رِيحُكُمۡۖ وَٱصۡبِرُوٓاْۚ إِنَّ ٱللَّهَ مَعَ ٱلصَّٰبِرِينَ ٤٦ وَلَا تَكُونُواْ كَٱلَّذِينَ خَرَجُواْ مِن دِيَٰرِهِم بَطَرٗا وَرِئَآءَ ٱلنَّاسِ وَيَصُدُّونَ عَن سَبِيلِ ٱللَّهِۚ وَٱللَّهُ بِمَا يَعۡمَلُونَ مُحِيطٞ ٤٧﴾

[1] ئال ئىمران سۈرىسى: 13-ئايەت.

### ◄ تەرجىمىسى

**45ـئى ئىمان ئېيتقانلار! (كاپىرلاردىن بولغان) قانداقلا بىر توپقا ئۇچراشساڭلار مۇستەھكەم تۇرۇڭلار، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىڭلار ئۈچۈن ئاللاھنى كۆپ ياد ئېتىڭلار.**

**46ـئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئىختىلاپ قىلىشماڭلار، بولمىسا، ئاجىزلىشىپ قالىسىلەر، كۈچ-قۇۋۋىتىڭلار كېتىپ قالىدۇ، چىداملىق بولۇڭلار، چۈنكى، ئاللاھ چىداملىق بولغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر.**

**47ـسىلەر يۇرتلىرىدىن كۆرەڭلىگەن ۋە ئىنسانلارغا ئۆزىنى كۆرسەتكەن ھالدا چىققان، (كىشىلەرنى) ئاللاھنىڭ يولىدىن توسىدىغان كىشىلەرگە ئوخشاش بولماڭلار، ئاللاھ ئۇلارنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى تولۇق بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.**

### ◄ تەپسىرى

ئى ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتقان كىشىلەر! سىلەر جەڭ مەيدانىدا كاپىرلار قوشۇنى بىلەن ئۇچراشقان چېغىڭلاردا، مۇستەھكەم ۋە چىدامچان بولۇپ ئۇرۇش قىلىڭلار. ئۇرۇش مەيدانىدىن كەينىڭلارغا بۇرۇلۇپ قېچىشتىن قاتتىق ھەزەر ئەيلەڭلار، ئۇرۇش مەيدانىدا مۇستەھكەم تۇرۇش پەرزلەت، قېچىش بولسا چوڭ گۇناھلاردىن بولۇپ، جازاسى ئېغىر بولىدۇ. غەلىبە قازىنىشىڭلار ئۈچۈن ئاللاھ تائالانى ھەرگىز ئېسىڭلاردىن چىقارماڭلار، ھەر ۋاقىت ئۇنى كۆپ ياد ئېتىپ تۇرۇڭلار. ﴿أَلَا بِذِكۡرِ ٱللَّهِ تَطۡمَئِنُّ ٱلۡقُلُوبُ﴾ يەنى ﴿بىلىڭلاركى، دىللار ئاللاھنى ياد ئېتىش بىلەنلا ئارام تاپىدۇ﴾[1]. ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىپ تۇرۇش بىلەن كۆڭۈللەر خاتىرجەم بولىدۇ ۋە ئىماننىڭ لەززىتىنى تېتىغىلى بولىدۇ، ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلىش بىلەن قىيىنچىلىقتىن خالاس بولغىلى بولىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۆزىگە ئىلتىجا قىلغۇچىنىڭ مۇناجاتىنى چوقۇم ئاڭلىغۇچىدۇر. بولۇپمۇ دىن دۈشمەنلىرى ئۈستىدىن غەلىبە ۋە نۇسرەت تىلەپ ئۇنىڭغا ئىلتىجا قىلغان چېغىڭلاردا، ئەگەر سىلەر سەۋەبلەرنى تولۇق ئورۇندىساڭلار، نىيىتىڭلار دۇرۇس بولسا، ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ دۇئايىڭلارنى ئەلۋەتتە ئىجابەت قىلىدۇ. شۇڭا سىلەر كاپىرلار قوشۇنىغا ئۇچراشقان ۋاقىتىڭلاردا چىداملىق بولۇڭلار، بوشاڭلىق قىلماڭلار، ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمىدىن

[1] رەئد سۈرىسى: 28ـئايەت.

قەتئىي ئۈمىدسىزلەنمەڭلار، دىن ۋە دۇنيالىق بارلىق ئىشلاردا ئۇنىڭغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىڭلار. دىندا ۋە پەيغەمبەر بۇيرۇغان ئىشلاردا ئىختىلاپ قىلىشماڭلار ۋە بۆلۈنۈشتىن ساقلىنىڭلار، چۈنكى، بۆلۈنۈش مەغلۇبىيەتنىڭ سەۋەبلىرىدىن بىرىدۇر. ئىلگىرى ئۆتكەن ئۈممەتلەرمۇ ئۆزئارىسىدا ئىختىلاپ قىلىشىپ بۆلۈنگەنلىكى، پەيغەمبەرنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنمىغانلىقى سەۋەبلىك ھالاك قىلىنغان. ئورۇنسىز تالاش-تارتىش ھالاكەتنىڭ باشلانغۇچى، بەختسىزلىكنىڭ ۋە ۋەيران بولۇشنىڭ سەۋەبىدۇر. بەزىدە ئىختىلاپ سەۋەبىدىن دۆلەت قولدىن كېتىپ قالىدۇ، كۈچ-قۇۋۋەت تۈگەيدۇ. ئى ئىمان ئېيتقانلار! شۇڭا سىلەر سەۋرچان بولۇڭلار، دۈشمەن بىلەن ئېلىشىشتا چىدامچان بولۇڭلار. چۈنكى، چىدامچانلىق بىلەن سەۋرچانلىق مۆئمىنلەرنىڭ ئەڭ ياخشى قورالى بولغىنىدەك، ئاللاھ تائالاغا ئەڭ يېقىملىق كېلىدىغان خىسلەتتۇر. شەكسىزكى، ئاللاھ تائالا ھەقىقىي مۆئمىنلەر بىلەن ھەمىشە بىللىدۇر، ئۇلارغا ياردەم قىلىدۇ، ئۇلارنى قوغدايدۇ ۋە ئۇلارنى غەلىبىلەرگە ئېرىشتۈرىدۇ.

سىلەر شامدىن كەلگەن سودا كارۋىنىنى قوغداش ئۈچۈن مەككىدىن يولغا چىققان مۇشرىكلار قوشۇنىغا ئوخشاش بولۇپ قېلىشتىن ساقلىنىڭلار. چۈنكى، ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلماي، تۇزكورلۇق قىلىپ، ھەق دىننى قوبۇل قىلىشتىن باش تارتىپ، كىشىلەرگە زۇلۇم قىلىش ۋە ئۆزىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ھاكاۋۇرلۇق بىلەن يولغا چىققان ئىدى. ئۇلارغا: «كارۋانلار مۇسۇلمانلارنىڭ قولىدىن قۇتۇلدى، ئەمدى قايتىپ كېتىڭلار» دېيىلگەندە، ئۇلارنىڭ كاتتىبېشى ئەبۇ جەھل: «ياق! بىز قايتمايمىز. بىز بەدرىگە بېرىپ نەغمە-ناۋا قىلىپ، ھاراق-شاراپ ئېچىپ بەزمە قىلىمىز، ئەتراپتىكى ئەرەبلەرگە بىزنىڭ مەدىنىگە بېسىپ كەلگەنلىكىمىزنى ۋە مۇسۇلمانلارنى قورقۇتقانلىقىمىزنى بىلدۈرۈپ ھەيۋە قىلىمىز» دېدى.

ئالدىنقى ئايەتلەردە مۇشرىكلار قوشۇنىنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى بىلدۇق. ئاللاھ تائالا ئۇلارنى ئۆزلىرى ئارزۇلىغان ھاراق-شاراب بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۆلۈمنىڭ ئاچچىق شەربىتى بىلەن سۇغاردى، ئۇلارنىڭ بەزمىسىنى ماتەمگە ئايلاندۇردى، ئۇلارنىڭ مال بوغۇزلاپ زىياپەت قىلىشىنى گەدەنلىرىگە قىلىچ چېپىلىشقا ئالماشتۇردى. ئىش شۇنداق بولدى.

ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەر ھەرگىز ئۇ مۇشرىكلارغا ئوخشاش ھاكاۋۇر ۋە مۇتەكەببىر بولماڭلار، چۈنكى، ئۇلارنىڭ مەككىدىن سىلەرگە قارشى

قوشۇن تارتىپ يولغا چىققان ۋاقىتتىكى ھالىتى شۇنداق ئىدى. بىلىڭلاركى، ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ ھەممە قىلمىشلىرىنى بىلىپ تۇرىدۇ، ھەر كىشىگە ئۇنىڭ قىلغان ئەمەلىگە يارىشا جازا ياكى مۇكاپات بېرىدۇ.

كاپىرلار قوشۇنى بىلەن جەڭ مەيدانىدا ئۇچراشقاندا چىداملىق بولۇش، ئاللاھ تائالانى كۆپ ياد ئېتىش ۋە ئۇنىڭغا ئىلتىجا قىلىش، ئۇنىڭغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىش، ئۆزۈڭلاردىن بولغان ئىش باشقۇرغۇچىلارغا ۋە ھەربىي قوماندانلارغا ئىتائەت قىلىش، ئورۇنسىز تالاش-تارتىش قىلماسلىق، بۆلۈنمەسلىك، ئەڭ قىيىن شارائىتلاردىمۇ سەۋرچانلىق ۋە چىدامچانلىق بىلەن ئىش كۆرۈش، ھەقىقەتتىن باش تارتماسلىق، كىشىلەرگە تەكەببۇرلۇق ۋە چوڭچىلىق قىلماسلىق، رىياخورلۇقتىن يىراق تۇرۇش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمانىنىڭ غەلىبىسىگە تۈرتكە بولىدىغان ئامىللاردۇر.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. قوماندانغا بويسۇنۇش، تەقۋادارلىق دائىرىسىدە ئىش كۆرۈش، بىرلىكنى ساقلاش، ئىخلاسمەن ۋە چىدامچان بولۇش، قىيىنچىلىقلار ئالدىدا مۇستەھكەم بولۇش قاتارلىقلار ئۇرۇشلاردا غەلىبە قىلىشنىڭ ئامىللىرىدۇر.

2. بۇيرۇقنى ئىجرا قىلماسلىق، شەخسىي مەنپەئەتكە بېرىلىپ كېتىش، بىرلىكنى بۇزۇش، مەغرۇرلىنىش، سەممىيەتسىزلىك قىلىش قاتارلىق ناچار ئامىللار ئۇرۇشلاردا مەغلۇبىيەتكە ئۇچراشقا سەۋەب بولىدۇ.

### ◄ شەيتاننىڭ ھىيلە-مىكىرلىرى

﴿وَإِذْ زَيَّنَ لَهُمُ ٱلشَّيْطَٰنُ أَعْمَٰلَهُمْ وَقَالَ لَا غَالِبَ لَكُمُ ٱلْيَوْمَ مِنَ
ٱلنَّاسِ وَإِنِّى جَارٌ لَّكُمْ ۖ فَلَمَّا تَرَآءَتِ ٱلْفِئَتَانِ نَكَصَ عَلَىٰ عَقِبَيْهِ
وَقَالَ إِنِّى بَرِىٓءٌ مِّنكُمْ إِنِّىٓ أَرَىٰ مَا لَا تَرَوْنَ إِنِّىٓ أَخَافُ ٱللَّهَ ۚ وَٱللَّهُ
شَدِيدُ ٱلْعِقَابِ ﴿٤٨﴾ إِذْ يَقُولُ ٱلْمُنَٰفِقُونَ وَٱلَّذِينَ فِى قُلُوبِهِم مَّرَضٌ
غَرَّ هَٰٓؤُلَآءِ دِينُهُمْ ۗ وَمَن يَتَوَكَّلْ عَلَى ٱللَّهِ فَإِنَّ ٱللَّهَ عَزِيزٌ حَكِيمٌ ﴿٤٩﴾

وَلَوْ تَرَىٰٓ إِذْ يَتَوَفَّى ٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ ٱلْمَلَـٰٓئِكَةُ يَضْرِبُونَ وُجُوهَهُمْ
وَأَدْبَـٰرَهُمْ وَذُوقُوا۟ عَذَابَ ٱلْحَرِيقِ ٥٠ ذَٰلِكَ بِمَا قَدَّمَتْ أَيْدِيكُمْ
وَأَنَّ ٱللَّهَ لَيْسَ بِظَلَّـٰمٍ لِّلْعَبِيدِ ٥١

## ◄ تەرجىمىسى

48ـ ئۆز ۋاقتىدا شەيتان ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى ئۆزلىرىگە چىرايلىق كۆرسىتىپ: «بۈگۈن سىلەرنى ھېچكىم يېڭەلمەيدۇ، مەن ھەقىقەتەن سىلەرگە مەدەتكار» دېگەن ئىدى. ئەمما ئىككى قوشۇن ئۇچراشقان چاغدا شەيتان ئارقىسىغا چېكىنىدى ۋە: «مېنىڭ سىلەر بىلەن ھېچبىر ئالاقەم يوق، سىلەر كۆرمەيۋاتقاننى مەن كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمەن، مەن راستىنلا ئاللاھتىن قورقىمەن، ئاللاھنىڭ ئازابى قاتتىقتۇر» دېدى.

49ـ ئۆز ۋاقتىدا مۇناپىقلار ۋە دىللىرىدا (شەك) كېسەلى بارلار (مۇسۇلمانلارنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ): «بۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ دىنى ئالداپ قويىدى (شۇڭا ئۇلار ئۆزىدىن كۆپ سانلىق قوشۇن بىلەن ئۇرۇشتى)» دېگەن ئىدى. كىمكى ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىدىكەن، ئاللاھ ھەقىقەتەن غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

50ـ پەرىشتىلەر (بەدرى غازىتىدا) كاپىرلارنىڭ يۈزلىرىگە ۋە ئارقىلىرىغا ئۇرۇپ تۇرۇپ، (ئۇلارغا: ) «دوزاخنىڭ كۆيدۈرگۈچى ئازابىنى تېتىڭلار!» (دەپ) ئۇلارنىڭ جانلىرىنى ئېلىۋاتقان ھالەتنى كۆرگەن بولساڭ (تولىمۇ قورقۇنچلۇق ھالەتنى كۆرەتتىڭ).

51ـ بۇ (ئازاب) سىلەرنىڭ ئۆز قوللىرىڭلار بىلەن سادىر قىلغان قىلمىشىڭلار تۈپەيلىدىندۇر. ئاللاھ بەندىلىرىگە قىلچە زۇلۇم قىلغۇچى ئەمەستۇر.

## ◄ تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! شۇنى ئەسلىگىنكى، ئۆز ۋاقتىدا شەيتان كاپىرلارغا ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا قارشى سادىر قىلغان بارلىق قىلمىشلىرىنى چىرايلىق كۆرسىتىپ، ئۇلارنى يامانلىققا تېخىمۇ ۋەسۋەسە قىلىپ، ئاخىر ئۇلارنى گەدەنكەشلىكنى ياقتۇرىدىغان، ھەقىقەتنى قوبۇل قىلمايدىغان ھالغا كەلتۈرۈپ قويغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆزلىرىنى

مەڭگۈ مەغلۇپ بولمايدىغان قوشۇن دەپ ئويلاپ قالدى ۋە تولىمۇ كۆرەڭلەپ كەتتى. ئەمما ئىسلام قوشۇنى بىلەن مۇشرىكلار قوشۇنىدىن ئىبارەت ئىككى قوشۇن بەدرىدە ئۇچراشقان چاغدا، شەيتان ئارقىسىغا چېكىندى، ئۇلارنى نائۇمىد هالدا تاشلاپ قويدى. مانا بۇ شەيتاننىڭ دۇنيادا كاپىرلار بىلەن بولغان ئەھۋالىدۇر. شەيتاننىڭ ئاخىرەتتىكى ئەھۋالىمۇ دۇنيادا ئۆزىگە ئەگەشكەن ئازغۇنلارنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويۇشتىن ئىبارەت بولىدۇ. چۈنكى، شەيتان ئۇلارغا قىلچىلىكمۇ ياردەم قىلالمايدۇ، ئۇلاردىن ئازابنى يېنىكلىتەلمەيدۇ.

بەزى مۇپەسسىرلەر بەدرى ئۇرۇشى بولغان كۈنى ئىبلىسنىڭ كىنانە قەبىلىسىنىڭ شائىرى سۇراقە ئىبنى مالىكنىڭ سۈرىتىدە كېلىپ مەككىدىن كەلگەن مۇشرىكلار قوشۇنى بىلەن سۆزلەشكەنلىكى ۋە ئۇلارغا ياردەم بېرىدىغانلىقى توغرۇلۇق ۋەدىلەرنى بەرگەنلىكى، ئاندىن ئىككى قوشۇن ئۇچرىشىپ جەڭ باشلانغان چاغدا، ئىبلىسنىڭ دەرھال قېچىپ كەتكەنلىكى توغرۇلۇق بەزى قىسسىلەرنى بايان قىلغان. ئەمما ئەللامە سەييىد قۇتۇب «فى زىلالىل قۇرئان» ناملىق تەپسىرىدە مۇنداق دېگەن: «ئىبلىسنىڭ مۇشرىكلارنىڭ قىلمىشلىرىنى ئۆزلىرىگە چىرايلىق قىلىپ كۆرسەتكەنلىكى، ئۇلارغا ياردەم قىلىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلىپ، ئۇلارنى مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇشقا چىقىشقا قىزىقتۇرغانلىقى قۇرئاننىڭ ئايىتى بىلەن تەكىتلەنگەن ئېنىق ھەقىقەتتۇر، ئەمما بىز ئىبلىسنىڭ ئۇلارغا ئۆز قىلمىشلىرىنى قانداق شەكىلدە چىرايلىق كۆرسەتكەنلىكى، ئۇلارغا ﴿بۈگۈن سىلەرنى ھېچكىم يېڭەلمەيدۇ، مەن ھەقىقەتەن سىلەرگە مەدەتكار﴾ دېگەن سۆزنى قايسى ئۇسۇلدا ئۇقتۇرغانلىقى، كېيىن ئىككى قوشۇن ئۇچراشقاندا قانداق قېچىپ كەتكەنلىكى ۋە قاچقان ۋاقتىدا نېمە دېگەنلىكى ھەققىدىكى تەپسىلاتنى بىلمەيمىز»[1].

ئىبلىس ۋە ئۇنىڭ تەۋەلىرى بولغان شەيتانلار ئىنسانلارنى ئەنە شۇنداق ئالدايدۇ، ئۇلارغا چىرايلىق ۋەدىلەرنى بېرىپ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى تىندۇرىدۇ ۋە ئۇلارنى يامان ئىشقا داۋاملىق كۈشكۈرتىدۇ. ئاندىن ئۇلارنى ئازدۇرۇپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ تارتقان زىيان-زەخمەتلىرىنى تاماشا قىلىدۇ. ئەھۋال شۇنداق تۇرسىمۇ بەزى ئىنسانلار يەنى لا شەيتانلارغا ئەگىشىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ نەيرەڭلىرىگە ئالدىنىپ كېتىدۇ.

ئۆز ۋاقتىدا مۇناپىقلار ۋە دىللىرىدا ھەسەتخورلۇق، ئۆچمەنلىك ۋە شەك

---

[1] «في ظلال القرآن» 3-توم، 418-بەت.

كېسەللىكى بار ئادەملەر مۇسۇلمانلارنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: «بۇلارنى ئۇلارنىڭ دىنى ئالداپ قويدى. شۇڭا ئۇلار ئۆز دىنىغا ئىشەنچ قىلغانلىقتىن، مەغرۇرلىنىپ ئۆزلىرىنى يېڭىلمەس قوشۇن دەپ ئويلاپ قېلىشتى ۋە ئاران ئۈچ يۈز نەچچە كىشى تۇرۇپ، مەككىدىن كەلگەن بىر مىڭدىن ئارتۇق قوشۇن بىلەن ئۇرۇشقىلى چىقتى» دېگەن ئىدى. ئاللاھ تائالاغا چىن ئىشىنىپ، ئۇنىڭغا تايانغان بەندىلىرى ئۈچۈن ئاللاھ تائالا كۇپايە ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇلارغا چوقۇم مەدەت بېرىدىغانلىقىنى مۇناپىقلار نەدىن بىلسۇن؟! بۇ مۇناپىقلار ھەقىقەت ئۈستىدە مۇستەھكەم تۇرغان مۇئمىنلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ ھەر ۋاقىت ئەزىز قىلىدىغانلىقىنى، ئۇلارنى دۈشمەنلىرى ئۈستىدىن غالىب قىلىدىغانلىقىنى ۋە ياردىمى بىلەن ئۇلارنى كۈچلەندۈرىدىغانلىقىنى نەدىن بىلسۇن؟! ئاللاھ تائالا ئۆزى ئىرادە قىلغان ھەرقانداق بىر ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئەلۋەتتە قادىردۇر، ھەممىگە غالىب كەلگۈچىدۇر، بارلىق ئىشلىرىنى ھېكمەت بىلەن قىلغۇچىدۇر، بەندىلىرىنىڭ ئەھۋاللىرىنى تولۇق بىلگۈچىدۇر.

ئى پەيغەمبەر! ئەگەر سەن جان ئالغۇچى پەرىشتىلەرنىڭ كاپىرلارنىڭ جانلىرىنى ئېلىۋاتقاندا، ئۇ كاپىرلارنىڭ جان تالىشىۋاتقان ھالىنى بىر كۆرسەڭ، ئەلۋەتتە تولىمۇ دەھشەتلىك ۋە بەكمۇ قورقۇنۇشلۇق بىر ئەھۋالنى كۆرگەن بولاتتىڭ. چۈنكى، ئۇ ۋاقىتتا پەرىشتىلەر كاپىرلارنىڭ يۈزلىرىگە ۋە ئارقىلىرىغا تۆمۈر قامچىلار بىلەن ئۇرۇپ تۇرۇپ، ئۇلارغا: «دوزاخنىڭ كۆيدۈرگۈچى ئازابىنى تېتىڭلار!» دەيدۇ. بۇ ئەينى ۋاقىتتا كاپىرلار ئۈچۈن ئاخىرەتتە بولىدىغان قاتتىق ئازابتىن خەۋەر بېرىشتۇر. ئەمما ھەقىقىي ئازابنى ئۇلار ئاخىرەتتە كۆرىدۇ. شۇ ۋاقىتتا كاپىرلارغا دېيىلىدۇكى، بۇ ئازاب-ئوقۇبەتلەر سىلەرنىڭ دۇنيادا ئۆز قولۇڭلار بىلەن سادىر قىلغان قىلمىشلىرىڭلار سەۋەبىدىن بولىدى. چۈنكى، ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنى بىكارغا جازالىمايدۇ، سەۋەبسىز ئازابلىمايدۇ. ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە ئەسلا ئۇۋال قىلغۇچى ئەمەس. ئاللاھ تائالا پەقەت ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى ئادىللىق بىلەن بىر تەرەپ قىلىدۇ، ھەربىر كىشىگە مۇكاپات ۋە جازادىن بولغان تېگىشلىك نېسىۋىسىنى بېرىدۇ.

### مۇھىم نۇقتىلىرى

1. كاپىرلارنىڭ ۋە ھەق يولدىن ئازغانلارنىڭ قىلمىشلىرىنى شەيتانلار ئۇلارغا يوللۇق ۋە چىرايلىق قىلىپ كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ھېس قىلماستىن، ئۆزلىرىنىڭ مەغلۇبىيىتىنى ۋە ھالاكىتىنى ھازىرلايدۇ.

2. ئۆزلىرىنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى يوشۇرۇپ كەلگەن مۇناپىقلارنىڭ پۇل-مال كېتىدىغان، جان پىدا قىلىش تەلەپ قىلىدىغان ھالقىلىق پەيتلەردە ئەپتى-بەشىرىسى ئاشكارىلىنىپ قالىدۇ.

3. ھەر ئىشتا پېتەرلىك سەۋەبلەرنى ئورۇنداش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئاللاھ تائالاغا چىن ئىشەنچ بىلەن تايىنىش مۇسۇلمانلار ئۈچۈن پەرزدۇر.

4. قەبرىنىڭ ئازابى ۋە راھىتى ھەقتۇر. قەبرىنىڭ ئازابى كاپىرلارغا ۋە مۇسۇلمانلاردىن بولغان ئاسىي- گۇناھكارلارغا بولىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ راھىتى تەقۋادار مۇئمىنلەرگە خاستۇر. قەبرىدە بولىدىغان ئىشلار بەرزەخ ئالىمىگە (يەنى بۇ دۇنيا بىلەن ئاخىرەت ئوتتۇرىسىدىكى ئالەمگە) خاس ئىشلار بولغانلىقتىن، بۇ ئىشلارنى تىرىكلەر بارلىق پەن-تېخنىكىلىرىنى قوللانغان تەقدىردىمۇ بىلەلمەيدۇ ۋە ھېس قىلالمايدۇ.

## ◄ ھالاكەتنىڭ سەۋەبى

﴿كَدَأْبِ ءَالِ فِرْعَوْنَ وَٱلَّذِينَ مِن قَبْلِهِمْ كَفَرُوا۟ بِـَٔايَـٰتِ ٱللَّهِ
فَأَخَذَهُمُ ٱللَّهُ بِذُنُوبِهِمْ إِنَّ ٱللَّهَ قَوِىٌّ شَدِيدُ ٱلْعِقَابِ ﴿٥٢﴾ ذَٰلِكَ بِأَنَّ
ٱللَّهَ لَمْ يَكُ مُغَيِّرًا نِّعْمَةً أَنْعَمَهَا عَلَىٰ قَوْمٍ حَتَّىٰ يُغَيِّرُوا۟ مَا بِأَنفُسِهِمْ
وَأَنَّ ٱللَّهَ سَمِيعٌ عَلِيمٌ ﴿٥٣﴾ كَدَأْبِ ءَالِ فِرْعَوْنَ وَٱلَّذِينَ مِن قَبْلِهِمْ
كَذَّبُوا۟ بِـَٔايَـٰتِ رَبِّهِمْ فَأَهْلَكْنَـٰهُم بِذُنُوبِهِمْ وَأَغْرَقْنَآ ءَالَ فِرْعَوْنَ
وَكُلٌّ كَانُوا۟ ظَـٰلِمِينَ ﴿٥٤﴾﴾

## ◄ تەرجىمىسى

52-(ئۇلارنىڭ ئادىتى) پىرئەۋن جامائەسىنىڭ ۋە ئۇلاردىن ئىلگىرىكىلەرنىڭ ئادىتىگە ئوخشايدۇ، ئۇلار ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى يالغانغا چىقىرىۋىدى، ئاللاھ ئۇلارنى گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن ھالاك قىلىۋەتكەن ئىدى. شەكسىزكى، ئاللاھ كۈچلۈكتۇر، ئازابى قاتتىقتۇر.

53-بۇ (ئازابنىڭ چۈشۈشى) شۇنىڭ ئۈچۈنكى، بىرەر قەۋم ئۆزىنىڭ ھالىتىنى (كۇفرى ۋە گۇناھ بىلەن) ئۆزگەرتمىگۈچە ئاللاھ ئۇلارغا بەرگەن نېمىتىنى ئۆزگەرتىۋەتمەيدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى

بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

54-(ئۇلارنىڭ ئادىتى) پىرئەۋن جامائەسىنىڭ ۋە ئۇلاردىن ئىلگىرىكىلەرنىڭ ئادىتىگە ئوخشايدۇكى، ئۇلار رەببىنىڭ ئايەتلىرىنى يالغانغا چىقارغان ئىدى. شۇڭا بىز ئۇلارنى گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن ھالاك قىلدۇق، پىرئەۋن جامائەسىنى (دېڭىزغا) غەرق قىلدۇق. ئۇلارنىڭ ھەممىسى زالىملار ئىدى.

## تەپسىرى

بۇ كاپىرلارنىڭ بېشىغا كېلىدىغان ئازاب-ئوقۇبەتلەرنىڭ باشقا بىر سەۋەبتىن ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلغانلىقى ۋە ئۇنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغانلىقى تۈپەيلىدىن ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان يېڭى بىر باشلىنىش بولۇپ، بۇ ئايەتلەر ﴿ذَٰلِكَ بِمَا قَدَّمَتْ أَيْدِيكُمْ وَأَنَّ ٱللَّهَ لَيْسَ بِظَلَّٰمٍ لِّلْعَبِيدِ﴾ يەنى ﴿بۇ (ئازاب) سىلەرنىڭ ئۆز قوللىرىڭلار بىلەن سادىر قىلغان قىلمىشلىرىڭلار تۈپەيلىدىندۇر. ئاللاھ بەندىلىرىگە قىلچە زۇلۇم قىلغۇچى ئەمەستۇر﴾[1] دېگەن ئايەتنىڭ مەزمۇنىنى كۈچلەندۈردۇ.

بۇ كاپىرلارنىڭ گۇناھ قىلىشتىكى ۋە ئاسىيلىقتىكى ئادىتى خۇددى پىرئەۋن جامائەسى ۋە ئۇلاردىن بۇرۇنقى ئاد، سەمۇد قەۋملىرىنىڭ ۋە لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنىڭ ئادىتىگە ئوخشايدۇ، پەيغەمبەرلىرى ئۇلارغا ئاللاھ تائالانىڭ بىر ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىدىغان روشەن ئايەتلەرنى، كەسكىن دەلىللەرنى ۋە ئوپئوچۇق مۆجىزىلەرنى ئېلىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ ئايەتلىرىنى يالغانغا چىقارغان، مۆجىزىلەرنى ئىنكار قىلغان، ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغان ئىدى. شۇڭا ئاللاھ تائالا ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ بۇ ئېغىر قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن ئىبرەتلىك ھالدا ھالاك قىلىۋەتكەن. بۇ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ھەقىقەتەن كۈچلۈك، ئازابى تولىمۇ قاتتىق زاتتۇر. ھەرقانداق گۇناھنىڭ جازاسى شۇ گۇناھنىڭ دەرىجىسىگە قاراپ بولىدۇ. ھەرقانداق گۇناھ جازالىنىشقا سەۋەب بولىدۇ.

بۇنىڭ مۇنداق بولۇشى شۇنىڭ ئۈچۈنكى، قانداقلا بىر قەۋم ئۆزىنىڭ گۈزەل ئەخلاقىنى ۋە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ياخشى ھالىتىنى كۇفرىلىق، تۇزكورلۇق ۋە گۇناھ-مەئسىيەتلەر بىلەن ئۆزگەرتمىگۈچە ئاللاھ تائالا

[1] ئەنفال سۈرىسى: 51- ئايەت.

ئۇلارغا ئاتا قىلىپ كېلىۋاتقان نېمىتىنى ۋە ئىنئاملىرىنى ئۆزگەرتىۋەتمەيدۇ، يەنى نېمەتلەنگۈچىلەر نېمەتكە تۇزكورلۇق قىلىپ ھەددىدىن ئاشمىسا، ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلىپ تۇرسا، ئاللاھ تائالا ئۇلارغا بېرىپ كېلىۋاتقان باياشاتلىق، خاتىرجەملىك، تەن ساقلىقى قاتارلىق نېمەتلىرىنى ئۇلاردىن تارتىۋالمايدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر، بەندىلىرىگە تولىمۇ مېھرىبان زاتتۇر.

مەككىلىك مۇشرىكلار نېمەت ئىچىدە، مول-لۇق ئىچىدە خاتىرجەم، باياشاتلىق تۇرمۇشتا ياشىماقتا. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ئۇلارغا ئاچلىقتىن كېيىن تائام بېرىپ تويغۇزدى، قورقۇنچتىن كېيىن ئامانلىق بېرىپ خاتىرجەم قىلدى، ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ ئارىسىدىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن ئىبارەت «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئايەتلىرىنى تىلاۋەت قىلىپ بېرىدىغان، ئۇلارنى گۇناھلىرىدىن پاكلايدىغان، ئۇلارغا «قۇرئان كەرىم»نى ۋە ھېكمەتنى ئۆگىتىدىغان بىر پەيغەمبەر ئەۋەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېلىشتىن بۇرۇن ئۇلار ئويۇچۇق ئازغۇنلۇق ئىچىدە ياشايتتى. يەنى ئۇلار شۇنداق ئازغۇن، شۇنداق گۇناھكار بىر قەۋم بولسىمۇ، يەنى لا ئاللاھ تائالا ئۇلارنى نېمەتلەندۈرگەن ۋە ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ ئارىسىدىن پەيغەمبەر ئەۋەتىش بىلەن ئۇلارنى شەرەپلەندۈرگەن ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇپ ئەۋەتىلگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ بۇرۇنقى ئەسكى خۇي-پەيلى تېخىمۇ بەتتەرلەشتى، ئۇلار ھەددىدىن ئاشتى، ھەق دىننى قوبۇل قىلمىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلدى، ئۇنىڭغا دۈشمەنلىك قىلدى، ھەتتا ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە ئۇرۇندى. ساھابىلەرنى قاتتىق ئازابلار بىلەن قىينىدى. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا ئۇلارغا ئاتا قىلغان نېمەتلىرىنى ئازابقا ئۆزگەرتىۋەتتى. ﴿إِنَّ ٱللَّهَ لَا يُغَيِّرُ مَا بِقَوۡمٍ حَتَّىٰ يُغَيِّرُواْ مَا بِأَنفُسِهِمۡۗ﴾ يەنى ﴿شەكسىزكى، ھەرقانداق بىر قەۋم ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمىگۈچە، ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمەيدۇ﴾[1].

ئۇلارنىڭ ئادەتلەنگەن ئىشى خۇددى پىرئەۋن جامائەسىنىڭ ۋە ئۇلاردىن بۇرۇنقىلارنىڭ ئادىتىگە ئوخشاش رەببىنىڭ ئايەتلىرىنى يالغانغا چىقىرىش، ھەق دىننى ئىنكار قىلىش، پەيغەمبەرگە قارشى چىقىش، كىشىلەرنى ھەق دىننى قوبۇل قىلىشتىن توسۇش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت ئىدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، ئاللاھ تائالا ئۇلارنى گۇناھلىرى سەۋەبلىك

[1] رەئد سۈرىسى: 11-ئايەت.

ھالاك قىلىنىۋەتتى. ئاللاھ تائالا پىرئەۋن جامائەسىنى دېڭىزغا غەرق قىلىپ ھالاك قىلغان بولسا، باشقىلىرىنى قاتتىق بوران، دەھشەتلىك ئاۋاز، يەرگە يۇتقۇزۇش قاتارلىق ئازابلار بىلەن ھالاك قىلىۋەتتى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىماندىن كۇفرىلىقنى ئەۋزەل كۆرۈش ۋە كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋېلىش، پەيغەمبەرگە قارشى تۇرۇش ئارقىلىق ئۆزىگە ۋە باشقىلارغا زۇلۇم قىلغانلىقتىن، ھالاك بولۇشقا تېگىشلىك بولغان قەۋملەر ئىدى.

## ◄ مۇھىم نوقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە ئەسلا ئۇۋال قىلمايدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە تولىمۇ مېھرىبان، ناھايىتى كۆيۈمچان زاتتۇر.

2. ئاللاھ تائالا نېمەتكە شۈكۈر قىلمىغانلارنى، بۇ نېمەتلەرگە ئۆز كۈچۈم ۋە بىلىمىم بىلەن ئېرىشتىم دەپ مەغرۇرلانغۇچىلارنى تەدرىجىي ھالدا تېخىمۇ كۆپ نېمەتلەندۈرۈپ، ئاندىن بۇ نېمەتلەرنى ئەڭ چوڭ ئازابلارغا ئۆرۈيدۇ. بۇ ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرى ئۈستىدە يۈرگۈزۈپ كېلىۋاتقان ئۆزگەرمەس قانۇنىيىتىدۇر. بۇ خۇددى قارۇننى يەرگە يۇتقۇزۇۋەتكىنىگە، پىرئەۋننى سۇغا غەرق قىلغىنىغا، ئەبۇ جەھلنى مۇسۇلمانلارنىڭ قىلىچى بىلەن ھالاك قىلغىنىغا ئوخشاشتۇر.

3. ئىنسانلار نېمەتلەرگە تۈزكورلۇق قىلىپ، ھەددىدىن ئاشمىغۇچە ئاللاھ تائالا ئۇلارغا بەرگەن نېمەتلىرىنى ۋە ياخشىلىقنى تارتىۋالمايدۇ.

4. زۇلۇم – يولسىزلىق قىلىش، ناھەق ئىش قىلىش دېگەنلىك بولۇپ، بەزىدە گۇناھ-مەئسىيەتلەرمۇ زۇلۇم دېيىلىدۇ. چۈنكى، گۇناھ-مەئسىيەت سادىر قىلغان ئادەم ئۆزىنىڭ خاتىرجەملىكىگە زىيان يەتكۈزۈپ، ئۆزىگە قىيىنچىلىق ۋە ئازابلارنى ئېلىپ كەلگەن بولىدۇ.

## ◄ ئەھدىسىنى بۇزغانلارنىڭ ئاقىۋىتى

﴿إِنَّ شَرَّ ٱلدَّوَآبِّ عِندَ ٱللَّهِ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ فَهُمۡ لَا يُؤۡمِنُونَ ۝٥٥
ٱلَّذِينَ عَٰهَدتَّ مِنۡهُمۡ ثُمَّ يَنقُضُونَ عَهۡدَهُمۡ فِي كُلِّ مَرَّةٖ وَهُمۡ لَا
يَتَّقُونَ ۝٥٦ فَإِمَّا تَثۡقَفَنَّهُمۡ فِي ٱلۡحَرۡبِ فَشَرِّدۡ بِهِم مَّنۡ خَلۡفَهُمۡ لَعَلَّهُمۡ
يَذَّكَّرُونَ ۝٥٧ وَإِمَّا تَخَافَنَّ مِن قَوۡمٍ خِيَانَةٗ فَٱنۢبِذۡ إِلَيۡهِمۡ عَلَىٰ سَوَآءٍۚ
إِنَّ ٱللَّهَ لَا يُحِبُّ ٱلۡخَآئِنِينَ ۝٥٨ وَلَا يَحۡسَبَنَّ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ سَبَقُوٓاْۚ

إِنَّهُمْ لَا يُعْجِزُونَ ﴿٥٩﴾

## تەرجىمىسى

55 ـ ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ نەزىرىدە جانلىقلارنىڭ ئەڭ يامىنى كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋالغانلار بولۇپ، ئۇلار ئىمان ئېيتمايدۇ.

56 ـ ئۇلار سەن بىلەن كېلىشىم تۈزگەن، ئاندىن ئاللاھتىن قورقماستىن، ھەر قېتىمدا كېلىشىمنى بۇزىدىغانلاردۇر.

57ـ ئەگەر ئۇرۇشتا ئۇلار بىلەن تۇتۇشۇپ قالساڭ، ئۇلار (نى قاتتىق جازالاش) ئارقىلىق ئارقىدىكىلەرنى تىرىپىرەن قىلىۋەتكىنكى، ئۇلار (بۇنىڭدىن) ئىبرەت ئالسۇن.

58ـ ئەگەر سەن (ئالامەتلىرىدىن ئۇلارنىڭ) (ئاراڭلاردا كېلىشىم تۈزۈشكەن) بىرەر قەۋمنىڭ كېلىشىمگە ۋاپاسىزلىق قىلىشىدىن ئەنسىرىسەڭ، (كېلىشىم بوگۇندىن ئېتىبارەن ئەمەلدىن قالدى دەپ) ئۇلارغا ئەھدىسىنى ئوچۇق ـ ئاشكارا تاشلاپ بەرگىن. شەكسىزكى، ئاللاھ ئەھدىگە خىيانەت قىلغۇچىلارنى ياخشى كۆرمەيدۇ.

59ـ (بەدرى غازىتىدا تىرىك قالغان) كاپىرلار قۇتۇلدۇق دەپ ئويلىمىسۇن. ئۇلار (ئاللاھنىڭ جازاسىدىن) ھەرگىز قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ.

## بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ئالدىنقى ئايەتلەردە ئاللاھ تائالا زالىم كاپىرلارنىڭ ئۆز قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن ھالاك بولغانلىقىنى بايان قىلغان بولسا، بۇ ئايەتلەردە ھالاك بولماي قالغانلارنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە توختالغان. بۇ ئايەتلەر بەنى قۇرەيزە يەھۇدىيلىرى توغرىسىدا نازىل بولغان بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار بىلەن تىنچلىق كېلىشىمى تۈزگەن ۋە ئۇلاردىن مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇش قىلماسلىق ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ زېمىنىغا باشقىلارغا ياردەم بەرمەسلىك توغرىسىدا ۋەدە ئالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار كېلىشىمنى بۇزۇپ مەككە مۇشرىكلىرىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلەرنى يوق قىلىش ئۈچۈن قوزغىغان ئۇرۇشىغا قورال-ياراق ۋە ئوزۇق-تۈلۈك ياردەم بېرىدۇ. ئاندىن ئۇلار «بىز بەرگەن ۋەدىمىزنى ئۇنتۇپ قاپتىمىز» دەپ ئىككىنچى قېتىم قايتىدىن ۋەدە بېرىدۇ، ئاندىن يەنە كېلىشىمنى بۇزۇپ خەندەك ئۇرۇشى بولغاندا

كاپىرلار تەرەپتە تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ كاتتىبېشى كەئب ئىبنى ئەشرەف پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن، مەككىگە بېرىپ قۇرەيش كاپىرلىرى بىلەن ئىتتىپاق تۈزىدۇ.

### ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە جانلىقلارنىڭ ئەڭ يامىنى كۇفرىلىقتا چىڭ تۇرۇۋالغان، باشقىلارنى ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلىشتىن ئىبارەت ئاللاھ تائالانىڭ يولىدىن توسقان ۋە كۇفرىنى ھىمايە قىلىش يولىدا جان پىدا قىلغانلار بولۇپ، «قۇرئان كەرىم» ئۇلارنىڭ ھايۋانلاردىنمۇ تۆۋەن دەرىجىدىكى مەخلۇقلار ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. چۈنكى، ھايۋانلاردا ئەقىل-ئىدراك يوق. ئەمما ئىنسانغا ئاللاھ تائالا ئەقىل-ئىدراك ۋە پاراسەت ئاتا قىلغان تۇرۇقلۇق، ئۇ ئۆزىنىڭ ياراتقۇچىسىنى تونۇمىسا، ئۆزىگە بېرىلگەن ئەقلىنى ئىشلەتمىسە، ئۇ ھايۋاندىنمۇ بەتتەر بولماي نېمە بولماقچى؟ شۇڭا ئۆزىنىڭ ياراتقۇچىسىنى ئىنكار قىلغان ئىنسانلار ھايۋانلاردىنمۇ بەتتەر بولۇپ، ئۇلار مەخلۇقاتنىڭ ئەڭ تۆۋەن دەرىجىسىگە چۈشۈپ قالىدۇ.﴿إِنۡ هُمۡ إِلَّا كَٱلۡأَنۡعَٰمِ بَلۡ هُمۡ أَضَلُّ سَبِيلًا﴾ يەنى ﴿ئۇلار پەقەت ھايۋانلارغا ئوخشاشتۇر، بەلكى ھايۋانلاردىنمۇ بەتتەر ئازغۇندۇر﴾[1] شۇڭا ئۇلار ئىمان ئېيتمايدۇ ۋە ئۇلاردىن مەڭگۈ ياخشىلىق كۈتۈلمەيدۇ.

ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە، مەخلۇقاتنىڭ ئەڭ يامىنى خۇددى بەنى قۇرەيزە يەھۇدىيلىرىغا ئوخشاش كېلىشىم تۈزگەن تۇرۇقلۇق، ھەر قېتىمدا كېلىشىمنى بۇزىدىغان، ئاللاھ تائالادىن ۋە قىيامەتتە ھېساب بېرىشتىن قورقمايدىغان كاپىرلاردۇر. مۇنداقلاردا ۋەدىگە ۋاپا قىلىشقا، كېلىشىمگە ئەمەل قىلىشقا تۈرتكە بولىدىغان ۋىجدان ياكى مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بولمايدۇ. شۇڭا ئۇلار ئۈچۈن كېلىشىمنى بۇزۇش، ۋەدىگە ۋاپاسىزلىق قىلىش ئويۇننىڭ ئورنىدىكى ئىشتۇر.

مانا بۇ ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدىكى ئەھۋالى. ئەمدى كېلىشىمنى بۇزغان ۋاپاسىزلارنى قانداق قىلىش توغرىسىدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەگەر ئۇرۇشتا ئۇلار بىلەن تۇتۇشۇپ قالساڭ، ئۇلار(نى قاتتىق جازالاش) ئارقىلىق ئارقىدىكىلىرىنى تىرىپىرەن قىلىۋەتكىنكى، ئۇلار (بۇنىڭدىن) ئىبرەت ئالسۇن!﴾ يەنى سەن بىلەن تۇتۇشقان كاپىرلارنى شۇنداق قاتتىق جازالىغىنكى، ئۇلارنى تىرىپىرەن قىلىۋەتكىن، كېيىن-

---

[1] فۇرقان سۈرىسى: 44-ئايەت.

ـكىلىرى بۇنىڭدىن ئىبرەت ئالسۇن، ئۇلار سەن بىلەن قايتا بىر قېتىم ئۇرۇش قىلىشقا قەتئىي جۈرئەت قىلالمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالسۇن، كېيىنچە سىلەرگە چېقىلىشقا ھېچ پېتىنالمىسۇن. ئەمما سەن بىلەن كېلىشىم تۈزگەنلەرنىڭ كېلىشىمنى بۇزۇشىدىن ئەنسىرىسەڭ، ئۇلار بىلەن تۈزۈلگەن كېلىشىمنىڭ بۇزۇلغانلىقىنى ئۇلارغا ئوچۇقچە بىلدۈرۈپ قويۇپ، ئۇلارنىڭ كېلىشىمنى ئۆزىگە تاشلاپ بەرگىن. ئۇلارغا كېلىشىمنىڭ بۇزۇلغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويۇشۇڭدىن مەقسەت ئۇلارنىڭ ساڭا كېلىشىمنى ئۆزى بۇزدى دەپ تۆھمەت قىلماسلىقى ئۈچۈندۇر. ئاللاھ تائالا كېلىشىمنى بۇزىدىغان، ۋەدىسىدە تۇرمايدىغان ۋاپاسىزلارنى قەتئىي ياخشى كۆرمەيدۇ.

بەدرى ئۇرۇشىدا ئۆلتۈرۈلمەي قالغان كاپىرلار ئۆزلىرىنى ئەمدى بىز مۇسۇلمانلارنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇپ قالدۇق دەپ ئويلاپ قالمىسۇن. چۈنكى، ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن ھەرگىز قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، ئاللاھ تائالانى ئۆزلىرىنى جازالاشتىن ئاجىز قىلالمايدۇ. بەلكى ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ چاڭگىلىدا بولۇپ، ئۇنىڭدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. ئۇلار بۇ دۇنيادا ئۆلتۈرۈلۈش بىلەن، ئاخىرەتتە بولسا قاتتىق ئازاب قىلىنىش بىلەن چوقۇم جازالىنىدۇ. ئەمما سەن ئى پەيغەمبەر! شۇنى ئۇنتۇمىغىنكى، ئاللاھ تائالانىڭ ئازابى كاپىرلارنى ھەممە تەرەپتىن قورشايدۇ، ئۇلارنى كاپىر بولغانلىقى، ھەق دىنغا قارشى چىققانلىقى ۋە كۇفرىلىقتا چىڭ تۇرۇۋالغانلىقىغا ئاساسەن ئازابلايدۇ. شۇڭا سەن سەۋر قىلىپ خاتىرجەم بولغىن، ئاللاھ تائالا ھەقىقەتەن سەن بىلەن بىللىدۇر.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئۆزىنىڭ ياراتقۇچىسىنى ئىنكار قىلغۇچىلار ھايۋانلاردىنمۇ تۆۋەن دەرىجىدە تۇرىدىغان مەخلۇقلاردۇر. چۈنكى، ئىنسانلار ئۆزىنىڭ ئىگىسىنى تونۇمىغان ھايۋاننى «ۋاپاسىز ئىت» دەپ سۆكىدۇ ۋە ئۇنى يامان كۆرىدۇ. ھالبۇكى، ئانىسىنىڭ قورسىقىدىكى بىر تامچە سۇ ھالىتىدىن تاكى يورۇق دۇنياغا كۆز ئېچىپ، ئاخىر بۇ دۇنيادىن خوشلاشقىنىغا قەدەر كېچە-كۈندۈز ھەر ۋاقىت سانسىزلىغان نېمەتلىرى ۋە ھىمايىسى بىلەن رىزىقلاندۇرۇپ، قوغداپ تۇرغان ئىگىسىنى ئىنكار قىلىپ، ئۇنىڭ نېمەتلىرىنى تونۇماي، ھەر نەرسىنى ئۆز كۈچۈم ۋە ئۆز قابىلىيىتىم بىلەن ھاسىل قىلدىم، دەيدىغان كاپىر ئىنساندىنمۇ رەزىل ۋە پەس مەخلۇق بارمۇ دۇنيادا؟!

2. زۇلۇمدا، جىنايەتتە ۋە گۇناھ-مەئسىيەتلەردە ھەددىدىن ئاشقانلارنى ئاللاھ تائالا تەۋبە قىلىشقا پۇرسەت بەرمەيلا بۇ دۇنيادىن ئېلىپ كېتىپ، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ئازابىنى ئوبدان تېتىتىدۇ.

3. دۇنيادا ھەرقانداق بىر ئىشنىڭ ئۆزىگە خاس قائىدىسى ۋە قانۇنىيىتى بولغىنىدەك، ئۇرۇشنىڭمۇ مەلۇم پرىنسىپلىرى ۋە قانۇنىيەتلىرى بار. دۈشمەن تەرەپ كېلىشىمنى بۇزغان ھامان ئۇلارنى ئۇجۇقتۇرۇش، ئۇرۇش مەيدانىدا دۈشمەنلەرگە قارشى كەسكىن بولۇش، ئۇرۇش مەيدانىدىن جېنىنى ساقلاش ئۈچۈن چېكىنمەسلىك قاتارلىقلار ئۇرۇشنىڭ پرىنسىپلىرىدىن سانىلىدۇ.

### ◄ ئۇرۇش ئۈچۈن ئەسكىري تەييارلىق ھەققىدە

﴿وَأَعِدُّواْ لَهُم مَّا ٱسْتَطَعْتُم مِّن قُوَّةٍ وَمِن رِّبَاطِ ٱلْخَيْلِ تُرْهِبُونَ بِهِۦ عَدُوَّ ٱللَّهِ وَعَدُوَّكُمْ وَءَاخَرِينَ مِن دُونِهِمْ لَا تَعْلَمُونَهُمُ ٱللَّهُ يَعْلَمُهُمْۚ وَمَا تُنفِقُواْ مِن شَىْءٍ فِى سَبِيلِ ٱللَّهِ يُوَفَّ إِلَيْكُمْ وَأَنتُمْ لَا تُظْلَمُونَ ۝٦٠﴾

### ◄ تەرجىمىسى

60 ـ (دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن) ئۇلارغا قارشى قولۇڭلاردىن كېلىشىچە كۈچ، جەڭ ئېتى تەييارلاڭلار. بۇنىڭ بىلەن ئاللاھنىڭ دۈشمىنىنى، ئۆزۈڭلارنىڭ دۈشمىنىنى ۋە ئۇلاردىن باشقا سىلەر تونۇمايدىغان، (لېكىن) ئاللاھ بىلىدىغان دۈشمەنلەرنى قورقۇتىسىلەر. سىلەرنىڭ ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلغىنىڭلار مەيلى نېمە بولسا بولسۇن، سىلەرگە قىلچە ئۇۋال قىلىنمىغان ھالدا ئۇنىڭ مۇكاپاتى تولۇق بېرىلىدۇ.

### ◄ تەپسىرى

ئەسكەر دۆلەتنىڭ كۈچى، قوغدىنىدىغان قورالى، دۈشمەنگە تاقابىل تۇرىدىغان يۈزى، جازالايدىغان قولى، ھوشيار تۇرىدىغان قەلبى، يۇمۇلمايدىغان كۆزىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن «قۇرئان كەرىم» مۇسۇلمانلارنىڭ ھەربىي كۈچى تەييارلىشىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەكىتلەپ، بۇنى بىرقانچە ئايەتلەردە بايان قىلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسلام ئەسكەر-

لىرىگە ئۆز زامانىسىنىڭ تەلىپىگە مۇناسىپ شەكىلدە تولۇق تەمىنات بەرگەنلىكى ۋە ئۇلارنى قوراللاندۇرۇشقا زور ئەھمىيەت بەرگەنلىكى بۇنى ئوچۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشقا تەييارلىق قىلىپ تەشكىللىنىش ئاللاھ تائالاغا ئىشەنگەن، ئۇنىڭغا ئىشەنچ بىلەن تايانغان ئالىي ھىممەتلىك كىشىلەردىن باشقىلارغا ئەلۋەتتە قىيىن كېلىدىغان ئىشتۇر.

ئايەت ئۆزىنىڭ قىسقىغىنە ئىبارىلىرى بىلەن ھەر دەۋرگە مۇناسىپ كېلىدىغان ھەربىي تەييارلىقنىڭ ھەممە تۈرلىرىگە ئىشارەت قىلىشتا، ئۇنى ﴿قولۇڭلاردىن كېلىشىچە كۈچ، جەڭ ئېتى تەييارلاڭلار﴾ دېگەن ئىخچام ئايەت بىلەن ئىپادىلىگەن. ئەللامە ئىبنى جەرىر تەبەرىي بۇ ئايەتنى «قورال ۋە جەڭ ئېتى قاتارلىق كاپىرلارغا قارشى سىلەرگە يار-دەمچى بولالايدىغانلىكى نەرسىلەرنى قولۇڭلاردىن كېلىشىچە تەييار-لاڭلار»[1] دەپ تەپسىر قىلغان.

ھازىرقى زامان مۇپەسسىرلىرىدىن دوكتور مۇھەممەد راتىب نابلۇسى مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە ﴿كۈچ﴾ دېگەن سۆزنى نەكرە (يەنى ئېنىقسىز) بايان قىلغان بولۇپ، بۇ ئىلمىي، ماددىي، سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋە باشقا جەھەتلەردىكى بارلىق كۈچ-قۇۋۋەتنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن: تەشۋىقات، دۈشمەنلەرنىڭ ئەھۋالىنى كۆزىتىش، چېگرانى قوغداش، ئىلغار ئۇچۇر تېخنىكىسىغا، ئۇرۇش ئايروپىلانلىرىغا، ئۇرۇش كېمىلىرىگە ۋە زامانىۋى قوراللارغا ئىگە بولۇش، قورال ياساش تېخنىكىسى ۋە قورال ئىشلىتىشنى بىلىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى كۈچتۇر». شۇڭا دېيىمىزكى، ئايەتتىكى ﴿كۈچ﴾ ماددىي ۋە مەنىۋى ھەرقانداق كۈچنى، ئەقلىي ۋە جىسمانىي قۇۋۋەتنى ئىپادىلەيدىغان سۆز بولۇپ، قورال كۈچى، ئەسكەر كۈچى، بىلىم كۈچى، پەن-تېخنىكا كۈچى، تەشۋىقات كۈچى، ئىقتىساد كۈچى قاتارلىق كۈچلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بۇ يەردە مۇنداق بىر سوئال كېلىشى مۇمكىن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئايەت توغرۇلۇق «أَلَا إِنَّ الْقُوَّةَ الرَّمْيُ» يەنى «بىلىڭلاركى، كۈچ ئوق ئېتىشتۇر»[2] دېگەن سۆزنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىغان تۇرسا، ئايەتتىكى﴿كۈچ﴾نى بۇنچە كۆپ مەنىلەردە تەپسىر قىلىشنىڭ دەلىلى قايسى؟ بۇنىڭ جاۋابى مۇنداق: ئەللامە ئىبنى جەرىر تەبەرىي مۇنداق

---

[1] «تفسير الطبري» 14-توم، 31-بەت.

[2] «صحيح مسلم» 3-توم، 1522-بەت، 1917-ھەدىس.

دېگەن: «ئەگەر بىراۋ ئايەتتىكى ﴿كۆچ﴾تىن پەقەتلا ئوق ئېتىش مەقسەت قىلىنىدۇ دېسە، ئۇنىڭغا دەيمىزكى، بۇ ھەدىس ئايەتتىكى ﴿كۆچ﴾تىن ئوق ئېتىشلا مەقسەت قىلىنىدىغانلىقىنى ئىپادىلىمەيدۇ. چۈنكى، ئوق ئېتىش ئايەتتىكى ﴿كۆچ﴾ دېگەن سۆز ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان مەنىلەرنىڭ بىرىدۇر. ھەدىستە ‹كۆچ ئوق ئېتىشتۇر› دېيىلگەن، ئەمما ‹كۆچ پەقەتلا ئوق ئېتىشتۇر› دېمىگەن. شۇڭا قىلىچ، نەيزە قاتارلىق بارلىق جەڭ قوراللىرى ۋە كاپىرلارغا قارشى ئۇرۇشتا ياردەمچى بولىدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئايەتتىكى ﴿كۆچ﴾نىڭ جۈملىسىدىندۇر»[1].

ئايەتتىكى ﴿كۆچ﴾تىن پەقەت ئوق ئېتىشلا كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دەپ پەرەز قىلىنغان تەقدىردىمۇ، «ئوق ئېتىش» دېگەن سۆز زامانىمىزدا ئۆتمۈشلەردىكى ئوقيادىن ئاتىدىغان ئوقنى ئەمەس، بەلكى مىلتىق، ئاپتومات، ئۇرۇش ئايروپىلانى، ئۇرۇش كېمىلىرى، تانكا، راكېتا، بومبا قاتارلىق دۇنيادا بار قورال تۈرلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئىپادىلىگەندەك، مۇشۇنداق قوراللارغا ئىگە بولۇشقا كېرەكلىك بولىدىغان ئەقىل، ئىلىم، تېخنىكا، ئىقتىساد قاتارلىقلارنىمۇ ئىپادىلەيدۇ.

ئۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈش دېگەنلىك ئۇنىڭ ماددىي، مەنىۋى، ئەدەبىي، ئىدارىي، تېخنىكا ۋە مالىيە تەرەپلەردىن بولغان ھەممە تۈرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ﴿سىلەرنىڭ ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلغىنىڭلار مەيلى نېمە بولسا بولسۇن، سىلەرگە قىلچە ئۇۋال قىلىنمىغان ھالدا ئۇنىڭ مۇكاپاتى تولۇق بېرىلىدۇ﴾ دېگەن ئايەتتە تولۇق مۇكاپات بېرىلىدىغانلىقى بىلەن تەشەببۇس قىلىنغان بولۇپ، «قۇرئان كەرىم» بىزگە ھەر تۈرلۈك ھەربىي تەييارلىقلارنى قىلىشنى پەرز قىلغان. بىز مۇسۇلمانلار ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش ئۈچۈن كۈچىمىزنىڭ يېتىشىچە، شارائىتىمىزنىڭ يار بېرىشىچە، پۇل-مال سەرپ قىلىشقا ۋە كېرەك بولسا ئەزىز جېنىمىزنى پىدا قىلىشقا بۇيرۇلغانمىز.

ئايەت تىنچلىق چاغلىرىدىمۇ ئەسكەرلەرنىڭ تولۇق ئۇرۇش تەييارلىقىدا تۇرۇشى لازىملىقىنى تەۋسىيە قىلىشنىمۇ ئۇنتۇپ قالمىغان. جەڭ سىگنالى بېرىلگەن ھامان دەرھال جەڭ مەيدانىغا ئاتلىنىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئالاھىدە تەكىتلىگەن. ئايەت يەنە چېگرا رايونلاردىكى ۋەتەن قوغدىغۇچى ئەسكەرلەرنىڭ كېچە-كۈندۈز ھوشيار تۇرۇشى، ئۇلارنىڭ

---

[1] «تفسير الطبري» 14-توم، 37-بەت.

ۋەتەنگە خىرىس قىلماقچى بولغان دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇشى ئۈچۈن ئۇلارنى زامانىۋىي قورال-لار بىلەن قوراللاندۇرۇش ۋە تولۇق تەمىنلەشنىڭ مۇھىملىقىنىمۇ تەكىتلىگەن.

ئايەت تەييارلىق قىلىشنىڭ سەۋەبىنى بىز بىلىدىغان ياكى بىلمەيدىغان ئىچكى-تاشقى دۈشمەنلەرنى قورقۇتۇش دەپ تەبىرلىگەن. ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىش ۋە ئۇرۇشتا غەلىبىگە ئېرىشىش ئىشى پۇل-مالغا ئېھتىياجلىق بولۇپ قالغان ۋاقىتتا، ھەربىر كىشى چامىنىڭ يېتىشىچە ئاللاھ يولىدا پۇل-مال چىقىرىشى، بېخىللىق قىلماسلىقى، ئادەم كۆچىگە ئېھتىياجلىق بولغاندا دەرھال چىقىشى، قورقۇنچاقلىق قىلماسلىقى، ئاخىرەتتە بۇنىڭ بەدىلىگە تەييارلانغان كاتتا مۇكاپاتقا ئېرىشىش ئۈچۈن تىرىشىشى تولىمۇ زۆرۈردۇر.

مۇشۇنداق تەييارلىق قىلغان مىللەت دۇنيادا خارلىق ۋە زەبۇنلۇققا مەھكۇم بولمايدۇ، قوشنىلىرىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىمايدۇ، ئاخىرەتتىمۇ زىيان تارتمايدۇ. ﴿وَمَا تُنفِقُونَ إِلَّا ٱبْتِغَآءَ وَجْهِ ٱللَّهِۚ وَمَا تُنفِقُواْ مِنْ خَيْرٍ يُوَفَّ إِلَيْكُمْ وَأَنتُمْ لَا تُظْلَمُونَ﴾ يەنى ﴿پۇل-مېلىڭلاردىن نېمىنى خەير-ساخاۋەت قىلساڭلار، ئۇ ئۆزۈڭلارنىڭ پايدىسى ئۈچۈندۇر. سىلەر خەير-ساخاۋەتنى پەقەت ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈنلا قىلىڭلار. پۇل-مېلىڭلاردىن نېمىنى خەير-ساخاۋەت قىلساڭلار، ئۇنىڭ ئەجرى سىلەرگە تولۇق بېرىلىدۇ، سىلەرگە ھەرگىز زۇلۇم قىلىنمايدۇ﴾[1].

ئۆتمۈشلەردە، جەڭ ئېتى دۈشمەنلەرنى قورقىتىدىغان ئاساسلىق جەڭ ئەسلىھەلىرى قاتارىدىن سانىلاتتى. گەرچە ئايەت مۇسۇلمانلارنى ھەربىر زامانغا مۇناسىپ شەكىلدە جەڭ ھازىرلىقى كۆرۈشكە چاقىرغان بولسىمۇ، ھازىرقى تەرەققىيات دەۋرىدىمۇ ئات ئۆزىنىڭ بۇ ئەھمىيەتلىك ئورنىنى يوقاتمىغان.

ئايەتنىڭ ﴿بۇنىڭ بىلەن ئاللاھنىڭ دۈشمىنىنى، ئۆزۈڭلارنىڭ دۈشمىنىنى ۋە ئۇلاردىن باشقا دۈشمەنلەرنى قورقۇتىسىلەر﴾ دېگەن قىسمىنىڭ مەنىسى شۇكى، سىلەر قولۇڭلاردىكى ماددىي ۋە مەنىۋى كۈچۈڭلارغا تايىنىپ تۇرۇپ دۈشمەنلىرىڭلارنى سىلەرگە خىرىس قىلىشتىن توسالايسىلەر، ئۇلارنى ۋەھىمىگە سېلىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ يامانلىقىدىن ساقلىنالايسىلەر. شۇڭا سىلەر سىلەرنى يوق قىلماقچى بولغانلارغا،

[1] بەقەرە سۈرىسى: 272-ئايەت.

مۇستەملىكە قىلماقچى بولغانلارغا ۋە بوزەك قىلماقچى بولغانلارغا قارشى ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن كۈچلۈك بولۇڭلار، ئۇلارنى ۋەھىمىگە سالغۇدەك كۈچ-قۇدرەتكە ئىگە بولۇڭلار، زاماننىڭ تەرەققىياتىغا مۇناسىپ ھالدا زامانىۋىي قورال كۈچىگە ئىگە بولۇڭلار، شۇنىڭ بىلەن دۈشمىنىڭلارنى سىلەرگە خىرىس قىلىشتىن توسۇپ قالالايسىلەر.

ئايەتتىكى ﴿دۈشمەنلەرنى قورقۇتىسىلەر﴾ دېگەننىڭ مەنىسى ھەرگىزمۇ جىم تۇرغانلارنى قورقۇتۇڭلار دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى بىز يۇقىرىدا ئېيتقاندەك، سىلەرگە خىرىس قىلماقچى بولغانلارنى قورقۇتىسىلەر، سىلەر كۈچلۈك، قۇدرەتلىك بولساڭلار سىلەرگە خىرىس قىلماقچى بولغانلار ۋە بوزەك قىلماقچى بولغانلار سىلەردىن ئەيمىنىپ، سىلەردىن قورقۇپ، سىلەرگە چېقىلالمايدۇ دېگەنلىكتۇر. پەيغەمبىرىمىز ۋە ئىسلامنىڭ ئالتۇن دەۋرلىرىدە ياشىغان مۇسۇلمانلار ئاللاھ تائالانىڭ بۇ كۆرسەتمىسىنىڭ مەنىسىنى ئوبدان چۈشەنگەن ۋە تولۇق ئەمەل قىلغان. ئۇلار شۇ زامانلارنىڭ ئەڭ قۇدرەتلىك ۋە كۈچلۈك قوراللىرى بىلەن قوراللانغان. شۇڭا ئۇلار ئاسىيا، ئافرىقا ۋە ياۋروپادىن ئىبارەت ئۈچ قىتئەدە ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن. ھازىرقى زاماندا كۈچ پەن-تېخنىكا بىلەن قولغا كېلىدۇ. پەن - تېخنىكا بولسا ئوقۇش ۋە ئۆگىنىش بىلەن قولغا كېلىدۇ. ئەپسۇسكى، بىز مۇسۇلمانلار 16-ئەسىردىن كېيىن تەركىدۇنيالىق تەرغىباتىغا بېرىلىپ كېتىپ، ئىلىمنى دىنىي ئىلىم ۋە پەننى ئىلىم ياكى ئاخىرەتلىك ئىلىم ۋە دۇنيالىق ئىلىم دەپ ئايرىۋالغان، ئىلمى كالام، مەنتىق، پەلسەپە دېگەندەك بىزگە ئانچە زۆرۈر بولمىغان ئىلىملەرگە ۋە ئايغى چىقمايدىغان تالاش - تارتىشلارغا چۆكۈپ كېتىپ، پەن – تېخنىكا ئۆگىنىشنى پۈتۈنلەي قولدىن بەرگەندىن كېيىن، بىزنىڭ ئەھۋالىمىز ئايەتتە كۆرسىتىلگەن «قورقۇتۇش»تىن «قورقۇش»قا ئۆزگىرىپ قالدى. بىز دۈشمەندىن قورقۇپ مۇشۇ ھالغا كېلىپ قالدۇق. پۈتۈن ئىسلام دۇنياسى دۈشمەنلىرىدىن قورقۇپ، ئۇلارغا قويۇپ بېرىپ مۇشۇنداق مۇداپىئەدە تۇرىدىغان ھالغا كېلىپ قالدى.

### مۇھىم نۇقتىلىرى

1. مۇسۇلمانلار دۈشمەنلىرىگە قارشى ھەر زامان ھوشيار بولۇشقا ۋە ئىمكانىيىتىنىڭ يار بېرىشىچە كۈچ توپلاشقا، قوراللىنىشقا بۇيرۇلغان.

ئۆتمۈشلەرنىڭ قورالى قىلىچ بىلەن نەيزە بولسا، ھازىرقى زاماننىڭ قوراللىرى ئاددىيسى مىلتىقتىن باشلاپ چوڭى راكېتا ۋە ئاتومغىچە ناھايىتى كۆپتۇر. مۇسۇلمانلار ھەر زاماننىڭ شارائىتى ۋە ئىمكانىيىتىگە مۇناسىپ قوراللىنىشقا بۇيرۇلغان. بۇرۇنقىلار ئات ۋە تۆگىلەرگە مىنىپ ئۇرۇش قىلغان بولسا، ھازىرقى زاماندىكى كىشىلەر تانكىلار، پاراخوتلار، ئۇرۇش ئايروپىلانلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلماقتا. مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ تېخنىكىلارغا ئىگە بولۇشى پەرزدۇر.

2. تىنچلىق ۋە ئىنسانلارنى تىنچلىق ئىچىدە ياشىتىش ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسلىق غايىسى بولۇپ، ئۇرۇش قىلىش ھۇجۇم قىلغان دۈشمەنگە بېرىلىدىغان ئىبرەتلىك دەرستۇر. ئىسلام دىنىدا ئۇرۇش تىنچلىقنىڭ يوللىرى پۈتۈنلەي ئېتىلىپ، ئۇرۇشۇشتىن باشقا چارە قالمىغاندا ياكى دۈشمەن رەسمىي بېسىپ كەلگەندە قارار قىلىنىدىغان ئاخىرقى چارىدۇر.

3. ئاللاھ تائالانىڭ يولىدا جىھاد قىلىش ئۈچۈن پۇل-مال سەرپ قىلىش، جاننى پىدا قىلىش بەدىلى ھەسسىلەپ بېرىلىدىغان، پايدىسى كاپالەت قىلىنغان ئەڭ ياخشى تىجارەتتۇر.

### ◄ تىنچلىقپەرۋەرلىك ۋە ئەسكەرلەرنىڭ روھىي كەيپىياتىنى كۆتۈرۈش

﴿۞وَإِن جَنَحُواْ لِلسَّلۡمِ فَٱجۡنَحۡ لَهَا وَتَوَكَّلۡ عَلَى ٱللَّهِۚ إِنَّهُۥ هُوَ ٱلسَّمِيعُ
ٱلۡعَلِيمُ ٦١ وَإِن يُرِيدُوٓاْ أَن يَخۡدَعُوكَ فَإِنَّ حَسۡبَكَ ٱللَّهُۚ هُوَ ٱلَّذِيٓ أَيَّدَكَ
بِنَصۡرِهِۦ وَبِٱلۡمُؤۡمِنِينَ ٦٢ وَأَلَّفَ بَيۡنَ قُلُوبِهِمۡۚ لَوۡ أَنفَقۡتَ مَا فِي ٱلۡأَرۡضِ
جَمِيعٗا مَّآ أَلَّفۡتَ بَيۡنَ قُلُوبِهِمۡ وَلَٰكِنَّ ٱللَّهَ أَلَّفَ بَيۡنَهُمۡۚ إِنَّهُۥ عَزِيزٌ
حَكِيمٞ ٦٣ يَٰٓأَيُّهَا ٱلنَّبِيُّ حَسۡبُكَ ٱللَّهُ وَمَنِ ٱتَّبَعَكَ مِنَ ٱلۡمُؤۡمِنِينَ ٦٤
يَٰٓأَيُّهَا ٱلنَّبِيُّ حَرِّضِ ٱلۡمُؤۡمِنِينَ عَلَى ٱلۡقِتَالِۚ إِن يَكُن مِّنكُمۡ عِشۡرُونَ
صَٰبِرُونَ يَغۡلِبُواْ مِاْئَتَيۡنِۚ وَإِن يَكُن مِّنكُم مِّاْئَةٞ يَغۡلِبُوٓاْ أَلۡفٗا مِّنَ ٱلَّذِينَ
كَفَرُواْ بِأَنَّهُمۡ قَوۡمٞ لَّا يَفۡقَهُونَ ٦٥ ٱلۡـَٰٔنَ خَفَّفَ ٱللَّهُ عَنكُمۡ وَعَلِمَ أَنَّ
فِيكُمۡ ضَعۡفٗاۚ فَإِن يَكُن مِّنكُم مِّاْئَةٞ صَابِرَةٞ يَغۡلِبُواْ مِاْئَتَيۡنِۚ وَإِن
يَكُن مِّنكُمۡ أَلۡفٞ يَغۡلِبُوٓاْ أَلۡفَيۡنِ بِإِذۡنِ ٱللَّهِۗ وَٱللَّهُ مَعَ ٱلصَّٰبِرِينَ ٦٦﴾

## تەرجىمىسى

61-(ئى پەيغەمبەر!) ئەگەر ئۇلار تىنچلىققا مايىل بولسا، سەنمۇ تىنچلىققا مايىل بولغىن، ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلغىن. چۈنكى، ئاللاھ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

62-ئەگەر ئۇلار (يالغان سۈلھى بىلەن) سېنى ئالدىماقچى بولسا، شەكسىزكى، ئاللاھ ساڭا يېتەرلىكتۇر. ئۇ سېنى ئۆزىنىڭ ياردىمى بىلەن ۋە مۇئمىنلەر بىلەن كۈچلەندۈردى.

63-ئاللاھ مۇئمىنلەرنىڭ دىللىرىنى بىرلەشتۈردى. سەن يەر يۈزىدىكى پۈتۈن بايلىقنى سەرپ قىلىپمۇ ئۇلارنىڭ دىللىرىنى بىرلەشتۈرەلمەيتتىڭ. لېكىن ئاللاھ ئۇلارنى بىرلەشتۈردى. ئاللاھ ھەقىقەتەن غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

64-ئى پەيغەمبەر! ساڭىمۇ ۋە ساڭا ئەگەشكەن مۇئمىنلەرگىمۇ ئاللاھ يېتەرلىكتۇر.

65-ئى پەيغەمبەر! مۇئمىنلەرنى ئۇرۇش قىلىشقا رىغبەتلەندۈرگىن، ئەگەر سىلەردە چىداملىق يىگىرمە ئادەم بولىدىغان بولسا، (كاپىرلاردىن) ئىككى يۈزنى يېڭەلەيدۇ؛ ئەگەر سىلەردە (چىداملىق) يۈز ئادەم بولىدىغان بولسا، كاپىرلاردىن مىڭنى يېڭەلەيدۇ؛ چۈنكى، ئۇلار (ئاللاھنىڭ مۇجاھىدلار بىلەن بىللە ئىكەنلىكىنى) بىلمەيدىغان قەۋمدۇر.

66-ئاللاھ سىلەردىكى ئاجىزلىقنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن، ئەمدى (مەزكۇر ھۆكۈمنى) يېنىكلەتتى، ئەگەر سىلەردە چىداملىق يۈز ئادەم بولىدىغان بولسا، (دۈشمەندىن) ئىككى يۈز كىشىنى يېڭەلەيدۇ، ئەگەر سىلەردە (چىداملىق) مىڭ ئادەم بولىدىغان بولسا، ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن (ئۇلاردىن) ئىككى مىڭ كىشىنى يېڭەلەيدۇ. ئاللاھ چىداملىق بولغانلار بىلەن بىللىدۇر.

## بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ئاللاھ تائالا ئالدىنقى ئايەتلەردە، مۇسۇلمانلارنى دۈشمەنلىرىگە قارشى ھەر ۋاقىت مۇكەممەل تەييارلىق ئىچىدە تۇرۇشقا بۇيرۇغان بولسا، بۇ ئايەتلەردە، دۈشمەن تەرەپ تىنچلىققا مايىل بولۇپ، سۈلھى قىلىشنى تەلەپ قىلسا، قانداق قىلىشنىڭ ھۆكمىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ.

## تەپسىرى

ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا شۇنداق تەلىمات بېرىدۇكى، ئەگەر دۈشمەن تەرەپ تىنچلىققا مايىل بولۇپ، ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى تۈزۈشنى تەلەپ قىلسا، سىلەرمۇ تىنچلىققا مايىل بولۇپ ئۇلارنىڭ تەلىپى بويىچە ئىش كۆرسەڭلار بولىدۇ. ئىمام زەمەخشەرىي ئۆزىنىڭ «كەششاف» ناملىق تەپسىرىدە مۇنداق دېگەن: «ئايەتتىكى بۇيرۇق قەتئىي سۈلھى قىلىش ياكى كەسكىن جەڭ قىلىش دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى بۇ ئىش قوماندانىنىڭ ياكى دۆلەت باشلىقىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا باغلىق بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئىسلامنىڭ ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئەتىگە قايسى ئىش مۇناسىپ بولسا شۇنى قىلىشقا بۇيرۇغان، ئۇرۇش قىلىش مەنپەئەتلىك بولسا ئۇرۇش قىلىشقا، سۈلھى قىلىش مۇناسىپ بولسا سۈلھى قىلىشقا بۇيرۇغان»[1].

بۇ ئىسلام دىنىنىڭ تىنچلىق ۋە سۆيگۈ-مۇھەببەت دىنى ئىكەنلىكىنى، ئۇرۇشنىڭ دۈشمىنى ۋە تىنچلىقنىڭ دوستى ھەم تەرغىباتچىسى ئىكەنلىكىنى، مەجبۇر بولۇپ قالمىسا، ئۇرۇش قىلىشنى قەتئىي ياقتۇرمايدىغانلىقىنى ئىپادىلەشكە يېتەرلىكتۇر.

ئەگەر دۈشمەن تەرەپ سىلەرگە قارشى ئۇرۇش ئېچىش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىۋېلىش مەقسىتى بىلەن يالغاندىن سىلەر بىلەن سۈلھى تۈزۈشنى تەلەپ قىلىپ سىلەرنى ئالدىماقچى بولسا، ئى پەيغەمبەر! ئاللاھ تائالا ساڭا ئەلۋەتتە يېتەرلىكتۇر، ئۇلارنىڭ رەزىل پىلانلىرىدىن ۋە بارلىق يامانلىقىدىن سېنى ساقلاشقا كۇپايىدۇر. ئاللاھ تائالا ساڭا چوقۇم ياردەم بېرىدۇ، سېنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرىدۇ. ئۇنتۇمىغىنكى، غەلىبە پەقەت ئاللاھ تائالا تەرىپىدىنلا كېلىدۇ.

ئى پەيغەمبەر! ئۇنتۇمىغىنكى، سېنى ئۆزىنىڭ ياردىمى بىلەن، ئەنسارلار ۋە مۇھاجىرلاردىن ئىبارەت پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ۋە بارلىقىنى ئىسلامغا بېغىشلىغان قەھرىمانلار بىلەن كۈچلەندۈرگەن، ئۇلارنىڭ قەلبىنى بىرلەشتۈرگەن، ئۇلارنى ئىمان كەلىمىسىدە توپلىغان، تەقۋالىقنى ئىلھام قىلغان زات ئاللاھ تائالادۇر.

توغرا، ئاللاھ تائالا مۇئمىنلەرنىڭ دىللىرىنى بىرلەشتۈردى، ئۇلارنى ھەقىقەت ئۈستىدە جەم قىلدى، تەقۋادارلىق ئاساسىغا ئۇيۇشتۇردى. ھەتتا ئۇلار پەيغەمبەرنى ئۆزىنىڭ جېنىدىن ۋە ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىدىنمۇ بەك

---

[1] «تفسير الكشاف» 2-توم،233-بەت.

ياخشى كۆرىدىغان بولدى. ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ ئۆزئارا نەپرەت ۋە ئۆچمەنلىككە تولغان ۋە بىر-بىرىدىن يىراق قەلبىنى سۆيگۈ-مۇھەببەت ۋە ساداقەتكە ئۆزگەرتىپ ئىسلامدا بىرلەشتۈردى. ھالبۇكى، ئۇلار جاھىلىيەت دەۋرىدە ئۇرۇشقاق، بىر-بىرى بىلەن دۈشمەنلىشىدىغان، ئىنتىقام ئېلىشنى ياخشى كۆرىدىغان، ئەرزىمەس ئىشلار ئۈچۈنمۇ ئۇرۇش قوزغاشنى ياقتۇرىدىغان كىشىلەر ئىدى. سەن يەر يۈزىدىكى پۈتۈن بايلىقنى سەرپ قىلىپمۇ ئۇلارنىڭ دىللىرىنى بىرلەشتۈرۈشكە قادىر ئەمەس ئىدىڭ. ئەمما ھەممىگە قادىر ۋە قەلبلەرنى ئۆز كونتروللىقىدا تۇتىدىغان، ئۇنى خالىغانچە ئۆزگەرتىدىغان يېگانە ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ دىللىرىنى بىرلەشتۈردى ۋە ئۇلارنى ئىناقلىققا مۇيەسسەر قىلدى، ئۇلارنى ئىسلامدىن ئىبارەت توغرا دىندا مۇستەھكەم قىلدى. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ تائالا خالىغان بەندىسىنى ئەزىز ۋە خالىغان بەندىسىنى خار قىلغۇچىدۇر، مۇتلەق قۇدرەت ئىگىسىدۇر ۋە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

ئى پەيغەمبەر! ئاللاھ تائالا ساڭا پاناھ بولۇشقا، ياردەم قىلىشقا ۋە سېنى قوغداشقا ئەلۋەتتە يېتەرلىكتۇر، ئاللاھ تائالا ساڭا ئەگەشكەن مۇئمىنلەرگىمۇ يېتەرلىكتۇر. ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەر مۇستەھكەم ئىرادىلىك ۋە كۈچلۈك بولۇڭلار، بىلىڭلاركى، ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ مەدەتكارىڭلاردۇر. شەكسىزكى، بۇ ئايەتلەر مۇسۇلمان ئەسكەرلىرىنىڭ مەنىۋىيىتىنى كۆتۈرۈشكە، كەيپىياتىنى ياخشىلاشقا يېتەرلىكتۇر.

ئاللاھ تائالا مۇسۇلمان ئەسكەرلىرىنى قوغدايدۇ ۋە ئۇلارنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرىدۇ، دېگەنلىك ئۇلار سەۋەب قىلمىسىمۇ شۇنداق قىلىدۇ، دېگەن مەنىگە كەلمەيدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمى قىلىشقا تېگىشلىك سەۋەبلەرنى تولۇق قىلىپ، ئاندىن ئاللاھ تائالاغا چىن يۈرەكتىن تەۋەككۇل قىلغاندا كېلىدۇ. ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى سەۋەبنى قولدىن بەرمەسلىككە بۇيرۇپ ئالدىنقى ئايەتتە: ﴿(دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن) ئۇلارغا قارشى قولۇڭلاردىن كېلىشىچە كۈچ، جەڭ ئېتى تەييارلاڭلار﴾ دېگەن بولسا، بۇ يەردە: ﴿ئى پەيغەمبەر! مۇئمىنلەرنى ئۇرۇش قىلىشقا رىغبەتلەندۈرگىن﴾ يەنى ئۇلارنى ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشقا شۇنداق كۈچلۈك تەشەببۇس قىلغىنكى، ئۇلار ئاللاھ يولىدا ياخشى كۆرىدىغان مال-دۇنياسىنى سەرپ قىلىشتىن، ئىسسىق جانلىرىنى قۇربان قىلىشتىن ھېچ ئىككىلەنمىسۇن، دەپ بۇيرۇغان. مۇئمىنلەر ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش ئارقىلىق ئىككى ياخشىلىقنىڭ بىرىگە ئېرىشىدۇ: يا شېھىت بولۇپ ئاللاھ تائالانىڭ ھۇزۇرىدىكى شەرەپلىك مەرتىۋىگە، يۇقىرى

ئۇرۇنغا ئېرىشىش ياكى ئۇرۇشتا غەلىبە قىلىپ ئولجا-غەنىيمەتكە ئىگە بولۇشتۇر. بۇنىڭ ھەر ئىككىسى مۇئمىن ئۈچۈن پايدىدۇر.

ئى ئىمان ئېيتقانلار! بىلىڭلاركى، سىلەردىن چىدامىلىق بىر كىشى ئون كاپىر بىلەن ئۇرۇش قىلالايدۇ. بۇ ئىككى پىرقە ئوتتۇرىسىدىكى پەرق شۇكى، بىرى غەلىبە قىلىش ياكى ئاللاھ يولىدا شېھىت بولۇشقا تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق ۋە كۆڭۈل رازىلىقى ئىچىدە، ئەقىدىسى ساغلام ھالەتتە ئۇرۇش قىلىدۇ. يەنە بىرى مەجبۇرىي ياكى شۇ ئەرزىمەس دۇنيا مەنپەئەتىنى دەپ ئۇرۇش قىلىدۇ. شۇڭا ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىدىغان ئادەم مەنىۋى جەھەتتىن كۈچلۈك، قورقماس بولىدۇ. ئۇرۇشلاردا غەلىبە قىلىشتا ئاساسلىق رول ئوينايدىغان نەرسە مەنىۋى كۈچ-قۇۋۋەتتۇر. جەڭگىۋارلىقى چۈشۈپ كەتكەن ئەسكەرلەر قانچىلىك كۈچلۈك ۋە ئىلغار قوراللارغا ئىگە بولغان بولسىمۇ، بەربىر يېڭىلىپ كېتىدۇ.

ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئەگەر سىلەردە چىدامىلىق، مۇكاپاتىنى ئاللاھ تائالادىنلا تەلەپ قىلىدىغان، شېھىت بولۇش ياكى غەلىبە قىلىشتىن ئىبارەت ئىككى ياخشىلىقنىڭ بىرىگە قىزىقىدىغان يىگىرمە ئادەم بولىدىغان بولسا، كاپىرلار تەرەپتىن ئىككى يۈز دۈشمەننى يېڭەلەيدۇ؛ ئەگەر سىلەردە يەنە شۇنداق چىدامىلىق يۈز ئادەم بولىدىغان بولسا، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتمىغان، قىيامەت كۈنىگە ئىشەنمىگەن ۋە ھەق دىنغا قارشى ئۇرۇشقا ئۆتكەن بۇ كاپىرلاردىن مىڭ دۈشمەننى يېڭەلەيدۇ. چۈنكى، ئۇ كاپىرلار ھەقىقەتنى چۈشەنمەيدىغان، غەلىبىگە كاپالەت قىلىش قانۇنىيەتلىرىنى ئۇقمايدىغان، ئاللاھ تائالانىڭ مۇجاھىدلار بىلەن بىللە ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇلارغا ياردەم بېرىدىغانلىقىنى بىلمەيدىغان قەۋمدۇر.

ئەللامە مۇھەممەد مۇتەۋەللىي شەئراۋي: ﴿بِأَنَّهُمْ قَوْمٌ لَّا يَفْقَهُونَ﴾ دېگەن ئايەتنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دېگەن: «مۇئمىن ئەسكەرنىڭ كاپىر ئەسكەردىن ئونىنى يېڭىشىدىكى سەۋەب كاپىرلارنىڭ ھەقىقەتنى چۈشەنمەيدىغان قەۋم ئىكەنلىكىدىندۇر. كاپىرلار ‹چۈشەنمەيدىغان قەۋم› دەپ سۈپەتلەنگەن ئىكەن، مۇئمىنلەر ‹چۈشىنىدىغان قەۋم›دۇر. كاپىرلار راستتىنلا ھەقىقەتنى چۈشەنمەيدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئۇرۇش قىلغان ۋاقتىدا ئاخىرەتلىكنى كۆزلىمەيدۇ، ئۇلارنىڭ كۆزلەيدىغىنى ئۆزىنىڭ ھاياتىنى قوغداش ۋە قولغا كەلتۈرمەكچى بولغان غەنىيمەتتىن ئىبارەتلا بولىدۇ. شۇڭا ئۇلار ئۇرۇش مەيدانىدا ئۆزىنى ئۆلۈمدىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن تىرىشىدۇ، ھەتتا ئۇرۇشتىن قېچىپ بولسىمۇ ئۆلمەي قېلىشنى ئارزۇ

قىلىدۇ. ئەمما مۆئمىن ئەسكەر ئۇچۇن ئۇرۇش مەيدانى غەلىبە ياكى شېھىتلىكتىن ئىبارەت ئىككى ياخشىلىقنىڭ بىرىگە ئېرىشىش پۇرستى بولۇپ، ئۇ دۇنيا ھاياتىنى ئاخىرەت يولىدىكى ئۆتەڭ ۋە ئاخىرەتتىكى مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئېرىشىش يولىدىكى قىسقا بىر سەپەر دەپ بىلىدۇ. شۇڭا ئۇ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن جەڭ قىلىدۇ، ئۆلۈمدىن قىلچە قورقۇپ قالمايدۇ، ھەرگىز ئارقىغا چېكىنمەيدۇ. ئىسلامنىڭ ئالتۇن دەۋرلىرىدە ياشىغان مۇسۇلمانلار ئەنە شۇنداق ئىدى. شۇڭا ئۇلار دۇنيانى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن، كاپىرلارنىڭ يۈرىكىگە قورقۇنچ سالغان، مۇسۇلمانلارنى ئەزىزلىككە ئېرىشتۈرگەن ئىدى. «ئاللاھنىڭ قىلىچى» دەپ سۈپەتلەنگەن ئىسلام قوماندانى خالىد ئىبنى ۋەلىد ئىرانلىقلارغا تەھدىت سالغان سۆزىدە: ‹مەن سىلەرگە خۇددى سىلەر ھاياتنى ياخشى كۆرگەندەك ئۆلۈمنى ياخشى كۆرىدىغان ئەركەكلەر بىلەن كەلدىم› دېگەن ئىدى»[1].

بىز مۇسۇلمانلار مۇشۇ ئېتىقادىمىز بىلەن دۇنيادا ئەڭ زور ۋە ئەڭ كۈچلۈك زاپاس ئېنېرگىيەگە ئىگە خەلقمىز. ئەمما بىز ئۆزىمىزدىكى بۇ زاپاس ئېنېرگىيەنى يولىدا ئىشلىتەلمەي كېلىۋاتىمىز. شۇڭا بىز كاپىرلارغا بېقىندى بولۇپ ياشاشقا مەجبۇر بولۇپ قالغانمىز.

ئى ئىمان ئېيتقانلار! جىھاد مەيدانلىرىدا چىداملىق بولۇپ، پەقەت ئاللاھ تائالادىن ئەجىر-ساۋاب كۈتكەن ھالدا، يا شېھىتلىك ياكى غەلىبىدىن ئىبارەت ئىككى ياخشىلىقنىڭ بىرىگە ئېرىشىشنى مەقسەت قىلىپ ئۇرۇش قىلىسىلەر. مانا بۇ مۇسۇلمان ئەسكەرلىرىدە بولۇشقا تېگىشلىك ئالاھىدە خۇسۇسىيەت ۋە ئېسىل خىسلەتتۇر. چۈشەنمەسلىك ۋە بىلمەسلىك مۇشرىكلار بىلەن يەھۇدىيلارنىڭ سۈپىتىدۇر. ئۇلار دۇنياغا ۋە ياشاشقا ئىنتايىن ھېرىسمەن، ماددىي مەنپەئەتنى بىرىنچى ئورۇندا قويىدىغان ۋە دۇنيا ھاياتىنى ھەممىدىن ئەلا بىلىدىغان ئىنسانلاردۇر.

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھ تائالا ئەمدى سىلەرنىڭ يۈكۈڭلارنى يېنىكلەتتى، سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا كۆپ ئۇرۇشلارغا قاتنىشىپ جىسمانىي تەرەپتىن ئاجىزلىشىپ قالغانلارنىڭ بارلىقىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن سىلەرگە ئېغىر تەلەپ قويمىدى. ئەگەر سىلەردە چىداملىق يۈز ئادەم بولىدىغان بولسا، ئىككى يۈز دۈشمەننى يېڭەلەيدۇ، ئەگەر سىلەردە يەنە شۇنداق چىداملىق مىڭ ئادەم بولىدىغان بولسا، ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن ئىككى مىڭ دۈشمەننى يېڭەلەيدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا مەدەت ۋە ياردەم بېرىشتە،

[1] «تفسير الشعراوي»، 8- توم، 4795- بەت.

ھىمايە قىلىشتا ھەمىشە چىداملىق مۇجاھىدلار بىلەن بىللىدۇر.

«قۇرئان كەرىم» ئاز سانلىق مۇئمىن ئەسكەرنىڭ كۆپ سانلىق كاپىر ئەسكەرلىرىگە تاقابىل تۇرۇشىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى بىرقانچە ئورۇندا تەكرار بايان قىلغان. بۇ ئىسلام قوشۇنى ئىسلام تەلىماتىغا ئەمەل قىلىپ، دىنىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە يۈرۈش قىلغان ئىكەن، ئۇلارنىڭ سانىنىڭ ئازلىقى ياكى كۆپلۈكىنىڭ نەتىجە ئېتىبارى بىلەن پەرقى بولمايدىغانلىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈندۇر.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. مۇسۇلمانلار دۈشمەن تەرەپ بىلەن سۈلھى تۈزۈشتە ئۆزلىرىنىڭ ئىمكانىيىتىگە ۋە كۈچ-قۇۋۋىتىگە قاراپ ئىش كۆرىدۇ. بەزى شارائىتلاردا قان تۆكۈلۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، دۈشمەننى يېڭىشكە كۈچى يېتىدىغان تۇرۇپمۇ سۈلھى قىلىشنى تاللايدۇ. بۇ خۇددى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇدەيبىيە سۈلھىسىنى قوبۇل قىلغىنىغا ئوخشاش.

2. دۈشمەن تەرەپ سۈلھىنى بۇزغان ھامان ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش ئېچىش تەلەپ قىلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ سۈلھىنى بۇزغانلىقى ئۇلارنىڭ يامان نىيىتىدىن دېرەك بېرىدۇ.

3. ئىنسانلارنى بىر ئېتىقادتا بىرلەشتۈرۈش، كۈنپېتىشتىكى مۇسۇلمان بىلەن كۈنچىقىشتىكى مۇسۇلماننى ئۆزئارا قېرىنداشلاردىن قىلىش ئىنساننىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئىش ئەمەس. ئاللاھ تائالا ئەنە شۇنداق قىلالايدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنىڭ قەلبىگە ئىگە ۋە ھەممىگە قادىردۇر.

4. مۇسۇلمان قوشۇنىنىڭ ئۇرۇش مەيدانىدىن چېكىنىشىنىڭ پرىنسىپىنى ئىسلام ئۆلىمالىرى بەلگىلەپ، دۈشمەن ئەسكەرلىرىنىڭ سانى مۇسۇلمان ئەسكەرلىرىنىڭ سانىدىن ئىككى ھەسسە كۆپ بولغان شارائىتتا، مۇسۇلمان ئەسكەرلىرى قايتا كۈچ توپلاش مەقسىتى بىلەن مەيداندىن چېكىنسە بولىدۇ، دەيدۇ. ئەمما ئۆلۈمدىن قورقۇپ ئۇرۇش مەيدانىدىن چېكىنىش جىنايەتتۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالا مۇنداق قىلىشنى قاتتىق يامان كۆرىدۇ.

### ◄ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پىكرىنى كۈچلەندۈرگەن ئىلاھىي قانۇن

﴿مَا كَانَ لِنَبِيٍّ أَن يَكُونَ لَهُۥٓ أَسۡرَىٰ حَتَّىٰ يُثۡخِنَ فِي ٱلۡأَرۡضِۚ

تُرِيدُونَ عَرَضَ ٱلدُّنْيَا وَٱللَّهُ يُرِيدُ ٱلْأَخِرَةَ ۗ وَٱللَّهُ عَزِيزٌ حَكِيمٌ ﴿٦٧﴾
لَّوْلَا كِتَٰبٌ مِّنَ ٱللَّهِ سَبَقَ لَمَسَّكُمْ فِيمَآ أَخَذْتُمْ عَذَابٌ عَظِيمٌ
﴿٦٨﴾ فَكُلُوا۟ مِمَّا غَنِمْتُمْ حَلَٰلًا طَيِّبًا ۚ وَٱتَّقُوا۟ ٱللَّهَ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ غَفُورٌ رَّحِيمٌ
﴿٦٩﴾ يَٰٓأَيُّهَا ٱلنَّبِىُّ قُل لِّمَن فِىٓ أَيْدِيكُم مِّنَ ٱلْأَسْرَىٰٓ إِن يَعْلَمِ ٱللَّهُ
فِى قُلُوبِكُمْ خَيْرًا يُؤْتِكُمْ خَيْرًا مِّمَّآ أُخِذَ مِنكُمْ وَيَغْفِرْ لَكُمْ ۚ
وَٱللَّهُ غَفُورٌ رَّحِيمٌ ﴿٧٠﴾ وَإِن يُرِيدُوا۟ خِيَانَتَكَ فَقَدْ خَانُوا۟ ٱللَّهَ مِن
قَبْلُ فَأَمْكَنَ مِنْهُمْ ۗ وَٱللَّهُ عَلِيمٌ حَكِيمٌ ﴿٧١﴾

## ◄ تەرجىمىسى

67ـ ھېچقانداق پەيغەمبەرگە يەر يۈزىدە (كۇفرىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ) دۈشمەنگە قاقشاتقۇچ زەربە بەرمەي تۇرۇپ، (فىدىيە ئېلىشنى كۆزلەپ) ئەسىرگە ئېلىش قەتئىي لايىق ئەمەس ئىدى. (ئى ئىمان ئېيتقانلار!) سىلەر دۇنيا مەنپەئەتىنى كۆزلەيسىلەر، ھالبۇكى، ئاللاھ (سىلەرگە) ئاخىرەت (نىڭ مۇكاپاتى)نى كۆزلەيدۇ. ئاللاھ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

68ـ ئاللاھنىڭ ئالدىن چىقارغان ھۆكمى بولمىسا ئىدى، (ئەسىرلەردىن) فىدىيە ئالغانلىقىڭلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە زور ئازابقا دۇچار بولاتتىڭلار.

69ـ سىلەر ئالغان غەنىيمەتلىرىڭلارنى ھالال ۋە پاك بىلىپ يەڭلار ۋە ئاللاھتىن قورقۇڭلار. شەكسىزكى، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.

70ـ ئى پەيغەمبەر! قولۇڭلاردىكى ئەسىرلەرگە ئېيتقىنكى، «ئەگەر ئاللاھ دىلىڭلاردا بىرەر ياخشىلىقنىڭ بارلىقىنى بىلسە، سىلەرگە ئۆزۈڭلاردىن ئېلىنغان نەرسە (فىدىيە)دىن ياخشىراق نەرسىنى بېرىدۇ ۋە گۇناھىڭلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ. ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر».

71ـ (ئى پەيغەمبەر!) ئەگەر ئۇلار (يەنى سەن قويۇپ بەرگەن ئەسىرلەر) ساڭا خىيانەت قىلماقچى بولسا (قايغۇرمىغىن)، ئۇلار ئىلگىرى ئاللاھقىمۇ ھەقىقەتەن خىيانەت قىلغان ئىدى. ئاللاھ سېنى ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن غالىب قىلدى. ئاللاھ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

## نازىل بولۇش سەۋەبى

ئەللامە ئىبنى كەسىر ئۆز تەپسىرىدە ئىمام ئەھمەدنىڭ ئەنەس رەزىيەللاھۇدىن رىۋايەت قىلغان مۇنۇ ھەدىسنى بايان قىلغان: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەدرى ئۇرۇشىدا ئەسىرگە چۈشكەنلەرنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا ساھابىلىرىگە مەسلىھەت سالدۇ. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلاردىن فىدىيە ئېلىش توغرىسىدا مەسلىھەت بېرىپ: ‹يا رەسۇلۇللاھ! ئۇلار سىلىنىڭ قەۋملىرى ۋە سىلىنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرىدۇر، ئۇلاردىن فىدىيە ئېلىپ قويۇپ بەرسەڭ، ئالغان فىدىيە بىلەن قوشۇننى كۈچلەندۈرسەڭ، ئاللاھ ھىدايەت قىلسا، ئۇلار تەۋبە قىلىپ مۇسۇلمان بولۇپ قالار› دەيدۇ.

ئەمما ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەسلىھەت بېرىپ: ‹يا رەسۇلۇللاھ! ئۇلارنى قىلىچ بىلەن ئۆلتۈرەيلى. چۈنكى، ئۇلار كاپىر قەۋمدۇر. ئاللاھ ئۇلار بېرىدىغان فىدىيەدىن سىلىنى بىھاجەت قىلىدۇ، ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىبقا قېرىندىشى ئۇقەيلنى، ھەمزىگە ئابباسنى، ماڭا پالانى تۇغقىنىمنى ئۆلتۈرۈشنى بۇيرۇغايلا، بىز ئۇلارنىڭ بوينىغا قىلىچ ئۇرۇپ ئۆلتۈرەيلى› دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مەسلىھەتىگە مايىل بولىدۇ. شۇ چاغدا ﴿ھېچقانداق پەيغەمبەرگە يەر يۈزىدە (كۇفرىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ) دۈشمەنگە قاقشاتقۇچ زەربە بەرمەي تۇرۇپ، (فىدىيە ئېلىشنى كۆزلەپ) ئەسىرگە ئېلىش لايىق ئەمەس ئىدى﴾ دېگەن ئايەت نازىل بولىدۇ»[1].

بەزى مۇپەسسىرلەر ﴿ئى پەيغەمبەر! قولۇڭلاردىكى ئەسىرلەرگە ئېيتقىنكى، «ئەگەر ئاللاھ دىلىڭلاردا بىرەر ياخشىلىقنىڭ بارلىقىنى بىلسە، سىلەرگە ئۆزۈڭلاردىن ئېلىنغان نەرسە (فىدىيە)دىن ياخشىراق نەرسىنى بېرىدۇ ۋە گۇناھىڭلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ﴾ دېگەن ئايەتنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ توغرىسىدا نازىل بولغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتلەردە ئۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى، ئەسىرلەرگە ئالاقىدار ھۆكۈملەرنى بايان قىلغان.

## تەپسىرى

ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى يوق قىلىۋېتىش، ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت

[1] «تفسير ابن كثير» 4-توم، 88-بەت.

قىلىدىغان كىشىلەرنى پۈتۈنلەي نابۇت قىلىش ئۈچۈن ئۇرۇشقا ئاتلانغان كاپىرلارنى ئۇلاردىن فىدىيە ئارقىلىق كېلىدىغان ئاز-تولا مال-دۇنيانى دەپ، ئۇلارنى ئەسىرگە ئېلىش توغرا ئەمەس. چۈنكى، ئۇلارنى يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلاپ، ئۇلارنىڭ خەترىدىن ئۇزۇل-كېسىل خاتىرجەم بولمىغۇچە، مۇئمىنلەرگە خاتىرجەملىك بولمايدۇ، ئامانلىقمۇ بولمايدۇ.

ئەمما ئۇلارغا قاقشاتقۇچ زەربە بېرىپ، كۆپلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ كۈچىنى خورىتقان ۋە ھەيۋىسىنى سۇندۇرغاندىن كېيىن، قالغانلىرىنى ئەسىرگە ئېلىشقا بولىدۇ. چۈنكى، بۇنداق ۋاقىتتا مۇسۇلمانلار ئۇلارنىڭ يامانلىقىدىن خاتىرجەم بولغان بولىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن، ئۇرۇش مەيدانىدا كاپىرلاردىن مۇسۇلمانلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان ئەسىرلەرنى دۆلەت باشلىقى ياكى قوماندان دۆلەتنىڭ ئومۇمىي مەنپەئەتىنى نەزەردە تۇتۇپ بىر تەرەپ قىلىدۇ. ئۆلىمالار بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ئاۋۋال ئەسىرلەرگە ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىش تەكلىپى قويۇلىدۇ، ئۇلار بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلىپ مۇسۇلمان بولسا، ئۇلار مۇسۇلمانلار بىلەن دىنىي قېرىنداش بولىدۇ، ئۇلارغا مۇسۇلمانلارغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىنىدۇ، ئەگەر ئۇلار مۇسۇلمان بولۇشنى قوبۇل قىلمىسا، ئۆلتۈرۈلىدۇ ياكى فىدىيە بېرىپ قۇتۇلىدۇ ياكى قۇل قىلىپ ئىشلىتىدۇ ۋەياكى فىدىيەسىز قويۇپ بېرىلىدۇ. ئىبنى قەييىم جەۋزى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇشرىكلاردىن ئەسىرگە چۈشكەنلەر ئىچىدىن بەزى كاتتىباشلارنى ئۆلتۈرگەنلىكىنى، يەھۇدىيلاردىن ئەسىرگە چۈشكەنلەر ئىچىدىنمۇ كۆپلىرىنى ئۆلتۈرگەنلىكىنى، بەزىسىنى فىدىيە ئېلىپ، يەنە بەزىسىنى فىدىيە ئالماي قويۇپ بەرگەنلىكىنى، ئەمما ئەسىرلەردىن ھېچكىمنى قۇل قىلمىغانلىقىنى بايان قىلغان[1]. بۇ ھۆكۈم مۇسۇلمانلارنىڭ قۇدرەتلىك مۇستەقىل ئىسلام دۆلىتى بولغان ۋاقىتتا ئىجرا قىلىنىدۇ. ئەمما يېقىندىن ھاكىمىيەت تىكلەش ئالدىدا تۇرغان ئەھۋالدا، ئەسىرلەرنى قالدۇرماسلىق ۋە ئۇلارنى قوشۇن بىلەن بىرگە ئېلىپ يۈرمەسلىك، ئۇلارنىڭ ئىشىنى تېزرەك بىر تەرەپ قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ. مانا بۇلار يۇقىرىقى ئايەتلەردە كۆزدە تۇتۇلغان مەنىلەردۇر.

ئى مۇسۇلمانلار! سىلەر شۇ ئەرزىمەس دۇنيا مەنپەئەتىنى دەپ سىلەرنى ۋە دىنىڭلارنى پۈتۈنلەي يوق قىلماقچى بولۇپ ئۇرۇشقا چىققان كاپىرلارنى كاپىر ئەسكەرلەرنى ھايات قالدۇرۇپ، ئۇلاردىن فىدىيە ئېلىشنى

[1] ئەللامە ئىبنى قەييىم جەۋزىنىڭ «زاد المعاد» (ئاخىرەتلىك ئوزۇقلۇق) ناملىق ئەسىرىدىن.

كۆزلەمسىلەر؟ ھالبۇكى، ئاللاھ تائالا سىلەرگە ئاخىرەتتە كاتتا مۇكاپات بېرىشنى، ھەق دىننى كۈچلەندۈرۈشنى ۋە دۈشمەنلەرنى يوقىتىشنى ئىرادە قىلىدۇ. مانا بۇ ئاخىرەتتىكى كاتتا مۇكاپاتقا ئېرىشىشنىڭ ئامىلىدۇر. ئاللاھ تائالا ھەممىگە غالىبتۇر، ئۇ ئۆزىنىڭ ئىتائەتچان بەندىلىرىنى ئەزىز قىلىدۇ. چۈنكى، ئىززەت ۋە شان-شەرەپ ئاللاھ تائالاغا، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە مۇئمىنلەرگە مەنسۇپتۇر. ئاللاھ تائالا پۈتۈن ئىشلىرىدا ۋە ئەمر-پەرمانلىرىدا ھېكمەت بىلەن ئىش كۆرگۈچىدۇر. شۇڭا ئۇنىڭ بۇيرۇقلىرىغا ئەمەل قىلىڭلار، ئۇ سىلەرنى چوقۇم توغرا يولغا ۋە ياخشىلىققا يېتەكلەيدۇ.

ئىلگىرى لەۋھۇلمەھپۇزغا ئاللاھ تائالانىڭ سىلەرگە غەنىيمەتنى ھالال قىلغانلىقى ۋە ئەسىرلەردىن فىدىيە ئېلىشنىڭ جائىزلىقى يېزىلىپ كەتمىگەن بولسا ئىدى، سىلەرگە بۇ ھەقتە ھۆكۈم نازىل بولماي تۇرۇپ ئەسىرلەردىن فىدىيە ئالغانلىقىڭلار ئۈچۈن، ئەلۋەتتە سىلەرگە ئازاب چۈشكەن بولاتتى. چۈنكى، سىلەر ئەسىرلەر توغرۇلۇق ۋەھيى كېلىشتىن بۇرۇن ئۆز ئىجتىھادىڭلار بىلەن ئىش كۆردۈڭلار. ئاندىن ئاللاھ تائالادىن كەلگەن ۋەھيى سىلەرنىڭ ئىجتىھادتا خاتالاشقانلىقىڭلارنى بىلدۈرۈپ، سىلەرنى توغرىسىنى قىلىشقا يېتەكلىدى.

سىلەرگە ئۆزۈڭلار ئېرىشكەن غەنىيمەتلەر ھالال قىلىندى. ئالغان غەنىيمەتلىرىڭلارنى ھالال ۋە پاك بىلىپ يەڭلار، ئاللاھ تائالادىن قورقۇڭلار، ئۇنىڭ بۇيرۇقىنى ئورۇنداپ، چەكلىمىسىدىن يېنىڭلار. ئاللاھ تائالا ھەقىقەتەن ناھايىتى مېھرىبان، تولىمۇ شەپقەتلىك زات بولۇپ، بەندىلىرىنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ، خاتالىقىنى ئەپۇ قىلىدۇ.

تەپسىرى بەغەۋىي ۋە تەپسىرى ۋازىھ قاتارلىق تەپسىرلەردە بايان قىلىنىشىچە، ئەسىرلەرنىڭ ئارىسىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسى ئاببااس ئىبنى ئابدۇلمۇتتەلىبمۇ بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن قېرىنداشلىرىنىڭ ئوغۇللىرى ئۇقەيل ئىبنى ئەبۇ تالىب بىلەن نەۋفەل ئىبنى ھارىس ئۈچۈنمۇ فىدىيە بېرىشنى تەلەپ قىلغۇدى، ئاببااس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: «ئى مۇھەممەد! سەن مېنى كېيىنكى ھاياتىمدا قۇرەيشلەرگە موھتاج بولۇپ ياشايدىغان ھالەتتە قويۇپ قويماقچىمۇ؟ (يەنى مېنىڭ ھەممە پۇل- مېلىمنى فىدىيە ئۈچۈن ئېلىپ، مېنى ھېچ نەرسىسى يوق ھالەتتە قويۇپ قويماقچىمۇ؟)»دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «سىز مەككىدىن چىقىدىغان ۋاقىتتا فەزلىنىڭ ئانىسىغا بەرگەن ئالتۇنلارنى نېمە قىلىسىز؟» دېدى. ئاببااس بۇنى ئاڭلاش

بىلەنلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: «بۈرۈن سېنىڭ پەيغەمبەرلىكىڭ توغرۇلۇق كۆڭلۈمدە ئازراق شەك بار ئىدى، ئەمدى سېنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىڭ توغرۇلۇق كۆڭلۈمدە قىلچە شەك قالمىدى»[1] دېدى. چۈنكى، ئۇنىڭ ئايالىغا ئالتۇن قالدۇرۇپ قويغانلىقىنى ئايالى، ئۆزى ۋە ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم بىلمەيتتى، بۇ ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى مەخپىي ئىش ئىدى. يەنە بىر رىۋايەتتە ئاببانىڭ: «ئاللاھ ماڭا مەندىن ئېلىنغان نەرسىدىنمۇ ياخشىراقنى بەردى» دېگەنلىكى قەيت قىلىنغان. ئۇنىڭدىن ئېلىنغان نەرسىدىن فىديە، ئۇنىڭغا بېرىلگەن ياخشى نەرسىدىن«ئىمان» كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ئى پەيغەمبەر! قول ئاستىڭلاردىكى ئەسىرلەرگە ئېيتقىنكى، ئەگەر ئاللاھ تائالا سىلەرنى دىلىڭلاردا ئىخلاس ۋە ياخشى نىيەت بار، دەپ بىلسە، ئەلۋەتتە سىلەرگە سىلەردىن فىديە ئېلىنغان نەرسىدىنمۇ ياخشىراق نەرسىلەرنى بېرىدۇ. ئەگەر سىلەر ئىمان ئېيتساڭلار، بۇرۇنقى بارلىق گۇناھىڭلارنى كەچۈرۈم قىلىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچى ۋە ناھايىتى مېھرىبان زات بولۇپ، تەۋبە قىلغۇچىلارنىڭ گۇناھلىرىنى ئەلۋەتتە مەغپىرەت قىلىدۇ.

ئى پەيغەمبەر! ئەسىرگە چۈشكەن ئاشۇ كاپىرلار ئەگەر ساڭا خىيانەت قىلماقچى بولسا، بەرگەن ۋەدىسىنى بۇزسا، سەن بۇنىڭغا قايغۇرۇپ كەتمىگىن ۋە ھېچ بىئارام بولمىغىن. چۈنكى، ئۇلار بۇنىڭدىن ئىلگىرى ساڭا قارشى ئۇرۇش قىلىش ۋە ساڭا سۇيىقەست پىلانلاش ئارقىلىق ئاللاھ تائالاغا خىيانەت قىلغان ئىدى. ئاللاھ تائالا ساڭا غەلىبە ۋە ئىمكانىيەت ئاتا قىلدى، سېنى ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن غالىب قىلدى، سەن ئۇلارنى مەغلۇپ قىلدىڭ ۋە غەلىبە قىلدىڭ. ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنىڭ نىيىتىنى ۋە قىلغان-ئەتكەنلىرىنى تولۇق بىلىپ تۇرغۇچىدۇر ۋە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئىسلام ئەسكەرلىرىنىڭ ھەر تەرەپتىن مەلۇماتلىق بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

2. ھەق دىنىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئىش كۆرگەنلەرنى ئاللاھ تائالا ھەمىشە قوللايدۇ، ھەتتا ئۇرۇش مەيدانلىرىدىمۇ ئۇلارغا نۇسرەت ئاتا قىلىدۇ.

---

[1] «التفسير الواضح» 1-توم، 846-بەت.

3. ئۇرۇشلاردا قولغا چۈشكەن غەنىيمەتلەر مۇسۇلمانلار ئۈچۈن هالالدۇر.

4. ئاللاھ يولىدا ئاتالغان ھەرقانداق نەرسىنىڭ بەدىلىنى ئاللاھ تائالا ھەسسىلەپ قايتۇرىدۇ.

5. ئاللاھ تائالا ھەممىگە قادىر بولۇپ، خالىغىنىنى قىلىدۇ، ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلەيدىغان ھېچقانداق كۈچ يوقتۇر. مۆئمىنلەر ئاللاھ تائالانىڭ بۇ تەڭداشسىز قۇدرىتىگە سىغىنىپ، قولىدىن كەلگەن سەۋەبلەرنى قىلىپ، ئۇنىڭغا ھەقىقىي تەۋەككۇل قىلغان چاغدا، ئۇلار ھەرقانداق ئۇرۇشلاردا غالىب بولالايدۇ.

## ◄ ئىسلامىي قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتى ۋە ئۇنىڭ ئەھمىيىتى

﴿إِنَّ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَهَاجَرُواْ وَجَٰهَدُواْ بِأَمۡوَٰلِهِمۡ وَأَنفُسِهِمۡ فِي
سَبِيلِ ٱللَّهِ وَٱلَّذِينَ ءَاوَواْ وَّنَصَرُوٓاْ أُوْلَٰٓئِكَ بَعۡضُهُمۡ أَوۡلِيَآءُ بَعۡضٖۚ
وَٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَلَمۡ يُهَاجِرُواْ مَا لَكُم مِّن وَلَٰيَتِهِم مِّن شَيۡءٍ حَتَّىٰ
يُهَاجِرُواْۚ وَإِنِ ٱسۡتَنصَرُوكُمۡ فِي ٱلدِّينِ فَعَلَيۡكُمُ ٱلنَّصۡرُ إِلَّا عَلَىٰ
قَوۡمِۭ بَيۡنَكُمۡ وَبَيۡنَهُم مِّيثَٰقٞۗ وَٱللَّهُ بِمَا تَعۡمَلُونَ بَصِيرٞ ٧٢ وَٱلَّذِينَ
كَفَرُواْ بَعۡضُهُمۡ أَوۡلِيَآءُ بَعۡضٍۚ إِلَّا تَفۡعَلُوهُ تَكُن فِتۡنَةٞ فِي ٱلۡأَرۡضِ
وَفَسَادٞ كَبِيرٞ ٧٣ وَٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَهَاجَرُواْ وَجَٰهَدُواْ فِي سَبِيلِ ٱللَّهِ
وَٱلَّذِينَ ءَاوَواْ وَّنَصَرُوٓاْ أُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلۡمُؤۡمِنُونَ حَقّٗاۚ لَّهُم مَّغۡفِرَةٞ
وَرِزۡقٞ كَرِيمٞ ٧٤ وَٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ مِنۢ بَعۡدُ وَهَاجَرُواْ وَجَٰهَدُواْ
مَعَكُمۡ فَأُوْلَٰٓئِكَ مِنكُمۡۚ وَأُوْلُواْ ٱلۡأَرۡحَامِ بَعۡضُهُمۡ أَوۡلَىٰ بِبَعۡضٖ فِي
كِتَٰبِ ٱللَّهِۚ إِنَّ ٱللَّهَ بِكُلِّ شَيۡءٍ عَلِيمُۢ ٧٥﴾

### ◄ تەرجىمىسى

72ـشەكسىزكى، ئىمان ئېيتقان، (مەدىنىگە) ھىجرەت قىلغان، پۇل-مېلى ۋە جېنى بىلەن ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلغان (مۇھاجىر)لار بىلەن ئۇلارغا جاي بەرگەن ۋە ياردەم قىلغان (ئەنسار)لارغا كەلسەك، ئەنە شۇلار ئەلۋەتتە بىر-بىرى بىلەن (ھەقىقىي) دوستلاردۇر. ئىمان ئېيتقان بولسىمۇ، ھىجرەت قىلمىغانلار تاكى

ھىجرەت قىلغانغا قەدەر سىلەرنىڭ ئۇلارنى ھىمايە قىلىش ۋە ياردەم قىلىش مەجبۇرىيىتىڭلار يوقتۇر. ئەگەر ئۇلار دۈشمەنلىرىگە قارشى سىلەردىن ياردەم تەلەپ قىلسا، ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىرى بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا كېلىشىم بولمىسىلا، ئۇلارغا ياردەم بېرىشىڭلار كېرەك، ئاللاھ سىلەرنىڭ ئەمەللىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.

73-كاپىرلارمۇ بىر-بىرى بىلەن ھەمكارلىق ئىچىدىدۇر. ئەگەر سىلەر بۇنى (يەنى بۇ ھەمكارلىقنى) قىلمىساڭلار، يەر يۈزىدە پىتنە ۋە چوڭ بۇزغۇنچىلىق تۇغۇلىدۇ.

74-ئىمان ئېيتقان، ھىجرەت قىلغان ۋە ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلغان (مۇھاجىر)لار بىلەن (ئۇز يۇرتىدا مۇھاجىرلارغا) جاي بەرگەن ۋە ياردەم قىلغان (ئەنسار) لارغا كەلسەك، ئەنە شۇلار ھەقىقىي مۆئمىنلەردۇر، ئۇلارغا مەغپىرەت ۋە ئېسىل رىزىق بار.

75-(ئاشۇ مۇھاجىرلار بىلەن ئەنسارلاردىن) كېيىن ئىمان ئېيتىپ ھىجرەت قىلغان ۋە سىلەر بىلەن بىللە جىھاد قىلغانلارغا كەلسەك، ئەنە شۇلارمۇ سىلەرنىڭ قاتارىڭلاردىن سانىلىدۇ. ئاللاھنىڭ كىتابىدا (بەلگىلەنگەن ھۆكۈمگە ئاساسەن)، ئۇرۇق-تۇغقانلار بىر-بىرىگە ۋارىس بولۇشقا ئەڭ ھەقلىقتۇر، شەكسىزكى، ئاللاھ ھەر شەيئىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

## ◄ بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ئالدىنقى ئايەتلەردە ئۇرۇشقۇمار كاپىرلار، ئۇلاردىن ئەسىرگە چۈشكەنلەر ۋە ئۇلارغا قانداق مۇئامىلە قىلىش توغرىسىدىكى كۆرسەتمىلەر ئۈستىدە توختالغان بولۇپ، ئىماننىڭ مۆئمىنلەرنىڭ ئۇ كاپىرلار بىلەن بولغان ئۇرۇق-تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىنى چۈرۈپ تاشلاپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئىسلامىي قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتىنى ئالماشتۇرغانلىقى بايان قىلىنغان. شۇنىڭ ئۈچۈن «قۇرئان كەرىم» بۇ ئايەتلەردە ئىسلامىي قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتى ھەققىدە توختالغان.

## ◄ تەپسىرى

ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە چىن دىلىدىن ئىمان ئېيتقان، سۆيۈملۈك ۋە قويىنى ئىللىق يۇرتىنى، جېنىدىنمۇ بەك ياخشى

كۆرىدىغان ئەھلى -ئەۋلادلىرىنى، ھۇزۇرلۇق ئۆيىنى، بىر ئۆمۈر جاپالىق ئىشلەپ تاپقان مال-مۈلۈكىنى، ياخشى ۋە يامان كۈنلەردە يېنىدا بولىدىغان قەۋم-قېرىنداشلىرىنى پەقەتلا ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن تاشلاپ ھىجرەت قىلغان، بارلىقىنى ئاللاھ يولىغا ئاتاپ جىھاد قىلغان مۇھاجىرلار بىلەن ئۇلارغا يۇرتىدىن جاي بەرگەن، ياردەم قىلغان، ئۇلارنى قارشى ئېلىپ قوبۇل قىلغان، ئۆز تۇرالغۇلىرىغا ئورۇنلاشتۇرغان، ئۆزلىرىنىڭ مال-مۈلۈكىگە شېرىك قىلغان، پەيغەمبەرگە ياردەم بەرگەن ۋە ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ ئەھلى-ئەۋلادىنى قوغدىغاندەك قوغدىغان ئەنسارلار بىر-بىرى بىلەن ھەقىقىي دوستلاردۇر. ﴿فَٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ بِهِۦ وَعَزَّرُوهُ وَنَصَرُوهُ وَٱتَّبَعُواْ ٱلنُّورَ ٱلَّذِىٓ أُنزِلَ مَعَهُۥٓ أُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلْمُفْلِحُونَ﴾ يەنى ﴿ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقان، ئۇنى ھۆرمەتلىگەن، ئۇنىڭغا ياردەم بەرگەن ۋە ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان نۇر (قۇرئان)غا ئەگەشكەن كىشىلەرگە كەلسەك، ئەنە شۇلار بەختكە ئېرىشكۈچىلەردۇر﴾[1].

ئەنە شۇ ئەنسارلار بىلەن مۇھاجىرلار بىر-بىرى بىلەن ھەقىقىي دوستتۇر، ئۇلار بىر-بىرىگە ئىگىدۇر، ياردەمچىدۇر ۋە ھامىيدۇر. ئۇلار ئىسلام ئۈممىتىنىڭ گەۋدىسىدۇر. ھەقىقەتەن مۇسۇلمانلار بىرەر ئەزاسى ئاغرىسا، بۇنىڭ ئۈچۈن پۈتۈن گەۋدە ئۇيقۇسىزلىق ۋە قىزىتما بىلەن بىئارام بولىدىغان بىر تەنگە ئوخشايدۇ. ئەنسارلار بىلەن مۇھاجىرلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىسلامىي قېرىنداشلىق رىشتىسى ئەڭ كۈچلۈك باغلىنىش بولۇپ، بۇلارنى بىر-بىرىگە باغلاپ تۇرغان نەرسە مۇستەھكەم ئىماندۇر. شۇنىڭدەك مۇسۇلمانلار نەدە ۋە قانداق شارائىتتا بولسۇن، ئۆزلىرىنىڭ ئاللاھ تائالاغا بولغان چىن ئىمانى، تەقۋادارلىقى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بولغان سۆيگۈ-مۇھەببىتى، ئۆز ئارىسىدىكى سەمىمىي دوستلۇقى بىلەن بىر گەۋدىدۇر. ئاللاھ تائالا ئۇلارنى تەرىپلەپ: ﴿إِنَّمَا ٱلْمُؤْمِنُونَ إِخْوَةٌ﴾ يەنى ﴿مۇئمىنلەر ھەقىقەتەن قېرىنداشلاردۇر﴾[2] دېگەن.

ئاللاھ ئۈچۈن بولغان ھەقىقىي ئىسلامىي قېرىنداشلىق مەۋجۇتلا بولۇپ تۇرىدىكەن، بۇ قېرىنداشلىق ئىسلام ئۈممىتىنىڭ بىر گەۋدە بولۇپ، بۆلۈنمەستىن داۋام قىلىشىغا كېپىلدۇر.

«بەزى مۇپەسسىرلەر ﴿أُوْلَٰٓئِكَ بَعْضُهُمْ أَوْلِيَآءُ بَعْضٍ﴾ دېگەن ئايەتنى «ئۇلار بىر-بىرىگە ئىگىدارچىلىق قىلىدۇ» دەپ تەپسىر قىلغان بولۇپ،

---

[1] ئەئراف سۈرىسى: 157-ئايەت.

[2] ھۇجۇرات سۈرىسى: 10-ئايەت.

بۇنىڭغا ئاساسەن مۇھاجىرلار بىلەن ئەنسارلار بىر-بىرىدىن مىراس ئالىدۇ، دەپ قارىغان. بۇ مۇپەسسىرلەرنىڭ بايان قىلىشىچە، مۇھاجىرلار بىلەن ئەنسارلارنىڭ بىر-بىرىگە ۋارىس بولۇشىنىڭ ھۆكمى ئۆزىدىن كېيىن نازىل بولغان مىراس ئايىتى بىلەن ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان»[1].

ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتقان بولسىمۇ، مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلماي، ئۆز يۇرتىدا تۇرۇۋەرگەنلەرگە كەلسەك، ئۇلار سىلەرنىڭ يېقىن تۇغقانلىرىڭلار بولۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، تاكى ئۇلار ھىجرەت قىلمىغۇچە، سىلەرنىڭ ئۇلارنى ھىمايە قىلىش ۋە ئۇلارغا ياردەم قىلىش مەجبۇرىيىتىڭلار يوقتۇر. لېكىن ئۇلار كاپىر دۈشمەنلىرىگە قارشى سىلەردىن ياردەم تەلەپ قىلسا، ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىرىگە قارشى كۈچۈڭلارنىڭ يېتىشىچە ئۇلارغا مەدەت بېرىشىڭلار، ياردەم قىلىشىڭلار كېرەك. ئەمما ئۇلارنىڭ دۈشمىنى بولغان كاپىرلار بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا تىنچلىق كېلىشىمى تۈزۈلگەن بولسا، ئۇ چاغدا سىلەرنىڭ كېلىشىمنى بۇزۇپ ئۇلارغا ياردەم بېرىشىڭلار توغرا بولمايدۇ. چۈنكى، كېلىشىمگە ئەمەل قىلىش زۆرۈردۇر. ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان بارلىق ئىشىڭلارنى ۋە ھەممە ئەمەلىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.

ئىسلامنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا ئاللاھ يولىدا ھىجرەت قىلىش ھەقىقىي ئىماننىڭ ئىپادىسى سانىلاتتى. شۇڭا ئۇ ۋاقىتلاردا مۇسۇلمانلارنىڭ مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ بېرىپ، سان جەھەتتىن كۆپىيىش ۋە كۈچ جەھەتتىن قۇدرەت تېپىش ئارقىلىق مەدىنىدە يېڭى قۇرۇلغان تۇنجى ئىسلام دۆلىتىنى كۈچلەندۈرۈش مەجبۇرىيىتى بار ئىدى. شۇڭا ئۇلارغا شۇ چاغدا مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىش پەرز ئىدى. چۈنكى، مۇنداق مۇھىم پەيتتە ئۆزرىسىز تۇرۇپ مەدىنىگە ھىجرەت قىلمىغانلار گۇناھكار ھېسابلىناتتى. كېيىنچە، مەككە فەتھى (ئازاد) قىلىنغاندىن كېيىن، ھىجرەتنىڭ ھۆكمى ئۆزگەردى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «لَاَ هِجْرَةَ ، وَلَكِنْ جِهَادٌ وَنِيَّةٌ ، وَإِذَا اسْتُنْفِرْتُمْ ، فَانْفِرُوا» يەنى «ھىجرەتنىڭ ۋاقتى تۈگىدى، ئەمدى جىھاد بىلەن نىيەتلا قالدى، قانداقلا ۋاقىتتا جىھادقا چاقىرىلساڭلار دەرھال چىقىڭلار»[2] دېگەن. ئۆلىمالار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ سۆزىنى مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشنىڭ ۋاقتى تۈگىگەنلىكىنى، ئەمما كۇفرى دىيارىدىن ئىسلام دىيارىغا ھىجرەت

[1] «تفسير الطبري» 186- بەت.

[2] «صحيح البخاري» 3-توم، 14-بەت، 1834 -ھەدىس.

قىلىشىنىڭ تا قىيامەتكىچە داۋاملىشىدىغانلىقىنى بايان قىلغان. چۈنكى، مەككە فەتھى قىلىنغاندىن كېيىن، مەككىمۇ ئىسلام دىيارىغا ئايلانغان بولغاچقا، ئۇ جايدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى قالمىغان ئىدى.

﴿كاپىرلارمۇ بىر-بىرى بىلەن ھەمكارلىق ئىچىدىدۇر. ئەگەر سىلەر بۇنى (يەنى بۇ ھەمكارلىقنى) قىلمىساڭلار، يەر يۈزىدە پىتنە ۋە چوڭ بۇزغۇنچىلىق تۇغۇلىدۇ﴾ يەنى ئۆزىنىڭ كۇفرىلىقىدا چىڭ تۇرۇۋالغان ئەشەددىي كاپىرلارمۇ ئۆز ئارىسىدا ھەمكارلىق، ياردەملىشىش ۋە بىرلىك ئىچىدە ياشايدۇ. مۇسۇلمانلار ئۆزئارا بىر گەۋدە بولۇپ، بىر نىيەتتە بولۇپ، بىرلىك ۋە سەمىمىي قېرىنداشلىق ئىچىدە ياشىمىسا، ئۆز ئارىسىدىكى ئىختىلاپلارنى تۈگىتىپ بىرلەشمىسە، كاپىرلار ئۇلارغا قارشى بىرلىشىدۇ، ئۇلارغا ۋە ئۇلارنىڭ دىنىغا قارشى ھەرىكەتكە ئۆتىدۇ، ئۇلارنىڭ زېمىنلىرىنى بېسىۋېلىشقا تىرىشىدۇ.

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە بىزنى شۇنداق يامان ئاقىۋەتتىن قاتتىق ئاگاھلاندۇرغانكى، ئەگەر بىز مۇسۇلمانلىق سۈپىتىمىز بىلەن بىرلىك، باراۋەرلىك ۋە ئىناقلىق ئىچىدە ياشىمىساق، بىر-بىرىمىزگە ياردەم قىلمىساق، ئۆزىمىزنىڭ شەخسىي غەرەزلىرىنى ۋە شەخسىي مەنپەئەتلىرى-جىرىمىزنى قايرىپ قويۇپ، بىر پۈتۈن ئىسلام ئۈممىتىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن بىرلەشمىسەك، ھەقىقىي ئىسلامىي قېرىنداشلىقنى جارى قىلدۇرمىساق، يەر يۈزىدە چوڭ بۇزغۇنچىلىق ۋە قالايمىقانچىلىق يۈز بېرىپ، ھەقىقەت تەرەپدارلىرى ئاجىزلىقتا، بىچارىلىكتە مۇپتىلا بولىدۇ، باتىلنىڭ تەرەپدارلىرى بولغان كاپىرلار، دىنسىزلار كۈچلىنىپ، ئاجىزلارنى بوزەك قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ يەر-زېمىنلىرىنى ئىگىلىۋېلىپ، ئۇلارنى مۇستەملىكە قىلىۋالىدۇ.

مۇسۇلمانلار ئۆز ئارىسىدىكى بىرلىكنى، ئىناقلىقنى يوقىتىپ، شەخسىي مەنپەئەتنى دەپ كاپىرلار بىلەن دوست بولغان ۋە ئۆزىنىڭ دىنىي قېرىنداشلىرى بىلەن مۇناسىۋىتى سۇسلاشقان چاغدا، ئىمان ئاجىزلىشىدۇ، تەقۋالىق يوقىلىدۇ، ئەخلاق سۇسلىشىدۇ، مۇسۇلمانلار كاپىرلارنىڭ مەدەنىيىتىنى ۋە ئۆزگىچىلىكىنى قوبۇل قىلىشقا، ئۆزىنىڭ ئىسلامىي مەدەنىيىتىنى ۋە ئۆزگىچىلىكىنى ئاستا-ئاستا يوقىتىشقا باشلايدۇ، ئاندىن مۇسۇلمان ئەۋلادلىرىمۇ ئاتا-ئانىسىدىكى بۇ ئۆزگىرىشلەر ئۈستىدە ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا ئۆزىنىڭ دىنىدىن، ئەقىدىسىدىن ۋە ئەخلاقىدىن تېخىمۇ يىراقلىشىدۇ. شۇنداق قىلىپ مۇسۇلمانلار ئۆزىدىكى

قىممەتنى يوقىتىپ قويۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمىدىن پۈتۈنلەي ئايرىلىپ قالىدۇ.

﴿فِتْنَةٌ فِى ٱلْأَرْضِ وَفَسَادٌ كَبِيرٌ﴾ دېگەن ئايەتتىكى «پىتنە» ئىماننىڭ ئاجىزلىشىشى، تەقۋالىقنىڭ يوقىلىشى، ئەخلاقنىڭ سۇسلىشىشى، كۇفرىلىقنىڭ بازار تېپىشى، مۆئمىنلەرنىڭ ھەيۋىسىنىڭ يوقىلىشى ۋە ئۇلارنىڭ خارلىنىشى، كاپىرلارنىڭ ئەزىزلىككە ئېرىششى دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. «چوڭ بۇزغۇنچىلىق» دېگەن ھەقىقەتنىڭ ئورنىنى ساختىلىق، ئەخلاقنىڭ ئورنىنى ئەخلاقسىزلىق، تەقۋالىقنىڭ ئورنىنى پاسىقلىق، ئادالەتنىڭ ئورنىنى زۇلۇم ۋە يولسىزلىق ئالغاندىن كېيىن، دۇنيادا ئومۇميۈزلۈك قالايمىقانچىلىق، يولسىزلىق ۋە بۇزغۇنچىلىق يۈز بېرىپ، تەڭپۇڭلۇقنىڭ يوقۇلىشى دېگەنلىكتۇر. دېمەك، ئاللاھ تائالا ﴿تَكُن فِتْنَةٌ فِى ٱلْأَرْضِ وَفَسَادٌ كَبِيرٌ﴾ يەنى ﴿يەر يۈزىدە پىتنە ۋە چوڭ بۇزغۇنچىلىق تۇغۇلىدۇ﴾ دېگەن بۇ ئىخچام ئايەت ئارقىلىق مۇسۇلمانلاردا بىرلىكنىڭ، سەمىمىي دوستلۇقنىڭ ۋە ئىسلامىي قېرىنداشلىقنىڭ بۇزۇلغانلىقىدىن كېلىپ چىقىدىغان پالاكەتلەرنى، بەختسىزلىكلەرنى ۋە زىيان-زەخمەتلەرنى قىسقىغىنە بايان قىلىپ بەرگەن.

ئەللامە بەغەۋىي ﴿فِتْنَةٌ فِى ٱلْأَرْضِ وَفَسَادٌ كَبِيرٌ﴾ دېگەن ئايەتنى «يەر يۈزىدە پىتنە تۇغۇلۇشى دېگەنلىك كۇفرىنىڭ كۈچلىنىپ كېتىشىدۇر، چوڭ بۇزغۇنچىلىق يۈز بېرىشى دېگەنلىك ئىسلامنىڭ ئاجىزلاپ كېتىشىدۇر»[1] دەپ تەپسىر قىلغان. بۇ ئايەتتىن مەلۇمكى، مۇسۇلمانلارنىڭ بېشىغا كەلگەن ئېغىرچىلىقلارنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى كۇفرى كۈچلىنىپ كاپىرلارنىڭ قۇدرەت تاپقانلىقى، ئىسلام ئاجىزلىشىپ مۇسۇلمانلارنىڭ زەئىپلەشكەنلىكىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. بۇ ئايەت «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئالدىن خەۋەر بېرىشتە راستچىل ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان ئايەتلەرنىڭ بىرىدۇر. چۈنكى، ئەھۋال خۇددى «قۇرئان كەرىم» ئالدىن خەۋەر بەرگەندەك بولماقتا.

بەزى مۇپەسسىرلەر ﴿وَٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ بَعْضُهُمْ أَوْلِيَآءُ بَعْضٍ ۚ إِلَّا تَفْعَلُوهُ تَكُن فِتْنَةٌ فِى ٱلْأَرْضِ وَفَسَادٌ كَبِيرٌ﴾ دېگەن ئايەتنى مۇنداق تەپسىر قىلغان: كاپىرلار بىر-بىرى بىلەن دوستتۇر. ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەرنىڭ كاپىرلارنى دوست تۇتۇشۇڭلار قەتئىي توغرا ئەمەس. گەرچە ئۇلار سىلەرگە يېقىن تۇغقان بولغان تەقدىردىمۇ، سىلەرنىڭ ئۇلارنىڭ تەرىپىنى تۇتۇشۇڭلار

---

[1] «تفسير البغوي» 3-توم، 380-بەت.

ياكى ئۇلار بىلەن دوستلۇق ئورنىتىشىڭلار توغرا بولمايدۇ. ئۇلارنى قەتئىي دوست تۇتماسلىقىڭلار لازىم. ئەگەر سىلەر بۇ چەكلىمىگە ئەمەل قىلمىساڭلار، يەر يۈزىدە چوڭ قالايمىقانچىلىق ۋە پىتنە-پاسات يۈز بېرىدۇ. بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ئاجىزلىشىشىنى، ئۇلارنىڭ شان-شەۋكىتىنىڭ تۆۋەنلىشىشىنى، كاپىرلارنىڭ غەلىبە قىلىشىنى ۋە ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

سۇبھانەللاھ! رەببىم سەن ھەقىقەتەن كېلەچەكتە بولىدىغان ئىشلارنى شەكسىز بىلىسەن! مۇسۇلمانلار مۇسۇلمان ئەمەسلەرگە ساداقەت باغلاپ، ئۇلارنى بىر قېتىم سىياسىي باھانە بىلەن، يەنە بىر قېتىم باشقا بىر باھانە بىلەن ئۆزلىرىگە يېقىن سىرداش قىلىۋېلىشقا باشلىغانغا قەدەر ئۇلارنىڭ ئەھۋالى ياخشى ئىدى، ئۇلار دۇنيادا ئەزىز ئىدى، ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇپ ياشايتتى. ئەپسۇسكى، ئۇلار ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىدىن يۈز ئۆرۈپ، كاپىرلارغا قەلب قاتلىرىدىن ئورۇن بېرىپ، ئۇلار بىلەن سىرداش بولۇۋىدى، مۇسۇلمانلار بۈگۈنكى ھالغا چۈشۈپ قالدى. ھازىر دۇنيادا ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇپ ياشايدىغان مۇسۇلمان دۆلىتى قالمىدى، دېسەك مۇبالىغە قىلمىغان بولىمىز. چۈنكى، ئۇلارنىڭ بەزىسى قورallىق مۇستەملىكىگە ئۇچرىغان بولسا، بەزىسى سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي تەرەپتىن مۇستەملىكىگە ئۇچرىغان. شۇڭا ئۇلارنىڭ ھەممىسى مۇستەملىكىچى چوڭ دۆلەتلەر تەرىپىدىن باشقۇرۇلىدۇ ۋە ئۇلارغا بېقىنىپ ياشايدۇ.

بىز مۇسۇلمانلار ئۆز قىلمىشلىرىمىز تۈپەيلىدىن كۆپ زىيان تارتتۇق، شان-شەۋكىتىمىزدىن، كۈچ-قۇدرىتىمىزدىن ئايرىلىپ قالدۇق. بىز «قۇرئان كەرىم»گە مۇراجىئەت قىلىپ، دىنىمىزنىڭ ئەسلىگە قايتىپ، ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇقلىرىنى تولۇق ئورۇنداپ، چەكلىگەنلىرىدىن يېنىپ، ئۆزىمىزنى ئىسلاھ قىلمىغۇچە بىزنىڭ ئەھۋالىمىز ئوڭشالمايدۇ.

دەسلەپ ئىمان ئېيتقان، ھىجرەت قىلغان، ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلغان، پەيغەمبەرگە ئۆز يۇرتىدا ئورۇن بەرگەن، ئۇنى قوللاپ-قۇۋۋەتلىگەن ۋە ياردەم بەرگەن كىشىلەر مۇھاجىرلار بىلەن ئەنسارلار بولۇپ، ئەنە شۇلار ھەقىقىي مەنىدىكى مۆئمىنلەردۇر. ھىجرەت قىلىش ۋە پەيغەمبەرگە ياردەم بېرىش چىن ئىمان بىلەن سەممىي ئىخلاسنىڭ دەلىلىدۇر. ئۇلار بۇ ياخشى ئەمەللىرى بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ كەڭ مەغپىرىتى ۋە رازىلىقىغا ئېرىشتى. ئۇلار ئۈچۈن دۇنيا-ئاخىرەتتە ئېسىل رىزىق ۋە

ئالىي مەرتىۋە بار. ئەنە شۇلار دەسلەپ ئىمان ئېيتقان ۋە ئاللاھ تائالاغا يېقىن بولغان كىشىلەردۇر. ئۇلار مەڭگۈلۈك جەننەتنىڭ ۋارىسلىرىدۇر. ئۇلاردىن كېيىن ئىمان ئېيتقانلار، يەنى مۇسۇلمانلار كۈچلىنىپ دۆلەت قۇرغان، شان-شەۋكىتى ئاشقان ۋە قۇدرەت تاپقاندىن كېيىن، ئىمان ئېيتقان ۋە ھىجرەت قىلغان، ئاندىن ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلغان كىشىلەرمۇ ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىغا ئېرىشكەن مۇھاجىرلار بىلەن ئەنسارلارنىڭ قاتارىدىن سانىلىدۇ، بۇلارمۇ ئۇلار ئېرىشكەن ئەجىر-ساۋابقا ئېرىشىدۇ.

ئاللاھ تائالانىڭ كىتابى بولغان «قۇرئان كەرىم»نىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە، ئۇرۇق-تۇغقانلار بىر-بىرىگە ۋارىس بولۇشقا ئەڭ ھەقلىقتۇر. ئەللامە بەغەۋىي ئۆز تەپسىرىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى بايان قىلغان: «ئىسلامنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا، بىر-بىرى بىلەن قېرىنداش بولۇشقان مۇھاجىرلار بىلەن ئەنسارلار بىر-بىرىگە ۋارىس بولاتتى، يەنى ئۇلاردىن قايسىسى بۇرۇن ئۆلسە، كېيىنكىسى ئۇنىڭدىن مىراس ئالاتتى. ئەمما ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مۇسۇلمان بولمىغان ئۇرۇق-تۇغقانلىرى بىلەن مىراس ئېلىشمايتتى، ھەتتا بىراۋ ئىمان ئېيتقان بولسىمۇ، مەدىنىگە ھىجرەت قىلمىغان بولسا، ئۇ ئۆزىنىڭ مۇھاجىر تۇغقىنىدىن مىراس ئالالمايتتى. بۇ ئىش مەككە فەتھى قىلىنغانغا قەدەر داۋاملاشقان بولۇپ، مەككىنىڭ فەتھى قىلىنىشى بىلەن ھىجرەت قىلىش توختىغاندىن كېيىن، ئۇرۇق-تۇغقانلار بىر-بىرىدىن مىراس ئېلىشىدىغان بولغان، بۇ ئايەتنىڭ ھۆكمى ئەھزاب سۈرىسىدىكى مۇنۇ ئايەت ئارقىلىق ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان: ﴿وَأُوْلُواْ ٱلْأَرْحَامِ بَعْضُهُمْ أَوْلَىٰ بِبَعْضٍ فِي كِتَٰبِ ٱللَّهِ مِنَ ٱلْمُؤْمِنِينَ وَٱلْمُهَٰجِرِينَ﴾ يەنى ﴿ئاللاھنىڭ كىتابىدا ئۇرۇق-تۇغقانلار (مىراس ئېلىشتا) بەزىسى بەزىسىگە مۇئمىنلەردىن ۋە مۇھاجىرلاردىن ھەقلىقتۇر﴾[1]»[2].

يۇقىرىقى ئايەتلەردە تەكرار يوق. چۈنكى، بىرىنچى ئايەتتە: ئىسلامىي قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتىنىڭ نەسەبتىكى قېرىنداشلىق مۇناسىۋەتتىن كۈچلۈك ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان. ئىككىنچىسىدە: ئۇلارنىڭ مەرتىۋىسى بايان قىلىنىش بىلەن بىرلىكتە، ئۇلارنىڭ ھەقىقىي مۇئمىنلەر ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان. ئۈچىنچىسىدە: ئىسلام

[1] ئەھزاب سۈرىسى: 6- ئايەت.
[2] «تفسير البغوي» 3-توم،380-بەت.

كۆچلىنىپ، مۇسۇلمانلار قۇدرەت تاپقاندىن كېيىن ئىمان ئېيتىپ، ھىجرەت قىلىپ كەلگەنلەرنىڭمۇ ئاۋۋالقىلارنىڭ قاتارىدىن ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان. توغرىسىنى ئاللاھ تائالا ئۆزى بىلگۈچىدۇر.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا مۆئمىنلەرنىڭ مەرتىۋىسى بىر خىل بولمايدۇ.

2. ئىسلام تارىخىدا ھەر تەرەپتىن كامالەتكە يەتكەن ئەڭ مۇكەممەل مۆئمىنلەر مۇھاجىرلار بىلەن ئەنسارلار ئىكەنلىكىدە ھېچكىم ئىختىلاپ قىلمايدۇ. چۈنكى، مۇھاجىرلار ئىمان، ھىجرەت ۋە جىھادتىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ ئەمەلدە كامالەتكە يەتكەن كىشىلەردۇر. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسا-لامغا سادىق بولۇپ، ئۇنىڭ دىنىغا ھەقىقىي رەۋىشتە ئەگەشكەندىن كېيىن، ئاللاھ يولىدا يۇرتىنى، بالىچاقىلىرىنى ۋە دۇنيالىقتىكى ھەر نەرسىسىنى مەككىدە قالدۇرۇپ، ھىجرەت شەھىرى بولغان مەدىنە مۇنەۋۋەرەگە ھىجرەت قىلدى، ئاندىن ئاللاھ يولىدا جېنىنى تىكىپ جىھاد قىلىپ، ئىسلام دۈشمەنلىرى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، ئىسلام دىنىنىڭ پۈتۈن دۇنياغا تارقىلىش يولىنى ئاچتى.

ئەنسارلار بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەيئەت قىلغاندىن كېيىن، مۇھاجىرلارنى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى خۇددى ئۆز ئائىلىسىدىكىلىرىنى مۇداپىئە قىلغاندەك مۇداپىئە قىلىپ قوغدىدى ۋە ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىپ ئىسلام دىنىنىڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئەرەب يېرىم ئارىلىدىن ھالقىپ دۇنياغا تارقىلىشى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپىلەرنى كۆرسەتتى. ئەنسارلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ مۇستەھكەم ئىمانى، ئۆزى ئاچ قالسىمۇ مۇھاجىرلارنى تويغۇزۇشتەك پىداكارلىق روھى ۋە ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشتىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ كامالەتنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغان زاتلار ئىدى.

3. مۇسۇلمانلارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا ئەڭ مەرتىۋىلىك بولىدىغانلىرى ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا ياردەم قىلغان، مۇسۇلمانلارنى ۋە ئۇلارنىڭ دىيارىنى قوغداش يولىدا جان تىكىپ جىھاد قىلغانلار بولۇپ، ئۆزىنىڭ بىر كىشىلىك مۇسۇلمانلىق بۇرچىنى ئادا قىلغانلار ئادەتتىكى مۇسۇلمانلاردىن سانىلىدۇ. بۇلار ئالدىنقىلارنىڭ مەرتىۋىسىگە يېتەلمەيدۇ.

4. مۇسۇلمانلارغا ياردەم قىلىش، ئۇلارنىڭ دەردىنى ئاڭلاش،

قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش ھەربىر مۇسۇلمان ئادەم ئۈچۈن پەرزدۇر ۋە مۇسۇلمانلىقىنىڭ ئەڭ ئەقەللىي تەلىپىدۇر.

# تەۋبە سۈرىسى

تەۋبە سۈرىسى 129 ئايەتلىك سۈرە بولۇپ، 128ـ ۋە 129ـ ئايەتلىرى مەككىدە، قالغان ئايەتلىرىنىڭ ھەممىسى مەدىنىدە نازىل بولغان.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: كاپىر پىرقىلىرىنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلىش، مۇناپىقلارنىڭ ئەپتى - بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلاش ئارقىلىق ھەقىقىي مۇئمىنلەرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشتىن ئىبارەتتۇر.

بۇ سۈرە ﴿بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ﴾ بىلەن باشلانمىغان يېگانە سۈرە بولۇپ، «قۇرئان كەرىم»دىن ئەڭ ئاخىر نازىل بولغان سۈرە ھېسابلىنىدۇ. بۇ سۈرىنىڭ 104ـ ئايىتى تەۋبىگە مۇناسىۋەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ سۈرىنىڭ ئىسمى «تەۋبە» دەپ ئاتالغان. بۇ سۈرە «ئالاقىنى ئۈزۈش» دېگەن مەنىدە «بارائەت» سۈرىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

بۇ سۈرىنىڭ يەنە «قوزغاتقۇچى»، «رەسۋا قىلغۇچى»، «قوغلىغۇچى»، «ئازاب سۈرىسى» دېگەنگە ئوخشاش كۆپلىگەن ئىسىملىرى بار. چۈنكى، بۇ سۈرىدە تەۋبە ـ ئىستىغپار ۋە كاپىرلار بىلەن تۈزۈشكەن كېلىشىمنىڭ بىكار قىلىنغانلىقى بايان قىلىنغاندەك، مۇناپىقلارنىڭ ئەپتى - بەشىرىسى ئېچىلىپ تاشلىنىپ رەسۋا قىلىنىدۇ، كېلىشىمنى بۇزغان مۇشرىكلارنىڭ جازاسى بايان قىلىنىدۇ.

بۇ سۈرىنىڭ بېشىدا ﴿بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ﴾نىڭ زىكىر قىلىنمىغانلىقى سەۋەبلىك بۇ سۈرىنى ئالدىنقى سۈرە ـ ئەنفال سۈرىسىنىڭ داۋامى بولۇشى مۇمكىن دەپ چۈشىنىلىپ قالماسلىقى لازىم. چۈنكى، بۇ سۈرە مۇستەقىل سۈرىدۇر. بۇ سۈرىنىڭ يۇقىرىقىدەك بىر نەچچە ئىسىم بىلەن ئاتىلىپ كەلگەنلىكى ئۇنىڭ ئەنفال سۈرىسىنىڭ داۋامى ئەمەس، بەلكى ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل سۈرە ئىكەنلىكىنى دەلىللەيدۇ.

ئۇنداقتا نېمە ئۈچۈن سۈرىنىڭ بېشىدا بىسمىللاھ كەلمىدى؟

مۇپەسسىرلەر بۇ سۈرىنىڭ ﴿بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ﴾ بىلەن باشلان-

ـمغانلىقىنىڭ ھېكمىتى توغرۇلۇق دەيدۇكى، بۇ سۈرە كېلىشىمنى بۇزغان كاپىرلارغا بېرىلگەن ئامانلىقنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ۋە مۇناپىقلارنى رەسۋا قىلىش ھەققىدىكى ئايەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق بىسمىللاھسىز باشلانغان. چۈنكى، بۇنداق غەزەپنى ئىپادىلەيدىغان سۈرىنى ئاللاھ تائالانىڭ «ناھايىتى شەپقەتلىك» ۋە «بەكمۇ مېھرىبان» دېگەن سۈپەتلىرى بىلەن باشلاش مۇناسىپ كۆرۈلمىگەن. ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، «مەن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن تەۋبە سۈرىسىنىڭ بېشىدا بىسمىللاھ كەلمىگەنلىكىنىڭ سەۋەبى ھەققىدە سورىۋىدىم. ئۇ ماڭا ‹بىسمىللاھ دېگەن ئامانلىقتۇر. ھالبۇكى، تەۋبە سۈرىسى ئۇرۇش قىلىشقا ئەمر قىلىنغان سۈرە بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق كەلگەن› دەپ جاۋاب بەردى». بۇ مۇشۇ سۈرىنىڭ بىسمىللاھسىز باشلانغانلىقىنىڭ سەۋەبى ھەققىدىكى بەش خىل قاراشنىڭ بىرىدۇر[1].

﴿بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ﴾ «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئايەتلىرىدىن بىر ئايەت بولۇپ، سۈرىلەرنىڭ بېشىغا تەۋەررۈك ئۈچۈن ۋە سۈرىلەرنى بىر-بىرىدىن ئايرىش ئۈچۈن قويۇلغان. ئۇنى سۈرىنىڭ بېشىغا كەلتۈرۈش ياكى كەلتۈرمەسلىك ئىنساننىڭ ئىشى ئەمەس، بەلكى ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرى بىلەن بولغان ئىشتۇر. بۇ سۈرىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا شۇنداق بىسمىللاھسىز ۋەھيى قىلىنغانلىقى توغرۇلۇق ئىسلام ئۆلىمالىرى ئارىسىدا ھېچبىر ئىختىلاپ يوقتۇر.

## ◄ بۇ سۈرىدىكى ۋەقەلىكنىڭ قىسقىچە تارىخى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھىجرى يەنى 6-يىلى ھۇدەيبىيە[2] دېگەن جايدا مەككە مۇشرىكلىرى بىلەن ئون يىللىق تىنچلىق كېلىشىمى ئىمزالىغان ئىدى. كېلىشىمنىڭ شەرتلىرىدىن بىرى، خالىغان قەبىلىنىڭ ئۆزى خالىغان تەرەپ بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈشكە كەڭچىلىك قىلىش، تەرەپلەرنىڭ ھېچبىرى يەنە بىر تەرەپكە چېقىلماسلىق ئىدى. بۇ ماددىغا ئاساسەن، خۇزائە قەبىلىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن، بەكرى قەبىلىسى مەككە مۇشرىكلىرى بىلەن ئىتتىپاق تۈزگەن ئىدى. بۇ ئىككى قەبىلە ئوتتۇرىسىدا قەدىمدىن تارتىپ دۈشمەنلىك ۋە سۈركىلىشلەر بار ئىدى.

---

[1] «أيسر التفاسير لكلام العلي الكبير» 2- توم، 337- بەت.

[2] مەككىنىڭ غەربىگە جايلاشقان يېزا بولۇپ، ھازىر شۇمەيسى دەپ ئاتالغان تەكشۈرۈش پونكىتىنىڭ ئۇدۇلىغا توغرا كېلىدۇ.

بىر كۈنى بەكرى قەبىلىسى ئەھدىنى بۇزۇپ، خۇزائە قەبىلىسىگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىدۇ، قۇرەيش قەبىلىسىدىكىلەر بەكرى قەبىلىسىگە قورال - ياراق بىلەن ياردەم بېرىدۇ. نەتىجىدە، خۇزائە قەبىلىسى بەكرى قەبىلىسى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىپ كۆپ ئادىمى ئۆلتۈرۈلىدۇ. مەككە مۇشرىكلىرى بۇ قىلمىشى بىلەن ھۇدەيبىيە تىنچلىق كېلىشىمىنى بۇزغان بولىدۇ.

شۇ چاغدا خۇزائە قەبىلىسىنىڭ كاتتىبېشى ئەمر ئىبنى سالىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇنىڭدىن ياردەم تىلىگەن. ئەھدىنى بۇزغانلار بەكرى قەبىلىسىلا ئەمەس، بەلكى خېلى كۆپ قەبىلىلەر ئەھدىنى بۇزغان ئىدى. بۇ ۋەقەلىكلەر مۇسۇلمانلار بىلەن مۇشرىكلار ئوتتۇرىسىدىكى تىنچلىق كېلىشىمىنىڭ بۇزۇلۇشىغا سەۋەب بولدى، كېيىنچە مەككىنىڭ ئازاد قىلىنىشىغا تۈرتكە بولدى.

ھەممىگە مەلۇم تارىخىي ھەقىقەت شۇكى، مۇشرىكلار بىر قېتىممۇ ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمىغان، تۈزۈلگەن كېلىشىمگە ھۆرمەت قىلمىغان بولۇپ، ئۇلار ھەمىشە ۋەدىسىنى بۇزۇپ، كېلىشىمنى ئاياق-ئاستى قىلىپ، مۇسۇلمانلارغا قارشى ھىيلە-مىكىرلەرنى ۋە سۇيىقەستلەرنى پىلانلاپ كەلگەن. شۇڭا ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارنى﴿وَإِن نَّكَثُوٓاْ أَيۡمَٰنَهُم مِّنۢ بَعۡدِ عَهۡدِهِمۡ وَطَعَنُواْ فِي دِينِكُمۡ فَقَٰتِلُوٓاْ أَئِمَّةَ ٱلۡكُفۡرِ إِنَّهُمۡ لَآ أَيۡمَٰنَ لَهُمۡ لَعَلَّهُمۡ يَنتَهُونَ﴾ يەنى ﴿ئەگەر ئۇلار ئەھدىلەشكەندىن كېيىن، قەسەملىرىنى بۇزسا ۋە دىنىڭلارنى ئەيىبلىسە، ئۇلارنىڭ (دۈشمەنلىكتىن) چەكلىنىشى ئۈچۈن، كۇفرىنىڭ كاتتىباشلىرىغا قارشى ئۇرۇش ئېچىڭلار. چۈنكى، ئۇلارنىڭ قەسىمىنىڭ ھېچقانداق ئېتىبارى يوق﴾[1] دەپ بۇيرۇغان. چۈنكى، ئۇلار تۈزۈشكەن كېلىشىملىرىگە ۋە بەرگەن ۋەدىلىرىگە ئەمەل قىلمىغان ئىكەن، ئۇلارنىڭ قەسەملىرىنىڭ بار-يوقلۇقىنىڭ ھېچبىر پەرقى يوق، ئېتىبارىمۇ يوق. ئەمما كېلىشىمنى بۇزمىغانلار بىلەن تىنچلىق ئىچىدە ئۆتۈش ئىسلام پرىنسىپلىرىنىڭ بىرىدۇر.

بۇ سۈرىدە مۇسۇلمانلارنىڭ مۇشرىكلار بىلەن تۈزۈشكەن تىنچلىق كېلىشىمىنىڭ بىكار قىلىنغانلىقى ۋە مۇشرىكلارغا تۆت ئاي مۆھلەت بېرىلگەنلىكى، ئۇلار مۇشۇ تۆت ئاي ئىچىدە ئىمان ئېيتىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ سېپىگە قوشۇلسا، ئۇلارنى دىنىي قېرىنداش دەپ تونۇش، ئەگەر ئىمان ئېيتمىسا ۋە مۇسۇلمانلارغا قارشى دۈشمەنلىك مەۋقەسىدىن يانمىسا، تۆت ئايدىن كېيىن ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىش كېرەكلىكى،

[1] تەۋبە سۈرىسى: 12-ئايەت.

ئەمما كېلىشىمنى بۇزمىغان ۋە ئەھدىسىگە رىئايە قىلغانلار بىلەن كېلىشىمنىڭ مۇددىتى توشقانغا قەدەر تىنچ ئۆتۈش لازىملىقى ئۇقتۇرۇلغان.

### ◄ مۇشرىكلارغا كېلىشىمنىڭ بۇزۇلغانلىقىنى ئېلان قىلىش

﴿بَرَآءَةٌ مِّنَ ٱللَّهِ وَرَسُولِهِۦٓ إِلَى ٱلَّذِينَ عَٰهَدتُّم مِّنَ ٱلْمُشْرِكِينَ ۝١
فَسِيحُوا۟ فِى ٱلْأَرْضِ أَرْبَعَةَ أَشْهُرٍ وَٱعْلَمُوٓا۟ أَنَّكُمْ غَيْرُ مُعْجِزِى ٱللَّهِ
وَأَنَّ ٱللَّهَ مُخْزِى ٱلْكَٰفِرِينَ ۝٢ وَأَذَٰنٌ مِّنَ ٱللَّهِ وَرَسُولِهِۦٓ إِلَى ٱلنَّاسِ
يَوْمَ ٱلْحَجِّ ٱلْأَكْبَرِ أَنَّ ٱللَّهَ بَرِىٓءٌ مِّنَ ٱلْمُشْرِكِينَ ۙ وَرَسُولُهُۥ ۚ فَإِن
تُبْتُمْ فَهُوَ خَيْرٌ لَّكُمْ ۖ وَإِن تَوَلَّيْتُمْ فَٱعْلَمُوٓا۟ أَنَّكُمْ غَيْرُ مُعْجِزِى
ٱللَّهِ ۗ وَبَشِّرِ ٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ بِعَذَابٍ أَلِيمٍ ۝٣ إِلَّا ٱلَّذِينَ عَٰهَدتُّم مِّنَ
ٱلْمُشْرِكِينَ ثُمَّ لَمْ يَنقُصُوكُمْ شَيْـًٔا وَلَمْ يُظَٰهِرُوا۟ عَلَيْكُمْ أَحَدًا
فَأَتِمُّوٓا۟ إِلَيْهِمْ عَهْدَهُمْ إِلَىٰ مُدَّتِهِمْ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ يُحِبُّ ٱلْمُتَّقِينَ ۝٤﴾

### ◄ تەرجىمىسى

1-(بۇ) ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى تەرىپىدىن سىلەر بىلەن (تىنچ ئۆتۈش ئۈچۈن) كېلىشىم تۈزۈشكەن مۇشرىكلارغا (كېلىشىمنى بۇزغانلىقى تۈپەيلىدىن) كېلىشىمنى بىكار قىلىش باياناتىدۇر.

2-(ئى مۇشرىكلار!) يەر يۈزىدە تۆت ئاي يۈرۈۋېلىڭلار، بىلىڭلاركى، سىلەر ئاللاھ (نىڭ جازاسى) دىن قېچىپ قۇتۇلالمايسىلەر، (شۇنىمۇ بىلىپ قويۇڭلاركى) ئاللاھ كاپىرلارنى رەسۋا قىلغۇچىدۇر.

3-(بۇ) چوڭ ھەج كۈنىدە ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى تەرىپىدىن ئىنسانلارغا (چىقىرىلغان) ئېلاندۇركى، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى مۇشرىكلاردىن ئادا-جۇدادۇر. ئەگەر (كۇفرىدىن يېنىپ) تەۋبە قىلساڭلار، بۇ سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر. ئەگەر يۈز ئۆرۈسەڭلار، بىلىڭلاركى، ئاللاھ (نىڭ جازاسى) دىن قېچىپ قۇتۇلالمايسىلەر. (ئى پەيغەمبەر!) كاپىرلارغا قاتتىق ئازاب بىلەن بىشارەت بەرگىن.

4-ئەمما مۇشرىكلار ئىچىدىكى سىلەر بىلەن كېلىشىم تۈزگەن، كېلىشىمگە

ھېچقانداق خىلاپلىق قىلمىغان، سىلەرگە قارشى ھېچقانداق ئادەمگە ياردەم بەرمىگەنلەرگە كەلسەك، ئۇلار بىلەن تۈزگەن بۇ كېلىشىمگە ئۇنىڭ ۋاقتى توشقانغا قەدەر رىئايە قىلىڭلار. شەكسىزكى، ئاللاھ تەقۋادارلارنى ياخشى كۆرىدۇ.

## ◄ تەپسىرى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن مۇسۇلمانلار ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرى بىلەن مەككىلىك ۋە باشقا مۇشرىك ئەرەبلەر بىلەن تىنچلىق كېلىشىمى تۈزگەن ئىدى. لېكىن ئۇزاق ئۆتمەيلا زەمرە ۋە كىنانە قەبىلىلىرىدىن باشقا ئەرەبلەرنىڭ ھەممىسى كېلىشىمنى بۇزدى. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارنى كېلىشىمنى بۇزغانلارغا بۇ كېلىشىمنىڭ بىكار قىلىنغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ، ئۇلاردىن ئادا-جۇدا بولۇش ۋە ئۇلارغا تۆت ئايلىق مۆھلەت بېرىشنى بۇيرىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھىجرى يەنى ك 9-يىلى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ھاجىلارغا يېتەكچى قىلىپ مەككىگە ئەۋەتكەندىن كېيىن، تەۋبە سۈرىسى مۇسۇلمانلار بىلەن مۇشرىكلار ئوتتۇرىسىدا بۇرۇن تۈزۈلگەن كېلىشىمنىڭ بىكار قىلىنغانلىقىنى ئۇقتۇرۇش ئۈچۈن نازىل بولغان[1].

مۇشرىكلار بىلەن تۈزگەن كېلىشىمنى بىكار قىلىش ئەمرىنى ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىگە مەنسۇپ قىلىپ: ﴿(بۇ) ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى تەرىپىدىن سىلەر بىلەن (تىنچ ئۆتۈش ئۈچۈن) كېلىشىم تۈزۈشكەن مۇشرىكلارغا (كېلىشىمنى بۇزغانلىقى تۈپەيلىدىن) كېلىشىمنى بىكار قىلىش باياناتىدۇر﴾ دېگەنلىكى مۇشرىكلار كېلىشىمنى بىرىنچى بولۇپ بۇزغانلىقى ئۈچۈن، بۇ كېلىشىمنى بىكار قىلىشنىڭ زۆرۈر بولۇپ قالغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭغا سەل قاراشقا بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈندۇر. ئايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسمى ئاللاھ تائالانىڭ ئىسمىغا يانداشتۇرۇپ كەلتۈرۈلگەنلىكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەرتىۋىسىنى ئېخمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈندۇر. تىنچلىق كېلىشىمى تۈزۈش ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇشى بىلەن ۋۇجۇتقا چىققان بىر ئىش بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە

[1] «تفسير الطبري» 14-توم، 97-بەت.

كېلىشىم مۇسۇلمانلار بىلەن مۇشرىكلار ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەنلىكى ئۈچۈن، ﴿سىلەر بىلەن (تىنچ ئۆتۈش ئۈچۈن) كېلىشىم تۈزۈشكەن﴾ دېيىش ئارقىلىق مەزكۇر كېلىشىم مۇسۇلمانلارغا مەنسۇپ قىلىنغان.

﴿(ئى مۇشرىكلار!) يەر يۈزىدە تۆت ئاي يۈرۈۋېلىڭلار﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى: ئى مۇسۇلمانلار بىلەن تىنچلىق كېلىشىمى تۈزۈشكەن مۇشرىكلار! سىلەر بۈگۈندىن باشلاپ تۆت ئايغىچە مۇسۇلمانلارنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا خاتىرجەم تۇرۇۋېلىڭلار، تۆت ئاي توشقاندىن كېيىن، سىلەرنىڭ بۇرۇن مۇسۇلمانلار بىلەن تۈزۈشكەن كېلىشىمىڭلارنىڭ ۋاقتى تۈگەيدۇ، بۇنى بىلىپ قېلىڭلار، دېگەنلىكتۇر.

مۇشرىكلارغا بېرىلگەن تۆت ئايلىق مۇددەت ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئېلان قىلغان كۈندىن (يەنى ھىجرىيەنىڭ 9-يىلى زۇلھەججە ئېيىنىڭ 10-كۈنى) باشلىنىپ، ھىجرىيەنىڭ 10-يىلى رەبىئۇل ئاخىر ئېيىنىڭ 10-كۈنى تۈگىگەن.

ئەللامە ئىبنى كەسىر ۋە ئەللامە سەئدىي قاتارلىق مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە، ﴿(ئى مۇشرىكلار!) يەر يۈزىدە تۆت ئاي يۈرۈۋېلىڭلار﴾ دېگەن ئايەت ۋاقىت بەلگىلەنمىگەن كېلىشىم ياكى ۋاقتى تۆت ئايدىن ئاز بولغان كېلىشىملەرگە قارىتىلغان بولۇپ، بۇ كېلىشىملەرنىڭ ھەممىسى تۆت ئايدىن كېيىن بىكار قىلىنىدۇ. ئەمما تۆت ئايدىن كۆپ مۇددەتلىك تۈزۈلگەن كېلىشىملەر مۇددىتى تۈگىگەنگە قەدەر كۈچكە ئىگىدۇر. بۇ ئۇلارنىڭ خىيانەت قىلماسلىقىدىن ۋە ئەھدىنى بۇزماسلىقىدىن خاتىرجەم بولالىغان ئەھۋالغا خاستۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ﴿ئۇلار بىلەن تۈزگەن بۇ كېلىشىمگە ئۇنىڭ ۋاقتى توشقانغا قەدەر رىئايە قىلىڭلار﴾ دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مَنْ كَانَ بَيْنَهُ وَبَيْنَ رَسُولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ مُدَّةٌ فَأَجَلُهُ إِلَى مُدَّتِهِ» يەنى «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن كېلىشىم تۈزۈشكەنلەرنىڭ كېلىشىمى ئۇنىڭ مۇددىتى توشقىچە داۋاملىشىدۇ»[1] دېگەن. ھېچقانداق كېلىشىمى يوقلارنىڭ مۇددىتى ئۇرۇش قىلىش چەكلەنگەن تۆت ئاي بولۇپ، ئۇلار: رەجەب، زۇلقەدە، زۇلھەججە ۋە مۇھەررەم ئايلىرىدۇر.

﴿(بۇ) ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى تەرىپىدىن سىلەر بىلەن (تىنچ ئۆتۈش ئۈچۈن) كېلىشىم تۈزۈشكەن مۇشرىكلارغا (كېلىشىمنى بۇزغانلىقى

---

[1] «مسند الإمام أحمد» 1-توم، 183-بەت، 4 -ھەدىس.

تۈپەيلىدىن) كېلىشىمنى بىكار قىلىش باياناتىدۇر﴾ يەنى بۇ ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ مۇسۇلمان-كاپىر ھەممىسىگە ئورتاق بىلدۈرۈشىدۇركى، مۇشرىكلار بىلەن تۈزۈشكەن كېلىشىم بىكار قىلىندى. بۇ ئېلان يۇقىرىدا بايان قىلغىنىمىزدەك، ھىجرى يەنى ﷺ 9-يىلى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇسۇلمانلارغا يېتەكچى بولۇپ ھەج قىلغاندا، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ تىلى بىلەن جاكارلانغان. پۈتكۈل ئىنسانلار بىلسۇنكى، ئاللاھ تائالا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى مۇشرىكلاردىن ۋە ئۇلارنىڭ كېلىشىملىرىدىن ئادا-جۇدادۇر. مۇسۇلمانلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىر سەپتىكى كىشىلەر بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارمۇ مۇشرىكلاردىن ئادا-جۇدادۇر. بۇ ئېلان ئەمەلىيەتتە كاپىرلارغا قارىتىلغان تەھدىت ۋە ئاگاھلاندۇرۇش ئىدى. يەنى ئى مۇشرىكلار! ئەگەر سىلەر مۇشرىكلىكتىن يېنىپ، قىلمىشىڭلارغا تەۋبە قىلىپ، كۇفرىدىن پاكلانساڭلار بۇ سىلەر ئۈچۈن تولىمۇ ياخشىدۇر. ئەگەر ئىسلام دەۋىتىدىن يۈز ئۆرۈپ، ئىماندىن ئېتىشتىن باش تارتساڭلار، ئىسلامغا قارشى مەۋقەدە چىڭ تۇرساڭلار، بىلىڭلاركى، سىلەر ئاللاھ تائالانىڭ جازاسىدىن ھەرگىز قېچىپ قۇتۇلالمايسىلەر، سىلەرنىڭ ئاللاھ تائالاغا قارشى كېلەلەيدىغان قۇدرىتىڭلار يوق. ئاخىرەتتە بولسا قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىسىلەر.

ئى ئىمان ئېيتقانلار! بۇ ئېلان سىلەر بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ، ۋەدىسىدە تۇرماي كېلىشىمنى بۇزغانلارنىڭ ھەممىسىگە ئىجرا قىلىنىدۇ. ئەمما زەمرە ۋە كىنانە قەبىلىلىرىگە ئوخشاش كېلىشىمنى بۇزمىغان، كېلىشىم شەرتلىرىگە خىلاپلىق قىلمىغان، كېلىشىمنىڭ روھىغا ئۇيغۇن ھەرىكەت قىلغان، سىلەردىن ھېچكىمگە دۈشمەنلىك قىلمىغان، سىلەرگە دۈشمەنلىك قىلغانلارغا ياردەم بەرمىگەنلەرگە كەلسەك، ئۇلار بىلەن بولغان كېلىشىمنى مۇددىتى تۈگىگەنگە قەدەر داۋاملاشتۇرۇڭلار. شەكسىزكى، ئاللاھ تائالا ۋەدىسىگە ۋە قەسەملىرىگە خىيانەت قىلىشتىن ساقلىنىدىغان، بۇيرۇلغانلارنى ئورۇنداپ، مەنئى قىلىنغان ئىشلاردىن يىراق تۇرىدىغان ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بىلەن ئىش كۆرىدىغان تەقۋادار كىشىلەرنى ياخشى كۆرىدۇ.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. مۇسۇلمان مەسئۇللارنىڭ دۆلەتنىڭ ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش يۈزىسىدىن كاپىرلار بىلەن كېلىشىم تۈزۈشى جائىزدۇر.

2. ۋەدىگە خىلاپلىق قىلىش، كېلىشىمنى سەۋەبسىز بۇزۇش ئەڭ چوڭ

گۇناھ بولۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزى قويغان شەرتلىرىگە ۋە تۈزۈشكەن كېلىشىملىرىگە رىئايە قىلىشى پەرزدۇر.

3. قارشى تەرەپ كېلىشىمنى بۇزغان ۋاقىتتا، ئۇلارغا قارشى تەدبىر قوللىنىش ۋە ھوشيارلىق بىلەن ئىش كۆرۈش تەلەپ قىلىنىدۇ.

4. مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى سۆزىدە تۇرمايدىغان، ۋەدىسىگە ئەمەل قىلمايدىغان ئادەم «مۇناپىق» دەپ ئاتىلىدۇ. گەرچە بۇنداق كىشىلەر ھەقىقىي مەنىدىكى ئىمانسىز مۇناپىقلاردىن بولمىسىمۇ، مۇناپىقلارنىڭ ئىشىنى قىلغان كىشىلەردۇر.

5. تەقۋالىق-ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىپ، دىن ۋە دۇنيالىق بارلىق ئىشلاردا مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بىلەن ئىش كۆرۈش ئارقىلىق ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ساقلىنىش دېگەنلىكتۇر. ئىنسان ھەر ئىشتا ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىپ، ئاللاھ تائالا سىزىپ بەرگەن چەك- چېگرا ئىچىدە ھەرىكەت قىلىپ، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بىلەن ئىش قىلىدىغان بولسا، ئۇ تەقۋالىقنى ئەمەلگە ئاشۇرغان بولىدۇ.

### ◄ مۇشرىكلارغا قارشى جىھاد قىلىشنىڭ پەرزلىكى

﴿فَإِذَا ٱنسَلَخَ ٱلۡأَشۡهُرُ ٱلۡحُرُمُ فَٱقۡتُلُواْ ٱلۡمُشۡرِكِينَ حَيۡثُ وَجَدتُّمُوهُمۡ
وَخُذُوهُمۡ وَٱحۡصُرُوهُمۡ وَٱقۡعُدُواْ لَهُمۡ كُلَّ مَرۡصَدٖۚ فَإِن تَابُواْ وَأَقَامُواْ
ٱلصَّلَوٰةَ وَءَاتَوُاْ ٱلزَّكَوٰةَ فَخَلُّواْ سَبِيلَهُمۡۚ إِنَّ ٱللَّهَ غَفُورٞ رَّحِيمٞ ٥﴾

#### ◄ تەرجىمىسى

5-ئۇرۇش قىلىش ھارام قىلىنغان ئايلار ئۆتۈپ كەتكەندە، مۇشرىكلارنى قەيەردە ئۇچراتساڭلار، شۇ يەردە ئۆلتۈرۈڭلار، ئەسىرگە ئېلىڭلار، قورشاڭلار؛ ئۇلارنىڭ ئۆتىدىغان يوللىرىنى كۆزىتىپ تۇرۇڭلار، ئەگەر ئۇلار تەۋبە قىلسا، نامازنى مۇكەممەل ئادا قىلسا، زاكات بەرسە، ئۇلارنى (ئۆز ھالىغا) قويۇۋېتىڭلار. شەكسىزكى، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.

#### ◄ تەپسىرى

ئى ئىمان ئېيتقانلار! مۇشرىكلارنى سىلەرنىڭ قولۇڭلاردىن قوغداپ قالغان ئاشۇ ئۇرۇش قىلىش چەكلەنگەن ئايلار ئاخىرلاشسا، ئۇلار بىلەن

ئۇرۇشۇۋاتقانلار. بۇ يەردىكى «ئۇرۇش قىلىش چەكلەنگەن ئايلار»دىن رەجەب، زۇلقەئدە، زۇلھەججە ۋە مۇھەررەمدىن ئىبارەت مەشھۇر تۆت ئاي كۆزدە تۇتۇلغاندەك، مۇشرىكلار بىلەن تۈزۈشكەن كېلىشىم مۇددىتىمۇ كۆزدە تۇتۇلىدۇ. شۇنىڭدەك، ئايەتتىكى «مۇشرىكلار»دىن كېلىشىمنى بۇزغان مۇشرىكلار كۆزدە تۇتۇلغاندەك، ئىسلامغا قارشى چىققان بارلىق مۇشرىكلارمۇ كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ئى مۇسۇلمانلار! مۇشرىكلارنى ئەسىر ئېلىڭلار، ئۇلارنى تۇرغان يەرلىرىدە قورشاڭلار، ئۇلارنىڭ شەھەرلەر ئارىسىدا خالىغانچە قاتناپ يۈرۈشىگە يول قويماڭلار، ئۇلارنىڭ بارلىق يوللىرىنى تاقاڭلار ۋە ئۇلارغا قېچىش ئۈچۈن ھېچبىر يوچۇق قويماڭلاركى، ئۇلارنىڭ يۈرەكلىرى سىلەردىن قورقۇپ تىترىسۇن، سىلەرنى خىيالىغا كەلتۈرۈشكىمۇ جۈرئەت قىلالمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالسۇن. بۇنداق قىلىشتىكى سەۋەب ئىسلام دىنى بارلىققا كەلگەن ئەرەب يېرىم ئارىلىنى شېرىك ئەقىدىسىدىن تازىلاش ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئىززىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈندۇر. كاپىرلارغا قارشى جىھاد قىلىشتا ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ ئەمرىگە رىئايە قىلىش كېرەك: ﴿وَقَٰتِلُواْ فِي سَبِيلِ ٱللَّهِ ٱلَّذِينَ يُقَٰتِلُونَكُمۡ﴾ يەنى ﴿سىلەرگە ئۇرۇش ئاچقانلارغا قارشى ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىڭلار﴾[1]، ﴿وَإِن جَنَحُواْ لِلسَّلۡمِ فَٱجۡنَحۡ لَهَا﴾ يەنى ﴿(ئى پەيغەمبەر!) ئەگەر ئۇلار تىنچلىققا مايىل بولسا، سەنمۇ تىنچلىققا مايىل بولغىن﴾[2] يەنى سىلەرگە قارشى ئۇرۇش ئاچمىغان كىشىلەرگە ئۇرۇش ئېچىپ ئۇلارغا زۇلۇم قىلماڭلار، تىنچلىقنى خالايدىغانلار بىلەن تىنچ ئۆتۈڭلار. ئەگەر مۇشرىكلار قىلمىشىدىن يېنىپ تەۋبە قىلسا، ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىپ ئىسلامغا كىرسە ۋە ئىسلامنىڭ تەلىماتىغا ئەمەل قىلىپ، ناماز ۋە زاكاتقا ئوخشىغان ئىسلام پەرزلىرىنى مۇكەممەل ئادا قىلسا، ئۇلارغا تەگمەڭلار، ئۇلارنى ئۆز ھالىغا قويۇۋېتىڭلار. چۈنكى، ئۇلار مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن سىلەرنىڭ دىنىي قېرىنداشلىرىڭلارغا ئايلانغان بولىدۇ. شۇنىمۇ ئۇنتۇماڭلاركى، ئاللاھ تائالا تەۋبە قىلغان بەندىلىرىنى ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ئۇلارغا بەكمۇ شەپقەتلىكتۇر، شۇڭا تەۋبە قىلغان بەندىلىرىنىڭ گۇناھلىرىنى ئەپۇ قىلىدۇ ۋە ئۇلارغا ئۆزىنىڭ شەپقىتىنى كۆرسىتىدۇ.

﴿ئەگەر ئۇلار تەۋبە قىلسا، نامازنى مۇكەممەل ئادا قىلسا، زاكات

---

[1] بەقەرە سۈرىسى: 190-ئايەت.

[2] ئەنفال سۈرىسى: 61-ئايەت.

بەرسە، ئۇلارنى (ئۆز ھالىغا) قويۇۋېتىڭلار﴾ دېگەن ئايەت ناماز بىلەن زاكاتنىڭ ئىسلامنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ۋە ئەڭ ئالدىنقى پەرزلىرى ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىدۇ.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئۇرۇش باشلانغاندا دۈشمەنلەرنىڭ ئالدىدا بوشىشىپ قېلىشقا، ئۇلارنىڭ ھىيلە-مىكرلىرىنى ئاددىي ساناشقا ۋە ئۇلارنى سەل چاغلاشقا قەتئىي بولمايدۇ.

2. كاپىرلارنىڭ ئىچىدىن ئىسلامنى قوبۇل قىلىپ مۇسۇلمان بولغان كىشى مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي قېرىنداشلىرى ئايلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ كاپىرلىق ۋاقتىدىكى قىلمىشلىرى سۈرۈشتە قىلىنمايدۇ.

## ◄ ئىسلامنىڭ كاپىرلارغا مۇئامىلە قىلىشتىكى كەڭچىللىكى

﴿وَإِنْ أَحَدٌ مِّنَ ٱلْمُشْرِكِينَ ٱسْتَجَارَكَ فَأَجِرْهُ حَتَّىٰ يَسْمَعَ كَلَٰمَ ٱللَّهِ ثُمَّ أَبْلِغْهُ مَأْمَنَهُۥ ۚ ذَٰلِكَ بِأَنَّهُمْ قَوْمٌ لَّا يَعْلَمُونَ ۝٦﴾

### ◄ تەرجىمىسى

6-ئەگەر مۇشرىكلاردىن بىرەر كىشى سەندىن ئامانلىق تىلىسە، تاكى ئۇ ئاللاھنىڭ كالامىنى ئاڭلىغانغا (يەنى ئۇنىڭ ھەقىقىتىنى چۈشەنگەنگە) قەدەر، ئۇنىڭغا ئامانلىق بەرگىن، ئاندىن(ئىمان ئېيتمىسا) ئۇنى ئامان تاپىدىغان جايغا يەتكۈزۈپ قويغىن، بۇ (كەڭچىلىك) شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇلار (ھەقىقەتنى) بىلمەيدىغان قەۋمدۇر.

### ◄ تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! ئەگەر مۇشرىكلاردىن بىرەرسى سەندىن ھىمايە تەلەپ قىلسا، ئۇنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلىپ ئۇنى ھىمايەڭگە ئالغىن. ئۇ سېنىڭ يېنىڭدا تۇرۇپ ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى بولغان «قۇرئان كەرىم»نى ئاڭلىسۇن، ئۇنىڭ مەنىسىنى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ كىشىلەرنى نېمىگە بۇيرۇپ، نېمىدىن توسىدىغانلىقىنى بىلىپ، ياخشى ئويلانسۇن، ئىسلامنى ئۆگەنسۇن. چۈنكى، ئىنسان ئىنكارچىلىق ۋە جاھالەت مۇھىتىدىن

ئايرىلىپ، ئىلىم-ئىرپان مۇھىتىغا يۆتكەلسە، ئەلۋەتتە كاللىسىدىكى قاتماللىقنى تاشلاپ، تەرەپسىز تۇرۇپ تەپەككۇر قىلىش، ئۆز خاتالىقىنى تونۇپ ھەقىقەتكە قايىل بولۇش، شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ ھىدايىتىگە ئېرىشىش پۇرسىتىگە ئىگە بولىدۇ. ئى پەيغەمبەر! سېنىڭ ھىمايەڭگە كىرگەن كاپىر ئادەم «قۇرئان كەرىم»نى ئاڭلىغان ۋە ھەق بىلەن باتىلنىڭ پەرقىنى بىلگەندىن كېيىن، ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولسا، بۇ ناھايىتى ياخشىدۇر. ئەگەر ئۇ مۇسۇلمان بولماي قايتىپ كېتىشنى خالىسا، ئۇنى ئۆزى خاتىرجەم بولىدىغان جايغا يەتكۈزۈپ قويغىن. ئاندىن ئۇ ئەگەر ساڭا دۈشمەنلىك قىلسا، سېنىڭ دىنىڭغا يەنە قارشى تۇرسا، ئۇ چاغدا ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشقىن. مانا بۇ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئاللاھ تائالا ئۆگەتكەن گۈزەل ئەخلاقتۇر.

شەكسىزكى، بۇ ئايەت ئىسلام دىنىنى ۋە ئۇنىڭ مۇقەددەس پىرىنسىپلىرىنى كىشىلەرگە يەتكۈزىدىغان مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە چوڭ ئۈگۈتتۇر. دەۋەت يولىدىكى ھەرقانداق بىر ئادەم شۇنى ياخشى بىلىشى كېرەككى، ئىسلامنى بىلمەيدىغان، ئۇنىڭ ھەقىقىتىنى چۈشەنمەيدىغان، گۈزەللىكىنى كۆرەلمىگەن ئادەملەرگە قارىتا كەڭ قورساق بولۇش، كەڭچىلىك قىلىش، سەۋرچان بولۇش ۋە ئۇلارغا ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى ھېكمەتلىك ئۇسۇلدا چۈشەندۈرۈشكە تىرىشىش كېرەك.

ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كاپىر ئادەمنى ئۆز ھىمايىسى ئاستىغا ئېلىشقا، ئۇنىڭغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشقا، ئۇنىڭغا «قۇرئان كەرىم»نى ئاڭلاش ۋە ئۇنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىش پۇرسىتى يارىتىپ بېرىشكە، ئەگەر ئۇ ئادەم يەنە ئىمان ئېيتمىسا، ئۇنى ئۆزى ئامان بولىدىغان جايغا يەتكۈزۈپ قويۇشقا بۇيرۇشىدىكى سەۋەب شۇكى، مۇسۇلمان بولمىغان ئادەملەر بۇ دىنىنىڭ ھەقىقىتىنى بىلمىگەنلىكتىن، ئۇنىڭ ئېسىللىكىنى چۈشەنمىگەنلىكتىن، ئۇنىڭ گۈزەللىكىنى كۆرمىگەنلىكتىن، شۇڭا ئۆزىنىڭ ئازغۇنلۇقىدا قالغان ئادەملەر بولۇپ، ئۇلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇش ۋە گۈزەل ئەخلاق بىلەن، ھېكمەتلىك ئۇسۇل بىلەن ئۇلارنى دىنغا دەۋەت قىلىش ئۈچۈندۇر. ئىسلام بىلەن يېقىندىن تونۇشمىغان ۋە ئىسلام ھەققىدە ئىزدەنمىگەن ئادەملەر بۇ دىنىنىڭ ئېسىللىكىنى بىلەلمەيدۇ. شۇڭا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئازغۇنلۇقىدا قېلىۋېرىدۇ. زامانىمىزدىكى غەربلىكلەرنىڭ ۋە شۇلارغا ئوخشاش مۇسۇلمان ئەمەس خەلقلەرنىڭ ئەھۋالىمۇ شۇنداقتۇر. چۈنكى، ئۇلار دىنىمىز ھەققىدە ئاڭلىۋالغان خاتا مەلۇماتلارغا كۆپايە قىلىپ ئىزدەنمەيدۇ، ئۆزلىرىنىڭ

يامان غەرەزلىك ئادەملەرنىڭ قۇترىتىشىغا ئەگىشىپ، ئىسلام دىنى ھەققىدە ناتوغرا قاراشتا بولىدۇ.

تېخىمۇ ئەپسۇسلىنارلىق يېرى شۇكى، مۇسۇلمان ئەمەس خەلقلەر ئىسلام ھەققىدە بىر نەرسە بىلمەكچى بولسا، مۇسۇلمانلارنىڭ ھازىرقى ناچار ئەھۋالى بىلەن تونۇشىدۇ-دە، ئىسلامغا شۇ بويىچە ھۆكۈم بېرىدۇ. بۇ نېمىدېگەن ناھەق ھۆكۈم ھە! چۈنكى، بىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىمىز باشقىلارغا ئۈلگە بولىدىغان ۋە ئۇلارنى تەسىرلەندۈرەلەيدىغان ئەھۋالدا ئەمەس. چۈنكى، كۆپىنچىمىز ئەمەلىيىتىمىز ۋە ئەخلاقىمىز بىلەن ئەمەس، بەلكى پەقەتلا مۇسۇلمان ئائىلىسىدە تۇغۇلۇپ قالغانلىقىمىز ئۈچۈنلا ئۆزىمىزنى مۇسۇلمان دەپ يۈرىمىز. بىز بەزى پەرزلەرنى ئورۇنداپ قويغىنىمىز بىلەن، بىزنىڭ يۈرۈش-تۇرۇشىمىز، مۇئامىلىمىز ۋە ئەخلاقىمىز بىز مەنسۇپ بولغان بۇ شەرەپلىك دىننىڭ كۆرسەتمىلىرىگە يات ھالدا تۇرماقتا. شۇڭا بىزدىن ۋە ئەخلاقىمىزدىن تەسىرلىنىپ مۇسۇلمان بولىدىغان كىشىلەرنى ئانچە تاپقىلى بولمايدۇ. يەنە بىر ئەپسۇسلىنارلىق ئىش شۇكى، ئۆتمۈشلەردىكى مۇسۇلمانلار كاپىرلارنىڭ يۈرىكىگە قورقۇنچ سالالىغان بولسا، ھازىرقى مۇسۇلمانلار ئۇلاردىن قورقۇپ ياشىماقتا.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. مۇسۇلمانلارغا زىيانكەشلىك قىلمىغان كاپىرلارغا ياخشىلىق قىلىش ۋە ئادالەتلىك مۇئامىلە قىلىش ئىسلامىي ۋە ئىنسانىي گۈزەل ئەخلاقتىن سانىلىدۇ. چۈنكى، ئىسلام دىنى ھەركىمگە شۇنداق ياخشىلىق قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئەمما ئىسلامغا ياكى مۇسۇلمانلارغا دۈشمەنلىك قىلىۋاتقان كاپىرلارغا ياخشىلىق قىلىشقا، ياردەم قىلىشقا ۋە ئۇلار بىلەن دوست بولۇشقا بولمايدۇ.

2. كاپىرلارغا ياخشىلىق قىلغاندا ياكى ئۇلار بىلەن ئارىلاشقاندا ئىسلام دىنىنىڭ ھەقلىقىنى، ئۇنىڭ گۈزەل تەرەپلىرىنى چۈشەندۈرۈپ ۋە ئەمەلدە ئۇلارغا كۆرسىتىپ، ئۇلارنى دىنغا يېتەكلەش ھەرقانداق بىر مۇسۇلماننىڭ بۇرچىدۇر.

## ◄ مۇشرىكلار بىلەن تۈزۈشكەن كېلىشىمنىڭ بىكار قىلىنغانلىقىنىڭ سەۋەبى

﴿كَيۡفَ يَكُونُ لِلۡمُشۡرِكِينَ عَهۡدٌ عِندَ ٱللَّهِ وَعِندَ رَسُولِهِۦٓ إِلَّا ٱلَّذِينَ

عَٰهَدتُّمۡ عِندَ ٱلۡمَسۡجِدِ ٱلۡحَرَامِۖ فَمَا ٱسۡتَقَٰمُواْ لَكُمۡ فَٱسۡتَقِيمُواْ
لَهُمۡۚ إِنَّ ٱللَّهَ يُحِبُّ ٱلۡمُتَّقِينَ ٧ كَيۡفَ وَإِن يَظۡهَرُواْ عَلَيۡكُمۡ لَا
يَرۡقُبُواْ فِيكُمۡ إِلّٗا وَلَا ذِمَّةٗۚ يُرۡضُونَكُم بِأَفۡوَٰهِهِمۡ وَتَأۡبَىٰ قُلُوبُهُمۡ
وَأَكۡثَرُهُمۡ فَٰسِقُونَ ٨ ٱشۡتَرَوۡاْ بِـَٔايَٰتِ ٱللَّهِ ثَمَنٗا قَلِيلٗا فَصَدُّواْ
عَن سَبِيلِهِۦٓۚ إِنَّهُمۡ سَآءَ مَا كَانُواْ يَعۡمَلُونَ ٩ لَا يَرۡقُبُونَ فِي مُؤۡمِنٍ
إِلّٗا وَلَا ذِمَّةٗۚ وَأُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلۡمُعۡتَدُونَ ١٠

### ◄ تەرجىمىسى

7ـئاللاھنىڭ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ نەزىرىدە، مۇشرىكلاردا قانداقمۇ ئەھدە دېگەن نەرسە بولسۇن؟ ئەمما مەسجىدى ھەرەمنىڭ يېنىدا سىلەر بىلەن كېلىشىم تۈزۈشكەنلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا. ئۇلار سىلەر بىلەن تۈزۈشكەن كېلىشىمگە ۋاپا قىلسىلا، سىلەرمۇ ۋاپا قىلىڭلار. شەكسىزكى، ئاللاھ تەقۋادارلارنى ياخشى كۆرىدۇ.

8ـمۇشرىكلار ئەگەر سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردىن غەلىبە قىلسا، سىلەر توغرۇلۇق نە تۇغقانچىلىقىقا، نە كېلىشىمگە رىئايە قىلمايدىغان تۇرسا، قانداقمۇ (ئۇلارنىڭ ئەھدىسى ئېتىبارغا ئېلىنسۇن؟) ئۇلار سىلەرنى (شېرىن-شېكەر) گەپلىرى بىلەن خۇش قىلىدۇ، دىللىرى بولسا، (ئۇنداق قىلىشنى) خالىمايدۇ. ئۇلارنىڭ تولىسى پاسىقلاردۇر.

9ـئۇلار ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئەرزىمەس نەرسىلەرگە سېتىۋەتتى، (كىشىلەرنى) ئاللاھنىڭ يولىدىن توستى. ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى نېمىدېگەن يامان!

10ـئۇلار بىرەر مۆئمىن ھەققىدە نە تۇغقانچىلىقىقا، نە كېلىشىمگە رىئايە قىلمايدۇ. ئەنە شۇلار ھەقىقەتەن ھەددىدىن ئاشقۇچىلاردۇر.

### ◄ تەپسىرى

بۇ ئايەتلەر كېلىشىملەرگە ۋاپا قىلىشنىڭ ئالىيجانابلىق ۋە ئىماننىڭ تەلەپلىرىدىن ئىكەنلىكىنى تەكىتلەش بىلەن بىرگە، مۇشرىكلار بىلەن

تۈزۈشكەن كېلىشىمنى بىكار قىلىشقا تۈرتكە بولغان سەۋەبلەرنى بايان قىلىدۇ.

ئاللاھ تائالانىڭ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ نەزىرىدە – بۇنداق سۆزىدە تۇرمايدىغان ۋە كېلىشىمگە ۋاپا قىلمايدىغان – مۇشرىكلاردا قانداقمۇ ئەھدە ۋە كېلىشىم دېگەن نەرسە بولسۇن؟! بۇ ئاللاھ تائالانىڭ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ نەزىرىدە مۇنداق ۋاپاسىز، خىيانەتچى مۇشرىكلاردا رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك ئەھدە ۋە كېلىشىم يوقلۇقىنى بايان قىلىشتۇر.

ئەمما سىلەر بىلەن مەسجىدى ھەرەمنىڭ يېنىدا تىنچلىق كېلىشىمى تۈزۈشكەن بولۇپ، كېلىشىمنى بۇزمىغان مۇشرىكلارغا كەلسەك، ئۇلار سىلەرگە زىيانكەشلىك قىلمىسا ۋە كېلىشىمگە ۋاپا قىلسا، سىلەرمۇ كېلىشىمگە ۋاپا قىلىڭلار، ئۇلار بىلەن تۈزۈشكەن كېلىشىمنى مۇددىتى توشقانغا قەدەر ئەمەلگە ئاشۇرۇڭلار، بۇزماڭلار. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ئەھدىگە ۋە كېلىشىمگە ۋاپا قىلىدىغان، كىشىلەرگە زۇلۇم قىلمايدىغان تەقۋادار كىشىلەرنى ياخشى كۆرىدۇ.

مۇشرىكلار سىلەرگە قارشى دۈشمەنلىكنى ئوتتۇرىغا قويغان، سىلەرنى مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىتىشقا ئۇرۇنۇۋاتقان، سىلەرنىڭ نە تۇغقانچىلىق، نە يېقىنچىلىقىڭلارغا قىلچە رىئايە قىلمىغان، سىلەرگە بەرگەن سۆزىدە تۇرمىغان ۋە سىلەر بىلەن تۈزۈشكەن كېلىشىمگە ئەمەل قىلماي، ئۇنى بۇزغان تۇرسا، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ نەزىرىدە قانداقمۇ ئۇلاردا رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك بىرەر ئەھدە ياكى كېلىشىم بولسۇن؟! ئۇلار ئاغزىنىڭ ئۇچىدىلا سىلەرنى خۇش قىلىدىغان شېرىن-شېكەر سۆزلەرنى قىلىپ قويىدۇ، سىلەرگە چىرايلىق ۋەدىلەرنى بېرىدۇ، ئەمەلىيەتتە بولسا، ئۇلارنىڭ دىللىرى سىلەرگە بولغان ھەسەتخورلۇق، دۈشمەنلىك ۋە ئۆچ-ئاداۋەت بىلەن توشۇپ كەتكەن. ئۇلارنىڭ قەلبى سىلەر بىلەن بىرگە بولۇشنى ھەرگىز قوبۇل قىلمايدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ قىلىقى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. چۈنكى، ئۇلار تۇغۇلۇشتىكى تەبىئىي ھالىتىدىن ئۆزگىرىپ، ھەقىقەتنى ياقتۇرمايدىغان، ھەق دىننى تونۇمايدىغان، مەردلىك ۋە ئالىيجانابلىقتىن نېسىۋىسى بولمىغان ئادەملەردۇر. چۈنكى، ئەھدىگە ۋاپا قىلىش، كېلىشىمگە ئەمەل قىلىش ئاللاھ تائالادىن ئەيمىنىدىغان، ئاخىرەتتە ھېساب-كىتاب قىلىنىشتىن قورقىدىغان ۋىجدانلىق كىشىلەرنىڭ خىسلىتىدۇر. مۇشرىكلار بولسا ئاللاھ تائالانىڭ ئايەتلىرىنى قويۇپ، شۇ ئەرزىمەس دۇنيا مەنپەئەتلىرىگە ئەگەشتى، ئۆزلىرىنىڭ نەپسى خاھىشىغا بېرىلىپ كەتتى ۋە شەيتانلىرىغا

بويسۇندى. شۇڭا سەن ئۇلارنىڭ كىشىلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ داغدام يولىدىن توسۇۋاتقانلىقىنى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنىڭ تارقىلىشىغا توسالغۇ بولۇۋاتقانلىقىنى، بۇ دىنغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن، قىممەت-ئەرزان بارلىق نەرسىلىرىنى پىدا قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرىسەن. ئۇلارنىڭ بۇ قىلمىشى بەكمۇ يامان ۋە تولىمۇ رەزىل قىلمىشتۇر.

ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تۇغقانلىرى بولامدۇ ياكى ئەڭ يېقىن كىشىلىرى بولامدۇ، ھېچقانداق بىر مۇئمىن ئۈچۈن ھېچبىر ۋاقىت ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمايدۇ ۋە كېلىشىمگە ئەمەل قىلمايدۇ. ئەنە شۇلار زۇلۇمدا ۋە يولسىزلىقتا ھەددىدىن ئاشقانلاردۇر. ئۇلارنىڭ مۇشۇنداق ۋاپاسىزلىقى، ۋىجدانسىزلىقى، يالغانچىلىقى ۋە كېلىشىمنى بۇزغانلىقى تۈپەيلىدىن ئاللاھ تائالا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ئۇلار بىلەن ئىلگىرى تۈزۈشكەن كېلىشىمنى بىكار قىلغانلىقىنى ئېلان قىلدى.

﴿اشْتَرَوْا بِآيَاتِ اللَّهِ ثَمَنًا قَلِيلًا﴾ دېگەن ئايەتنىڭ تەپسىرىدە، ئەللامە ئىبنى جەرىر تەبەرىي ۋە ئەللامە ئىبنى كەسىر مۇنداق دېگەن: «ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھ تائالا سىلەرنى نەدە تاپساڭلار شۇ يەردە ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇغان مەزكۇر مۇشرىكلار دۇنيانىڭ ئەرزىمەس مەنپەئەتلىرىنى دەپ، ئىسلام دىنىنىڭ ھەقلىقىنى ئىسپاتلاپ تۇرۇۋاتقان روشەن دەلىل-ئىسپاتلارنى ئىنكار قىلدى ۋە روشەن ئايەتلەرگە قۇلاق سالمىدى». ئەللامە بەغەۋىي ۋە ئەللامە قۇرتۇبىي مەزكۇر ئايەتنى: «مۇسۇلمانلار بىلەن تىنچلىق كېلىشىمى تۈزۈشكەن مۇشرىكلار قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ كاتتىبېشى ئەبۇ سۇفيان تەقدىم قىلغان زىياپەتكە ئالدىنىپ كېلىشىمنى بۇزدى» دەپ تەپسىر قىلغان. يەنە بەزى مۇپەسسىرلەر «مۇشرىكلار بۇ دۇنيانىڭ ئاز-تولا مەنپەئەتىنى ‹قۇرئان كەرىم›گە ئىمان كەلتۈرۈشتىن ئەلا بىلدى» دەپ تەپسىر قىلغان.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ھەرقانداق كېلىشىمگە، ھەتتا كاپىرلار بىلەن تۈزۈشكەن كېلىشىملەرگىمۇ ئەمەل قىلىش زۆرۈردۇر.

2. «قۇرئان كەرىم» مەنىسى ۋە ھەرپلىرى بىلەن ھەر جەھەتتىن ئاللاھ تائالانىڭ سۆزىدۇر.

3. ھەقىقىي مۇئمىن ئادەم ئاللاھ تائالانىڭ ھەمىشە ئۆزىنى كۆزىتىپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلگەنلىكتىن، ئۇنىڭدىن ھايا قىلىپ يامان ئىش

قىلىشتىن ئۆزىنى تارتىدۇ.

4. ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتمىغانلار ھىدايەتنى ئازغۇنلۇقتا، ئىماننى كۇفرىغا تېگىشكەنلەردۇر.

### ◄ كاپىرلارغا قانداق مۇئامىلە قىلىمىز؟

﴿فَإِن تَابُواْ وَأَقَامُواْ ٱلصَّلَوٰةَ وَءَاتَوُاْ ٱلزَّكَوٰةَ فَإِخۡوَٰنُكُمۡ فِي ٱلدِّينِۗ وَنُفَصِّلُ ٱلۡأٓيَٰتِ لِقَوۡمٖ يَعۡلَمُونَ ١١ وَإِن نَّكَثُوٓاْ أَيۡمَٰنَهُم مِّنۢ بَعۡدِ عَهۡدِهِمۡ وَطَعَنُواْ فِي دِينِكُمۡ فَقَٰتِلُوٓاْ أَئِمَّةَ ٱلۡكُفۡرِ إِنَّهُمۡ لَآ أَيۡمَٰنَ لَهُمۡ لَعَلَّهُمۡ يَنتَهُونَ ١٢﴾

### ◄ تەرجىمىسى

11ـ ئەگەر ئۇلار تەۋبە قىلسا، نامازنى مۇكەممەل ئوقۇسا ۋە زاكات بەرسە، ئۇ چاغدا ئۇلار سىلەرنىڭ دىنىي جەھەتتىكى قېرىنداشلىرىڭلار ئايلىنىدۇ. بىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن بىز ئايەتلەرنى(ئەنە شۇنداق) تەپسىلىي بايان قىلىمىز.

12ـ ئەگەر ئۇلار ئەھدىلەشكەندىن كېيىن، قەسەملىرىنى بۇزسا ۋە دىنىڭلارنى ئەيىبلىسە، ئۇلارنىڭ (دۈشمەنلىكتىن) چەكلىنىشى ئۈچۈن، كۇفرىنىڭ كاتتىباشلىرىغا قارشى ئۇرۇش ئېچىڭلار. چۈنكى، ئۇلارنىڭ قەسىمىنىڭ ھېچقانداق ئېتىبارى يوق.

### ◄ بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

بۇنىڭدىن ئىلگىرىكى ئايەتلەردە مۇشرىكلارنىڭ ئىسلامغا ۋە مۇسۇلمانلارغا بولغان دۈشمەنلىكى ۋە يامان غەرەزلىرى ئېنىق بايان قىلىنغاندىن كېيىن، بۇ ئايەتلەردە ئۇلارغا قارىتا قانداق پوزىتسىيەدە بولۇش ۋە قانداق مۇئامىلە قىلىش كېرەكلىكى بايان قىلىنىدۇ.

### ◄ تەپسىرى

بۇ ئايەتلەرنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئېيتقاندا، مۇشرىكلار ئىمان ئېيتىش ياكى ئۇرۇشۇشتىن ئىبارەت ئىككى يولنىڭ بىرىنى تاللىشى كېرەك. يەنى ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئىككىلا يول بار بولۇپ، بىرى، ئىسلامغا،

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋە مۇسۇلمانلارغا دۈشمەنلىك قىلىشتىن ۋاز كېچىپ ئىمان ئېيتىش، يەنە بىرى، مۇسۇلمانلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشتۇر.

ئەمما ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى يەھۇدىي ۋە خرىستىيانلاردىن ئىبارەت ئەھلى كىتابنىڭ ئالدىدا ئۈچ يول بار بولۇپ، بىرى، ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولۇش، ئىككىنچىسى، ئۆز دىنىدا قېلىپ ئىسلام دۆلىتىگە جىزىيە تۆلەش، ئۈچىنچىسى مۇسۇلمانلار بىلەن ئۇرۇش قىلىش. (بۇنىڭ بايانى مۇشۇ سۈرىنىڭ 29 - ئايىتىنىڭ تەپسىرىدە كېلىدۇ).

ئەگەر ئۇلار گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلىپ، ئاللاھ تائالانىڭ دىنى بولغان ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلسا، ئاندىن شۇ ئىمانىنى ئىسپاتلاش ۋە ئۇنى ئەمەلدە كۆرسىتىش ئۈچۈن، ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلسا، ئاللاھ تائالا بۇيرۇغان پەرزلەرنى چىن ئىخلاسى بىلەن ئادا قىلسا، بولۇپمۇ دىنىنىڭ تۈۋرۈكى بولغان نامازنى مۇكەممەل ئوقۇسا ۋە ئىمانىنىڭ چىنلىقىنى، ئۆزىنىڭ سەمىمىلىكىنى ئىسپاتلايدىغان زاكات پەرزىنى تولۇق ئادا قىلسا، بۇ چاغدا، ئۇلار سىلەرنىڭ دىنىي جەھەتتىكى قېرىنداشلىرىڭلارغا ئايلىنىدۇ، ئۇلار ھەق-ھوقۇقتا ۋە مەسئۇلىيەتلەردە سىلەرگە ئوخشاش بولىدۇ.

﴿دىنىي جەھەتتىكى قېرىنداشلىرىڭلارغا ئايلىنىدۇ﴾ دېگەن ئايەتتىكى قېرىنداشلىق نەسەبتىكى قېرىنداشلىقتىن ئەھمىيەتلىك، كۈچلۈك ۋە دائىملىق قېرىنداشلىقتۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە بىر مۇسۇلماننىڭ يەنە بىر مۇسۇلمان بىلەن بولغان رىشتىسى ئۇنىڭ نەسەبتىكى قېرىندىشى بىلەن بولغان رىشتىسىدىن ئەھمىيەتلىكتۇر. بۇنداق ئىسلامىي قېرىنداشلىق سايىسىدا ئىلگىرى ئۇلارنى بىر-بىرىدىن توسۇپ تۇرغان ئاداۋەت، ئۆچمەنلىك ۋە دۈشمەنلىك قەلئەلىرى يىقىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىجتىمائىي جەھەتلەردىكى بارلىق پەرقلەر يوقىلىدۇ، ئۇلار خۇددى بىر ئائىلە كىشىلىرىگە ئوخشاش بولۇپ كېتىدۇ. ئەمما بۇ قېرىنداشلىق ئاللاھ تائالانى، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى ۋە مۇئمىنلەرنى سۆيۈپ، ئاللاھ تائالانىڭ يولىغا تولۇق ئەگىشىش، ناماز ۋە زاكات قاتارلىق ئىسلام پەرزلىرىنى مۇكەممەل ئورۇنداش بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئايەتلەرنىڭ ۋە ئىلاھىي بايانلارنىڭ قەدىر-قىممىتىنى بىلىدىغانلار ئۈچۈن ئاللاھ تائالا ئايەتلىرىنى ئەنە شۇنداق ئوچۇق ۋە تەپسىلىي بايان قىلىدۇ.

ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئەگەر ئۇ كاپىرلار سىلەر بىلەن ئۇرۇش قىلىش

يولىنى تاللىسا، يەنى سىلەر بىلەن تىنچلىق كېلىشىمى تۈزۈپ، ئۇنى ئەمزالاپ كۆچكە ئىگە قىلغاندىن كېيىن، كېلىشىمنى بۇزسا، سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى ئەيىبلىسە، دىنىڭلارغا زىيانكەشلىك قىلسا ياكى كىشىلەرنى مۇسۇلمان بولۇشتىن توسسا، ئۇ چاغدا ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىش پەرز بولىدۇ. ئۇ چاغدا سىلەر كۇفرىغا يېتەكلەيدىغان كاتتىباشلارنى، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ماڭغانلارنى قەيەردە تاپساڭلار شۇ يەردە ئۆلتۈرۈڭلار. ئۇلارنىڭ نە ۋەدىلىرىنىڭ، نە قەسەملىرىنىڭ ھېچقانداق ئېتىبارى يوق. چۈنكى، ئۇلار ئۇچۇن قەسەملىرىنى ۋە كېلىشىملىرىنى بۇزۇش ئادەتتىكى ئىشتۇر.

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، كاپىرلارغا قارىتا تۇتىدىغان پوزىتسىيە شۇكى، ئەگەر ئۇلار ئۆز قىلمىشلىرىدىن يېنىپ، گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلىپ ئىمان ئېيتسا، ئۇلارغا قېرىنداشلىق مۇئامىلىسى قىلىنىدۇ، چۈنكى، ئۇلار ئىمان ئېيتىش بىلەنلا مۇئمىنلەرنىڭ قېرىنداشلىرىغا ئايلىنىدۇ. ئەمما ئۆزىنىڭ كۇفرىلىقىدا چىڭ تۇرۇپ، دۈشمەنلىك قىلىشتىن قول يىغمىغانلارغا ئۇرۇش ئېچىش بىلەن مۇئامىلە قىلىنىدۇ. مۇسۇلماننىڭ مەيدانى مانا مۇشۇنداق ئېنىق ۋە قەتئىي بولۇشى كېرەك.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ۋەدىسىدە تۇرمايدىغان، يالغان سۆزلەيدىغان ئادەملەردىن ياخشىلىق كۈتكىلى بولمايدۇ، ئۇلارغا ئىشىنىپ بىرەر ئىشتا كېلىشىم تۈزگىلى تېخىمۇ بولمايدۇ. چۈنكى، مۇنداقلارنىڭ خىيانەت قىلىشى تۇرغانلا گەپ. شۇڭا بىرەر قېتىم ۋەدىسىنى بۇزغان ئادەمدىن يىراق تۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا ئاسانلىقچە ئىشەنمەسلىك كېرەك.

2. ئىسلامىي قېرىنداشلىق مۇسۇلمانلار بىلەن بىر سەپتە بولۇش، ئىسلام پەرزلىرىنى مۇكەممەل ئادا قىلىش، ئۆزئارا ياردەملىشىش ۋە ھەمكارلىقنى جارى قىلدۇرۇش بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

3. ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى سۆكۈش ئوپئوچۇق كۇفرىلىقتۇر.

### ◄ مۇشرىكلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشقا تەرغىب قىلىش

﴿أَلَا تُقَٰتِلُونَ قَوۡمٗا نَّكَثُوٓاْ أَيۡمَٰنَهُمۡ وَهَمُّواْ بِإِخۡرَاجِ ٱلرَّسُولِ وَهُم بَدَءُوكُمۡ أَوَّلَ مَرَّةٍۚ أَتَخۡشَوۡنَهُمۡۚ فَٱللَّهُ أَحَقُّ أَن تَخۡشَوۡهُ إِن كُنتُم

مُّؤۡمِنِينَ ﴿١٣﴾ قَٰتِلُوهُمۡ يُعَذِّبۡهُمُ ٱللَّهُ بِأَيۡدِيكُمۡ وَيُخۡزِهِمۡ وَيَنصُرۡكُمۡ
عَلَيۡهِمۡ وَيَشۡفِ صُدُورَ قَوۡمٖ مُّؤۡمِنِينَ ﴿١٤﴾ وَيُذۡهِبۡ غَيۡظَ قُلُوبِهِمۡۗ
وَيَتُوبُ ٱللَّهُ عَلَىٰ مَن يَشَآءُۗ وَٱللَّهُ عَلِيمٌ حَكِيمٌ ﴿١٥﴾

## ◄ تەرجىمىسى

**13-(ئى ئىمان ئېيتقانلار!) قەسىمىنى بۇزغان، پەيغەمبەرنى (يۇرتىدىن) ھەيدەپ چىقىرىشقا ئۇرۇنغان، سىلەرگە قارشى ئالدى بىلەن ئۇرۇش ئاچقان قەۋم بىلەن ئۇرۇش قىلمامسىلەر؟ ئۇلاردىن قورقامسىلەر؟ ئەگەر(ھەقىقىي) مۇئمىن بولساڭلار، ئاللاھ سىلەرنىڭ قورقۇشۇڭلارغا ئەڭ لايىقتۇر.**

**14-15- ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىڭلار، ئاللاھ ئۇلارنى سىلەرنىڭ قولۇڭلار بىلەن جازالايدۇ، ئۇلارنى رەسۋا قىلىدۇ، سىلەرنى ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن غالىب قىلىدۇ، (شۇنىڭ بىلەن) مۇئمىن قەۋمنىڭ كۆڭلىگە تەسەللى بېرىدۇ، ئۇلارنى دىللىرىدىكى ئاچچىقتىن خالاس قىلىدۇ. ئاللاھ خالىغان ئادەمنى تەۋبىگە مۇۋەپپەق قىلىدۇ. ئاللاھ ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.**

## ◄ تەپسىرى

ئى مۇسۇلمانلار! ئەھدىسىگە ئەمەل قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا سىلەر بىلەن قەسەم قىلىپ تۇرۇپ تۈزۈشكەن كېلىشىمگە ۋاپا قىلمىغان، بەرگەن ۋەدىلىرىدە تۇرمىغان ۋە تەكىتلەنگەن قەسەملىرىنى بۇزغان مۇشرىكلار بىلەن قانداقمۇ ئۇرۇش قىلمايسىلەر؟! بۇ خىتاب سوئال تەرىقىسىدىكى كايىش بولۇپ، مۇشرىكلارغا قارشى ئۇرۇش قىلماسلىقنىڭ چوڭ خاتالىق ئىكەنلىكىنى، مۇشرىكلارنىڭ بەزى قىلمىشلىرىنى بايان قىلىش ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنى ئۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرۈشنى ئىپادىلەيدۇ. چۈنكى، مۇشرىكلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مەككىدىن ھەيدەپ چىقىرىش ياكى ھېچكىم كۆرەلمەيدىغان بىر يەرگە سولاپ قويۇش ياكى قان قىساسىنى تەلەپ قىلالماسلىقى ئۈچۈن بىر نەچچە قەبىلە ئادەملىرىنىڭ قولى بىلەن ئۆلتۈرۈۋېتىشكە ئۇرۇنغان ئىدى. ﴿وَإِذۡ يَمۡكُرُ بِكَ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ لِيُثۡبِتُوكَ أَوۡ يَقۡتُلُوكَ أَوۡ يُخۡرِجُوكَۚ وَيَمۡكُرُونَ وَيَمۡكُرُ ٱللَّهُۖ وَٱللَّهُ خَيۡرُ ٱلۡمَٰكِرِينَ﴾ يەنى ﴿(ئى پەيغەمبەر!) ئۆز ۋاقتىدا كاپىرلار سېنى تۇتقۇن

قىلىش ياكى ئۆلتۈرۈش ۋەياكى (مەككىدىن) ھەيدەپ چىقىرىش ئۈچۈن سۈيىقەست پىلانلىغان ئىدى. ئۇلار سۈيىقەست پىلانلايدۇيۇ، ئاللاھ ئۇلارنىڭ سۈيىقەستىنى بەربات قىلىدۇ. ئاللاھ سۈيىقەستلەرنى بەربات قىلغۇچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر﴾[1].

ئۇنىڭ ئۈستىگە مەككە مۇشرىكلىرى بىرىنچى بولۇپ ئۇرۇشنى باشلىغان ۋە كېلىشىمنى بۇزۇپ، خۇزائە قەبىلىسىگە قارشى بەكرى قەبىلىسىگە ياردەم بېرىپ كۆپلىگەن كىشىلەرنى ئۆلتۈرگەن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئانا يۇرتى بولغان مەككىدىن چىقارغان ۋە باشقا مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆيلىرىنى كۆيدۈرۈپ تاشلاپ، مال-مۈلۈكىنى تالان-تاراج قىلىپ، ئۇلارنىڭ بالىچاقىلىرىنى ئۆز ئۆيلىرىدىن ھەيدەپ چىقارغان ۋە بەدرى ئۇرۇشىنى بىرىنچى بولۇپ باشلىغانلار ئەنە شۇ مۇشرىكلار ئىدى. ئاللاھ تائالا مۇنداق ئۇرۇشخۇمار مۇشرىكلار قوشۇنى بىلەن ئۇرۇش قىلىشنىڭ زۆرۈر بولۇپ قالغانلىقىنى تەكىتلىگەندىن كېيىن: ﴿ئۇلاردىن قورقامسىلەر؟﴾ دېگەن. يەنى سىلەر شۇ كاپىرلاردىن قورققانلىقىڭلار ئۈچۈن، شۇڭا ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىلمايۋاتامسىلەر؟ ئەگەر ئۇرۇش قىلماسلىقىقا سىلەرنىڭ قورقۇشۇڭلار سەۋەب بولغان بولسا، قورقۇلۇشقا ئەڭ لايىق زات – ئاللاھ تائالادۇر. ئاللاھ تائالا سىلەرنى كاپىرلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشقا بۇيرۇغان زاتتۇر. ئەگەر سىلەر ھەقىقىي مۇئمىن بولىدىغان بولساڭلار، ئاللاھ تائالادىنلا قورقۇشۇڭلار كېرەك.

بۇ يەردە ﴿ئۇلاردىن قورقامسىلەر؟﴾ دەپ سوئال جۈملىسى قوللىنىش مۇناپىقلارغا كايىش ۋە «ئۇرۇش دېگەن خەتەرلىك بىر ئىشتۇر، ئۇ ئىسلامنىڭ رەھمەت ۋە مەرھەمەت دىنى ئىكەنلىكىگە زىت كېلىدۇ» دەيدىغانلارغا قاتتىق رەددىيە بېرىش ئۈچۈندۇر. ئاللاھ تائالا مۇشرىكلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشنىڭ سەۋەبىنى مانا مۇشۇنداق مۇكەممەل بايان قىلغاندىن كېيىن، مۇسۇلمانلارنى ئۇرۇشخۇمار كاپىرلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشقا بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىڭلار! ئاللاھ ئۇلارنى سىلەرنىڭ قولۇڭلار بىلەن جازالايدۇ﴾. يەنى كۆرۈنۈشتە مۇشرىكلارغا قارشى ئۇرۇشنى سىلەر قىلىغىنىڭلار بىلەن، ئەمەلىيەتتە سىلەرگە غەلىبىنى نېسىپ قىلغۇچى پەقەتلا ئاللاھ تائالادۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن سىلەر دۈشمىنىڭلارغا قارشى ئاللاھ يولىدا ئۇرۇش قىلساڭلار، ئاللاھ تائالا ئۇلارنى سىلەرنىڭ قولۇڭلار بىلەن مەغلۇپ قىلىدۇ، شۇنىڭ

---

[1] ئەنفال سۈرىسى: 30- ئايەت.

بىلەن ئۇلارنى ئۆلتۈرۈلۈش، ئەسىرگە چۈشۈش ۋە مەغلۇپ بولۇش قاتارلىق ئەھۋاللار بىلەن رەسۋا قىلىدۇ.

ئەگەر سىلەر ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلىپ كاپىرلار بىلەن ئۇرۇش قىلساڭلار، ئاللاھ تائالا سىلەرگە كاپىرلارغا قارشى چوقۇم نۇسرەت ئاتا قىلىدۇ. مۆئمىنلەرنىڭ مەككىدىكى چاغلىرىدا مۇشرىكلارنىڭ چىدىغۇسىز ئازاب-ئوقۇبەتلىرى ۋە ۋەھشىي جىنايەتلىرى تۈپەيلىدىن دەرد-ئەلەمگە تولۇپ كەتكەن كۆڭۈللىرىنى راھەتلەندۈرىدۇ ۋە ئۇلارغا تەسەللى بېرىدۇ. مانا بۇ ئاخىرقى چوڭ غەلىبىنىڭ مۇسۇلمانلارغا ئائىت بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش بىلەن بىرگە، ئىنتايىن تەسىرلىك بىر ئۇسلۇبتا مۇسۇلمانلارنى ئۇرۇشقا تەرغىب قىلىشتۇر.

ئاللاھ تائالا ۋەدىسىگە ئەمەل قىلدى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئالدىن بەرگەن غەلىبە خەۋىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ بەردى، ئىسلام قوشۇنىغا ياردەم بەردى ۋە ئۆز ئىرادىسى بىلەن دۈشمەننى مەغلۇپ قىلدى.

شۇنىڭدىن كېيىن، ئاللاھ تائالا ئۆز ھېكمىتى بىلەن خالىغان بەندىسىنى تەۋبە قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا مەخلۇقاتنىڭ ھەممە ئەھۋالىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسە مەخپىي قالمايدۇ. ئاللاھ تائالا چەكسىز ئىلىم-ھېكمەت ئىگىسى بولۇپ، ئۇ بەندىلىرىگە ياخشىلىق ۋە پايدىلىق بولغان ئىشلارنى قىلىدۇ.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. كېلىشىمنى بۇزۇپ، ئۆز ۋەدىسىگە خىيانەت قىلغان كاپىرلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىش ئىسلام دىنىنىڭ كۆرسەتمىسىدۇر. چۈنكى، مۇنداقلارنى ۋاقتىدا ئۇجۇقتۇرمىغاندا ئاقىۋەت خەتەرلىك بولىدۇ.

2. ئۆز گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلىپ ھەقىقەتكە قايتقانلارنى ئاللاھ تائالا ھىمايە قىلىدۇ، ئۇلارغا يول كۆرسىتىدۇ.

3. دۈشمەنلىكنى بىرىنچى بولۇپ باشلىغانلارغا قارشى كېچىكمەستىن جىھاد قىلىش پەرزدۇر.

4. ئاللاھ تائالا قورقۇلۇشقا ئەڭ لايىق زات بولۇپ، ئۇ تەقۋادارلار بىلەن بىللىدۇر. ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغانلارنى ھېچكىم قورقۇتالمايدۇ.

### ◄ مۆئمىنلەرنىڭ بېشىغا كېلىدىغان سىناقلار

﴿أَمْ حَسِبْتُمْ أَن تُتْرَكُواْ وَلَمَّا يَعْلَمِ ٱللَّهُ ٱلَّذِينَ جَٰهَدُواْ مِنكُمْ وَلَمْ يَتَّخِذُواْ مِن دُونِ ٱللَّهِ وَلَا رَسُولِهِۦ وَلَا ٱلْمُؤْمِنِينَ وَلِيجَةً ۚ وَٱللَّهُ خَبِيرٌۢ بِمَا تَعْمَلُونَ ﴿١٦﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

16ـ ئاللاھ سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىن جىھاد قىلغانلارنى، ئاللاھتىن، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىدىن ۋە مۆئمىنلەردىن باشقىسىنى سىرداش قىلىۋالمىغانلارنى بىلمەي (يەنى ئوتتۇرىغا چىقارماي) تۇرۇپ، سىلەر (سىنالمايلا) ئۆز ھالىڭلارغا قويۇپ بېرىلىمىز، دەپ ئويلامسىلەر؟ ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىڭلاردىن خەۋەرداردۇر.

### ◄ تەپسىرى

بۇ ئالدىنقىسىدىن باشقىچە بىر بايان بولۇپ، ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشقا دەۋەت قىلىنىش ئارقىلىق ئىمانىنىڭ كۈچلۈك ياكى ئاجىزلىقى سىنىلىۋاتقان مۇسۇلمانلار گۇرۇھىنىڭ بايانىدۇر.

ئى مۇسۇلمانلار! سىلەر ئۆزۈڭلارنى بۇنداق قىيىن سىناقلارغا دۇچار بولمايمىز، دەپ ئويلاپ قالدىڭلارمۇ؟ ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىكى مال-مۈلۈكىنى ۋە ئىسسىق جېنىنى پىدا قىلىپ جىھاد قىلىدىغانلانى ئوتتۇرىغا چىقىرىش ئۈچۈن سىلەرنى سىنىمايدۇ، دەپ ئويلامسىلەر؟! ياق! ئاللاھ تائالا چوقۇم سىلەرنى سىنايدۇ ۋە سىلەردىن ئىمانى كۈچلۈك بولغانلارنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ. ئىمانى كۈچلۈك مۆئمىنلەر جانلىرى ۋە پۇل-ماللىرى بىلەن ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىدۇ. ئۇلار ئاللاھ تائالانى، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى ۋە مۆئمىنلەرنى قويۇپ كاپىرلارنى ئۆزلىرىگە دوست ۋە سىرداش قىلىۋالمايدۇ. ئۇنتۇماڭلاركى، ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ بارلىق قىلمىشلىرىڭلارنى بىلىپ تۇرىدىغان ۋە ئۇنىڭغا ئاساسەن مۇكاپات ياكى جازا بېرىدىغان زاتتۇر. ﴿أَمْ حَسِبْتُمْ أَن تَدْخُلُواْ ٱلْجَنَّةَ وَلَمَّا يَأْتِكُم مَّثَلُ ٱلَّذِينَ خَلَوْاْ مِن قَبْلِكُم ۖ مَّسَّتْهُمُ ٱلْبَأْسَآءُ وَٱلضَّرَّآءُ وَزُلْزِلُواْ حَتَّىٰ يَقُولَ ٱلرَّسُولُ وَٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ مَعَهُۥ مَتَىٰ نَصْرُ ٱللَّهِ ۗ أَلَآ إِنَّ نَصْرَ ٱللَّهِ قَرِيبٌ﴾ يەنى ﴿(ئى ئىمان ئېيتقانلار!) سىلەر تېخى ئىلگىرىكى (مۆئمىنلەر)نىڭ بېشىغا كەلگەن

كۆلپەتلەر سىلەرنىڭمۇ بېشىڭلارغا كەلمەي تۇرۇپ جەننەتكە كىرىشنى ئويلامسىلەر؟ ئۇلارنىڭ بېشىغا شۇنداق قاتتىق يوقسۇللۇق ۋە ئاغرىق - سىلاق كەلگەن ۋە شۇنداق سارالسىمىگە چۈشۈرۈلگەنكى، ھەتتا پەيغەمبەر بىلەن مۆئمىنلەر: «ئاللاھنىڭ ياردىمى قاچانمۇ كېلەر؟» دەپ كەتكەن ئىدى. بىلىڭلاركى، ئاللاھنىڭ ياردىمى ھەقىقەتەن يېقىندۇر﴾[1].

خۇلاسە قىلغاندا، ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارغا جىھادنى پەرز قىلغان بولۇپ، بۇ ئارقىلىق بەندىلىرىدىن كىمنىڭ ئىتائەتچانلىقىنى ۋە كىمنىڭ ئاسىيلىق قىلىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇيرۇغان ئىبادەتلەرنىڭ ھەممىسىدە سىناق ۋە ئىمتىھان بار.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش مۆئمىنلەرنىڭ نەپسىنى پاكلايدىغان، روھىنى يۈكسەلدۈرىدىغان، ئىمانىنى كۈچەيتىدىغان كاتتا ئەمەلدۇر.

2. ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە بىر قىسىم ئىبادەتلەرنى بۇيرۇش ئارقىلىق ئۇلارنى سىنايدۇ. ئەڭ چوڭ سىناق جىھاد مەيدانىدا بولۇپ، بۇ سىناقتىن ئىمانى كۈچلۈك بولغانلار ئۆتەلەيدۇ.

### ◄ مەسجىدلەرنى ئاۋات قىلىش مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشىدۇر

﴿مَا كَانَ لِلْمُشْرِكِينَ أَن يَعْمُرُواْ مَسَـٰجِدَ ٱللَّهِ شَـٰهِدِينَ عَلَىٰٓ أَنفُسِهِم بِٱلْكُفْرِ ۚ أُوْلَـٰٓئِكَ حَبِطَتْ أَعْمَـٰلُهُمْ وَفِى ٱلنَّارِ هُمْ خَـٰلِدُونَ ﴿١٧﴾ إِنَّمَا يَعْمُرُ مَسَـٰجِدَ ٱللَّهِ مَنْ ءَامَنَ بِٱللَّهِ وَٱلْيَوْمِ ٱلْـَٔاخِرِ وَأَقَامَ ٱلصَّلَوٰةَ وَءَاتَى ٱلزَّكَوٰةَ وَلَمْ يَخْشَ إِلَّا ٱللَّهَ ۖ فَعَسَىٰٓ أُوْلَـٰٓئِكَ أَن يَكُونُواْ مِنَ ٱلْمُهْتَدِينَ ﴿١٨﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

17 - مۇشرىكلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ كاپىرلىقىنى ئىقرار قىلىپ تۇرۇپ، ئاللاھنىڭ مەسجىدلىرىنى ئاۋات قىلىش سالاھىيىتى يوقتۇر. ئۇلارنىڭ (ياخشىلىق دەپ

[1] بەقەرە سۈرىسى: 214 – ئايەت.

قىلغان ئەمەللىرى بىكار بولۇپ كېتىدۇ، ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ.

18 ـ ئاللاھنىڭ مەسجىدلىرىنى پەقەت ئاللاھقا، ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقان، نامازنى مۇكەممەل ئادا قىلىدىغان، زاكات بەرگەن، ئاللاھتىن باشقىسىدىن قورقمىغان كىشىلەرلا ئاۋات قىلىدۇ، ئەنە شۇلارنىڭ ھىدايەت تاپقۇچىلاردىن بولۇشىدا ئۈمىد بار.

### ◄ نازىل بولۇش سەۋەبى

ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن: «بەدرى غازىتىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسى ئابباس ئىبنى ئابدۇلمۇتتەلىب مۇسۇلمانلارنىڭ قولىغا ئەسىرگە چۈشكەن ئىدى. مۇسۇلمانلار ئۇنى ئەيىبلەشكە باشلىدى. ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىبمۇ ئۇنىڭغا قاتتىق گەپ قىلدى. ئابباس: ‹سىلەر بىزنىڭ ئەيىبلىرىمىزنىلا سۆزلەيسىلەر، ياخشىلىقىمىزنى ئۇنتۇيسىلەر› دېدى. ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىب: ‹سىلەرنىڭ قانداق ياخشىلىقىڭلار بار ئىدى؟› دېدى. ئابباس: ‹بىزنىڭ ياخشىلىقىمىز بار. چۈنكى، بىز مەسجىدى ھەرەمنى رېمونت قىلىمىز، كەئبىنى قوغدايمىز، ھاجىلارنى سۇغىرىمىز، ئۇلارغا ھەقسىز خىزمەت قىلىمىز› دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا ئابباس ۋە ئۇنىڭغا ئوخشىغان كىشىلەرگە رەددىيە بېرىپ يۇقىرىقى ئايەتلەرنى نازىل قىلدى»[1].

### ◄ تەپسىرى

مۇشرىكلار ئۆزلىرىنىڭ مۇشرىك ئىكەنلىكىنى ئىقرار قىلىپ تۇرغان ئىكەن، ئۇلارنىڭ مەسجىدلەرگە كىرىش، ئۇ جايلارنى ئاۋات قىلىش ياكى رېمونت قىلىش سالاھىيىتى يوقتۇر. كاپىرلار مەيلى ئىبادەت ئۈچۈن ياكى باشقا مەقسەت بىلەن مەسجىدلەرگە كىرەلمەيدۇ. پەقەت زۆرۈرىيەت تېپىلغاندا مۇسۇلمانلارنىڭ رۇخسىتى بىلەنلا كىرسە بولىدۇ. مۇشرىكلار-نىڭ ئادەتتىكى مەسجىدلەرگە كىرىشى، مەسجىدلەرنى ئاۋات قىلىشى چەكلەنگەن يەردە، ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ بەيتى بولغان ئۇلۇغ مەسجىدى ھەرەمگە كىرىشى تېخىمۇ چەكلىنىدۇ. چۈنكى، مەسجىدلەرنى رېمونت قىلىش ياكى ئۇنىڭدا ئىبادەت بىلەن مەنىۋى جەھەتتىن ئاۋات قىلىش ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكىگە ۋە بارلىقىغا ئىشىنىپ، ئۇنىڭ ئۆزىگىلا

---

[1] «أسباب النزول للواحدي» 491 ـ بەت.

ئىبادەت قىلىدىغان مۇسۇلمانلارنىڭ مەجبۇرىيىتىدۇر. ئەمما ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكىنى ئىنكار قىلغان ۋە ئۇنىڭغا مەخلۇقاتنى شېرىك قىلىۋالغان مۇشرىكلارنىڭ قانداقلا بىر مەسجىدنى ئاۋات قىلىش، رېمونت قىلىش سالاھىيىتى بولمىغاندەك، مەسجىدى ھەرەمنى رېمونت قىلىش ۋە ئاۋات قىلىش سالاھىيىتىمۇ يوقتۇر.

كاپىرلارنىڭ مەسجىدلەرگە كىرىشىنىڭ ھۆكمى توغرۇلۇق ئىسلام ئۆلىمالىرى ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىدەك تۆت خىل قاراشتا بۆلۈنگەن:

كاپىرلار ھەرقانداق بىر مەسجىدكە كىرسە بولىدۇ. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەقىف قەبىلىسىدىن كەلگەن ئەلچىلەرنى ئۆزىنىڭ مەسجىدىدە كۈتۈۋالغان. ھالبۇكى، ئۇلار شۇ چاغدا كاپىر ئىدى. ئۇلارنىڭ ئېتىقادىدىكى بۇزۇقلۇق مەنىۋى پاسكىنىلىق بولۇپ، ئۇلارنىڭ مەنىۋى پاسكىنىلىقى مەسجىدلەرنى بۇلغاپ قويمايدۇ. ﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ إِنَّمَا ٱلْمُشْرِكُونَ نَجَسٌ فَلَا يَقْرَبُواْ ٱلْمَسْجِدَ ٱلْحَرَامَ بَعْدَ عَامِهِمْ هَٰذَاۚ﴾ يەنى ﴿ئى ئىمان ئېيتقانلار! مۇشرىكلار پەقەتلا نىجىستۇر. شۇڭا مۇشۇ يىلدىن (يەنى ھىجرىيەنىڭ 9-يىلىدىن) كېيىن ئۇلار مەسجىدى ھەرەمگە يېقىنلاشمىسۇن﴾[1] دېگەن ئايەت مۇشرىكلارنىڭ جاھىلىيەت ئادىتى بويىچە يالىڭاچ كىرىشىنى ياكى بېسىۋېلىش ئۈچۈن كىرىشىنى توسۇشقا قارىتىلغان. بۇ ھەنەفىي مەزھىپىنىڭ قارىشىدۇر.

كاپىرلار مۇسۇلمانلارنىڭ رۇخسىتى بىلەن مەسجىدى ھەرەمدىن باشقا بارلىق مەسجىدلەرگە كىرسە بولىدۇ. ئىمام ئەھمەدكە مەنسۇپ قىلىنغان بىر قاراشتىمۇ شۇنداق دېيىلگەن. بۇ شافىئىي مەزھىپىنىڭ قارىشىدۇر.

كاپىرلار ھېچقانداق مەسجىدكە كىرەلمەيدۇ. بۇ ئىمام ئەھمەدكە مەنسۇپ قىلىنغان يەنە بىر قاراشقا ئاساسلانغان مەزھەپتۇر.

كاپىرلار مەسجىدلەرگە پەقەت بىرەر زۆرۈر ئىش يۈزىسىدىنلا كىرسە بولىدۇ. بۇ مالىكىي مەزھىپىنىڭ قارىشىدۇر[2].

مۇشرىكلار ئۆزلىرىنىڭ كاپىر ئىكەنلىكىنى گەپ- سۆزى ۋە ئەمەلىيىتى بىلەن ئىسپاتلاپ تۇرماقتا. ئۇلارنىڭ كەئبىنى تاۋاپ قىلغاندا: «ئى

---

[1] تەۋبە سۈرىسى: 28- ئايەت.

[2] «قاتار دىنىي ئىشلار مىنىستىرلىكى» تارمىقىدىكى «پەتىۋا مەركىزى»نىڭ مەخسۇس تورىدىن.

ئاللاھ! سېنىڭ شېرىكىڭدىن باشقا شېرىك يوق، سېنىڭ مۈلۈكۈڭ بولغان ھەممە نەرسىگە بىز ئىگىمىز» دېيىشى ئۇلارنىڭ ئوچۇق-ئاشكارا كۇفرى سۆزنى قىلغانلىقى بولىدۇ، ئۇلارنىڭ بۇتلارغا چوقۇنغانلىقى كۇفرىنى ئەمەلىيىتى بىلەن ئىپادىلىغانلىق ھېسابلىنىدۇ. مۇنداق كاپىرلارنىڭ مەسجىدى ھەرەمگە يېقىنلىشىش ھەققى يوقتۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالانىڭ مەسجىدلىرىگە ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن پاك بولغان، ئەقىدىسى دۇرۇس بولغان كىشىلەر كىرىدۇ.

ئەنە شۇ ئازغۇنلۇق پاتقاقلىرىغا پېتىپ كەتكەن مۇشرىكلارنىڭ بۇ دۇنيادا ياخشىلىق دەپ قىلغان بارلىق ئەمەللىرى ئۇلارنىڭ بۇزۇق ئەقىدىسى تۈپەيلىدىن بىكار بولۇپ كېتىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ بارىدىغان جايى دوزاخ بولىدۇ. ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالغۇچىلاردۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالانىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغان ۋە ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىشقا ئىشەنمەيدىغان كاپىرلارنىڭ بۇ دۇنيادا ياخشىلىق دەپ قىلغان ئەمەللىرى بىكار بولۇپ كېتىدۇ ۋە قىيامەت كۈنى ئۇلار ياخشىلىقتىن ھېچبىر نېسىۋىگە ئېرىشەلمەيدۇ.

مەسجىدلەرنى، بولۇپمۇ مەسجىدى ھەرەمنى رېمونت قىلىپ ھىمايە قىلىش، ئۇنىڭدا ئىبادەت قىلىش ئارقىلىق ئۇنى ئاۋات قىلىش، ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكىگە ۋە بارلىقىغا چىن ئىشەنگەن ۋە قىيامەت كۈنى ئاللاھ تائالانىڭ ھۇزۇرىدا بۇ دۇنيادىكى ئەمەللىرىنىڭ ھېسابىنى بېرىپ، تېگىشلىك مۇكاپات-جازاسىنى كۆرىدىغانلىقىغا شەك كەلتۈرمىگەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشىدۇر. ئەمەللىرى قەلبىدىكى ئەقىدىسىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان، نامازنى مۇكەممەل ئادا قىلىدىغان ۋە زاكاتنى تولۇق بېرىدىغان ۋە ئاللاھ تائالادىن قورقىدىغان كىشىلەر مەسجىدى ھەرەمنى ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ئاۋات قىلىشقا ئەڭ لايىق كىشىلەردۇر.

﴿ئەنە شۇلارنىڭ ھىدايەت تاپقۇچىلاردىن بولۇشىدا ئۈمىد بار﴾ يەنى مۇشۇ ئېسىل سۈپەتلەرگە ئىگە بولغان كىشىلەرنىڭ ھەمىشە ياخشىلىققا يول تاپقۇچى ۋە ئىسلامنىڭ داغدام يولىدا ماڭغۇچىلاردىن بولۇشىدا ئۈمىد بار. ئۇلار بۇ دۇنيادىكى ياخشى ئەمەللىرى ئۈچۈن، ئاخىرەتتە كاتتا مۇكاپاتلارغا ئېرىشكۈچىلەردۇر. چۈنكى، ياخشىلىقنىڭ مۇكاپاتى ياخشىلىق بولىدۇ. مۇئمىن ئادەمنىڭ ئەڭ ياخشى ھالىتى ئۈمىد بىلەن قورقۇش ئارىسىدىكى ھالىتىدۇر. چۈنكى، ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىدىن، ياردىمىدىن ۋە جەننىتىدىن ئۈمىد كۈتىدۇ، ئۇنىڭ ئازابىدىن، غەزىپىدىن ۋە دوزىخىدىن قورقىدۇ.

ئايەتتە ئاللاھ تائالاغا ئىمان كەلتۈرۈشلا تىلغا ئېلىنغان بولسىمۇ، بۇ ئايەت ئاللاھ تائالاغا، ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە، كىتابلىرىغا، پەرىشتىلىرىگە، ئاخىرەت كۈنىگە ۋە ئىمان ئېيتىشقا بۇيرۇلغان بارلىق ھەقىقەتلەرنىڭ ھەممىسىگە ئىمان كەلتۈرۈشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. چۈنكى، ئىمان مۇشۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئىشىنىپ ئېتىقاد قىلغاندىلا تولۇقلىنىدۇ. مۆئمىن ئادەمنىڭ ئەمەللىرى پەقەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆگەتكەن ۋە كۆرسەتكەنلىرىگە ئۇيغۇن بولغاندىلا ئاندىن قەدىر-قىممەتكە ئىگە بولىدۇ.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. مەسجىدلەرنى بىنا قىلىش، ياساش، رېمونت قىلىش ئىبادەت بولۇپ، مۇنداق ئىبادەتكە پەقەت ئاللاھ تائالاغا ئىمانى بار كىشىلەرلا سالاھىيەتلىك بولىدۇ.

2. كاپىرلار مەسجىدلەرگە پەقەت مۇسۇلمانلارنىڭ رۇخسىتى بىلەنلا كىرەلەيدۇ.

3. ئاللاھ تائالادىن قورقۇش، ئۇنىڭ رەھمىتىنى، ساۋابىنى ئۈمىد قىلىش ئىماننىڭ ئەڭ مۇھىم تەلەپلىرىدىن بىرىدۇر.

4. مۇسۇلمانلارنىڭ راستچىللىقى ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشقا ئوخشىغان ھالقىلىق پەيتلەردە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. چىقىم كەتمەيدىغان، جان كەتمەيدىغان ئىبادەتلەردە ئالدىنقى سەپتە بولغانلار جىھاد مەيدانلىرىدا، زاكات پەرزىنى ئادا قىلىشتىمۇ ئالدىنقىلاردىن بولغاندىلا، ئاندىن ئۇلار سىناقتىن ئۆتەلەيدۇ.

### ◄ ئىمان ۋە جىھادنىڭ پەزىلىتى

﴿ أَجَعَلْتُمْ سِقَايَةَ ٱلْحَآجِّ وَعِمَارَةَ ٱلْمَسْجِدِ ٱلْحَرَامِ كَمَنْ ءَامَنَ
بِٱللَّهِ وَٱلْيَوْمِ ٱلْءَاخِرِ وَجَٰهَدَ فِى سَبِيلِ ٱللَّهِ ۚ لَا يَسْتَوُۥنَ عِندَ ٱللَّهِ ۗ
وَٱللَّهُ لَا يَهْدِى ٱلْقَوْمَ ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿١٩﴾ ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ وَهَاجَرُوا۟
وَجَٰهَدُوا۟ فِى سَبِيلِ ٱللَّهِ بِأَمْوَٰلِهِمْ وَأَنفُسِهِمْ أَعْظَمُ دَرَجَةً عِندَ ٱللَّهِ ۚ
وَأُو۟لَٰٓئِكَ هُمُ ٱلْفَآئِزُونَ ﴿٢٠﴾ يُبَشِّرُهُمْ رَبُّهُم بِرَحْمَةٍ مِّنْهُ وَرِضْوَٰنٍ

وَجَنَّٰتٍ لَّهُمْ فِيهَا نَعِيمٌ مُّقِيمٌ ﴿٢١﴾ خَٰلِدِينَ فِيهَآ أَبَدًاۚ إِنَّ ٱللَّهَ عِندَهُۥٓ أَجْرٌ عَظِيمٌ ﴿٢٢﴾

## ◄ تەرجىمىسى

19ـسىلەر ھاجىلارنى سۇ بىلەن تەمىنلىگەنلەرنى، مەسجىدى ھەرەمنى ئاۋات قىلغانلارنى ئاللاھقا، ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقان ۋە ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلغانلار بىلەن ئوخشاش دەپ ھېسابلامسىلەر؟ ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئۇلار تەڭ ئەمەس. ئاللاھ (كۇفرىلىقتا چىڭ تۇرۇۋالغان) زالىم قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ.

20ـئىمان ئېيتقان، ھىجرەت قىلغان، پۇل ـ ماللىرى ۋە جانلىرى بىلەن ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلغانلارنىڭ دەرىجىسى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ كاتتىدۇر. ئەنە شۇلار ئۇتۇق قازانغۇچىلاردۇر.

21ـرەببى ئۇلارغا ئۆزىنىڭ رەھمىتى، رازىلىقى ۋە جەننەتلىرى بىلەن خۇش خەۋەر بېرىدۇ، ئۇلارغا جەننەتلەردە ئۈزۈلمەس نېمەت بار.

22ـئۇلار ئۇ جەننەتلەردە مەڭگۈ تۇرىدۇ. شۈبھىسىزكى، (ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەل قىلغانلارغا ئەڭ) كاتتا مۇكاپات ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىدۇر.

## ◄ نازىل بولۇش سەۋەبى

نۇئمان ئىبنى بەشىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەن بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنبىرىنىڭ يېنىدا تۇراتتىم، بىر ئادەم: ‹مەن مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن ھاجىلارغا سۇ بەرسەملا باشقا ئەمەللەرگە پەرۋا قىلمايمەن› دېدى، يەنە بىرى: ‹ئاللاھ يولىدىكى ئەڭ ياخشى ئەمەل مەسجىدى ھەرەمنىڭ خىزمىتىنى قىلىشتۇر› دېدى، ئۈچىنچىسى: ‹ئەمما ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش سىلەر دېگەن ئىشلارنىڭ ھەممىسىدىن ئەۋزەلدۇر› دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلارنى مۇنداق تالاش ـ تارتىش قىلىشتىن توسۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كىرىپ بۇ ھەقتە پەتىۋا سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ﴿سىلەر ھاجىلارنى سۇ بىلەن تەمىنلىگەنلەرنى، مەسجىدى ھەرەمنى ئاۋات قىلغانلارنى ئاللاھقا، ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقان ۋە ئاللاھ

يولىدا جىھاد قىلغانلار بىلەن ئوخشاش دەپ ھېسابلامسىلەر؟﴾ دېگەن ئايەتنى ئوقۇپ بەردى»[1]. بۇ رىۋايەتكە ئاساسلانغاندا، ئايەتتىكى خىتاب مۇسۇلمانلارغا قارىتىلغان. بەزى مۇپەسسىرلەر ئايەتتىكى خىتابنىڭ مۇشرىكلارغا قارىتىلغانلىقىنى سۆزلىگەن. ئۇ چاغدا بۇ ئايەت ئالدىنقى ﴿إِنَّمَا يَعۡمُرُ مَسَٰجِدَ ٱللَّهِ مَنۡ ءَامَنَ بِٱللَّهِ وَٱلۡيَوۡمِ ٱلۡأٓخِرِ وَأَقَامَ ٱلصَّلَوٰةَ وَءَاتَى ٱلزَّكَوٰةَ وَلَمۡ يَخۡشَ إِلَّا ٱللَّهَۖ﴾ يەنى ﴿ئاللاھنىڭ مەسجىدلىرىنى پەقەت ئاللاھقا، ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقان، نامازنى مۇكەممەل ئادا قىلغان، زاكات بەرگەن، ئاللاھتىن باشقىسىدىن قورقمىغان كىشىلەرلا ئاۋات قىلىدۇ﴾[2] دېگەن ئايەتنىڭ تولۇقلانمىسى بولۇپ، مەسجىدلەرنى ئىبادەت بىلەن ئاۋات قىلىش، مەسجىدلەرنىڭ خىزمىتىنى قىلىش ۋە مەسجىدلەرنى رېمونت قىلىش قاتارلىق ئەمەللەرگە پەقەتلا مۇسۇلمانلارنىڭ سالاھىيەتلىك ئىكەنلىكى ۋە ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ ئىبادەت ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان بولىدۇ.

### ◄ تەپسىرى

ئى قەۋم! سىلەر ھاجىلارنى سۇغارغان ۋە مەسجىدى ھەرەمنىڭ خىزمىتىنى قىلغانلارنى مەرتىۋە ۋە پەزىلەت جەھەتتە ئاللاھ تائالاغا، قىيامەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرگەن ۋە ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلغان كىشىلەر بىلەن ئوخشاش دەپ ھېسابلامسىلەر؟ بۇ يەردىكى سوراق ئىشارىتى بۇ ئىككى پىرقە كىشىلىرىنى ئوخشاش دەپ قارايدىغانلارغا قاتتىق كايىش ۋە رەددىيە بېرىش ئۈچۈن كەلگەن بولۇپ، بۇ ئىستىلىستىكا قائىدىسىدە «ئىستىفھام ئىنكارى» دەپ ئاتىلىدۇ.

بۇ يەردىكى خىتاب مۇشرىكلارغا قارىتىلغانمۇ؟ ياكى نۇئمان ئىبنى بەشىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يۇقىرىقى رىۋايىتىگە ئاساسەن مۇسۇلمانلارغا قارىتىلغانمۇ؟ مۇپەسسىرلەر ھەر ئىككى قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئەگەر بۇ خىتابنى مۇسۇلمانلارغا قارىتىلغان دەپ چۈشەنگىنىمىزدە، ھاجىلارغا سۇ بەرگەنلىكى ۋە مەسجىدى ھەرەمنى ئاۋات قىلغانلىقى قاتارلىق ئاز-تولا ياخشى ئەمەللىرى بىلەن پەخىرلەنگەن مۇئمىنلەر بۇنداق كايىشقا ئۇچرىغان يەردە، بۇ ئىككى خىزمەتتىن باشقا ھېچقانداق ياخشى ئەمەلى بولمىغان، مۇشۇ ئىككى خىزمىتى بىلەنلا

---

[1] «أسباب النزول» 127- بەت، «صحيح مسلم» 3-توم، 1499-بەت. 1879-ھەدىس.

[2] تەۋبە سۈرىسى: 18- ئايەت.

پەخىرلىنىپ ئۆزىنى خۇش قىلىدىغان مۇشرىكلارنىڭ ئاخىرەتتە ياخشىلىقتىن ھېچقانداق نېسىۋىسى يوقتۇر. چۈنكى، ئاخىرەتتە ياخشىلىققا ئېرىشىشنىڭ بىرىنچى شەرتى ئىماندۇر.

ئى مۇئمىنلەر! سىلەر ھاجىلارنى سۇ بىلەن تەمىنلىگەنلەرنى، مەسجىدى ھەرەمنى ئاۋات قىلغانلارنى ئاللاھ تائالاغا ۋە قىيامەت كۈنىگە ئىمان ئېيتىپ، ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلغان كىشىلەر بىلەن ئوخشاش دەپ قارامسىلەر؟ ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا ھەرگىز ئوخشاش ئەمەس، گەرچە بىر مۇسۇلمان ئادەم ئۇچۇن بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ياخشى ئەمەل سانالسىمۇ، بۇ ئەمەللەر دەرىجە ۋە ساۋاب جەھەتتىن ئوخشاش ئەمەس. چۈنكى، ئاللاھ تائالاغا ۋە قىيامەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئاللاھ يولىدا جېنىنى پىدا قىلىپ، پۇل-مېلىنى خىراجەت قىلىپ جىھاد قىلىش ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە ئەمەللەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى ۋە مۇكاپاتقا لايىق بولۇش جەھەتتىمۇ ئەڭ يۇقىرىسى ھېسابلىنىدۇ.

شەكسىزكى، ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرگەن، ئاللاھ يولىدا ھىجرەت قىلغان، ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى ئۈستۈن قىلىش ئۇچۇن، ئۆزىنىڭ ئىسسىق قېنىنى، تاتلىق جېنىنى ۋە مال-مۈلۈكىنى پىدا قىلىپ جىھاد قىلغان كىشىلەر، كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بۇ سۈپەتلەرگە ئىگە بولمىغانلاردىن نەچچە ھەسسە ئەۋزەل ۋە مەرتىۋە جەھەتتىمۇ نەچچە ھەسسە ئۈستۈندۇر. بۇنىڭدا قىلچە شەك يوقتۇر.

ئەگەر ئايەتتىكى خىتابنى مۇشرىكلارغا قارىتىلغان دەپ چۈشەنگىنىمىزدە، ئايەتنىڭ مەنىسى مۇنداق بولىدۇ: توغرا، ھاجىلارغا سۇ بېرىش ۋە مەسجىدى ھەرەمنى ئاۋات قىلىش ئاللاھ تائالانى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى رازى قىلىدىغان شەكىلدە ئادا قىلىنسا، ئەلۋەتتە ياخشى ئەمەلدىن سانىلىدۇ. ئەمما ئىمانسىز تۇرۇپ قىلىنغان ياخشى ئەمەلنى ئاللاھ تائالا قوبۇل قىلمايدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈش بارلىق ياخشى ئەمەللەرنى بىكار قىلىۋېتىدۇ.

ئاللاھ يولىدا ھىجرەت قىلغان ۋە جىھاد قىلغان مۇئمىنلەر ئاللاھ تائالانىڭ پەزل-كەرەمىگە ۋە كاتتا مۇكاپاتىغا ئېرىشكۈچىلەردۇر. بۇ قانداق مۇكاپات؟ بۇ سوئالغا ئاللاھ تائالا ئۆزى جاۋاب بېرىپ ئېيتىدۇ: ﴿رەببى ئۇلارغا ئۆزىنىڭ رەھمىتى، رازىلىقى ۋە جەننەتلىرى بىلەن خۇش خەۋەر بېرىدۇ، ئۇلارغا جەننەتلەردە تۈگىمەس نېمەت بار﴾ يەنى ئاللاھ تائالا ئۇلارغا ئۆز رەھمىتىنى بېغىشلايدۇ، ئۇلاردىن رازى بولىدۇ ۋە ئۇلارغا

پۈتمەس-تۈگىمەس نازۇنېمەتلىك جەننەتلەر بىلەن خۇش خەۋەر بېرىدۇ. ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈ تۇرىدۇ. بۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارغا قىلغان كاتتا ئاتا-ئېھسانىدۇر.

﴿شۈبھىسىزكى، (ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەل قىلغانلارغا ئەڭ) كاتتا مۇكاپات ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىدۇر﴾ بۇ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس، چۈنكى، ﴿وَعَدَ ٱللَّهُ ٱلْمُؤْمِنِينَ وَٱلْمُؤْمِنَٰتِ جَنَّٰتٍ تَجْرِى مِن تَحْتِهَا ٱلْأَنْهَٰرُ خَٰلِدِينَ فِيهَا وَمَسَٰكِنَ طَيِّبَةً فِى جَنَّٰتِ عَدْنٍ ۚ وَرِضْوَٰنٌ مِّنَ ٱللَّهِ أَكْبَرُ ۚ ذَٰلِكَ هُوَ ٱلْفَوْزُ ٱلْعَظِيمُ﴾ يەنى ﴿ئاللاھ مۇئمىن ئەرلەر ۋە مۇئمىن ئاياللارغا ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان، ئۇلار مەڭگۈ تۇرىدىغان جەننەتلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ دائىملىق قارارگاھى بولغان جەننەتلەردىكى ئېسىل تۇرالغۇلارنى ۋەدە قىلدى، ئاللاھنىڭ (ئۇلاردىن) رازى بولۇشى (جەننەت نېمەتلىرىنىڭ) ئەڭ كاتتىسىدۇر، مانا بۇ كاتتا بەختتۇر﴾[1].

ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «إِنَّ اللّٰهَ يَقُولُ لِأَهْلِ الْجَنَّةِ: يَا أَهْلَ الْجَنَّةِ فَيَقُولُونَ: لَبَّيْكَ رَبَّنَا وَسَعْدَيْكَ وَالْخَيْرُ فِي يَدَيْكَ فَيَقُولُ: هَلْ رَضِيتُمْ؟ فَيَقُولُونَ: وَمَا لَنَا لَا نَرْضَى؟ يَا رَبِّ وَقَدْ أَعْطَيْتَنَا مَا لَمْ تُعْطِ أَحَدًا مِنْ خَلْقِكَ ، فَيَقُولُ: أَلَا أُعْطِيكُمْ أَفْضَلَ مِنْ ذَلِكَ؟ فَيَقُولُونَ: يَا رَبِّ وَأَيُّ شَيْءٍ أَفْضَلُ مِنْ ذَلِكَ؟ فَيَقُولُ: أُحِلُّ عَلَيْكُمْ رِضْوَانِي ، فَلَا أَسْخَطُ عَلَيْكُمْ بَعْدَهُ أَبَدًا» يەنى «ئاللاھ جەننەت ئەھلىگە خىتاب قىلىپ: ‹ئى جەننەت ئەھلى!› دەيدۇ. جەننەت ئەھلى: ‹خوش، ئى رەببىمىز!› دەيدۇ. ئاللاھ: ‹رازى بولدۇڭلارمۇ؟› دەيدۇ. ئۇلار: ‹ئى رەببىمىز سەن بىزگە ھېچكىمگە بەرمىگەن نازۇنېمەتلەرنى بەرگەن تۇرساڭ، بىز قانداقمۇ رازى بولمايلى؟!› دەيدۇ. ئاللاھ: ‹مەن سىلەرگە ئۇنىڭدىنمۇ ياخشىسىنى بەرمەيمۇ؟› دەيدۇ. جەننەت ئەھلى: ‹ئى رەببىمىز! بۇنىڭدىنمۇ ياخشى نېمە بار؟› دەيدۇ. ئاللاھ تائالا: ‹مەن سىلەرگە رازىلىقىمنى بەردىم (يەنى سىلەردىن رازى بولدۇم)، بۇنىڭدىن كېيىن سىلەرگە ھەرگىز غەزەپ قىلمايمەن› دەيدۇ»[2]. جانابى ئاللاھ تائالا بىزلەرنىمۇ ئاشۇ بەختلىك كىشىلەر قاتارىدا قىلغاي، ئامىن.

ئەللامە مۇھەممەد مۇتەۋەللىي شەئراۋىي ئۆز تەپسىرىدە مۇنداق

[1] تەۋبە سۈرىسى: 72-ئايەت.

[2] «صحيح مسلم» 4-توم، 2176-بەت، 2829-ھەدىس.

دېگەن: «بەزى كىشىلەر مۇنداق دەپ سورىشىدۇ: ھىدايەت ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدە تۇرسا، ئاللاھ تائالا ئۆزى خالىغان بەندىلىرىنى ھىدايەت قىلغان ۋە خالىغان بەندىلىرىنى ھىدايەت قىلماي ئۆز ئازغۇنلۇقىدا قالدۇرغان تۇرسا، ئازغۇنلۇقتا قالغانلارنىڭ گۇناھى نېمە؟ نېمە ئۈچۈن ئاللاھ تائالا ئۇلارنى ھىدايەت قىلمىدى؟

بىز دەيمىزكى، ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە، پاسىق قەۋمنى، كاپىر قەۋمنى ۋە زالىم قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدىغانلىقى توغرۇلۇق كۆپلىگەن ئايەتلەرنى كەلتۈرگەن. مەسىلەن: ﴿وَٱللَّهُ لَا يَهۡدِي ٱلۡقَوۡمَ ٱلۡكَٰفِرِينَ﴾ يەنى ﴿ئاللاھ كاپىر قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ﴾[1]، ﴿وَٱللَّهُ لَا يَهۡدِي ٱلۡقَوۡمَ ٱلظَّٰلِمِينَ﴾ يەنى ﴿ئاللاھ زالىم قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ﴾[2]، ﴿وَٱللَّهُ لَا يَهۡدِي ٱلۡقَوۡمَ ٱلۡفَٰسِقِينَ﴾ يەنى ﴿ئاللاھ پاسىق قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ﴾[3] قاتارلىق ئايەتلەردە، ھىدايەت قىلىنمايدىغانلارنىڭ ھىدايەت قىلىنماسلىقىدىكى سەۋەب ئوپئوچۇق بايان قىلىنغان. ئۇ بولسىمۇ، كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋېلىش، ئاللاھ تائالانىڭ ئىتائىتىدىن ۋە ئۆزىنىڭ يارىتىلىشتىكى تەبئىي ھالىتىدىن چىقىپ كېتىش[4] ۋە ھىدايەتتىن ئازغۇنلۇقنى ئارتۇق كۆرۈپ ئۆزىگە زۇلۇم قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. گويا كاپىر، پاسىق ۋە زالىم ئادەم قىلمىشى تۈپەيلىدىن ئۆزىنى ھىدايەتتىن توسقان بولۇپ، نەتىجىدە، ئۇ ھىدايەتكە سالاھىيەتلىك بولالمىغان. چۈنكى، ئاللاھ تائالا كۇفرىلىقنى ياكى پاسىقلىقنى ۋەياكى زالىملىقنى تاللىۋالغان ئادەمنى ھىدايەت قىلمايدۇ. ئەمما ھىدايەتنى خالىغان، ئۇنىڭغا ئىنتىلگەن ۋە ئۇنى سۆيگەن ئادەمنى ھىدايەت قىلىدۇ»[5].

## مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئىمان، جىھاد ۋە ھىجرەتتىن ئىبارەت ئۈچ ئەمەلنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغان ئادەم ئاللاھ تائالانىڭ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ

[1] بەقەرە سۈرىسى: 264- ئايەت.
[2] بەقەرە سۈرىسى: 258- ئايەت
[3] مائىدە سۈرىسى: 108- ئايەت.
[4] چۈنكى، ئىنسان تۇغۇلۇشتىكى ھالىتى بىلەن ياشايدىغان بولسا، ئۇ چوقۇم ئىمانلىق ياشايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەربىر بالا ئىسلام ئۈستىگە تۇغۇلىدۇ، ئەمما ئۇنى ئاتا-ئانىسى يەھۇدىي قىلىۋېتىدۇ ياكى خىرىستىيان قىلىۋېتىدۇ ياكى مەجۇسىي قىلىۋېتىدۇ» دېگەن. (ئىمام بۇخارىي رىۋايىتى).
[5] «تفسير الشعراوي» 8- توم، 4966- بەت.

نەزىرىدە ئەڭ كاتتا مەرتىۋىلەرگە كۆتۈرۈلگەن ئادەمدۇر.

2. ئىمانى يوق كىشىلەرنىڭ بۇ دۇنيادا ياخشىلىق دەپ قىلغانلىرى ئاخىرەتتە ئەسقاتمايدۇ. ئۇلار قىلغان ياخشىلىقلىرىنىڭ مۇكاپاتىنى مۇشۇ دۇنيادىلا كۆرىدۇ.

3. ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى قوغداش ۋە ئۆزىنىڭ ئىمانىنى مۇداپىئە قىلىش يولىدا مەككىدىن مەدىنىگە، ھەبەشىستانلارغا ھىجرەت قىلغان ۋە ئاللاھ يولىدا مال-مۈلۈكىنى، جېنىنى ئاتاپ جىھاد قىلغان ئاۋۋالقى مۇسۇلمانلار ھەقىقەتەن ئۇلۇغلۇق زاتلار بولۇپ، ئۇلار تا قىيامەتكىچە ئىسلام ئەھلىنىڭ قەلبىدە يادلىنىپ تۇرىدۇ.

4. جەننەت ئەھلىنىڭ دەرىجىلىرى بىر خىل بولمايدۇ، ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلغانلارنىڭ دەرىجىسى ھەممىدىن يۇقىرى بولىدۇ.

### ◄ كاپىرلارنى دوست تۇتۇشنىڭ خەتىرى

﴿يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ لَا تَتَّخِذُوٓاْ ءَابَآءَكُمۡ وَإِخۡوَٰنَكُمۡ أَوۡلِيَآءَ إِنِ ٱسۡتَحَبُّواْ ٱلۡكُفۡرَ عَلَى ٱلۡإِيمَٰنِۚ وَمَن يَتَوَلَّهُم مِّنكُمۡ فَأُوْلَـٰٓئِكَ هُمُ ٱلظَّـٰلِمُونَ ﴿٢٣﴾ قُلۡ إِن كَانَ ءَابَآؤُكُمۡ وَأَبۡنَآؤُكُمۡ وَإِخۡوَٰنُكُمۡ وَأَزۡوَٰجُكُمۡ وَعَشِيرَتُكُمۡ وَأَمۡوَٰلٌ ٱقۡتَرَفۡتُمُوهَا وَتِجَٰرَةٞ تَخۡشَوۡنَ كَسَادَهَا وَمَسَٰكِنُ تَرۡضَوۡنَهَآ أَحَبَّ إِلَيۡكُم مِّنَ ٱللَّهِ وَرَسُولِهِۦ وَجِهَادٖ فِي سَبِيلِهِۦ فَتَرَبَّصُواْ حَتَّىٰ يَأۡتِيَ ٱللَّهُ بِأَمۡرِهِۦۗ وَٱللَّهُ لَا يَهۡدِي ٱلۡقَوۡمَ ٱلۡفَٰسِقِينَ ﴿٢٤﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

23-ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئەگەر ئاتىلىرىڭلار، قېرىنداشلىرىڭلار ئىماندىن كۇفرىنى ئارتۇق كۆرسە، ئۇلارنى دوست تۇتماڭلار. سىلەردىن كىمكى، ئۇلارنى دوست تۇتىدىكەن، ئەنە شۇلار زالىملاردۇر.

24-(ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «ئەگەر سىلەرنىڭ ئاتىلىرىڭلار، ئو-غۇللىرىڭلار، قېرىنداشلىرىڭلار، ئاياللىرىڭلار، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىڭلار، تاپقان

پۇل-ماللىرىڭلار، ئاقماي قېلىشىدىن ئەنسىرىگەن تىجارىتىڭلار، سىلەر ياخشى كۆرىدىغان تۇرالغۇلىرىڭلار سىلەر ئۈچۈن ئاللاھتىن، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىدىن ۋە ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشتىنمۇ سۆيۈملۈك بولسا، ئۇ هالدا سىلەر تاكى ئاللاھ (ھەققىڭلاردا ئازاب) ئەمرىنى كەلتۈرگەنگە قەدەر كۈتۈپ تۇرۇڭلار. ئاللاھ پاسىق قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ».

## ◄ بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ئاللاھ تائالا بۇ سۈرىنىڭ بېشىدا، مۇشرىكلارنىڭ مۇسۇلمانلار بىلەن تۈزۈشكەن كېلىشىمنى بۇزغانلىقى ئۈچۈن، ئاللاھ تائالانىڭ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئۇلاردىن ئادا-جۇدا ئىكەنلىكىنى، بۇ كېلىشىمنىڭ بىكار قىلىنغانلىقىنى، مۇشرىكلارغا تۆت ئاي مۆھلەت بېرىلگەنلىكىنى، ئەگەر ئۇلار مۇشۇ تۆت ئاي ئىچىدە ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمانلارنىڭ سېپىگە قوشۇلسا، ئۇلار ئۈچۈن ياخشى بولىدىغانلىقىنى، ئۇ چاغدا ئۇلارنىڭ مۇسۇلمانلار بىلەن دىنىي قېرىنداش بولۇپ تىنچلىق ئىچىدە ياشايدىغانلىقىنى، ئەگەر ئۇلار بۇ مۇددەت ئىچىدە ئىمان ئېيتمىسا ۋە مۇسۇلمانلارغا قارشى دۈشمەنلىك مەۋقەسىدىن يانمىسا، ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ جازاسىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى جاكارلىغان. بۇ بەزى ئىمانى ئاجىز، قەبىلىۋازلىقى كۈچلۈك، دىنىي قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتىدىن ئۇرۇق-تۇغقانلىق مۇناسىۋىتىنى يۇقىرى ئورۇنغا چىقىرىۋالغان كىشىلەرگە بەك ئېغىر كەلگەن ئىدى. ھەتتا بەزى مۇناپىقلار بۇنى كېلىشىمنى بۇزۇپ، باشقىلارغا يامانلىق قىلغانلىق ۋە چەكلەنگەن ئىشلارنى قىلغانلىق، دەپ قارىغان. مۇناپىقلار مۇشۇ نۇقتىدىن پايدىلىنىپ تۈرلۈك يالغان-ياۋىداق سۆزلەرنى تارقىتىپ بىر قىسىم مۇسۇلمانلارغا تەسىر كۆرسەتكەن، ھەتتا ئۇلارنى ئۆزلىرىگە سىرداش قىلىۋېلىپ، مۇشرىكلارغا ھېسداشلىق قىلىدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈشكە ئۇرۇنغان. بەدرى ئۇرۇشىغا قاتناشقان مۇنەۋۋەر ساھابىلەرنىڭ قاتارىدىن ئورۇن ئالغان ھاتىب ئىبنى ئەبۇ بەلتەئەنىڭ قىسسىسىمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس، بۇ مەسىلە ئاساسەن قەبىلىۋازلىق ئىللىتىدىن كېلىپ چىققان.

## ◄ ھاتىب ئىبنى ئەبۇ بەلتەئەنىڭ قىسسىسى

مۇسۇلمانلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېتەكچىلىكىدە مەككىنى

فەتھى قىلىش ئۈچۈن ھازىرلىنىۋاتقان پەيتتە، ھاتىب ئىبنى ئەبۇ بەلتەئە مەككىدىكى مۇشرىكلارغا مەخپىي خەت ئەۋەتىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ مەككىگە قاراپ يولغا چىققانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ. بۇ ئەمەلىيەتتە مۇسۇلمانلارغا خىيانەت قىلغانلىق ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىشىنى مەخپىي تۇتۇش توغرۇلۇق بەرگەن پەرمانىغا ئاسىيلىق قىلغانلىق ئىدى. ھاتىب خەتنى مەخپىي ھالدا بىر ئايالدىن مەككىگە ئەۋەتكەن بولۇپ، ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيى ئارقىلىق بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر بەرگەندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب بىلەن زۇبەير ئىبنى ئەۋۋامنى مەزكۇر ئايالنى تۇتۇپ، ئۇنىڭدىكى خەتنى ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇغان. ئايال يولدا تۇتۇلغان، ئەمما ئايال خەتنى چېچىنىڭ ئارىسىغا تىقىۋالغان بولۇپ، ئۆزىدە خەت بارلىقىنى ئىنكار قىلىپ چىڭ تۇرۇۋالغان. مەزكۇر ئىككى ساھابە ئۇ ئايالغا بۇ ئىشنى ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيى بىلەن ئۇقتۇرغانلىقىنى، ئايالدا خەتنىڭ بارلىقىدا قىلچە شەك يوقلۇقىنى ئېيتقاندا، ئايال خەتنى چىقىرىپ بەرگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھاتىبنى سوراققا تارتىپ، ئۇنىڭدىن «ئى ھاتىب! سەن نېمىشقا شۇنداق قىلدىڭ؟» دەپ سورىغاندا، ھاتىب: «يا رەسۇلۇللاھ! ماڭا ھۆكۈم بېرىشكە ئالدىرىمىغايلا. مەن قۇرەيش قەبىلىسىدىن ئەمەس. بۇ يەردىكى مۇھاجىر قېرىنداشلىرىمنىڭ ھەممىسىنىڭ مەككىدە تۇغقانلىرى بار، ئۇلار ئۆزىنىڭ تۇغقانلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ مال-مۈلۈكىنى قوغدايدۇ. شۇڭا مەن قۇرەيشلەرگە بۇ خەۋەرنى يەتكۈزۈش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشسەم مېنىڭ مەككىدە قالغان تۇغقانلىرىمنى قوغداپ قالارمىكىن دەپ ئويلاپ، ئۇلارغا ئۇرۇشنىڭ خەۋىرىنى بېرىشنى خالىغان ئىدىم. ئەمما مەن بۇ ئىشنى كۇفرىلىقتىن ياكى مۇرتەد بولغانلىقتىن ۋەياكى كۇفرىنى ياقىلىغانلىقتىن قىلمىدىم» دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «ھاتىب راست گەپ قىلدى» دەيدۇ. بۇ چاغدا ئۆمەر ئىبنى خەتتاب: «يارەسۇلۇللاھ! ماڭا رۇخسەت قىلسىلا، مەن بۇ مۇناپىقنىڭ كاللىسىنى ئالاي» دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «ھاتىب بەدرى غازىتىغا قاتناشقان كىشىدۇر. ئاللاھ بەدرى غازىتى بولغان كۈندە بۇ غازاتقا قاتناشقان مۆئمىنلەرگە ‹خالىغىنىڭلارنى قىلىڭلار، سىلەرنى مەغپىرەت قىلدىم› دېگەن»[1] دەيدۇ.

بۇ قىسسەدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇسۇلمانلارغا نەقەدەر رەھىم-شەپقەتلىك ئىكەنلىكى ئىپادىلىنىدۇ. چۈنكى، دۆلەتنىڭ مەخ-

---

[1] «صحيح البخاري» 4-توم، 59-بەت، 3007 -ھەدىس.

پىيەتلىكنى ئاشكارىلاپ قويغان ئادەمنى قاتتىق جازالاش ھەربىر دۆلەتنىڭ ئىككىلەنمەي قىلىدىغان ئىشىدۇر. ئەھۋال شۇنداق تۇرسىمۇ، ئاللاھ تائالا ھاتىبنىڭ بۇ ئىشنى خائىنلىقتىن قىلمىغانلىقىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىلھام قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئۆزرىسى قوبۇل قىلىنىپ، گۇناھى ئەپۇ قىلىنغان.

ئاللاھ تائالا جىھاد قىلىشنىڭ پەزىلىتىنى ۋە ھىجرەت قىلىشنىڭ ياخشى ئاقىۋىتىنى، شۇنداقلا مۇشرىكلاردا ئىمان بولمىغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ ياخشى ئەمەل دەپ قىلغانلىرىنىڭ بىكار بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى، ھەتتا ئۇلارنىڭ مەسجىدى ھەرەمنىڭ خىزمىتىنى قىلىش، ھاجىلارنى سۇغىرىشتەك ئىشلىرىنىڭمۇ، ئۇلارغا ئاخىرەتتە پايدا بەرمەيدىغانلىقىنى بايان قىلغاندىن كېيىن، بۇ جايدا ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىشنىڭ مۇشرىكلارنى دوست تۇتۇشتىن ۋاز كېچىپ، ئاللاھنى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى، ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشنى ئاتا-ئانىسىنىڭ، بالىچاقىلىرىنىڭ، قېرىنداشلىرىنىڭ، ئاياللىرىنىڭ، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭ، مال-دۇنيالىرىنىڭ ۋە تۇرالغۇ ئۆيلىرىنىڭ مۇھەببىتىدىنمۇ يۇقىرى ئورۇنغا قويغان ۋاقىتتا ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىنى بايان قىلغان.

### ◄ تەپسىرى

ئى ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتقان ۋە «مۇئمىن» دېگەن گۈزەل سۈپەت بىلەن شەرەپلەنگەن ئىنسانلار! سىلەرنىڭ ئىمان ئېيتمىغان ئاتا-ئاناڭلارنى، قېرىنداشلىرىڭلارنى ئۆزۈڭلارغا يېقىن تۇتۇپ، ئۇرۇشتا ئۇلارغا ياردەم بېرىشىڭلار ۋە مېھرىبانلىق كۆرسىتىشىڭلار توغرا بولمايدۇ. ئۇلارنى ئۆزۈڭلارغا يېقىن تۇتماڭلار، ئۆزۈڭلارغا سىرداش قىلىۋالماڭلار، بولۇپمۇ ئىسلام قوشۇنىغا ئالاقىدار بولغان مەخپىيەتچىلىكلەرنى ئۇلارغا ھەرگىز ئاشكارا قىلماڭلار، چۈنكى، مۇنداق قىلىش چوڭ خىيانەت سانىلىدۇ. ﴿أَمۡ حَسِبۡتُمۡ أَن تُتۡرَكُواْ وَلَمَّا يَعۡلَمِ ٱللَّهُ ٱلَّذِينَ جَٰهَدُواْ مِنكُمۡ وَلَمۡ يَتَّخِذُواْ مِن دُونِ ٱللَّهِ وَلَا رَسُولِهِۦ وَلَا ٱلۡمُؤۡمِنِينَ وَلِيجَةٗۚ وَٱللَّهُ خَبِيرُۢ بِمَا تَعۡمَلُونَ﴾ يەنى ﴿ئاللاھ سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىن جىھاد قىلغانلارنى، ئاللاھتىن، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىدىن ۋە مۇئمىنلەردىن باشقىسىنى سىرداش قىلىۋالمىغانلارنى بىلمەي (يەنى ئوتتۇرىغا چىقارماي) تۇرۇپ، سىلەر (سىنالمايلا) ئۆز ھالىمىزغا قويۇپ بېرىلىمىز، دەپ

ئويلامسىلەر؟ ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىڭلاردىن خەۋەرداردۇر﴾[1].

ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەرنىڭ ئاتا-ئاناڭلار ۋە قېرىنداشلىرىڭلار ئىماندىن كۇفرىنى، ئىسلامدىن شېرىك ئەقىدىسىنى ئەلا بىلىپ ئۇنى تاللىغان ئىكەن، سىلەر ئۇلارنى ھەرگىز ئۆزۈڭلارغا يېقىن تۇتماڭلار، ئۇلارنى مۇسۇلمانلاردىن ئۈستۈن كۆرمەڭلار. سىلەردىن كىمكى ئۇلارنى كۆڭلىگە يېقىن تۇتىدىكەن، ئۇ كىشى ئۆزىگە، ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىغا ۋە ئۆزى بىللە ياشاۋاتقان ئىسلامىي تۇپقا چوڭ زىيان سالغان بولىدۇ. چۈنكى، ئۇلار بۇ ۋاقىتتا، كاپىرلاردىن ئادا-جۇدا بولۇشنىڭ ئورنىغا ئۇلار بىلەن دوستلۇقنى چىڭىتقان، ئۇلاردىن نەپرەتلىنىشنىڭ ئورنىغا مۇھەببەتنى كۈچەيتكەن بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇئمىنلەرنى پەيغەمبەرگە ۋە مۇئمىنلەرگە دۈشمەنلىك قىلغان كاپىرلارنى دوست تۇتۇشتىن ئىبارەت بۇ يامان قىلمىشتىن تولۇق چەكلەش ئۈچۈن، ئۇلارغا ئۇلارنىڭ ئىمان ئېيتقانلىقىدىن ئىبارەت كاتتا ئەمەلى بىلەن خىتاب قىلىپ، ﴿ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئەگەر ئاتىلىرىڭلار، قېرىنداشلىرىڭلار ئىماندىن كۇفرىنى ئارتۇق كۆرسە، ئۇلارنى دوست تۇتماڭلار﴾ دەپ كەسكىن ئەمر قىلغان.

ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مۇسۇلمانلارغا يۇقىرىدا بايان قىلىنغانلارنى دوست تۇتماسلىقنىڭ، ئۇلارنى يېقىن كىشىلەرنىڭ قاتارىدا سانىماسلىقنىڭ سەۋەبىنى، ئەكسىچە قىلغاندا، ئۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدىغان يامان ئاقىۋەتلەرنى ئوچۇق بايان قىلىپ بېرىشكە بۇيرۇغان. بۇ يەردىكى چەكلىمە ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان ئەمەس تۇغقانلىرىغا بولغان سۆيگۈ-مۇھەببەتنىڭ ئاللاھ تائالاغا، ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە مۇئمىنلەرگە بولغان سۆيگۈ-مۇھەببەتتىن ھەرگىز ئۈستۈن بولماسلىقىدۇر. شۇڭا مۇسۇلمانلارنىڭ دوست بىلەن دۈشمەننى ئايرىپ مۇئامىلە قىلىشى تەلەپ قىلىنىدۇ. چۈنكى، كۇفرىنى ياقتۇرغانلارنى يامان كۆرۈش، مۇئمىنلەرنى ياخشى كۆرۈش ئىماننىڭ تەلىپىدۇر.

ئاتا-ئانىلارنى ياخشى كۆرۈش پەرزەنتنىڭ تومۇرىدا بار تەبىئىي ئەھۋالدۇر. چۈنكى، بالا ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۆزىنىڭ دۇنياغا كېلىشىنىڭ سەۋەبى ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ ئۇلارنىڭ بىر پارچىسى ئىكەنلىكىنى، ئاتىسىنىڭ ئۆزىگە ئەڭ كۆيۈمچان، ئەڭ مېھرىبانلىق قىلغان كىشى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ. بۇ يەردە ئەرەبلەرنىڭ ئۆز ئەجدادلىرىنىڭ

[1] تەۋبە سۈرىسى16-ئايەت.

تەرىپىنى تۇتۇشتا قاتتىق مۇتەئەسسىپلىك قىلىدىغان ۋە ئۇلار بىلەن پەخىرلىنىدىغان بىر مىللەت ئىكەنلىكىنىمۇ ئۇنتۇماسلىق كېرەك. شۇڭا بىر ئايەتتە ﴿فَٱذۡكُرُواْ ٱللَّهَ كَذِكۡرِكُمۡ ءَابَآءَكُمۡ أَوۡ أَشَدَّ ذِكۡرٗاۗ﴾ يەنى ﴿ئاللاھنى ئاتا-بوۋاڭلارنى ياد ئەتكەندەك ياكى ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق ياد ئېتىڭلار﴾[1] ، يەنى سىلەر ئاتا-بوۋاڭلارنى ناھايىتى بەك ياد ئېتىدىغان ۋە ئۇلارنى ھېچ ئۇنتۇمايدىغان خەلق، ئەمما سىلەر ئاللاھ تائالانى ئاشۇ ئاتا-بوۋاڭلاردىنمۇ ئارتۇق ياد ئېتىشىڭلار كېرەك دېيىلگەن.

پەرزەنتلەرنى ياخشى كۆرۈشمۇ ئاتا-ئانىلارنىڭ تەبىئىتىگە ئورناپ كەتكەن تەبىئىي سۆيگۈدۇر. پەرزەنت ئۇلارنىڭ جان جىگىرى ۋە يۈرەك پارىسى، ئۆزىنىڭ نام-نىشانىسىنى داۋاملاشتۇرىدىغان بىردىنبىر ئىزباسارىدۇر. ئاتا-ئانىلار دۇنيادا ھېچكىمنى ئۆز پەرزەنتلىرىدىن ئارتۇق كۆرمەيدۇ.

ھەرقانداق بىر ئادەمنىڭ قېرىنداشلىرى ئۇنىڭ كۈچلۈك ياردەم-چىلىرىدۇر. ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ﴿سَنَشُدُّ عَضُدَكَ بِأَخِيكَ﴾ يەنى ﴿سېنى قېرىندىشىڭ بىلەن كۈچلەندۈرىمىز﴾[2] دېگەن.

ئەر - خوتۇنلارنىڭ بىر-بىرىنى ياخشى كۆرۈشى تەبىئىي سۆيگۈلەردىن بىرىدۇر. چۈنكى، ئەر ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئايالى ئۇنىڭ ئارامگاھى، ئۆمۈرلۈك ھايات شېرىكى، سەمىمىي سىرداشى، كۆڭلى ئارام تاپىدىغان ئۆيى، نەپسىنىڭ ھەۋەسلىرىنى قاندۇرىدىغان يېرى، كۆڭۈل ئارزۇلىرى باغلانغان جايىدۇر، ئايال ئۈچۈنمۇ ئۆزىنىڭ ئېرى ئەنە شۇنداقتۇر.

مال-دۇنيا ۋە تىجارەتنى ياخشى كۆرۈش ھەربىر ئىنساننىڭ تەبىئىتىدە بار. بۇ سۆكۈلىدىغان ياكى مەنئى قىلىنغان ئىش ئەمەس. ساھابىلەرنىڭ ئىچىدە تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشىلەر ۋە بايلار بار ئىدى.

تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتىنى، تۇرالغۇ-جايلىرىنى ياخشى كۆرۈش ئىنسان تەبىئىتىگە سىڭىپ كەتكەن بىر خىسلەت، تەبىئىي سۆيگۈدۇر. چۈنكى، ھەركىمنىڭ ۋەتىنى ئۇنىڭ ئۆز ئۆيى، كىندىك قېنى تۆكۈلگەن يېرىدۇر.

يۇقىرىقى سۆيگۈلەر بەزى مۇسۇلمانلارنى ئۇرۇشنى ياقتۇرمايدىغان قىلىپ قويغان. ﴿كُتِبَ عَلَيۡكُمُ ٱلۡقِتَالُ وَهُوَ كُرۡهٞ لَّكُمۡۖ﴾ يەنى ﴿(ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئىنسان تەبىئىتىنىڭ تەقەززاسى بىلەن) سىلەر ياقتۇر-

---

[1] بەقەرە سۈرىسى: 200-ئايەت.

[2] قەسەس سۈرىسى: 35-ئايەت.

مىساڭلارمۇ ئۇرۇش قىلىش سىلەرگە پەرز قىلىندى﴾[1]. ئىسلام دىنى تىنچلىق دىنى ۋە تىنچلىقنى تەشەببۇس قىلىدىغان دىندۇر. ئىشلارنى تىنچلىق يولى بىلەن ھەل قىلىش ئۈچۈن ھېچبىر چارە قالمىغاندا، ئاندىن جىھاد قىلىش قارار قىلىنىدۇ. چۈنكى، ئىسلام دىنى مەسىلىنى تىنچلىق يولى بىلەن ھەل قىلىشنى ئۇرۇش قىلىشتىن ئەلۋەتتە ئەۋزەل كۆرىدۇ، ئۇرۇشنى ئەڭ ئاخىرقى چارە سۈپىتىدە تاللايدۇ.

بۇ ئايەت مۇسۇلمانلارنى ئاللاھنى، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى ۋە ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشنى يەر يۈزىدىكى بارچە مەنپەئەتلەردىن ئەلا بىلىشكە تەشەببۇس قىلىدۇ.

مۇسۇلمان ئادەمنىڭ قەلبىدە ئاللاھ سۆيگۈسى بارچە سۆيگۈلەردىن ئالدىنقى ئورۇندا تۇرۇشى كېرەك. چۈنكى، ئاللاھ تائالا بىزنى يوقتىن بار قىلغان، رىزقىمىزنى ۋە ئۆمرىمىزنى بەلگىلىگەن، بىزنى پەرۋىش قىلىپ تۇرۇۋاتقان، پۈتۈن كائىناتقا ھايات ئاتا قىلغان، بىز ياخشى كۆرگەن ئاتا-ئانىلارنى، پەرزەنتلەرنى، مال-دۇنيانى، تىجارەتلەرنى، يۇرت-ماكانلارنى، تۇرالغۇ-جايلارنى پەيدا قىلغان ۋە ئۇلارنىڭ سۆيگۈسىنى قەلبىمىزگە سالغان زاتتۇر. شۇنىڭدەك ئاللاھ تائالا بارلىق مۇكەممەل سۈپەتلەرگە ئىگە، بارچە نۇقسان ۋە كەمچىلىكلەردىن ئەلۋەتتە پاك زاتتۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ياخشى كۆرۈش ئاللاھ تائالانى ياخشى كۆرۈشتىن كېيىنكى ۋە يۇقىرىدا بايان قىلىنغان سۆيگۈلەردىن ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ ئۈلگىسى، توغرا يولغا يېتەكلىگۈچىلەرنىڭ نەمۇنىسى، ئەدەپ-ئەخلاق، پەزىلەتتە ئىنسانلارنىڭ ئىپتىخارى، بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ تۇ-گەنچىسىدۇر. شۇڭا «قۇرئان كەرىم» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىشنى ئاللاھ تائالانى دوست تۇتقانلىقنىڭ ئىپادىسى قىلىپ بەلگىلىگەن. ﴿قُلۡ إِن كُنتُمۡ تُحِبُّونَ ٱللَّهَ فَٱتَّبِعُونِي يُحۡبِبۡكُمُ ٱللَّهُ وَيَغۡفِرۡ لَكُمۡ ذُنُوبَكُمۡۚ وَٱللَّهُ غَفُورٞ رَّحِيمٞ﴾ يەنى ﴿(ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «ئەگەر سىلەر ئاللاھنى ياخشى كۆرىدىغان بولساڭلار، ماڭا ئەگىشىڭلار. (ئەگەر شۇنداق قىلساڭلار) ئاللاھ سىلەرنى ياخشى كۆرىدۇ، گۇناھىڭلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ. ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾[2].

[1] بەقەرە سۈرىسى: 216-ئايەت.

[2] ئال ئىمران سۈرىسى: 31-ئايەت.

ئاللاھ يولىدا جىهاد قىلىشنىڭ بارلىق ئەمەللەردىن يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىدا شەك يوق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «لَغَدْوَةٌ - أَوْ رَوْحَةٌ - فِي سَبِيلِ اللهِ خَيْرٌ مِنَ الدُّنْيَا وَمَا فِيهَا» يەنى «بىر ئەتىگەن ياكى بىر ئاخشام بولسىمۇ، ئاللاھ يولىدا جىهادقا چىقىش دۇنيادىن ۋە دۇنيادىكى ھەممە ئىشتىن ياخشىدۇر»[1].

بۇنىڭغا ئاساسەن دېمەككى، ئاتا-ئانىنى، پەرزەنتلەرنى، ئاياللارنى ۋە مال-دۇنيانى ئاللاھ تائالادىن، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىدىن ۋە ئاللاھ يولىدا جىهاد قىلىشتىنمۇ ئارتۇق ياخشى كۆرگەن كىشىنىڭ ئىمانى تولۇقلانمايدۇ ۋە ئىمانىنىڭ ھالاۋىتىنى تېتىيالمايدۇ. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ثَلَاثٌ مَنْ كُنَّ فِيهِ وَجَدَ حَلَاوَةَ الإِيمَانِ: أَنْ يَكُونَ اللَّهُ وَرَسُولُهُ أَحَبَّ إِلَيْهِ مِمَّا سِوَاهُمَا ، وَأَنْ يُحِبَّ المَرْءَ لاَ يُحِبُّهُ إِلَّا لِلَّهِ ، وَأَنْ يَكْرَهَ أَنْ يَعُودَ فِي الكُفْرِ كَمَا يَكْرَهُ أَنْ يُقْذَفَ فِي النَّارِ» يەنى «مۇنۇ ئۈچ خىسلەتكە ئىگە بولغان ئادەم ئىمانىنىڭ ھالاۋىتىنى تېتىغان بولىدۇ. ئۇلار: ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى ھەممىدىن بەك ياخشى كۆرۈش، بىراۋنى ياخشى كۆرسە، ئۇنى پەقەت ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈنلا ياخشى كۆرۈش ۋە كۇفرىلىققا يېنىپ كېتىشنى ئوتقا تاشلانغاندىنمۇ بەك يامان كۆرۈشتۇر»[2].

ئۇرۇق-تۇغقان، مال-دۇنيا ۋە تىجارەت دېگەنلەرنى ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ سۆيگۈسىدىن يۇقىرى كۆرىدىغان ۋە ئاللاھ يولىدا جىهاد قىلىشنى ياقتۇرمايدىغانلار ئومۇمەن مۇناپىقلار تەبىقىسىدىكى كىشىلەر بولۇپ، ئۇز ۋاقتىدا ئۇلار مۇسۇلمانلارنى جىهادتىن بوشاشتۇرۇشنى، چىرايلىق سۆزلىرى ئارقىلىق ئۇلارنى مۇشرىكلار بىلەن ئۇرۇشۇشقا نارازىلىق بىلدۈرۈشكە كۈشكۈرتۈشنى مەقسەت قىلاتتى. ئاللاھ تائالا مۇناپىقلاردىن ئىبارەت دىنىنىڭ، ئەقلىنىڭ ۋە ھېكمەتنىنىڭ چەك-چېگراسىدىن چىقىپ كەتكەن مۇنداق پاسىق قەۋمنى ئەسلا توغرا يولغا يېتەكلىمەيدۇ.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. كاپىرلارنى دوست تۇتۇش، ئۇلارغا تەرەپدار بولۇش قەتئىي ھارامدۇر. بۇ مۇسۇلمان ئادەمگە ياراشمايدىغان قىلىق بولۇپ، ھەر قانچە يېقىن

[1] «مسند الإمام أحمد» 24-توم، 366-بەت، 15565 -ھەدىس.
[2] «صحيح البخاري» 2-توم، 12-بەت، 16 -ھەدىس.

تۇغقىنى، ھەتتا ئاتا-ئانىسى، قېرىنداشلىرى بولسىمۇ، كاپىرلارغا يۈرەكتىن بېرىلىشكە ۋە مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇلارنىڭ تەرىپىنى ئېلىشقا بولمايدۇ. مانا بۇ مۇسۇلماننىڭ مەيدانى.

2. ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى سۆيگىدىغان، «قۇرئان كەرىم»نى ياكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى يامان كۆرىدىغانلارنىڭ تەرىپىنى ئالغان ئادەمنىڭ ئىمانى قوبۇل ئەمەستۇر. چۈنكى، ئىمان ئاللاھنىڭ دوستلىرىنى (يەنى ئۇنىڭ دىنىنى سۆيىدىغان، ئەمرىگە ئىتائەت قىلىدىغان بەندىلىرىنى) سۆيۈش ۋە ئۇلارغا تەرەپدار بولۇش بىلەن تاكامۇللىشىدۇ.

3. ئاللاھ تائالانىڭ يولىدا جىھاد قىلىش بارچە ئەمەل-ئىبادەتلەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلىدۇر.

4. ئاللاھ تائالانىڭ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ياخشى كۆرگەنلىرىنى ياخشى كۆرۈش ۋە ئۇلار يامان كۆرگەنلەرنى يامان كۆرۈش ئىماننىڭ تەلىپىدۇر.

### ◄ نۇسرەت ئاللاھ تائالادىنلا كېلىدۇ

﴿لَقَدْ نَصَرَكُمُ ٱللَّهُ فِى مَوَاطِنَ كَثِيرَةٍ وَيَوْمَ حُنَيْنٍ إِذْ أَعْجَبَتْكُمْ كَثْرَتُكُمْ فَلَمْ تُغْنِ عَنكُمْ شَيْـًٔا وَضَاقَتْ عَلَيْكُمُ ٱلْأَرْضُ بِمَا رَحُبَتْ ثُمَّ وَلَّيْتُم مُّدْبِرِينَ ﴿٢٥﴾ ثُمَّ أَنزَلَ ٱللَّهُ سَكِينَتَهُۥ عَلَىٰ رَسُولِهِۦ وَعَلَى ٱلْمُؤْمِنِينَ وَأَنزَلَ جُنُودًا لَّمْ تَرَوْهَا وَعَذَّبَ ٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ ۚ وَذَٰلِكَ جَزَآءُ ٱلْكَٰفِرِينَ ﴿٢٦﴾ ثُمَّ يَتُوبُ ٱللَّهُ مِنۢ بَعْدِ ذَٰلِكَ عَلَىٰ مَن يَشَآءُ ۗ وَٱللَّهُ غَفُورٌ رَّحِيمٌ ﴿٢٧﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

25-شەكسىزكى، ئاللاھ سىلەرگە نۇرغۇن جەڭ مەيدانلىرىدا ياردەم بەردى. ھۆنەين (ئۇرۇشى بولغان) كۈنىدە سانىڭلارنىڭ كۆپلۈكى سىلەرنى مەغرۇرلاندۇرغان ئىدى، بۇ سىلەرگە قىلچە ئەسقاتمىدى. شۇنچە كەڭ زېمىن سىلەرگە تار تۇيۇلدى. ئاندىن ئارقاڭلارغا قاراپ قاچتىڭلار.

26-ئاندىن ئاللاھ پەيغەمبىرىگە ۋە مۇئمىنلەرگە خاتىرجەملىك بېغىشلىدى،

(پەرىشتىلەردىن ئىبارەت) سىلەر كۆرەلمىگەن قوشۇنلارنى چۈشۈردى ۋە كاپىرلارنى ئازابلىدى. كاپىرلارنىڭ جازاسى ئەنە شۇدۇر.

27. شۇنىڭدىن كېيىن، ئاللاھ يەنە خالىغان ئادەمنى تەۋبىگە مۇۋەپپەق قىلىدۇ. ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.

### بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ھەۋازىن قەبىلىسىگە مەككىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەرىپىدىن فەتھى (ئازاد) قىلىنغانلىق خەۋىرى يەتكەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ كاتتىبېشى مالىك ئىبنى ئەۋف ئادەملىرىنى مۇسۇلمانلارغا قارشى توپلايدۇ. سەقىف قەبىلىسىنىڭ كاتتىبېشى كىنانە ئىبنى ئۇبەيد دېگەن كىشىمۇ ئۇلارغا قېتىلىپ ئەۋتاس دېگەن جايغا ئورۇنلىشىدۇ (بۇ ھەۋازىن دىيارىدىكى بىر جىلغا بولۇپ، ھۇنەين ئۇرۇشى مۇشۇ جايدا بولغان). پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بۇ ئىككى قەبىلىنىڭ خەۋىرى يەتكەندىن كېيىن، ئۇلارغا قارشى جىھاد قىلىش ئۈچۈن تەييارلىق كۆرىدۇ. ئۇ ۋاقىتتا مۇسۇلمانلار قوشۇنىنىڭ سانى ئون ئىككى مىڭغا يېقىن بولۇپ، بۇلاردىن ئون مىڭى مەدىنىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن كەلگەن مۇھاجىر ۋە ئەنسارلار، قالغان ئىككى مىڭى مەككە فەتھى قىلىنغاندا قوشۇلغان يېڭى مۇسۇلمانلار ئىدى. مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنىڭ سانىنىڭ كۆپلۈكىنى كۆرگەندە، بەزىلەر بۇنىڭدىن مەغرۇرلىنىپ: «بىز ھەرگىز سانىمىزنىڭ ئازلىقىدىن مەغلۇپ بولمايمىز» دېگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۇرۇشنىڭ باشلىنىشىدىلا مەغلۇپ بولغان. ئۇلار مەغرۇرلىنىپ كەتكەنلىكتىن ئىبارەت بۇ كەمچىلىكى ئۈچۈن تەۋبە قىلىپ، ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلغاندىن كېيىن، غەلىبە يەنە ئۇلارغا مەنسۇپ بولغان.

### تەپسىرى

ئى ئىمان ئېيتقانلار! شۇنى ئېسىڭلاردىن چىقارماڭلاركى، ئاللاھ تائالا سىلەرگە نۇرغۇن جەڭ مەيدانلىرىدا ياردەم بەردى، گەرچە سىلەرنىڭ سانىڭلار ئاز، دۈشمەنلىرىڭلارنىڭ سانى كۆپ بولسىمۇ، غەلىبىنى يەنى لا سىلەرگە مەنسۇپ قىلدى. بەدرى غازىتىدىمۇ شۇنداق بولدى.﴿وَلَقَدْ نَصَرَكُمُ ٱللَّهُ بِبَدْرٍ وَأَنتُمْ أَذِلَّةٌ﴾ يەنى ﴿بەدرى غازىتىدا سىلەرنىڭ كۈچۈڭلار ئاجىز

بولسىمۇ، ئاللاھ سىلەرگە نۇسرەت ئاتا قىلدى﴾ [1]. چۈنكى، بەدرى غازىتى بولغان كۈندە، سىلەر ئاللاھ تالاغا تايانغان، ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىگە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇيرۇقىغا تولۇق ئىتائەت قىلغان ۋە قولۇڭلاردىن كەلگەن سەۋەبلەرنىڭ ھەممىسىنى قىلىپ، ئاندىن غەلىبە-نۇسرەتنىڭ ئاللاھ تائالادىن كېلىدىغانلىقىغا چىن قەلبىڭلاردىن ئىشەنگەنلىكىڭلار ئۈچۈن، گەرچە سىلەرنىڭ سانىڭلار دۈشمەنلىرىڭلارنىڭ سانىدىن ئاز بولسىمۇ، ئاللاھ تائالا سىلەرگە ياردەم بەرگەن ۋە غەلىبە ئاتا قىلغان ئىدى. ﴿كَم مِّن فِئَةٍ قَلِيلَةٍ غَلَبَتْ فِئَةً كَثِيرَةًۢ بِإِذْنِ ٱللَّهِۗ﴾ يەنى ﴿ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن قانچىلىغان ئاز جامائە كۆپ جامائە ئۈستىدىن غەلىبە قىلغان﴾[2]، ﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ إِن تَنصُرُواْ ٱللَّهَ يَنصُرْكُمْ وَيُثَبِّتْ أَقْدَامَكُمْ﴾ يەنى ﴿ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئەگەر سىلەر ئاللاھقا (يەنى ئۇنىڭ دىنىغا) ياردەم بەرسەڭلار، ئاللاھ سىلەرگە (دۈشمىنىڭلارغا قارشى) ياردەم بېرىدۇ، قەدەملىرىڭلارنى (جىھاد مەيدانىدا) مۇستەھكەم قىلىدۇ﴾[3].

ئەمما ھۇنەيىن ئۇرۇشى بولغان كۈندە، سىلەر ئۆزۈڭلارنىڭ كۆپلۈكىدىن مەغرۇرلىنىپ، «بىز ھەرگىز سانىمىزنىڭ ئازلىقىدىن مەغلۇپ بولمايمىز» دېيىشتىڭلار، رەببىڭلار سىلەرنى ئۆزۈڭلارغا تاشلاپ قويدى، ساننىڭلارنىڭ كۆپلۈكى سىلەرگە ئەسقاتمىدى، قورقۇنچتىن كەڭرى زېمىن سىلەرگە تار كەلدى. ئاندىن ئارقاڭلارغا بۇرۇلۇپ جىھاد مەيدانىدىن قاچتىڭلار. ئۇرۇشنىڭ دەسلىپىدىلا مەغلۇبىيەت سىلەرگە يۈزلەندى، ئاراڭلاردا نۇرغۇن كىشى غەلىبىدىن پۈتۈنلەي ئۈمىدسىزلەندى. ھېچكىمنىڭ ھېچكىمگە قارىغۇدەك ئەھۋالى قالمىدى. شۇنداقتىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇرۇش مەيدانىدا مۇستەھكەم تۇردى، ئۇنىڭ بىلەن ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر، ئەلىي، ئابباس، ئەبۇ سۇفيان ئىبنى ھارىس ۋە ئۇنىڭ ئوغلى جەئفەر، ئۇسامە ئىبنى زەيد، ئەيمەن ئىبنى ئۇبەيد، رەبىئە ئىبنى ھارىس ۋە فەزل ئىبنى ئابباس قاتارلىق ساھابىلەر بىرگە ئىدى.

ئەللامە تەبەريي بايان قىلىدۇكى، ھۇنەيىن ئۇرۇشى بولغان كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قېچىرىنىڭ ئۈستىدە مۇستەھكەم ئولتۇرۇپ كاپىرلار بىلەن ئۇرۇش قىلىۋاتاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئابباسقا: «دەرەخنىڭ ئاستىدا ماڭا بەيئەت قىلغانلارنى چاقىرغىن» دېدى.

---

[1] ئال ئىمران سۈرىسى: 123-ئايەت.

[2] بەقەرە سۈرىسى: 249-ئايەت.

[3] مۇھەممەد سۈرىسى: 7-ئايەت.

ئابباسنىڭ ئاۋازى يۇقىرى ئىدى. ئۇ: «دەرەخنىڭ ئاستىدا بەيئەت قىلغانلار قىنى؟» دەپ توۋلىغاندىن كېيىن، ساھابىلەر ھەر تەرەپتىن خۇددى قوزىلار ئانىسىنىڭ ئەتراپىغا توپلانغاندەك «بىز تەييارمىز!» دەپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەتراپىغا قايتا توپلاندى ۋە كاپىرلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا باشلىدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر سىقىم ئۇششاق تاشنى ئېلىپ كاپىرلارنىڭ يۈزىگە ئاتتى ۋە ئۇلارغا: «مۇھەممەدنىڭ رەببى بىلەن قەسەمكى، سىلەر چوقۇم مەغلۇپ بولىسىلەر!» دېدى. يەنە بىر رىۋايەتتە: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالادىن غەلىبە-نۇسرەت تەلەپ قىلىپ دۇئا قىلدى ۋە ‹مەن پەيغەمبەرمەن يالغان ئەمەس، مەن ئابدۇلمۇتتەلىبنىڭ ئوغلىمەن، ئى ئاللاھ! بىزگە ياردەم بەرگىن›» دەپ ئىلتىجا قىلدى[1].

بەرا ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شۇ چاغدىكى ئەھۋالنى بايان قىلىپ: «ئۇرۇش قىزىپ كەتكەن چاغدا، بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەتراپىغا توپلىنىۋېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن قوغدىناتتۇق»[2] دېگەن. ئاندىن ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋە مۇئمىنلەرگە ئارامچىلىق چۈشۈردى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدى. مۇئمىنلەرنىڭ قەلبىگە ئاراملىق، كۆڭلىگە خاتىرجەملىك چۈشۈردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئىرادىسى قايتىدىن كۈچلىنىپ مۇشرىكلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشقا ئاتلاندى. ئاللاھ تائالا پەرىشتىلەردىن ئىبارەت كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان قوشۇنلارنى چۈشۈردى، مۇئمىنلەرنىڭ روھى بىردىنلا كۆتۈرۈلدى، كەيپىياتى ئۈستۈن بولدى. دەل شۇ چاغدا كاپىرلارنىڭ دىلىغا قورقۇنچ ۋە بىئاراملىق پەيدا بولۇپ، ئۇلار بىردىنلا ئاجىزلىق كۆرسىتىشكە باشلىدى.

ئىمام نەۋەۋى «سەھىھ مۇسلىم شەرھى»دە پەرىشتىلەرنىڭ بەدرى غازىتىدىن باشقا غازاتلاردىمۇ مۇسۇلمانلار بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ ئۇرۇش قىلغانلىقىنى جەزملەشتۈرگەن بولۇپ، مۇنۇ ئايەتنى دەلىل كەلتۈرگەن: ﴿إِذْ يُوحِي رَبُّكَ إِلَى ٱلْمَلَٰٓئِكَةِ أَنِّي مَعَكُمْ فَثَبِّتُوا۟ ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ ۚ سَأُلْقِي فِي قُلُوبِ ٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ ٱلرُّعْبَ فَٱضْرِبُوا۟ فَوْقَ ٱلْأَعْنَاقِ وَٱضْرِبُوا۟ مِنْهُمْ كُلَّ بَنَانٍ﴾ يەنى ﴿ئۆز ۋاقتىدا رەببىڭ پەرىشتىلەرگە: «مەن سىلەر بىلەن بىللە. مۇئمىنلەرنى (جىھاد مەيداندا) مۇستەھكەم تۇرغۇزۇڭلار، مەن كاپىرلارنىڭ دىللىرىغا قورقۇنچ سالىمەن» دەپ ۋەھيى قىلغان ئىدى. (ئى مۇئمىنلەر!

[1] «تفسير الطبري» 14-توم، 183-بەت.
[2] «تفسير البغوي» 4-توم، 26-بەت.

كاپىرلارنىڭ) گەدەنلىرىگە قىلىچ ئۇرۇڭلار، ئۇلارنىڭ پۇت-قوللىرىنىڭ ھەممە بارماقلىرىنى چېپىپ تاشلاڭلار﴾[1].

ئۇھۇد غازىتىدا پەرىشتىلەرنىڭ جۈشكەنلىكى ھەققىدە ئىمام مۇسلىم سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان: «مەن ئۇھۇد غازىتى بولغان كۈندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوڭ ۋە سول تەرىپىدە ئاق كىيىملىك ئىككى كىشىنىڭ ئۇرۇشۇۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ئۇلارنى بۇنىڭدىن ئىلگىرىمۇ كۆرمىگەن، كېيىنمۇ ھېچ كۆرمىدىم»[2].

ئى ئىمان ئېيتقانلار! بۇ ئۇرۇشخۇمار كاپىرلار دەسلەپ ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىپ، ماھىر ئوقچىلىرى بىلەن ئۇرۇشتا غەلىبە قازانغاندىن كېيىن، ئاللاھ تائالا ئۇلارنى سىلەرنىڭ قىلىچلىرىڭلار بىلەن جازالىدى، سىلەر ئارقىلىق يوقاتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋالغانلىقى ۋە كۇفرىنى قوغداش يولىدا ئۇرۇش قىلغانلىقىنىڭ جازاسى ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلاردىن ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇپ قاچقانلاردىن خالىغان كىشىلەرنى تەۋبە قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلىپ، ئۇلارنى قايتىدىن ئىسلامغا ھىدايەت قىلدى، ئۇلارنىڭ قەلبىنى ئىسلامدا مۇستەھكەم قىلدى.

بۇ ئايەتلەر مۇئمىنلەرگە ئاللاھ تائالانىڭ نېمەتلىرىنى، غەلىبىنىڭ پەقەت ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كېلىدىغانلىقىنى ئەسلىتىدۇ. مۇشۇنداق قىيىن پەيتلەردە ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەرنى ۋە مۇئمىنلەرنى تاشلىۋەتمىگەنلىكىنىڭ ۋە ئۇلارنى مەنىۋى كۈچ بىلەن كۈچلەندۈرگەنلىكىنىڭ ئەلۋەتتە ماددىي كۈچ-قۇۋۋەتتىن مۇھىم ئىكەنلىكىنى ۋە غەلىبىگە ئېلىپ بارىدىغان بىرىنچى ئامىل ئىكەنلىكىنى ئەسلىتىدۇ.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئۆزىنىڭ ئاز-تولا ئارتۇقچىلىقىغا ۋە بەزى ئالاھىدىلىكلىرىگە ئىشىنىپ مەغرۇرلىنىش ياكى ئۆزىنى قالتىس چاغلاش ئېزىپ كېتىشنىڭ مۇقەددىمىسىدۇر. مۇسۇلمان ئادەم غەلىبە قازانسا، ئۇنى ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمى بىلەن بولدى، دەپ سۆيۈنىدۇ ۋە ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلىدۇ، زىيان تارتسا، ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىر قىلغىنى بولدى، دەپ سەۋر قىلىدۇ.

[1] ئەنفال سۈرىسى: 12- ئايەت.
[2] «صحيح مسلم» 4-توم، 1802-بەت، 2306-ھەدىس.

ئۆزىنى مۇشۇنداق تەڭپۇڭلۇقتا تۇتالىغان ئادەم ئىمانىنى ۋە دىنىنى خەۋپ-خەتەرلەردىن ئامان قىلىپ ساقلىيالايدۇ.

2. ئاللاھ تائالا مۇئمىن بەندىلىرىنىڭ دەرىجىسىنى بىر-بىرىدىن پەرقلىق قىلىپ بىر قانچە دەرىجە كۆتۈرىدۇ. بۇ مۇئمىنلەرنىڭ ئىمان ۋە ئىخلاسىنىڭ دەرىجىسىگە قاراپ بولىدۇ.

3. ئاللاھ تائالانىڭ يولىدا جىھاد قىلىش كۆپلىگەن ئېسىل غايىلەر ۋە ياخشى مەقسەتلەر بىلەن بۇيرۇلغان بولۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىززىتى، سەلتەنىتى، كۈچ-قۇۋۋىتى ياۋۇز دۈشمەنگە قارشى جىھاد قىلىش ئارقىلىقلا قولغا كېلىدۇ. ئاللاھ يولىدا توغرا يوسۇندا جىھاد قىلغانلار چوقۇم غەلىبە قىلىدۇ.

### ◄ مۇشرىكلارنى مەسجىدى ھەرەمگە كىرىشتىن توسۇش توغرىسىدا

﴿يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ إِنَّمَا ٱلْمُشْرِكُونَ نَجَسٌ فَلَا يَقْرَبُواْ ٱلْمَسْجِدَ ٱلْحَرَامَ بَعْدَ عَامِهِمْ هَـٰذَا ۚ وَإِنْ خِفْتُمْ عَيْلَةً فَسَوْفَ يُغْنِيكُمُ ٱللَّهُ مِن فَضْلِهِۦٓ إِن شَآءَ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ عَلِيمٌ حَكِيمٌ ﴿٢٨﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

28-ئى ئىمان ئېيتقانلار! مۇشرىكلار پەقەتلا نىجىستۇر. شۇڭا مۇشۇ يىلدىن (يەنى ھىجرىيەنىڭ 9-يىلىدىن) كېيىن ئۇلار مەسجىدى ھەرەمگە يېقىنلاشمىسۇن. ئەگەر سىلەر(مۇشرىكلار بىلەن قىلىدىغان تىجارەتنىڭلار توختاپ قېلىپ) يېقىر بولۇپ قېلىشتىن ئەنسىرىسەڭلار، ئاللاھ خالىسا، سىلەرنى ئۆزاققا قالماي ئۆز پەزلى بىلەن باي قىلىدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

### ◄ تەپسىرى

ئى ئىمان ئېيتقانلار! شۇنى ياخشى بىلىڭلاركى، مۇشرىكلار مەنىۋى جەھەتتىن پەقەتلا نىجىس مەخلۇقلاردۇر. چۈنكى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يېگانە ئىگىسى بولغان ئاللاھ تائالاغا مەخلۇقاتلىرىنى شېرىك قىلىۋالىدۇ، ئاللاھ تائالانى قويۇپ، بۇتلاردىن ۋە ھەيكەللەردىن ئىبارەت ئۆز قوللىرى بىلەن ياسىۋالغان نەرسىلەرگە چوقۇنىدۇ، ئۆزى ئۆلۈپ قالغان

چارۋىلارنىڭ گۆشىنى ھالال ساناپ يەيدۇ. ئى ئىمان ئېيتقانلار! مۇشۇ يىلدىن يەنى مۇشۇ ئايەت نازىل بولغان ھىجرىيىنىڭ 9-يىلىدىن كېيىن، مۇشرىكلارنى مەسجىدى ھەرەمگە يېقىنلاشقىلى قويماڭلار، ئۇلار مەسجىدى ھەرەمگە كىرمىسۇن. چۈنكى، ئۇلار مەسجىدى ھەرەمگە كىرىشكە سالاھىيەتلىك ئەمەس. ئۇلارنىڭ ئەقىدىسى باتىل، ئەخلاقى بۇزۇقتۇر.

﴿مۇشرىكلار پەقەتلا نىجىستۇر﴾ دېگەن ئايەتتە ئۇلارنىڭ جىسمانىي جەھەتتىكى پاسكىنىلىقى كۆزدە تۇتۇلغانمۇ ياكى مەنىۋى جەھەتتىكى نىجىسلىقىمۇ؟

مۇپەسسىرلەر بۇ توغرىدا ئىككى خىل قاراشتا بولغان بولۇپ، ئەڭ كۈچلۈك قاراش مۇشرىكلارنى مەنىۋى جەھەتتىن نىجىس دېيىشتۇر. دېمەك، مۇشرىكلار مەنىۋى جەھەتتىن نىجىستۇر (يەنى پاسكىنىدۇر). ﴿مۇشرىكلار پەقەتلا نىجىستۇر﴾ دېگەن ئايەتتىن فەقىھلەرنىڭ نەزىرىدىكى جىسمانىي جەھەتتىكى پاسكىنىلىق كۆزدە تۇتۇلمايدۇ. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىش-ئىزلىرى خاتىرىلەنگەن «سىيرەت» كىتابلىرىغا قارايدىغان بولساقمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسا-لامنىڭ ئۇلارغا جىسمانىي جەھەتتىن پاسكىنا دېگەن ئاساستا مۇئامىلە قىلمىغانلىقىنى كۆرىمىز. مۇسۇلمانلارمۇ ئۇلار بىلەن بىرگە ياشايتتى، بىرگە ئولتۇرۇپ-قوپاتتى. شۇ ئېنىقكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇشرىكلارنىڭ بەدىنى تەگكەن ھېچبىر نەرسىنى يۇيۇشقا بۇيرۇمىغان. ئەگەر مۇشرىكلار جىسمانىي جەھەتتىن پاسكىنا بولىدىغان بولسا ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ بەدىنى تېگىپ قالغان نەرسىنى، ئۇلار تۇتقان نەرسىنى يۇيۇپ پاكىزلاشقا بۇيرۇغان بولاتتى.

مۇشرىكلارنى مەسجىدى ھەرەمگە كىرگۈزمەسلىك توغرۇلۇق ھۆكۈم ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، بەزى مۇسۇلمانلار: «ئەگەر بىز مۇشرىكلار بىلەن تىجارىتىمىزنى توختاتساق، بىزگە يېمەكلىك قەيەردىن كېلىدۇ؟» دەپ ئەنسىرىگەندە، ئۇلارغا مۇنداق جاۋاب بېرىلگەن: ئى مۇسۇلمانلار! ئەگەر سىلەر شەيتاننىڭ ئارقىسىغا كىرىپ، رىزىقنىڭ ئاللاھ تائالادىن كېلىدىغانلىقىغا شەك قىلىدىغانلار ئۆزىنىڭ رىزقىدىن ئەنسىرەپ قالغاندەك، مۇشرىكلارنى مەسجىدى ھەرەمگە كىرىشتىن چەكلەپ قويۇش سەۋەبلىك ئۇلار بىلەن قىلىدىغان تىجارىتىڭلار توختاپ قېلىپ، پېقىرچىلىققا ۋە نامراتلىققا ئۇچراپ قېلىشتىن ئەنسىرىسەڭلار، شۇنى بىلىڭلاركى، ئاللاھ تائالا سىلەرنى ئۆزىنىڭ پەزل-مەرھەمىتى بىلەن

يېقىندا باي قىلىدۇ ۋە سىلەرنى ئۇلار بىلەن قىلىدىغان تىجارەتكە موھتاج بولمايدىغان قىلىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالانىڭ پەزل-مەرھەمىتى كەڭدۇر، ئۇنىڭ ساخاۋەتلىك قولى دائىم ئوچۇقتۇر. ئۇ ھەر نەرسىگە قادىردۇر. ئاللاھ تائالا بارلىق مەخلۇقاتنىڭ ئەھۋالىنى تولۇق بىلگۈچىدۇر ۋە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. كاپىرلار مەنىۋى جەھەتتىن نىجىستۇر. چۈنكى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ياراتقۇچىسىنى تونۇماسلىق ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ تۇغۇلۇشتىكى تەبىئىي ھالىتىنى ئۆزگەرتىپ ئۆزىنى بۇلغىغان ئادەملەردۇر.

2. كاپىرلاردىن كېلىدىغان ماددىي مەنپەئەتنى كۆزلەپ ئۇلارنىڭ كۇفرىلىقىدىن كېلىدىغان زىيان-زەخمەتلەرگە كۆز يۇمۇشقا بولمايدۇ. ھەركىمنىڭ رىزقىنى ئاللاھ تائالا ئۆزى بېرىدۇ.

### ◄ ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى يەھۇدىي ۋە خرىستىيانلار ھەققىدە

﴿قَٰتِلُواْ ٱلَّذِينَ لَا يُؤۡمِنُونَ بِٱللَّهِ وَلَا بِٱلۡيَوۡمِ ٱلۡأٓخِرِ وَلَا يُحَرِّمُونَ مَا حَرَّمَ ٱللَّهُ وَرَسُولُهُۥ وَلَا يَدِينُونَ دِينَ ٱلۡحَقِّ مِنَ ٱلَّذِينَ أُوتُواْ ٱلۡكِتَٰبَ حَتَّىٰ يُعۡطُواْ ٱلۡجِزۡيَةَ عَن يَدٖ وَهُمۡ صَٰغِرُونَ ٢٩﴾

### ◄ تەرجىمىسى

29-سىلەر ئەھلى كىتابتىن ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنمەيدىغانلار، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ھارام قىلغان نەرسىلەرنى ھارام دەپ بىلمەيدىغانلار ۋە ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغانلار بىلەن، تاكى ئۇلار سىلەرگە بويسۇنۇپ ياۋاشلىق بىلەن كىچىكتۇرمەي جىزيە تۆلىگەنگە قەدەر ئۇرۇش قىلىڭلار.

### ◄ بۇ ئايەتنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ئالدىنقى ئايەتلەردە ئەرەب يېرىم ئارىلىدا كۆپ سانلىقنى تەشكىل قىلىدىغان مۇشرىكلارغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان بەزى ئۇرۇشلار بايان قىلىنغان بولۇپ، بۇ ئايەت ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى يەھۇدىي ۋە خرىستىيانلاردىن ئىبارەت ئەھلى كىتاب ياۋاشلىق بىلەن جىزيە

تۆلىگەنگە قەدەر ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىش كېرەكلىكىنى بايان قىلىدۇ. ھەقىقەتەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەرەب يېرىم ئارىلىدا مۇشرىكلار ئىسلامنى قوبۇل قىلغانغا قەدەر، ئەھلى كىتاب جىزيە تۆلىگەنگە قەدەر ئۇرۇش قىلىشقا بۇيرۇلغان.

## ◄ تەپسىرى

ئى مۇسۇلمانلار! يەھۇدىيلاردىن ۋە خىرىستىيانلاردىن ئاللاھ تائالاغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتمايدىغان، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى چەكلىگەن ئىشلاردىن چەكلەنمەيدىغان، ئىسلام قانۇنىغا بويسۇنمايدىغان كاپىرلار بىلەن ئۇلار سىلەرگە بويسۇنۇپ ياۋاشلىق بىلەن جىزيە تۆلەيدىغان ھالغا كەلگەنگە قەدەر ئۇرۇشۇڭلار.

مەدىنىدىكى يەھۇدىيلار مەككىدىكى مۇشرىكلارنى مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇش ئېچىشقا كۈشكۈرتكەندەك، رىمدىكى خىرىستىيانلار چېگرا رايوندىكى ئەرەبلەرنى مۇسۇلمانلارغا قارشى كۈشكۈرتۈپ تەبۇك ئۇرۇشىنى چىقارغاندەك، ئۇلار ئىسلام دۈشمەنلىرىنى ئىسلام دۆلىتىگە قارشى كۈشكۈرتۈشكە ھەر زامان تەيياردۇر. (كېيىنكىسىنىڭ تەپسىلاتى تەبۇك ئۇرۇشىنىڭ ۋەقەلىكىدە تەپسىلىي بايان قىلىنىدۇ). مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇرۇش قىلىشىغا تېگىشلىك بولغانلارنىڭ تەپسىلىي سۈپەتلىرى تۆۋەندىكىچە:

1. ئۇلار ئاللاھ تائالاغا ئىشەنمەيدۇ. ھەقىقەتەن «قۇرئان كەرىم» يەھۇدىيلار بىلەن خىرىستىيانلاردىن ئىبارەت ئەھلى كىتابنىڭ ئەسلىدىكى ھەق دىنىدىن ئاللىبۇرۇن بۇرۇلۇپ كەتكەنلىكىگە گۇۋاھتۇر. چۈنكى، ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكىگە ئىشەنمەيدۇ، يەھۇدىيلار ئۇزەيرنى، خىرىستىيانلار ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى «ئاللاھنىڭ ئوغلى» دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ، ئۇلار ئاللاھ تائالانى قويۇپ ئۆزلىرىنىڭ ئۆلىمالىرىنى، راھىبلىرىنى ئىلاھ ئورنىدا قويۇۋالغان. ئۇلارنىڭ ئۆلىمالىرى ئۆز خاھىشى بويىچە ھالالنى ھارام، ھارامنى ھالال قىلىدۇ. (مائىدە سۈرىسىدە خىرىستىيانلار-نىڭ ئىيسا ئەلەيھىسسالام توغرىسىدىكى ئەقىدىسىنى بايان قىلغان ئىدۇق).

2. ئۇلار ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنمەيدۇ. ئۇلار: ئاخىرەت ھاياتى پەقەتلا مەنىۋى ھايات بولۇپ، ئۇ خۇددى ئۇخلىغان كىشىنىڭ چۈش كۆرگىنىگە ئوخشاشلا بىر ئىشتۇر، دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ. ئۇلار بىز مۇسۇلمانلار ئېتىقاد قىلغاندەك، ئاخىرەت ھاياتىدا نېمەتنىڭ ۋە ئازابنىڭ روھقا ۋە بەدەنگە

بولىدىغانلىقىغا ئىشەنمەيدۇ.

3. ئۇلار ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى هارام قىلغان نەرسىلەرنى هالال سانايدۇ. يەھۇدىيلار مۇسا ئەلەيهىسسالامنىڭ، خرىستىيانلار ئىيسا ئەلەيهىسسالامنىڭ هارام دېگەنلىرىنى قوبۇل قىلمايدۇ، ئۇلار ئۆز پەيغەمبەرلىرىنىڭ تەلىماتلىرىغا قۇلاق سالمايدۇ. «قۇرئان كەرىم» ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَبِمَا نَقْضِهِم مِّيثَاقَهُمْ وَكُفْرِهِم بِآيَاتِ اللَّهِ وَقَتْلِهِمُ الْأَنبِيَاءَ بِغَيْرِ حَقٍّ وَقَوْلِهِمْ قُلُوبُنَا غُلْفٌ﴾ يەنى ﴿ئۇلار ئەھدىنى بۇزغانلىقى، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغانلىقى، پەيغەمبەرلەرنى ناھەق ئۆلتۈرگەنلىكى ۋە (سۆزۈڭنى چۈشىنىشتىن) دىللىرىمىز پەردىلەنگەن دېگەنلىكى ئۈچۈن (ئۇلارغا لەنەت قىلدۇق)﴾[1]. هارام قىلغان جازانىمۇ ئۇلارنىڭ كىتابىدا هارام قىلىنغان ئەمەسمۇ؟ ﴿أَفَتُؤْمِنُونَ بِبَعْضِ الْكِتَابِ وَتَكْفُرُونَ بِبَعْضٍ﴾ يەنى ﴿سىلەر كىتابنىڭ بىر قىسمىغا ئىشىنىپ، يەنە بىر قىسمىنى ئىنكار قىلامسىلەر؟﴾[2]

4. ئۇلار ئىسلام دىنىنىڭ هەق دىن ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ ئۇنى ئېتىراپ قىلمايدۇ ۋە كىشىلەرنى ئۇنىڭدىن توسۇشقا ئۇرۇنىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ نەپسى خاهىشى بويىچە «ئىنجىل» بىلەن «تەۋرات»نىڭ هۆكۈملىرىنى خالىغانچە ئۆزگەرتىپ، بۇرمىلاپ كەلمەكتە.

ئى ئىمان ئېيتقانلار! يۇقىرىدا سۈپەتلىرى بايان قىلىنغان كاپىرلار سىلەرگە بويسۇنۇپ، ياۋاشلىق بىلەن جىزيە تاپشۇرغانغا قەدەر، ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىڭلار، يەنى ئۇلاردىن ئۇرۇشقا سەۋەب بولىدىغان ئەھدىنى بۇزۇش ياكى سىلەرگە دۈشمەنلىك قىلىش ياكى سىلەرنىڭ دۈشمەنلىرىڭلارغا ياردەم بېرىش ۋەياكى خۇددى شام دىيارىدىكى خرىستىيانلار ئىسلام دۆلىتىگە قارشى چىققاندەك ئەھۋاللار كۆرۈلسە، ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىڭلار. ئۇلارنىڭ جىزيە تۆلىشى سىلەرگە بويسۇنغانلىقىنىڭ ۋە ئۆزلىرىنىڭ سىلەرنىڭ هىمايەڭلار ئاستىدا تىنچ، ئامان ياشىشى ئۈچۈن هىمايەڭلارغا كىرگەنلىكىنىڭ دەلىلىدۇر. چۈنكى، ئۇلار جىزيە تۆلەش ئارقىلىق سىلەر بىلەن ئارىلىشىپ ياشاپ، ئىسلامنىڭ ئادالىتىنى ۋە ئەۋزەللىكىنى كۆرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئەگەر مۇسۇلمان

---

[1] نىسا سۈرىسى: 155-ئايەت.

[2] بەقەرە سۈرىسى: 85-ئايەت.

بولسا، دىنىي جەھەتتىن سىلەر بىلەن قېرىنداش بولىدۇ، سىلەر ئۇ چاغدا ئۇلار بىلەن بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇپ قالىسىلەر. ئەگەر ئۇلار مۇسۇلمان بولمىسا، ئۇلاردىن جىزىيە ئېلىش بەدىلىگە ئۇلارنى قوغدايسىلەر، ئۇلارنىڭ جېنى، مال-مۈلۈكى، نومۇسى ۋە ھەر نەرسىسى سىلەر تەرەپتىن كاپالەتكە ئىگە قىلىنغان بولىدۇ. سىلەر ئۇلارغا بېسىم قىلماستىن ياكى زۇلۇم قىلماستىن ياخشى مۇئامىلە قىلىڭلار. بۇلار «زىممىي» دەپ ئاتىلىدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئىسلام دىيارىدا باراۋەرلىك ۋە ئادالەتلىك مۇئامىلە كۆرۈشتىن ئىبارەت ھەق-ھوقۇقى ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى تەرىپىدىن بەلگىلىنىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ زىممىسىگە تاپشۇرۇلغان. شۇڭا ئۇلارغا مۇئامىلە قىلىشتا ئادالەتلىك ۋە ھەققانىي بولۇش پەرزدۇر. ئەمما سىلەر بىلەن كېلىشىم تۈزۈشكەن كىشىلەر «مۇئاھىد» دەپ ئاتىلىدۇ. چۈنكى، بۇ كىشىلەر ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن ئېتىبارلىق بىر كېلىشىمنىڭ بىر تەرىپىنى تەشكىل قىلىدىغان كىشىلەردۇر. فىقھى كىتابلىرىدا جىزىيە تۆلەيدىغانلار ۋە كېلىشىم تۈزۈشكەنلەر توغرىسىدىكى ھۆكۈملەر تەپسىلىي بايان قىلىنغان.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئۇرۇش ئاچقان كاپىرلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىش پەرزدۇر. ئەمما مۇسۇلمانلارنىڭ دىيارىدا ياشاپ تۇرۇپ، مۇسۇلمانلار بىلەن ئۇرۇشمىغان ياكى ئۇلارغا دۈشمەنلىك قىلمىغان كاپىرلارنىڭ ھەق-ھوقۇقىنى قوغداش مۇسۇلمانلارنىڭ ئۈستىگە پەرزدۇر.

2. ئاللاھ تائالا ھارام قىلغان نەرسىلەرنى ھالال ساناپ، ئۇلارنى ھالال ئورنىدا قوللىنىش كۇفرىلىقتۇر.

3. مۇسۇلمانلارنىڭ دىيارىدا ياشايدىغان ئەھلى كىتابنىڭ ئامانلىقىنى ۋە ھەق-ھوقۇقىنى قوغداش بەدىلىگە ئۇلاردىن مەلۇم مىقداردا جىزىيە ئېلىش ھالالدۇر.

### ◄ ئەھلى كىتاب ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلمايدۇ

﴿وَقَالَتِ ٱلْيَهُودُ عُزَيْرٌ ٱبْنُ ٱللَّهِ وَقَالَتِ ٱلنَّصَٰرَى ٱلْمَسِيحُ ٱبْنُ
ٱللَّهِۖ ذَٰلِكَ قَوْلُهُم بِأَفْوَٰهِهِمْۖ يُضَٰهِـُٔونَ قَوْلَ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ مِن قَبْلُۚ
قَٰتَلَهُمُ ٱللَّهُۖ أَنَّىٰ يُؤْفَكُونَ ﴿٣٠﴾ ٱتَّخَذُوٓاْ أَحْبَارَهُمْ وَرُهْبَٰنَهُمْ أَرْبَابًا مِّن

دُونِ ٱللَّهِ وَٱلْمَسِيحَ ٱبْنَ مَرْيَمَ وَمَآ أُمِرُوٓا۟ إِلَّا لِيَعْبُدُوٓا۟ إِلَٰهًا وَٰحِدًا ۖ
لَّآ إِلَٰهَ إِلَّا هُوَ ۚ سُبْحَٰنَهُۥ عَمَّا يُشْرِكُونَ ﴿٣١﴾ يُرِيدُونَ أَن يُطْفِـُٔوا۟ نُورَ
ٱللَّهِ بِأَفْوَٰهِهِمْ وَيَأْبَى ٱللَّهُ إِلَّآ أَن يُتِمَّ نُورَهُۥ وَلَوْ كَرِهَ ٱلْكَٰفِرُونَ ﴿٣٢﴾
هُوَ ٱلَّذِىٓ أَرْسَلَ رَسُولَهُۥ بِٱلْهُدَىٰ وَدِينِ ٱلْحَقِّ لِيُظْهِرَهُۥ عَلَى ٱلدِّينِ
كُلِّهِۦ وَلَوْ كَرِهَ ٱلْمُشْرِكُونَ ﴿٣٣﴾

### ◄ تەرجىمىسى

30. يەھۇدىيلار: «ئۇزەير ئاللاھنىڭ ئوغلىدۇر» دېدى، خرىستىيانلار: «مەسىھ ئاللاھنىڭ ئوغلىدۇر» دېدى، بۇ ئۇلارنىڭ ئاغزىدىكى (دەلىلسىز) سۆزىدۇر. ئۇلار(نىڭ سۆزلىرى) ئىلگىرىكى كاپىرلارنىڭ (كۇفرى) سۆزلىرىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. ئاللاھ ئۇلارغا لەنەت قىلسۇنكى، ئۇلار قانداقمۇ (ھەقىقەتتىن) بۇرۇلۇپ كېتىدۇ؟

31. (يەھۇدىيلار) ئاللاھنى قويۇپ ئۆزلىرىنىڭ ئۆلىمالىرىنى، (خرىستىيانلار) ئۆزلىرىنىڭ راھىبلىرىنى ۋە مەريەم ئوغلى مەسىھنى ئىلاھ قىلىۋالدى. (ھالبۇكى) ئۇلار پەقەت بىرلا ئىلاھ (بولغان ئاللاھ) قا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلغان ئىدى. ئاللاھتىن باشقا (ھەقىقي) ئىلاھ يوقتۇر، ئاللاھ ئۇلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن پاكتۇر.

32. ئۇلار ئاللاھنىڭ نۇرىنى (يەنى ئۇنىڭ دىنىنى) ئېغىزلىرى بىلەن ئۆچۈرمەكچى بولىدۇ. (ھالبۇكى) كاپىرلار يامان كۆرگەن تەقدىردىمۇ، ئاللاھ ئۆزىنىڭ نۇرىنى تاماملىماي قالمايدۇ.

33. مۇشرىكلار يامان كۆرگەن تەقدىردىمۇ، ئاللاھ ھەق دىنىنى بارلىق دىنلاردىن ئۈستۈن قىلىش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام)نى ھىدايەت ۋە ھەق دىن بىلەن ئەۋەتكەن زاتتۇر.

### ◄ بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

بۇ يۇقىرىدا ئۆتكەن بايانلارنى تەكىتلەش ۋە ئەھلى كىتابنىڭ ئىمان ئېيتمايدىغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم مۇسۇلمانلارغا ئۇقتۇرۇپ قويۇش

ئۇچۇن كەلگەن تولۇقلىما بايانىدۇر.

يەھۇدىيلار ۋە خرىستىيانلارنىڭ مەنبەلىرىدە بايان قىلىنىشىچە: ئۇزەير ئۇلارنىڭ قولىدىكى ھازىرقى «تەۋرات»نى يېزىپ چىققان ئادەم بولۇپ، يەھۇدىيلار ئۇنى ئۇلۇغلايدۇ ۋە ئۇنى «مۇقەددەس شەخس» دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ، ھەتتا ئۇلارنىڭ بەزىسى ئۇنى «ئاللاھنىڭ ئوغلىدۇر» دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ. خرىستىيانلار ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئۇلۇغلايدۇ ۋە ئۇنى «ئاللاھنىڭ ئوغلى» دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ. ئۇلىمالار بۇ ئېتىقادنىڭ ھىندىيلارنىڭ پەلسەپىسىدىن كەلگەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

### تەپسىرى

ئاللاھ تائالا ئەھلى كىتابنىڭ كاپىرلىقىنى بايان قىلىپ دەيدۇكى، يەھۇدىيلارنىڭ بەزىسى ئۇزەيرنى ئاللاھنىڭ ئوغلىدۇر، دەپ ئېتىقاد قىلسا، خرىستىيانلار ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئاللاھنىڭ ئوغلىدۇر، دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ ھېچقانداق ساماۋى كىتابقا ۋە ھېچقانداق دەلىل-ئىسپاتقا ئاساسلانمىغان يالغان سۆزلىرى ۋە ئۆزلىرى ئويدۇرۇپ چىققان توقۇلمىلىرىدۇر. بۇ ئاللاھ تائالانىڭ نامىدىن توقۇلغان ئوپئوچۇق توقۇلما ۋە ئاشكارا يالغانچىلىقتۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالانىڭ بالىسى يوقتۇر. پۈتكۈل پەيغەمبەرلەر ئۆزلىرىنىڭ ئۈممەتلىرىگە ئاللاھ تائالانىڭ ھېچقانداق شېرىكى ياكى بالىسى ۋەياكى ياردەمچىسى يوقلۇقىنى قايتا-قايتا تەكىتلىگەن.

مۇپەسسىرلەر ﴿يُضَٰهِـُٔونَ قَوْلَ ٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ مِن قَبْلُ﴾ يەنى ﴿ئۇلار(نىڭ سۆزلىرى) ئىلگىرىكى كاپىرلارنىڭ (كۇفرى) سۆزلىرىگە ئوخشاپ كېتىدۇ﴾ دېگەن ئايەتتىكى ﴿(كۇفرى) سۆزلىرى﴾نىڭ قايسى سۆزلەر ئىكەنلىكى توغرىسىدا ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، تەپسىرى قۇرتۇبىيدا مۇنداق دېيىلگەن: «ئۆلىمالار ئىلگىرىكى كاپىرلارنىڭ كۇفرى سۆزلىرىنى مۇنداق ئۈچ خىل ئىزاھلىغان: بىرىنچىسى، مۇشرىكلارنىڭ لات، ئۇززا ۋە مانات ناملىق بۇتلارنى ئاللاھ دەۋالغانلىقى، ئىككىنچىسى، يەنە بەزى مۇشرىكلارنىڭ پەرىشتىلەرنى ئاللاھنىڭ قىزلىرى دەۋالغانلىقى، ئۈچىنچىسى، كاپىرلارنىڭ ئۆز ئەجدادلىرىنىڭ كۇفرى سۆزلىرىنى تەقلىد قىلغانلىقى قاتارلىقلاردۇر»[1].

ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئەھلى كىتابتىن بولغان كاپىرلارنىڭ «ئاللاھنىڭ

---

[1] «تفسير القرطبي» 8-توم، 118-بەت.

بالىسى بار» دېگەن سۆزى ۋە مۇشرىكلارنىڭ «پەرىشتىلەر ئاللاھنىڭ قىزلىرىدۇر» دېگەن سۆزى ھېچقانداق ساماۋى كىتابتىن ئاساسى بولمىغان يالغان سۆز بولۇپ، بۇ ئۇلارنىڭ ئاغزىدىكىلا سۆزىدۇر. ئۇلارنىڭ كۇفرى سۆزلىرى ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆتكەن كاپىر قەۋملەرنىڭ ھەرخىل كۇفرى سۆزلىرىگە ئوخشاپ كېتىدۇ.

بەزى مۇپەسسىرلەر يۇقىرىقى ئايەت توغرۇلۇق مۇنداق دېگەن: «ھازىرقى يەھۇدىيلارنىڭ ئەجدادلىرى بۇرۇن ئۇزەيرنى چىن مەنىدە ئەمەس، پەقەتلا ھۆرمەتلەش يۈزىسىدىنلا ‹ئاللاھنىڭ ئوغلى› دېگەن، بۇرۇنقى خرىستىيانلارمۇ ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئۇلۇغلاش يۈزىسىدىن ‹ئاللاھنىڭ ئوغلى› دېگەن بولۇپ، كېيىنچە يەھۇدىي ۋە خرىستىيانلارنىڭ ئېتىقادىغا بۇتپەرەسلەرنىڭ پەلسەپىسى كىرىپ بۇزۇلغاندىن كېيىن، يەھۇدىيلار ئۇزەيرنى راستتىنلا ئاللاھنىڭ ئوغلى دەيدىغان، خرىستىيانلارمۇ ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى راستتىنلا ئاللاھنىڭ ئوغلى دەيدىغان بولۇۋالغان». خرىستىيانلارنىڭ بەزى پىرقىلىرى ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئاللاھنىڭ ئوغلى دېمەيدۇ، ئۇنى پەيغەمبەر دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ. ئەمما كۆپ سانلىق خرىستىيانلار مۇنداق ئېتىقاد قىلغانلارنى خرىستىيان ئەمەس دەپ قارايدۇ (مائىدە سۈرىسىدە بۇ ماۋزۇدا بەزى تەپسىلىي بايانلار ئۆتتى).

ھەقىقەت شۇكى، كاپىرلارنىڭ مەزكۇر ئېتىقادى ھېچقانداق دەلىل-ئىسپاتقا ئاساسلانمىغان بولۇپ، پەقەتلا ئويئوچۇق يالغان، تۆھمەت ۋە توقۇلمىلاردىن ئىبارەتتۇر. ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئاللاھ تائالانىڭ لەنىتى بولسۇن!

ئۇلارغا ئاللاھ تائالانىڭ لەنىتى بولسۇنكى، ئۇلار ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىشتىن باش تارتىپ باتىلغا قانداق بۇرۇلۇپ كەتتى؟ ھەقىقەتلەرنى قانداق بۇرمىلىدى؟ ئاللاھ تائالانىڭ بالىسى يوقلۇقى ناھايىتى ئېنىق تۇرسا، ئۇ كاپىرلار قانداقمۇ ئاللاھ نامىدىن بۇنداق يالغان سۆزلەرنى توقۇدى؟ ﴿مَّا ٱلۡمَسِيحُ ٱبۡنُ مَرۡيَمَ إِلَّا رَسُولٞ قَدۡ خَلَتۡ مِن قَبۡلِهِ ٱلرُّسُلُ وَأُمُّهُۥ صِدِّيقَةٞۖ كَانَا يَأۡكُلَانِ ٱلطَّعَامَۗ ٱنظُرۡ كَيۡفَ نُبَيِّنُ لَهُمُ ٱلۡأٓيَٰتِ ثُمَّ ٱنظُرۡ أَنَّىٰ يُؤۡفَكُونَ﴾ يەنى ﴿مەريەم ئوغلى ئىيسا پەقەتلا پەيغەمبەردۇر، ئۇنىڭدىن ئىلگىرىمۇ نۇرغۇن پەيغەمبەرلەر ئۆتكەن، ئۇنىڭ ئانىسى ناھايىتى راستچىل ئايال ئىدى، ئۇ ئىككىسى (باشقا ئىنسانلارغا ئوخشاشلا) تاماق يەيتتى. ئايەتلىرىمىزنى ئۇلارغا (خرىستىيانلارغا) قانداق بايان

قىلىۋاتقانلىقىمىزغا قارىغىن، ئاندىن ئۇلارنىڭ ھەقتىن قانداق باش تارتقانلىقىغىمۇ قارىغىن﴾[1].

ئاللاھ تائالا ئەھلى كىتابنىڭ مۇشرىكلارغا ئوخشاپ قالغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ٱتَّخَذُوٓاْ أَحۡبَارَهُمۡ وَرُهۡبَٰنَهُمۡ أَرۡبَابٗا مِّن دُونِ ٱللَّهِ وَٱلۡمَسِيحَ ٱبۡنَ مَرۡيَمَ﴾ يەنى ﴿(يەھۇدىيلار) ئاللاھنى قويۇپ ئۆزلىرىنىڭ ئۆلىمالىرىنى، (خىرىستىيانلار) ئۆزلىرىنىڭ راھىبلىرىنى ۋە مەريەم ئوغلى مەسىھنى ئىلاھ دەۋالدى﴾[2]. يەنى يەھۇدىيلار بىلەن خىرىستىيانلار ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىشتىن باش تارتتى، ئاللاھ تائالا چۈشۈرگەن ئەھكاملارغا ئەمەل قىلىشتىن ۋاز كەچتى ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئۆلىمالىرىغا، راھىبلىرىغا چوقۇنۇپ، ئۇلارنىڭ ھالال دېگەنلىرىنى ھالال ۋە ھارام دېگەنلىرىنى ھارام سانىدى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆز خاھىشىغا بىرىلىپ چىقارغان پەتىۋالىرىنى قوبۇل قىلدى. مانا بۇ، ئۇلارنىڭ ئۆلىمالىرىنى ۋە راھىبلىرىنى ئىلاھ قىلىۋالغانلىقى ۋە ئۇلارغا چوقۇنغانلىقىدۇر. چۈنكى، ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى تاشلاپ، ئۇلارنىڭ پەتىۋالىرىنى دىن ئورنىدا قوبۇل قىلغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەدىي ئىبنى ھاتەم دېگەن ساھابىگە ﴿ٱتَّخَذُوٓاْ أَحۡبَارَهُمۡ وَرُهۡبَٰنَهُمۡ أَرۡبَابٗا مِّن دُونِ ٱللَّهِ﴾ دېگەن ئايەتنى تىلاۋەت قىلىپ بەرگەندە، ئەدى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: «يا رەسۇلۇللاھ! بىز ئۆلىمالىرىمىزغا چوقۇنمايتتۇق» دەيدۇ. بۇ چاغدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن: «ئۆلىمالىرىڭلار ھالالنى ھارام قىلىپ بەرسە، ھارامنى ھالال قىلىپ بەرسە، ئۇنى قوبۇل قىلاتتىڭلارمۇ؟» دەپ سورايدۇ. ئەدى: «ئەلۋەتتە شۇنداق قىلاتتۇق يارەسۇلۇللاھ!» دەيدۇ. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەنە شۇ ئۆلىمالارغا چوقۇنغانلىقتۇر»[3] دەيدۇ.

خىرىستىيانلار ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ئىلاھىي مەبۇد قىلىۋېلىپ، ئۇنىڭغا چوقۇنىدىغان بولۇۋالغان. ھالبۇكى، ئۆز ۋاقتىدا ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: ﴿يَٰبَنِيٓ إِسۡرَٰٓءِيلَ ٱعۡبُدُواْ ٱللَّهَ رَبِّي وَرَبَّكُمۡۖ إِنَّهُۥ مَن يُشۡرِكۡ بِٱللَّهِ فَقَدۡ حَرَّمَ ٱللَّهُ عَلَيۡهِ ٱلۡجَنَّةَ وَمَأۡوَىٰهُ ٱلنَّارُۖ﴾ يەنى ﴿ئى ئىسرائىل ئەۋلادى! مېنىڭ رەببىم ۋە سىلەرنىڭمۇ رەببىڭلار بولغان ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار،

---

[1] مائىدە سۈرىسى: 75-ئايەت.

[2] تەۋبە سۈرىسى: 31-ئايەت.

[3] «سنن الترمذي» 5-توم، 129-بەت، 3095-ھەدىس.

ھەقىقەت شۇكى، كىمكى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭغا جەننەتنى ھارام قىلىدۇ، ئۇنىڭ جايى دوزاخ بولىدۇ﴾[1] دېگەن ئىدى.

ئۇلارنىڭ كىتابلىرىدا مۇسا ۋە ئىيسا ئەلەيھىسسالاملارنىڭ «بىر ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىڭلار، ئىبادەتتە ئۇنىڭغا ھېچكىمنى شېرىك قىلماڭلار» دېگەن مەزمۇندىكى تەۋسىيەلىرى تولۇپ تاشقان تۇرۇپ، ئۇلار بۇ تەۋسىيەلەرنىڭ ئەكسىچە ئىش كۆرگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆز دىنىدىن يىراقلىشىپ كەتكەن ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ باتىل پەلسەپىلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ھەق دىنىدىن پۈتۈنلەي چىقىپ كەتكەن.

كاپىرلار ھەر زامان ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى كىشىلەرنىڭ قەلبىدىن ئۆچۈرۈپ تاشلاشقا ئۇرۇنىدۇ. بۇ يولدا ھەر خىل ھىيلە-مىكىرلەرنى قوللىنىدۇ. ئەمما ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ دىنىنى ئەلۋەتتە قوغدايدۇ ۋە كاپىرلار يامان كۆرگەن بۇ دىننى كامالىغا يەتكۈزمەي قالمايدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ھەممىگە قادىردۇر. ئۆز ۋاقتىدىكى ئەھلى كىتابتىن ۋە ئەرەب مۇشرىكلىرىدىن بولغان كاپىرلار ئاخىر زامان پەيغەمبىرى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا كەلگەن ئىسلام دىنىنى يوق قىلىشقا قاتتىق ئۇرۇنغان بولسىمۇ، ئاللاھ تائالا بۇ دىننى كامالىغا يەتكۈزگەن ۋە دۇشمەنلەرنى تارمار قىلغان ئىدى.

بۇ ھەيران قالارلىق ئىش ئەمەس. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ھىدايەت ۋە ھەق دىن بىلەن ئەۋەتىپ، «قۇرئان كەرىم»دىن ئىبارەت ھەق بىلەن باتىلنى، ياخشى بىلەن ياماننى ئوچۇق بايان قىلىپ بېرىدىغان نۇرلۇق كىتابنى نازىل قىلغان ۋە بۇنىڭ بىلەن ئىسلام دىنىنى بارچە دىنلاردىن ئۈستۈن ۋە غالىب قىلماقچى بولغان ئاللاھ تائالا مەقسىتىنى ھەقىقەتەن ئەمەلگە ئاشۇردى، ئىسلام پەيغەمبىرىنى ۋە ئىسلام دىنىنى ئۆز تەرىپىدىن كۈچلەندۈرۈش ئارقىلىق بۇ دىننى راستتىنلا بارچە دىنلاردىن ئۈستۈن ۋە غالىب قىلدى. كاپىرلار ئىسلام دىنىنى شۇنچىلىك يامان كۆرسىمۇ، ئاللاھ تائالا ئۇنى ئەزىز قىلدى ۋە ئۈستۈن قىلدى.

### مۇھىم نۇقتىلىرى

1. يەھۇدىيلار بىلەن خرىستىيانلار گەرچە ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتقان بولسىمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئېتىراپ قىلمىغانلىقى ئۈچۈن كاپىرلار قاتارىدىن سانىلىدۇ.

---

[1] مائىدە سۈرىسى: 72-ئايەت.

2. «قۇرئان كەرىم» بىلەن سۈننەتتىن يىراقلاشقان ئۆلىمالارغا ۋە ئاللاھ تائالانىڭ شەرىئىتى بويىچە ئىش كۆرمىگەن ئىش باشقۇرغۇچىغا بويسۇنۇشقا بولمايدۇ.

3. يەھۇدىيلار بىلەن خىرىستىيانلار بىر-بىرىگە دۈشمەن بولسىمۇ، ئۇلار ئىسلام دىنىغا قارشى تۇرۇشتا ھەر قاچان بىرلىشىدۇ.

4. ئىسلام دىنىنىڭ پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ دىنى بولىدىغانلىقى ئاللاھ تائالانىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلى ئارقىلىق بەرگەن ۋەدىسىدۇر. چۈنكى، ئىسلام دىنى يەرشارىدىكى پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق دىنى بولۇشقا تاللانغان دىندۇر.

## ◄ ئەھلى كىتاب ئۆلىمالىرىنىڭ قىلمىشلىرى

﴿ يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ إِنَّ كَثِيرٗا مِّنَ ٱلۡأَحۡبَارِ وَٱلرُّهۡبَانِ
لَيَأۡكُلُونَ أَمۡوَٰلَ ٱلنَّاسِ بِٱلۡبَٰطِلِ وَيَصُدُّونَ عَن سَبِيلِ ٱللَّهِۗ
وَٱلَّذِينَ يَكۡنِزُونَ ٱلذَّهَبَ وَٱلۡفِضَّةَ وَلَا يُنفِقُونَهَا فِي سَبِيلِ ٱللَّهِ
فَبَشِّرۡهُم بِعَذَابٍ أَلِيمٖ ٣٤ يَوۡمَ يُحۡمَىٰ عَلَيۡهَا فِي نَارِ جَهَنَّمَ فَتُكۡوَىٰ
بِهَا جِبَاهُهُمۡ وَجُنُوبُهُمۡ وَظُهُورُهُمۡۖ هَٰذَا مَا كَنَزۡتُمۡ لِأَنفُسِكُمۡ
فَذُوقُواْ مَا كُنتُمۡ تَكۡنِزُونَ ٣٥ ﴾

### ◄ تەرجىمىسى

34-ئى ئىمان ئېيتقانلار! يەھۇدىيلارنىڭ ئۆلىمالىرىدىن ۋە خىرىستىيانلارنىڭ راھىبلىرىدىن[1] نۇرغۇنلىرى كىشىلەرنىڭ پۇل-ماللىرىنى ھەقىقەتەن ناھەق يەۋالىدۇ، (كىشىلەرنى) ئاللاھنىڭ دىنىدىن توسىدۇ. (ئى پەيغەمبەر!) ئالتۇن-كۈمۈش يىغىپ، ئۇنى ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلمايدىغانلارغا قاتتىق ئازاب بىلەن بېشارەت بەرگىن.

35-ئۇ (قىيامەت) كۈنىدە ئالتۇن-كۈمۈشلەر جەھەننەمنىڭ ئوتىدا قىزىتىد-

[1] يەھۇدىيلارنىڭ ئۆلىمالىرى «ھاخام» دەپ ئاتىلىدۇ، خىرىستىيانلارنىڭ ئۆلىمالىرى «قىسسىس» دەپ ئاتىلىدۇ، «پوپ» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. راھىب-خىرىستىيانلارنىڭ ئىچىدىكى تەركىدۇنيالىق يولىنى تاللاپ، ئۆزىنى ئىبادەتكە ئاتىۋەتكەن كىشىگە بېرىلگەن ئۇنۋاندۇر.

لىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ پېشانىلىرى، بېقىنلىرى ۋە دۈمبىلىرى داغلىنىدۇ. (ئۇلارغا): «بۇ سىلەرنىڭ ئۆزۈڭلار ئۈچۈن يىغقان بايلىقىڭلاردۇر. (زاكىتىنى ئايرىماي) يىغقان نەرسىلىرىڭلارنىڭ ۋابالىنى تېتىڭلار» (دېيىلىدۇ).

### ◄ تەپسىرى

بۇ ئايەتلەر يەھۇدىيلارنىڭ ھاخاملىرى (ئۆلىمالىرى) بىلەن، خرىستىيانلارنىڭ پوپلىرىنىڭ ۋە راھىبلىرىنىڭ بەزى قىلمىشلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ نەپسانىيەتچىلىكىنى ئوچۇق بايان قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئىسلام دىنىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ ئۇنى ئىنكار قىلىشتا چىڭ تۇرۇۋېلىشىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى ھەسەتخورلۇق ۋە ئۆچمەنلىك ئىكەنلىكىنى مۇسۇلمانلارغا بىلدۈرۈشنى ۋە ئەھلى كىتابنىمۇ ئۆزلىرىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈشكە، ئۆز خاتالىقىنى تونۇشقا دەۋەت قىلىشنى مەقسەت قىلغان.

ئى ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە چىن دىلىدىن ئىمان ئېيتقان ۋە «مۇئمىنلەر» دېگەن ئالىي سۈپەتكە تېگىشلىك بولغان كىشىلەر! بىلىڭلاركى، يەھۇدىيلارنىڭ ئۆلىمالىرىدىن ۋە خرىستىيانلارنىڭ پوپلىرى بىلەن راھىبلىرىدىن نۇرغۇنلىرى كىشىلەرنىڭ پۇل-ماللىرىنى يولسىزلىق قىلىپ ھارامدىن يەۋالىدۇ. مەلۇمكى، ئايەتتە ئۇلارنىڭ مۇنداق ھارامخورلۇقى ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئەمەس، بەلكى كۆپچىلىكىگە مەنسۇپ قىلىنغان. چۈنكى، ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى توغرا يولدىن ئازغان گۇناھكارلار بولۇپ، ياخشىلىرى ئىنتايىن ئاز سانلىقنى ئىگىلەيدۇ. ئۇلارنىڭ كىشىلەرنىڭ پۇل-ماللىرىنى يولسىزلىق بىلەن يېۋېلىشى تۈرلۈك شەكىلدە بولۇپ، ئوتتۇرا ئەسىردە خرىستىيانلارنىڭ كاتولىك ۋە ئورتودوكس مەزھەپىدىكىلەرنىڭ ئارىسىدا كەڭ تارقالغان «مەغپىرەت گۇۋاھنامىسى» بۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر. ئۇ مۇنداق: ئاۋۋال گۇناھ سادىر قىلغۇچى ئۆزىنىڭ گۇناھىنى پوپىنىڭ ئالدىدا ئېتىراپ قىلىدۇ، پوپ ئۇنىڭ گۇناھىنى ئاللاھ تائالانىڭ نامىدىن كەچۈرۈۋېتىدۇ. بۇنىڭ بەدىلىگە گۇناھ سادىر قىلغۇچى پوپقا مەلۇم مىقداردا پۇل بېرىدۇ. ئاندىن پوپ چېركاۋدىن ئۇنىڭغا گۇناھىنىڭ مەغپىرەت قىلىنغانلىقى توغرىسىدا گۇۋاھنامە چىقىرىپ بېرىدۇ. بۇ گۇۋاھنامە ئەرەبچىدە «سەككى غۇفران» دەپ ئاتىلىدۇ. ھالبۇكى، گۇناھلارنى ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم مەغپىرەت قىلالمايدۇ. پوپلار گۇناھلارنى ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم مەغپىرەت قىلالمايدىغانلىقىنى بىلسىمۇ، دىن نامىدىن خەلقنىڭ

پۇل-مېلىنى قاقتى-سوقتى قىلىش ئۈچۈن شۇنداق قىلاتتى. بۇنداق نادان مىللەتكە ۋە ئازغۇن قەۋمگە ئاللاھ تائالانىڭ لەنەتلىرى بولسۇن!

بۇنىڭدىن باشقا، ئەھلى كىتاب ئارىسىدا پارىخورلۇق، جازانە قىلىش قاتارلىق قىلمىشلارمۇ كەڭ ئومۇملاشقان. ھەتتا يەھۇدىيلار جازانىخورلۇقتا ئۈچىنچى چىققان خەلق بولۇپ، ئۇلار پۈتۈن دۇنيادىكى جازانە يېگۈچىلەرنىڭ پېشۋاسى بولۇپ قالغان. خرىستىيانلار بولسا، ئۇلارغا تۇنجى بولۇپ ئەگەشكەن ۋە بۇ توغرىدا بەزى سەپسەتىلەرنى ئوتتۇرىغا قويغانلاردۇر.

ئەھلى كىتاب ئۆلىمالىرى يەنە پادىشاھلارنى، ئەمەلدارلارنى ۋە بايلارنى رازى قىلىش ئۈچۈن، دىن نامىدىن ئۇلارنىڭ خاھىشىغا ماسلىشىدىغان پەتىۋالارنى چىقىرىپ بېرەتتى. ئۇلارنىڭ بۇ قىلمىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدىمۇ بار ئىدى، ھازىرمۇ داۋاملاشماقتا.

يەھۇدىي ئۆلىمالىرىنىڭ باشقا دىندىكى كىشىلەرنىڭ پۇل-مېلىنى يولسىزلىق بىلەن يەۋېلىشنى ۋە ھارام يوللار بىلەن ئېلىۋېلىشنى دۇرۇس ۋە جائىز دەپ پەتىۋا بېرىشى، ئۇلارنىڭ ئايرىم بىر جىنايىتىدۇر. ئۇلار: ﴿لَيۡسَ عَلَيۡنَا فِي ٱلۡأُمِّيِّـۧنَ سَبِيلٞ﴾ يەنى ﴿ساۋاتسىزلارنىڭ بىزگە قارشى يولى يوق (يەنى بىزنىڭ دىنىمىزدا بولمىغانلارنىڭ پۇل-مېلىغا خىيانەت قىلساق بىزگە گۇناھ بولمايدۇ)﴾[1] دەيتتى. يەھۇدىيلار يەھۇدىي دىنىدا بولمىغان كىشىلەرنى، خۇسۇسەن ئەرەبلەرنى ساۋاتسىز، بىلىمسىز ۋە نادان دەپ قارايتتى. ئۇلار «بىزنىڭ دىنىمىزدا بولمىغانلارنىڭ پۇل-ماللىرىنى يەۋېلىش بىزگە ھالالدۇر، ئۇلارنىڭ پۇل-مېلىنى يولسىزلىق بىلەن ئېلىۋالساقمۇ بىزگە گۇناھ بولمايدۇ» دەيتتى.

ئەمما ئۇلارنىڭ كىشىلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ دىنىدىن توسۇش ئۈچۈن، ئاللاھ تائالانىڭ نامىدىن تۈرلۈك ئويدۇرمىلارنى توقۇپ چىقىشى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى نالايىق سۆيەتلەر بىلەن سۆيەتلىشى، ئۇنىڭ «ئىنجىل» ۋە «تەۋرات»تىكى سۈپەتلىرىنى يوشۇرۇشى، بولۇپمۇ، ھازىرقى خرىستىيانلارنىڭ ئىسلام دىنىغا ۋە ئىسلام پەيغەمبىرىگە تۈرلۈك تۆھمەتلەرنى توقۇشى ئۇلارنىڭ ئايرىم جىنايەتلىرى بولۇپ، ئۇلار بۇ قىلمىشلىرى ئۈچۈن ئاللاھ تائالانىڭ لەنىتىگە ۋە جازاسىغا تېگىشلىكتۇر.

ھازىر دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا خرىستىيانلارنىڭ دىن تارقىتىش ئىشلىرى كەڭ داۋاملىشىپ كەلمەكتە. بەزى ئىسلام مەملى-

[1] ئال ئىمران سۈرىسى: 75-ئايەت.

ىكەتلىرىدە ۋە ئاز سانلىق مۇسۇلمانلارنىڭ رايونلىرىدا، خۇسۇسەن ئافرىقا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىدە مەكتەپ، دوختۇرخانا ۋە دىن تارقىتىش مەركەزلىرىنى ئېچىش ئارقىلىق كىشىلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ دىنى بولغان ئىسلام دىنىدىن قايتۇرۇپ خىرىستىيان قىلىشقا ئۇرۇنماقتا.

ئەللامە ئىبنى جەرىر تەبەرىي مۇنداق دېگەن: «ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ ﴿ئالتۇن-كۈمۈش يىغىپ، ئۇنى ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلمايدىغانلارغا قاتتىق ئازاب بىلەن بېشارەت بەرگىن﴾ دېگەن ئايەتتىن ئەھلى كىتاب مەقسەت قىلىنىدۇ، دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان. بۇ خاس ۋە ئومۇمىي كىشىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. خاس كىشىلەر دېگىنىمىز: مۇسۇلمانلارنىڭ ئىچىدىكى زاكات بەرمىگەن كىشىلەردۇر، ئومۇمىي كىشىلەر دېگىنىمىز: يەھۇدىيلار بىلەن خىرىستىيانلاردۇر. يەنە بىر رىۋايەتتە مۇئاۋىيە، ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب ۋە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما قاتارلىق ساھابىلەرنىڭ ‹﴿ئالتۇن-كۈمۈشلەرنى يىغىپ ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلمايدىغانلار﴾ دېگەن ئايەتتە كۆزدە تۇتۇلغانلار پۇل - مېلىنىڭ زاكىتىنى ئادا قىلمىغانلاردۇر› دېگەنلىكى بايان قىلىنغان[1]. بۇنىڭغا ئاساسەن، مەزكۇر ئايەت مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى زاكات بەرمىگەنلەر ھەققىدە نازىل بولغان بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مال-دۇنيا توپلاپ، ئۇنى ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلماي ساقلىغۇچىلاغا قاتتىق ئازاب بىلەن بېشارەت بېرىشكە بۇيرۇغان. شۇنى ئوبدان بىلىۋېلىش لازىمكى، مال-دۇنيا توپلاش، بايلىق يىغىش خاتا ئەمەس، ئەمما شۇ مال-دۇنيادىكى ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىنى تولۇق ئادا قىلماسلىق گۇناھتۇر. مال-دۇنيادىكى ئادا قىلىشقا تېگىشلىك بولغان ھەق-ھوقۇقلارنى تولۇق ئادا قىلغان ھالدا، قانچىلىك كۆپ مال-دۇنيا توپلىسىمۇ، بۇنىڭ ھېچبىر زىيىنى يوق. مانا بۇ ئايەتتىن چۈشىنىش مۇھىم بولغان نۇقتىلارنىڭ بىرىدۇر.

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «زاكىتىنى بېرىپ تۇرغان پۇل-مال گەرچە يەتتە قات زېمىنىنىڭ ئاستىدا ساقلانسىمۇ، ئۇ «كەنز» (زاكىتى بېرىلمەي ساقلانغان بايلىق) سانالمايدۇ ۋە ئەيىبلەنمەيدۇ. ئەمما زاكات بېرىش مىقدارىغا يەتكەن تۇرۇقلۇق زاكىتى بېرىلمىگەن پۇل-مال قانچىلىك ئاز بولسىمۇ «كەنز» ھېسابلىنىدۇ»[2].

---

[1] «تفسير الطبري» 14-توم، 225-بەت.

[2] «تفسير ابن كثير»4-توم، 139-بەت.

ئى پەيغەمبەر! پۇل-مېلىنىڭ زاكىتىنى بېرىپ ئۇنى پاكلىمىغانلارنى ئاگاھلاندۇرۇپ، ئۇلارغا قىيامەت كۈنى بولىدىغان قاتتىق ئازابتىن بېشارەت بەرگىنكى، ئۇ كۈندە ئۇلارنىڭ توپلىغان ئالتۇن-كۈمۈشلىرى، تەڭگە-تىللالىرى ئوتتا قىزىتىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇلار دۇنيادىكى چاغلىرىدا يوقسۇللارغا مۇتەكەببىرلىك قىلىپ تۈرگەن پېشانىلىرى، تاۋار-دۇردۇن، يېپەكلەرنى كىيىپ غادايغان بەللىرى، يەنى بەدەنلىرى، پۇل-مالنىڭ راھىتىدە ھۇزۇرلانغان دۈمبىلىرى داغلىنىدۇ. ئەڭ قاتتىق ئازاب ئۇلارنىڭ بېقىنى ۋە دۈمبىسىنى داغلاش بىلەن بولىدۇ. ئۇلارغا: مانا بۇ سىلەر ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلماي توپلىغان مال-دۇنيالىرىڭلارنىڭ جازاسىدۇر، سىلەر ئەمدى ھەققىنى ئادا قىلماي، بېسىپ ياتقان مال-دۇنيالىرىڭلارنىڭ ۋابالىنى تېتىڭلار، دېيىلىدۇ.

ئىمام بۇخارىي ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بىراۋ ئاللاھ ئاتا قىلغان مال-دۇنيانىڭ زاكىتىنى ئادا قىلمىغان بولسا، قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ مال-دۇنياسى زەھەرلىك تاز يىلاننىڭ شەكلىدە كېلىپ، نەشتىرى بىلەن ئۇنىڭ ئىككى جاۋغىيىدىن چاڭگاللاپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا: ‹مەن سېنىڭ پۇل-مېلىڭ، مەن سېنىڭ خەزىنەڭ› دەيدۇ»[1] دېگەن، ئاندىن بۇ ئايەتنى تىلاۋەت قىلغان: ﴿سَيُطَوَّقُونَ مَا بَخِلُواْ بِهِۦ يَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِۗ﴾ يەنى ﴿ئۇلارنىڭ بېخىللىق قىلغان نەرسىسى قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ بوينىغا تاقاق قىلىپ سېلىنىدۇ﴾[2].

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئىسلام دىنىدا خىرىستىيانلاردا بولغاندەك دىنىي بېسىمدارلىق تۈزۈمى يوقتۇر. دىن نامىدىن كىشىلەرنى قاتتىق-سوقتى قىلىشقا قەتئىي يول قويۇلمايدۇ، ئاللاھ تائالانىڭ نامىدىن كىشىلەرنىڭ گۇناھلىرىنى كەچۈرۈۋېتىش يوقتۇر. ئۇز ۋاقتىدىكى يەھۇدىي ۋە خىرىستىيان ئۆلىمالىرى ئۆزلىرىنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشى، دىن نامىدىن خەلقنى ئالداپ ئېرىشىدىغان مەنپەئەتلىرىنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشى، ھارام يېيىش يوللىرىنىڭ توسۇلۇپ قېلىشى قاتارلىق خەۋپلەر يۈزىسىدىن ئىسلام دىنىنىڭ ھەقلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇنى ئىنكار قىلغان ۋە خەلقنى ئىسلامدىن يىراق تۇتۇشقا ئۇرۇنغان. ھازىرمۇ ئۇلار دۇنيالىق ئۈچۈن ئاخىرەتلىكىنى، نەپسى خاھىشى ئۈچۈن ھىدايەت بىلەن

---

[1] «صحيح البخاري» 2-توم، 106-بەت، 1403 -ھەدىس.

[2] ئال ئىمران سۈرىسى: 180-ئايەت.

تەقۋالىقنى قۇربان قىلىپ كەلمەكتە.

2. كىشىلەرنىڭ پۇل-مېلىنى يەۋېلىش قەتئىي ھارامدۇر. ھالال سودا-سېتىق بىلەنلا كىشىلەرنىڭ پۇل-مېلى بىر-بىرىگە ھالال بولىدۇ.

3. پۇل-مالنى بېسىپ يېتىپ، ئۇنىڭ زاكىتىنى بەرمىگەنلەر ئاللاھ تائالانىڭ قاتتىق ئازابىغا تېگىشلىك بولىدۇ. مۇنداقلار دۇنيادا پۇل-مېلىنىڭ راھىتىنى كۆرەلمىگەنىنىڭ ئۈستىگە، ئاخىرەتتە ئازابقا قالىدۇ.

## ◄ ئايلارنىڭ سانى ۋە ئۇرۇش قىلىش چەكلەنگەن ئايلار

﴿إِنَّ عِدَّةَ ٱلشُّهُورِ عِندَ ٱللَّهِ ٱثۡنَا عَشَرَ شَهۡرٗا فِي كِتَٰبِ ٱللَّهِ يَوۡمَ
خَلَقَ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضَ مِنۡهَآ أَرۡبَعَةٌ حُرُمٞۚ ذَٰلِكَ ٱلدِّينُ ٱلۡقَيِّمُۚ فَلَا
تَظۡلِمُواْ فِيهِنَّ أَنفُسَكُمۡۚ وَقَٰتِلُواْ ٱلۡمُشۡرِكِينَ كَآفَّةٗ كَمَا يُقَٰتِلُونَكُمۡ
كَآفَّةٗۚ وَٱعۡلَمُوٓاْ أَنَّ ٱللَّهَ مَعَ ٱلۡمُتَّقِينَ ٣٦ إِنَّمَا ٱلنَّسِيٓءُ زِيَادَةٞ فِي
ٱلۡكُفۡرِۖ يُضَلُّ بِهِ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ يُحِلُّونَهُۥ عَامٗا وَيُحَرِّمُونَهُۥ عَامٗا
لِّيُوَاطِـُٔواْ عِدَّةَ مَا حَرَّمَ ٱللَّهُ فَيُحِلُّواْ مَا حَرَّمَ ٱللَّهُۚ زُيِّنَ لَهُمۡ سُوٓءُ
أَعۡمَٰلِهِمۡۗ وَٱللَّهُ لَا يَهۡدِي ٱلۡقَوۡمَ ٱلۡكَٰفِرِينَ ٣٧﴾

### ◄ تەرجىمىسى

36-شەكسىزكى، ئاللاھ ئاسمان ۋە زېمىننى ياراتقاندىن تارتىپ، (بىر يىلدىكى) ئايلارنىڭ سانى ئاللاھنىڭ كىتابى (لەۋھۇلمەھپۇز) دا، ئون ئىككىدۇر، ئۇلاردىن (زۇلقەئدە، زۇلھەججە، مۇھەررەم، رەجەبتىن ئىبارەت) تۆتى ئۇرۇش قىلىش چەكلەنگەن ئايلاردۇر. بۇ توغرا دىندۇر، شۇڭا بۇ ئايلاردا (چەكلەنگەن ئىشلارنى قىلىپ) ئۆزۈڭلارغا زىيان سالماڭلار، مۇشرىكلار سىلەر بىلەن ئومۇمىيۈزلۈك ئۇرۇشقاندەك، سىلەرمۇ ئۇلار بىلەن ئومۇمىيۈزلۈك ئۇرۇشۇڭلار. بىلىڭلاركى، ئاللاھ ھەقىقەتەن تەقۋادارلار بىلەن بىللىدۇر.

37-(ئۇرۇش قىلىش ھارام قىلىنغان) ئاينى ئارقىغا سۈرۈش ھەقىقەتەن كۇفرىدا ھەددىدىن ئاشقانلىقتۇر. بۇنىڭ بىلەن كاپىرلار ئازدۇرۇلىدۇ؛ ئۇلار ئاللاھ (ئۇرۇش قىلىشنى) ھارام قىلغان ئايلارنىڭ سانىغا مۇۋاپىقلىشىش ئۈچۈن،

ئۇنى بىر يىل ھالال سانىسا، ئىككىنچى يىلى ھارام سانايدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئاللاھ ھارام قىلغان ئاينى ھالال قىلىدۇ، ئۇلارغا ئۇزلىرىنىڭ يامان ئەمەللىرى چىرايلىق كۆرسىتىلدى. ئاللاھ كاپىر قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ.

### تەپسىرى

ئاللاھ تائالا ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقاندىن تارتىپ، بىر يىل ئىچىدىكى ئايلارنىڭ سانى ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە ۋە ئۇنىڭ كىتابى بولغان لەۋھۇلمەھپۇزدا ئون ئىككى ئايدۇر. ئاللاھ تائالانىڭ كائىناتنىڭ نىزامىنى بېكىتىشى، قۇياش بىلەن ئاينىڭ سەير قىلىدىغان ئورۇنلىرىنى بەلگىلىشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ ئون ئىككى ئاينىڭ ھېسابى بىلەن بولغان. بۇ ئون ئىككى ئاي قەمەرىيە ئايلىرىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى، ھېسابلاشلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ قەمەرىيە ئايلىرى بىلەن بولىدۇ. قەمەرىيە ئايلىرىنى ئوقۇغان ۋە ئوقۇمىغان، شەھەرلىك ۋە يېزىلىق ھەممە ئادەم بىلىدۇ ۋە كۆرىدۇ.

قەمەرىيە ئايلىرى ئىسلام كالېندارىنى كۆرسىتىدۇ. قەمەرىيە ئايلىرى ئون ئىككى ئاي بولۇپ، بۇ ئايلار 29 كۈن بىلەن 30 كۈن ئارىسىدا بولىدۇ، يەنى بەزى ئايلار 29 كۈندە، بەزى ئايلار 30 كۈندە توشىدۇ. قەمەرىيە ئايلىرى: 1-مۇھەررەم، 2-سەفەر، 3-رەبىئۇل ئەۋۋەل، 4-رەبىئۇل ئاخىر، 5-جامادىيەل ئەۋۋەل، 6-جامادىيەل ئاخىر، 7-رەجەب، 8-شەئبان، 9-رامىزان، 10-شەۋۋال، 11-زۇلقەئدە، 12-زۇلھەججە ئايلىرىدۇر. بۇ ئايلارنىڭ ئارىسىدا ئۇرۇش قىلىش چەكلەنگەن تۆت ئاي بار بولۇپ، ئۇلار: زۇلقەئدە، زۇلھەججە، مۇھەررەم، رەجەبتىن ئىبارەتتۇر.

ئاللاھ تائالا بۇ تۆت ئاينى ئىبراھىم ۋە ئىسمائىل ئەلەيھىسسالاملارنىڭ تىلى ئارقىلىق ئۇرۇش قىلىش چەكلەنگەن، ھۆرمەتلىك ئايلار قىلغان بولۇپ، بۇ ھۆكۈم ئەرەبلەرنىڭ ئارىسىدا ئەمەل قىلىنىدىغان ھالغا كەلگەن. كېيىنچە، جاھىلىيەت دەۋرىدىكى نادانلار ئۆزلىرىنىڭ نەپسى خاھىشىغا ئەگىشىپ قائىدىنى ئۆزگەرتىۋەتكەن. بۇ ئايلاردا ئۇرۇش قىلىشنىڭ ھارام قىلىنغانلىقىنىڭ سەۋەبى بۇ ئايلارنىڭ ھەج مەزگىلى بولغانلىقى ئېتىبارى بىلەن كىشىلەرنى سەپەر جەريانىدا ۋە ھەج ئەسناسىدا جېنى ۋە مېلى توغرىسىدا خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈندۇر. شۈبھىسىزكى، ھەج مەزگىلى ئاساسەن زۇلقەئدە ئېيىدىن باشلىنىپ مۇھەررەمنىڭ ئاخىرىدا ئاياغلىشىدۇ. ئەمما رەجەب ئېيى يىلنىڭ

ئوتتۇرىسىدا كېلىدىغان ئاي بولۇپ، بۇ ۋاقىتتا ئۇرۇش قىلىشنى ھارام قىلىشتىن مەقسەت ئىنسانلار ئۈچۈن راھەت ۋە ھۇزۇر بېغىشلاش، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئۆمرە ئىبادىتىنى خاتىرجەم قىلىۋېلىشى ئۈچۈن شەرت-شارائىت يارىتىپ بېرىش ئۈچۈندۇر. مانا بۇلار ئىبراھىم ۋە ئىسمائىل ئەلەيھىس-سالاملار ئەمەل قىلىپ كەلگەن توغرا دىننىڭ ئالامەتلىرىدۇر.

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھ تائالا ئۇرۇش قىلىشنى چەكلىگەن مەزكۇر ئايلاردا ئۇرۇش قىلىپ ئۆزۈڭلارغا زۇلۇم سالماڭلار. چۈنكى، چەكلەنگەن ئايلاردا ئۇرۇش قىلىش ئۇ ئايلارنىڭ ھۆرمىتىنى ئاياق-ئاستى قىلغانلىق ۋە ئىنسانلارغا زۇلۇم قىلغانلىق بولىدۇ. نەتىجىدە، بۇ ئايلاردا ئۇرۇش قىلغانلار گۇناھلىرى ئۈچۈن جازاغا تېگىشلىك بولۇپ، ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغان بولىدۇ.

ئى ئىمان ئېيتقانلار! مۇشرىكلار سىلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلغاندەك، سىلەرمۇ ئۇلارغا قارشى ھەممە بىر نىيەتتە ۋە بىر مەقسەتتە بولۇپ ئۇرۇش قىلىڭلار. بىلىڭلاركى، ئاللاھ تائالا تەقۋادارلار بىلەن بىللىدۇر، ئۇلارنى قوللايدۇ، ئۇلارغا ياردەم قىلىدۇ. ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەر زۇلۇمغا، دۈشمەنلىككە سۈكۈت قىلماڭلار، خۇسۇسەن، ئىنسانلارنى ۋە جانلىقلارنى ھالاك قىلىدىغان، زىرائەتلەرنى نابۇت قىلىدىغان، شەھەرلەرنى ۋەيران قىلىدىغان بۇزغۇنچىلارغا قارشى ئۇرۇش ئېچىڭلار.

ئەرەبلەر ئۇرۇش قىلىش چەكلەنگەن ئايلاردا جەڭ قىلىشنى ھارام دەپ ئېتىقاد قىلاتتى. ئۇلار بۇ ئېتىقادنى ئەجدادلىرى بولغان ئىبراھىم ۋە ئىسمائىل ئەلەيھىسسالاملاردىن ئۆگەنگەن بولۇپ، زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇلارنىڭ دىلى قارىيىپ كەتكەن، ئېتىقادى بۇزۇلغان. ئۇلار ھەق دىندىن پۈتۈنلەي چىقىپ كەتكەنلىك تۈپەيلىدىن، ھەج پائالىيەتلىرىنى ۋە ئۇرۇش قىلىش چەكلەنگەن ئايلارنى ئۆزگەرتىۋەتكەن. بولۇپمۇ ئۇرۇش قىلىش چەكلەنگەن ئايلارنى كۆپرەك ئۆزگەرتىپ ئۇلارنى بىر-بىرىگە ئالماشتۇرۇۋەتكەن. ئاندىن ئۇلار ئۇرۇش قىلىش ھارام قىلىنغان ئايلارنىڭ سانىنى تولۇقلاش ئۈچۈن مۇھەررەم ئاينى سەفەر ئايغا كىرگۈزۈۋەتكەن.

ئۇرۇش قىلىش چەكلەنگەن ئايلارنى ئۆز ۋاقتىدىن كېچىكتۈرۈش كۇفرىدا چېكىدىن ئاشقانلىق ئىدى. چۈنكى، مۇنداق قىلىش ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇتقان يولىنى بىلىپ تۇرۇپ ئۆزگەرتىۋەتكەنلىك ئىدى. ئۇلارنىڭ بۇ قىلمىشى گۇناھلىرىنى تېخىمۇ ئېغىرلىتىۋەتكەن. چۈنكى، نېمىنىڭ ھالال، نېمىنىڭ ھارام ئىكەنلىكىنى، نېمىنىڭ توغرا، نېمىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى بەلگىلەش ۋە قانداقلا بىر مەسىلىدە

بەلگىلىمە چىقىرىش ھوقۇقى پەقەتلا ئاللاھ تائالاغا خاستۇر. بەندىلەرنىڭ بۇ ئىشتا ھېچقانداق ھوقۇقى يوقتۇر. ھالبۇكى، مۇشرىك ئەرەبلەر ئۆز ۋاقتىدا ئاللاھ نامىدىن ئۆز خاھىشى بىلەن ھالال-ھاراملارنى ۋە قانۇن-تۈزۈملەرنى بەلگىلەش ئارقىلىق تولىمۇ ھەددىدىن ئاشقان ئىدى. ئۇلار بۇ قىلمىشى بىلەن كۆپ كىشىلەرنى توغرا يولدىن چىقىرىش ۋە ئۆزلىرى قىلىۋاتقان خۇراپاتلارنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ توغرا يولى دەۋېلىش ئارقىلىق ئۆزلىرىگە ئەگەشكەنلەرنى ۋە كېيىنكى نەسىللەرنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىدىن ئازدۇرۇۋەتكەن ئىدى.

ئاللاھ تائالا كاپىر قەۋمنى بولۇپمۇ دىنىي ئىشلاردا چېكىدىن ئاشقانلارنى ياخشىلىققا ۋە توغرا يولغا ھىدايەت قىلمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەج قىلغان ۋاقتىدىكى خۇتبىسىدە: «إِنَّ الزَّمَانَ قَدِ اسْتَدَارَ كَهَيْئَتِهِ يَوْمَ خَلَقَ اللَّهُ السَّمَوَاتِ وَالأَرْضَ ، السَّنَةُ اثْنَا عَشَرَ شَهْرًا ، مِنْهَا أَرْبَعَةٌ حُرُمٌ ، ثَلاَثٌ مُتَوَالِيَاتٌ: ذُو القَعْدَةِ ، وَذُو الحِجَّةِ ، وَالمُحَرَّمُ ، وَرَجَبُ ، مُضَرَ الَّذِي بَيْنَ جُمَادَى ، وَشَعْبَانَ» يەنى «ھەقىقەتەن زامان ئاللاھ ئاسمان -زېمىننى ياراتقان كۈندىكى ھالىتى بويىچە ئايلىنىۋاتىدۇ، بىر يىل ئون ئىككى ئايدۇر، بۇ ئايلارنىڭ ئىچىدە ئۇرۇش قىلىش چەكلەنگەن تۆت ئاي بار بولۇپ، ئۇلار: زۇلقەئدە، زۇلھەججە ۋە مۇھەررەم ئايلىرىدۇر، بۇلار ئارقا-ئارقىدىن كېلىدۇ، رەجەب ئېيى جامادىيەل ئاخىر بىلەن شەئبان ئوتتۇرىسىدا كېلىدۇ»[1] دېگەن.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئىسلامدا ئۇرۇش قىلىش چەكلەنگەن ئايلار تۆت بولۇپ، ئۇلار: رەجەب، زۇلقەئدە، زۇلھەججە ۋە مۇھەررەم ئايلىرىدۇر.

2. ئادىمىي شەيتانلار بىلەن جىن شەيتانلارنىڭ قىلىدىغان ئىشى ئىنسانلارغا يامانلىقنى چىرايلىق كۆرسىتىپ ئۇلارنى ئازدۇرۇشتۇر.

3. ھەق يولدا مېڭىشنى خالىماي، كۇفرى ۋە ئازغۇنلۇقنى ئۆزلىرى ئۈچۈن راۋا كۆرگەنلەرنى ئاللاھ تائالا ھىدايەت قىلمايدۇ.

### ◄ جىھاد چاقىرىقى

﴿يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ مَا لَكُمْ إِذَا قِيلَ لَكُمُ ٱنفِرُواْ فِى سَبِيلِ

[1] «صحيح البخاري» 6-توم، 66-بەت، 4662 -ھەدىس

ٱللَّهِ ٱثَّاقَلۡتُمۡ إِلَى ٱلۡأَرۡضِۚ أَرَضِيتُم بِٱلۡحَيَوٰةِ ٱلدُّنۡيَا مِنَ ٱلۡأٓخِرَةِۚ فَمَا
مَتَٰعُ ٱلۡحَيَوٰةِ ٱلدُّنۡيَا فِي ٱلۡأٓخِرَةِ إِلَّا قَلِيلٌ ﴿٣٨﴾ إِلَّا تَنفِرُواْ يُعَذِّبۡكُمۡ
عَذَابًا أَلِيمًا وَيَسۡتَبۡدِلۡ قَوۡمًا غَيۡرَكُمۡ وَلَا تَضُرُّوهُ شَيۡـٔٗاۗ وَٱللَّهُ عَلَىٰ
كُلِّ شَيۡءٖ قَدِيرٌ ﴿٣٩﴾ إِلَّا تَنصُرُوهُ فَقَدۡ نَصَرَهُ ٱللَّهُ إِذۡ أَخۡرَجَهُ ٱلَّذِينَ
كَفَرُواْ ثَانِيَ ٱثۡنَيۡنِ إِذۡ هُمَا فِي ٱلۡغَارِ إِذۡ يَقُولُ لِصَٰحِبِهِۦ لَا تَحۡزَنۡ
إِنَّ ٱللَّهَ مَعَنَاۖ فَأَنزَلَ ٱللَّهُ سَكِينَتَهُۥ عَلَيۡهِ وَأَيَّدَهُۥ بِجُنُودٖ لَّمۡ تَرَوۡهَا
وَجَعَلَ كَلِمَةَ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ ٱلسُّفۡلَىٰۗ وَكَلِمَةُ ٱللَّهِ هِيَ ٱلۡعُلۡيَاۗ وَٱللَّهُ
عَزِيزٌ حَكِيمٌ ﴿٤٠﴾

### ◄ تەرجىمىسى

**38**-ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەرگە «ئاللاھ يولىدا (جىهادقا) ئاتلىنىڭلار» دېيىلسە، نېمىشقا يۇرتۇڭلارغا تارتىشىپ تۇرۇۋالىسىلەر؟ ئاخىرەتتىن (ۋاز كېچىپ) دۇنيا ھاياتىغا رازى بولدۇڭلارمۇ؟ ئۇنتۇماڭلاركى، دۇنيا ھاياتىنىڭ مەنپەئەتلىرى ئاخىرەتنىڭ نېمەتلىرى ئالدىدا پەقەت ئازغىنە مەنپەئەتتۇر.

**39**-ئەگەر سىلەر (جىهادقا) ئاتلانمىساڭلار، ئاللاھ سىلەرگە قاتتىق ئازاب قىلىدۇ. (سىلەرنى ھالاك قىلىۋېتىپ) ئورنۇڭلارغا سىلەردىن باشقا قەۋمنى كەلتۈرىدۇ، سىلەر (بۇ قىلمىشىڭلار بىلەن) ئاللاھقا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيسىلەر. ئاللاھ ھەر نەرسىگە قادىردۇر.

**40**-ئەگەر سىلەر ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ياردەم قىلمىساڭلار (ئاللاھ ياردەم قىلىدۇ)، ئۆز ۋاقتىدا كاپىرلار ئۇنى (مەككىدىن ئەبۇ بەكرىدىن ئىبارەت) بىرلا كىشىنىڭ ھەمراھلىقىدا ھەيدەپ چىقارغاندا، ئاللاھ ئۇنىڭغا ھەقىقەتەن ياردەم قىلغان ئىدى. ئەينى زاماندا ئۇ ئىككىسى غاردا ئىدى. (پەيغەمبەر) ھەمراھىغا: «غەم قىلمىغىن، ئاللاھ بىز بىلەن بىللە» دەيتتى، ئاللاھ ئۇنىڭغا خاتىرجەملىك چۈشۈرگەن، ئۇنىڭغا (پەرىشتىلەردىن بولغان) سىلەر كۆرمىگەن قوشۇنلار بىلەن مەدەت بەرگەن، كاپىرلارنىڭ سۆزىنى پەس قىلغان ئىدى. ئاللاھنىڭ سۆزى (بولغان تەۋھىد كەلىمىسى ھەمىشە) ئۈستۈندۇر. ئاللاھ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

## بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ئالدىنقى ئايەتلەر ئايلارنىڭ سانى ۋە ئۇرۇش قىلىش چەكلەنگەن ئايلار ھەققىدە توختالغان بولۇپ، بۇ ئايەتلەردىن سۈرىنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان ئايەتلەر تەبۇك ئۇرۇشى توغرىسىدا نازىل بولغان. بۇ ئايەتلەر مۇسۇلمانلارنىڭ ئىرادىسىنى كۈچلەندۈرۈش، مۇناپىقلارنىڭ ئەپتى-بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلاش ۋە مۇسۇلمانلار جەمئىيىتى ئېھتىياجلىق بولغان نۇرغۇن مەسىلىلەرنى بايان قىلىپ بېرىش، شۇنداقلا جىھادتىن ئايرىلىپ قېلىپ، ئۇرۇش مەيدانلىرىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىر سەپتە بولمىغانلارنى ئەيىبلەش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

تەبۇك ئۇرۇشى ھىجرىيەنىڭ 9-يىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھۇنەيىن ۋە تائىفتىكى ئۇرۇشلاردىن قايتقاندىن كېيىن يۈز بەرگەن بولۇپ، بۇ ۋاقىتتا مۇسۇلمانلارنىڭ مېۋە ئۈزۈش ۋە ھوسۇل يىغىۋېلىش ۋاقتى يېقىنلىشىپ قالغان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇسۇلمانلارنىڭ بەزىسى بۇ ۋاقىتتا جىھادقا چىقىشنى ياقتۇرمىغان.﴿كُتِبَ عَلَيۡكُمُ ٱلۡقِتَالُ وَهُوَ كُرۡهٞ لَّكُمۡۖ وَعَسَىٰٓ أَن تَكۡرَهُواْ شَيۡـٔٗا وَهُوَ خَيۡرٞ لَّكُمۡۖ وَعَسَىٰٓ أَن تُحِبُّواْ شَيۡـٔٗا وَهُوَ شَرّٞ لَّكُمۡۚ وَٱللَّهُ يَعۡلَمُ وَأَنتُمۡ لَا تَعۡلَمُونَ﴾ يەنى ﴿(ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئىنسان تەبىئىتىنىڭ تەقەززاسى بىلەن) سىلەر ياقتۇرمىساڭلارمۇ ئۇرۇش قىلىش سىلەرگە پەرز قىلىندى. بەلكى سىلەر بىر نەرسىنى يامان كۆرۈشۈڭلار مۇمكىن، ھالبۇكى، ئۇ سىلەر ئۈچۈن ياخشىلىقتۇر؛ سىلەر بىر نەرسىنى ياخشى كۆرۈشۈڭلار مۇمكىن، ھالبۇكى، ئۇ نەرسە سىلەر ئۈچۈن يامانلىقتۇر. (سىلەرگە نېمىنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى) ئاللاھ ئوبدان بىلىدۇ، سىلەر بىلمەيسىلەر﴾[1].

ئەمما تەبۇك ئۇرۇشىنىڭ كېلىپ چىقىشىنىڭ سەۋەبىگە كەلسەك، بۇ ۋاقىتتا لەخم ۋە جۇزام قاتارلىق ئەرەب قەبىلىلىرى رىملىقلار بىلەن بىرلىشىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارشى ئۇرۇش قىلىش ۋە مەدىنىگە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن زور قوشۇن توپلاپ تەييارلىق كۆرگەن. بۇ سەۋەبتىن مۇسۇلمانلار ئۇرۇش ھازىرلىقىغا كىرىشكەن. بۇ ئۇرۇشمۇ خۇددى باشقا كۆپلىگەن ئۇرۇشلارغا ئوخشاشلا ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى ئۈستۈن قىلىش، مۇسۇلمانلارنى قوغداش ۋە ئىسلام دۆلىتىنى مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن ئۇرۇشى ئىدى.

---

[1] بەقەرە سۈرىسى: 216-ئايەت.

## تەپسىرى

ئى ئىمان بىلەن سۈپەتلەنگەن، «قۇرئان كەرىم» بىلەن ھىدايەت تاپقان ۋە دىلىدا ئىمان مۇستەھكەم ئورۇن ئالغان كىشىلەر! سىلەرگە نېمە بولدى؟ پەيغەمبىرىڭلار سىلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى بارچە دىنلاردىن ئۈستۈن قىلىش ئۈچۈن ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشقا چاقىرسا، نېمە ئۈچۈن بۇنىڭغا سەل قاراپ قىزغىن بولمايسىلەر؟ سىلەرگە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن تەييارلىنىۋاتقان رىملىقلارغا قارشى ئۇرۇشقا چىقىڭلار دېيىلگەن تۇرسا، نېمىشقا يۇرتۇڭلاردىن ئايرىلغۇڭلار كەلمەيدۇ؟ نېمىشقا ئۇرۇشقا چىقىشقا قىزىقمايسىلەر؟ سىلەرنى جىھادقا چىقىشتىن توسۇپ قويغان سەۋەب زادى نېمە؟ يەر يۈزىدە مەڭگۈ ياشاپ راھەت ئىچىدە لەززەتلىنىش ئىستىكى سىلەرنى ئۇرۇش قىلىشتىن توسۇپ قويدىمۇ يا؟ جىھاد قىلىش، ئۇنىڭغا پۇختا تەييارلىق قىلىش ۋە بۇ يولدا جان ھەم پۇل-مالنى ئاتاش ئىماننىڭ تەلىپى تۇرسا، سىلەر قانداقمۇ ئارقىغا چېكىنىسىلەر؟ سىلەرنىڭ بۇ ھالىڭلار ئىمانىڭلارغا زىت كەلمەمدۇ؟ چۈنكى، ئاللاھ تائالا: ﴿إِنَّمَا ٱلۡمُؤۡمِنُونَ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ بِٱللَّهِ وَرَسُولِهِۦ ثُمَّ لَمۡ يَرۡتَابُواْ وَجَٰهَدُواْ بِأَمۡوَٰلِهِمۡ وَأَنفُسِهِمۡ فِي سَبِيلِ ٱللَّهِۚ أُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلصَّٰدِقُونَ﴾ يەنى ﴿شەكسىزكى، (ھەقىقىي) مۆئمىنلەر ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرگەن، ئاندىن ھەرگىز شەك كەلتۈرمىگەن، پۇل-ماللىرى بىلەن، جانلىرى بىلەن ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلغانلاردۇر. ئەنە شۇلار (ئىمانىدا) راستچىل كىشىلەردۇر﴾[1] دېگەن ئەمەسمۇ؟!

ياكى سىلەر ئاخىرەتلىكتىن ۋاز كېچىپ دۇنيالىققا تويدۇڭلارمۇ؟ دۇنيانىڭ ۋاقىتلىق لەززىتىگە ئاخىرەتنىڭ بەخت-سائادىتىنى ۋە دائىملىق نېمىتىنى تېگىشىشكە رازى بولدۇڭلارمۇ؟ ئەگەر سىلەر راستتىنلا شۇنداق قىلغان بولساڭلار، سىلەر ئەرزىمەس بىر نەرسىنى ياخشى نەرسىگە ئالماشتۇرغان بولىسىلەر. دۇنيانىڭ بۇ ۋاقىتلىق مەنپەئەتلىرىنى ئاخىرەتنىڭ دائىملىق نېمىتىگە ۋە ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىغا سېلىشتۇرغاندا، دۇنيا مەنپەئەتلىرى تىلغا ئالغۇدەك نەرسە ئەمەس.

ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەر جىھادقا چاقىرىلغان چاغدا، ئەگەر سىلەر ياش-قېرى، پىيادە-ئۇلاغلىق ھەممىڭلار قۇدرىتىڭلارنىڭ ۋە ئىمكا-نىيىتىڭلارنىڭ يېتىشىچە جىھادقا چىقمىساڭلار، ئاللاھ تائالا سىلەرنى ئەڭ قاتتىق ۋە ئەڭ دەردلىك ئازابلار بىلەن جازالايدۇ، سىلەرنى يوق

---

[1] ھۇجۇرات سۈرىسى: 15-ئايەت.

قىلىۋېتىپ، ئورنۇڭلارغا ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە تولۇق ئىتائەت قىلىدىغان، جىھاد قىلىشتىن قورقمايدىغان باشقا قەۋمنى كەلتۈرىدۇ. بۇ ئاللاھ تائالانىڭ مۇسۇلمانلارغا قىلغان ئاگاھلاندۇرۇشىدۇر.

ئى ئۇرۇشقا سەل قاراپ تەييارلىق قىلمىغانلار! سىلەر بۇ قىلمىشىڭلار بىلەن ئاللاھ تائالاغا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيسىلەر. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ھەممىدىن بىھاجەتتۇر، ئۇنىڭغا ھېچكىم پايدا ياكى زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنى تىزگىنلەپ تۇرغۇچى ۋە ھەممە نەرسىگە قادىر زات تۇرسا، ئۇ قانداقمۇ مەخلۇقاتىغا موھتاج بولۇپ قالسۇن؟! بىلىڭلاركى، ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بېرىدىغان ياردىمىڭلاردىنمۇ بىھاجەتتۇر. چۈنكى، ئەگەر سىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ياردەم بەرمىسەڭلار، ئۇنىڭ «ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىڭلار!» دېگەن بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلمىساڭلار، ئاللاھ تائالا ئەلۋەتتە ئۇنىڭغا ئۆز قۇدرىتى ۋە ئۆز پەزلى بىلەن ياردەم قىلىدۇ، خۇددى مۇشرىكلار بىرلىشىپ ئۇنى يۇرتىدىن ھەيدەپ چىقىرىش ياكى ئۆلتۈرۈش ۋەياكى قاماققا ئېلىش ئۈچۈن سۇيىقەست قىلغاندا، ئۇنىڭغا ياردەم بەرگەندەك، ئۇنى ھەرگىز ياردەمسىز تاشلاپ قويمايدۇ، ئۇنى قوغدايدۇ ۋە غەلىبىگە ئېرىشتۈرىدۇ. ﴿وَإِذۡ يَمۡكُرُ بِكَ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ لِيُثۡبِتُوكَ أَوۡ يَقۡتُلُوكَ أَوۡ يُخۡرِجُوكَۚ وَيَمۡكُرُونَ وَيَمۡكُرُ ٱللَّهُۖ وَٱللَّهُ خَيۡرُ ٱلۡمَٰكِرِينَ﴾ يەنى ﴿(ئى پەيغەمبەر!) ئۆز ۋاقتىدا كاپىرلار سېنى تۇتقۇن قىلىش ياكى ئۆلتۈرۈش ۋەياكى (مەككىدىن) ھەيدەپ چىقىرىش ئۈچۈن سۇيىقەست پىلانلىغان ئىدى. ئۇلار سۇيىقەست پىلانلىغان بىلەن، ئاللاھ ئۇلارنىڭ سۇيىقەستىنى بەربات قىلىدۇ. ئاللاھ سۇيىقەستلەرنى بەربات قىلغۇچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر﴾[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەمراھى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن سەۋر تېغىدىكى[2] سەۋر غارىدا يوشۇرۇنغان ۋاقتىدىمۇ، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا ياردەم بەرگەن ۋە ئۇ ئىككىسىنى مۇشرىكلارنىڭ تېپىۋېلىشىدىن ساقلاپ قالغان ئىدى. ئۇ ۋاقىتتا ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ غارنىڭ ئىشىكى ئالدىدا تۇرۇۋاتقان مۇشرىكلارنى كۆرۈپ بىئارام بولۇپ: «يا رەسۇلۇللاھ! ئەگەر ئۇلاردىن بىرى پۇتىنىڭ ئاستىغا شۇنداقلا بىر قارىسا، بىزنى تېپىۋالىدۇ» دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالاغا

[1] ئەنفال سۈرىسى: 30-ئايەت.

[2] سەۋر تېغى-مەككىنىڭ جەنۇبىدىكى تاغ، ئېگىزلىكى 748 مېتىر كېلىدۇ، مەسجىدى ھەرەمدىن تۆت كىلومېتىر كېلىدۇ.

بولغان تولۇپ تاشقان ئىشەنچىسى بىلەن ئۇنىڭغا: ﴿لَا تَحۡزَنۡ إِنَّ ٱللَّهَ مَعَنَاۖ﴾ يەنى ﴿غەم قىلمىغىن، شەكسىزكى، ئاللاھ بىز بىلەن بىللە﴾[1] دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە ئۇنىڭغا: «ئى ئەبۇبەكرى! ئاللاھ بىز بىلەن بىللە تۇرسا، سەن نېمىدىن غەم قىلىسەن؟»[2] دېگەن. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ كۆڭلىنى تىنچلاندۇرغان. ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام باشتىنلا كۆڭلى خاتىرجەم، غەلىبىگە بولغان ئىشەنچىسى چەكسىز، ھېچقانداق قورقۇش ۋە بىئاراملىق ھېس قىلمىغان ھالدا، خاتىرجەم ئىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ قەلبى ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارنى مۇشرىكلاردىن قوغدايدىغانلىقىغا بولغان چىن ئىشەنچ بىلەن تولغان ئىدى. شۇڭا ئۇ خاتىرجەم ئۇخلىيالىغان. ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى يەنە جىھاد مەيدانلىرىدا پەرىشتىلەردىن ئىبارەت كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان قوشۇنلار بىلەن كۈچلەندۈرگەن ئىدى.

ئەللامە تەبەرىي ئۆز تەپسىرىدە ﴿لَا تَحۡزَنۡ إِنَّ ٱللَّهَ مَعَنَاۖ﴾ دېگەن ئايەت توغرۇلۇق مۇنداق دېگەن: «بۇ ئايەتتە ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىگە شۇنى ئۇقتۇرغانكى، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ياردەم بەرسۇن ياكى بەرمىسۇن، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا چوقۇم ياردەم قىلىدۇ ۋە بۇ دىنىنى ئەلۋەتتە كۈچلەندۈرىدۇ»[3].

ئەللامە ئىبنى قەييىم جەۋزى ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرى بىلەن بىللە ئىكەنلىكىنىڭ مەنىسىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «ئاللاھنىڭ بەندىلىرى بىلەن بىللە ئىكەنلىكى ئومۇم ۋە خاس دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. ئومۇم بولغىنى مۇئمىن-كاپىر، ياخشى-گۇناھكار ھەممە بەندىسىنى كۆزىتىپ ۋە ئۇلارنىڭ بارلىق ئىشلىرىنى بىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇنىڭ دەلىلى ﴿وَهُوَ مَعَكُمۡ أَيۡنَ مَا كُنتُمۡۚ﴾ يەنى ﴿سىلەر قەيەردە بولساڭلار، ئۇ سىلەر بىلەن بىللىدۇر﴾[4] دېگەن ئايەتتۇر. خاس بولغىنى ئاللاھ تائالانىڭ مۇئمىن، تەقۋادار بەندىلىرىگە يېقىن ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ ﴿إِنَّ ٱللَّهَ مَعَ ٱلَّذِينَ ٱتَّقَواْ وَّٱلَّذِينَ هُم مُّحۡسِنُونَ﴾ يەنى ﴿شەكسىزكى، ئاللاھ تەقۋادارلار ۋە (بۇيرۇلغان ھەر ئىشنى)

[1] تەۋبە سۈرىسى: 40- ئايەت.
[2] «صحيح البخاري» 5-توم، 4-بەت، 3653-ھەدىس.
[3] «تفسير الطبري» 14-توم، 257-بەت.
[4] ھەدىد سۈرىسى: 4- ئايەت.

قىيتىرقىنىپ قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر﴾[1]. ﴿وَإِنَّ ٱللَّهَ لَمَعَ ٱلْمُحْسِنِينَ﴾ يەنى ﴿شەكسىزكى، ئاللاھ (بۇيرۇلغان ھەر ئىشنى) قىيتىرقىنىپ قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر﴾[2] دېگەن ئايەتلەرگە ئوخشاش. ئاللاھ تائالانىڭ مۆئمىن، تەقۋادار بەندىلىرىگە يېقىنلىقى ئۇلارغا ياردەم قىلىش ۋە ئۇلارنى قوغداش بىلەن بولىدۇ»[3].

بەزى ھەدىسلەردە بايان قىلىنىشىچە، ئاللاھ تائالا بەدرى، ھۇنەيىن ۋە ئەھزاب ئۇرۇشلىرى بولغان كۈنلەردىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا باشلىرىغا ئاق سەللە ئورىۋالغان پەرىشتىلەر بىلەن مەدەت بەرگەن. ﴿إِنَّا لَنَنصُرُ رُسُلَنَا وَٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ فِي ٱلْحَيَوٰةِ ٱلدُّنْيَا وَيَوْمَ يَقُومُ ٱلْأَشْهَـٰدُ﴾ يەنى ﴿شەك-شۈبھىسىزكى، بىز پەيغەمبەرلىرىمىزگە، مۆئمىنلەرگە ھەم دۇنيا ھاياتىدا، ھەم گۇۋاھچىلار ھازىر بولىدىغان (قىيامەت) كۈندە ئەلۋەتتە ياردەم بېرىمىز﴾[4].

ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ياردەم ۋە مەدەت بېرىش ئارقىلىق كاپىرلارنىڭ سۆزىنى ۋە دۆلىتىنى يەر بىلەن يەكسان قىلدى ۋە ھەق دىنىنى بارچە دىنلاردىن ئۈستۈن ھەم غالىب قىلدى. ئاللاھ تائالانىڭ دىنى راستتىنلا ھەممىدىن ئۈستۈندۇر. چۈنكى، بۇ دىنىنىڭ ئىگىسى بولغان زات-ئاللاھ تائالا مۇتلەق غالىبتۇر. ئۇنىڭغا تەڭ كېلىدىغان ھېچقانداق كۈچ يوقتۇر. ئاللاھ تائالا ئىشلارنى تەرتىپلەشتە، بەلگىلەشتە ۋە ئىدارە قىلىشتا ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. ئۇ ئۆزىنىڭ غالىبلىقى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ياردەم بەرگەن، تەڭداشسىز ھېكمىتى بىلەن ئۆزىنىڭ دىنىنى باتىل دىنلار ئۈستىدىن غالىب قىلغان زاتتۇر. ﴿هُوَ ٱلَّذِيٓ أَرْسَلَ رَسُولَهُۥ بِٱلْهُدَىٰ وَدِينِ ٱلْحَقِّ لِيُظْهِرَهُۥ عَلَى ٱلدِّينِ كُلِّهِۦۚ وَكَفَىٰ بِٱللَّهِ شَهِيدًا﴾ يەنى ﴿مۇشرىكلار يامان كۆرگەن تەقدىردىمۇ، ئاللاھ ھەق دىنىنى بارلىق دىنلاردىن ئۈستۈن قىلىش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام)نى ھىدايەت ۋە ھەق دىن بىلەن ئەۋەتكەن زاتتۇر﴾[5].

[1] نەھل سۈرىسى: 128- ئايەت.
[2] ئەنكەبۇت سۈرىسى: 69- ئايەت
[3] ئەللامە ئىبنى قەييىم جەۋزىنىڭ «مدارج السالكين» ناملىق ئەسىرى، 2: 265- بەت.
[4] غافىر سۈرىسى: 51-ئايەت.
[5] تەۋبە سۈرىسى: 33-ئايەت.

### مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئىسلام دۆلىتىنىڭ باشلىقى جىهادقا چىقىش توغرۇلۇق پەرمان چۈشۈرگەندە، جىهادقا ھازىر بولۇش بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ئۈستىگە پەرز ئەين بولۇپ بەلگىلىنىدۇ.

2. ئىسلامدا ئاللاھ يولىدا قىلىنغان ئۇرۇشتىن باشقىسى جىهاد دېيىلمەيدۇ.

3. دۇنيانىڭ ۋاقىتلىق نېمەتلىرى ئاخىرەتتە مۆئمىنلەر ئېرىشىدىغان مەڭگۈلۈك نېمەتلەر ئالدىدا ھېچ نەرسە سانالمايدۇ.

4. مۆئمىنلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىغا سادىق بولۇپ، ئۇنىڭغا تولۇق ئەگىشىش بىلەنلا ئۇنىڭغا ياردەم بەرگەن بولىدۇ.

5. ئىسلام ئۈممىتى ئىچىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن قالسا، ئىمانى ئەڭ مۇكەممەل بولغان ۋە ئەڭ يۇقىرى مەرتىۋىگە سازاۋەر بولغان زات ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدۇر.

### ئومۇمىيۈزلۈك ئۇرۇشقا ئاتلىنىش

﴿ٱنفِرُواْ خِفَافًا وَثِقَالًا وَجَٰهِدُواْ بِأَمۡوَٰلِكُمۡ وَأَنفُسِكُمۡ فِي سَبِيلِ
ٱللَّهِۚ ذَٰلِكُمۡ خَيۡرٞ لَّكُمۡ إِن كُنتُمۡ تَعۡلَمُونَ ٤١﴾

### تەرجىمىسى

41-(ئى ئىمان ئېيتقانلار!) سىلەر يەڭگىل بولغان ھالەتتىمۇ، ئېغىر بولغان ھالەتتىمۇ[1] جىهادقا چىقىڭلار، ئاللاھ يولىدا پۇل-مېلىڭلار بىلەن، جېنىڭلار بىلەن جىهاد قىلىڭلار، ئەگەر بىلسەڭلار، مۇشۇنداق قىلىش سىلەر ئۈچۈن ئەڭ ياخشىدۇر.

### تەپسىرى

ئاللاھ تائالا ئالدىنقى ئايەتلەردە جىهادقا چىقىشتىن قېلىپ قالغانلار-

[1] ئايەتتىكى ﴿يەڭگىل ۋە ئېغىر﴾دىن مەقسەت، مەيلى ئوڭاي شارائىتتا بولۇڭلار، ياكى قىيىن شارائىتتا بولۇڭلار، مەيلى ياش، ياكى قېرى، مەيلى ئاجىز، ياكى كۈچلۈك، مەيلى باي، ياكى كەمبەغەل بولۇڭلار، مەيلى ئاتلىق، ياكى پىيادە بولۇڭلار، مەيلى قانداقلا ھالەتتە بولۇڭلار، جىهادقا چاقىرىلغان ۋاقىتىڭلاردا دەرھال جىهادقا ئاتلىنىڭلار، دېگەنلىكتۇر.

نى ئەيىبلىگەندىن كېيىن، مۇسۇلمانلارنى ئۇمۇمىيۈزلۈك جىهادقا چىقىشقا ئەمر قىلىپ: ﴿يەڭگىل بولغان ھالەتتىمۇ، ئېغىر بولغان ھالەتتىمۇ جىهادقا چىقىڭلار﴾ دېگەن. بۇ ئايەتتىكى يەڭگىللىك بىلەن ئېغىرلىقتىن ياشلىق بىلەن قېرىلىق، ئوڭايلىق بىلەن قىيىنچىلىق كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەر جىهادقا چاقىرىلغان چېغىڭلاردا، ياش-قېرى، باي – كەمبەغەل، ئاتلىق – پىيادە، ئوڭاي-قىيىن ھەرقانداق ھالەتتە جىهادقا چىقىڭلار، دېگەنلىكتۇر. ئومۇمىيۈزلۈك جىهادقا چىقىش بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا شەرىئەتتە ئېتىبارغا ئېلىنىدىغان بىرەر ئۆزرىسى بار كىشىلەردىن باشقا بارلىق كىشىلەرنىڭ جىهادقا چىقىشى پەرز ئەيندۇر. «قۇرئان كەرىم» ئېتىبارغا ئېلىنىدىغان ئۆزرىلەرنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿لَّيۡسَ عَلَى ٱلضُّعَفَآءِ وَلَا عَلَى ٱلۡمَرۡضَىٰ وَلَا عَلَى ٱلَّذِينَ لَا يَجِدُونَ مَا يُنفِقُونَ حَرَجٌ إِذَا نَصَحُواْ لِلَّهِ وَرَسُولِهِۦ﴾ يەنى ﴿(ياشىنىپ قالغان) ئاجىزلار، كېسەللەر، (جىهادقا چىقىشقا) خىراجەت تاپالمىغانلار ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە سادىق بولسىلا، (جىهادقا چىقمىغانلىقى سەۋەبلىك) ئۇلارغا گۇناھ بولمايدۇ. سەممىي بولغانلارنى ئەيىبلەشكە يول يوق. ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾[1].

ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەر جىهادقا چاقىرىلغان ۋاقىتتا، ئاللاھ يولىدا ئومۇمىيۈزلۈك جىهادقا ئاتلىنىڭلار، پۇل-ماللىرىڭلارنى سەرپ قىلىش ۋە جېنىڭلارنى پىدا قىلىش بىلەن كۈچۈڭلارنىڭ يېتىشىچە جىهاد قىلىڭلار. چۈنكى، جىهادقا چاقىرىلغاندا، مال-دۇنياسى بار، تېنى ساق كىشىلەرنىڭ مال-دۇنياسىنى سەرپ قىلىش ۋە جېنىنى پىدا قىلىش بىلەن ئاللاھ يولىدا جىهاد قىلىشى پەرزدۇر. ھەممىلا ئادەمدە تەن ساقلىقى بىلەن پۇل-مال تېپىلمايدۇ. شۇڭا تەن سالامەتلىكى ياخشى، ئەمما پۇل-مېلى يوق كىشىنىڭ جېنىنى پىدا قىلىش بىلەن، تەن سالامەتلىكى ياخشى ئەمەس، ئەمما پۇل-مېلى بار كىشىنىڭ پۇل-مېلىنى سەرپ قىلىش بىلەن جىهاد قىلىشى پەرزدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى پۇل-مېلىنى سەرپ قىلىش بىلەن ۋە جېنىنى پىدا قىلىش بىلەن ئاللاھ يولىدا جىهاد قىلاتتى. ئۈچىنچى خەلىپە ئوسمان ئىبنى ئاففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تەبۇك ئۇرۇشىدىن ئىبارەت شۇنداق بىر قىيىن ئۇرۇشتا ئەسكەرلەرنى ئات-ئۇلاق،

[1] تەۋبە سۈرىسى: 91-ئايەت.

قورال-ياراق ۋە تەمىنات جەھەتتىن تولۇق تەمىنلەشنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان، باشقا ساھابىلەرمۇ كۈچىنىڭ يېتىشىچە ياردەمدە بولغان. ھازىرقى دۆلەتلەرمۇ زور مىقداردا پۇل-مال سەرپ قىلىپ، ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈن ئەڭ يۇقىرى پەن-تېخنىكا بىلەن قوراللىنىدۇ.

ئى مۇسۇلمانلار! ئەگەر بىلسەڭلار، ئاللاھ تائالانىڭ يولىدا جىھاد قىلىش سىلەر ئۈچۈن ئەڭ ياخشىدۇر. چۈنكى، سىلەرنىڭ ئىززىتىڭلار ۋە خاتىرجەملىكىڭلار پەقەت دۈشمەنلىرىڭلارنىڭ يامانلىقىدىن ئامان بولۇش بىلەنلا داۋاملىشىدۇ.

مۇشۇنداق ئومۇمىي شەكىلدە جىھادقا چىقىش زۆرۈرىيىتى مەلۇم ۋاقىتلاردىلا بولىدۇ، ئەمما ئادەتتىكى ۋاقىتلاردا باش قوماندانىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئىش كۆرۈلىدۇ.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئەمەللەرنىڭ ئەڭ كاتتىسى جاننى تىكىپ، مال-دۇنيانى سەرپ قىلىپ، ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشتۇر.

2. جىھادنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ئامىللىرى چىدامىلىق ئەسكەرلەر بىلەن ئىقتىسادتۇر، پەن-تېخنىكا كۈچى، ئەقلىي كۈچ قاتارلىقلار جىھادتا ھالقىلىق رول ئوينايدۇ.

3. يالغاندىن ئىمان ئېيتقانلار ھالقىلىق شارائىتلاردا ئۆزلىرىنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى ئاشكارىلاپ قويىدۇ.

### ◄ مۇناپىقلارنىڭ ھىيلە-مىكرلىرى

﴿لَوْ كَانَ عَرَضًا قَرِيبًا وَسَفَرًا قَاصِدًا لَّاتَّبَعُوكَ وَلَٰكِن بَعُدَتْ
عَلَيْهِمُ الشُّقَّةُ ۚ وَسَيَحْلِفُونَ بِاللَّهِ لَوِ اسْتَطَعْنَا لَخَرَجْنَا مَعَكُمْ
يُهْلِكُونَ أَنفُسَهُمْ وَاللَّهُ يَعْلَمُ إِنَّهُمْ لَكَاذِبُونَ ﴿٤٢﴾ عَفَا اللَّهُ عَنكَ
لِمَ أَذِنتَ لَهُمْ حَتَّىٰ يَتَبَيَّنَ لَكَ الَّذِينَ صَدَقُوا وَتَعْلَمَ الْكَاذِبِينَ
﴿٤٣﴾ لَا يَسْتَأْذِنُكَ الَّذِينَ يُؤْمِنُونَ بِاللَّهِ وَالْيَوْمِ الْآخِرِ أَن يُجَاهِدُوا
بِأَمْوَالِهِمْ وَأَنفُسِهِمْ ۗ وَاللَّهُ عَلِيمٌ بِالْمُتَّقِينَ ﴿٤٤﴾ إِنَّمَا يَسْتَأْذِنُكَ الَّذِينَ

لَا يُؤۡمِنُونَ بِٱللَّهِ وَٱلۡيَوۡمِ ٱلۡأٓخِرِ وَٱرۡتَابَتۡ قُلُوبُهُمۡ فَهُمۡ فِي رَيۡبِهِمۡ
يَتَرَدَّدُونَ ﴿٤٥﴾ ۞ وَلَوۡ أَرَادُواْ ٱلۡخُرُوجَ لَأَعَدُّواْ لَهُۥ عُدَّةٗ وَلَٰكِن
كَرِهَ ٱللَّهُ ٱنۢبِعَاثَهُمۡ فَثَبَّطَهُمۡ وَقِيلَ ٱقۡعُدُواْ مَعَ ٱلۡقَٰعِدِينَ ﴿٤٦﴾ لَوۡ
خَرَجُواْ فِيكُم مَّا زَادُوكُمۡ إِلَّا خَبَالٗا وَلَأَوۡضَعُواْ خِلَٰلَكُمۡ
يَبۡغُونَكُمُ ٱلۡفِتۡنَةَ وَفِيكُمۡ سَمَّٰعُونَ لَهُمۡۗ وَٱللَّهُ عَلِيمُۢ بِٱلظَّٰلِمِينَ
﴿٤٧﴾ لَقَدِ ٱبۡتَغَوُاْ ٱلۡفِتۡنَةَ مِن قَبۡلُ وَقَلَّبُواْ لَكَ ٱلۡأُمُورَ حَتَّىٰ جَآءَ ٱلۡحَقُّ
وَظَهَرَ أَمۡرُ ٱللَّهِ وَهُمۡ كَٰرِهُونَ ﴿٤٨﴾ وَمِنۡهُم مَّن يَقُولُ ٱئۡذَن لِّي وَلَا
تَفۡتِنِّيٓۚ أَلَا فِي ٱلۡفِتۡنَةِ سَقَطُواْۗ وَإِنَّ جَهَنَّمَ لَمُحِيطَةُۢ بِٱلۡكَٰفِرِينَ ﴿٤٩﴾
إِن تُصِبۡكَ حَسَنَةٞ تَسُؤۡهُمۡۖ وَإِن تُصِبۡكَ مُصِيبَةٞ يَقُولُواْ قَدۡ أَخَذۡنَآ
أَمۡرَنَا مِن قَبۡلُ وَيَتَوَلَّواْ وَّهُمۡ فَرِحُونَ ﴿٥٠﴾ قُل لَّن يُصِيبَنَآ إِلَّا مَا
كَتَبَ ٱللَّهُ لَنَا هُوَ مَوۡلَىٰنَاۚ وَعَلَى ٱللَّهِ فَلۡيَتَوَكَّلِ ٱلۡمُؤۡمِنُونَ ﴿٥١﴾ قُلۡ
هَلۡ تَرَبَّصُونَ بِنَآ إِلَّآ إِحۡدَى ٱلۡحُسۡنَيَيۡنِۖ وَنَحۡنُ نَتَرَبَّصُ بِكُمۡ أَن
يُصِيبَكُمُ ٱللَّهُ بِعَذَابٖ مِّنۡ عِندِهِۦٓ أَوۡ بِأَيۡدِينَاۖ فَتَرَبَّصُوٓاْ إِنَّا مَعَكُم
مُّتَرَبِّصُونَ ﴿٥٢﴾

### تەرجىمىسى

42ـ ئەگەر (مۇناپىقلار دەۋەت قىلىنغان بۇ ئىش) ئاسان قولغا كېلىدىغان غەنىيمەت ۋە (يېقىن مۇساپىلىك) ئوتتۇرا سەپەر بولسا ئىدى، ئۇلار چوقۇم ساڭا ئەگىشىپ چىقاتتى. لېكىن، بۇ ئارىلىق ئۇلارغا يىراق بىلىندى. ئۇلار: «ئەگەر چىقىشقا قادىر بولالىغان بولساق، ئەلۋەتتە سىلەر بىلەن بىللە چىقاتتۇق» دەپ، ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم ئىچىپ، ئۆزىنى ئۆزى ھالاك قىلىدۇ. ئاللاھ بىلىدۇكى، ئۇلار شەك-شۈبھىسىز يالغانچىلاردۇر.

43ـ (ئى پەيغەمبەر!) ئاللاھ سېنى كەچۈردى، (ئۆزرىسىدە) راستچىللار ساڭا ئېنىق بولمىغۇچە ۋە سەن يالغانچىلارنى بىلمىگۈچە، نېمىشقا ئۇلارغا (جىھادقا چىقماسلىققا) رۇخسەت بەردىڭ؟

44ـ ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە (چىن قەلبىدىن) ئىشىنىدىغانلار سەندىن پۇل ـماللىرى ۋە جانلىرى بىلەن جىھاد قىلىشتىن (قىلىپ قىلىش ئۈچۈن) رۇخسەت سورىمايدۇ. ئاللاھ تەقۋادارلارنى ئوبدان بىلىدۇ.

45ـ سەندىن پەقەت ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنمەيدىغان، دىلىدا شەك بار كىشىلەرلا رۇخسەت سورايدۇ، ئۇلار شەك ـشۈبھىلىرىدە تېڭىرقاپ يۈرىدۇ.

46ـ ئەگەر ئۇلارنىڭ جىھادقا چىقىش نىيىتى بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە ئۇنىڭغا تولۇق تەييارلىق قىلاتتى، لېكىن ئاللاھ ئۇلارنىڭ چىقىشىنى ياقتۇرمىدى، شۇڭا ئۇلارنى (جىھادقا چىقىشتىن) سوغۇتۇپ قويدى. (ئۇلارغا) «ئۆيلىرىدە قېلىپ قالىدىغان (ئاياللار، كىچىك باللار ۋە ئاجىز) لار بىلەن بىللە قېلىڭلار» دېيىلدى.

47ـ ئەگەر ئۇلار سىلەر بىلەن بىللە چىققان بولسا ئىدى، ئاراڭلاردا پەقەت پىتنە ـپاساتنىلا كۆپەيتەتتى، ئاراڭلارغا بۆلگۈنچىلىك سېلىش ئۈچۈن چوقۇم سۇخەنچىلىك قىلاتتى. ئاراڭلاردا ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە بەك قۇلاق سالىدىغانلار بار. ئاللاھ (ئۇنداق) زالىملارنى ئوبدان بىلگۈچىدۇر.

48ـ (ئى پەيغەمبەر!) ئىلگىرى ئۇلار تاكى ئاللاھنىڭ ياردىمى كەلگەنگە، ئاللاھنىڭ دىنى ئۈستۈنلۈك قازانغانغا قەدەر، ھەقىقەتەن، بۆلگۈنچىلىك سېلىشقا ئۇرۇنغان ۋە ساڭا ھىيلە ـمىكىرلەرنى ئىشلەتكەن ئىدى. ھالبۇكى، ئۇلار (ئاللاھنىڭ دىنىنىڭ ئۈستۈنلۈك قازىنىشىنى) يامان كۆرگۈچىلەردۇر.

49ـ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا: «ماڭا رۇخسەت قىلغىن، مېنى پىتنىگە چۈشۈرمىگىن» (يەنى رىملىق ئاياللار بىلەن گۇناھ قىلىپ سېلىشىمغا سەۋەبچى بولمىغىن) دېگۈچىلەرمۇ بار. ئەمەلىيەتتە، ئۇلار (مۇناپىقلىقتىن ئىبارەت چوڭ) پىتنىگە چۈشۈپ بولغان ئىدى. شەكسىزكى، جەھەننەم كاپىرلارنى چوقۇم قورشىغۇچىدۇر.

50ـ (ئى پەيغەمبەر!) ئەگەر سەن بىرەر ياخشىلىققا ئېرىشسەڭ، ئۇلارنىڭ كۆڭلى يېرىم بولىدۇ؛ ئەگەر ساڭا بىرەر مۇسىبەت كەلسە: «(ئەجەب ياخشى بولدى) بىز بۇرۇن تەدبىرىمىزنى ئالغان ئىكەنمىز» دېيىشىپ خۇشال قايتىشىدۇ.

51-ئېيتقىنكى، «بىزگە پەقەت ئاللاھنىڭ تەقدىر قىلغان نەرسىسىلا يېتىدۇ، ئاللاھ بىزنىڭ مەدەتكارىمىزدۇر. مۆئمىنلەر ئاللاھقىلا تەۋەككۈل قىلسۇن».

52-ئېيتقىنكى، «سىلەر پەقەت بىزنىڭ (غەلىبە قىلىش ياكى شېھىت بولۇشتىن ئىبارەت) ئىككى ياخشىلىقنىڭ بىرىگە ئېرىشىشىمىزنى كۈتۈۋاتىسلەر، بىزمۇ ئاللاھنىڭ سىلەرگە ئۆز دەرگاھىدىن ئازاب چۈشۈرۈشىنى ياكى بىزنىڭ قولىمىز ئارقىلىق سىلەرنى جازالىشىنى كۈتۈۋاتىمىز، سىلەرمۇ كۈتۈڭلار، شەكسىزكى، بىزمۇ ئەلۋەتتە سىلەر بىلەن بىللە كۈتىمىز».

## ◄ نازىل بولۇش سەۋەبى

ئاللاھ تائالانىڭ يولىدا جىھاد قىلىشقا چاقىرىلغان ھامان تولۇپ تاشقان جەڭگىۋارلىق، خۇشاللىق ۋە مەمنۇنلۇق بىلەن جىھادقا ئاتلىنىپ پەيغەمبەرنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇش مۆئمىنلەرنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم ئىشلىرىدىن بىرىدۇر. چۈنكى، ئىمان شۇنداق قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ھەقىقىي مۆئمىن ئادەم ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش ئارقىلىق غەلىبىگە ياكى شېھىتلىك مەرتىۋىسىگە ئېرىشىشتىن ئىبارەت ئىككى ياخشىلىقنىڭ بىرىنى كۈتىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۆئمىنلەرنى تەبۇك غازىتىغا چىقىشقا چاقىرغان ۋاقىتتا، مۇنداق تېزدىن ئۇرۇشقا ئاتلىنىش ئۇلارنىڭ بەزىسىگە ئېغىر تۇيۇلغان ئىدى. بۇنداق ئېغىر تۇيۇلۇشقا سەۋەب بولغان ئاساسلىق ئامىل بەزى كىشىلەردىكى مۇناپىقلىق ئىللىتى بولسا، يەنە بەزى كىشىلەردە ھەقىقىي ئۆزرە بار ئىدى. چۈنكى، كۆپچىلىك مۇسۇلمانلار بۇيرۇققا بويسۇنۇپ دەرھال جىھادقا ئاتلانغان. ئەمما تەن سالامەتلىكى جايىدا بولمىغان ياكى يوقسۇللۇقتىن جىھاد ئۈچۈن جابدۇنۇشقا چامى يەتمىگەن كىشىلەر جىھادقا چىقىشتىن قېلىپ قالغان. ئەمما مۇناپىقلار ھېچقانداق ئۆزرىسى يوق تۇرۇقلۇق، جىھادقا چىقىشتىن قېلىپ قالغان. چۈنكى، مۇناپىقلار ئۈچۈن جىھادقا چىقىش بەكمۇ ئېغىر كەلگەن، جىھادقا چىقىش بۇيرۇقى ئۇلارنىڭ قۇلاقلىرىغا پەقەتلا خۇش ياقمىغان ئىدى. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، مۇناپىقلار ئەزەلدىن قورقۇنچاق، ئىرادىسىز مەخلۇقلار بولغانلىقتىن، جان كېتىدىغان، مال كېتىدىغان چوڭ سىناقلارغا دۇچ كەلگەندە، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھەقىقىي يۈزىنى ۋە ئىچكى دۇنياسىنى ئاشكارىلاپ قويىدۇ. مۇنداق مۇناپىقلاردا ئۇزۇن مۇساپىلىك

تەبۇك رايونىغا بېرىپ، شۇ چاغلاردا دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ ئىمپېراتورلۇق سانىلىدىغان رىملىقلار بىلەن ئۇرۇش قىلىش جۈرئىتى نەدە بولسۇن؟! شۇڭا ئۇلار جىهادقا چىقماسلىق ئۈچۈن يالغان ئۆزرىلەرنى توقۇشقا ۋە ئۇرۇشقا چىقماي مەدىنىدە قېلىش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامدىن رۇخسەت سوراشقا ئالدىرايتتى، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالاممۇ ئۇلارغا رۇخسەت بېرەتتى. بۇ ئايەتلەر مۇناپىقلارنى رەسۋا قىلغان، ئۇلارنىڭ تەبىئىتىدىكى ۋە ئەخلاقىدىكى بۇزۇقلۇقنى ئېچىپ تاشلىغان.

ئىبنى هىشامنىڭ «سىيرەت» ناملىق ئەسىرىدە بايان قىلىنىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام تەبۇك ئۇرۇشىغا چىقىدىغان ۋاقىتتا، جەد ئىبنى قەيسكە: «ئى جەد! سەن سېرىق تەنلىكلەر بىلەن ئۇرۇش قىلىپ، ئۇلاردىن قۇل-چۆرىلەرنى ئېلىشقا رىغبىتىڭ بارمۇ؟» دېدى. جەد ئىبنى قەيس پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامغا: «يارەسۇلۇللاھ! مېنى قەۋمىم ياخشى بىلىدۇ، مەن ئاياللارغا بەك تېز مەپتۇن بولۇپ كېتىمەن، سېرىق تەنلىكلەرنىڭ قىزلىرىنى كۆرسەم ئۆزۈمنى تۇتالماي قالىمەن. شۇڭا مېنى ئۇرۇشقا ئېلىپ چىقىپ بالاغا گىرىپتار قىلمىغان بولساڭ، ۋە ماڭا رۇخسەت بەرگەن بولساڭ، مەن پۇل-مېلىم بىلەن ئۇرۇشقا ياردەم قىلسام» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئۇنىڭدىن يۈزىنى چۆرۈپ تۇرۇپ: «بولدى، ساڭا رۇخسەت بەردىم» دېدى. شۇنىڭ بىلەن: ﴿(ئى پەيغەمبەر!) ئاللاھ سېنى كەچۈردى، (ئۆزرىسىدە) راستچىللار ساڭا ئېنىق بولمىغۇچە ۋە سەن يالغانچىلارنى بىلمىگۈچە، نېمىشقا ئۇلارغا (جىهادقا چىقماسلىققا) رۇخسەت بەردىڭ؟﴾ دېگەن ئايەت نازىل بولىدۇ[1].

مۇجاھىدنىڭ بايان قىلىشىچە، بۇ ئايەت بىر قىسىم كىشىلەر ھەققىدە نازىل بولغان بولۇپ، ئۇلار بەزىسى بەزىسىگە: «سىلەر بېرىپ پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامدىن ئۇرۇشقا چىقماسلىق توغرىسىدا رۇخسەت سوراڭلار، سىلەرگە رۇخسەت بەرسىمۇ ياكى بەرمىسىمۇ ئۇرۇشقا چىقماڭلار» دېگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ: «بىز جىهاد قىلىشقا قادىر بولالمايمىز» دەپ يالغاندىن قەسەم قىلغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئۇلارنىڭ قەسىمىگە ئىشىنىپ، ئۇلارغا رۇخسەت بەرگەن. بۇ سەۋەبتىن: ﴿(ئى پەيغەمبەر!) ئاللاھ سېنى كەچۈردى، (ئۆزرىسىدە) راستچىللار ساڭا ئېنىق بولمىغۇچە ۋە سەن يالغانچىلارنى بىلمىگۈچە، نېمىشقا ئۇلارغا (جىهادقا چىقماسلىققا) رۇخسەت بەردىڭ؟﴾

---

[1] «السيرة النبوية لابن هشام» 2-توم، 516-بەت.

دېگەن ئايەت نازىل بولغان[1]. بۇ ئايەتتە ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇرۇشتىن قېلىپ قېلىشنى مەقسەت قىلىپ، يالغاندىن ئۆزرە كۆرسەتكەن مۇناپىقلارغا رۇخسەت بەرگەنلىكىنى ئەيىپلىگەن بولسىمۇ، گويا ئۇنىڭغا: «نېمە ئۈچۈن ئۇلارغا مۇنداق تېزلا رۇخسەت بەردىڭ؟ كاشكى، ئۇلارنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى بايان قىلىپ بېرىدىغان بىرەر ۋەھيى كەلگەنگە قەدەر كۈتكەن بولساڭ ياخشى بولاتتى» دېگەن مەنىدە سىلىق كايىغان.

### ◄ تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! ئاشۇ مۇناپىقلار چاقىرىلغان جىھاد تەبۇك رايونىدەك يىراق جايدا بولماي، يېقىن بىر جايدا بولۇپ، ئۇنىڭدا جاپا-مۇشەققەت تارتمايلا، ئاسان ئېرىشكىلى بولىدىغان غەنىيمەت بولسا ئىدى، ئۇلار ئەلۋەتتە ساڭا ئەگىشىپ چىقاتتى ۋە بۇيرۇقۇڭغا ئاۋاز قوشاتتى. لېكىن ئۇلارغا تەبۇكتىن ئىبارەت يىراق جايغا بېرىپ ئۇرۇش قىلىش ئېغىر كەلدى، مەدىنىدىن شامغىچە بولغان بۇ مۇساپە ئۇلار ئۈچۈن مۇشەققەتلىك تۇيۇلدى. رىملىقلار بىلەن ئۇرۇش قىلىش ئۇلار ئۈچۈن تولىمۇ ئېغىر بىلىنىپ كەتتى. رىم شۇ ۋاقىتتىكى چوڭ ئىمپېراتورلۇق بولغانلىقى ئۈچۈن مۇناپىقلار ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشتىن قورقتى ۋە مەدىنىدە قېلىپ راھەتلىنىش يولىنى تاللىدى.

ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەر ئۇرۇشتىن قايتقاندىن كېيىن، ئۇلار سىلەرگە قەسەم قىلىپ تۇرۇپ: «ئەگەر بىز سەپەرگە ۋە ئۇرۇشقا قادىر بولالىغان بولساق، ئەلۋەتتە سىلەر بىلەن بىرگە چىقىپ ئۇرۇش قىلغان بولاتتۇق. بىز پەقەت ئۇرۇش قىلىشقا قادىر بولالمىغانلىقىمىز ۋە ئۇرۇش تەييارلىقى قىلىشقا پۇل-مال ۋە مىنىشكە ئۇلاغ تاپالمىغانلىقىمىز ئۈچۈنلا ئۇرۇشقا چىقىشتىن قېلىپ قالدۇق» دەيدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يالغان قەسەملىرى سەۋەبلىك ھالاك بولىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. ئەمما ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ يالغانچى ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىدۇ. ئۇلارنى بۇ قىلمىشى تۈپەيلىدىن قاتتىق جازالايدۇ. ئەسلىدە ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ ئۇرۇشقا چىقىشىنى ياقتۇرمايتتى. چۈنكى، ئۇلار ئۇرۇشقا چىققان بولسا، مۇسۇلمانلار ئۈچۈن چوڭ بىر خەتەرنى تەشكىل قىلاتتى.

﴿(ئى پەيغەمبەر!) ئاللاھ سېنى كەچۈردى، (ئۆزرىسىدە) راستچىللار

---

[1] «تفسير ابن كثير» 4-توم، 139-بەت.

ساڭا ئېنىق بولمىغۇچە ۋە سەن يالغانچىلارنى بىلمىگۈچە، نېمىشقا ئۇلارغا (جىھادقا چىقماسلىققا) رۇخسەت بەردىڭ؟﴾. ئاللاھ تائالانىڭ بۇ ئايەتنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئەپۇ قىلغانلىقىدىن باشلىغانلىقى، ئۇنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بولغان كۆيۈمچانلىقىنى ۋە مېھرىبانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. بەدرى ئۇرۇشىدا ئەسىرلەردىن فىديە ئېلىش ئىشىدا خاتالىق چوڭ ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئايەتتىكى كايىش كەسكىن بولغان ئىدى. ﴿مَا كَانَ لِنَبِيٍّ أَن يَكُونَ لَهُۥٓ أَسْرَىٰ حَتَّىٰ يُثْخِنَ فِى ٱلْأَرْضِ﴾ يەنى ﴿ھېچقانداق پەيغەمبەرگە يەر يۈزىدە (كۇفرىنى ئاجىز-لاشتۇرۇپ) دۈشمەنگە قاقشاتقۇچ زەربە بەرمەي تۇرۇپ، (فىدىيە ئېلىشنى كۆزلەپ) ئەسىرگە ئېلىش لايىق ئەمەس ئىدى﴾[1].

ئاللاھ تائالاغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە، شۇنداقلا ئاخىرەت كۈنىدە بۇ دۇنيادا قىلغان ياخشى ئەمەللەرگە تولۇق ئەجىر ۋە مۇكاپات بېرىلىدىغانلىقىغا چىن ئىشىنىدىغان مۆئمىنلەرگە ئاللاھ يولىدا جېنى ۋە پۇل-مېلى بىلەن جىھاد قىلىش پەرز قىلىنغان چاغدا، ئۇلارنىڭ بۇنى ئادەتتىكى ساقىنىپ قېلىش ياكى ئۇنىڭغا سەل قارىغانلىقتىن، ئۇنىڭغا چىقماسلىق ئۈچۈن رۇخسەت سورىشى ئۇلارنىڭ شەنىگە ۋە مۆئمىنلىك ئۇنۋانىغا قەتئىي ياراشمايدىغان بىر ئىشتۇر. شۇڭا ئۇلارنىڭ مۇستەھكەم ئىرادە ۋە قەيسەرلىك بىلەن ئۇرۇش مەيدانىغا ئاتلىنىشى كېرەك ئىدى. ھەممىيلەننىڭ چىقىشى تەلەپ قىلىنىدىغان ئومۇمىيۈزلۈك بىر ئۇرۇشتا، ئۇلارنىڭ ئۇرۇشقا چىقماسلىققا رۇخسەت سوراپ، ئۇرۇشتىن قېلىپ قېلىشى توغرا بولامدۇ؟ ھەرگىز توغرا بولمايدۇ. چۈنكى، ھەقىقىي مۆئمىنلەر جىھادتىن قاچمايدۇ، ئۇلار جىھادقا چىقالايدىغانلا ئەھۋالدا بولسا، چوقۇم چىقىدۇ ۋە چىقماسلىق ئۈچۈن رۇخسەت سورىمايدۇ. ئاللاھ تائالا ھەقىقىي تەقۋادارلارنى ئوبدان بىلگۈچىدۇر، شۇنىڭغا ئاساسەن، ئۇلارنى ئېسىل مۇكاپاتلار بىلەن تارتۇقلايدۇ.

ئى پەيغەمبەر! شۈبھىسىزكى، سەندىن پەقەت ئاللاھ تائالاغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنمەيدىغان، جىھادتىن قېلىپ قېلىش ئۈچۈن يالغان ئۆزرىلەرنى توقۇيدىغان، يالغاندىن قەسەم قىلىدىغان مۇناپىقلارلا رۇخسەت سورايدۇ. ئاللاھ تائالا ئوبدان بىلىدۇكى، مۇناپىقلار ھەقىقەتەن يالغانچىلاردۇر. ئاللاھ تائالا ئۇلارغا تېگىشلىك جازاسىنى بېرىدۇ.

مۇناپىقلارنىڭ ئىچكى دۇنياسى گۇمان، شەك-شۈبھە ۋە قورقۇنچاقلىق

[1] ئەنفال سۈرىسى: 67-ئايەت.

بىلەن تولۇپ كەتكەن بولۇپ، ئۇلار قورققانلىقىدىن ھەرقانداق بىر ئاۋازنى ئۆزلىرىگە قارىتىلغان دەپ گۇمانلىنىدۇ، ئۇلار مۇسۇلمانلارنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنىدۇر. مۇناپىقلار مۆئمىنلەر بىلەن بىر جەمئىيەتنىڭ پۇقرالىرى بولۇپ ياشىسىمۇ، ئۇلارنى ئازراقلا مەنپەئەت بەدىلىگە سېتىۋېتىشتىن قىلچە ئىككىلەنمەيدۇ. شۇڭا مۇناپىقلاردىن ھەزەر ئەيلەش زۆرۈردۇر. ئاللاھ تائالا ئۇلارنى ھالاك قىلسۇن!

«قۇرئان كەرىم» مۇناپىقلارنىڭ ئەپتى-بەشىرىسىنى ئېچىشنى داۋاملاشتۇرىدۇ. ئى پەيغەمبەر! ئۇ مۇناپىقلار راستتىنلا سەن بىلەن ئۇرۇشقا چىقىشنى خالىسا ئىدى، ئۇلار ئەلۋەتتە ئوزۇق-تۈلۈك، ئات-ئۇلاغلارنى ھازىرلاپ جىھادقا تەييارلىق قىلغان بولاتتى. چۈنكى، ئۇلار بۇنىڭغا ئەلۋەتتە قادىر ئىدى. لېكىن ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ مۆئمىنلەر بىلەن بىللە ئۇرۇشقا چىقىشنى ياقتۇرمىدى ۋە خالىمىدى. چۈنكى، ئۇلار ئۇرۇشقا چىققان بولسا، مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدا بۆلگۈنچىلىك پەيدا قىلىش ۋە ئۆسەك سۆزلەرنى تارقىتىش ئارقىلىق كۆڭۈللىرىدە ساقلاپ كەلگەن دۈشمەنلىكىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، مۆئمىنلەرنىڭ سېپىنى قالايمىقانلاشتۇراتتى. دېمەك، بۇ مۇناپىقلار ئۇرۇشقا چىقىشقا قادىر بولۇپ تۇرۇقلۇق، ئۇنىڭغا تەييارلىق قىلمىدى. ئۇلارغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەرىپىدىن: «سىلەر پەيغەمبەر بىلەن بىللە جىھادقا چىقىشنى ۋە ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشنى تەرك ئېتىپ، كېسەللەر، كىچىك باللار، ئاياللار ۋە ئاجىزلار بىلەن بىرگە ئۆيۈڭلاردا قېلىڭلار»[1] دېيىلدى.

«قۇرئان كەرىم» مۆئمىنلەرنىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلىپ، مۇناپىقلارنىڭ ئۇرۇشقا چىقماسلىقىنىڭ ئىسلام قوشۇنىنىڭ پايدىسى ئۈچۈن بولغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئەگەر ئۇلار سىلەر بىلەن بىللە چىققان بولسا ئىدى، ئاراڭلاردا پەقەت پىتنە-پاساتنىلا كۆپەيتەتتى، ئاراڭلارغا بۆلگۈنچىلىك سېلىش ئۈچۈن چوقۇم سۇخەنچىلىك قىلاتتى﴾ يەنى ناۋادا بۇ مۇناپىقلار سىلەر بىلەن بىللە جىھادقا چىقسا ئىدى، ئۇلار جىم ياتمايتتى، سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا پىتنە-پاسات تېرىيتتى، پىكىردە كېلىشەلمەسلىك ۋە ئىشلاردا بۇزغۇنچىلىق پەيدا قىلاتتى. چۈنكى، ئۇلاردىن ھەرگىزمۇ ياخشىلىق كەلمەيدۇ، ئۇلاردىن پەقەت يامانلىقلا سادىر بولىدۇ. ئەگەر ئۇلار سىلەر بىلەن بىللە چىققان بولسا ئىدى، ئاراڭلاردا سۇخەنچىلىك قىلىپ، پىتنە پەيدا قىلىپ، ئۆسەك سۆز

[1] «تفسير الطبري» 14-توم، 277-بەت.

تارقىتىپ، سىلەرنى ۋەھىمىگە سالاتتى، ئىرادەڭلەرنى بوشاشتۇراتتى. مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى سىلەر ئۈچۈن زور خەتەردۇر.

تەپسىرى بەغەۋىيدە مۇپەسسىرلەرنىڭ ﴿وَفِيكُمۡ سَمَّٰعُونَ لَهُمۡۗ﴾ دېگەن ئايەتنىڭ تەپسىرىدىكى ئىختىلاپلىرى بايان قىلىنغان بولۇپ، مۇجاھىد بۇ ئايەتكە ﴿ئاراڭلاردا ئۇلارنىڭ كۆز-قۇلاقلىرى بار﴾ دەپ مەنە ئېيتىپ، ئۇنى «ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا مەزكۇر مۇناپىقلارغا جاسۇسلۇق قىلىدىغان كىشىلەر بار، ئۇلار سىلەردىن ئاڭلىۋالغان سۆزلەرنى مۇناپىقلارغا يەتكۈزۈپ تۇرىدۇ. شۇڭا سىلەر ئۇلاردىن ئېھتىيات قىلىڭلار ۋە ھوشيار بولۇڭلار»[1] دەپ تەپسىر قىلغان. قەتادە «ئاراڭلاردا ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالىدىغان ۋە ئۇلارغا ئىتائەت قىلىدىغانلار بار»[2] دەپ مەنە ئېيتقان. مۇجاھىدنىڭ تەپسىرىگە ئاساسلانغاندا، بۇ ئايەت مۆئمىنلەر توپىنىڭ ئارىسىدا مۇناپىقلارغا ئىشلەيدىغان، سۇخەنچىلىك قىلىدىغان، مۆئمىنلەرنىڭ مەخپىيەتلىكىنى مۇناپىقلارغا ئۇقتۇرۇپ قويىدىغان، ھەتتا دۈشمەن تەرەپكىمۇ خەۋەر يەتكۈزىدىغان جاسۇسلارنىڭ بارلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. كېيىنكىلەرنىڭ تەپسىرىگە ئاساسلانغاندا، بۇ ئايەت مۆئمىنلەر توپىنىڭ ئارىسىدا مۇناپىقلارغا ئىتائەت قىلىدىغان، ئۇلارنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئىش قىلىدىغان بۇزغۇنچىلارنىڭ بارلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

مەيلى مۇناپىقلارغا ئىشلەيدىغان جاسۇسلار بولسۇن، ياكى مۇناپىقلارغا ئىتائەت قىلىپ، مۆئمىنلەرگە زىيان يەتكۈزىدىغان بۇزغۇنچىلار بولسۇن، بۇلارنىڭ ھەممىسى مەزكۇر قىلمىشى ئارقىلىق ئۆزىگە ئۆزى ئۇۋال قىلغان زالىملاردۇر. ئاللاھ تائالا بۇنداق زالىملارنى ئوبدان بىلگۈچىدۇر، ئۇلارنى رەسۋا قىلغۇچىدۇر ۋە قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن جازالىغۇچىدۇر.

قەسەمكى، ئۇ مۇناپىقلار ئىلگىرىمۇ سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا پىتنە-پاسات تېرىشنىڭ يوللىرىنى ئىزدەيتتى، ھەر پۇرسەتتە سىلەرگە يامانلىق قىلىشنى پىلانلايتتى. ئى ئىمان ئېيتقانلار! مۇناپىقلارنىڭ كاتتىبېشى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي ئىبنى سەلۇلنىڭ ئۇھۇد غازىتى بولغان كۈندە، تېخى ئۇرۇش مەيدانىغا بارماي تۇرۇپلا، يېرىم يولدا توختىۋېلىپ، قوشۇننىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى يولدىن قايتۇرۇپ كەتكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالدىڭلارمۇ؟ سىلەردىن ئىككى قەبىلىمۇ ئۇرۇشتىن قايتىشنى

[1] «تفسير البغوي» 2-توم، 355-بەت.

[2] «تفسير الطبري» 14-توم، 281-بەت.

ئويلىغان، لېكىن ئاللاھ تائالا ئۇلارنى مۇنداق ئېزىپ كېتىشتىن ساقلاپ قالغان. ﴿إِذْ هَمَّت طَّآئِفَتَانِ مِنكُمْ أَن تَفْشَلَا﴾ يەنى ﴿ئۇز ۋاقتىدا سىلەردىن ئىككى گۇرۇھ ئادەم مەدەتكارى ئاللاھ بولغان تۇرۇقلۇق، (ئۇرۇش مەيدانىدىن) چېكىنمەكچى بولغان ئىدى﴾[1] شۇ ۋاقىتتا بەنى سەلەمە ئايمىقى بىلەن بەنى هارىسە ئايمىقى دۈشمەندىن قورقۇپ ئۇرۇش مەيدانىدىن قايتماقچى بولغان ئىدى.

مۇناپىقلارنىڭ سىلەر بىلەن بىرگە چىقىشى سىلەر ئۈچۈن خەتەر ئىدى. ئاللاھ تائالا سىلەرنى ئۇلارنىڭ خەتىرىدىن ساقلىدى. ئۇلار بۇرۇنمۇ سىلەرنىڭ هەق دەۋىتىڭلارغا خاتىمە بېرىشنىڭ هىيلە-مىكىرلىرى ئۈستىدە كۆپ باش قاتۇرغان ئىدى. ئەمما ئۇلار سىلەرگە قارشى هېچقانداق ئىش قىلالمىدى، سىلەرگە زىيان يەتكۈزەلمىدى، دىنىڭلارغا زىيانكەشلىك قىلالمىدى. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ياردىمى ۋە نۇسرىتى بىلەن سىلەرنى قوللىدى ۋە سىلەر بىلەن بىللە بولدى. نەتىجىدە، ئاللاھ تائالا ھەقىقىي مۇئمىنلەرگە ۋەدە قىلغان چوڭ غەلىبە قولغا كەلدى. ئاللاھ تائالانىڭ دىنى ئۈستۈنلۈك قازاندى، ئاللاھ تائالانىڭ تەرەپدارلىرى بولغان مۇئمىنلەر دۈشمەنلىرى ئۈستىدىن غالىب كەلدى. يەھۇدىيلار جازاغا تارتىلدى، مەككە فەتھى قىلىنىشى بىلەن شېرىك ئەقىدىسى ۋە ئۇنى قوغدايدىغان كۈچلەر تارمار بولدى، ئىنسانلار توپ-توپ بولۇپ ئىسلام دىنىغا كىردى.

ئۇرۇشتىن قېلىپ قېلىش ئۈچۈن يالغان ئۆزرىلەرنى توقۇغان مۇناپىقلارنىڭ هالىغا ۋاي! ئۇلارنىڭ بۇ نامەردلىكى ئۆزلىرى ئۈچۈن ياخشى ئىشتەك كۆرۈنگەن ئىدى، ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارنىڭ ئاشكارا-يوشۇرۇن قىلمىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئېنىق بىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئۇنتۇشقان ئىدى. چۈنكى، شەيتان ئۇلارغا ئۇلارنىڭ بارچە رەزىللىكلىرىنى چىرايلىق كۆرسىتىپ ئۇلارنى شۇنداق ئالدىغان ئىدى. ھەتتا ئۇلارنىڭ بەزىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا «مەن ئاياللارغا بەك تېز مەپتۇن بولۇپ كېتىمەن، سېرىق تەنلىكلەرنىڭ قىزلىرىنى كۆرسەم ئۆزۈمنى تۇتالماي قالىمەن. شۇڭا مېنى ئۇرۇشقا ئېلىپ چىقىپ بالاغا گىرىپتار قىلمىغان بولسىلىكەن ۋە ماڭا رۇخسەت بەرگەن بولسىلىكەن» دېيىش دەرىجىسىگە يەتكەن. ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ يالغان ئۆزرىسىنى پاش قىلىپ، ئۇلارنىڭ يالغانچىلىقىنى ئاشكارىلاپ ﴿ئەمەلىيەتتە، ئۇلار (مۇناپىقلىقتىن ئىبارەت چوڭ) پىتنىگە چۈشۈپ بولغان ئىدى﴾ دېيىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ چوڭقۇر

[1] ئال ئىمران سۈرىسى: 122-ئايەت.

ئازغۇنلۇق ئىچىدە ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ بەرگەن.

ئى پەيغەمبەر! ئەگەر سىلەر رىملىقلارنىڭ زېمىنلىرىنى فەتھى قىلغانغا ئوخشاش بىرەر غەلىبىگە ۋە غەنىيمەتلەرگە ئېرىشسەڭلار ئۇ مۇناپىقلار ئەلەم چېكىدۇ، بۇنىڭدىن قاتتىق بىئارام بولۇپ كېتىدۇ، ئۇلار سىلەرگە بىرەر ياخشىلىق يەتكەنلىكىنى ئاڭلىسا قايغۇرۇپ كېتىدۇ، ئەگەر ساڭا ۋە ساھابىلىرىڭگە بىرەر مۇسىبەت ياكى مەغلۇبىيەت يەتسە خۇشاللىقتىن يايراپ كېتىدۇ ۋە: «شۇڭا بىز مۇھەممەد بىلەن جىھادقا چىقماسلىقتا ئىشىمىزنى بۇرۇنلا توغرىلىۋالغان ئىدۇق، چۈنكى، بىز مۇشۇنداق مەغلۇبىيەتنىڭ كېلىدىغانلىقىنى بىلەتتۇق» دەيدۇ. شۇڭا سەن قاچانلا ئۇلارنى كۆرسەڭ، ئۇلار ساڭا يالغاندىن ئۆزرە ئېيتىدۇ ۋە ئىككى يۈزلىمچىلىك قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئاللاھ تائالانىڭ لەنىتى بولسۇن!

ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا ئېيتقىنكى، ﴿بىزگە پەقەت ئاللاھنىڭ تەقدىر قىلغان نەرسىسىلا يېتىدۇ﴾ يەنى بىز ياخشىلىق ۋە يامانلىق پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدىغانلىقىغا ئىمانىمىز مۇستەھكەم مۇئمىنلەرمىز، شۇڭا بىز ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىر قىلغىنىغا رازىمىز. بىلىمىزكى، ئاللاھ تائالانىڭ بىزگە پۈتكەنلىرىنىڭ ھەممىسى ياخشىلىقتۇر، گەرچە بەزى ئىشلار كۆرۈنۈشكە ئاچچىق بولسىمۇ، نەتىجە ئېتىبارى بىلەن ھەممىسى ياخشىلىقتۇر.

مانا بۇ ھەقىقىي ئىماندۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇئمىنلەر بىر ئاللاھقىلا تەۋەككۇل قىلسۇن، ئۇنىڭغا يۆلەنسۇن ۋە ئۇنىڭدىنلا ياردەم تىلىسۇن! ﴿وَمَن يَتَوَكَّلۡ عَلَى ٱللَّهِ فَهُوَ حَسۡبُهُۥٓ﴾ يەنى ﴿كىمكى ئاللاھقا تايىنىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭغا يېتەرلىكتۇر﴾[1] يەنى ئاللاھ تائالا ئۆزىگە چىن ئىشەنچ باغلاپ تايانغان ئادەمنى قوغداشقا، ھىمايە قىلىشقا ۋە ئۇنى مۇرادىغا يەتكۈزۈشكە ئەلۋەتتە كۇپايىدۇر. ئاللاھ تائالا نېمىدېگەن ياخشى مەدەتكار، نېمىدېگەن ياخشى ئىگە-ھە!

ئى پەيغەمبەر! ئۇ مۇناپىقلارغا ئېيتقىنكى، سىلەر پەقەت بىزنىڭ غەلىبە قىلىش ياكى شېھىت بولۇشتىن ئىبارەت ئىككى ياخشىلىقنىڭ بىرىگە ئېرىششىمىزنى كۈتۈۋاتىسىلەر. چۈنكى، بىز دۇنيادا ياشىساق ئىززەتلىك مۇئمىن بولۇپ ياشايمىز، ئەگەر ئۆلۈپ كەتسەك شېھىت بولۇپ ساۋاب تاپىمىز. بىزمۇ سىلەرنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىغا ئۇچرىشىڭلار

[1] تەلاق سۈرىسى: 3-ئايەت.

ياكى بىزنىڭ قولىمىزدا مەغلۇپ بولۇشۇڭلاردىن ئىبارەت ئىككى ئازابنىڭ بىرىنى كۈتىمىز. چۈنكى، سىلەردەك ھەددىدىن ئاشقان زالىملارنى، پەيغەمبەرلەرگە قارشى چىققان ئاسىيلارنى جازالاش ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزگەرمەس قانۇنىدۇر. بۇنىڭدا قىلچە شەك يوق. ئاللاھ تائالانىڭ سىلەرنى بىزنىڭ قولىمىز ئارقىلىق خارلىق ۋە مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىتىشى مۇقەررەردۇر. چۈنكى، ھەقىقەت باتىلنى چوقۇم يېڭىپ چۈشىدۇ. شۇڭا سىلەرمۇ ئۆز ئاقىۋىتىڭلارنى كۈتۈڭلار، بىزمۇ ئەلۋەتتە سىلەر بىلەن بىرگە كۈتىمىز.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

**1.** تەقۋالىق ئىماننىڭ كامالەتلىرىدىن بىرى بولۇپ، ھەقىقىي تەقۋادارلار ئاللاھ تائالانىڭ يولىدا ھېچ نەرسىسىنى ئايىمايدۇ ۋە ئۆلۈمدىن قورقمايدۇ.

**2.** شەك ئىماننىڭ يوقۇلۇشىغا سەۋەب بولىدىغان ئايەتتۇر. شۇڭا شەيتان كۆڭۈلگە ھەر خىل يامان ئوي-خىياللارنى سالغاندا، ئاللاھ تائالاغا مۇناجات قىلىپ، شەيتاننىڭ يامانلىقىدىن ساقلىنىشنى ۋە ئىماندا مۇستەھكەم قىلىشنى تىلەش زۆرۈردۇر.

**3.** مۇئمىنلەرنىڭ سىپىدە مۇناپىقلارنىڭ بولۇپ قېلىشى تولىمۇ خەتەرلىك ئەھۋال بولۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ قانداقلا بىر ئىشتا ئارىلىرىغا خائىنلارنىڭ كىرىپ قېلىشىدىن ھەزەر ئەيلىشى زۆرۈردۇر. مۇناپىقلار ئىنسانلار جەمئىيىتىدە ئۇنگەن شۇمبۇيلاردۇر.

**4.** ھەر ئىشتا تەدبىرلىك ۋە ئېھتىياتچان بولۇش مۇسۇلمانلارنىڭ ئەخلاقىدۇر.

**5.** مۇناپىقلار مۇسۇلمانلارنىڭ شەنىنى تۆۋەنلىتىش، ئىسلام دىنىغا داغ تەككۈزۈش ۋە زىيان يەتكۈزۈش قاتارلىق جىنايەتلەرنىڭ باش رولچىسىدۇر.

**6.** مۇناپىقلار مۇسۇلمانلارغا كەلگەن ياخشىلىقلارغا ۋە ئامەتلەرگە چىدىمايدىغان، ئۇلارغا كەلگەن قىيىنچىلىق ۋە مۇسىبەتلەردىن سۆيۈنىدىغان رەزىل مەخلۇقلاردۇر.

**6.** ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىرىگە رازى بولۇش مۇسۇلمانلىقنىڭ تەلەپلىرىدىن بىرىدۇر.

**7.** مۇسۇلمانلار ھەر ئىشتا ئاۋۋال سەۋەبلەرنى ئورۇنداش بىلەن بىرگە ئاللاھ تائالاغا تايىنىشقا بۇيرۇلغان. ئاللاھ تائالاغا ئىشەنچ قىلىش ۋە

ئۇنىڭغا تايىنىش پەرزدۇر.

**8.** مۇئمىنلەرگە جىھادتا غەلىبە ياكى شېھىتلىكتىن ئىبارەت ئىككى پايدىنىڭ بىرى بار.

### ◄ مۇناپىقلارنىڭ خەير-ساخاۋىتىنىڭ قوبۇل بولمايدىغانلىقى

﴿قُلْ أَنفِقُوا۟ طَوْعًا أَوْ كَرْهًا لَّن يُتَقَبَّلَ مِنكُمْ إِنَّكُمْ كُنتُمْ قَوْمًا
فَٰسِقِينَ ﴿٥٣﴾ وَمَا مَنَعَهُمْ أَن تُقْبَلَ مِنْهُمْ نَفَقَٰتُهُمْ إِلَّآ أَنَّهُمْ كَفَرُوا۟
بِٱللَّهِ وَبِرَسُولِهِۦ وَلَا يَأْتُونَ ٱلصَّلَوٰةَ إِلَّا وَهُمْ كُسَالَىٰ وَلَا يُنفِقُونَ
إِلَّا وَهُمْ كَٰرِهُونَ ﴿٥٤﴾ فَلَا تُعْجِبْكَ أَمْوَٰلُهُمْ وَلَآ أَوْلَٰدُهُمْ ۚ إِنَّمَا يُرِيدُ
ٱللَّهُ لِيُعَذِّبَهُم بِهَا فِى ٱلْحَيَوٰةِ ٱلدُّنْيَا وَتَزْهَقَ أَنفُسُهُمْ وَهُمْ كَٰفِرُونَ
﴿٥٥﴾ وَيَحْلِفُونَ بِٱللَّهِ إِنَّهُمْ لَمِنكُمْ وَمَا هُم مِّنكُمْ وَلَٰكِنَّهُمْ قَوْمٌ
يَفْرَقُونَ ﴿٥٦﴾ لَوْ يَجِدُونَ مَلْجَـًٔا أَوْ مَغَٰرَٰتٍ أَوْ مُدَّخَلًا لَّوَلَّوْا۟ إِلَيْهِ وَهُمْ
يَجْمَحُونَ ﴿٥٧﴾ وَمِنْهُم مَّن يَلْمِزُكَ فِى ٱلصَّدَقَٰتِ فَإِنْ أُعْطُوا۟ مِنْهَا
رَضُوا۟ وَإِن لَّمْ يُعْطَوْا۟ مِنْهَآ إِذَا هُمْ يَسْخَطُونَ ﴿٥٨﴾ وَلَوْ أَنَّهُمْ رَضُوا۟ مَآ
ءَاتَىٰهُمُ ٱللَّهُ وَرَسُولُهُۥ وَقَالُوا۟ حَسْبُنَا ٱللَّهُ سَيُؤْتِينَا ٱللَّهُ مِن فَضْلِهِۦ
وَرَسُولُهُۥٓ إِنَّآ إِلَى ٱللَّهِ رَٰغِبُونَ ﴿٥٩﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

**53**-(ئى پەيغەمبەر! مۇناپىقلارغا) ئېيتقىنكى، «سىلەر ئىختىيارىي ياكى مەجبۇرىي يوسۇندا قانچىلىك (پۇل-مال) سەرپ قىلىپ كېتىڭلار، ئۇ سىلەردىن ھەرگىز قوبۇل قىلىنمايدۇ، چۈنكى، سىلەر (ئاللاھنىڭ ئىتائىتىدىن چىققان) پاسىق قەۋمسىلەر».

**54**-ئۇلارنىڭ سەرپ قىلغان نەرسىلىرىنىڭ قوبۇل بولماسلىقىدىكى سەۋەب شۇكى، ئۇلار ئاللاھنى ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنى ئىنكار قىلىدۇ، نامازغا پەقەت خۇش ياقمىغان ھالدا كېلىدۇ، پۇل-مېلىنى خالىمىغان ھالدا سەرپ قىلىدۇ.

55ـ(ئى پەيغەمبەر!) ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلۈكى ۋە پەرزەنتلىرى سېنى ئەجەبلەندۈرمىسۇن، چۈنكى، ئاللاھ ئۇلارنى دۇنيا ھاياتىدا شۇ نەرسىلەر بىلەن ئازابلاشنى ۋە ئۇلارنىڭ كاپىر پېتى جان ئۈزۈشىنى ئىرادە قىلىدۇ.

56ـئۇلار: «بىز ئەلۋەتتە سىلەردىنمىز» دەپ، ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم ئىچىدۇ. ھالبۇكى، ئۇلار سىلەردىن ئەمەس، بەلكى ئۇلار (سىلەردىن) قورقىدىغان (شۇڭا مۇسۇلماندەك كۆرۈنىدىغان) قەۋمدۇر.

57ـئەگەر ئۇلار بىرەر پاناھگاھ ياكى غار ۋەياكى گەمىنى تاپسا ئىدى، ئەلۋەتتە ئۇلار شۇ تەرەپكە قاراپ يۈگۈرۈشكەن بولاتتى.

58ـ(ئى پەيغەمبەر!) ئۇلارنىڭ ئارىسىدا شۇنداق بىرلىرى باركى، ئۇلار سەدىقىلەرنىڭ (تەقسىمات) ئىشلىرىدا سېنى ئەيىبلەيدۇ. ئۇلارغا ئۇنىڭدىن بېرىلسە رازى بولىدۇ، ئۇنىڭدىن بېرىلمىسە دەرھال نارازى بولىدۇ.

59ـئەگەر ئۇلار ئاللاھنىڭ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئۇلارغا بەرگىنىگە رازى بولۇپ: «ئاللاھ بىزگە يېتەرلىكتۇر، ئاللاھ بىزگە يېقىندا ئۆز پەزلىدىن (يەنە) بېرىدۇ، ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىزگە (ئۇنى تەقسىم قىلىپ) بېرىدۇ. بىز پەقەت ئاللاھقا رىغبەتلەنگۈچىلەرمىز» دېسە ئىدى، (ئۇلار ئۈچۈن ياخشى بولاتتى).

## ◄ تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! ئاۋۇ مۇناپىقلارغا ئېيتقىنكى، سىلەر مۇسۇلمانلاردىن ۋە ئۇلارنىڭ ئەيىبلىشىدىن قورقۇپ، جىھادقا ياكى ئۇنىڭدىن باشقا ياخشى ئىشلارغا مەيلى ئىختىيارىي ھالدا پۇل ـ مال سەرپ قىلىڭلار ياكى دۇنيالىق جازادىن قورقۇپ مەجبۇرىي سەرپ قىلىڭلار، سىلەر پەيغەمبەرگە كەلگەن ۋەھىيدىن شەكلىنىش ۋە ئاخىرەتتىكى مۇكاپات ـ جازالارغا ئىشەنمەسلىك ئىچىدە بولغان ئىكەنسىلەر، ھەر ئىككى ھالەتتە ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ قىلغان چىقىملىرىڭلارنى قوبۇل قىلمايدۇ. چۈنكى، سىلەر ئاللاھ تائالانىڭ ئىتائىتىدىن چىققان، ئۇنىڭغا ئاسىيلىق قىلغان پاسىق قەۋمسىلەر. مانا بۇ مۇناپىقلارنىڭ قىلغان چىقىملىرىنىڭ ئىختىيارىي يا مەجبۇرىي ئىككىلا ھالەتتە قوبۇل قىلىنماسلىقىنىڭ سەۋەبىدۇر. چۈنكى، ﴿إِنَّمَا يَتَقَبَّلُ ٱللَّهُ مِنَ ٱلۡمُتَّقِينَ﴾ يەنى ﴿ئاللاھ پەقەت

تەقۋادارلارنىڭكىنى قوبۇل قىلىدۇ﴾[1].

مانا بۇ مۇناپىقلارنىڭ ياخشى ئەمەللىرىنىڭ قوبۇل بولماسلىقىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق سەۋەبىدۇر. يەنى ئۇلارنىڭ ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلغان نەرسىلىرىنىڭ قوبۇل بولماسلىقى پەقەت ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ سۆيەتلىرىگە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا، ئاخىرەت كۈنىگە ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار ئىشلارغا ئىشەنمىگەنلىكىدۇر. چۈنكى، ئەمەللەرنىڭ قوبۇل بولۇشىنىڭ بىرىنچى شەرتى ئىماندۇر. ھالبۇكى، مۇناپىقلاردا ئىمان يوق. ئۇلار ئىمان بىلەن كۇفرى ئوتتۇرىسىدا يۈرىدىغان مەخلۇقلاردۇر. شۇڭا ئۇلار ھېچقانداق بىر ئىشنى ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ قىلمايدۇ، ھەتتا دىنىنىڭ ئاساسلىق تۈۋرۈكى بولغان نامازنىمۇ ئوقۇمايدۇ، جامائەت ئارىسىدا كۆرۈنۈپ قويۇش ئۈچۈن مەسجىدلەرگە كەلگەن تەقدىردىمۇ، ھورۇنلۇق بىلەن كېلىپ، نامازنى خۇش ياقمىغان قىياپەتتە ئوقۇپ قويىدۇ، ئاللاھ يولىدا ئۆز ئىختىيارى بىلەن بىر نەرسە سەرپ قىلىسىمۇ، ئۇنى پەقەت ياقتۇرماي قىلىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ قەلبىگە ئورناپ كەتكەن بىر ئىللەتتۇر. ئۇلار ئۆزلىرىگە بۇيرۇلغان زاكات، سەدىقە ۋە ياردەم قاتارلىق دىنىي مەجبۇرىيەتلەرنىمۇ دىلىدا يامان كۆرۈپ تۇرۇپ، مەجبۇرىي قىلىپ قويىدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ قانداقلا بىر ياخشى ئەمەلى ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا قوبۇل قىلىنمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «إِنَّمَا الْأَعْمَالُ بِالنِّيَّاتِ ، وَإِنَّمَا لِكُلِّ امْرِئٍ مَا نَوَى ، فَمَنْ كَانَتْ هِجْرَتُهُ إِلَى اللَّهِ وَرَسُولِهِ فَهِجْرَتُهُ إِلَى اللَّهِ وَرَسُولِهِ ، وَمَنْ كَانَتْ هِجْرَتُهُ لِدُنْيَا يُصِيبُهَا أَوْ امْرَأَةٍ يَنْكِحُهَا فَهِجْرَتُهُ إِلَى مَا هَاجَرَ إِلَيْهِ» يەنى «ئەمەللەر پەقەت نىيەتلەرگە باغلىقتۇر، ھەرقانداق ئادەم ئۆزى نىيەت قىلغان نەرسىسىگە ئېرىشىدۇ، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ئۈچۈن ھىجرەت قىلغان كىشىنىڭ ھىجرىتى ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ئۈچۈن بولۇپ قوبۇل قىلىنىدۇ، كىمكى مال-دۇنياغا ئېرىشىشنى ياكى بىرەر ئايالغا ئۆيلىنىشنى كۆزلەپ ھىجرەت قىلغان بولسا، ئۇنىڭ ھىجرىتى شۇنىڭ ئۈچۈن بولىدۇ»[2] دەپ كۆرسەتكەن. مۇناپىقلارنىڭ دۇنيادىكى ئەھۋالى شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاخىرەتتە ئۇلارنىڭ ھېچقانداق ئەمەلى قوبۇل قىلىنمايدۇ، سەرپ قىلغان پۇل-ماللىرى ئۇلارغا ئەسقاتمايدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇلارنى دۇنيادا جاپا تارتىپ مال-دۇنيا توپلاش بىلەن ئازابلاشنى ئىرادە قىلغان. ئۇلار بۇ پۇل-ماللارنى ياخشى نىيەت بىلەن ئەمەس، بەلكى مەجبۇرلۇقتىن

[1] مائىدە سۈرىسى: 27-ئايەت.

[2] «صحيح البخاري» 1-توم، 6-بەت، 1- ھەدىس.

ياقتۇرمىغان هالدا سەرپ قىلىدۇ. شۇڭا ئۇلار ھېچقانداق ساۋابقا ئېرىشەلمەيدۇ، ئۇلار سەرپ قىلغان پۇل-ماللار خۇددى دېڭىزغا چۆكۈپ كەتكەندەكلا بىكارغا كېتىدۇ. بۇ ئۇلار ئۈچۈن ئەلەملىك بىر ئىشتۇر. بۇنىڭدىنمۇ ئەلەملىك بولغىنى ئۇلار كۇفرىلىقىدا چىڭ تۇرۇپ، شۇ كۇفرىلىق ھالىتىدە ئۆلگەنلىكى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ سەرپ قىلغان پۇل-ماللىرى ئاخىرەتتە ئۇلارغا ئەسقاتمايلا قالماي، ئۇلارنىڭ ئازابلىنىشىغا سەۋەب بولىدۇ. مۇناپىقلار دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئەنە شۇنداق زىيان تارتىدۇ.

مۇناپىقلارنىڭ تەبىئىتى ۋە خاراكتېرى قورقۇنچاقلىق ۋە نامەردلىك بولۇپ، ئۇلار ھەمىشە شۇنداق قورقۇنچ ئىچىدە ياشايدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنى مۇسۇلمانلارنىڭ قاتارىدىن دەيدىغان يالغان دەۋاسىغا مۇسۇلمانلارنى ئىشەندۈرۈش ئۈچۈن قەسەم قىلىدۇ. ﴿وَإِذَا لَقُوا۟ ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ قَالُوٓا۟ ءَامَنَّا وَإِذَا خَلَوْا۟ إِلَىٰ شَيَـٰطِينِهِمْ قَالُوٓا۟ إِنَّا مَعَكُمْ إِنَّمَا نَحْنُ مُسْتَهْزِءُونَ﴾ يەنى ﴿ئۇلار ئىمان ئېيتقانلار بىلەن ئۇچراشقاندا: «بىز ئىمان ئېيتتۇق» دېيىشىدۇ، (ئۆزلىرىنى ئازدۇرغان ئادەمىي) شەيتانلىرى بىلەن يالغۇز قالغاندا بولسا: «بىز چوقۇم سىلەر بىلەن بىللە، بىز پەقەت (ئىمان ئېيتقانلارنى) مەسخىرە قىلىۋاتىمىز» دەيدۇ﴾[1].

مۇناپىقلارنىڭ مۇشۇنداق قىلىشىغا تۈرتكە بولغان نەرسە ئۇلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىدا ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان قورقۇنچاقلىق ۋە نامەردلىكتۇر. ئۇلار سىلەر بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ ئۇرۇش قىلىشنى بەكمۇ ئۆچ كۆرىدۇ. شۇڭا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مۇناپىقلىقىنىڭ ئاشكارا بولۇپ قېلىشىدىن قورققانلىقتىن سىلەردىن ئايرىلىپ يىراقتا ياشاشنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئەگەر ئۇلار بىرەر قورغان ياكى ئاكوپ ياكى غار ۋەياكى گەمىدەك بىر خالىي ئورۇننى تاپالىسا، خۇددى ئىگەر-يۈگەنسىز، چەۋەندازسىز ياۋىداق ئاتتەك ھېچنېمىگە قارىماي شۇ تەرەپكە قاراپ يۈگۈرەيدۇ.

مۇناپىقلارنىڭ بەزىلىرى ئىسلامنىڭ گۈزەللىكىنى خۇنۇكلەشتۈرۈشنى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەنە قىلىشنى مەقسەت قىلىپ، «مۇھەممەدنىڭ غەنىيمەت ۋە سەدىقىلەرنى تەقسىم قىلىشتىكى ئاجىز نۇقتىسىنى تاپتۇق» دەپ گۇمان قىلىشىدۇ. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «قۇرئان كەرىم»نىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە يېڭى مۇسۇلمان بولغانلارنىڭ قەلبىنى ئىسلامغا مايىل قىلىش ئۈچۈن ئۇلارغا بىر نەرسە

[1] بەقەرە سۈرىسى: 14-ئايەت.

بېرىۋاتقانلىقىنى كۆرسە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قاراپ: «ئادىللىق قىلغىن، سەن بۇ تەقسىماتتا ئادىللىق قىلمىدىڭ» دەيدۇ. ئەپسۇسكى، ئۇلارنىڭ بۇ سۆزى بەزى ئىمانى ئاجىز كىشىلەرگە سەلبىي تەسىرلەرنى بېرىدۇ.

ئاللاھ تائالا مەزكۇر مۇناپىقلارغا رەددىيە بېرىپ دەيدۇكى، ئى پەيغەمبەر! مۇناپىقلارنىڭ بەزىسى سېنىڭ غەنىيمەت ۋە سەدىقىلەرنى تەقسىم قىلىشتا تۇتقان يولۇڭنى ئەيىبلەيدۇ. ئۇلارغا بۇنىڭدىن بىر نەرسە بېرىلسە، رازى بولۇپ يايراپ كېتىدۇ، ناۋادا بېرىلمەي قالسا، ئاچچىقلىنىپ خاپا بولۇپ كېتىدۇ. ئۇلار ساڭا ھەرگىز سەممىي ئەمەس، ئۇلار رەزىل مەقسەتلىرى تۈپەيلىدىن سېنى بىكارغا ئەيىبلىمەكچى بولۇشىدۇ. ئەگەر ئۇلار غەنىيمەتتىن ئاللاھ تائالا بەلگىلەپ بەرگىنىگە رازى بولغان ۋە سەن تەقسىم قىلىپ بەرگەنگە قانائەت قىلىپ، ئاللاھ تائالا بىزگە يېتەرلىكتۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالا بارلىق مەخلۇقاتقا رىزىق بېرىشكە يېتەرلىكتۇر، ئاللاھ تائالا يېقىندا بىزگە ئۆز پەزلىدىن يەنە بېرىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ بەرگەنلىرىنى بىزگە ئادالەت بىلەن تەقسىم قىلىپ بېرىدۇ، بىز پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ يولىدا يۈرگۈچىلەرمىز، ئۇنىڭغا يېلىنىپ ئىلتىجا قىلغۇچىلارمىز ۋە ئۇنىڭغا تەلپۈنگۈچىلەرمىز، ئاسمان-زېمىننىڭ ئىگىدارچىلىقى ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدىدۇر، ئاللاھ خالىغان كىشىنىڭ رىزقىنى كەڭ ۋە خالىغان كىشىنىڭ رىزقىنى تار قىلىدۇ، چۈنكى ئاللاھ تائالا مەخلۇقاتىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئېھتىياجىنى ئوبدان بىلگۈچى ۋە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى زاتتۇر، دېگەن بولسا ئىدى، ئاللاھ تائالا ئەلۋەتتە ئۇلارنى ئۆز پەزلىدىن مەمنۇن قىلاتتى ۋە ئۇلار ئۇچۇنمۇ ياخشى بولاتتى.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. رىيا ئەمەللەرنى بىكار قىلىۋېتىشتە شېرىككە ئوخشايدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرگەن كىشىنىڭ بارلىق ئەمەللىرى بىكار بولۇپ كېتىدۇ. رىيا بىلەن قىلىنغان ئەمەللەرمۇ شۇنداق بىكاردۇر.

2. «قۇرئان كەرىم»دە كەلگەن ﴿فاسقون﴾ يەنى (ئاللاھ تائالانىڭ ئىتائىتىدىن چىققۇچىلار) دېگەن سۆز كاپىرلارغا كۆپىرەك قوللىنىلغان بولسىمۇ، جىمى كاپىرلارنى ۋە مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى گۇناھكارلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇڭا ھەرقانداق بىر كاپىرنى پاسىق دېيىشكە بولىدۇ،

ئەمما ھەرقانداق بىر پاسىقنى كاپىر دېگىلى بولمايدۇ.

3. نامازنى ۋاقتىدىن كېچىكتۈرۈپ ئوقۇش ياكى خۇش ياقمىغاندەك ئوقۇش مۇناپىقلارنىڭ سۈپىتىدۇر. چۈنكى، مۇسۇلمان ئادەم نامازنى ئاللاھ تائالاغا بولغان چىن مۇھەببىتى، ئىخلاسى ۋە قىزغىنلىقى بىلەن ئادا قىلىدۇ.

4. مۇسۇلمان ئادەم ئاللاھ يولىدا قانداقلا بىر خەير-ساخاۋەتلىك ئىشنى قىلسا، ئۇنى چىن كۆڭلىدىن رازىمەنلىك بىلەن قىلىشى تەلەپ قىلىنىدۇ. زاكات ياكى سەدىقە بېرىپ مىننەت قىلىش بىلەن ئۇنىڭ ساۋابى يوق بولۇپ كەتكەندەك، كۆڭلىدىن رازى بولماي پەقەت كىشىلەردىن قېلىپ قالماسلىق ياكى ئۇلارنىڭ بېخىل دېيىشىدىن قورقۇپ بېرىلگەن زاكات ۋە سەدىقىنىڭمۇ ساۋابى بولمايدۇ.

5. يالغاندىن ئىمان ئېيتىش ۋە ئىككى يۈزلىمچىلىك قىلىش مۇناپىقلارنىڭ ئادىتىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇناپىقلارنىڭ ئىللەتلىرىنى بايان قىلىپ: «آيَةُ الْمُنَافِقِ ثَلاَثٌ: إِذَا حَدَّثَ كَذَبَ ، وَإِذَا وَعَدَ أَخْلَفَ ، وَإِذَا اؤْتُمِنَ خَانَ» يەنى «مۇناپىقنىڭ ئالامىتى ئۈچ بولۇپ، سۆزلىسە يالغان سۆزلەيدۇ، ۋەدە قىلسا خىلاپلىق قىلىدۇ، ئامانەت قويۇلسا خىيانەت قىلىدۇ»[1] دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: «أَرْبَعٌ مَنْ كُنَّ فِيهِ كَانَ مُنَافِقًا – أَوْ كَانَتْ فِيهِ خَصْلَةٌ مِنْ أَرْبَعَةٍ كَانَتْ فِيهِ خَصْلَةٌ مِنَ النِّفَاقِ – حَتَّى يَدَعَهَا: إِذَا حَدَّثَ كَذَبَ ، وَإِذَا وَعَدَ أَخْلَفَ ، وَإِذَا عَاهَدَ غَدَرَ ، وَإِذَا خَاصَمَ فَجَرَ» يەنى «تۆت ئىللەت كىمدە بولسا، ئۇ ئادەم ئۇنى تاشلىمىغۇچە مۇناپىقلاردىن سانىلىدۇ، ناۋادا ئۇ ئادەمدە مۇشۇ تۆت ئىللەتتىن بىرەرسى بولسا ئۇنىڭدا مۇناپىقلىقنىڭ بىر ئىللىتى بولغان بولىدۇ. بۇ تۆت ئىللەت: گەپ قىلسا يالغان سۆزلەش، ۋەدە قىلسا خىلاپلىق قىلىش، توختام تۈزسە خىيانەت قىلىش، جېدەللىشىپ قالسا ئاغزىنى بۇزۇشتۇر»[2].

6. نامەردلىك كاپىرلار بىلەن مۇناپىقلارنىڭ قىلىقىدۇر.

7. ياخشىلارنى، ئۆلگىلىك كىشىلەرنى باشقىلارغا يامان كۆرسىتىش ئۈچۈن ئۇرۇنۇش قەلبى خاراب، نىيىتى بۇزۇق ئادەملەرنىڭ قىلىقىدۇر.

8. ئاللاھ تائالادىن باشقا مەدەتكار يوق. مۇسۇلمان ئادەم پۈتۈن

[1] «صحيح البخاري» 1-توم، 16-بەت، 33 -ھەدىس.

[2] «صحيح البخاري» 3-توم، 131-بەت، 2459 -ھەدىس.

ئارزۇ-تىلەكلىرىنى بىر ئاللاھتىنلا تىلەيدۇ.

### ◄ زاكات كىملەرگە بېرىلىدۇ؟

﴿۞ إِنَّمَا ٱلصَّدَقَٰتُ لِلۡفُقَرَآءِ وَٱلۡمَسَٰكِينِ وَٱلۡعَٰمِلِينَ عَلَيۡهَا وَٱلۡمُؤَلَّفَةِ قُلُوبُهُمۡ وَفِي ٱلرِّقَابِ وَٱلۡغَٰرِمِينَ وَفِي سَبِيلِ ٱللَّهِ وَٱبۡنِ ٱلسَّبِيلِۖ فَرِيضَةٗ مِّنَ ٱللَّهِۗ وَٱللَّهُ عَلِيمٌ حَكِيمٞ ۝٦٠﴾

### ◄ تەرجىمىسى

60-زاكات پەقەت پېقىرلارغا، مىسكىنلەرگە، زاكات خادىملىرىغا، دىللىرىنى (ئىسلامغا) مايىل قىلىش كۆزدە تۇتۇلغانلارغا، قۇللارنى ئازاد قىلىشقا، قەرزدارلارغا، ئاللاھنىڭ يولىغا، يول خىراجىتىدىن ئايرىلىپ قالغان مۇساپىرلارغا بېرىلىدۇ. (بۇ) ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىسىدۇر. ئاللاھ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

### ◄ بۇ ئايەتنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

مال-دۇنيانى ياخشى كۆرۈش ئىنساننىڭ تەبىئىتىنىڭ بىر پارچىسىدۇر. ھەرقانداق ئادەم مال-دۇنياغا قىزىقىدۇ، كۆپرەك مال-دۇنياسى بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئىمانى ئاجىز كىشىلەر ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئۆزىگە ئاتا قىلىنغان نېمەتلەرگە قانائەت قىلمايدۇ ۋە رازى بولمايدۇ. ئۆز ۋاقتىدا مۇناپىقلار بىلەن بەزى ئىمانى ئاجىز كىشىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەقسىماتىغا رازى بولمىغان ئىدى. ﴿وَمِنۡهُم مَّن يَلۡمِزُكَ فِي ٱلصَّدَقَٰتِ فَإِنۡ أُعۡطُواْ مِنۡهَا رَضُواْ وَإِن لَّمۡ يُعۡطَوۡاْ مِنۡهَآ إِذَا هُمۡ يَسۡخَطُونَ﴾ يەنى ﴿(ئى پەيغەمبەر!) ئۇلارنىڭ ئارىسىدا شۇنداق بىرلىرى باركى، ئۇلار سەدىقىلەرنىڭ (تەقسىمات) ئىشلىرىدا سېنى ئەيىبلەيدۇ. ئۇلارغا ئۇنىڭدىن بېرىلسە رازى بولىدۇ، ئۇنىڭدىن بېرىلمىسە دەرھال نارازى بولىدۇ﴾[1]. مال-دۇنيا سۆيگۈسى ئىنسان قەلبىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان، ئىنساننى يولدىن چىقىرالايدىغان بىر نەرسە بولغانلىقتىن، زاكاتنى تەقسىم قىلىش ئىشلىرىدا بەزى كىشىلەرنىڭ توغرا يولدىن

[1] تەۋبە سۈرىسى: 58-ئايەت.

قېيىپ كېتىشى، ئادالەتتىن چەتنەپ كېتىشى تۇرغانلا گەپ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا زاكات ئالىدىغانلارنى ئۆزى بىۋاستە بەلگىلەپ بەرگەن. بۇ ئايەتنىڭ يۇقىرىقى ئايەتلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان يېرى بەزى ئىنسانلارنىڭ تەمەگەرلىككە رەددىيە بېرىش، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەقسىماتىنىڭ توغرىلىقىنى بايان قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ بۇ تەقسىماتقا نارازىلىق بىلدۈرۈشىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىشتۇر.

## ◄ تەپسىرى

زاكات يۇقىرىقى ئايەتتە بايان قىلىنغاندەك، پېقىرلار، مىسكىنلەر، زاكات خادىملىرى، دىللىرىنى (ئىسلامغا) مايىل قىلىش كۆزدە تۇتۇلغانلار، قۇللارنى ئازاد قىلىش، قايتۇرۇشقا قادىر بولالمايدىغان قەرزدارلار، ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلىش ئۈچۈن قىلىنىدىغان خىزمەتلەر، يول خىراجىتىدىن ئايرىلىپ قالغان مۇسا-پىرلار قاتارلىق سەككىز تۈرلۈك كىشىلەرگە (ۋە ئورۇنلارغا) بېرىلىدۇ. زاكات ئۇلاردىن باشقىسىغا قەتئىي بېرىلمەيدۇ. چۈنكى، بۇ ئاللاھ تائالانىڭ بەلگىلىمىسىدۇر. ئاللاھ تائالا زاكاتنى قول ئىلكىدە بار كىشىلەردىن ئېلىپ مەزكۇر سەككىز تۈرگە بېرىشنى پەرز قىلغان. چۈنكى، ئاللاھ تائالا مەخلۇقاتىنى، ئۇلارنىڭ ئېھتىياجىنى ۋە ئۇلارنىڭ جىمى ئەھۋالىنى ئوبدان بىلگۈچى ۋە ھەربىر ئىشنى ھېكمەت بىلەن قىلغۇچى زاتتۇر.

يۇقىرىقى ئايەتتە بايان قىلىنغان سەككىز تۈرلۈك شەخس تۆ-ۋەندىكىچە:

## ◄ پېقىرلار

پېقىر – پۇل-مالدا زاكات بېرىش سەۋىيەسىگە يەتمىگەن ۋە كۈندىلىك تۇرمۇشىدا ياردەمگە ئېھتىياجلىق بولغان ھاجەتمەن دېگەنلىكتۇر. پېقىرلار بايلارنىڭ ئەكسى بولۇپ «قۇرئان كەرىم»دە باي ۋە يوقسۇلدىن ئىبارەت بۇ ئىككى تەبىقە كۆپىنچە بىرگە بايان قىلىنغان. مەسىلەن: ﴿وَمَن كَانَ غَنِيًّا فَلْيَسْتَعْفِفْ ۖ وَمَن كَانَ فَقِيرًا فَلْيَأْكُلْ بِالْمَعْرُوفِ ۚ﴾ يەنى ﴿كىمكى باي بولسا (يېتىمنى باققانلىق باھانىسى بىلەن) ئۇنىڭ مال-مۈلۈكىنى يېيىشتىن ئۆزىنى ساقلىسۇن، كىمكى يوقسۇل بولسا، ئۇ

(ئۆز ئەمگەكلىرىنىڭ ھەققى ئۈچۈن) مۇۋاپىق رەۋىشتە بېرىڭلار﴾[1]. يۇقىرىقى ئايەتتىكى «پېقىرلار» دېگەن سۆز بارلىق يوقسۇللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

### ◄ مىسكىنلەر

مىسكىن – ھېچقانداق مال-مۈلۈكى بولمىغان، ھەتتا يېتىپ قوپىدىغان ئۆي-جايىمۇ بولمىغان ھاجەتمەن دېگەنلىكتۇر. مىسكىننىڭ ئەھۋالى پېقىرنىڭكىدىن ناچار بولىدۇ. بەلەد سۈرىسىدە مۇنداق ھاجەتمەن كىشىلەر ﴿توپىدا ياتقان مىسكىن﴾[2] دەپ تەرىپلەنگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مىسكىننى مۇنداق دەپ تەرىپلىگەن: «لَيْسَ الْمِسْكِينُ الَّذِى يَطُوفُ عَلَى النَّاسِ تَرُدُّهُ اللُّقْمَةُ وَاللُّقْمَتَانِ ، وَالتَّمْرَةُ وَالتَّمْرَتَانِ ، وَلَكِنِ الْمِسْكِينُ الَّذِى لاَ يَجِدُ غِنًى يُغْنِيهِ ، وَلاَ يُفْطَنُ بِهِ ، فَيُتَصَدَّقُ عَلَيْهِ وَلاَ يَقُومُ فَيَسْأَلُ النَّاسَ» يەنى «مىسكىن-بىر ئىككى لوقما نان، بىر ئىككى تال خورما تىلەپ كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىنى ئايلىنىپ يۈرىدىغانلار ئەمەس، بەلكى ھاجىتىنى راۋا قىلغۇدەك بىر نەرسىسى بولمىغان، ھاجەتمەنلىكىنى كىشىلەر ھېس قىلمىغان ۋە كىشىلەردىن بىر نەرسە تىلىمىگەن كىشىدۇر»[3].

ئەللامە قۇرتۇبى مۇنداق دېگەن: «ئۆلىمالار ۋە تىلشۇناسلار پېقىر بىلەن مىسكىننىڭ پەرقى ھەققىدە ئىختىلاپلىشىپ توققۇز خىل قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، بەزىسى، پېقىر – ئۆزىنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلغۇدەك ئازراق نەرسىسى بار كىشىدۇر، مىسكىن – ھېچ نەرسىسى يوق كىشىدۇر، دەپ تەرىپلىگەن. يەنە بەزىسى، پېقىر بىلەن مىسكىن ئىككىسى بىر مەنىدە بولۇپ، ھېچقانداق پەرقى يوقتۇر، دېگەن. يەنە بەزىسى، پېقىر مىسكىندىنمۇ بەك يوقسۇل كىشىدۇر، دېگەن»[4].

### ◄ زاكات خادىملىرى

زاكات خادىملىرى – زاكات ئىشلىرىغا ۋەزىپىلەنگەن ئادەملەر بولۇپ، زاكات يىغقۇچىلار، پۈتۈكچىلەر، ساقلىغۇچىلار، تارقاتقۇچىلار ۋە بۇ ئىشلارغا

---

[1] نىسا سۈرىسى: 6-ئايەت.

[2] ﴿أَوْ مِسْكِينًا ذَا مَتْرَبَةٍ﴾ يەنى (ياكى توپىدا ياتقان مىسكىنگە(تاماق بېرىشتۇر)) (بەلەد سۈرىسى: 16- ئايەت).

[3] «صحيح البخاري» 2-توم، 125-بەت، 1479 -ھەدىس.

[4] «تفسير القرطبي» 8- توم، 97- بەت.

رىياسەتچىلىك قىلغۇچىلاردىن ئىبارەتتۇر.

ئۇلار گەرچە پېقىر كىشىلەر بولمىسىمۇ، زاكاتتىن نېسىۋە ئېلىشقا تېگىشلىكتۇر. چۈنكى، زاكات خادىملىرى ئۆزىنىڭ ۋاقتىنى سەرپ قىلىپ، ئەمگىكىنى سىڭدۇرۇپ، بۇ ئىشقا ۋەزىپىلەنگەن ئىكەن، ئۇلار مائاش ياكى ئىش ھەققى ئالغان ھېسابتا، ئۆزلىرىنىڭ ۋە ئائىلىسىنىڭ ئېھتىياجلىرىغا يەتكۇدەك مىقداردا زاكاتتىن نېسىۋە ئېلىشقا ھەقلىقتۇر.

شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، زاكات خادىملىرىنىڭ دىيانەتلىك ۋە ئىشەنچلىك مۇسۇلمانلاردىن بولۇشى شەرتتۇر. مۇسۇلمان ئەمەس كىشىلەرنى زاكات يىغىشقا ۋەزىپىلەندۈرۈشكە بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇلار بۇ ئىشقا سالاھىيەتلىك ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇسۇلمان ئەمەس كىشىلەرگە زاكات بېرىشكە بولمايدۇ.

### ◄ كۆڭۈللىرىنى ئىسلامغا مايىل قىلىش كۆزدە تۇتۇلغانلار

كۆڭۈللىرىنى ئىسلامغا مايىل قىلىش كۆزدە تۇتۇلغانلار ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا دىللىرىنى يۇمشىتىش، شۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمان بولۇشىنى ياكى مۇسۇلمان بولغان بولسىمۇ دىنغا مۇستەھكەم بولۇشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن زاكات ماللىرىدىن بىر ئۈلۈش بېرىلگەن شەخسلەردۇر. سەفۋان ئىبنى ئۇمەييە مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا زاكات مېلىدىن بېرەتتى. ئۇ مېنىڭ ئەڭ يامان كۆرىدىغان كىشىم بولسىمۇ، ھەمىشە ئۇ ماڭا بېرىپ تۇرغانلىقتىن، ئاخىر ئۇ ماڭا كىشىلەرنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈكى بولۇپ قالغان ئىدى»[1].

كۆڭۈللىرىنى ئىسلامغا مايىل قىلىش كۆزدە تۇتۇلغانلار تۆۋەندىكى ئۈچ خىل شەخسلەردۇر:

1ـ مۇسۇلمان بولۇشىنى، ئاندىن ئۆز قەۋمىنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنىمۇ مۇسۇلمان قىلىشىنى كۆزدە تۇتقان ھالدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زاكات ماللىرى بىلەن تەمىنلىگەن كىشىلەر.

2ـ مۇسۇلمان بولغان بولسىمۇ ئىمانى كۈچلەنمىگەنلەرنىڭ دىللىرىنى دىنغا مۇستەھكەم قىلىش كۆزدە تۇتۇلغانلىقتىن زاكات بېرىلگەن كىشىلەر.

3ـ مۇسۇلمان بولمىغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىكىدىن ساقلىنىش

---

[1] «تفسير الطبري» 14ـتوم، 314ـبەت.

ئۈچۈن زاكات بېرىلگەن كىشىلەردۇر[1].

كۆڭۈللىرىنى ئىسلامغا مايىل قىلىش كۆزدە تۇتۇلغان يۇقىرىقى ئۈچ خىل شەخسكە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، ئۇنىڭدىن كېيىن بىرىنچى خەلىپە ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەلۇم مىقداردا تەمىنات بېرىپ تۇرغان ئىدى. كېيىنچە ئىككىنچى خەلىپە ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ زامانىدا ئۇنىڭ پىكرى ۋە بارلىق ساھابىلەرنىڭ بىردەك ئىتتىپاقى بىلەن ئۇلارنىڭ زاكات مېلىدىن ئالىدىغان تەمىناتى توختىتىلغان.

شۇنى ئەسكەرتىش كېرەككى، ئىككىنچى خەلىپە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىن تارتىپ زاكات مېلىدىن تەمىنلىنىپ كېلىۋاتقان كىشىلەرنىڭ تەمىناتىنى توختاتقانلىقى ئۇنىڭ كۆڭۈللىرىنى ئىسلامغا مايىل قىلىش كۆزدە تۇتۇلغانلارنىڭ زاكاتتىن ئالىدىغان ئۈلۈشىنى ئەمەلدىن قالدۇرغانلىقىنى كۆرسەتمەيدۇ. چۈنكى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قىلغىنى ئاشۇ ئادەملەرگە خاس ھۆكۈمدۇر. كۆڭۈللىرىنى ئىسلامغا مايىل قىلىش كۆزدە تۇتۇلغانلارنىڭ ئۈلۈشى تا قىيامەتكىچە داۋاملىشىدۇ. ھازىر كۆرۈۋاتىمىزكى، خىرىستىيان مىسيۇ-نېرلىرى دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا بېرىپ، يوقسۇل ئىنسانلارغا ماددىي جەھەتتىن ياردەم قىلىش ئارقىلىق دىن تەشۋىقاتى ئېلىپ بارماقتا ۋە بۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن كىشىلەرنى خىرىستىيان قىلماقتا.

كاشكى، بىز مۇسۇلمانلار زاكاتنى تولۇق ئادا قىلىدىغان بولساق، مۇسۇلمان دۆلەتلىرىدىكى يوقسۇل ئىنسانلارغا زاكات بولامدۇ ياكى ياردەم بولامدۇ، ئىشقىلىپ پۇل-خىراجەت قىلىپ، ئۇلارنى يۆلەيدىغان بولساق، توغرا يولدىن ئېزىپ كەتكەن نۇرغۇنلىغان ياشلارنىڭ ھىدايەت تېپىشىغا، ھەتتا مۇسۇلمان ئەمەس كىشىلەرنىڭمۇ مۇسۇلمان بولۇشىغا تۈرتكە بولار ئىدۇق.

### ◄ قۇللارنىڭ ئازادلىقى

مۇپەسسىرلەر ئايەتتىكى ﴿قۇللار﴾دىن مەقسەت ھەرقانداق قۇللارمۇ ياكى خوجايىنلىرىغا مۇئەييەن مىقداردا پۇل تۆلەش بەدىلىگە قۇللۇقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۇلار بىلەن توختام تۈزۈشكەن قۇللارمۇ؟ دېگەن مەسىلە ئۈستىدە ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، ئەللامە ئىبنى جەرىر تەبەرىي مۇتلەق كۆپ سانلىق مۇپەسسىرلەرنىڭ نەزىرىدە ئايەتتىكى ﴿قۇللار﴾ دېگەن

[1] «اللباب شرح الكتاب» 1- توم، 103- بەت.

سۆزدىن قۇللۇقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن خوجايىنلىرى بىلەن توختام تۈزۈشكەن قۇللار كۆزدە تۇتۇلىدىغانلىقىنى بايان قىلغان. بۇنىڭغا ئاساسەن، بۇ خىل كىشىلەرگە زاكاتتىن نېسىۋە بېرىش پەرزدۇر. ئەمما خوجايىنلىرى بىلەن مۇنداق بىر توختام تۈزۈشمىگەن قۇللارغا كۆپ سانلىق مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە زاكات بېرىلمەيدۇ. چۈنكى، ئۇلار مۇستەقىل تۇرمۇشقا ئىگە بولمىغانلىقتىن، ئۇلارغا بېرىلگەن زاكات خوجايىنلىرىنىڭ مۈلۈكىگە كىرىپ كېتىدۇ.

بۇ مەسىلىدە ئىسلام دىنىنىڭ ئەۋزەللىكىنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىش پۇرسىتىگە ئىگە بولالايمىز. چۈنكى، ئىسلام دىنى ھەمىشە قۇللارنى ئازاد قىلىشقا بۇيرۇپ كەلدى. ھەتتا بەزى گۇناھلار ۋە خاتالىقلارنىڭ ئەپۇ قىلىنىشى ئۈچۈن قۇل ئازاد قىلىشنى بەلگىلىگەن ئايەت ۋە ھەدىسلەر ناھايىتى كۆپتۇر. چۈنكى، ئۇلارنى قۇللۇقنىڭ خارلىقىدىن ئازاد قىلىپ ھۆرلۈككە چىقارغانلىق ئۇلارنىڭ ئىنساني ھۆرمىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەنلىكتۇر. قۇللارنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن زاكات ماللىرىدىن نېسىۋە بېرىشنىڭ بەلگىلەنلىكى ئىسلام دىنىنىڭ رەھىم-شەپقەت دىنى ئىكەنلىكىنىڭ ئايرىم بىر دەلىلىدۇر.

ھازىرقى زاماندا قۇل بولمىغانلىقتىن، زاكاتنىڭ بىر ئۈلۈشىنى كاپىرلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان مۇسۇلمان ئەسىرلىرىنى ئەسىرلىكتىن ئازاد قىلىش، كاپىرلارنىڭ تۈرمىلىرىگە قامىلىپ قالغان مۇسۇلمانلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن سەرپ قىلىشقا بولىدۇ.

### ◄ قەرزدارلار

قەرزدار – ئۈستىدە باشقىلارغا ئۆتەشكە تېگىشلىك ھەق بولغان ئادەم دېمەكتۇر. ئەمما يۇقىرىقى ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان «قەرزدارلار» دېگەن سۆز ئادەتتىكى ھەرقانداق بىر قەرزدارنى ئەمەس، بەلكى ئۈستىگە يۈكلەنگەن قەرزنى ئۆتەشكە ئۆزىنىڭ ماددىي شارائىتى يار بەرمىگەن، ئۇنى ئۈزۈش ئۈچۈن جىددىي ياردەمگە ئېھتىياجلىق بولۇپ قالغان ئادەملەرنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا ئايەتتە «الْغَارِمِينَ» (قەرزگە بوغۇلغانلار) دېگەن سۆز ئىشلىتىلگەن. چۈنكى، ئەرەب تىلىدا ئادەتتىكى قەرزدارنى «مَدْيُون» دەيدۇ. بۇ ئالدىنقىسىدىن پەرقلىقتۇر. قەرزگە بوغۇلغانلارنىڭ قەرزلىرىنى تۆلىشى ئۈچۈن زاكات ماللىرىدىن بېرىش ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىدۇر.

### ◄ ئاللاھنىڭ يولى

ئاللاھنىڭ يولى – كۆپ سانلىق ئۆلىمالارنىڭ قارىشىچە، ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلىش يولىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان جىهادتۇر. مۇجاھىدلارنىڭ جىهادقا يېتەرلىك تەييارلىقلارنى ھازىرلىشى، قورال-ياراق، ئوق-دورا سېتىۋېلىشى، ئۆزلىرىنىڭ ۋە ئائىلىسىنىڭ ئېھتىياجلىرىنى قامدىشى ئۈچۈن زاكات ماللىرىدىن بېرىلىدۇ. بۇنىڭدا ئىسلامدىكى مەزھەپلەرنىڭ كۆپلىرى بىرلىككە كەلگەن.

سەئۇدى ئەرەبىستان كاتتا ئۆلىمالار ھەيئىتىنىڭ «ئىلمىي تەتقىقات ۋە پەتىۋا كومىتېتى» ھىجرىيە **1394**- يىلى شەئبان ئايىنىڭ**21**-كۈنىدىكى ئىلمىي يىغىنىدا «ئاللاھنىڭ يولى» دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە توختالغان بولۇپ، كۆپ سانلىق ئۆلىمالار بۇ ئايەتتىن مۇجاھىدلار كۆزدە تۇتۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشكەن. ئاز سانلىق ئۆلىمالار بۇ ئايەتتىن ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا خىزمەت قىلىدىغان ھەرقانداق دىنىي پائالىيەت كۆزدە تۇتۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشكەن.

بۇنىڭغا بىنائەن، زاكاتنىڭ «ئاللاھنىڭ يولى» دېگەن ئۈلۈشىگە كىشىلەرگە ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى يەتكۈزۈش، مۇسۇلمان ئەمەس قەۋملەرگە ئىسلامنى تەشۋىق قىلىش، دىنىنى چۈشەندۈرۈش ۋە بىلدۈرۈش يولىدا كىتاب، گېزىت، ژۇرنال، ئۈن-سىن قاتارلىقلارنى نەشر قىلىپ تارقىتىش، دىن ئۆگەتكۈچى ئۇستازلارنىڭ مائاشى قاتارلىق ئىشلارمۇ كىرىدۇ. يەنە مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدىن ئوقۇيالمىغان بالىلارنى ئوقۇتۇش، ياشلارنى تەربىيەلەش ۋە مۇھىم بولغىنى دىنىي تەلىم-تەربىي يەنى كۈچەيتىش قاتارلىقلارمۇ كىرىدۇ. يەنى يۇقىرىقىلارغا پۇل-مال سەرپ قىلىدىغان ئورگان ياكى مۇئەسسەسە چىقمىغان شارائىتلاردا، زاكاتقا يىغىلغان پۇل-ماللارنى ئىشلەتسە بولىدۇ.

بەزى ئۆلىمالار مەسجىدلەرنى بىنا قىلىش، مەكتەپ، مەدرىسىلەرنى سېلىش ۋە رېمونت قىلىش، يوللارنى ياساش، دوختۇرخانىلارنى ئېچىش قاتارلىق ئومۇم خەلق مەنپەئەتلىنىدىغان ئىشلارغىمۇ زاكات پۇلىدىن ئىشلىتىشكە بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. يەنە بەزى ئۆلىمالار بۇنى جائىز سانىمايدۇ[1].

---

[1] ئەللامە مۇھەممەد ئەلى سابۇنىنىڭ «فريضة الزكاة في الإسلام » ناملىق ئەسىرى، 113-بەت.

## يول خىراجىتىدىن ئايرىلىپ قالغان مۇساپىرلار

يول خىراجىتىدىن ئايرىلىپ قالغان مۇساپىر (يەنى ئىبنى سەبىل) ۋەتىنىدىن ئايرىلىپ باشقىلارنىڭ يۇرتىدا پۇل-مالغا ئېھتىياجلىق بولۇپ قالغان ئادەمنى كۆرسىتىدۇ. باشقىلارنىڭ يۇرتىدا پۇل-مېلىدىن ئايرىلىپ قېلىپ ياردەمگە موھتاج بولغان ئادەم گەرچە ئۆز ۋەتىنىدە باي بولسىمۇ، ئۇنىڭغا زاكات بېرىشكە بولىدۇ. ئاز ساندىكى بەزى ئالىملار مۇنداق مۇساپىرغا زاكات بېرىش ئۈچۈن ئۇنىڭ گۇناھ-مەئسىيەت ئۈچۈن سەپەر قىلمىغان بولۇشىنى شەرت قىلىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق بولىدىغان گۇناھ – مەئسىيەتلەرگە ياردەم قىلغان كىشى شۇ گۇناھنى قىلغانغا ئوخشاشتۇر. بارلىق فەقىھلەرنىڭ بىردەك ئىتتىپاقى بويىچە، يۇرتىدىن ئايرىلىپ پۇل-مالغا ئېھتىياجلىق بولۇپ قالغان مۇساپىرغا ئۇنىڭ ئېھتىياجىغا يېتەرلىك مىقداردا زاكات بېرىش پەرزدۇر.

بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە، ئايەتتە پېقىرلار، مىسكىنلەر، زاكات خادىملىرى، كۆڭلىنى ئىسلامغا مايىل قىلىش كۆزدە تۇتۇلغانلار، قەرزدارلار ۋە مۇساپىرلار قاتارلىق ئالتە تۈرلۈك كىشى «ئىگە قىلىش»نى ئىپادىلەيدىغان «لام» ھەرپى بىلەن بايان قىلىنغان. ئەمما «قۇللارنىڭ ئازادلىقى» ۋە «ئاللاھنىڭ يولى» دېگەن ئىككىسى مەلۇم بىر دائىرە ئىچىدە دېگەننى ئىپادىلەيدىغان «فى» بىلەن بايان قىلىنغان. بۇنىڭدىن ئومۇمىي مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئەتىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىشلار ۋە ئورۇنلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ئايەتتىكى تەرتىپ زاكات بېرىلىدىغان كىشىلەرنى بايان قىلىش ئۈچۈن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ كۆرگەندىن كېيىن، زاكاتنى ئۇلارنىڭ قايسىسىغا بېرىشكە تېگىشلىك بولسا شۇنىڭغا بېرىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە بېرىش شەرت ئەمەس.

ئىمام شافىئىيدىن باشقا مەزھەپ ئۆلىمالىرىنىڭ بىردەك ئىتتىپاقى بويىچە، زاكاتنى مەزكۇر سەككىز خىل شەخستىن بىرەرسىگە بېرىش بىلەنمۇ زاكات پەرزى ئادا تاپىدۇ. مۇھىم بولغىنى زاكاتنىڭ مەزكۇر سەككىز خىل شەخستىن باشقىسىغا بېرىلمەسلىكىدۇر. شۇڭا زاكات بەرگۈچىنىڭ زاكات ئۈچۈن ئايرىغان پۇل-مېلىنى سەككىزگە بۆلۈپ، ئاندىن زاكات ئالىدىغان سەككىز تۈرنىڭ ھەربىرىگە تەقسىم قىلىشى شەرت ئەمەس. بۇ قىيىن ئىشتۇر. بولۇپمۇ زامانىمىزدا بۇنداق قىلىش مۇمكىن ئەمەس. مەسىلەن: زامانىمىزدا ئازاد قىلىدىغان قۇل يوق. ئىسلام شەرىئىتى قانۇن قىلىنمىغان دۆلەتلەردە زاكات يىغىشقا ۋەزىپىلەنگەن

زاكات خادىملىرى يوق. يەنە باشقىلىرىنىڭ ھەممىسى تېپىلماسلىقى مۇمكىن. شۇڭا زاكات بەرگۈچى بېرىدىغان زاكىتىنى مەزكۇر سەككىز تۈرنىڭ قايسى بىرىگە بەرسە زاكات ئادا بولغان بولىدۇ.

### مۇھىم نۇقتىلىرى

**1.** مۇسۇلمان ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ زۆرۈر ئېھتىياجىدىن تاشقىرى پۇل-مېلى بولۇپ، زاكات بېرىش مىقدارىغا يەتسە يىلدا بىر قېتىم زاكات ئايرىشى پەرزدۇر.

**2.** بايلىق ۋە يوقسۇللۇق ئاللاھ تائالانىڭ تەقسىماتى ۋە سىنىقى بولۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ تەقسىماتىغا رازى بولۇش ئىماننىڭ تەلەپلىرىدىن بىرىدۇر.

**3.** زاكات يۇقىرىقى سەككىز تۈرگىلا بېرىلىدۇ.

### مۇناپىقلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەزىيەت يەتكۈزۈشى

﴿وَمِنْهُمُ ٱلَّذِينَ يُؤْذُونَ ٱلنَّبِيَّ وَيَقُولُونَ هُوَ أُذُنٌۚ قُلْ أُذُنُ خَيْرٍ
لَّكُمْ يُؤْمِنُ بِٱللَّهِ وَيُؤْمِنُ لِلْمُؤْمِنِينَ وَرَحْمَةٌ لِّلَّذِينَ ءَامَنُواْ مِنكُمْۚ
وَٱلَّذِينَ يُؤْذُونَ رَسُولَ ٱللَّهِ لَهُمْ عَذَابٌ أَلِيمٌ ﴿٦١﴾ يَحْلِفُونَ بِٱللَّهِ
لَكُمْ لِيُرْضُوكُمْ وَٱللَّهُ وَرَسُولُهُۥٓ أَحَقُّ أَن يُرْضُوهُ إِن كَانُواْ مُؤْمِنِينَ
﴿٦٢﴾ أَلَمْ يَعْلَمُوٓاْ أَنَّهُۥ مَن يُحَادِدِ ٱللَّهَ وَرَسُولَهُۥ فَأَنَّ لَهُۥ نَارَ جَهَنَّمَ
خَٰلِدًا فِيهَاۚ ذَٰلِكَ ٱلْخِزْىُ ٱلْعَظِيمُ ﴿٦٣﴾ يَحْذَرُ ٱلْمُنَٰفِقُونَ أَن تُنَزَّلَ
عَلَيْهِمْ سُورَةٌ تُنَبِّئُهُم بِمَا فِى قُلُوبِهِمْۚ قُلِ ٱسْتَهْزِءُوٓاْ إِنَّ ٱللَّهَ مُخْرِجٌ
مَّا تَحْذَرُونَ ﴿٦٤﴾ وَلَئِن سَأَلْتَهُمْ لَيَقُولُنَّ إِنَّمَا كُنَّا نَخُوضُ وَنَلْعَبُۚ
قُلْ أَبِٱللَّهِ وَءَايَٰتِهِۦ وَرَسُولِهِۦ كُنتُمْ تَسْتَهْزِءُونَ ﴿٦٥﴾ لَا تَعْتَذِرُواْ
قَدْ كَفَرْتُم بَعْدَ إِيمَٰنِكُمْۚ إِن نَّعْفُ عَن طَآئِفَةٍ مِّنكُمْ نُعَذِّبْ
طَآئِفَةًۢ بِأَنَّهُمْ كَانُواْ مُجْرِمِينَ ﴿٦٦﴾ ٱلْمُنَٰفِقُونَ وَٱلْمُنَٰفِقَٰتُ بَعْضُهُم
مِّنۢ بَعْضٍۚ يَأْمُرُونَ بِٱلْمُنكَرِ وَيَنْهَوْنَ عَنِ ٱلْمَعْرُوفِ وَيَقْبِضُونَ
أَيْدِيَهُمْۚ نَسُواْ ٱللَّهَ فَنَسِيَهُمْۚ إِنَّ ٱلْمُنَٰفِقِينَ هُمُ ٱلْفَٰسِقُونَ ﴿٦٧﴾ وَعَدَ

ٱللَّهُ ٱلْمُنَٰفِقِينَ وَٱلْمُنَٰفِقَٰتِ وَٱلْكُفَّارَ نَارَ جَهَنَّمَ خَٰلِدِينَ فِيهَا ۚ هِىَ
حَسْبُهُمْ ۚ وَلَعَنَهُمُ ٱللَّهُ ۖ وَلَهُمْ عَذَابٌ مُّقِيمٌ ﴿٦٨﴾ كَٱلَّذِينَ مِن قَبْلِكُمْ
كَانُوٓا۟ أَشَدَّ مِنكُمْ قُوَّةً وَأَكْثَرَ أَمْوَٰلًا وَأَوْلَٰدًا فَٱسْتَمْتَعُوا۟ بِخَلَٰقِهِمْ
فَٱسْتَمْتَعْتُم بِخَلَٰقِكُمْ كَمَا ٱسْتَمْتَعَ ٱلَّذِينَ مِن قَبْلِكُم بِخَلَٰقِهِمْ
وَخُضْتُمْ كَٱلَّذِى خَاضُوٓا۟ ۚ أُو۟لَٰٓئِكَ حَبِطَتْ أَعْمَٰلُهُمْ فِى ٱلدُّنْيَا
وَٱلْءَاخِرَةِ ۖ وَأُو۟لَٰٓئِكَ هُمُ ٱلْخَٰسِرُونَ ﴿٦٩﴾ أَلَمْ يَأْتِهِمْ نَبَأُ ٱلَّذِينَ مِن
قَبْلِهِمْ قَوْمِ نُوحٍ وَعَادٍ وَثَمُودَ وَقَوْمِ إِبْرَٰهِيمَ وَأَصْحَٰبِ مَدْيَنَ
وَٱلْمُؤْتَفِكَٰتِ ۚ أَتَتْهُمْ رُسُلُهُم بِٱلْبَيِّنَٰتِ ۖ فَمَا كَانَ ٱللَّهُ لِيَظْلِمَهُمْ
وَلَٰكِن كَانُوٓا۟ أَنفُسَهُمْ يَظْلِمُونَ ﴿٧٠﴾

### ◄ تەرجىمىسى

**61**ـ ئۇلارنىڭ (يەنى مۇناپىقلارنىڭ) ئارىسىدا پەيغەمبەرگە ئەزىيەت يەتكۈزۈپ: «ئۇ (ئاڭلىغىنىغا ئىشىنىۋېرىدىغان) قۇلاقتۇر» دەيدىغانلىرى بار. ئېيتقىنكى، «ئۇ سىلەر ئۈچۈن ياخشى (پايدىلىق بولغان) سۆزلەرنى ئاڭلايدىغان قۇلاقتۇر. ئۇ ئاللاھقا ئىشىنىدۇ، مۇئمىنلەرگە ئىشىنىدۇ، ئۇ سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى ئىمان ئېيتقانلار ئۈچۈن رەھمەتتۇر». ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئەزىيەت يەتكۈزىدىغانلارغا قاتتىق ئازاب بار.

**62**ـ ئۇلار سىلەرنى رازى قىلىش ئۈچۈن ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىدۇ، ئەگەر ئۇلار راستتىنلا مۇئمىن بولىدىغان بولسا، رازى قىلىشى ئۈچۈن ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ئەڭ ھەقلىق ئىدى.

**63**ـ ئۇلار ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە قارشىلىق كۆرسىتىدىغانلارنىڭ دوزاخقا كىرىدىغانلىقىنى ۋە دوزاختا مەڭگۈ قالىدىغانلىقىنى بىلمەمدۇ؟ ئەنە شۇ چوڭ رەسۋالىقتۇر.

**64**ـ مۇناپىقلار ئۆزلىرى توغرىسىدا بىرەر سۈرە نازىل بولۇپ، ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكىنى مۇئمىنلەرگە پاش قىلىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەيدۇ. (ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «سىلەر (ئاللاھنىڭ دىنىنى) مەسخىرە قىلىۋېرىڭلار،

سىلەر ئەنسىرەيدىغان نەرسىنى ئاللاھ چوقۇم ئاشكارا قىلىدۇ».

65ـ ئەگەر سەن ئۇلاردىن (نېمە ئۈچۈن مەسخىرە قىلغانلىقىنى) سۈرۈشتە قىلساڭ، ئۇلار: «بىز پەقەت چاقچاق قىلىپ ۋە ئوينىشىپ دەپ قويغان ئىدۇق» دەيدۇ. (ئۇ مۇناپىقلارغا): «سىلەر ئاللاھنىڭ دىنىنى، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنى مەسخىرە قىلدىڭلارمۇ؟» دېگىن.

66ـ (ئى مۇناپىقلار!) سىلەر (يالغاندىن) ئۆزرە ئېيتماڭلار، سىلەر ئىمان ئېيتقاندىن كېيىن، (پەيغەمبەرنى مەسخىرە قىلىش بىلەن) كاپىر بولدۇڭلار، سىلەردىن (سەمىمىي تەۋبە قىلغان) بىر گۇرۇھنى ئەپۇ قىلساقمۇ، يەنە بىر گۇرۇھنى گۇناھكار بولغانلىقى ئۈچۈن جازالايمىز.

67ـ مۇناپىق ئەرلەر بىلەن مۇناپىق ئاياللار بىر-بىرىگە ئوخشايدۇ، ئۇلار يامانلىققا بۇيرۇيدۇ، ياخشىلىقتىن توسىدۇ، ئۇلار (بېخىللىق قىلىپ) قوللىرىنى يۇمۇۋالىدۇ. ئۇلار ئاللاھنى ئۇنتۇدى، شۇنىڭ بىلەن ئاللاھمۇ ئۇلارنى ئۇنتۇدى (پەزل-رەھمىتىدىن مەھرۇم قىلدى). شۈبھىسىزكى، مۇناپىقلار پاسىقلارنىڭ دەل ئۆزىدۇر.

68ـ ئاللاھ مۇناپىق ئەرلەرگە، مۇناپىق ئاياللارغا ۋە (بارلىق) كاپىرلارغا دوزاخ ئوتىنى ۋەدە قىلدى، ئۇلار (دوزاخقا كىرىدۇ)، دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ. دوزاخ (ئۇلارنى ئازابلاشقا) يېتەرلىكتۇر، ئاللاھ ئۇلارغا لەنەت قىلدى. ئۇلارغا مەڭگۈلۈك ئازاب بار.

69ـ (ئى مۇناپىقلار!) سىلەر بۇرۇن ئۆتكەنلەرگە ئوخشايسىلەر. ئۇلار كۈچ-قۇۋۋەتتە سىلەردىن كۈچلۈك ئىدى، ئۇلارنىڭ مال-مۈلۈكى ۋە ئەۋلادى سىلەرنىڭكىدىن كۆپ ئىدى. ئۇلار نېسىۋىسىدىن بەھرىمەن بولغان ئىدى. سىلەردىن ئىلگىرىكىلەر نېسىۋىسىدىن بەھرىمەن بولغاندەك، سىلەرمۇ نېسىۋەڭلاردىن بەھرىمەن بولدۇڭلار، ئۇلار باتىلغا پېتىپ كەتكەندەك، سىلەرمۇ باتىلغا پېتىپ كەتتىڭلار. ئەنە شۇلارنىڭ (ياخشى) ئەمەللىرى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بىكار بولۇپ كېتىدۇ، ئەنە شۇلار زىيان تارتقۇچىلاردۇر.

70ـ ئۇلارغا ئۆزلىرىدىن ئىلگىرى ئۆتكەنلەرنىڭ، نۇھ، ئاد ۋە سەمۇد قەۋملىرىنىڭ، ئىبراھىم قەۋمىنىڭ، مەديەن ئاھالىسىنىڭ، دۈم كۆمتۈرۈۋېتىلگەن شەھەرلەرنىڭ خەۋەرلىرى كەلمىدىمۇ؟ ئۇلارغا پەيغەمبەرلىرى

ئوپئوچۇق مۆجىزىلەرنى ئېلىپ كەلگەن ئىدى، (ئۇلار پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغانلىقتىن ھالاك بولدى). ئاللاھ ئۇلارغا زۇلۇم قىلمىدى، لېكىن ئۇلار ئۆزىگە ئۆزى زۇلۇم قىلدى.

### ◄ بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ئالدىنقى ئايەتلەردە، مۇناپىقلارنىڭ بەزى ئالامەتلىرى بايان قىلىنغان، ھەتتا ئۇلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى غەنىيمەت ۋە سەدىقىلەرنى تەقسىم قىلىشتا ئادىللىق قىلمىدى، دەپ ئەيىبلىگەنلىكى ۋە ئورۇنسىز نارازىلىق بىلدۈرگەنلىكىدىن ئىبارەت بەزى قىلمىشلىرى بايان قىلىنغان بولۇپ، بۇ ئايەتلەردە، مۇناپىقلىقنىڭ ئەسلى ماھىيىتى، ئۇلارنىڭ دۇنيا ـ ئاخىرەتتىكى جازاسى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ۋە ئۇلاردىن ئىلگىرىكىلەر- نىڭ ئەھۋالى بايان قىلىنىش ئارقىلىق ئىسلامنىڭ مەدىنىدە دەۋرىدىكى مۇناپىقلارنىڭ نەقەدەر رەزىل، نەقەدەر قارا نىيەت مەخلۇقلار ئىكەنلىكى ئايدىڭلاشتۇرۇلغان.

### ◄ تەپسىرى

مۇناپىقلارنىڭ ئارىسىدا ھېچ تەپ تارتماستىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەزىيەت يەتكۈزىدىغانلار بار. ھالبۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەزىيەت يەتكۈزۈش ئاللاھ تائالاغا ئەزىيەت يەتكۈزگەنلىك بىلەن تەڭدۇر. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ يەر يۈزىدىكى ۋەكىلىدۇر. بۇ مۇناپىقلار ئۆزلىرىنىڭ نەقەدەر قەبىھ قىلمىشلارنى قىلغانلىقىنى ھېس قىلمايدۇ. ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۈيۈك ئەخلاق ئىگىسى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىپ: ﴿وَإِنَّكَ لَعَلَىٰ خُلُقٍ عَظِيمٍ﴾ يەنى ﴿سەن ھەقىقەتەن بۈيۈك ئەخلاقا ئىگىسەن﴾[1] دېگەن تۇرسا، بۇ مۇناپىقلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكتىن ئىبارەت ئۇلۇغ مەرتىۋىسىگە مۇناسىپ كەلمەيدىغان سۆزلەر بىلەن سۆزلەيدۇ. مانا بۇ مەزكۇر مۇناپىقلارنىڭ ئەقىل ۋە دىنىنىڭ مەنتىقىدىن يىراق ھالدا سادىر قىلىپ كېلىۋاتقان كۆندىلىك قىلمىشلىرىنىڭ بىرىدۇر.

ئۇلار : «مۇھەممەد ئاڭلىغىنىغا ئىشىنىۋېرىدىغان قۇلاقتۇر» دېيىش ئارقىلىق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى راست - يالغاننى پەرق ئېتەلمەيدۇ،

[1] قەلەم سۈرىسى: 4ـ ئايەت.

دەپ ئەيىبلەيدۇ. ﴿كَبُرَتۡ كَلِمَةٗ تَخۡرُجُ مِنۡ أَفۡوَٰهِهِمۡۚ إِن يَقُولُونَ إِلَّا كَذِبٗا﴾ يەنى ﴿ئۇلارنىڭ ئېغىزىدىن چىققان سۆز نېمىدېگەن چوڭ (كۇفرىلىق)!﴾[1].

شەك-شۈبھىسىزكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەخلاق-پەزىلەتتە، ئەقىل-پاراسەتتە، ئىلىم-ھېكمەتتە كامالىغا يەتكەن، پاك ھېس-تۇيغۇغا ئىگە ئۇلۇغلۇق پەيغەمبەر بولۇپ، گەپ-سۆزىدە، ئىش-ھەرىكەتلىرىدە ھېچ كىشىنى بىئارام قىلمايتتى، ھېچ كىشىگە ئەزىيەت يەتكۈزمەيتتى، قوپال، تەنلىك سۆزلەرنى قەتئىي قىلمايتتى، ھەركىمگە چىرايلىقچە نەسىھەت قىلاتتى، بىرەر كىشىنىڭ خاتالىقىغا ئاگاھلاندۇرۇش بەرمەكچى بولسا، «بۇ قەۋمگە نېمە بولغاندۇ؟» دېگەندەك سۆزلەرنى قىلىپ، ئومۇمغا خىتاب قىلىش ئارقىلىق تۈزىتىش بېرەتتى، ھېچكىمنىڭ خاتالىقىنى يۈزىگە سالمايتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇناپىقلارنىڭ بارلىق رەزىللىكلىرىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، يەنى لا ئۇلارغا مۇسۇلمانلارنىڭ قاتارىدا مۇئامىلە قىلاتتى، مۇسۇلمانلارغا بۇيرۇغان ئەمەللەرنى ئۇلارغىمۇ بۇيرۇيتتى، مۇسۇلمانلارغا ئىجرا قىلىنغان شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ئۇلارغىمۇ ئىجرا قىلاتتى، ئۇلارغا قىلچە ئايرىمچىلىق قىلمايتتى. ئەھۋال شۇنداق تۇرسىمۇ، ئۇ مۇناپىقلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋە مۇئمىنلەرگە نەشتىرىنى سانجىپلا تۇراتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىنتايىن سەۋر-تاقەتلىك زات بولغانلىقتىن، مۇناپىقلارنىڭ كۆپلىگەن قىلمىشلىرىنى كۆرمەسكە سېلىپ ئۆتۈپ كېتەتتى.

ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەزىيەت يەتكۈزگەن مۇناپىقلارغا رەددىيە بېرىش ئۈچۈن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۇلارغا مۇنداق دېيىشكە بۇيرۇغان: ﴿ئۇ سىلەر ئۈچۈن ياخشى (پايدىلىق بولغان) سۆزلەرنى ئاڭلايدىغان قۇلاقتۇر﴾ يەنى «ئۇ قۇلاق ياخشىلىقنى، سىلەرگە مەنپەئەتلىك نەرسىلەرنى ئاڭلايدىغان، يامانلىقنى ئاڭلىمايدىغان قۇلاقتۇر»[2].

ئاندىن ﴿ياخشى (پايدىلىق بولغان) سۆزلەرنى ئاڭلايدىغان قۇلاقتۇر﴾ دېگەن سۆزنى چۈشەندۈرۈپ: ﴿ئۇ ئاللاھقا ئىشىنىدۇ، مۇئمىنلەرگە ئىشىنىدۇ، ئۇ سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى ئىمان ئېيتقانلار ئۈچۈن رەھمەتتۇر﴾

[1] كەھف سۈرىسى: 5-ئايەت.
[2] «تفسير البغوي» 2-توم، 364-بەت.

دەيدۇ. يەنى ئۇ پەيغەمبەر ئاللاھ تائالاغا، ئاللاھ تائالا ۋەھيى قىلغان غەيبنى ئىشلارغا ئىشىنىدۇ، شۇنىڭدەك سىلەر توغرۇلۇق ۋە سىلەردىن باشقىلار توغرۇلۇق كەلگەن ۋەھيىلەرنىڭ ھەممىسىگە ئىشىنىدۇ، مۆئمىنلەرنىڭ ئىمانىغا، ئۇلارنىڭ ھەقىقەت تەرەپدارى ئىكەنلىكىگە، مۇھاجىرلار بىلەن ئەنسارلارنىڭ ئىمانىدا راستچىل ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ، ئەمما مۇناپىقلارغا مايىل بولمايدۇ، ئۇلارغا ئالدانمايدۇ، ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە ئىشەنمەيدۇ. ئۇ پەيغەمبەر مۆئمىنلەر ئۈچۈن رەھمەت بولۇپ، ئۇلارنى دۇنيا-ئاخىرەتنىڭ بەخت-سائادىتىگە يېتەكلەيدۇ.

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتلەردە، ئۆزىنىڭ مۇناپىقلارنىڭ بارلىق ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن قىلمىشلىرىدىن، پۈتۈن سىرلىرىدىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى خەۋەرلەندۈرۈپ تۇرىدىغانلىقىنى بايان قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرغان. چۈنكى، مۇناپىقلارنىڭ ھەممىدىن بەك قورقىدىغىنى مۇشۇ ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرى توغرىسىدا بىرەر سۈرە ياكى بىرەر ئايەت نازىل بولۇپ، دىللىرىدىكى مۇناپىقلىقنىڭ پاش بولۇپ قېلىشىدىن قاتتىق ئەنسىرەيتتى. ﴿يَحۡذَرُ ٱلۡمُنَٰفِقُونَ أَن تُنَزَّلَ عَلَيۡهِمۡ سُورَةٞ تُنَبِّئُهُم بِمَا فِي قُلُوبِهِمۡۚ﴾ يەنى ﴿مۇناپىقلار ئۆزلىرى توغرىسىدا بىرەر سۈرە نازىل بولۇپ، ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكىنى مۆئمىنلەرگە پاش قىلىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەيدۇ﴾[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەقىقەتەن رەھمەت پەيغەمبىرى ئىدى، ئۇنىڭ رەھمىتى ۋە شەپقىتى ھەممىگە ئورتاق ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئېسىل ئەخلاقى بىلەن مۇناپىقلارغىمۇ ياخشى مۇئامىلە قىلاتتى، ئۇلارنى رەسۋا قىلمايتتى ۋە ئۇلارغا ئازار بەرمەيتتى. ئەمما مۇناپىقلار توغرىسىدا نازىل بولغان ئايەتلەر مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدا يالغاندىن ئۆزلىرىنى مۇسۇلمانچە كۆرسىتىپ كېلىۋاتقان مۇناپىقلارنىڭ بارلىقىنى ئوچۇق سۆزلەيتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە مۇناسىۋەتلىك ئىشلاردا ئۇنىڭغا ئەزىيەت يەتكۈزۈش ئوپئوچۇق كۇفرىلىقتۇر. مۇنداق ئەزىيەت پەقەت كاپىرلاردىن ۋە مۇناپىقلاردىنلا سادىر بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى سېھىرگەر، يالغانچى، مەجنۇن (يەنى ئەقلى جايىدا ئەمەس، ساراڭ) دېگەندەك تۆھمەتلەر بىلەن ئەيىبلىگەن مۇناپىقلارغا ئاللاھ تائالانىڭ ئازابى ھەقىقەتەن قاتتىقتۇر. چۈنكى، ئۇلارنىڭ بۇ

---

[1] تەۋبە سۈرىسى: 64-ئايەت.

سۆزلىرى ئۆزلىرىنىڭ كاپىر ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلىشى ۋە قاتتىق ئازابقا تېگىشلىك بولۇشى ئۈچۈن يېتەرلىكتۇر. ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىگە مۇناسىۋەتلىك ئىشلاردا، ئۇنىڭغا ئەزىيەت يەتكۈزۈش ھارامدۇر. بۇ ئىسلامدا قاتتىق چەكلەنگەن بولۇپ، ھەقىقىي مۇئمىندىن بۇنداق سۆزنىڭ سادىر بولۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. شۇنىڭدەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىغا ئەزىيەت يەتكۈزۈشمۇ ھارامدۇر.

شەكسىزكى، مۇناپىقلارنىڭ، يالغانچىلارنىڭ ۋە ھەرقانداق گۇناھكارنىڭ ئۆزىنى ئوڭايسىزلىقتا ھېس قىلىشى ۋە گويا ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا قاراپ تۇرغاندەك ۋە ئۇنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ تۇرغاندەك، ئەتراپىدىكىلەردىن خۇدۇكسىرىشى، ھەمىشە قەسەم قىلىشى ۋە كۆپ ئۆزرە تىلىشى مۇناپىقلىقنىڭ ئالامەتلىرى بولۇپ، ئۇلار دائىم ئۆزلىرىنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى يوشۇرۇشقا ئۇرۇنىدۇ. ئەمما ئاللاھ تائالا بىلىدۇكى، ئۇلار شەكسىز يالغانچىلاردۇر.

ئى ئىمان ئېيتقانلار! مۇناپىقلار سىلەرنى ئۆزلىرىنىڭ مۇناپىق ئەمەسلىكىگە ۋە مۇنداق رەزىل قىلىقتىن پاك ئىكەنلىكىگە ئىشەندۈرۈش، قايىل قىلىش ۋە سىلەرنىڭ ئىشەنچىڭلارغا ئېرىشىش ئۈچۈن، سىلەرگە ئاللاھ تائالانىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ تۇرۇپ يالغاندىن قەسەملەرنى قىلىپ بېرىدۇ. ئۇلار مۇشۇنداق قىلىش ئارقىلىق ئۆزلىرىنى «بىز مۇسۇلمانلارغا قېتىلىمىز ۋە ئۇلارنىڭ سېپىگە كىرىمىز» دەپ ئويلايدۇ. ئۇلار كۆرۈنۈشتە سىلەرنىڭ قاتارىڭلاردىن سانالسىمۇ، ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە كاپىرلاردۇر. چۈنكى، مۇناپىقلار شەكسىز كاپىرلاردۇر، ھەتتا كاپىرلاردىنمۇ خەتەرلىك، رەزىل ۋە نامەرد مەخلۇقلاردۇر. شۇڭا ئۇلارنىڭ جازاسىمۇ كاپىرلارنىڭ جازاسىدىن ئېغىر بولىدۇ. ﴿إِنَّ ٱلۡمُنَٰفِقِينَ فِي ٱلدَّرۡكِ ٱلۡأَسۡفَلِ مِنَ ٱلنَّارِ وَلَن تَجِدَ لَهُمۡ نَصِيرًا﴾ يەنى ﴿مۇناپىقلار چوقۇم دوزاخنىڭ ئەڭ ئاستىنقى قەۋىتىگە تاشلىنىدۇ، ئۇلارغا ھېچقانداق مەدەتكار تاپالمايسەن﴾[1].

ئاللاھ تائالا مۇناپىقلارغا رەددىيە بېرىپ، ئۇلارنىڭ چۈمپەردىسىنى ئېچىپ تاشلاپ، مۇسۇلمانلارغا دەيدۇكى: ئى ئىمان ئېيتقانلار! مۇناپىقلار سىلەرنى ئىشەندۈرۈش ۋە رازى قىلىش ئۈچۈن قەسەم قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئاللاھنى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى رازى قىلىش مۇئمىنلەرنى رازى قىلىشتىن

---

[1] نىسا سۈرىسى: 145- ئايەت.

مۇھىم ئىدى. ئاللاھنى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى رازى قىلىش ھەقىقىي ئىمان، ياخشى ئەمەل ۋە سەمىمىي ئىخلاس بىلەن بولىدۇ. شۇنىمۇ بىلىش كېرەككى، پەيغەمبەرنى رازى قىلىش ئاللاھ تائالانى رازى قىلغانلىقتۇر. ﴿مَّن يُطِعِ ٱلرَّسُولَ فَقَدۡ أَطَاعَ ٱللَّهَۖ﴾ يەنى ﴿كىمكى پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلسا، ئۇ ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ﴾[1]. مۇناپىقلار ئەگەر ھەقىقىي مۇئمىن بولىدىغان بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە ئۇلار ئالدى بىلەن ئاللاھ تائالانى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى رازى قىلىشقا تىرىشقان بولاتتى.

ئىماننىڭ ئالامىتى: ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتىش، ئۇنى ياخشى كۆرۈش، پەيغەمبەرنى ياخشى كۆرۈش، ئاللاھ تائالانىڭ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇنداش ۋە چەكلىگەنلىرىدىن يېنىشتىن ئىبارەتتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ثَلاَثٌ مَنْ كُنَّ فِيهِ وَجَدَ حَلاَوَةَ الإِيمَانِ: أَنْ يَكُونَ اللَّهُ وَرَسُولُهُ أَحَبَّ إِلَيْهِ مِمَّا سِوَاهُمَا ، وَأَنْ يُحِبَّ الْمَرْءَ لاَ يُحِبُّهُ إِلَّا لِلَّهِ ، وَأَنْ يَكْرَهَ أَنْ يَعُودَ فِي الْكُفْرِ كَمَا يَكْرَهُ أَنْ يُقْذَفَ فِي النَّارِ» يەنى «مۇنۇ ئۈچ خىسلەتكە ئىگە بولغان ئادەم ئىماننىڭ ھالاۋىتىنى تېتىغان بولىدۇ. ئۇلار: ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى ھەممىدىن بەك ياخشى كۆرۈش، بىراۋنى ياخشى كۆرسە، ئۇنى پەقەت ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈنلا ياخشى كۆرۈش ۋە كۇفرىلىققا يېنىپ كېتىشنى ئوتقا تاشلانغاندىنمۇ بەك يامان كۆرۈشتۇر»[2].

ئۇ مۇناپىقلار ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە مۇخالىپەتچىلىك قىلغۇچىلارنىڭ جازاسى دوزاخ ئىكەنلىكىنى بىلمەمدۇ؟ دوزاخ نېمىدېگەن ئازابلىق جاي! دوزاخ ئۇلارغا يېتەرلىك خار-زەبۇنلۇق ۋە دەردلىك ئازابتۇر.

مۇناپىقلار ئىمان بىلەن كۇفرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىككىلىنىپ تۇر-غۇچىلار بولۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ ۋەھيىسى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكى ئۈستىدە ھەمىشە شەك قىلىدۇ. بۇنداق شەك ۋە ئىككىلىنىش ئۇلارنى ھېچ نەرسىگە ئىشەنمەيدىغان، ھەممىگە گۇمان بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان، تولا شەكلىنىدىغان ۋە ھەممىدىن قورقىدىغان قىلىپ قويغان. ئەگەر ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا جەزمەن ئىشەنمەيدىغان بولسا ئىدى، ئۇلاردا بۇنداق شەك قىلىش بولمىغان بولاتتى. ئەگەر ئۇلار ھەقىقىي مۇئمىنلەردىن بولسا ئىدى، يەنى لا ئۇلاردا بۇنداق شەكلىنىش، ھەزەر ئەيلەش ۋە خۇدۇكسىرەشنىڭ ئورنى قالمايتتى.

---

[1] نىسا سۈرىسى: 80-ئايەت

[2] «صحيح البخاري» 2-توم، 12-بەت، 16 -ھەدىس.

شۇڭا «قۇرئان كەرىم» ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلىشتا: مۇناپىقلار مۇئمىنلەرگە ئۆزلىرىنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى ئېچىپ تاشلايدىغان، ھىيلە-مىكىرلىرىنى ئاشكارىلاپ قويىدىغان، مۇئمىنلەرنى مەسخىرە قىلغانلىقىغا دائىر جىنايەتلىرىنى پاش قىلىپ قويىدىغان مۇشۇنىڭغا ئوخشاش سۈرىلەرنىڭ نازىل بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيدۇ، دېگەن مەنىدە بايان قىلغان.

مۇناپىقلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئېغىر كۈنلەرگە قېلىشىنى، زىيان تارتىشىنى ۋە يات يېقىندا ھالاك بولۇشىنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتى، ئۇلار يەنە ھەمىشە دىننى مەسخىرە قىلاتتى، ئۇلار مۇسۇلمانلارغا گەپ-سۆز قىلغاندا بولسا ھەمىشە تەنە سۆزلەرنى قىلىپ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى بىئارام قىلاتتى. ئۇلار مۇئمىنلەرنىڭ يېنىدا ئۆزلىرىنى مۇئمىنلەردىن قىلىپ كۆرسىتەتتى، ئەمما ئۆزلىرى يالغۇز قالغان چاغلىرىدا، ئۆز ئارىسىدا مۇئمىنلەرنىڭ غەيۋىتىنى قىلاتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام توغرۇلۇق يامان سۆزلەرنى قىلاتتى، مۇئمىنلەرنى مەسخىرە قىلاتتى. شۇڭا ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۇلارغا: ﴿سىلەر (ئاللاھنىڭ دىنىنى) مەسخىرە قىلىۋېرىڭلار، سىلەر ئەنسىرەيدىغان نەرسىنى ئاللاھ چوقۇم ئاشكارا قىلىدۇ﴾ دېيىشكە بۇيرۇغان. ئۇلار ئەنسىرەيدىغان نەرسە نېمە ئىدى؟ ئۇ بولسىمۇ، بۇ مۇناپىقلارنىڭ ئەپتى-بەشىرىسىنىڭ ئېچىلىپ كېتىشى ئىدى. ئەمما ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىكى رەزىللىكلىرىنى يوشۇرۇپ قالالمىدى. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ئۇلارنى ئۆز ۋاقتىدا رەسۋا قىلغان ئىدى.

ئەللامە ئىبنى جەرىر تەبەرىي قەتادەدىن رىۋايەت قىلىپ دەيدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەبۇك ئۇرۇشىدا بولغان ۋاقتىدا ئالدىنقى سەپتىكى كىشىلەرنىڭ ئارىسىدىن بەزى مۇناپىقلار: «مۇشۇ ئادەم شامنىڭ قەسىرلىرىگە ۋە ئۇنىڭ قورغانلىرىغا ئىگە بولۇشنى ئارمان قىلىۋاتامدۇ؟ بۇ مۇمكىن بولمايدىغان بىر ئىشتۇر!» دېيىشكەن ئىدى. ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بۇ سۆز ھەققىدە خەۋەر بەرگەن. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئالدىنقى سەپتىكىلەرنى توختىتىپ ئۇلارنىڭ يېنىغا بېرىپ: «سىلەر ئۇنداق، مۇنداق سۆزلەرنى دەپسىلەرغۇ؟» دېگەندە، ئۇلار: «ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! بىز بۇ سۆزلەرنى پەقەت ئىچ-پۇشۇقىمىزنى چىقىرىش ئۈچۈن چاقچاق قىلىپ دەپ قويغان ئىدۇق» دېگەن. ئاندىن ئاللاھ تائالا ئۇلار توغرىسىدا مەزكۇر ئايەتنى نازىل

قىلغان[1].

ئى پەيغەمبەر! بۇ مۇناپىقلارغا ئېيتقىنكى، سىلەر ئويۇن-چاقچاق قىلىشقا ئاللاھ تائالادىن، ئۇنىڭ ئايەتلىرىدىن ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىدىن باشقىسىنى تاپالمىدىڭلارمۇ؟ سىلەر بۇلارنى مەسخىرە قىلدىڭلارمۇ؟ قىلغىنىڭلارنى قىلىپ بولۇپ، ئاندىن ئۆزرە ئېيتساق قوبۇل قىلىنىدۇ، دەپ ئويلامسىلەر؟ سىلەر ھېچ تەپ تارتماستىن ۋە خىجىل بولماستىن مۇشۇنداق سۆزلەرنى قىلساڭلار، سىلەرنىڭ ئۆزرەڭلار قوبۇل قىلىنامدۇ؟ ئى مۇناپىقلار! سىلەر ئەمدى يالغاندىن ئۆزرە ئېيتماڭلار، چۈنكى، سىلەر ئىلگىرى ئاغزىڭلاردا بولسىمۇ ئىمان ئېيتقاندىن كېيىن، ئەمدى ئۆزۈڭلارنىڭ شەكسىز كاپىر ئىكەنلىكىڭلارنى ئاشكارا قىلدىڭلار. چۈنكى، ئاللاھ تائالانى ياكى ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى ۋەياكى ئۇنىڭ دىنىنى مەسخىرە قىلغان ئادەم شەكسىز كاپىر بولىدۇ. سىلەرنىڭ كاپىرلىقىڭلار تولۇق ئوتتۇرىغا چىقتى.

سىلەردىن بىر گۇرۇھ كىشىلەر سەمىمىي تەۋبە قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىپ، گۇناھلىرىنى ئەپۇ قىلساق، يەنە بىر گۇرۇھ كىشىلەرنى مۇناپىقلىقنى داۋاملاشتۇرغانلىقى، گۇناھقا پاتقانلىقى ۋە تەۋبە قىلمىغانلىقى ئۈچۈن ئازابلايمىز. چۈنكى، ئۇلار گۇناھكارلاردۇر.

مۇناپىق ئەرلەر بىلەن مۇناپىق ئاياللار بىر-بىرىگە ئوخشايدۇ، ئۇلارنىڭ دىللىرىمۇ، قىلىقلىرىمۇ، ئەخلاقىمۇ بىر-بىرىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. چۈنكى، ئۇلار شەرىئەت توسقان، ساغلام تەبىئەتلىك، ئەقىللىق ۋە ۋىجدانلىق كىشىلەر قوبۇل قىلمايدىغان يامان، قەبىھ ئىشلارنى قىلىدۇ ۋە بىر-بىرىنى ئۇنىڭغا بۇيرۇيدۇ. ئۇلار يەنە ساغلام تەبىئەتلىك، ئەقىل-ئىدراكلىق ۋە ۋىجدانلىق كىشىلەر ياقتۇرىدىغان ۋە شەرىئەت بۇيرۇغان ياخشى ئىشلارنى قىلمايدۇ ۋە قىلىشتىن بىر-بىرىنى توسىدۇ. ئۇلارغا ئاللاھ تائالانىڭ لەنىتى بولسۇن!

مۇناپىقلارنىڭ يەنە بىر رەزىللىكى شۇكى، ئۇلار بېخىللىق قىلىپ باشقىلارغا خەير-ساخاۋەت قىلمايدۇ، سەدىقە بەرمەيدۇ، ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش ئۈچۈن پۇل-مال سەرپ قىلمايدۇ. بۇ مۇناپىقلىقنىڭ مۇھىم ئالامەتلىرىنىڭ بىرىدۇر. چۈنكى، مۇناپىقلىق بارچە يامانلىقلارنىڭ بېشى، بالايىئاپەتلەرنىڭ يىلتىزى، پۈتۈن رەزىللىكلەرنىڭ چوڭىدۇر.

﴿ئۇلار ئاللاھنى ئۇنتۇدى، شۇنىڭ بىلەن ئاللاھمۇ ئۇلارنى ئۇنتۇدى

---

[1] «تفسير الطبري» 14-توم، 335-بەت.

(پەزل-رەھمىتىدىن مەھرۇم قىلدى). شۈبھىسىزكى، مۇناپىقلار پاسىقلارنىڭ دەل ئۆزىدۇر﴾. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىدا يەرلەشكەن رەزىللىكلەر بىلەن يامانلىقلار ئۇلارنى ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىشنى، ئۇنى ئۇلۇغلاشنى، دىنىنىڭ كۆرسەتمىلىرىنى، ئاللاھ تائالانىڭ ئايەتلىرىنى، قىيامەت كۈنىدە ھېساب بېرىشنى، ئۇ جايدىكى مۇكاپات ۋە جازانى ئۇنتۇلدۇرغان. بۇ سەۋەبتىن، ئۇلار ئاللاھ تائالاغا ئىخلاس قىلىش، ئۇنى سۆيۈش، ئۇنى ياد ئېتىش، ئۇنىڭ ئايەتلىرىدىن ھۇزۇر-ھالاۋەت ئېلىش، ئۇنىڭ يولىدا پۇل-مال سەرپ قىلىش قاتارلىق ئېسىل خىسلەتلەردىن پۈتۈنلەي مەھرۇمدۇر. ئۇلار مۇناپىقلىقى تۈپەيلىدىن ئۆزلىرىنىڭ بارلىق ياخشى ئەمەللىرىنى بىكار قىلىۋەتكەن ۋە ئۆزلىرىنى زىيانغا ئۇچراتقانلارنىڭ دەل ئۆزىدۇر. ھەقىقەتەن مۇناپىقلار ئەقلىنىڭ، دىنىنىڭ ۋە مەنتىقىنىڭ دائىرىسىدىن چىقىپ كەتكەن قەۋمدۇر. ئۇلارغا ئاخىرەتتە تەييارلانغان جازامۇ ئىنتايىن ئېغىردۇر.

ئاللاھ تائالا مۇناپىقلارغا تەييارلانغان ئاخىرەتلىك ئازابلار توغرۇلۇق مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئاللاھ مۇناپىق ئەرلەرگە، مۇناپىق ئاياللارغا ۋە (بارلىق) كاپىرلارغا دوزاخ ئوتىنى ۋەدە قىلدى، ئۇلار (دوزاخقا كىرىدۇ)، دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ.(ئۇلارنى ئازابلاشقا) دوزاخ يېتەرلىكتۇر، ئاللاھ ئۇلارغا لەنەت قىلدى. ئۇلارغا مەڭگۈلۈك ئازاب بار﴾. ئايەتتە مۇناپىق ئەرلەر بىلەن مۇناپىق ئاياللارنى بىرلىكتە بايان قىلىش مۇناپىقلىقتىن ئىبارەت بۇ رەزىل ئىللەتنىڭ ئۇلاردا ئومۇملاشقان ھالغا كەلگەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. ئاندىن كاپىرلارنى مۇناپىقلاردىن كېيىن بايان قىلىش بولسا، مۇناپىقلىقنىڭ كۇفرىدىن خەتەرلىك ئىكەنلىكىگە ئىشارەت قىلىش ئۈچۈندۇر. ئەمەلىيەتتە مۇناپىقلارنىڭ خەتىرى كاپىرلارنىڭ خەترىدىن چوڭدۇر. چۈنكى، كاپىرلار مۇسۇلمانلارغا ئوچۇق - ئاشكارا دۈشمەن بولسا، مۇناپىقلار يوشۇرۇن دۈشمەندۇر. ئەلۋەتتە ئاشكارا دۈشمەندىن يوشۇرۇن دۈشمەن خەتەرلىكتۇر.

ئاندىن مۇناپىقلارنىڭ جازاسى ھەققىدە كەلگەن بۇ ئايەت ئۇلارغا بېرىلىدىغان يۇقىرىقى ئازاب بىلەنلا كۇپايىلەنمەستىن، ئۇلارغا يەنە ئۈچ تۈرلۈك ئازابنى زىيادە قىلغان بولۇپ، ئۇلار: جەھەننەم ئازابى، ئاللاھ تائالانىڭ لەنىتىگە ئۇچراش ۋە ئۇنىڭ رەھمىتىدىن قوغلىنىشتۇر. مۇناپىق ئەرلەر بىلەن مۇناپىق ئاياللار ۋە بارلىق كاپىرلار ئۈچۈن جەھەننەمدىكى ئازاب ئۇلارنىڭ كۇفرىلىقى ۋە ئاسىيلىقى ئۈچۈن يېتەرلىك جازادۇر. «قۇرئان كەرىم» ئۇلارنىڭ مۇناپىقلىقى ۋە جىمى قىلمىشلىرىنىڭ جازاسىغا

يېتەرلىك هالدا، ئۇلارنىڭ جىسمانىي ۋە مەنىۋى ھەر ئىككى جەھەتتىن جازالىنىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.

ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن زامانداش بولغان مۇناپىقلارغا خىتاب قىلىپ دەيدۇكى: ئى ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلغان، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە مۆئمىنلەرگە ئازار بەرگەن مۇناپىقلار! سىلەرمۇ ئۆتمۈشلەردە ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئازار بەرگەن مۇناپىقلارغا ئوخشايسىلەر. سىلەرمۇ ئۇلارغا ئوخشاش پۇل-مېلىڭلار بىلەن مەغرۇرلىنىدىغان، ئەۋلادلىرىڭلار بىلەن پەخىرلىنىدىغان ئادەملەر-سىلەر. لېكىن بۇرۇنقى مۇناپىقلار كۈچ-قۇۋۋەتتە، مال-مۈلۈكنىڭ ۋە ئەۋلادلىرىنىڭ كۆپلۈكىدە سىلەردىن ئۈستۈن ئىدى. ئۇلارنىڭ دۇنيا ھاياتىدىكى بارچە تەلپىي مۇشۇ دۇنيانىڭ ھۇزۇر- ھالاۋەتلىرىدىن بەھرىمەن بولۇپ كەيپ-ساپالىق تۇرمۇش كەچۈرۈشتىن ئىبارەت ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارزۇ-ئارمىنى ھايۋانلارغا ئوخشاش يەپ-ئىچىش ۋە نەسىل قالدۇرۇشتىن ئىبارەتلا بولغان. ئى مۇناپىقلار! سىلەرمۇ شۇلارغا ئوخشاش مال-دۇنيا ۋە ئەۋلادلار بىلەن ھۇزۇرلىنىۋاتىسىلەر. سىلەر تاكى بۈگۈنگىچە بۇرۇنقى كاپىر قەۋملەردىن ئارتۇق بىر نەرسىگە ئېرىشىپ باقمىدىڭلار. سىلەر ئاللاھ تائالانىڭ ئاخىرقى پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلغان كىتابى «قۇرئان كەرىم»دىن يۈز ئۆرۈگەنلىكىڭلار ئۈچۈن، كايىشقا، ئازاب-ئوقۇبەتكە ۋە قاتتىق جازاغا بەكرەك تېگىشلىكسىلەر.

ئىلگىرىكىلەر ئۆز ئەتراپىدىكى يامانلىقتا تۇرتكە بولىدىغان ئامىللارنىڭ كۆپلۈكى سەۋەبلىك قەبىھ-ناچار ئىشلارنى قىلغان بولسا، سىلەر ئەتراپىڭلاردا ياخشىلىققا تۈرتكە بولىدىغان ئامىللار تولۇپ تاشقان تۇرۇقلۇق، رەزىللىكنى ۋە پەسكەشلىكنى تېخىچە تاشلىمايۋاتىسىلەر. سىلەر جىمى ياخشىلىقنىڭ ئۈلگىسى بولغان ئۇلۇغ پەيغەمبەرگە ۋە ئۇنىڭ ئۈلگىلىك ساھابىلىرىگە زاماندىاش بولۇپ تۇرۇقلۇق، ئۇلارنىڭ ھىدايىتىدىن نېسىۋە ئالالمىدىڭلار. شۇڭا سىلەر تولىمۇ بەختسىز ۋە تولىمۇ ئەخمەق ئىنسانلارسىلەر.

بۇ مۇناپىقلار ئۆزلىرىنىڭ دۇنيادا قىلغان بارلىق ياخشى ئەمەللىرىنى يوق قىلىۋەتتى ۋە ساۋابىنى بىكار قىلىۋەتتى. چۈنكى، ئۇ ئەمەللەر ئەسلىدە ئاللاھ تائالا ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى كىشىلەرگە كۆرسىتىش ۋە ئۆزلىرى پەخىرلىنىش ئۈچۈن قىلىنغان ئەمەللەر ئىدى. شۇڭا ئۇلارغا ئاخىرەتتە دەھشەتلىك ئازابتىن باشقا ھېچقانداق نېسىۋە يوقتۇر. چۈنكى، ئەمەللەرگە ساۋاب بېرىلىشنىڭ ئاساسلىق شەرتى ئىماندۇر. ئىمانى يوق

ئادەمنىڭ قىلغان ياخشى ئەمەللىرى ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا بىكاردۇر. ھالبۇكى، مۇناپىقلاردا ئىمان يوق. چۈنكى، ئۇلار ئاغزاكى ئىمان ئېيتىپ قويغان. ئۇلار گەرچە ئۆز كۆڭلىدە ياخشى ئىش قىلدۇق دەپ ئويلىسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇلار زىيان تارتقۇچىلارنىڭ ئۆزىدۇر. چۈنكى، ئۇلار دۇنيا-ئاخىرەتلىك ئىشلىرىدا ئېزىپ كەتكەن، يولنى خاتا ماڭغان ئادەملەردۇر.

ئۇلار ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرنىڭ يەنى نۇھ، ئاد، سەمۇد قەۋمىنىڭ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنىڭ، مەديەن ئاھالىسىنىڭ ۋە لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ يەرگە كۆمتۈرۈلگەن قەۋمىنىڭ خەۋەرلىرىنى ئاڭلىمىدىمۇ؟ ئۇلارغىمۇ ئۇلارنىڭ پەيغەمبەرلىرى ئوپئوچۇق مۆجىزىلەرنى ۋە روشەن بايانلارنى ئېلىپ كەلسە، ئۇلار ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈگەن ۋە ئۇنى ئىنكار قىلغان ئىدى. بۇ سەۋەبلىك ئۇلارغا ئاللاھ تائالانىڭ ئازابى كەلگەن ۋە ھالاك قىلىنغان ئىدى. نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى توپان بالاسىدا سۇغا غەرق قىلىنغان، ئاد قەۋمى كۈچلۈك بوران بىلەن، سەمۇد قەۋمى قاتتىق ئاۋاز بىلەن، لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى ئۈستىگە تاش ياغدۇرۇلۇش ۋە يۇرتى بىلەن قوشۇپ يەرگە يۇتقۇزۇش بىلەن، پىرئەۋن سۇغا غەرق قىلىنىش بىلەن ھالاك قىلىنغان. ئاللاھ تائالا ئۇلارنى مۇنداق جازالاشتا ئۇلارغا قىلچە ئۇۋال قىلغان ئەمەس، ئۇلارنى سەۋەبسىز جازالىغانمۇ ئەمەس. بەلكى ئالدى بىلەن ئۇلارغا ئاگاھلاندۇرغۇچى پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىپ ئۇلارنى ئازابتىن ئاگاھلاندۇرغان، لېكىن ئۇلار پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلىپ، ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە ئىشەنمىگەن ۋە ئۇلارنىڭ ئازاب توغرۇلۇق ئېيتقان سۆزلىرىنى مەسخىرە قىلىشقان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ ئىبرەتلىك جازاسىغا تېگىشلىك بولغان.

ئۇلارغا ئىلگىرىكىلەرنىڭ ئەھۋالىنى مىسال قىلىپ بېرىشتىن مەقسەت، كاپىرلارغا ۋە مۇناپىقلارغا قارىتا ئاللاھ تائالانىڭ جازالاش قانۇنىنىڭ قەتئىي ئۆزگەرمەيدىغانلىقىنى، ئاگاھلاندۇرۇلغان ئازابنىڭ كاپىرلارغا چوقۇم چۈشىدىغانلىقىنى بىلدۇرۇش ئۈچۈندۇر. ﴿أَكُفَّارُكُمْ خَيْرٌ مِّنْ أُوْلَـٰٓئِكُمْ أَمْ لَكُم بَرَآءَةٌ فِي ٱلزُّبُرِ﴾ يەنى ﴿(ئى قۇرەيش كاپىرلىرى!) سىلەرنىڭ كاپىرلىرىڭلار ئاشۇ (ھالاك قىلىنغان) لاردىن ياخشىمۇ؟ ياكى ساماۋى كىتابلاردا سىلەر ئۈچۈن (ئازابتىن) كەچۈرۈم بارمۇ؟﴾[1].

[1] قەمەر سۈرىسى: 43-ئايەت.

### مۇھىم نۇقتىلىرى

1. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پۈتۈن ئالەملەر ئۈچۈن رەھمەت بولۇپ ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەردۇر. ئۇنىڭ دەۋىتى پۈتۈن ئىنسانىيەتكە قارىتىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ يولىغا ئەگەشكەنلەر بەختنى تاپقانلاردۇر.

2. ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە قارشى چىققۇچىلارنىڭ جازاسى دوزاختۇر. پەيغەمبەرنى ئىنكار قىلىش ياكى ئۇنى مەسخىرە قىلىش ئۇنىڭغا قارشى چىققانلىق سانىلىدۇ.

3. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىنى كۆزگە ئىلماسلىق ۋە ئۇنىڭ يولىغا ئەگەشمەسلىك زىيانكارلىقتۇر.

4. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىنى چەتكە قاققانلىق ئۇنىڭغا ئەزىيەت بەرگەنلىكتۇر.

5. ئاللاھ تائالانى ياكى ئۇنىڭ ئايەتلىرىنى مەسخىرە قىلىش ئوپئوچۇق كۇفرىلىقتۇر.

6. كاپىرلىقنىڭ ئۆزرىسى يوقتۇر.

7. مۇناپىقلار بىلەن كاپىرلارنىڭ قىلىقى بىر-بىرىگە ئوخشاپ كېتىدۇ.

8. ياخشىلىقتىن توسۇپ، يامانلىققا چاقىرىش كۇفرىنىڭ ئالامەتلىرىدىن بولۇپ، مۇسۇلمانلىققا زىت قىلىقتۇر. چۈنكى، مۇسۇلمانلىقنىڭ خىسلەتلىرىدىن بىرى كىشىلەرنى ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن توسۇشتۇر.

9. مال-دۇنياغا ياكى بالىلىرىنىڭ كۆپلۈكىگە ئىشىنىپ كۆرەڭلەش ھەقىقەتنى قوبۇل قىلماسلىققا ئېلىپ بارىدىغان ئامىللاردىن بىرىدۇر.

10. ھاياتلىق ئۆگىنىش ۋە تاكامۇللىشىش يولىدىكى بىر سەپەر بولۇپ، ياخشىلارنىڭ ئىزلىرىدىن ۋە يامانلارنىڭ ئاقىۋەتلىرىدىن ئىبرەت ئېلىپ پايدىلىنىش ئەقىل ئىگىلىرىنىڭ ئىشىدۇر.

### مۇئمىنلەرنىڭ سۈپەتلىرى ۋە ئۇلارغا بېرىلىدىغان مۇكاپاتلار

﴿وَٱلۡمُؤۡمِنُونَ وَٱلۡمُؤۡمِنَٰتُ بَعۡضُهُمۡ أَوۡلِيَآءُ بَعۡضٖۚ يَأۡمُرُونَ بِٱلۡمَعۡرُوفِ
وَيَنۡهَوۡنَ عَنِ ٱلۡمُنكَرِ وَيُقِيمُونَ ٱلصَّلَوٰةَ وَيُؤۡتُونَ ٱلزَّكَوٰةَ وَيُطِيعُونَ

ٱللَّهَ وَرَسُولَهُۥٓۚ أُو۟لَٰٓئِكَ سَيَرْحَمُهُمُ ٱللَّهُۗ إِنَّ ٱللَّهَ عَزِيزٌ حَكِيمٌ ﴿٧١﴾
وَعَدَ ٱللَّهُ ٱلْمُؤْمِنِينَ وَٱلْمُؤْمِنَٰتِ جَنَّٰتٍ تَجْرِى مِن تَحْتِهَا ٱلْأَنْهَٰرُ
خَٰلِدِينَ فِيهَا وَمَسَٰكِنَ طَيِّبَةً فِى جَنَّٰتِ عَدْنٍۚ وَرِضْوَٰنٌ مِّنَ ٱللَّهِ
أَكْبَرُۚ ذَٰلِكَ هُوَ ٱلْفَوْزُ ٱلْعَظِيمُ ﴿٧٢﴾

## ◄ تەرجىمىسى

**71ـ مۆمىن ئەرلەر، مۆمىن ئاياللار بىر-بىرى بىلەن دوستتۇر، ئۇلار (كىشىلەرنى) ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ، نامازنى مۇكەممەل ئوقۇيدۇ، زاكات بېرىدۇ، ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىدۇ، ئەنە شۇلارغا ئاللاھ رەھىم قىلىدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.**

**72ـ ئاللاھ مۆمىن ئەرلەر ۋە مۆمىن ئاياللارغا ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان، ئۇلار مەڭگۈ تۇرىدىغان جەننەتلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ دائىملىق قارارگاھى بولغان جەننەتلەردىكى ئېسىل تۇرالغۇلارنى ۋەدە قىلدى، ئاللاھنىڭ (ئۇلاردىن) رازى بولۇشى (جەننەت نېمەتلىرىنىڭ) ئەڭ كاتتىسىدۇر، مانا بۇ چوڭ بەختتۇر.**

## ◄ تەپسىرى

«قۇرئان كەرىم»نىڭ گۈزەل ئۇسلۇبلىرىدىن بىرى بايان قىلىنماقچى بولغان مەسىلە كىشىلەرگە ئەڭ ئوچۇق شەكىلدە ئايدىڭلاشسۇن دەپ، بىر نەرسىنىڭ بايانىدىن كېيىنلا ئۇنىڭ زىتىنى بايان قىلىشتۇر. مۇناپىقلارنىڭ ئۆزلىرىدە ئىمان ۋە ئىسلام دەيدىغان بىر نەرسە يوقلۇقىنى بىلسۇن ئۈچۈن، بۇ يەردە ئىماننىڭ تەقەززاسى ۋە تەلىپى بولغان ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، كىشىلەرنى ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن توسۇش قاتارلىق ياخشى ئەمەللەر بايان قىلىنىدۇ. مەلۇمكى، مۇناپىقلارنىڭ ئاغزاكى ئېيتىپ قويغان ئىمانى ئالدامچىلىق ۋە ئىككى يۈزلىمچىلىكتىن ئىبارەت رەزىللىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

مۆمىن ئەرلەر بىلەن مۆمىن ئاياللار بىر-بىرىگە دوست، بىر-بىرىگە ئىگە ۋە بىر-بىرىگە ھامىيدۇر. ئۇلار ياخشى كۆڭلەردىمۇ، يامان كۆڭلەردىمۇ بىر-بىرىگە ياردەم قىلىدۇ، ئېغىرچىلىق ۋە قىيىنچىلىق يەتكەن كۆڭلەردە

بىر-بىرىنىڭ يېنىدا بولىدۇ. چۈنكى، ئۇلار بىر-بىرىگە ھەقىقىي تۈردە ساداقەتمەن دوست ۋە سەمىمىي قېرىنداشلاردۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «تَرَى الْمُؤْمِنِينَ فِي تَرَاحُمِهِمْ وَتَوَادِّهِمْ وَتَعَاطُفِهِمْ ، كَمَثَلِ الْجَسَدِ ، إِذَا اشْتَكَى عُضْوًا تَدَاعَى لَهُ سَائِرُ جَسَدِهِ بِالسَّهَرِ وَالْحُمَّى» يەنى «مۇئمىنلەرنى بىر-بىرىنى سۆيۈشتە، بىر-بىرىگە رەھىم-شەپقەت قىلىشتا ۋە بىر-بىرىگە ھېسداشلىق قىلىشتا بىر پۈتۈن بەدەنگە ئوخشاش كۆرىسەن، قايسىبىر ئەزا ئاغرىسا، پۈتۈن ئەزالار قىزىش ۋە ئۇيقۇسىزلىق بىلەن ئۇنىڭغا ئورتاقلىشىدۇ»[1]. يەنى مۇئمىنلەر دىنداشلىرىدىن بىرەرسىگە خاپىلىق يېتىپ قالسا، خۇددى بىرەر ئەزاسى ئاغرىپ قالغان بەدەنگە ئوخشاشلا بىئارام بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە: «الْمُؤْمِنُ لِلْمُؤْمِنِ كَالْبُنْيَانِ يَشُدُّ بَعْضُهُ بَعْضًا» يەنى «مۇئمىن مۇئمىنگە نىسبەتەن، بىر-بىرى بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن بىناغا ئوخشايدۇ» دەپ بارماقلىرىنى بىر-بىرىگە كىرىشتۈرگەن[2]. مانا بۇ ھەقىقىي ئىماننىڭ ئالامىتى بولۇپ، بۇنىڭدا ئەرلەر بىلەن ئاياللار ئوتتۇرىسىدا پەرق يوقتۇر. ئىسلامنىڭ ھەرقايسى دەۋرلىرىدە ئاياللار ئۇرۇش ۋە باشقا ھەرقانداق ئىشلاردا ئەدەپ-ئەخلاقلىق ۋە ئىپپەتلىك بولغان ھالدا قوللىرىدىن كېلىشچە ئەرلەرگە ياردەم قىلىپ كەلگەن.

ئەگەر سىز مۇئمىنلەرنىڭ ئۆزئارا دوستلۇقى بىلەن مۇناپىقلارنىڭ بىر - بىرى بىلەن بولغان دوستلۇقىغا قارايدىغان بولسىڭىز، مۇناپىقلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇشلاردا بىر-بىرىگە ياردەم بېرىش ۋە باشقىلار ئۈچۈن ئۆز مەنپەئەتلىرىدىن ۋاز كېچىشتەك يۇقىرى دەرىجىدىكى قېرىنداشلىقنىڭ يوقلۇقىنى، ئۇلاردىكى قېرىنداشلىقنىڭ پەقەت مەنپەئەتكە باغلانغان ئاغزاكى قېرىنداشلىق ئىكەنلىكىنى كۆرىسىز. ﴿أَلَمۡ تَرَ إِلَى ٱلَّذِينَ نَافَقُواْ يَقُولُونَ لِإِخۡوَٰنِهِمُ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ مِنۡ أَهۡلِ ٱلۡكِتَٰبِ لَئِنۡ أُخۡرِجۡتُمۡ لَنَخۡرُجَنَّ مَعَكُمۡ وَلَا نُطِيعُ فِيكُمۡ أَحَدًا أَبَدًا وَإِن قُوتِلۡتُمۡ لَنَنصُرَنَّكُمۡ وَٱللَّهُ يَشۡهَدُ إِنَّهُمۡ لَكَٰذِبُونَ ﴿١١﴾ لَئِنۡ أُخۡرِجُواْ لَا يَخۡرُجُونَ مَعَهُمۡ وَلَئِن قُوتِلُواْ لَا يَنصُرُونَهُمۡ وَلَئِن نَّصَرُوهُمۡ لَيُوَلُّنَّ ٱلۡأَدۡبَٰرَ ثُمَّ لَا يُنصَرُونَ﴾ يەنى ﴿(ئى پەيغەمبەر!) مۇناپىقلارنىڭ ئەھلى كىتابتىن بولغان كاپىر دوستلىرىغا: «ئەگەر سىلەر (يۇرتۇڭلاردىن) چىقىرىۋېتىلسەڭلار، بىز چوقۇم سىلەر بىلەن بىللە چىقىپ كېتىمىز، سىلەرگە قارشى ھېچبىر ئادەمگە ئىتائەت قىلمايمىز. ئەگەر سىلەرگە

[1] «صحيح البخاري» 8-توم، 10-بەت، 6011 -ھەدىس.

[2] «صحيح مسلم» 4-توم، 1999-بەت، 2585-ھەدىس.

ئۇرۇش ئېچىلسا، بىز چوقۇم سىلەرگە ياردەم قىلىمىز» دېيىشكەنلىكىگە قارىمىدىڭمۇ؟ ئاللاھ گۇۋاھلىق بېرىدۇكى، مۇناپىقلار شەكسىز يالغانچىلاردۇر. ئەگەر ئۇلار ھەقىقەتەن (يۇرتىدىن) ھەيدەپ چىقىرىلسا، مۇناپىقلار ئۇلار بىلەن بىللە چىقمايدۇ، ئەگەر ئۇلارغا راست ئۇرۇش ئېچىلسا، مۇناپىقلار ئۇلارغا ياردەم بەرمەيدۇ، ياردەم بەرگەن تەقدىردىمۇ، چوقۇم ئارقىسىغا قاراپ قاچىدۇ، شۇنىڭدىن كېيىن ئەھلى كىتاب ياردەمسىز قالىدۇ﴾ [1].

مۇناپىقلار گۇمانخورلۇقتا ۋە شەك قىلىشتا بىر-بىرىگە ئوخشايدۇ، لېكىن ئۇلاردا بىرلىك ۋە ئىتتىپاقلىق يوقتۇر. باشقىلار سىرتتىن ئۇلارنى بىر-بىرى بىلەن ئىتتىپاق ۋە بىرلىك ئىچىدە دەپ ئويلايدۇ، ئەمما ئۇلار ئۆز ئارىسىدا ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. ﴿تَحۡسَبُهُمۡ جَمِيعٗا وَقُلُوبُهُمۡ شَتَّىٰۚ﴾ يەنى ﴿سەن ئۇلارنى ئۇيۇم دەپ ئويلاپ قالىسەن، ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ دىللىرى تارقاقتۇر﴾[2]. دېمەك ھەقىقىي قېرىنداشلىق ۋە دوستلۇق مۇستەھكەم ئەقىدە ئىگىلىرى بولغان مۇئمىنلەردە بولىدۇ، سەمىمىي دوستلۇق ئۇلارنىڭ سۈپەتلىرىدۇر. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿مۇئمىن ئەرلەر، مۇئمىن ئاياللار بىر-بىرى بىلەن دوستتۇر﴾ يەنى ئۇلارنىڭ دوستلۇقى بىر-بىرىگە قارىتا سەمىمىيلىك، ئىگە بولۇش، ياردەم قىلىش، قوغداش ۋە ھامىي بولۇش جەھەتتىكى ھەقىقىي دوستلۇقتۇر. ئۇلارنىڭ ئۆزئارا دوستلۇقى ھەقىقەتنى قوغداش، ئادالەتنى بەرپا قىلىش، كىشىلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا دەۋەت قىلىش، ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن توسۇش بولسا، مۇناپىقلارنىڭ دوستلۇقى يامان ئىشلارغا بۇيرۇش، ياخشىلىقتىن تۇسۇشتىن ئىبارەتتۇر. مۇئمىنلەرنىڭ ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن توسۇشتىن ئىبارەت بۇ ئىككى خىل سۈپەت بىلەن سۈپەتلىنىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. چۈنكى، ئاللاھ تائالا مۇئمىنلەرنى سۈپەتلەپ مۇنداق دېگەن: ﴿كُنتُمۡ خَيۡرَ أُمَّةٍ أُخۡرِجَتۡ لِلنَّاسِ تَأۡمُرُونَ بِٱلۡمَعۡرُوفِ وَتَنۡهَوۡنَ عَنِ ٱلۡمُنكَرِ وَتُؤۡمِنُونَ بِٱللَّهِۗ وَ﴾ يەنى ﴿(ئى مۇھەممەد ئۈممىتى!) سىلەر ئىنسانلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان، (كىشىلەرنى) ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسىدىغان،

---

[1] ھەشر سۈرىسى: 11-12-ئايەتلەر.

[2] ھەشر سۈرىسى: 14-ئايەت.

ئاللاھقا (مۇكەممەل) ئىمان ئېيتىدىغان ئەڭ ياخشى ئۇممەتسىلەر﴾[1].
مۇئمىنلەرنىڭ ناماز ئوقۇش ۋە زاكات بېرىشتىن ئىبارەت ئىككى ئىسىل سۈپىتى بىلەن مۇناپىقلارنىڭ ئاللاھ تائالانى ئۇنتۇغانلىق ۋە بېخىللىقتىن ئىبارەت ئىككى رەزىل ئىللىتى بىر-بىرىگە قارشى ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان. مۇسۇلمان ئادەمنىڭ نامىزى پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقى ئۈچۈن بولۇپ، ئۇنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك پايدىسى ھەم مۇكاپاتى كاتتا بولىدۇ. چۈنكى، ئۇلار نامازنى ئاللاھ تائالا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ئۆگەتكەن بويىچە تولۇق ۋە مۇكەممەل ئادا قىلىدۇ. ئەمما مۇناپىقلارنىڭ جامائەتنىڭ كۆزىدە ئوقۇپ قويىدىغان نامازلىرى پەقەت رىيادىن باشقا نەرسە ئەمەس. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئوقۇغان نامازلىرىنىڭ قىلچە پايدىسى يوقتۇر. مۇسۇلمانلارنىڭ زاكات پەرزىنى ئادا قىلىشىمۇ ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالاغا بولغان چىن ئىمانىنىڭ دەلىلى ۋە ئاللاھ تائالاغا بويسۇنغانلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر. ناماز بىلەن زاكاتتىن ئىبارەت ئىككى چوڭ پەرزنىڭ «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق كۆپ بايان قىلىنىشى بۇ ئىككىسىنىڭ غەم-قايغۇنى يوق قىلىشتا، بېخىللىق ئىللىتىنى داۋالاپ، ئىنسانلارنى مەردلىك ۋە سېخىيلىققا ئادەتلەندۈرۈشتە ئالاھىدە چوڭ رولى بار. شۇڭا مۇناپىقلار ئىمان ئېيتمىغانلىقى ۋە بۇ ئىبادەتلەرنى سەممىيلىك بىلەن ئادا قىلمىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ئىبادەتلەردىن مەنپەئەت ئالالمايدۇ. نەتىجىدە، شۇ بېخىللىقى ۋە قورقۇنچاقلىقىنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىدۇ.﴿إِنَّ
ٱلۡإِنسَٰنَ خُلِقَ هَلُوعًا ﴿١٩﴾ إِذَا مَسَّهُ ٱلشَّرُّ جَزُوعًا ﴿٢٠﴾ وَإِذَا مَسَّهُ ٱلۡخَيۡرُ مَنُوعًا ﴿٢١﴾ إِلَّا
ٱلۡمُصَلِّينَ ﴿٢٢﴾ ٱلَّذِينَ هُمۡ عَلَىٰ صَلَاتِهِمۡ دَآئِمُونَ ﴿٢٣﴾ وَٱلَّذِينَ فِيٓ أَمۡوَٰلِهِمۡ حَقّٞ مَّعۡلُومٞ
﴿٢٤﴾ لِّلسَّآئِلِ وَٱلۡمَحۡرُومِ ﴿٢٥﴾ وَٱلَّذِينَ يُصَدِّقُونَ بِيَوۡمِ ٱلدِّينِ﴾ يەنى ﴿ئىنسان
ھەقىقەتەن چىدامسىز يارىتىلدى. ئۇزىگە بىرەر كۆڭۈلسىزلىك يەتسە، بەكمۇ زارلانغۇچىدۇر. بىرەر ياخشىلىققا ئېرىشسە، ناھايىتى بېخىللىق قىلغۇچىدۇر. پەقەت (تۆۋەندىكىلەر بۇنىڭدىن) مۇستەسنا: ئۇلار نامازغا ھەمىشە رىئايە قىلغۇچىلاردۇر. ئۇلار پۇل-ماللىرىدىن تىلەيدىغان پېقىرغا ۋە (ئېيپەتلىك بولغانلىقتىن) تىلىمەيدىغان پېقىرغا مۇئەييەن ھەق (يەنى زاكات) بېرىدۇ. ئۇلار قىيامەت كۈنىگە چىن ئىشىنىدۇ﴾[2].

ئاللاھ تائالا كىشىلەرنى ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇش، ئۇلارنى يامان ئىشلاردىن توسۇش، ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش قاتارلىق بۇ تۆت ئەمەلنى

[1] ئال ئىمران سۈرىسى: 110-ئايەت.
[2] مەئارىج سۈرىسى: 19-26-ئايەتلەر.

بۇ دۇنيادا غەلىبىگە ئېرىشىشنىڭ، بەخت-سائادەتلىك ھايات كەچۈرۈشنىڭ ۋە مۇسۇلمان دۆلىتىنى بەرپا قىلىپ قەد كۆتۈرۈشنىڭ ئاساسى قىلىپ بەلگىلىگەن.﴿ٱلَّذِينَ إِن مَّكَّنَّٰهُمۡ فِي ٱلۡأَرۡضِ أَقَامُواْ ٱلصَّلَوٰةَ وَءَاتَوُاْ ٱلزَّكَوٰةَ وَأَمَرُواْ بِٱلۡمَعۡرُوفِ وَنَهَوۡاْ عَنِ ٱلۡمُنكَرِۗ وَلِلَّهِ عَٰقِبَةُ ٱلۡأُمُورِ﴾ يەنى ﴿ئاللاھنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىدىغانلار شۇنداق كىشىلەركى، ئەگەر بىز ئۇلارنى يەر يۈزىدە ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلساق، ئۇلار نامازنى مۇكەممەل ئادا قىلىدۇ، زاكات بېرىدۇ، كىشىلەرنى ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ. ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتى ئاللاھقا مەنسۇپتۇر﴾[1]. مۇئمىن ئەرلەر بىلەن مۇئمىن ئاياللارنىڭ خىسلەتلىرىدىن بىرى، ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇنداپ، ئۇنىڭ توسقانلىرىدىن يېنىش بىلەن ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشتۇر. ئەنە شۇنداق كىشىلەرگە ئاللاھ تائالا رەھىم-شەپقەت قىلىدۇ، ئۇلارنى ئۆزىنىڭ كەڭ رەھمىتىدىن بەھرىمەن قىلىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ھېچكىم غالىب كېلەلمەيدىغان دەرىجىدە تەڭداشسىز كۈچ-قۇۋۋەت ئىگىسى، ھەربىر ئىشنى ھېكمەت بىلەن قىلغۇچى زاتتۇر.

ئاللاھ تائالا مۇئمىن ئەرلەر بىلەن مۇئمىن ئاياللارغا قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنىڭ مۇكاپاتى ئۈچۈن جەننەتلەرنى ۋەدە قىلدى. چۈنكى، ﴿هَلۡ جَزَآءُ ٱلۡإِحۡسَٰنِ إِلَّا ٱلۡإِحۡسَٰنُ﴾ يەنى ﴿ياخشىلىقنىڭ مۇكاپاتى پەقەت ياخشىلىقتۇر﴾[2]. ئاللاھ تائالا ئۇلارغا ۋەدە قىلغان جەننەتلەر ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان، ھېچقانداق جاپا ياكى خاپىلىق ياكى ئاغرىق-سىلاق بولمىغان، شەربەتلىرى ۋە سۇلىرى سۈپ - سۈزۈك ۋە پاكىز، ئۇزۇن تۇرۇش بىلەنمۇ يا رەڭگى ياكى تەمى ۋەياكى ھىدى ئۆزگىرىپ كەتمەيدىغان، بۇزۇلمايدىغان ئېسىل جەننەتلەردۇر. ئۇلار بۇ جەننەتلەردە مەڭگۈ تۇرىدۇ ۋە ئۇ جەننەتلەردىن باشقا ياققا يۆتكىلىشنى خالىمايدۇ.

ئاللاھ تائالا يەنە مۇئمىن ئەرلەرگە ۋە مۇئمىن ئاياللارغا جەننەتلەردىكى ئەڭ مۇكەممەل شەكىلدە بېزەلگەن، كۆڭۈل ئىشتىها قىلغاننىڭ ھەممىسى تېپىلىدىغان ئېسىل تۇرالغۇلارنى، گۈزەل قەسىرلەرنى ۋەدە قىلدى.

مانا بۇلار جەننەتلەردىكى ماددىي مۇكاپاتلار بولۇپ، مەنىۋى مۇكاپاتلارنىڭ كاتتىسى ئاللاھ تائالانىڭ جەننەت ئەھلىدىن رازى بولۇشىدۇر. ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقى ئەڭ كاتتا نېمەت ۋە ئەڭ ئېسىل مۇكاپاتتۇر.

[1] ھەج سۈرىسى: 41-ئايەت.

[2] رەھمان سۈرىسى: 60-ئايەت.

چۈنكى، ئاللاھ تائالا قانداقلا بىر بەندىسىدىن رازى بولسا، ئۇنىڭغا مەڭگۈ غەزەپ قىلمايدۇ، ئۇنى نېمەتلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى بىلەن مۇكاپاتلايدۇ. شەكسىزكى، نېمەتلەرنىڭ ئەڭ كاتتىسى مۆئمىنلەرنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ جامالىنى كۆرۈشىدۇر. مۇپەسسىرلەر مەنىۋى مۇكاپاتلارنىڭ ئەڭ كاتتىسىنى قىيامەت كۈنىدە مۆئمىنلەرنىڭ ئاللاھ تائالانى كۆرۈشىدۇر، دەپ تەپسىر قىلغان. شۇڭا ئۇلار: ﴿لِّلَّذِينَ أَحْسَنُواْ ٱلْحُسْنَىٰ وَزِيَادَةٌۖ﴾ دېگەن ئايەتتىكى ﴿وَزِيَادَةٌۖ﴾ دېگەن كەلىمىگە «ئاللاھنىڭ جامالىنى كۆرۈش» دەپ مەنە ئېيتقان. شۇڭا ئايەتنى ﴿(تائەت - ئىبادەتنى) قېتىرقىنىپ قىلغانلار ئەڭ ياخشى مۇكاپاتقا (جەننەتكە) ۋە يەنە زىيادىسىگە (ئاللاھنىڭ جامالىنى كۆرۈشكە) نائىل بولىدۇ﴾[1] دەپ تەرجىمە قىلدۇق.

مانا بۇلار ئالدىنقى ئايەتلەردە بايان قىلىنغان مۇناپىقلىقنىڭ جازاسىنىڭ تامامەن ئەكسىچە بولۇپ، مۆئمىنلەرنىڭ مۇكاپاتىدۇر. مۇناپىقلار راستتىنلا زىيان تارتقۇچىلاردۇر. ئەمما مۆئمىنلەر ھەقىقىي بەختكە ئېرىشكۈچىلەردۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالا مۆئمىن ئەرلەرگە ۋە مۆئمىن ئاياللارغا ۋەدە قىلغان ماددىي ۋە مەنىۋى مۇكاپاتلار ئۇلار ئۈچۈن چوڭ بەختتۇر.

مۇپەسسىرلەر ﴿وَعَدَ ٱللَّهُ ٱلْمُؤْمِنِينَ وَٱلْمُؤْمِنَٰتِ جَنَّٰتٍ تَجْرِى مِن تَحْتِهَا ٱلْأَنْهَٰرُ خَٰلِدِينَ فِيهَا وَمَسَٰكِنَ طَيِّبَةً فِى جَنَّٰتِ عَدْنٍۚ وَرِضْوَٰنٌ مِّنَ ٱللَّهِ أَكْبَرُۚ ذَٰلِكَ هُوَ ٱلْفَوْزُ ٱلْعَظِيمُ﴾ دېگەن ئايەتنىڭ ﴿جَنَّٰتِ عَدْنٍۚ﴾ دېگەن قىسمىنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، ئەللامە ئىبنى جەرىر تەبەرىي مۇپەسسىرلەرنىڭ بۇ ئايەتكە «مەڭگۈلۈك تۇرالغۇ بولغان باغلار»، «ئۈزۈملۈك باغلار»، «جەننەتنىڭ ئوتتۇرىسى»، «جەننەتنىڭ شەھىرى»، «جەننەتتىكى بىر دەريا»، «جەننەتتىكى بىر قەسىر» دېگەنگە ئوخشىغان مەنىلەرنى ئېيتقانلىقىنى بايان قىلغان. ھازىرقى زامان تەپسىرلىرىدىن «تەپسىرى ۋەسىت»، «تەپسىرى شەئراۋىي»، «تەپسىرى مۇيەسسەر» قاتارلىق تەپسىرلەردە ﴿جَنَّٰتِ عَدْنٍۚ﴾ دېگەن ئايەتكە «مەڭگۈلۈك تۇرالغۇ بولغان جەننەتلەر» دەپ مەنە ئېيتىلغان.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. بىر-بىرىنى ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن توسۇش،

---

[1] يۇنۇس سۈرىسى: 26-ئايەت.

ئاللاھ تائالا بۇيرۇغان پەرزلەرنى ئورۇنداپ، ئۇنىڭ توسقانلىرىدىن يېنىش ئارقىلىق ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىش ھەقىقىي مۇئمىنلەرنىڭ سۈپىتىدۇر.

2. مۇئمىنلەرنىڭ سۈپەتلىرى ئىچىدە ئەڭ ئەھمىيەتلىك بولغىنى ئۇلارنىڭ بىر-بىرىگە ئىگە بولۇشى ۋە ياردەم قىلىشىدۇر.

3. ئاللاھ تائالاغا ئىمانى بار كىشىلەر بۇ دۇنيادا ھۇزۇرلۇق، ئاخىرەتتە تېخىمۇ بەختلىك ھايات كەچۈرىدۇ.

4. ئاللاھ تائالانىڭ جەننەت ئەھلىدىن رازى بولۇشى ئۇلارغا ئاتا قىلىنغان بارلىق نېمەت ۋە مۇكاپاتلارنىڭ ئەڭ كاتتىسى ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا رازى بولغان بەندىسىگە قەتئىي غەزەپ قىلمايدۇ، ئۇنى مەڭگۈگە ئەزىز قىلىدۇ.

5. ھەقىقىي غەلىبە جەننەتكە ئېرىشىش ۋە دوزاختىن ساقلىنىشتۇر.

### ◄ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كاپىرلار ۋە مۇناپىقلارغا قارىتا مۇئامىلىسى

﴿يَـٰٓأَيُّهَا ٱلنَّبِيُّ جَـٰهِدِ ٱلۡكُفَّارَ وَٱلۡمُنَـٰفِقِينَ وَٱغۡلُظۡ عَلَيۡهِمۡۚ وَمَأۡوَىٰهُمۡ جَهَنَّمُۖ وَبِئۡسَ ٱلۡمَصِيرُ ﴿٧٣﴾ يَحۡلِفُونَ بِٱللَّهِ مَا قَالُواْ وَلَقَدۡ قَالُواْ كَلِمَةَ ٱلۡكُفۡرِ وَكَفَرُواْ بَعۡدَ إِسۡلَـٰمِهِمۡ وَهَمُّواْ بِمَا لَمۡ يَنَالُواْۚ وَمَا نَقَمُوٓاْ إِلَّآ أَنۡ أَغۡنَىٰهُمُ ٱللَّهُ وَرَسُولُهُۥ مِن فَضۡلِهِۦۚ فَإِن يَتُوبُواْ يَكُ خَيۡرٗا لَّهُمۡۖ وَإِن يَتَوَلَّوۡاْ يُعَذِّبۡهُمُ ٱللَّهُ عَذَابًا أَلِيمٗا فِي ٱلدُّنۡيَا وَٱلۡأٓخِرَةِۚ وَمَا لَهُمۡ فِي ٱلۡأَرۡضِ مِن وَلِيّٖ وَلَا نَصِيرٖ ﴿٧٤﴾﴾

#### ◄ تەرجىمىسى

73-ئى پەيغەمبەر! كاپىرلارغا ۋە مۇناپىقلارغا قارشى جىھاد قىلغىن، ئۇلارغا قاتتىق مۇئامىلە قىلغىن، ئۇلارنىڭ بارىدىغان جايى جەھەننەمدۇر، ئۇ نېمىدېگەن يامان بارارجاي!

74-(مۇناپىقلار) ھېچنېمە دېمىدۇق دەپ، ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىدۇ، ھالبۇكى، ئۇلار ھەقىقەتەن كۇفرى سۆزىنى ئېيتتى، ئىسلام دىنىغا كىرگەنلىكىنى ئىپادىلىگەندىن كېيىن كاپىر بولدى؛ ئەمەلگە ئاشۇرالمىغان

ئىشقا (يەنە) ئۇرۇندى. ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ئۇلارنى ئۆز پەزلىدىن باي قىلغانلىقى ئۈچۈنلا ئۇلار (تۇزكورلۇق قىلىپ، پەيغەمبەرگە) دۈشمەن بولدى. ئەگەر ئۇلار تەۋبە قىلسا، ئۇلار ئۈچۈن ياخشى بولىدۇ، ئەگەر (ئىماندىن داۋاملىق) يۈز ئۆرۈسە، ئاللاھ ئۇلارنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە قاتتىق ئازاب بىلەن جازالايدۇ، يەر يۈزىدە ئۇلارغا بىرەر دوست ۋە بىرەر مەدەتكار تېپىلمايدۇ.

### ◄ تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! كاپىرلارغا ۋە مۇناپىقلارغا قارشى ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلغىن، ئۇلارغا يۇمشاق ۋە خۇش مۇئامىلىدە بولمىغىن، ئۇلارنى ھەرگىز تەبەسسۇم بىلەن قارشى ئالمىغىن، ئۇلارغا چىرايىڭنى تۇرگىن، قاتتىق مۇئامىلە قىلغىن، ئۇلارغا قارىتا كەسكىن بولغىن. يېقىندا ئۇ مۇناپىقلارنىڭ مۇسۇلمانلار بىلەن بىر سەپتە جىھاد قىلىشتىن باش تارتىدىغانلىقىنى كۆرىسەن. ئۇلاردىن ئۆلگەنلەرنىڭ نامىزىنى ئوقۇمىغىن! بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، بۇ مۇناپىقلار ئاللاھ تائالانىڭ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋە ئىسلام دىنىنىڭ دۈشمىنىدۇر. شۇڭا ئۇلارغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مېھرىبانلىقى، خۇش چىرايلىقى ۋە رەھىم-شەپقەتلىك مۇئامىلىسى ياراشمايدۇ، ئۇلار بۇنداق ياخشى مۇئامىلىگە ئەسلا لايىق ئەمەس. بەلكى ئۇلارغا قاتتىقلىق ۋە كەسكىنلىك يارىشىدۇ. مۇنداق قىلىش مەسىلىنى ئىلاھىي ۋەھيىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ھەل قىلىش ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، مۇنداق گۇناھكارلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىنسا، ئۇلارنىڭ ھاكاۋۇرلۇقى تېخىمۇ ئېشىپ كېتىدۇ. ئەگەر ئاز-تولا قاتتىق مۇئامىلە قىلىنسا ۋە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ زىممىيلار[1] توغرۇلۇق «ئۇلارنى بويسۇندۇرۇڭلار! لېكىن زۇلۇم قىلماڭلار»[2] دېگەن سۆزى بويىچە مۇئامىلە قىلىنسا، بۇ ئۇلارنىڭ ئۆزىدىن ئۆزى ھېساب ئېلىپ، گۇناھلىرىنى تونۇشىغا تۈرتكە بولىدۇ.

بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە، ﴿ئى پەيغەمبەر! كاپىرلارغا ۋە مۇناپىقلارغا قارشى جىھاد قىلغىن﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى: «كاپىرلارغا قارشى قىلىچ بىلەن، مۇناپىقلارغا قارشى تىل بىلەن جىھاد قىلغىن» دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ جازا ئۇلارنىڭ دۇنيادىكى ئازابىدۇر، ئەمما ئۇلارنىڭ ئاخىرەتتىكى جازاسى جەھەننەمدۇر، جەھەننەم نېمىدېگەن يامان

[1] زىممىي- ئىسلام ھاكىمىيىتى ئاستىدا ياشايدىغان كاپىر دېگەنلىكتۇر.

[2] «مجموع الفتاوى لابن تيمية» 28-توم، 653-بەت.

بارارجاي!

«قۇرئان كەرىم» مۇناپىقلارغا قارىتا بەلگىلىگەن بۇ جازانىڭ ئۇلارنىڭ ئويۇنچۇق يالغانچى، قەسەمخور، قارا نىيەت، تۇزكورلۇقى سەۋەبىدىن ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان. ئۇلارنىڭ بۇ قىلىقى نىمىدېگەن يامان!

﴿(مۇناپىقلار) ھېچنېمە دېمىدۇق دەپ، ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىدۇ، ھالبۇكى، ئۇلار ھەقىقەتەن كۇفرى سۆزىنى ئېيتتى، ئىسلام دىنىغا كىرگەنلىكىنى ئىپادىلىگەندىن كېيىن كاپىر بولدى﴾ بۇ مۇناپىقلار ئىلگىرى ئاغزاكى ئىمان ئېيتقاندىن كېيىن، ئەمدى ئۆزلىرىنىڭ رەسمىي كاپىرلىقىنى ئېلان قىلغان بولدى، ئۇلار «قۇرئان كەرىم» ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام توغرۇلۇق ھەقىقەتەن كۇفرى سۆزلەرنى قىلىشتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يامانلىق قىلىشقا ئۇرۇنۇپ باقتى. لېكىن ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ بۇ قىلمىشىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بىلدۈرۈش بىلەن بىرگە، ئۇلارنىڭ كېلەچەكتە ئۆز قىلمىشلىرىنى ئىنكار قىلىدىغانلىقىدىنمۇ خەۋەر بەرگەن ئىدى. مۇناپىقلار مۇسۇلمانلارنى رازى قىلىش ۋە ئۆزلىرىنى ئۇلارغا ئىشەندۈرۈش ئۈچۈن ئاللاھ تائالانىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ تۇرۇپ يالغاندىن قەسەم قىلىدۇ. چۈنكى، ئۇلاردا ئىمان بولمىغانلىقتىن، يالغان قەسەم قىلىشتىن قورقمايدۇ. ﴿ٱتَّخَذُوٓاْ أَيۡمَٰنَهُمۡ جُنَّةٗ فَصَدُّواْ عَن سَبِيلِ ٱللَّهِۚ إِنَّهُمۡ سَآءَ مَا كَانُواْ يَعۡمَلُونَ﴾ يەنى ﴿ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يالغان قەسەملىرىنى قالقان قىلىۋېلىپ، (كىشىلەرنى) ئاللاھنىڭ يولىدىن توستى. ئۇلارنىڭ قىلمىشى نېمىدېگەن يامان!﴾[1]. ئۆز ۋاقتىدا ئاللاھ تائالا مۇناپىقلارنىڭ يالغانچىلار ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇلارنىڭ كۇفرى سۆزلەرنى راستتىنلا قىلغانلىقىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خەۋەر قىلغان. «قۇرئان كەرىم» مۇناپىقلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە «قۇرئان كەرىم» ھەققىدە ئېيتقان كۇفرى سۆزلىرىنىڭ ھەممىسىنى بايان قىلمىغان. بۇنىڭ سەۋەبى مۇنداق كۇفرى سۆزلەرنىڭ مۇسۇلمانلار تىلاۋەت قىلىدىغان ئايەتلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالماسلىقى ئۈچۈن بولسا كېرەك. مۇپەسسىرلەر مۇناپىقلار ئۆزلىرى دەپ بولۇپ تېنىۋالغان كۇفرى سۆزنىڭ قايسى سۆز ئىكەنلىكى توغرۇلۇق كۆپلىگەن رىۋايەتلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان.

بۇ ئايەتلەر تەبۇك غازىتى جەريانىدا نازىل بولغان بولۇپ، بۇ غازات مۇسۇلمانلار بىلەن خرىستىيانلار ئوتتۇرىسىدا بولغان ۋە پەيغەمبەر

[1] مۇنافىقۇن سۈرىسى: 2-ئايەت.

ئەلەيھىسسالام قىلغان ئاخىرقى غازات ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارنى تەبۇك غازىتىغا چىقىشقا دەۋەت قىلغان ۋاقىت ھاۋا ئىنتايىن ئىسسىق بىر ۋاقىت بولغانلىقتىن، بۇ قاتتىق ئىسسىقتا بىر ئايلىق ئۇزۇن سەپەرگە چىققاندىن كۆرە خورمىنىڭ سايىسىدا ئارام ئېلىش تولىمۇ راھەتلىك تۇيۇلاتتى. دەل مۇناپىقلار شۇنداق قارايتتى. چۈنكى، ئۇلار جىھاد قىلىشنى قەتئىي خالىمايتتى، جاپا تارتمايلا ياشاشنى ئارزۇ قىلاتتى. شۇڭا بۇ مۇناپىقلار جىھادقا چىقماسلىق ئۈچۈن، تۈرلۈك ئۆزرىلەرنى ئويدۇرۇپ چىقىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ۋە مۇسۇلمانلارنى ئالدىماقچى بولاتتى. مۇناپىقلارنىڭ تەبۇك غازىتى جەريانىدىكى قىلمىشلىرى توغرۇلۇق ئىككى ئاي ئۇزۇلمەي ئايەت نازىل بولغان بولۇپ، بۇ ئايەتلەرنىڭ ھەممىسى مۇناپىقلارنىڭ ئەپتى-بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلىغان ۋە ئۇلارنىڭ يالغانچى ئىكەنلىكىنى پاش قىلغان ئىدى. مۇناپىقلار تەبۇك غازىتىغا چىقماسلىق ئۈچۈن، تۈرلۈك ئۆزرىلەرنى ئويدۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، باشقىلارنى غازاتقا چىقىشتىن توسۇشقا ئۇرۇناتتى.

مۇپەسسىرلەرنىڭ بايان قىلىشىچە، بىر كۈنى جۇلاس ئىبنى سۇۋەيد دېگەن بىر مۇناپىق ئادەم «ئەگەر مۇھەممەد (ئەلەيھىسسالام)نىڭ بىزنىڭ ياخشى كىشىلىرىمىز ھەققىدە ئېيتقانلىرى راست بولىدىغان بولسا، بىز ئېشەكتىنمۇ بەتتەرمىز» دېگەن. (جۇلاس بۇ سۆزىدە مۇناپىقلارنى پاش قىلغان ئايەتلەرنى كۆزدە تۇتقان). جۇلاسنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلىغان ئامىر ئىبنى قەيس ئەنسارىي ئۇنىڭغا غەزەپلىنىپ: «سىلەر راستتىنلا ئېشەكتىن بەتتەر ئادەملەرسىلەر، سەن ئى جۇلاس! سەنمۇ ئېشەكتىن بەتتەر ئادەمسەن» دېگەن. بۇ چاغدا مۇناپىقلار ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى بولغان. لېكىن ئامىر ئۇلارنىڭ سۇيىقەستىدىن ئامان قېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا بارغان ۋە ئاڭلىغانلىرىنى ئېيتىپ بەرگەن. بۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جۇلاسنى چاقىرتىپ كېلىپ، ئۇنىڭدىن مەزكۇر سۆزنى ئېيتقانلىقىنىڭ راست-يالغانلىقىنى سورىغان. جۇلاس ئاللاھ تائالانىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ، ئۆزىنىڭ مۇنداق گەپنى قىلمىغانلىقىغا قەسەم ئىچكەن. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى قويۇپ بەرگەن. شۇ چاغدا ئامىر ئىبنى قەيس ئاسمانغا قولىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپ، ئاللاھ تائالاغا مۇناجات قىلىپ «ئى ئاللاھ! پەيغەمبىرىمىزگە كىمنىڭ راستچىل ۋە كىمنىڭ يالغانچى ئىكەنلىكى ھەققىدە خەۋەر بېرىپ ئايەت نازىل قىلغايسەن» دەپ دۇئا قىلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ دۇئاسىغا «ئامىن» دېگەن. ئامىرنىڭ

دۇئاسى تۈگىمەي تۇرۇپلا، ئاللاھ تائالادىن: ﴿مۇناپىقلار ھېچنېمە دېمىدۇق دەپ، ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىدۇ، ھالبۇكى، ئۇلار ھەقىقەتەن كۇفرى سۆزىنى ئېيتتى، ئىسلام دىنىغا كىرگەنلىكىنى ئاشكارىلىغاندىن كېيىن كاپىر بولدى؛ ئەمەلگە ئاشۇرالمىغان ئىشقا يەنە ئۇرۇندى﴾ دېگەن ئايەت نازىل بولغان[1]. يەنە بەزى رىۋايەتلەرگە ئاساسلانغاندا، مۇناپىقلارنىڭ يالغانچىلىقىنى پاش قىلغان يۇقىرىقى ئايەت ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي ئىبنى سەلۇل دېگەن مۇناپىقنىڭ يالغان سۆزىگە رەددىيە ئاساسىدا نازىل بولغان. نېمىلا بولمىسۇن، ئايەت مۇناپىقلارنىڭ ئۆزىنىڭ يالغانچى ئىكەنلىكىنى ۋە ئۆزى قىلغان يالغان سۆزلەرنى ئىنكار قىلىپ قەسەم ئىچكەنلىكىنىڭ ئەڭ چوڭ يالغانچىلىق ئىكەنلىكىنى ئوچۇق بايان قىلغان.

﴿ئەمەلگە ئاشۇرالمىغان ئىشقا (يەنە) ئۇرۇندى. ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ئۇلارنى ئۆز پەزلىدىن باي قىلغانلىقى ئۈچۈنلا ئۇلار (تۇزكورلۇق قىلىپ، پەيغەمبەرگە) دۈشمەن بولدى﴾. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەبۇك غازىتىدىن قايتقاندا، مۇناپىقلار ئۇنى ئۆلتۈرۈشنى پىلانلىغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ بۇ رەزىل پىلانى ئەمەلگە ئاشمىغان. ئاللاھ تائالانىڭ ﴿ئەمەلگە ئاشۇرالمايدىغان بىر ئىشقا (يەنە) ئۇرۇندى﴾ دېگەن سۆزىدە بۇنىڭغا ئىشارەت قىلىنغان. چۈنكى، كاپىرلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن مەككىدىمۇ شۇنداق قەست قىلغان، ئەمما ئاللاھ تائالا ئۇنى ئۇلارنىڭ قەستىدىن ساقلاپ قالغان.

مۇناپىقلار ئاللاھ تائالانىڭ نېمەتلىرىگە ئېرىشكەن، ئۇنىڭ پەزلى بىلەن پۇل-مال ۋە بالىچاقىلارغا ئىگە بولغان تۇرۇقلۇق، نېمەتكە شۈكۈر قىلىشنىڭ ئورنىغا تۇزكورلۇق قىلىپ، ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە مۆئمىنلەرگە دۈشمەن بولغان مەخلۇقلاردۇر.

ئەجەبلىنەرلىككى، ياخشىلىققا سەۋەب بولغان نەرسە يامانلىققىمۇ سەۋەب بولىدۇ. نېمەتنىڭ زىيادە قىلىنىشى مۆئمىنلەرنىڭ ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلىشىغا تۈرتكە بولسا، مۇناپىقلارنىڭ تۇزكورلۇق قىلىشىغا سەۋەب بولغان. شۇنداقتىمۇ تەۋبىنىڭ ئىشىكى ھەر زامان ئوچۇقتۇر. ئۇلار تەۋبە قىلسا، ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ. ئەگەر ئۇلار يەنى لا ئىماندىن داۋاملىق يۈز ئۆرۈسە، ئاللاھ تائالا ئۇلارنى دۇنيا ۋە

[1] «تفسير ابن كثير» 4-توم، 180-بەت.

ئاخىرەتتە قاتتىق ئازاب بىلەن جازالايدۇ، ئاللاھ تائالانىڭ جازاسى كەلگەندە، ئۇلارنى بۇ ئازابتىن قۇتقۇزۇپ قالىدىغان بىرەر دوست ۋە بىرەر مەدەتكار تېپىلمايدۇ. چۈنكى، مۇناپىقلارنىڭ بىر-بىرى بىلەن بولغان دوستلۇقىمۇ يالغان دوستلۇق بولۇپ، ئۇلارغا بۇ دۇنيادىمۇ، ئاخىرەتتىمۇ ئەسقاتمايدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ ئازابى كەلگەندە ھېچكىم ھېچكىمگە ھامىي بولالمايدۇ.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. مۇرتەدلىك – كۇفرى سۆزنى ئوچۇق سۆزلەش ياكى ئاللاھ تائالانى ياكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى سۆكۈش ۋەياكى «قۇرئان كەرىم»نى ھاقارەتلەش قاتارلىق قىلمىشلار بىلەن سادىر بولىدۇ.

2. مۇرتەد بولغانلار مۇسۇلمانلارغا ئوخشاش مۇئامىلە كۆرمەيدۇ، ئۇلار مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدە يەكلىنىدۇ، مۇرتەدكە ئىسلام قانۇنى ئىجرا قىلىنىدىغان دۆلەتلەردە مەھكىمە شەرئىي تەرىپىدىن ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ. مۇرتەدنىڭ نامىزى ئوقۇلمايدۇ ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنمايدۇ.

3. ئىسلام شەرىئىتى تەتبىق قىلىنمايدىغان دۆلەتلەردە، مۇرتەدلەرگە ئۆلۈم جازاسى بېرىش مۇمكىن بولمىغانلىقتىن، ئۇلار ھايات قالغان شارائىتتا ئۇلارنىڭ تەربىيەسىدىكى بالىلار تارتىپ ئېلىنىدۇ. چۈنكى، مۇرتەد بولغان ئادەم بالىلارنىڭ ئەقىدىسىنى بۇزۇپ قويىدۇ ۋە ئۆزىگە ئوخشاش قىلىشقا ئۇرۇنىدۇ.

4. ئاللاھ تائالا سەكراتقا چۈشۈشتىن بۇرۇن تەۋبە قىلغان ھەرقانداق ئادەمنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ. ئەمما سەكراتقا چۈشكەندە ياكى قىيامەتنىڭ چوڭ ئالامەتلىرى كېلىپ قۇياش كۈنپېتىشتىن چىققاندا قىلغان تەۋبە ۋە ئېيتقان ئىماننىڭ پايدىسى بولمايدۇ.

### ◄ سەئلەب ئىبنى ھاتىبنىڭ قىسسىسى

﴿۞ وَمِنۡهُم مَّنۡ عَٰهَدَ ٱللَّهَ لَئِنۡ ءَاتَىٰنَا مِن فَضۡلِهِۦ لَنَصَّدَّقَنَّ
وَلَنَكُونَنَّ مِنَ ٱلصَّٰلِحِينَ ﴿٧٥﴾ فَلَمَّآ ءَاتَىٰهُم مِّن فَضۡلِهِۦ بَخِلُواْ
بِهِۦ وَتَوَلَّواْ وَّهُم مُّعۡرِضُونَ ﴿٧٦﴾ فَأَعۡقَبَهُمۡ نِفَاقٗا فِي قُلُوبِهِمۡ إِلَىٰ يَوۡمِ

يَلْقَوْنَهُۥ بِمَآ أَخْلَفُواْ ٱللَّهَ مَا وَعَدُوهُ وَبِمَا كَانُواْ يَكْذِبُونَ ﴿٧٧﴾ أَلَمْ
يَعْلَمُوٓاْ أَنَّ ٱللَّهَ يَعْلَمُ سِرَّهُمْ وَنَجْوَىٰهُمْ وَأَنَّ ٱللَّهَ عَلَّٰمُ ٱلْغُيُوبِ ﴿٧٨﴾

### تەرجىمىسى

75ـ ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن بەزىلەر: «ئەگەر ئاللاھ بىزگە ئۆز پەزلىدىن (بايلىق) ئاتا قىلسا، بىز ئەلۋەتتە سەدىقە بېرەتتۇق، ئەلۋەتتە ياخشىلاردىن بولاتتۇق» دەپ ئاللاھقا ۋەدە بەردى.

76ـ ئاللاھ ئۇلارغا ئۆز پەزلىدىن(بايلىق) ئاتا قىلغان چاغدا، ئۇلار بېخىللىق قىلىشتى، (ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشتىن) يۈز ئۆرۈپ (ۋەدىسىدىن) يېنىۋالدى.

77ـ ئۇلار (سەدىقە قىلىمىز دەپ) ئاللاھقا بەرگەن ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلغانلىقى، (ئۆزلىرىنى مۇسۇلمان دەپ) يالغانچىلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئاللاھنىڭ ئالدىغا بارىدىغان (قىيامەت) كۈنىگە قەدەر ئۇلارنىڭ دىللىرىغا مۇناپىقلىقنىڭ داۋاملىق تۇرۇشىنى ئاللاھ ئۇلارنىڭ (قىلمىشىنىڭ) ئاقىۋىتى قىلدى.

78ـ ئاللاھنىڭ ئۇلارنىڭ ئىچكى سىرلىرىنى، يوشۇرۇن سۆزلىرىنى بىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى، غەيبلەرنى تولۇق بىلىدىغانلىقىنى ئۇلار ئۇقمامدۇ؟

### تەپسىرى

بەزى مۇناپىقلار ئەگەر ئاللاھ تائالا ئۆز پەزلىدىن ئۇلارغا كۆپ مال-دۇنيا ئاتا قىلسا، بۇ مال-دۇنيا بىلەن چوقۇم خەير-ئېھسان قىلىدىغانلىقىنى، يوقسۇللارغا سەدىقە قىلىدىغانلىقىنى، بۇ ئارقىلىق ئاللاھ تائالانىڭ ياخشى بەندىلىرىنىڭ قاتارىدىن بولىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلىپ، بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالاغا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەھدە بېرىشكەن ئىدى. ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ تىلىكىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلارغا ئۆز پەزلىدىن مال-دۇنيا ئاتا قىلغان چاغدا، ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ يولىدا پۇل-مال سەرپ قىلىشقا ۋە ئاللاھ تائالانىڭ يوقسۇل بەندىلىرىگە خەير-ئېھسان قىلىشقا بېخىللىق قىلدى. ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىنى بەجا كەلتۈرۈشتىن باش تارتتى. مانا بۇ مۇناپىقلارنىڭ ئورتاق خاراكتېرىدۇر.

مۇناپىقلارنىڭ بېخىللىقى، ئۆز ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلىپ پۇل- مالنىڭ

ھەققىنى ئادا قىلىشتىن ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىنى بەجا كەلتۈرۈشتىن باش تارتقانلىقى ئۈچۈن، ئاللاھ تائالا ئۇلارنى مۇشۇ دۇنيادىلا جازالاپ، ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى مۇناپىقلىقنىڭ تا قىيامەتكە قەدەر ھەمىشە شۇنداق يىلتىز تارتىپ تۇرۇشىنى ئۇلارنىڭ بۇ قىلمىشىنىڭ ئاقىۋىتى قىلىپ بەلگىلىۋەتكەن. چۈنكى، گۇناھ قانچىلىك كىچىك بولسۇن، ئۇ بىر مۇددەت شۇنداق داۋاملاشقاندىن كېيىن، ئۇ تەدرىجىي ھالدا چوڭىيىپ بېرىپ، نىھايەت، دىلدىكى ئىماننى غۇۋالاشتۇرۇپ قويىدۇ. گۇناھ-مەئسىيەت كۆپەيگەنسېرى دىلدىكى ئىماننىڭ نۇرى پۈتۈنلەي ئۆچۈپ، بۇ دىلنى بۇزۇقلۇق، ئاسىيلىق ۋە مۇناپىقلىقنىڭ زۇلمەتلىرى قاپلىۋالىدۇ.

يالغانچىلىق، ۋەدىسىدە تۇرماسلىق مۇناپىقلارنىڭ ئاساسلىق ئالا-مىتىدۇر. ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارنىڭ سىرلىرىنى، ئۆزئارا قىلىشقان يوشۇرۇن سۆزلىرىنى بىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ پۈتۈن غەيبلەرنى ئېنىق بىلىدىغانلىقىنى بۇ مۇناپىقلار تېخىچە ئۇقمامدۇ؟ ھالبۇكى، ئاللاھ تائالا ھەممىنى ئېنىق بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، لېكىن بۇ مۇناپىقلار بۇنى بىلمەيدۇ.

◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ۋەدىگە ۋاپا قىلىش، ئەھدىگە ئەمەل قىلىش مۇسۇلماننىڭ سۈپىتى بولۇپ، ئىماننىڭ تەلەپلىرىدىن بىرىدۇر.

2. بېخىللىقنىڭ زىيىنى بېخىللىق قىلغۇچىلارنىڭ ئۆزىگە بولىدۇ. پۇل-مېلىغا بېخىللىق قىلغان قەۋم ياكى شەخس ئۇنىڭدىنمۇ قىممەتلىك نەرسىلەردىن ئايرىلىپ قالىدۇ.

3. بىر يامانلىق يەنە بىر يامانلىقنى تۇغدۇرىدۇ. شۇڭا ھەربىر خاتالىق ۋە گۇناھ-مەئسىيەت ئۈچۈن ۋاقتىدا تەۋبە قىلىپ تۇرۇش تەلەپ قىلىنىدۇ.

4. مۆئمىن ئادەم پۈتۈن ئىشلىرىدا ئۆزىنى ئاللاھ تائالانىڭ كۆزىتىپ تۇرىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ-دە، دىن ۋە دۇنيالىق ھەربىر ئىشنى قېتىر-قىنىپ، ئىخلاس بىلەن قىلىشقا تىرىشىدۇ.

◄ مۇناپىقلارنىڭ مۆئمىنلەرگە قىلغان ئەزىيەتلىرى ۋە ئۇنىڭ جازاسى

﴿ٱلَّذِينَ يَلۡمِزُونَ ٱلۡمُطَّوِّعِينَ مِنَ ٱلۡمُؤۡمِنِينَ فِي ٱلصَّدَقَٰتِ وَٱلَّذِينَ
لَا يَجِدُونَ إِلَّا جُهۡدَهُمۡ فَيَسۡخَرُونَ مِنۡهُمۡ سَخِرَ ٱللَّهُ مِنۡهُمۡ وَلَهُمۡ

عَذَابٌ أَلِيمٌ ﴿٧٩﴾ ٱسْتَغْفِرْ لَهُمْ أَوْ لَا تَسْتَغْفِرْ لَهُمْ إِن تَسْتَغْفِرْ
لَهُمْ سَبْعِينَ مَرَّةً فَلَن يَغْفِرَ ٱللَّهُ لَهُمْ ۚ ذَٰلِكَ بِأَنَّهُمْ كَفَرُوا۟ بِٱللَّهِ
وَرَسُولِهِۦ ۗ وَٱللَّهُ لَا يَهْدِى ٱلْقَوْمَ ٱلْفَٰسِقِينَ ﴿٨٠﴾

## ◄ تەرجىمىسى

79-ئۇلار مۆئمىنلەرنىڭ ئارىسىدىكى مەردلىك بىلەن ئۆزى خالاپ سەدىقە قىلغۇچىلارنى، قۇدرىتىنىڭ يېتىشىچە (ئاز بولسىمۇ) سەدىقە قىلغۇچىلارنى ئەيىبلەيدۇ، ئۇلارنى مەسخىرە قىلىدۇ؛ ئاللاھ ئۇلارغا مەسخىرە قىلغانلىقىنىڭ جازاسىنى بېرىدۇ، ئۇلارغا قاتتىق ئازاب بار.

80-(ئى پەيغەمبەر!) ئۇلار ئۈچۈن مەيلى مەغپىرەت تەلەپ قىل، مەيلى مەغپىرەت تەلەپ قىلما (بەرىبىر ئوخشاش)، ئۇلار ئۈچۈن يەتمىش قېتىم مەغپىرەت تەلەپ قىلساڭمۇ، ئاللاھ ھەرگىز ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى كەچۈرمەيدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئاللاھنى ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنى ئىنكار قىلدى، ئاللاھ (بۇنداق) پاسىق قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ.

## ◄ نازىل بولۇش سەۋەبى

ئىمام بۇخارىي ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىز سەدىقە بېرىشكە بۇيرۇلغىنىمىزدا، مۈرىمىزدە مال توشۇپ ئىشلەمچىلىك قىلىپ تاپقان ئاز-تولا پۇلىمىزدىن ئاللاھ يولىدا سەدىقە قىلاتتۇق. ئەبۇ ئەقىل دېگەن كىشى يېرىم سا[1] سەدىقە ئېلىپ كەلدى، يەنە بىر كىشى ئۇنىڭدىن كۆپرەك ئېلىپ كەلدى. بۇنى كۆرگەن مۇناپىقلار ‹بۇنىڭ سەدىقىسىگە ئاللاھنىڭ ھاجىتى يوق. ئەمما ئاۋۇ كىشى رىيا قىلىپ سەدىقە قىلدى› دېيىشتى. بۇلارنىڭ سۆزلىرىگە قارىتا ئاللاھ تائالانىڭ ﴿ئۇلار مۆئمىنلەرنىڭ ئارىسىدىكى مەردلىك بىلەن ئۆزى خالاپ سەدىقە قىلغۇچىلارنى، قۇدرىتىنىڭ يېتىشىچە (ئاز بولسىمۇ) سەدىقە قىلغۇچىلارنى ئەيىبلەيدۇ، ئۇلارنى مەسخىرە قىلىدۇ؛ ئاللاھ ئۇلارغا مەسخىرە قىلغانلىقىنىڭ جازاسىنى بېرىدۇ،

[1] سا- قەدىمقى ئۆلچەكلەردىن بولۇپ، بىر سا تەخمىنەن 3كىلو 250 گىرامىغا تەڭ.

ئۇلارغا قاتتىق ئازاب بار﴾ دېگەن ئايىتى نازىل بولدى»[1].

### ◄ تەپسىرى

بۇ ئايەتلەر مۇناپىقلارنىڭ يەنە بىر رەزىللىكىنى پاش قىلغان. مۇناپىقلارنىڭ خاراكتېرى ھەمىشە شەك قىلىش، ئىككىلىنىش ۋە گۇمانلىنىشتىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلار مەۋقەسىز، مەيدانسىز، ئىرادىسىز ئادەملەردۇر. مۇنداق ئادەملەردىن قىلچە ياخشىلىق كۈتكىلى بولمايدۇ.

مۇناپىقلارنىڭ ئەزىيەتلىرىدىن ئاللاھ يولىدا كۆپ پۇل-مال سەرپ قىلغانلارمۇ ۋە چامى يەتكەنچە ئاز بىر نەرسە سەدىقە قىلغانلارمۇ ساق قالمايدۇ. چۈنكى، ئۇلار كۆپ سەدىقە قىلغان بايلارنىمۇ، ئاز سەدىقە قىلغان يوقسۇللارنىمۇ ئەيىبلەيدۇ، بايلارنى سەدىقە بېرىپ رىيا قىلدى دەپ ئەيىبلىسە، يوقسۇللارنى ھالىغا باقمىدى دەپ مەسخىرە قىلىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئاللاھ يولىدا پۇل-مال سەرپ قىلمىغانلىقىغا ۋە باشقىلارنى ئاللاھ يولىدا پۇل-مال سەرپ قىلىشتىن توسقانلىقىغا كۇپايە قىلماي، مۇئمىنلەردىن ئاللاھ يولىدا پۇل-مال سەرپ قىلغانلارنى ئەيىبلەيدۇ. ئۇلار كۆپ سەدىقە قىلغانلارنى تېخى ئەيىبلىسە، ئاز سەدىقە قىلغانلارنى تېخى ئەيىبلىسە، ياكى ئۆزى سەدىقە قىلمىسا، بۇ نېمىدېگەن ئەقىلسىزلىق، نېمىدېگەن ناھەقچىلىك؟! ئاللاھ تائالا ئۇ مۇناپىقلارنى ئۆز ئادالىتى بىلەن جازالايدۇ، ئۇلار مۇئمىنلەرنى مەسخىرە قىلغانلىقىنىڭ جازاسىنى مۇشۇ دۇنيادىلا تېتىيدۇ، ئاخىرەتتە بولسا قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ.

بۇ مۇناپىقلار ئىسلامنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ ئىمان ئېيتمىدى، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئىمان نۇرى ئۇلارنىڭ قەلبىگە كىرمەيدۇ، شۇڭا ئۇلار ئىمان ئېيتمايدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دېگەن: ﴿(ئى پەيغەمبەر!) ئۇلار ئۈچۈن مەيلى مەغپىرەت تەلەپ قىل، مەيلى مەغپىرەت تەلەپ قىلما (بەرىبىر ئوخشاش)، ئۇلار ئۈچۈن يەتمىش قېتىم مەغپىرەت تەلەپ قىلساڭمۇ، ئاللاھ ھەرگىز ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى كەچۈرمەيدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئاللاھنى ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنى ئىنكار قىلدى، ئاللاھ (بۇنداق) پاسىق قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ﴾.

بۇ ئايەتتىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام

[1] «صحيح البخاري» 6-توم، 67-بەت، 4668 -ھەدىس.

مۇناپىقلارنىڭ ھىدايەت تېپىپ ياخشىلاردىن بولۇپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلغانلىقتىن، ئۇلار ئۈچۈن ئاللاھ تائالادىن مەغپىرەت تىلەيتتى. بۇ سەۋەبتىن، ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مۇناپىقلار ئۈچۈن مەغپىرەت تىلەشتىن مەنئى قىلغان. چۈنكى، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن سۈيىقەست پىلانلىغان، ئاللاھ يولىدا سەدىقە قىلغۇچىلارنى ئەيىبلىگەن، مۇسۇلمانلارغا زىيانكەشلىك قىلغان قىلمىشلىرى بىلەن تونۇلغان مۇناپىقلار بولۇپ، ئۇلار بارلىق يامانلىقلارنىڭ ۋە پۈتۈن رەزىللىكلەرنىڭ باشلامچىلىرى ئىدى، ئۇلاردىن قەتئىي ياخشىلىق كۈتۈلمەيتتى، چۈنكى، ئۇلار شۇنچىلىك چوڭ گۇناھلارغا پاتقان ۋە دىلى قارىيىپ كەتكەن مەخلۇقلار بولغانلىقتىن، ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ قەلبىنى پېچەتلىۋەتكەن، كۆزلىرىنى ھەقىقەتنى كۆرۈشتىن كور، قۇلاقلىرىنى ھەق سۆزلەرنى ئاڭلاشتىن گاس قىلىۋەتكەن.

شۇڭا ئاللاھ تائالا ئۇلارنى ئەيىبلىگەن سۆزىدە ﴿چۈنكى، ئۇلار ئاللاھنى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى ئىنكار قىلدى﴾ دېگەن. بۇنداق ئازغۇنلارنىڭ ھىدايەت تېپىشىنى كۈتكىلى بولمايدۇ. ئۇلار ئۈچۈن ئاللاھ تائالادىن مەغپىرەت تىلىگەنىنىڭ پايدىسى يوق. شۇڭا ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۇلار ئۈچۈن مەغپىرەت تىلەشتىن مەنئى قىلغان. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ئەقىل ۋە دىنىنىڭ چەكلىمىسىدىن چىقىپ كەتكەن، ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتقان مۇنداق پاسىق قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. مۇئمىنلەرنى مەسخىرە قىلىش ئېغىر گۇناھتۇر، ئۇلارنىڭ ئېتىقادىنى مەسخىرە قىلىش بولسا كاپىرلىقتۇر.

2. ئاللاھ تائالا ھەقىقىي مۇئمىن بەندىلىرىنى ھەمىشە قوغدايدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ ھىمايىسى ئاستىغا كىرگەن ئادەم ئەڭ بەختلىك ئادەمدۇر.

3. كاپىرلىق ھالىتىدە ئۆلگەنلەر ئۈچۈن قىلغان دۇئا، بېرىلگەن سەدىقە ۋە تىلىگەن ئىستىغپار پايدىسىزدۇر.

4. كۇفرىلىقنى ۋە ئازغۇنلۇقنى داۋاملاشتۇرغۇچىلار ھىدايەتتىن مەھرۇم قالىدۇ. چۈنكى، مۇنداقلارنىڭ كۆزلىرى توغرىنى ۋە ھەقنى كۆرۈشتىن پەردىلىنىپ قالىدۇ.

### جىهادتىن قېلىپ قالغانلار

﴿فَرِحَ ٱلْمُخَلَّفُونَ بِمَقْعَدِهِمْ خِلَٰفَ رَسُولِ ٱللَّهِ وَكَرِهُوٓاْ أَن يُجَٰهِدُواْ بِأَمْوَٰلِهِمْ وَأَنفُسِهِمْ فِى سَبِيلِ ٱللَّهِ وَقَالُواْ لَا تَنفِرُواْ فِى ٱلْحَرِّ ۗ قُلْ نَارُ جَهَنَّمَ أَشَدُّ حَرًّا ۚ لَّوْ كَانُواْ يَفْقَهُونَ ﴿٨١﴾ فَلْيَضْحَكُواْ قَلِيلًا وَلْيَبْكُواْ كَثِيرًا جَزَآءًۢ بِمَا كَانُواْ يَكْسِبُونَ ﴿٨٢﴾﴾

### تەرجىمىسى

81ـ ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە خىلاپلىق قىلىپ (تەبۇك غازىتىغا چىقىشتىن) قېلىپ قالغانلار ئۆيلىرىدە بەخىرامان ئولتۇرغانلىقى بىلەن كۆرەڭلەپ كېتىشتى، ئۇلار ئاللاھ يولىدا پۇل ـماللىرى بىلەن، جانلىرى بىلەن جىهاد قىلىشنى ياقتۇرمىدى، ئۇلار (بىر ـبىرىگە): «ئىسسىقتا چىقماڭلار» دېيىشتى. (ئى پەيغەمبەر! ئۇ مۇناپىقلارغا) «جەھەننەمنىڭ ئوتى تېخىمۇ قىزىقتۇر» دېگىن. ئەگەر ئۇلار (بۇنى) چۈشەنگەن بولسا ئىدى (ئىسسىقتا جىهادقا چىقىشتىن قېلىپ قالمىغان بولاتتى).

82ـ ئۇلار قىلمىشلىرىنىڭ جازاسى ئۈچۈن، ئاز كۈلسۇن، كۆپ يىغلىسۇن.

### بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

بۇ ئايەتلەر ئۆزرىسىز تۇرۇپ جىهادقا چىقىشتىن قېلىپ قالغان مۇناپىقلارنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلىش ئۈچۈن نازىل بولغان بولۇپ، ئالدىنقى ئايەتلەردە ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇناپىقلارغا قانداق مۇئامىلىدە بولۇش ھەققىدە تەلىمات بەرگەن. بۇ ئايەتلەر ئاشۇ مۇناپىقلارنىڭ رەزىللىكلىرى، خۇسۇسەن ئۇلارنىڭ تەبۇك غازىتى بولغان كۈندىكى قىلمىشلىرى ھەققىدە توختالغان.

### تەپسىرى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەبۇك غازىتىغا چىققاندا، ئۇنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغان ھالدا، مۇسۇلمانلار بىلەن بىللە جىهادقا چىقىشتىن ئايرىلىپ قېلىپ، جىهادقا چىقمايدىغان ئاياللار، باللار، ياشانغانلار ۋە ئاجىزلار قاتارىدا ئۆيلىرىدە بەخىرامان ئولتۇرغان مۇناپىقلار ئۆزلىرىنىڭ

بۇ قىلمىشىغا ۋە ئۆيلىرىدە راھەت ئولتۇرغانلىقىغا خۇشال بولۇشقان ئىدى. چۈنكى، ئۇلار ئاللاھنىڭ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلىپ جىھاد قىلىشنىڭ نەقەدەر ياخشى ئەمەل ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيتتى ۋە بىلمەيتتى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ جىھادتىن قېلىپ قالغانلىقىنى ئاز دېگەندەك باشقىلارنىمۇ جىھادقا چىقىشتىن توسقان ۋە بىر-بىرىگە: «سىلەر ئۆز ئىشىڭلارنى تاشلاپ، ئۆزۈڭلارنى خەتەرگە ئۈچرىتىپ، بۇ ئوتتەك ئىسسىقتا جىھادقا چىقماڭلار» دېيىشكەن ئىدى.

ئى پەيغەمبەر! ئۇ مۇناپىقلارغا ئېيتقىنكى، ئۆزرىسىز تۇرۇپ، جىھادقا چىقىشتىن قېلىپ قالغان ئاسىي-گۇناھكارلار ئۈچۈن تەييارلانغان جەھەننەمنىڭ ئوتى بۇ دۇنيانىڭ ئىسسىقلىرىدىن تېخىمۇ قىزىقتۇر. چۈنكى، جەھەننەمنىڭ ئوتى ئۇلارنىڭ يۈزلىرىنى كۆيدۈرۈپ، تېرىلىرىنى پىشۇرۇۋېتىدۇ، كالپۇكلىرى قورۇلۇپ، چىشلىرى ئېچىلىپ قالىدۇ. ئەگەر ئۇلار بۇ ئازابلارنىڭ راستلىقىغا ئىشەنسە ۋە ئىسلام دىنىنىڭ ھەق دىن ئىكەنلىكىنى بىلسە ئىدى، ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئەمرىگە ھەرگىز خىلاپلىق قىلمىغان، ئازغىنە راھەتنى دەپ يېقىلغۇلىرى ئىنسان ۋە تاشلاردىن بولىدىغان مەڭگۈلۈك جەھەننەم ئوتىدا ئازابلىنىشنى تاللىمىغان بولاتتى.

مۇپەسسىرلەر ﴿فَلۡيَضۡحَكُواْ قَلِيلٗا وَلۡيَبۡكُواْ كَثِيرٗا جَزَآءَۢ بِمَا كَانُواْ يَكۡسِبُونَ﴾ دېگەن ئايەتنىڭ تەپسىرىدە ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، ئەللامە ئىبنى جەرىر تەبەري ئايەتنى مۇنداق تەپسىر قىلغان: «ئۆزرىسىز تۇرۇپ جىھادقا چىقماي، ئۆيلىرىدە بەخىرامان ئولتۇرغانلىقى بىلەن خۇشاللانغان ئاشۇ مۇناپىقلار بۇ قىلمىشىنىڭ جازاسى ئۈچۈن، بۇ دۇنيادا ئاز ۋاقىت كۈلگەنلىكىنىڭ بەدىلىگە ئاخىرەتتە دوزاخ ئازابىدا ئۇزۇن ۋاقىت يىغلايدۇ»[1].

ئەللامە قۇرتۇبى بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «بۇ ئايەت ئۇلارنى كۈلۈشكە ئەمر قىلىش مەنىسىدە ئەمەس، بەلكى ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇش مەنىسىدە كەلگەن ئەمر بولۇپ، ئۇلار بۇ دۇنيادا ئاز كۈلۈش ۋە ئاخىرەتتە كۆپ يىغلاش ئۈچۈن شۇنداق قىلدى دېگەنلىكتۇر»[2]. يەنە بەزى مۇپەسسىرلەر بۇ ئايەتنى خەۋەر مەنىسىدە تەپسىر قىلىپ: «ئۇلار كېلەچەكتە ئاز كۈلىدۇ ۋە كۆپ يىغلايدۇ، يەنى ئۇلارنىڭ بۇ قىلمىشىنىڭ

---

[1] «تفسير الطبري» 14-توم، 401-بەت.
[2] «تفسير القرطبي» 8-توم، 216-بەت.

ئاقىۋىتى ھەرگىز ئۇلارنى خۇشال قىلىدىغان ئاقىۋەت ئەمەس، شۇڭا ئۇلارنىڭ كۈلۈشى ئاز، يىغلىشى كۆپ بولىدۇ» دەيدۇ.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالانىڭ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىش ئېغىر گۇناھتۇر، ئەمما مۇناپىقلارنىڭ قىلغانلىرى ئوپئوچۇق كۇفرىلىقتۇر.

2. جەننەت ھەرگىز ئەرزان ئەمەس، ئۇ جاپا چەكمىگۈچە قولغا كەلمەيدۇ. شۇڭا جەننەتنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن جاپا-مۇشەققەتكە چىداشقا توغرا كېلىدۇ.

3. بېپەرۋالىق ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدىغانلارنىڭ ئىشىدۇر، ئەمما ئاخىرەتكە ئىمانى بار ئادەم ھەرگىز بىغەم يۈرمەيدۇ، تەييارلىق قىلىدۇ، ئاخىرەتتە مەڭگۈلۈك كۈلۈش ئۈچۈن بۇ دۇنيانىڭ بىھۇدە كۈلكىلىرىدىن ئەلۋەتتە يىراق تۇرىدۇ.

### ◄ پەيغەمبە ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇناپىقلارنىڭ كاتتىباشلىرىغا قىلغان مۇئامىلىسى

﴿فَإِن رَّجَعَكَ ٱللَّهُ إِلَىٰ طَآئِفَةٍ مِّنْهُمْ فَٱسْتَـْٔذَنُوكَ لِلْخُرُوجِ فَقُل لَّن تَخْرُجُواْ مَعِىَ أَبَدًا وَلَن تُقَٰتِلُواْ مَعِىَ عَدُوًّا ۖ إِنَّكُمْ رَضِيتُم بِٱلْقُعُودِ أَوَّلَ مَرَّةٍ فَٱقْعُدُواْ مَعَ ٱلْخَٰلِفِينَ ﴿٨٣﴾ وَلَا تُصَلِّ عَلَىٰٓ أَحَدٍ مِّنْهُم مَّاتَ أَبَدًا وَلَا تَقُمْ عَلَىٰ قَبْرِهِۦٓ ۖ إِنَّهُمْ كَفَرُواْ بِٱللَّهِ وَرَسُولِهِۦ وَمَاتُواْ وَهُمْ فَٰسِقُونَ ﴿٨٤﴾ وَلَا تُعْجِبْكَ أَمْوَٰلُهُمْ وَأَوْلَٰدُهُمْ ۚ إِنَّمَا يُرِيدُ ٱللَّهُ أَن يُعَذِّبَهُم بِهَا فِى ٱلدُّنْيَا وَتَزْهَقَ أَنفُسُهُمْ وَهُمْ كَٰفِرُونَ ﴿٨٥﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

83-ئەگەر ئاللاھ ساڭا (تەبۇك غازىتىدىن) قايتىشنى نېسىپ قىلىپ، سېنى (ئۆزرىسىز جىھادقا چىقمىغان مۇناپىقلاردىن) بىر تۈركۈمى بىلەن ئۇچراشتۇرسا، ئۇلار (بۇنىڭدىن كېيىنكى جىھادلارغا) چىقىش ئۈچۈن سەندىن ئىجازەت سورىسا، (ئۇلارغا) ئېيتقىنكى: «سىلەر مەن بىلەن بىللە مەڭگۈ (جىھادقا

چىقمايسىلەر، ھەرگىز مەن بىلەن بىللە (چىقىپ) دۈشمەنگە قارشى ئۇرۇش قىلمايسىلەر! چۈنكى، سىلەر دەسلەپكى قېتىمدا (جىھادقا چىقماي ئۆيلىرىڭلاردا) ئولتۇرۇشقا رازى بولغان ئىدىڭلار، ئەمدى (جىھادقا چىقماي) قېلىپ قالغۇچىلار بىلەن ئولتۇرۇڭلار».

84ـ(ئى پەيغەمبەر!) سەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئۆلگەن ھېچقانداق ئادەمنىڭ نامىزىنى ھەرگىز چۈشۈرمىگىن، (دەپنە، زىيارەت ۋە دۇئا قىلىش ئۈچۈن) ئۇنىڭ قەبرىسى ئۈستىدىمۇ تۇرمىغىن، چۈنكى، ئۇلار ئاللاھنى ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنى ئىنكار قىلدى، ئۇلار دىندىن چىققان ھالىتى بىلەن ئۆلدى.

85ـئۇلارنىڭ پۇل-ماللىرى ۋە پەرزەنتلىرى سېنى ئەجەبلەندۈرمىسۇن. ئاللاھ دۇنيادا پەقەت شۇلار (يەنى پۇل-مال ۋە پەرزەنتلەر) ئارقىلىق ئۇلارنى جازالاشنى ۋە ئۇلارنىڭ كاپىر پېتى جان ئۈزۈشىنى ئىرادە قىلىدۇ.

### ◄ تەپسىرى

ئۆز ۋاقتىدا مەدىنىدىكى مۇناپىقلار تۇرلۇك يالغان ئۆزرىلەرنى ئويدۇرۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە تەبۇك غازىتىغا چىقىشتىن قېلىپ قالغان بولۇپ، ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ ۋە ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبىرىنىڭ بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلغان ھالدا، جىھادقا چىقالـمايدىغان ئاياللار، كىچىك باللار ۋە ئاجىز كىشىلەر قاتارىدا ئۆيلىرىدە قالغىنىغا خۇش بولۇشقان ۋە ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشنى يامان كۆرگەن ئىدى.

ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ دەيدۇكى، ئى پەيغەمبەر! ئەگەر ئاللاھ تائالا ساڭا تەبۇك غازىتىدىن ساق-سالامەت قايتىشنى نېسىپ قىلىپ، سېنى ئۆزرىسىز تۇرۇپ، جىھادقا چىقىشتىن قېلىپ قالغان مۇناپىقلاردىن بىر تۈركۈمى بىلەن ئۇچراشتۇرسا، ئۇلار بۇنىڭدىن كېيىنكى جىھادلارغا سەن بىلەن بىللە چىقىشقا ئىجازەت سورىسا، ئۇلارغا شۇنداق كەسكىن رەددىيە بەرگىنكى: سىلەر مەن بىلەن بىللە قانداقلا بىر ۋاقىتتا ۋە قانداقلا بىر شارائىتتا ھەرگىز جىھادقا چىقمايسىلەر، كەلگۈسىدىمۇ مەن بىلەن بىللە چىقىپ دۈشمەنگە قارشى ئۇرۇش قىلمايسىلەر. چۈنكى، سىلەر دەسلەپكى قېتىمدا ئۆزرىسىز تۇرۇپ جىھادقا چىقماي، ئۆيۈڭلاردا خاتىرجەم ئولتۇرۇشقا رازى بولدۇڭلار، بۇ گۇناھىڭلارنى يۇگەش ئۈچۈن ئۆزۈڭلارنى ئاقلاپ، يالغاندىن قەسەملەرنى

ئېچىتتىڭلار. شۇڭا سىلەر جىهادقا چىقالمايدىغان ئاياللار، كىچىك باللار ۋە ئاجىزلاردىن ئىبارەت ئۆزرىلىك كىشىلەر بىلەن بىللە ئۆيۈڭلاردا ئولتۇرۇڭلار. سىلەر ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبىرىگە ھەمراھ بولۇش ۋە ئاللاھ يولىدا جىهاد قىلىشتىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغۋار شەرەپكە ھەرگىز نائىل بولالمايسىلەر. چۈنكى، سىلەر بۇنداق شەرەپلىك ئىشلارغا لايىق ئەمەسسىلەر، بۇنىڭغا ھەقىقىي مەنىدىكى مۇئمىن كىشىلەرلا نائىل بولىدۇ.

ئى پەيغەمبەر! سەن بۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ مۇناپىقلارنىڭ ئارىسىدىن ئۆلگەن ھېچقانداق بىر ئادەمنىڭ نامىزىنى ھەرگىز چۈشۈرمىگىن، مۇنداقلارغا دۇئا قىلىش ياكى مەغپىرەت تىلەش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ قەبرىسى ئۈستىدىمۇ تۇرمىغىن. چۈنكى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ رەببى بولغان ئاللاھ تائالانى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى ئىنكار قىلغان كاپىرلاردۇر.

بۇنىڭدىن ئىلگىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: ﴿ٱسۡتَغۡفِرۡ لَهُمۡ أَوۡ لَا تَسۡتَغۡفِرۡ لَهُمۡ إِن تَسۡتَغۡفِرۡ لَهُمۡ سَبۡعِينَ مَرَّةٗ فَلَن يَغۡفِرَ ٱللَّهُ لَهُمۡۚ ذَٰلِكَ بِأَنَّهُمۡ كَفَرُواْ بِٱللَّهِ وَرَسُولِهِۦۗ وَٱللَّهُ لَا يَهۡدِي ٱلۡقَوۡمَ ٱلۡفَٰسِقِينَ﴾ يەنى ﴿(ئى پەيغەمبەر!) ئۇلار ئۈچۈن مەيلى مەغپىرەت تەلەپ قىل، مەيلى مەغپىرەت تەلەپ قىلما (بەرىبىر ئوخشاش)، ئۇلار ئۈچۈن يەتمىش قېتىم مەغپىرەت تەلەپ قىلساڭمۇ، ئاللاھ ھەرگىز ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى كەچۈرمەيدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئاللاھنى ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنى ئىنكار قىلدى، ئاللاھ (بۇنداق) پاسىق قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ﴾[1] دېگەن ئايەت نازىل بولغان بولۇپ، ئۇنىڭدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇناپىقلار ئۈچۈن ئاللاھ تائالادىن مەغپىرەت تىلەشتىن مەنئى قىلىنغان. بۇ ئايەتلەردە بولسا ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مۇناپىقلارنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈشتىن ۋە ئۇلارغا مۇسۇلمانلارغا دۇئا قىلغاندەك دۇئا قىلىشتىن مەنئى قىلغان. مۇناپىقلارغا ئاللاھ تائالادىن مەغپىرەت تىلەش خۇددى كاپىرلارغا مەغپىرەت تىلىگەنگە ئوخشاش دىنىمىزدا مەنئى قىلىنغان ئىشتۇر. چۈنكى، مۇناپىقلار كاپىرلارغا ئوخشاشتۇر. ئەمما مۇئمىنلەرنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈش، ئۇلارنىڭ قەبرىسى ئۈستىدە تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىغا ئاللاھ تائالادىن مەغپىرەت تىلەش دىنىمىزدا بۇيرۇلغان ئەمەلدۇر. شۇڭا فەقىھلەر (ئىسلام فىقھشۇناسلىرى) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «اسْتَغْفِرُواْ لِأَخِيكُمْ ، وَسَلُواْ لَهُ بِالتَّثْبِيتِ ، فَإِنَّهُ الْآنَ يُسْأَلُ» يەنى «قېرىن-

[1] تەۋبە سۈرىسى: 80-ئايەت.

ـدىشىڭلارغا ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلەڭلار، ئۇنىڭغا مۇستەھكەملىك تىلەڭلار، چۈنكى، ھازىر ئۇ سوئال-سوراق قىلىنىۋاتىدۇ»[1] دېگەن سۆزىگە مۇۋاپىقلاشقان ھالدا، مېيىتنىڭ جىنازا نامىزى چۈشۈرۈلۈپ يەرلىكىگە قويۇلغاندا، ئاللاھ تائالادىن ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىشىنى تىلەپ دۇئا قىلىشنىڭ سۈننەت ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەن.

﴿(ئى پەيغەمبەر!) سەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئۆلگەن ھېچقانداق ئادەمنىڭ نامىزىنى ھەرگىز چۈشۈرمىگىن، (دەپنە، زىيارەت ۋە دۇئا قىلىش ئۈچۈن) ئۇنىڭ قەبرىسى ئۈستىدىمۇ تۇرمىغىن﴾ دېگەن ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى توغرۇلۇق ئىمام بۇخارىي ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «مەدىنىدىكى مۇناپىقلارنىڭ كاتتىبېشى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي ئىبنى سەلۇل ئۆلگەن ۋاقىتتا، ئۇنىڭ ئوغلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئاتىسىنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈشكە بارماقچى بولغان چاغدا، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ مۇناپىقنىڭ نامىزىنى چۈشۈرمەسلىكىنى ئۆتۈنىدۇ. ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈشكە يۈزلىنىدۇ. چۈنكى، مۇناپىقلارمۇ ئۆزلىرىنى ‹مۇسۇلمان› دەپ يۈرگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلارمۇ مۇسۇلمانلارغا ئوخشاش مۇئامىلە كۆرەتتى، ئۇلارنىڭ مۇناپىقلىقىنىڭ جازاسى ئاللاھ تائالاغا تاپشۇرۇلاتتى. شۇ ۋاقىتتا بۇ ئايەت ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ رەيىنى كۈچلەندۈرگەن ھالدا نازىل بولىدۇ»[2].

ۋاقىدىي[3] مۇنداق دېگەن: مۇئەممەر زۇھرىدىن، زۇھرى ھۇزەيفەدىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا ‹ئى ھۇزەيفە! مەن ساڭا بىر سىرنى ئېيتىپ بېرەي، ئەمما سەن ئۇنى ھېچكىمگە ئېيتمىغىن، مەن پالانى – پۇكۇنىلارنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈشتىن مەنئى قىلىندىم› دەپ مۇناپىقلارنىڭ كاتتىباشلىرىدىن بىر قانچە كىشىنى ساناپ بەردى»[4]. شۇڭا ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىرەر كىشىنىڭ جىنازا نامىزىنى چۈشۈرمەكچى بولسا، ھۇزەيفەگە ئەگىشەتتى، ھۇزەيفە ئۇنىڭ جىنازا نامىزىغا قاتناشسا، ئۆمەرمۇ قاتنىشىپ نامىزىنى

[1] «سنن أبي داود» 3-توم، 215-بەت، 3221 -ھەدىس.
[2] «صحيح البخاري» 2-توم، 97-بەت، 1366 -ھەدىس.
[3] تولۇق ئىسمى-ئەبۇ ئابدۇللاھ مۇھەممەد ئىبنى ئۆمەر ئىبنى ۋاقىدى ئەل سەھمى (130-207ھ) مەدىنە مۇنەۋۋەرەدە ئۆتكەن ھەدىس ۋە تارىخ ئىلمىدە تونۇلغان ئالىم.
[4] «فتح الباري شرح صحيح البخاري» 8-توم، 337-بەت.

چۈشۈرەتتى، ئەگەر ھۆزەيفە قاتناشمىسا چۈشۈرمەيتتى.

بۇنىڭدىن مەلۇمكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇناپىقلارنىڭ ئارىسىدىن ئۆلگەن ئادەملەرنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈشتىن ۋە ئۇلارنىڭ گۇناھىنىڭ كەچۈرۈم قىلىنىشىنى تىلەپ دۇئا قىلىشتىن مەنئى قىلىنىشى ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالانى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبىرىنى ئىنكار قىلغانلىقى ۋە كاپىرلىق ھالىتىدە ئۆلگەنلىكىدىن ئىدى.

ئى پەيغەمبەر! ئۇ مۇناپىقلارنىڭ مال-دۇنياسىنىڭ ۋە ئوغۇللىرىنىڭ كۆپلۈكى سېنى ئەجەبلەندۈرمىسۇن، سېنى مەپتۇن قىلمىسۇن، چۈنكى، ئاللاھ تائالا بۇ دۇنيادا ئۇلارغا كۆپ مال-دۇنيا ۋە بالىلارنى ئاتا قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنى شۇلارنىڭ دەردى، پالاكىتى ۋە خاپىلىقى بىلەن ئازابلاشنى، ئاندىن ئۇلارنىڭ كاپىر پېتى جان ئۈزۈشىنى، شۇنىڭ بىلەن ئاخىرەتنىڭ ئەڭ قاتتىق ئازابىغا قېلىشىنى ئىرادە قىلىدۇ.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. كاپىرلارنىڭ نامىزى ئوقۇلمايدۇ. ئۇلارغا دۇئا قىلىش ياكى قەبرىلىرىنى زىيارەت قىلىش قەتئىي ھارامدۇر. مۇناپىقلىقى ئېنىق بولغانلارنىڭمۇ نامىزى ئوقۇلمايدۇ ۋە ئۇلار ئۈچۈن مەغپىرەت تەلەپ قىلىنمايدۇ.

2. كاپىرلارنىڭ ماددىي جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىمانى ئالدىدا ھېچ نەرسە سانالمايدۇ. چۈنكى، بەخت-سائادەت پۇل-مالدا ئەمەس، بەلكى ئىماندىدۇر.

3. مال-دۇنيا ۋە بالىلار دۇنيا تىرىكچىلىكىنىڭ زىننەتلىرى ۋە كۆڭۈللۈك تۇرمۇشىنىڭ ئامىللىرى بولغىنىدەك، بەزىدە بالايىئاپەتنىڭ سەۋەبچىسى بولۇپ قالىدۇ.

### ◄ مۇناپىقلارنىڭ جىھاد ھەققىدىكى مەۋقەسى

﴿وَإِذَآ أُنزِلَتۡ سُورَةٌ أَنۡ ءَامِنُواْ بِٱللَّهِ وَجَٰهِدُواْ مَعَ رَسُولِهِ ٱسۡتَـٔۡذَنَكَ
أُوْلُواْ ٱلطَّوۡلِ مِنۡهُمۡ وَقَالُواْ ذَرۡنَا نَكُن مَّعَ ٱلۡقَٰعِدِينَ ٨٦ رَضُواْ بِأَن
يَكُونُواْ مَعَ ٱلۡخَوَالِفِ وَطُبِعَ عَلَىٰ قُلُوبِهِمۡ فَهُمۡ لَا يَفۡقَهُونَ ٨٧ لَٰكِنِ

ٱلرَّسُولُ وَٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ مَعَهُۥ جَٰهَدُواْ بِأَمۡوَٰلِهِمۡ وَأَنفُسِهِمۡۚ وَأُوْلَٰٓئِكَ
لَهُمُ ٱلۡخَيۡرَٰتُۖ وَأُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلۡمُفۡلِحُونَ ﴿٨٨﴾ أَعَدَّ ٱللَّهُ لَهُمۡ جَنَّٰتٖ
تَجۡرِي مِن تَحۡتِهَا ٱلۡأَنۡهَٰرُ خَٰلِدِينَ فِيهَاۚ ذَٰلِكَ ٱلۡفَوۡزُ ٱلۡعَظِيمُ ﴿٨٩﴾

## ◄ تەرجىمىسى

86- قاچانكى، بىرەر سۈرە نازىل قىلىنىپ: «ئاللاھقا ئىمان ئېيتىڭلار، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى بىلەن بىللە جىھاد قىلىڭلار» دېيىلسە، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بايلار سەندىن (قېلىپ قېلىشقا) رۇخسەت سورايدۇ، ئۇلار: «بىزنى قوي، بىز (جىھادقا چىقماي ئۆيلىرىدە) قېلىپ قالىدىغانلار بىلەن بىللە بولايلى» دەيدۇ.

87- ئۇلار ئۆيلىرىدە قالىدىغانلار بىلەن بىللە قېلىشقا رازى بولدى. (بۇ سەۋەبتىن) ئۇلارنىڭ دىللىرى پېچەتلەندى. شۇڭا ئۇلار (ھەقىقەتنى) چۈشەنمەيدۇ.

88- ئەمما پەيغەمبەر ۋە پەيغەمبەر بىلەن بىللە ئىمان ئېيتقانلار پۇل-ماللىرى بىلەن، جانلىرى بىلەن جىھاد قىلدى. ئەنە شۇلار ياخشىلىقلارغا ئېرىشىدۇ، ئەنە شۇلار مۇرادىغا يەتكۈچىلەردۇر.

89- ئاللاھ ئۇلارغا ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرنى تەييارلىدى. ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈ تۇرىدۇ، بۇ چوڭ ئۇتۇقتۇر.

## ◄ تەپسىرى

ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇش مۇناپىقلارنىڭ ۋە دىلىدا شەك كېسىلى بار كىشىلەرنىڭ ئادىتىدۇر. ئى پەيغەمبەر! ساڭا بىرەر سۈرە نازىل قىلىنىپ، ئۇنىڭدا ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتىشقا ۋە ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبىرى بىلەن بىللە جىھاد قىلىشقا ئەمر قىلىنسا، مۇناپىقلارنىڭ ئارىسىدىكى جىھاد ئۈچۈن پۇل-مال سەرپ قىلىشقا چامى يېتىدىغان، جىھادقا چىقىشقا كۈچى يېتىدىغان بايلار خىجىل بولماستىن، سەندىن جىھادتىن قېلىپ قېلىشقا رۇخسەت سورايدۇ. ئۇلار نۇرغۇنلىغان يالغان باھانە-سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ، «ئى مۇھەممەد! بىزنى قوي، بىزنى جىھادقا زورلىما، بىزنىڭ ئاياللار، ياشىنىپ قالغانلار، كېسەلچانلار ۋە كىچىك باللار قاتارىدا ئۆيلىرىمىزدە ئولتۇرۇشىمىزغا رۇخسەت بەرگىن،

بىز جىهادقا چىقماي تۇرايلى» دەيدۇ. ئۇ مۇناپىقلار نومۇس قىلماي، ئاياللار، بالىلار ۋە كېسەلچان كىشىلەر بىلەن بىرلىكتە قېلىشنى ئۆزلىرى ئۈچۈن راۋا كۆردى.

مۇنداقلار نەپسى خاھىشىنىڭ يامانلىقى ۋە نىيىتىنىڭ بۇزۇقلۇقى تۈپەيلىدىن، ياخشىلىقنى ۋە ياخشىلار بىلەن بىللە بولۇشنى خالىمايدۇ، ھىدايەتنى، ئىمان نۇرىنى، ۋەز-نەسىھەتنى قوبۇل قىلمايدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ قىلمىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. چۈنكى، ئۇلار ئۆزلىرى ئۈچۈن نېمىنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىغان قەۋمدۇر. شۇڭا ئۇلار ھەرگىز ھىدايەت تاپالمايدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ نىيىتىنىڭ يامانلىقى ۋە رەزىل قىلمىشلىرى سەۋەبلىك ئۇلارنىڭ قەلبىنى پېچەتلىۋەتكەن. لېكىن، شۇ ئېنىقكى، ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبىرى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىمان ئېيتقانلار ئاللاھ تائالاغا بولغان چىن ئىمانىنىڭ تەقەززاسى بويىچە، پۇل-ماللىرى بىلەن، جانلىرى بىلەن ئاللاھ يولىدا جىهاد قىلدى، بۇ يولغا بارلىقىنى ئاتىدى، ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش ۋە ئۇنىڭ كاتتا مۇكاپاتىغا نائىل بولۇشنىڭ مۇنداق ئوبدان پۇرسىتىنى قولدىن بەرمەسلىك ئۈچۈن بارچە ئىمكانىيىتى بىلەن تىرىشتى. ئەنە شۇلار دۇنيادا نۇسرەت ۋە غەلىبىدىن ئىبارەت ياخشىلىققا ئېرىشىش ۋە كۇفرىنىڭ يىلتىزىنى قۇرۇتۇپ تاشلاپ، ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى بارلىق دىنلاردىن ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلىش يولىدا جىهاد قىلدى. شۇڭا ئۇلار قانداق ئىكەنلىكىنى ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدىغان كاتتا مۇكاپاتلارغا، نۇرغۇن ياخشىلىقلارغا نائىل بولىدىغان كىشىلەردۇر. ئەنە شۇلار ئىككىلا دۇنيانىڭ ياخشىلىقىغا ئېرىشىدۇ، ئەنە شۇلار مۇرادىغا يېتىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇلارغا قەسىرلىرىنىڭ ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرنى تەييارلىدى، ئۇلار بۇ جەننەتلەردە مەڭگۈ تۇرىدۇ، بۇ ھەقىقەتەن كاتتا ئۇتۇقتۇر.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. «قۇرئان كەرىم» ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق دەستۇرىدۇر.

2. ئۆزرىسىز تۇرۇپ، جىهادقا چىقماسلىققا رۇخسەت سوراش مەنئى قىلىنغان بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتىكى مۇناپىقلار جىهاد قىلماسلىق ئۈچۈن يالغان ئۆزرىلەرنى ئويدۇرۇپ چىقىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن تولا رۇخسەت سورايتتى.

3. ئومۇمىيۈزلۈك جىھاد باشلانغان چاغدا جىھادقا چىقماسلىق ئېغىر گۇناھتۇر.

4. پۇل-مالنى، جاننى تىكىپ ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش ئەڭ ئەۋزەل ئىبادەتتۇر.

### ◄ ئۆزرىسىز جىھادتىن قېلىپ قالغانلار

﴿وَجَآءَ ٱلْمُعَذِّرُونَ مِنَ ٱلْأَعْرَابِ لِيُؤْذَنَ لَهُمْ وَقَعَدَ ٱلَّذِينَ كَذَبُوا۟
ٱللَّهَ وَرَسُولَهُۥ ۚ سَيُصِيبُ ٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ مِنْهُمْ عَذَابٌ أَلِيمٌ ﴿٩٠﴾
لَّيْسَ عَلَى ٱلضُّعَفَآءِ وَلَا عَلَى ٱلْمَرْضَىٰ وَلَا عَلَى ٱلَّذِينَ لَا يَجِدُونَ
مَا يُنفِقُونَ حَرَجٌ إِذَا نَصَحُوا۟ لِلَّهِ وَرَسُولِهِۦ ۚ مَا عَلَى ٱلْمُحْسِنِينَ مِن
سَبِيلٍ ۚ وَٱللَّهُ غَفُورٌ رَّحِيمٌ ﴿٩١﴾ وَلَا عَلَى ٱلَّذِينَ إِذَا مَآ أَتَوْكَ لِتَحْمِلَهُمْ
قُلْتَ لَآ أَجِدُ مَآ أَحْمِلُكُمْ عَلَيْهِ تَوَلَّوا۟ وَّأَعْيُنُهُمْ تَفِيضُ مِنَ ٱلدَّمْعِ
حَزَنًا أَلَّا يَجِدُوا۟ مَا يُنفِقُونَ ﴿٩٢﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

90-سەھرالىق ئەرەبلەردىن ئۆزرە ئېيتقۇچىلار (جىھادقا چىقماسلىققا) رۇخسەت سوراپ كەلدى. ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە يالغان سۆزلىگەنلەر (ئۆيلىرىدە) ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇلاردىن كاپىر بولغانلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ.

91-(ياشىنىپ قالغان) ئاجىزلار، كېسەللەر، (جىھادقا چىقىشقا) خىراجەت تاپالمىغانلار ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە سادىق بولسىلا، (جىھادقا چىقمىغانلىقى سەۋەبلىك) ئۇلارغا گۇناھ بولمايدۇ. سەممىي بولغانلارنى ئەيىبلەشكە يول يوق. ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.

92-يەنە (جىھادقا چىقىش ئۈچۈن) سەندىن ئۇلاغ سوراپ كەلگەن بولسىمۇ، (سەن ئۇلارغا) «مېنىڭ سىلەرنى تەمىنلەيدىغان ئۇلاغلىرىم يوق» دېگەندە، (جىھادقا چىقىشقا) سەرپ قىلىدىغان بىر نەرسە تاپالمىغانلىقى ئۈچۈن

غەمكىن، كۆزلىرىدىن ياش تۆككەن هالدا قايتىشقان كىشىلەرنىمۇ (ئەيىبلەشكە يول يوق).

## ◄ تەپسىرى

ئامىر ئىبنى تۇفەيلىنىڭ قەۋمىدىن بولغان بىر قانچە نەپەر سەھرالىق ئەرەبلەر تەبۇك غازىتىغا چىقماسلىق ئۈچۈن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا يالغاندىن ئۆزرىلەرنى بايان قىلىپ كەلگەن بولۇپ، ئۇلار «ئەگەر بىز سەن بىلەن بىللە ئۇرۇشقا چىقساق، تائىي ئەرەبلىرىنىڭ[1] بىزگە قارشى هۇجۇمغا ئۆتۈشىدىن قورقىمىز» دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا جاۋاب بېرىپ: «قَدْ أَنْبَأَنِي اللَّهُ مِنْ أَخْبَارِكُمْ وَسَيُغْنِي اللَّهُ عَنْكُمْ» يەنى «ئاللاھ سىلەرنىڭ ئەھۋالىڭلارنى ماڭا بىلدۈردى، ئاللاھ مېنى سىلەردىن بىھاجەت قىلىدۇ»[٢] دېگەن. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ دېيىشىچە، ئۇلار تەبۇك غازىتىغا چىقىشتىن قېلىپ قالغان بىر تۈركۈم كىشىلەر بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا رۇخسەت بەرگەن. ئايەتتە هەر ئىككىسى كۆزدە تۇتۇلغان بولۇشى مۇمكىن.

ئاللاھ تائالانى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبىرىنى ئىنكار قىلغان سەھرالىق ئەرەبلەردىن يەنە بىر تۈركۈمى جىهادقا چىقمىدى، چىقمىغانلىقى توغرۇلۇق بىرەر ئۆزرىمۇ ئېيتمىدى. ئۇلار ئەسلىدە ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە يالغاندىن ئىمان ئېيتىپ قويغانلار بولۇپ، ئۇلار ھەقىقىي مۇناپىقلار ئىدى. شۇڭا ئۇلار ئاللاھنىڭ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىپ جىهادقا چىقىشتىن باش تارتقان ئىدى. مۇنداق مۇناپىقلار ۋە ئۆزرىسىز تۇرۇپ جىهادقا چىقمىغانلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا هېچكىمنى كۈچى يەتمەيدىغان ئىشقا بۇيرۇمايدۇ. ﴿فَٱتَّقُواْ ٱللَّهَ مَا ٱسۡتَطَعۡتُمۡ﴾ يەنى ﴿سىلەر كۈچۈڭلارنىڭ يېتىشىچە ئاللاھقا تەقۋالىق قىلىڭلار﴾[3]. ئىمام بۇخارىي ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەدىنىدە شۇنداق بىر

---

[1] تائى ئەرەبلىرى- ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ شىمالىدا ياشىغان ئەرەب قەبىلىسى بولۇپ، ئىسلامدىن كېيىن ئۇلار تۈركىيە، ئىراق ئىران ۋە سۈرىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگە تارقىلىپ كەتكەن.

[2] «تفسير البغوي» 4-توم، 83-بەت.

[3] تەغابۇن سۈرىسى: 16-ئايەت.

قەۋمنى قويۇپ كەلدىڭلاركى، سىلەر قانداقلا بىر جايغا يۈرۈش قىلساڭلار، ياكى قانداقلا بىر ۋادىدىن ئۆتسەڭلار، ئۇلار سىلەر بىلەن بىللىدۇر» دېگەندە، ساھابىلەر: يا رەسۇلۇللاھ! ئۇلار مەدىنىدە تۇرسا، قانداقمۇ بىز بىلەن بىللە بولىدۇ؟ دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا جاۋاب بېرىپ: «ئۇلارنى سىلەر بىلەن كېلىشتىن پەقەتلا ئۆزرە توسۇپ قويغان»[1] دېگەن.

بۇ مەنىدە كەلگەن ئايەت ۋە ھەدىسلەر ھەقىقىي ئۆزرىسى بولغانلار جىھادقا چىقمىسا گۇناھ بولمايدىغانلىقىنى بايان قىلماقتا. ھەقىقىي ئۆزرىلىك كىشىلەر: ياشىنىپ قالغان، كېسەلچان، ئەما، مېيىپ ۋە جىھادقا چىقىش ئۈچۈن جابدۇنۇشقا خىراجەت تاپالمىغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇلار ئاللاھ تائالاغا، ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبىرىگە سەممىي ساداقەتلىك، نىيىتى دۇرۇس بولۇپ، ئاللاھ تائالانى ۋە ئۇنىڭ ياخشى بەندىلىرىنى چىن دىلىدىن سۆيىدىغان، مۇسۇلمانلارنىڭ دۈشمەنلىرىنى يامان كۆرىدىغان، ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنىڭ ئۈستۈنلۈك قازىنىشىنى تىلەيدىغان بولسىلا، ئۇلار جىھادقا چىقمىسىمۇ گۇناھ بولمايدۇ.

ئۇرۇش ۋاقتىدا ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە سادىق بولۇشتىن مەقسەت: مۇسۇلمانلارنىڭ مەخپىيەتچىلىكىنى ساقلاش، ئۇلارنىڭ بىرلىكىنى قوغداش، ياخشىلىققا تەشەببۇس قىلىش، خائىنلارغا قارشى ئۇرۇش ئېچىش قاتارلىقلاردۇر. تەمىم ئەددارىدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «الدِّينُ النَّصِيحَةُ» يەنى «دىن ـ سەمىمىيەتتۇر» دېۋىدى، بىز «كىمگە؟ يارەسۇللۇلاھ!» دەپ سورىدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ چاغدا: «لِلَّهِ وَلِكِتَابِهِ وَلِرَسُولِهِ وَلِأَئِمَّةِ الْمُسْلِمِينَ وَعَامَّتِهِمْ» يەنى «ئاللاھقا، ئاللاھنىڭ كىتابىغا، پەيغەمبىرىگە، مۇسۇلمانلارنىڭ يولباشچىلىرىغا ۋە ئۇمۇمىي مۇسۇلمانلارغا سەمىمىي بولۇشتۇر»[2] دەپ جاۋاپ بەردى.

ئىمام نەۋەۋى بۇ ھەدىسنى مۇنداق شەرھلىگەن:

ئاللاھ تائالاغا سەمىمىي بولۇش: ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقى ۋە بىرلىكىگە بولغان ئېتىقادتا ئىخلاسمەن بولۇش، ئۇنى چىن دىلىدىن سۆيۈش، بارلىق گۈزەل ۋە مۇكەممەل سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلەش، ھەرقانداق نۇقساندىن

[1] «سنن أبي داود» 3 ـ توم، 12ـ بەت، 2508 ـ ھەدىس.
[2] «صحيح مسلم» 1ـ توم، 74ـ بەت، 55ـھەدىس.

پاك دەپ بىلىش، ئۇنىڭ بۇيرۇغانلىرىنى قىلىپ، توسقانلىرىدىن يېنىش ئارقىلىق ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىش، ئاللاھ تائالانىڭ ياخشى بەندىلىرىنى سۆيۈش، كاپىرلارنى، زالىملارنى يامان كۆرۈش، جىھاد قىلىش، ئاللاھ تائالانىڭ نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىش، ئىنسانلارغا ياخشى مۇئامىلىدە بولۇش، ھەرقانداق ئىشنى ئۇنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ ئىخلاس بىلەن قىلىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەتتۇر.

ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبىرىگە سەمىمىي بولۇش: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانلارغا ئەۋەتكەن ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە بولغان ئىماندا چىڭ تۇرۇش، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىش، ئۇنىڭ يولىغا ئەگىشىش، ئۇنى پۈتۈن ھاياتلىق ساھەلىرىدە ئۈلگە قىلىش، ئۇنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىنى سۆيۈش، ئۇنىڭ سۈننەتلىرىنى جارى قىلدۇرۇش، كاپىرلارنىڭ تۆھمەتلىرىگە رەددىيە بېرىپ، پەيغەمبىرىمىزنى مۇداپىئە قىلىش قاتارلىقلاردۇر.

ئاللاھ تائالانىڭ كىتابى بولغان «قۇرئان كەرىم»گە سەمىمىي بولۇش: «قۇرئان كەرىم»نى تىلاۋەت قىلىپ تۇرۇش، ئۇنىڭ مەنىسىنى بىلىش، ئۇنىڭدىكى گۈزەل ئەخلاقلار بىلەن ئەخلاقلىنىش، كۆرسەتمىلىرىگە تولۇق ئەمەل قىلىش، ئۇنىڭدا كەلگەن بارلىق ئەھكاملارنى قوبۇل قىلىش ۋە جان تىكىپ قوغداش قاتارلىقلاردۇر.

مۇسۇلمانلارنىڭ يولباشچىلىرىغا سەمىمىي بولۇش: مۇسۇلمان يولباشچىلىرىنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشۇش، ئۇلارنى قوغداش، ئۇلار توغرا يولدا بولىدىكەن، ئۇلارغا قارشى چىقماسلىق، ئۇلارغا ياردەم قىلىش، خاتالىقى بولسا سەمىمىي تۈزىتىش بېرىش، ئۇلارغا سەمىمىي نەسىھەت قىلىش، ئەگەر ئۇلار ھەقىقەتتىن چەتنەپ كەتسە، ئۆز خاتالىقىنى بىلىپ تۈزىتىۋالغۇچىلىك سىلىق مۇئامىلە قىلىش قاتارلىقلاردۇر.

ئومۇمىي مۇسۇلمانلارغا سەمىمىي بولۇش: ئۇلارنى قوغداش، ئۇلارغا ھېسداشلىق قىلىش، ئۇلارنى ياخشىلىققا باشلاش، ئۇلارغا ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلىسىگە ئەھمىيەت بېرىش، يامانلىقتىن توسۇپ، ياخشىلىققا بۇيرۇش، ھەربىر مۇسۇلمانغا كۈچىنىڭ يېتىشىچە، شارائىتىنىڭ يار بېرىشىچە ۋە قولىدىن كېلىشىچە مەنپەئەت يەتكۈزۈش ۋە ياخشىلىق قىلىش قاتارلىقلاردۇر[1].

﴿سەمىمىي بولغانلارنى ئەيىبلەشكە يول يوق﴾ يەنى نىيەتنى خالىس

[1] «الأربعين النووية».

قىلغان ھالدا، ياخشى ئىش قىلغان ھېچقانداق ئادەمنى ئەيىبلەشكە بولمايدۇ. رەببىڭىز رازى بولىدىغان قانداقلا بىر ئىشنى قىلغىنىڭىز، سىزنىڭ ئەلۋەتتە ياخشى ئىش قىلغىنىڭىزدۇر. ياخشى ئىش قىلغۇچىلارغا ئاللاھ تائالا ھەسسىلەپ ئەجىر-مۇكاپات ئاتا قىلىدۇ. يامانلىق قىلغۇچىلارمۇ قىلغان يامانلىقىغا يارىشا جازاسىنى تارتىدۇ.

ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، جىھادقا چىقماسلىق ئۈچۈن ئۆزرە بايان قىلىپ كەلگەنلەرنىڭ ئۆزرىسى ئەگەر ھەقىقىي ئۆزرە بولسا، ئۇلار ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە بولغان ئىماندا ۋە ئىتائەتمەنلىكىدە سەمىمىي بولغان، ئەمەللىرىدە ئىخلاسمەن بولغان ئىكەن، ئۇلارنى ئەيىبلەشكە قەتئىي يول يوقتۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنىڭ كەمچىلىكلىرىنى كەچۈرۈم قىلغۇچى ۋە ئۇلارغا ناھايىتى مېھرىباندۇر.

ئۆز ۋاقتىدا بەنى مۇقرىن قەبىلىسىدىن يەتتە قېرىنداش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە ھىجرەت قىلىپ مەدىنىگە كەلگەن ئىدى. ئۇلار تەبۇك غازىتى بولغان كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭدىن بىللە جىھادقا چىقىش ئۈچۈن ئۇلاغ سورىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: ﴿مېنىڭ سىلەرنى تەمىنلەيدىغان ئۇلاغلىرىم يوق﴾ دەپ جاۋاب بەرگەندە، ئۇلار كۆزلىرىگە ياش ئالغان ۋە قاتتىق غەمكىن بولغان ھالدا قايتىشقان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا بۇ مۇئمىنلەرنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلىپ مۇنۇ ئايەتنى نازىل قىلغان: ﴿يەنە (جىھادقا چىقىش ئۈچۈن) سەندىن ئۇلاغ سوراپ كەلگەن بولسىمۇ، (سەن ئۇلارغا) «مېنىڭ سىلەرنى تەمىنلەيدىغان ئۇلاغلىرىم يوق» دېگەندە، (جىھادقا چىقىشقا) سەرپ قىلىدىغان بىر نەرسە تاپالمىغانلىقى ئۈچۈن غەمكىن، كۆزلىرىدىن ياش تۆككەن ھالدا قايتىشقان كىشىلەرنىمۇ (ئەيىبلەشكە يول يوق)﴾.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالانىڭ يولىدا جىھاد قىلىش، ئىماندا راستچىل بولغانلار بىلەن يالغانچىلارنى سىنايدىغان چوڭ سىناقتۇر.

2. ھەرقانداق مىللەت ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇپ، ھۆر ۋە ئازاد ھايات كەچۈرۈش پۇرسىتىگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن، ئۆلۈمدىن قورقمايدىغان، پۇل-مېلىغا ۋە جېنىغا بېخىللىق قىلمايدىغان ئەرلەرگە موھتاجدۇر.

3. بۇ دۇنيادا مۇسۇلمانلارنى ئالدىغانلار ۋە ئۇلارنىڭ كۆزىنى بويىغانلار ئاللاھ تائالانى ئالدىيالمايدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا دىللاردىكى سىرلارنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

### ◄ ئۆزرىسىز تۇرۇپ جىهادتىن قېلىپ قالغانلار ۋە ئۇلارنىڭ جازاسى

﴿۞ إِنَّمَا ٱلسَّبِيلُ عَلَى ٱلَّذِينَ يَسۡتَـٔۡذِنُونَكَ وَهُمۡ أَغۡنِيَآءُۚ رَضُواْ بِأَن
يَكُونُواْ مَعَ ٱلۡخَوَالِفِ وَطَبَعَ ٱللَّهُ عَلَىٰ قُلُوبِهِمۡ فَهُمۡ لَا يَعۡلَمُونَ ٩٣
يَعۡتَذِرُونَ إِلَيۡكُمۡ إِذَا رَجَعۡتُمۡ إِلَيۡهِمۡۚ قُل لَّا تَعۡتَذِرُواْ لَن نُّؤۡمِنَ
لَكُمۡ قَدۡ نَبَّأَنَا ٱللَّهُ مِنۡ أَخۡبَارِكُمۡۚ وَسَيَرَى ٱللَّهُ عَمَلَكُمۡ وَرَسُولُهُۥ
ثُمَّ تُرَدُّونَ إِلَىٰ عَٰلِمِ ٱلۡغَيۡبِ وَٱلشَّهَٰدَةِ فَيُنَبِّئُكُم بِمَا كُنتُمۡ
تَعۡمَلُونَ ٩٤ سَيَحۡلِفُونَ بِٱللَّهِ لَكُمۡ إِذَا ٱنقَلَبۡتُمۡ إِلَيۡهِمۡ لِتُعۡرِضُواْ
عَنۡهُمۡۖ فَأَعۡرِضُواْ عَنۡهُمۡۖ إِنَّهُمۡ رِجۡسٞۖ وَمَأۡوَىٰهُمۡ جَهَنَّمُ جَزَآءَۢ بِمَا
كَانُواْ يَكۡسِبُونَ ٩٥ يَحۡلِفُونَ لَكُمۡ لِتَرۡضَوۡاْ عَنۡهُمۡۖ فَإِن تَرۡضَوۡاْ
عَنۡهُمۡ فَإِنَّ ٱللَّهَ لَا يَرۡضَىٰ عَنِ ٱلۡقَوۡمِ ٱلۡفَٰسِقِينَ ٩٦﴾

### ◄ تەرجىمىسى

**93**-ئەيىبلىنىشكە تېگىشلىك بولغانلار پەقەت ئۆزلىرى باي تۇرۇپ، سەندىن (جىهادقا چىقماسلىققا) رۇخسەت سورىغانلاردۇر. (چۈنكى) ئۇلار (ئاياللار، كېسەللەر ۋە ئاجىزلاردىن ئىبارەت) ئۆيلىرىدە قالغۇچىلار بىلەن بىللە قېلىشقا رازى بولدى، ئاللاھ ئۇلارنىڭ دىللىرىنى پېچەتلىۋەتتى، (شۇڭا) ئۇلار (نېمىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى) بىلمەيدۇ.

**94**-(ئى ئىمان ئېيتقانلار!) سىلەر غازاتتىن) ئۇلارنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلگەن چېغىڭلاردا، ئۇلار سىلەرگە ئۆزرە ئېيتىدۇ. ئۇلارغا: «سىلەر ئۆزرە ئېيتماڭلار، سىلەرگە ھەرگىز ئىشەنمەيمىز. ئاللاھ سىلەرنىڭ ئەھۋالىڭلارنى بىزگە خەۋەر قىلدى، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى سىلەرنىڭ (بۇنىڭدىن كېيىنكى) ئەمەلىڭلارنى كۆرىدۇ، شەكسىزكى سىلەر يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا ئىشلارنى بىلگۈچى ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر، ئاندىن ئاللاھ سىلەرگە بارلىق

قىلمىشلىرىنى ئېيتىپ بېرىدۇ» دېگىن.

95ـ ئۇلارنىڭ يېنىغا قايتىپ بارغىنىڭلاردا، ئۇلار سىلەرنىڭ ئەيىبلىمەسـ-لىكىڭلار ئۈچۈن (يالغان ئۆزرىلەرنى ئېيتىپ)، ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىدۇ، ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈڭلار. چۈنكى، ئۇلار نىجىستۇر، قىلمىشلىرىنىڭ جازاسى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ بارىدىغان جايى جەھەننەمدۇر.

96ـ سىلەرنىڭ رازىلىقىڭلارغا ئېرىشىش ئۈچۈن، ئۇلار سىلەرگە قەسەم ئىچىپ بېرىدۇ، سىلەر ئۇلاردىن رازى بولغان تەقدىردىمۇ، ئاللاھ (بۇنداق) پاسىق قەۋمدىن ھەرگىز رازى بولمايدۇ.

## ◄ نازىل بولۇش سەۋەبى

ئەللامە بەغەۋىي ئۆز تەپسىرىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ ﴿(ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەر غازاتتىن) ئۇلارنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلگەن چېغىڭلاردا...﴾ دېگەن ئايەت جەد ئىبنى قەيس، مۇئەتتەب ئىبنى قۇشەير قاتارلىق جىھادقا چىقىشتىن باش تارتقان مۇناپىقلاردىن سەكسەن كىشى ھەققىدە نازىل بولغان دېگەنلىكىنى، شۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەبۇك غازىتىدىن قايتىپ كېلىپ، مۇسۇلمانلارنى مەزكۇر مۇناپىقلار بىلەن ئولتۇرۇپ قوپماسلىققا ۋە ئۇلارغا گەپ-سۆز قىلماسلىققا بۇيرۇغانلىقىنى بايان قىلغان [1].

## ◄ تەپسىرى

ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنى، ھەقىقىي ئۆزرىلىك بولغانلارنى يەنى ئاجىزلارنى، ياشانغانلارنى، كېسەلچان كىشىلەرنى، جىھادقا چىقىش ئۈچۈن ئۇلاغ ۋە ئەسلىھە قاتارلىق نەرسىلەرگە خەرج قىلىشقا پۇل تاپالمىغانلىقى سەۋەبلىك غەمكىن، كۆزلىرىدىن ياش تۆككەن ھالدا قايتقانلارنى ئەيىبلەشكە بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇلار ھەقىقىي ئۆزرىلىك كىشىلەردۇر.

ئەسلى ئەيىبلىنىشكە تېگىشلىك بولغانلار ئۆزلىرى باي، جىھادقا چىقىشقا شەرت-شارائىتلىرى تولۇق ۋە كۈچ-قۇۋۋىتى جايىدا تۇرۇقلۇق، جىھادقا چىقماسلىققا رۇخسەت سورىغانلاردۇر. چۈنكى، ئۇلار جىھادقا

[1] «تفسير البغوي» 4ـ توم، 81ـ بەت.

چىقماي ئۆيلىرىدە ئولتۇرۇشقا مەجبۇر بولۇپ قالغان ئاياللار، بالىلار، كېسەللەر، ئاجىزلار ۋە ياشىنىپ قالغانلار بىلەن بىللە قېلىشنى ئۆزلىرى ئۈچۈن راۋا كۆرگەن، بۇ نامەردلىكنى كۆڭلى كۆتۈرگەن ئادەملەردۇر. شۇڭا ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ دىللىرىنى ياخشىلىق ۋە ھىدايەت نۇرى كىرمىسۇن، دەپ پېچەتلىۋەتتى. شۇڭا ئۇلار نېمىنىڭ توغرا، نېمىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى، ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر-پەرمانلىرىنى ئورۇنداشنىڭ پايدىسىنى ۋە ئۆزلىرىنىڭ بۇ نامەردلەرچە قىلمىشىنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى يامان ئاقىۋىتىنى بىلمەيدۇ. ئەڭ يامان بولغىنى ئۇلار ھەقىقەتنى چۈشەنمەيدۇ.

بۇلار ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇناپىقلارنىڭ ئەھۋالىدىن ئالدىن خەۋەر بېرىشى بولۇپ، جىھادقا چىقمىغان مۇناپىقلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام غازاتتىن قايتىپ مەدىنىگە يېتىپ كەلگەندە، شۇنداق يالغان ئېيتىدىغانلىقى ۋە يالغاندىن ئۆزرىلەرنى بايان قىلىپ قەسەم ئىچىدىغانلىقى ئاللاھ تائالاغا مەلۇم ئىدى. ئەمەلىيەتتە ئەھۋال خۇددى ئاللاھ تائالا ئالدىن خەۋەر بەرگەندەك بولۇپ چىققان.

ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەر تەبۇك غازىتىدىن مەدىنىگە قايتىپ كەلگەن چېغىڭلاردا، مۇناپىقلار سىلەرنىڭ يېنىڭلارغا كېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئۆزرىسىز تۇرۇپ جىھادقا چىقمىغانلىقىدىن ئىبارەت گۇناھىدىن ئۆزلىرىنى ئاقلاش ئۈچۈن يوق باھانىلەرنى ئويدۇرۇپ چىقىپ، سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا يالغاندىن قەسەم ئىچىدۇ.

ئى پەيغەمبەر! سەن ئۇلارغا ئېيتقىنكى، سىلەر بىكارغا ئۆزرە بايان قىلماڭلار، ئەمدى بىز سىلەرنىڭ سۆزۈڭلارغا مەڭگۈ ئىشەنمەيمىز. سىلەرنىڭ بۇ ئۆزرەڭلارنىڭ پايدىسى يوق. چۈنكى، ھەممىنى بىلىپ تۇرىدىغان رەببىمىز ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ ئەھۋالىڭلارنى ۋە دىلىڭلاردىكى مۇناپىقلىقنى بىزگە خەۋەر قىلدى. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالانىڭ بىزگە بىلدۈرگىنى ھەق ۋە راستتۇر. قېنى سىلەر مۇناپىقلىقتىن تەۋبە قىلامسىلەر ياكى ئۇنىڭدا چىڭ تۇرامسىلەر؟ ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى سىلەرنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئەمەلىڭلارنى كۆرىدۇ. ئاندىن ئۆلگىنىڭلاردىن كېيىن، سىلەر چوقۇم ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر. قىيامەت كۈنىدە ئاللاھ تائالا سىلەرگە سىلەرنىڭ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن بارلىق قىلمىشىڭلارنىڭ ھەممىسىنى بىر-بىرلەپ ئېيتىپ بېرىدۇ ۋە شۇنىڭغا ئاساسەن مۇكاپات ياكى جازا بېرىدۇ.

مۇناپىقلىق يالغانچىلىقنىڭ قېرىندىشىدۇر. ئى ئىمان ئېيتقانلار!

سىلەر مەدىنىگە قايتىپ بارغىنىڭلاردا، سىلەرنىڭ ئۇلارنى ئەيىبلىمەسلىكىڭلار، جىھادقا چىقىشقا قۇدرىتى يېتىدىغان تۇرۇقلۇق چىقماي، ئاجىزلار، ئاياللار ۋە كېسەللەر بىلەن ئۆيلىرىدە ئولتۇرۇۋالغانلىقتىن، سىلەرنىڭ ئۇلارغا كايىماسلىقىڭلار ئۈچۈن يالغان ئۆزرىلەرنى بايان قىلىپ، ئاللاھ تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىدۇ. ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈڭلار، ئۇلارنى تەرك ئېتىڭلار، ئۇلارغا گەپ-سۆز قىلماڭلار ۋە سالاممۇ قىلماڭلار. چۈنكى، ئۇلار نىجىس ئادەملەردۇر، قىلمىشلىرىنىڭ جازاسى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ بارىدىغان جايى جەھەننەمدۇر. ئۇلار ھەقىقەتنى بىلمەيدىغان، ئىشلارنى توغرا شەكىلدە چۈشەنمەيدىغان نادان بولغانلىقتىن، پەقەت سىلەرنى رازى قىلىش ئۈچۈنلا سىلەرگە يالغاندىن قەسەم ئىچىپ بېرىدۇ. ھالبۇكى، سىلەر ئۇلاردىن رازى بولساڭلارمۇ، ئەمەلىيەتتە بۇ ئۇلارغا پايدا بەرمەيدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا مۇنداق پاسىق قەۋمدىن ھەرگىز رازى بولمايدۇ ۋە ئۇلارنىڭ گۇناھىنى مەغپىرەت قىلمايدۇ.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئومۇمىيۈزلۈك جىھاد باشلانغاندا ھەقىقىي ئۆزرىسى بار كىشىلەردىن باشقىلارنىڭ جىھادقا چىقىشتىن قېلىپ قېلىشى توغرا ئەمەس. پەقەت ياشىنىپ قالغانلارنىڭ، ئاياللارنىڭ، كېسەلچان كىشىلەرنىڭ ئۆزرىلىرى قوبۇل قىلىنىدۇ.

2. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەمتەرلىكتە، مېھرىبانلىقتا ۋە جىمى گۈزەل ئەخلاقتا ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئەڭ ياخشى ئۈلگىدۇر.

3. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى ئەڭ ئۈلگىلىك ۋە تاللانغان كىشىلەر بولۇپ، ئىنسانىيەت تارىخى ئۇلارغا ئوخشاش پىداكار ئىنسانلارنى كۆرۈپ باقمىغان.

### ◄ سەھرالىق ئەرەبلەرنىڭ ئەھۋالى

﴿ٱلۡأَعۡرَابُ أَشَدُّ كُفۡرٗا وَنِفَاقٗا وَأَجۡدَرُ أَلَّا يَعۡلَمُواْ حُدُودَ مَآ
أَنزَلَ ٱللَّهُ عَلَىٰ رَسُولِهِۦۗ وَٱللَّهُ عَلِيمٌ حَكِيمٞ ٩٧ وَمِنَ ٱلۡأَعۡرَابِ
مَن يَتَّخِذُ مَا يُنفِقُ مَغۡرَمٗا وَيَتَرَبَّصُ بِكُمُ ٱلدَّوَآئِرَۚ عَلَيۡهِمۡ
دَآئِرَةُ ٱلسَّوۡءِۗ وَٱللَّهُ سَمِيعٌ عَلِيمٞ ٩٨ وَمِنَ ٱلۡأَعۡرَابِ مَن يُؤۡمِنُ

بِٱللَّهِ وَٱلۡيَوۡمِ ٱلۡأٓخِرِ وَيَتَّخِذُ مَا يُنفِقُ قُرُبَٰتٍ عِندَ ٱللَّهِ
وَصَلَوَٰتِ ٱلرَّسُولِۚ أَلَآ إِنَّهَا قُرۡبَةٞ لَّهُمۡۚ سَيُدۡخِلُهُمُ ٱللَّهُ فِي
رَحۡمَتِهِۦٓۚ إِنَّ ٱللَّهَ غَفُورٞ رَّحِيمٞ ﴿٩٩﴾

### تەرجىمىسى

97-سەھرالىق ئەرەبلەرنىڭ كۇفرىلىقى ۋە مۇناپىقلىقى تېخىمۇ قاتتىقتۇر، ئۇلار ئاللاھ پەيغەمبىرىگە نازىل قىلغان (شەرىئەت ئەھكاملىرى)نى بىلمەسلىككە تېخىمۇ يېقىندۇر. ئاللاھ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

98-سەھرالىق ئەرەبلەردىن بەزىلىرى (ئاللاھ يولىدا) بەرگەن نەرسىلىرىنى سېلىق ھېسابلايدۇ، سىلەرنىڭ بېشىڭلارغا ھادىسىلەرنىڭ كېلىشىنى كۈتىدۇ، (ئۇلار كۈتكەن) يامان ھادىسە ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە كەلسۇن! ئاللاھ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

99-سەھرالىق ئەرەبلەرنىڭ بەزىلىرى ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتىدۇ،(ئاللاھ يولىدا) بەرگەن نەرسىلىرىنى ئاللاھقا يېقىن بولۇشنىڭ ۋە پەيغەمبەرنىڭ دۇئاسىغا ئېرىشىشنىڭ ۋاستىسى قىلىدۇ. بىلىڭلاركى، ئۇلار بۇ ئارقىلىق راستتىنلا ئاللاھقا يېقىن بولىدۇ، ئاللاھ ئۇلارنى ئۆزىنىڭ رەھمىتى دائىرىسىگە كىرگۈزىدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، تولىمۇ مېھرىباندۇر.

### بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ئاللاھ تائالا ئالدىنقى ئايەتلەردە مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھىرىدىكى مۇناپىقلارنىڭ ئەھۋالىنى ۋە بەزى قىلمىشلىرىنى بايان قىلغاندىن كېيىن، بۇ ئايەتلەردە مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھىرىنىڭ سىرتىدىكى مۇناپىقلارنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلغان.

### تەپسىرى

ئەللامە ئىبنى جەرىر تەبەرىي مۇنداق دېگەن: «سەھرالىق ئەرەبلەر ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكىنى ئىنكار قىلىشتا، ئىككى يۈزلىمچىلىكتە

شەھەر ئەھلىگە قارىغاندا ناھايىتى قاتتىقتۇر. ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارنى مۇشۇ ئىككى سۈپەت بىلەن سۈپەتلىگەنلىكى شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇلار ئۆسۈپ يېتىلگەن مۇھىتىنىڭ تەسىرى ۋە شەھەر ئەھلى ئىچىدىكى ياخشى كىشىلەر بىلەن كۆپ ئارىلاشمىغانلىقى تۈپەيلىدىن، تەبىئىتى قوپال، باغرى قاتتىق كېلىدۇ. شۇڭا ئۇلار ئاللاھ تائالا بەلگىلىگەن ھەق-ھوقۇقلارنى ناھايىتى ئاز بىلىدۇ»[1].

سەھرالىق ئەرەبلەر شەھەر ئەھلىگە قارىغاندا ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر-پەرمانلىرىنى ۋە كۆرسەتمىلىرىنى بىلمەسلىككە ئەڭ يېقىندۇر. چۈنكى، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆھبىتىدە كۆپ بولمىغانلىقى ۋە ساھابىلەردىن يىراقتا ياشىغانلىقى سەۋەبلىك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسلام دىنىنى سۆزى ۋە ئەمەلىيىتى بىلەن ئۆگەتكەن ئەمەلىي دەرسلىرىدىن مەھرۇم قالغان. ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسىنى چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَأَنزَلۡنَآ إِلَيۡكَ ٱلذِّكۡرَ لِتُبَيِّنَ لِلنَّاسِ مَا نُزِّلَ إِلَيۡهِمۡ وَلَعَلَّهُمۡ يَتَفَكَّرُونَ﴾ يەنى ﴿بىز ساڭا بۇ قۇرئاننى ئىنسانلارغا نازىل قىلىنغان (ئەھكاملار)نى بايان قىلىپ بېرىشىڭ ۋە ئۇلارنىڭ تەپەككۇر قىلىشى ئۈچۈن نازىل قىلدۇق﴾[2].

سەھرالىق ئەرەبلەردىن بەزىلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئاللاھ يولىدا بەرگەن زاكات، سەدىقە ۋە ياردەم قاتارلىق نەرسىلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ ئۈستىگە ئارتىلغان سېلىق دەپ قارايدۇ، بەرگەن نەرسىلىرىدە ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى كۆزلىمەيدۇ، شۇڭا ئۇلار مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ۋە ئىسلام ئۈچۈن سەرپ قىلغان نەرسىلىرىدىن ھېچقانداق ساۋاب ياكى ياخشىلىق كۈتمەيدۇ، پەقەت مۇسۇلمانلارنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇش، ئۇلارغا ياخشىچاق بولۇش، ئۇلاردىن پايدىلىنىش ۋە ئۇلار تەرىپىدىن كېلىدىغان زىيان- زەخمەتتىن ساقلىنىش ئۈچۈنلا سەرپ قىلىدۇ. ئۇلار سەرپ قىلغان نەرسىلىرىدە ساۋابنى ئەمەس، رىيانى كۆزلەيدۇ. چۈنكى، ئۇلاردا ئىمان بولمىغانلىقتىن ئىخلاسمۇ بولمايدۇ. بۇ تۈردىكى مۇناپىقلارنىڭ ئەسەد ۋە غەتەفان قەبىلىلىرىنىڭ ئادەملىرى ئىكەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ. ئۇلار مەككىلىك مۇشرىكلار بىلەن مەدىنىلىك يەھۇدىيلاردىن تەركىب تاپقان ئىتتىپاقداش قوشۇننىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشىدىن ئۈمىدىنى ئۈزگەندىن كېيىن، مۇسۇلمانلارنىڭ بېشىغا بالايىئاپەتلەرنىڭ

---

[1] «تفسير الطبري» 14-توم، 429-بەت.

[2] نەھل سۈرىسى: 44-ئايەت.

ۋە كۈتۈلمىگەن ھادىسىلەرنىڭ كېلىشىنى كۈتەتتى ۋە ئارزۇ قىلاتتى. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿قُلْ هَلْ تَرَبَّصُونَ بِنَآ إِلَّآ إِحْدَى ٱلْحُسْنَيَيْنِ ۖ وَنَحْنُ نَتَرَبَّصُ بِكُمْ أَن يُصِيبَكُمُ ٱللَّهُ بِعَذَابٍ مِّنْ عِندِهِۦٓ أَوْ بِأَيْدِينَا ۖ فَتَرَبَّصُوٓا۟ إِنَّا مَعَكُم مُّتَرَبِّصُونَ﴾ يەنى ﴿ئېيتقىنكى، «سىلەر پەقەت بىزنىڭ (غەلىبە قىلىش ياكى شېھىت بولۇشتىن ئىبارەت) ئىككى ياخشىلىقنىڭ بىرىگە ئېرىشىشىمىزنى كۈتۈۋاتىسىلەر، بىزمۇ ئاللاھنىڭ سىلەرگە ئۆز دەرگاھىدىن ئازاب چۈشۈرۈشىنى ياكى بىزنىڭ قولىمىز ئارقىلىق سىلەرنى جازالىشىنى كۈتۈۋاتىمىز، سىلەرمۇ كۈتۈڭلار، شەكسىزكى، بىزمۇ ئەلۋەتتە سىلەر بىللە كۈتىمىز»﴾[1]. ئاللاھ تائالا ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر ۋە ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. چۈنكى، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسە مەخپىي قالمايدۇ.

سەھرالىق ئەرەبلەرنىڭ ھەممىسى يۇقىرىقىلاردەك ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە چىن قەلبىدىن ئىشەنگەن كامىل مۇئمىن كىشىلەرمۇ بار. بىر رىۋايەتتە، ئۇلار بەنى سەلىم، غىفار، جۇھەينە، مۇزەينە قەبىلىلىرى دېيىلسە، يەنە بىر رىۋايەتتە، ئۇلارنىڭ مۇقرىن قەبىلىسى ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان.

ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ يولىدا بەرگەن نەرسىلىرىنى ئىككى سەۋەبتىن بېرىدىغان بولۇپ، بىرى، ئاللاھ تائالانىڭ يېقىنلىقىغا ئېرىشىش، يەنە بىرى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسىغا لايىق بولۇش ئۈچۈن ئىدى.

ئاللاھ تائالا ئۇلارغا بېرىلىدىغان مۇكاپاتنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: ﴿ئۇلار بۇ ئارقىلىق راستتىنلا ئاللاھقا يېقىن بولىدۇ، ئاللاھ ئۇلارنى ئۆزىنىڭ رەھمىتى دائىرىسىگە كىرگۈزىدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، تولىمۇ مېھرىباندۇر﴾ يەنى ئۇلارنىڭ نىيىتى ئاللاھ تائالانىڭ يېقىنلىقىغا ئېرىشىشتىن ئىبارەت دۇرۇس بولغانلىقتىن، ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ ياخشى نىيىتىنى ۋە ئەمەلىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنى مۇرادىغا يەتكۈزىدۇ، ئۇلارنى ئۆز رەھمىتى دائىرىسىگە كىرگۈزۈپ مۇكاپاتلايدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە، خۇسۇسەن مۇئمىنلەرگە تولىمۇ كۆيۈمچاندۇر، ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدۇ ۋە ئۇلارغا چەكسىز مېھرىبانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

---

[1] تەۋبە سۈرىسى: 52_ئايەت.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. مۇناپىقلار ئىنسانىيەتنىڭ ئەشەددىي دۈشمەنلىرى بولۇپ، ئۇلار ھەمىشە ئۆز قەۋم-قېرىنداشلىرىنىڭ زىيىنىغا ئىش قىلىدۇ.

2. ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقى كۆزلەنمىگەن ھەرقانداق ئەمەل-ئىبادەت بىكاردۇر.

3. ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ، ئۇنىڭ يولىغا پۇل-مال سەرپ قىلىشنىڭ مۇكاپاتى ناھايىتى يۇقىرىدۇر.

### ◄ ئىنسانلار بىر خىل ئەمەس

﴿وَٱلسَّٰبِقُونَ ٱلۡأَوَّلُونَ مِنَ ٱلۡمُهَٰجِرِينَ وَٱلۡأَنصَارِ وَٱلَّذِينَ ٱتَّبَعُوهُم
بِإِحۡسَٰنٖ رَّضِيَ ٱللَّهُ عَنۡهُمۡ وَرَضُواْ عَنۡهُ وَأَعَدَّ لَهُمۡ جَنَّٰتٖ تَجۡرِي
تَحۡتَهَا ٱلۡأَنۡهَٰرُ خَٰلِدِينَ فِيهَآ أَبَدٗاۚ ذَٰلِكَ ٱلۡفَوۡزُ ٱلۡعَظِيمُ ١٠٠ وَمِمَّنۡ
حَوۡلَكُم مِّنَ ٱلۡأَعۡرَابِ مُنَٰفِقُونَۖ وَمِنۡ أَهۡلِ ٱلۡمَدِينَةِ مَرَدُواْ عَلَى
ٱلنِّفَاقِ لَا تَعۡلَمُهُمۡۖ نَحۡنُ نَعۡلَمُهُمۡۚ سَنُعَذِّبُهُم مَّرَّتَيۡنِ ثُمَّ يُرَدُّونَ
إِلَىٰ عَذَابٍ عَظِيمٖ ١٠١ وَءَاخَرُونَ ٱعۡتَرَفُواْ بِذُنُوبِهِمۡ خَلَطُواْ عَمَلٗا
صَٰلِحٗا وَءَاخَرَ سَيِّئًا عَسَى ٱللَّهُ أَن يَتُوبَ عَلَيۡهِمۡۚ إِنَّ ٱللَّهَ غَفُورٞ
رَّحِيمٌ ١٠٢﴾

### ◄ تەرجىمىسى

100-ھەممىدىن بۇرۇن ئىمان ئېيتقان مۇھاجىرلار ۋە ئەنسارلاردىن، ياخشى ئىشلاردا ئۇلارغا ئەگەشكەنلەردىن ئاللاھ رازى بولدى. ئۇلارمۇ ئاللاھتىن مەمنۇن بولدى. ئاللاھ ئۇلارغا ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرنى تەييارلىدى، ئۇلار ئۇ جەننەتلەردە مەڭگۈ تۇرىدۇ، بۇ كاتتا ئۇتۇقتۇر.

101-ئەتراپىڭلاردىكى سەھرالىق ئەرەبلەردىن مۇناپىقلار بار، مەدىنە ئاھالىسى ئىچىدىمۇ مۇناپىقلىققا ئادەتلىنىپ كەتكەنلەر بار. ئۇلارنى سەن بىلمەيسەن، بىز بىلىمىز، ئۇلارنى ئىككى قېتىم (دۇنيادا ۋە قەبرىدە) جازالايمىز. ئاندىن ئۇلار (ئاخىرەتتە) چوڭ ئازابقا قايتۇرۇلىدۇ.

102ـ گۇناھلىرىنى ئېتىراپ قىلغان ۋە ياخشى ئىشنى يامان ئىش بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ قىلغان يەنە بىر تۈركۈم كىشىلەر باركى، ئاللاھنىڭ ئۇلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىشى ئۈمىدلىكتۇر، چۈنكى، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.

### تەپسىرى

ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئاتا قىلغان سانسىزلىغان نېمەتلىرىدىن بىرى ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىنى ئوتتۇراھاللىقنى ئاساس قىلىدىغان ئەڭ ياخشى، ئۈلگىلىك، تاللانغان ۋە قىيامەت كۈنى بارلىق ئۈممەتلەرگە گۇۋاھ بولىدىغان ئۈممەت قىلىپ مەيدانغا چىقارغانلىقى ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتى كىشىلەرنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسىدىغان، ئاللاھ تائالاغا ھەقىقىي ئىشىنىدىغان ئەڭ ئۈلگىلىك ئۈممەت بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەڭ ياخشىلىرى ھەممىدىن ئىلگىرى ئىمان ئېيتقان مۇھاجىرلار ۋە ئەنسارلاردۇر. ئۇلار ئىماندا ۋە بارلىق ياخشى ئىشلاردا ئالدىنقىلاردۇر ۋە ئەڭ ياخشى ئۈلگىلەردۇر.

مۇھاجىرلارنىڭ ئىچىدىن «ھەممىدىن بۇرۇن ئىمان ئېيتقان» دېگەن شەرەپكە نائىل بولغانلارنىڭ كىملەر ئىكەنلىكى ھەققىدە ئوخشاش بولمىغان قاراشلار مەۋجۇت. ئۇلارنىڭ ھۇدەيبىيە سۈلھىسىدىن بۇرۇن ھىجرەت قىلغانلار ئىكەنلىكى بايان قىلىنغاندەك، ئۇلارنىڭ بەدرى غازىتىغا قاتناشقان مۆئمىنلەر ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان. ناۋادا «ھەممىدىن بۇرۇن ئىمان ئېيتقان»لارنىڭ قاتارىدىن بولۇش ئىمان، ھىجرەت، جىھاد ۋە ئاللاھ يولىدا پۇل-مال سەرپ قىلىش بىلەن بەلگىلىنىدىغان بولسا، ئۇلارنىڭ ئەڭ ئەۋزەللىرى ئاۋۋالقى تۆت خەلىپە، ئاندىن جەننەتكە كىرىدىغانلىقى ھەققىدە خۇش خەۋەر بېرىلگەن ئون ساھابە كېلىدۇ.

ئەنسارلارنىڭ ئىچىدىن «ھەممىدىن بۇرۇن ئىمان ئېيتقان»لارنىڭ قاتارىغا كىرىدىغانلار ھەققىدىمۇ ئوخشاش بولمىغان قاراشلار مەۋجۇت. ئۇلارنىڭ مۇسۇلمانلار كۆچلىنىپ قۇدرەت تېپىشتىن بۇرۇن مۇسۇلمان بولغانلار ئىكەنلىكىنى ئېيتقانلارمۇ، ئۇلار بىرىنچى قېتىملىق بەيئەتكە قاتناشقان يەتتە كىشىدۇر، دېگەنلەرمۇ ۋە ئىككىنچى قېتىملىق بەيئەتكە قاتناشقان يەتمىش كىشىدۇر، دېگەنلەرمۇ بار.

﴿ياخشى ئىشلاردا ئۇلارغا ئەگەشكەنلەر﴾ دېگەن ئايەت ئىماندا، ھىجرەتتە، جىھادتا، دىنغا ياردەم قىلىشتا، ئەمەل-ئىبادەتتە ۋە ئاللاھ تائالاغا ئىخلاس قىلىشتا ئالدىنقىلاردىن بولغانلارنىڭ يولىغا ئەگەشكەنلەرنى ۋە ياخشى ئىشلاردا ئۇلارنى ئۈزلۈكسىز ئۈلگە قىلغانلارنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلار ئالدىنقىلارنى گەپ-سۆزدە، ئىش-ھەرىكەتتە ۋە ھاياتلىقنىڭ ھەممە ساھەلىرىدە ئۈزلۈكسىز ئۈلگە قىلغانلاردۇر. بۇ ئايەتتە ئاللاھ تائالا ھەممىدىن بۇرۇن ئىمان ئېيتقانلارنىڭ مۇكەممەل ئىمانىغا، دىنغا بولغان ساداقىتىگە ۋە چىن ئىخلاسىغا گۇۋاھلىق بەرگەن بولۇپ، بۇ ئايەت ئۇلارنىڭ دەرىجىسىنىڭ يۇقىرىلىقىغا ئىشارەت قىلىدۇ. ئەمما ئالدىنقىلارغا پەقەت ئىسلامنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىدە ياكى بەزى ئەمەللىرىدىلا ئەگەشكەنلەرنىڭ ئەھۋالى كېيىنكى ئايەتلەردە بايان قىلىنىدۇ.

يۇقىرىقىلار مۇھاجىرلار ۋە ئەنسارلار ئىچىدىن ھەممىدىن بۇرۇن دىنغا كىرگەن، ئەمەللىرى قوبۇل قىلىنىپ، گۇناھلىرى كەچۈرۈم قىلىنغان، ئىسلامنىڭ قۇدرەت تېپىشىدا خىزمەت كۆرسەتكەن زاتلار بولۇپ، ئۇلارنى بۇ مەرتىۋىگە كۆتۈرگەن نەرسە ئۇلارنىڭ چىن ساداقىتى ۋە ئىخلاس بىلەن قىلغان ئەمەللىرىدۇر.

ئاللاھ تائالا ئۇلاردىن رازى بولۇپ، ئۇلارنى ياخشىلىققا مۇۋەپپەق قىلدى، ئۇلارمۇ ئاللاھ تائالادىن مەمنۇن بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا ئۇلارغا دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ نېمەتلىرىنى ئىنئام قىلدى. قەسىرلىرىنىڭ ۋە دەل-دەرەخلىرىنىڭ ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرنى ئۇلار ئۈچۈن تەييارلىدى. ئۇلار ئۇ جەننەتلەردە مەڭگۈ تۇرىدۇ. بۇ ئۇلار ئۈچۈن ئەڭ چوڭ مۇۋەپپەقىيەت ۋە ئەڭ چوڭ ئۇتۇقتۇر.

يۇقىرىقى ئايەتلەردە، ئاللاھ تائالا شەھەرلىك ۋە سەھرالىق ئەرەبلەردىن بولغان مۇناپىقلار بىلەن ئارىلىشىپ ياشايدىغان مۇئمىنلەرنىڭ ئورنىنى بايان قىلىپ بولغاندىن كېيىن، مۇئمىنلەرنىڭ ئەتراپىدىكى سەھرالىقلارنىڭ ئىچىدىمۇ بەزى مۇناپىقلارنىڭ بارلىقىنى مۇئمىنلەرگە بىلدۈرگەن ۋە ئۇلارنى بۇ مۇناپىقلاردىن ئاگاھلاندۇرغان.

ئەللامە قۇرتۇبى مەزكۇر مۇناپىقلارنىڭ مۇزەينە، جۇھەينە، ئەشجەئ، ئەسلەم، ۋە غىفار قەبىلىلىرى ئىچىدىن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىنىڭ مەدىنە ئەتراپىدا ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان[1]. دېمەك، ئۇلارنىڭ بەزىسى

[1] «تفسير القرطبي» 8-توم، 240-بەت.

مۇناپىق، بەزىسى بولسا ئاللاھ تائالاغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتىدىغان، ئاللاھ يولىدا بەرگەن نەرسىلىرىنى ئاللاھ تائالاغا يېقىن بولۇشنىڭ ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسىغا ئېرىشىشنىڭ ۋاستىسى قىلىدىغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسىغا سازاۋەر بولغان ھەقىقىي مۇئمىنلەردۇر.

يەنە مەدىنە شەھىرىنىڭ ئىچىدىمۇ ئەۋس، خەزرەج ۋە يەھۇدىي قەبىلىلىرى ئىچىدە مۇناپىقلارنىڭ بارلىقى ھەققىدە ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خەۋەر بەرگەن. بۇ مۇناپىقلارنىڭ بەلگىسى ئۇلارنىڭ بەلگىسى گەپ-سۆزلىرى ۋە ئىش-ھەرىكەتلىرىدىكى ئىمانغا زىت كېلىدىغان ھالەتلەر ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتكەن. ئۇلار مۇناپىقلىقتا چىڭ تۇرىدىغان، مۇناپىقلىقنى ئادەتكە ئايلاندۇرۇۋالغان ۋە مۇناپىقلىقتا چېكىگە يەتكەن كىشىلەردۇر. لېكىن ئۇلارنىڭ مۇناپىقلىقىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەپتى-بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلايدىغان ئىشلارنى قىلىپ قويۇشتىن قاتتىق ھەزەر ئەيلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئى پەيغەمبەر! سەنمۇ ئاللاھنىڭ نۇرى بىلەن يىراقنى كۆرەلەيدىغان ناھايىتى ھوشيار ۋە زېرەك كىشى تۇرۇپمۇ، بۇ مۇناپىقلارنى ئېنىق تونۇمايسەن، ئۇلارنىڭ مۇناپىقلىقىنى بىلمەيسەن. چۈنكى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مۇناپىقلىقىنى قەتئىي چاندۇرمايدىغان، رىياكارلىقنى ئىخلاسقا ئوخشاش، كۇفرىلىقنى ئىمانغا ئوخشاش قىلىپ كۆرسىتىشكە ئۇستىلىشىپ كەتكەن ماھارەتلىك مۇناپىقلاردۇر. بۇ سەۋەبتىن سەن ئۇلارنىڭ كىملىكىنى بىلمەيسەن، ئۇلارنىڭ كىملىكىنى رەببىڭ ئاللاھ تائالا ئوبدان بىلىدۇ، چۈنكى، رەببىڭ ئەڭ مەخپىي ئىشلارنىمۇ بىلگۈچىدۇر. ئەگەر ئۇ خالىسا ئىدى، ساڭا باشقا مۇناپىقلارنى بىلدۈرگەندەك بۇ مۇناپىقلارنىمۇ ئەلۋەتتە بىلدۈرگەن بولاتتى.

بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿أَمۡ حَسِبَ ٱلَّذِينَ فِي قُلُوبِهِم مَّرَضٌ أَن لَّن يُخۡرِجَ ٱللَّهُ أَضۡغَٰنَهُمۡ ٢٩ وَلَوۡ نَشَآءُ لَأَرَيۡنَٰكَهُمۡ فَلَعَرَفۡتَهُم بِسِيمَٰهُمۡۚ وَلَتَعۡرِفَنَّهُمۡ فِي لَحۡنِ ٱلۡقَوۡلِۚ وَٱللَّهُ يَعۡلَمُ أَعۡمَٰلَكُمۡ﴾ يەنى ﴿دىللىرىدا (مۇناپىقلىق كېسىلى بارلار ئۆزلىرىنىڭ (ئىسلامغا بولغان) دۈشمەنلىكىنى ئاللاھ ئوتتۇرىغا چىقارمايدۇ، دەپ ئويلامدۇ؟ (ئى پەيغەمبەر!) ئەگەر بىز خالىساق، ئۇلارنى چوقۇم ساڭا كۆرسىتەتتۇق، شۇنىڭ بىلەن سەن ئۇلارنى چوقۇم ئۇلارنىڭ ئالامەتلىرىدىن تونۇيتتىڭ. شەكسىزكى، سەن ئەلۋەتتە ئۇلارنى سۆزلىرىنىڭ ئۇسلۇبىدىن تونۇيسەن، ئاللاھ سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلارنى

بىلىپ تۇرىدۇ﴾[1].

﴿ئۇلارنى ئىككى قېتىم (دۇنيادا ۋە قەبرىدە) جازالايمىز. ئاندىن ئۇلار چوڭ ئازابقا قايتۇرۇلىدۇ﴾ دېگەن ئايەت توغرۇلۇق مۇپەسسىرلەر ھەرخىل تەپسىرلەرنى قىلغان. ئۇلارنىڭ كۆپ سانلىقى ئاللاھ تائالا مۇناپىقلارنى دۇنيادا رەسۋا قىلىش، ئەمەلدە ئۇلارغا پايدىسى بولمايدىغان، جىھاد ۋە زاكاتقا ئوخشاش ئىبادەتلەرنى بۇيرۇش، جىھاد مەيدانلىرىدا ئۆلتۈرۈش ۋە ئەسىر ئېلىش قاتارلىق ئىشلار بىلەن جازالايدۇ، قەبرىدە بولسا قەبرە ئازابى بىلەن جازالايدۇ، ئاخىرەتتە ئۇلارنى دوزاخ ئازابىدىن ئىبارەت چوڭ ئازابقا دۇچار قىلىدۇ، دەپ تەپسىر قىلغان.

ئەمدى، بۇ ئايەتتىكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەتراپىدىكى كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلىش ئۈچۈن نازىل بولغان ئايەتلەرگە قايتايلى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە مۇھاجىرلاردىن، ئەنسارلاردىن دىنغا ھەممىدىن بۇرۇن كىرگەن ساھابىلەر ۋە ئومۇميۈزلۈك ساھابىلەرگە ئەگىشىپ ھىجرەت ۋە جىھاد قىلغان مۇسۇلمانلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىغا ئېرىشتى. بۇ ئەڭ چوڭ ئۇتۇق ۋە ئەڭ كاتتا مۇۋەپپەقىيەتتۇر.

﴿قالغانلىرى گۇناھلىرىنى ئېتىراپ قىلدى. ئۇلار ياخشى ئىشنى يامان ئىش بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ قىلدى. ئاللاھنىڭ ئۇلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىشى ئۈمىدلىكتۇر، شەكسىزكى، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، تولىمۇ مېھرىباندۇر﴾ دېگەن ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى ھەققىدە مۇپەسسىرلەر ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، ئەللامە ئىبنى جەرىر تەبەرىي مۇنداق دېگەن: «بۇ ئايەت تەبۇك ئۇرۇشىغا چىقمىغانلىقى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن جىھاد قىلىشتىن ئۆزىنى قاچۇرغانلىقى ئۈچۈن، پۇشايمان قىلىپ گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلغان كىشىلەر ھەققىدە نازىل بولغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئەبۇ لۇبابە دېگەن ساھابىمۇ بار ئىدى»[2].

ئەمدى بۇ يەردە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەتراپىدىكى كىشىلەرنى بۇ خىل تۈرگە ئايرىشنىڭ نېمە پايدىسى بار؟ دېگەن سوئال كېلىشى مۇمكىن. ئۇلارغا بىزنىڭ بېرىدىغان جاۋابىمىز شۇكى، بۇنىڭ پايدىسى ياخشى ئەمەل بىلەن گۇناھ-مەئسىيەتنى ئارىلاشتۇرۇپ قىلغان

[1] مۇھەممەد سۈرىسى: 29-30-ئايەتلەر.
[2] «تفسير الطبري» 14-توم، 448-بەت.

كىشىنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىدىن، مەغپىرىتىدىن ئۈمىدسىزلەنمەسلىكى، گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلىشتىن باش تارتماسلىقى، ئاللاھ تائالاغا تەۋبە قىلىشقا ئالدىرىشى ئۈچۈن تەشەببۇسكارلىق قىلىشتۇر. بۇ خىل كىشىلەر ھەر زامان ۋە ھەر ماكاندا ناھايىتى كۆپ تېپىلىدۇ.

ئەگەر بىزمۇ ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش، ھەق دىننى جان تىكىپ قوغداش ۋە ئۇنى ئىنسانىيەتكە يەتكۈزۈش يولىدا كۈچ چىقىرىش جەھەتلەردە ساھابىلەرگە ئەگىشىپ ئۇلارنىڭ تۇتۇپ ماڭغان يولى بويىچە ماڭىدىغان بولساق، ئەلۋەتتە بىزمۇ شۇلارنىڭ ھەقىقىي ئىزباسارلىرىدىن بولۇپ، ئۇلار قولغا كەلتۈرگەن كاتتا غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز ۋە ئۇلار ئېرىشكەن نېمەتلەرگە ئېرىشىشىمىز مۇمكىن.

شۇ ئېنىقكى، دىنغا ئەڭ دەسلەپ كىرگەن ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋەت ئىشلىرىغا ياردەم بەرگەن ساھابىلەرگە ئاللاھ تائالا كاتتا مەرتىۋە ۋە يۇقىرى دەرىجە ئاتا قىلغان بولۇپ، تا قىيامەتكىچە بۇ مەرتىۋىگە ۋە بۇ دەرىجىگە ھېچكىم يېتەلمەيدۇ.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئالدىراش ۋە ھەربىر ياخشى ئىشتا بىرىنچى بولۇش ئۈلگىلىك زاتلارنىڭ خىسلىتىدۇر. مۇنداق قىلغۇچىلارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدىكى مەرتىۋىسى يۇقىرى بولىدۇ.

2. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىنىڭ مەرتىۋىسىگە ھېچكىم يېتەلمەيدۇ.

3. مۇناپىقلار كاپىرلاردىن بەكرەك قاتتىق ئازابقا تېگىشلىك بولىدۇ.

4. ئەقىدىسى دۇرۇس بولغان كىشى گۇناھلىرى سەۋەبلىك دوزاخقا كىرگەن تەقدىردىمۇ، دوزاختا مەڭگۈ قالمايدۇ.

## ◄ زاكات، تەۋبە ۋە ئەمەل

﴿خُذۡ مِنۡ أَمۡوَٰلِهِمۡ صَدَقَةً تُطَهِّرُهُمۡ وَتُزَكِّيهِم بِهَا وَصَلِّ عَلَيۡهِمۡۖ إِنَّ
صَلَوٰتَكَ سَكَنٞ لَّهُمۡۗ وَٱللَّهُ سَمِيعٌ عَلِيمٌ ١٠٣ أَلَمۡ يَعۡلَمُوٓاْ أَنَّ ٱللَّهَ هُوَ
يَقۡبَلُ ٱلتَّوۡبَةَ عَنۡ عِبَادِهِۦ وَيَأۡخُذُ ٱلصَّدَقَٰتِ وَأَنَّ ٱللَّهَ هُوَ ٱلتَّوَّابُ

ٱلرَّحِيمُ ﴿١٠٤﴾ وَقُلِ ٱعْمَلُوا۟ فَسَيَرَى ٱللَّهُ عَمَلَكُمْ وَرَسُولُهُۥ
وَٱلْمُؤْمِنُونَ ۖ وَسَتُرَدُّونَ إِلَىٰ عَـٰلِمِ ٱلْغَيْبِ وَٱلشَّهَـٰدَةِ فَيُنَبِّئُكُم بِمَا
كُنتُمْ تَعْمَلُونَ ﴿١٠٥﴾

### ◄ تەرجىمىسى

103 ـ(ئى پەيغەمبەر!) سەن ئۇلارنىڭ پۇل ـ ماللىرىنىڭ بىر قىسمىنى سەدىقە ھېسابىدا ئالغىنكى، ئۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى (گۇناھلىرىدىن) پاكلىغايسەن ۋە (ياخشىلىقلىرىنى) كۆپەيتكەيسەن، ئۇلارغا دۇئا قىلغىن، چۈنكى، سېنىڭ دۇئايىڭ ئۇلارغا خاتىرجەملىك ئېلىپ كېلىدۇ، ئاللاھ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچى، ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

104 ـ ئۇلار ئاللاھنىڭ بەندىلىرىنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى، سەدىقىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى ۋە ئاللاھنىڭ تەۋبىنى بەكمۇ قوبۇل قىلىدىغان، ناھايىتى مېھرىبان ئىكەنلىكىنى بىلمەمدۇ؟!

105 ـ(ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «سىلەر (ياخشى ئەمەللەرنى) قىلىڭلار، ئەمەلىڭلارنى ئاللاھ، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ۋە مۆئمىنلەر كۆرىدۇ، يېقىندا سىلەر يوشۇرۇن ۋە ئاشكارىنى بىلگۈچى ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر، ئاندىن ئاللاھ سىلەرگە قىلغان ئەمەللىرىڭلارنى ئېيتىپ بېرىدۇ».

### ◄ نازىل بولۇش سەۋەبى

ئەللامە ئىبنى جەرىر تەبەرىي ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى بايان قىلغان: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇ لۇبابە ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى مەسجىدنىڭ تۈۋرۈكلىرىدىن يېشىۋەتكەندە ئۇلار ئۆيلىرىگە قايتىپ بېرىپ، ئۆزلىرىنىڭ پۇل ـ ماللىرىنى ئېلىپ كېلىشىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: ‹يا رەسۇلۇللاھ! مانا بۇ بىزنى سىلى بىلەن بىرگە جىھاد قىلىشتىن توسۇپ قالغان پۇل ـ ماللار ئىدى، ئەمدى سىلى بۇنى خالىغانچە بىر تەرەپ قىلغايلا ۋە ئاللاھتىن بىزگە مەغپىرەت تىلىگەيلا› دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: ‹مەن ئاللاھ ئەمر قىلماستىن سىلەردىن بىر نەرسە ئالمايمەن› دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا ﴿(ئى پەيغەمبەر!) سەن ئۇلارنىڭ ماللىرىنىڭ بىر

قىسمىنى سەدىقە ھېسابىدا ئالغىنكى، ئۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى (گۇناھـ-ـلىرىدىن) پاكلىغايسەن ۋە (ياخشىلىقلىرىنى) كۆپەيتكەيسەن﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى»[1].

بارلىق مۇپەسسىرلەرنىڭ ئىتتىپاقى شۇكى، گەرچە بۇ ئايەت مەزكۇر شەخسلەرنىڭ سەدىقىسى توغرۇلۇق نازىل بولغان بولسىمۇ، زاكات بېرىشكە قۇربى يېتىدىغان بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ پۇل-ماللىرىنىڭ زاكىتىنى ئايرىشنىڭ پەرزلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. چۈنكى، ئايەتتىن ئومۇمىيلىق كۆزدە تۇتۇلىدۇ، سەۋەب ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. ئايەتتىكى ﴿سەدىقە﴾ دېگەن سۆزدىن زاكات كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

### ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالا دەيدۇكى، ئى پەيغەمبەر! ئۆزلىرىنىڭ گۇناھلىرىنى ئېتىراپ قىلغان، ياخشى ئەمەللەر بىلەن گۇناھ-مەئسىيەتنى ئارىلاشتۇرۇپ قىلغان، گۇناھلىرىغا سەمىمىي تەۋبە قىلغانلىقتىن، ئۆزلىرىنى مەسجىدنىڭ تۈۋرۈكلىرىگە باغلاپ پەيغەمبەردىن باشقا ھېچكىمنىڭ يەشمەسلىكىگە قەسەم قىلىپ چىڭ تۇرغان كىشىلەرنىڭ ئېلىپ كەلگەن سەدىقىسىنى قوبۇل قىلغىن. سەن ئۇلارنىڭ پۇل-ماللىرىنى زاكات ھېسابىدا ئېلىپ، ئۇلارنى بېخىللىقنىڭ ئىللەتلىرىدىن، قەلبىنىڭ قاتتىقلىقىدىن پاكلىغىن، بۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ياخشىلىقلىرىنى كۆپەيتكىن. چۈنكى، سەن ئۇلارنى زاكات ۋە سەدىقە بېرىشكە ئۈندەش ۋە ئېلىپ كەلگەن زاكات ۋە سەدىقىلىرىنى قوبۇل قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنى بېخىللىقنىڭ ئىللەتلىرىدىن ۋە پۇل-ماللىرىنى ھارامدىن پاكلىساڭ، ئۇلارنىڭ دىلى ياخشىلىقنى سۆيىدىغان بولۇپ ئۆزگىرىدۇ، ئۇلارنىڭ دىلىغا پېقىرلارغا، ئاجىز-ئورۇقلارغا مېھىر-شەپقەت كۆچەتلىرى تىكىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ نەپسى پاكلىنىدۇ، روھىيىتى يۈكسىلىشكە باشلايدۇ. تەبىئىيكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زاكاتقا يىغىلغان پۇل-ماللارنى مۇسۇلمانلارنىڭ يوقسۇللىرىغا ئۈلەشتۈرۈپ بېرەتتى بىر قىسمىنى جىھاد تەييارلىقىغا ئىشلىتەتتى. ئەمما ئۆزىگە كەلگەن سەدىقىلەرنى دەرھال پېقىرلارغا تارقىتىپ بېرەتتى. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىغا سەدىقە يېيىش ھالال ئەمەس.

---

[1] «تفسير الطبري» 14-توم، 454-بەت.

ئى پەيغەمبەر! زاكات بەرگۈچىلەرگە ياخشىلىق، بەرىكەت، مەغپىرەت تىلەپ دۇئا قىلغىن. چۈنكى، سېنىڭ دۇئايىڭ ئۇلارغا خاتىرجەملىك، دىللىرىغا ئاراملىق ئېلىپ كېلىدۇ. ئۇنتۇمىغىنكى، ئاللاھ تائالا ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

زاكات ۋە سەدىقە نەپسىنى پاكلايدۇ، ئاللاھ تائالانى رازى قىلىدۇ، پۇل-مالنى ھارامدىن ساقلايدۇ، ئاللاھ تائالا بىلەن بولغان ئالاقىنى كۈچەيتىدۇ. تەۋبە بولسا گۇناھلارنى ئۆچۈرىدۇ، ئاللاھ تائالا بىلەن بولغان ئەھدىنى يېڭىلايدۇ ۋە كۈچەيتىدۇ. شۇڭا ئايەتتە زاكات ۋە سەدىقىنىڭ پايدىسى ئۇنىڭ بۇيرۇلغانلىقى بىلەن بىللە كەلتۇرۇلگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلغان پۇل-مالنى ئاللاھ تائالانىڭ قانداق ئۆستۈرۈپ بېرىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «مَنْ تَصَدَّقَ بِعَدْلِ تَمْرَةٍ مِنْ كَسْبٍ طَيِّبٍ ، وَلاَ يَصْعَدُ إِلَى اللَّهِ إِلَّا الطَّيِّبُ ، فَإِنَّ اللَّهَ يَتَقَبَّلُهَا بِيَمِينِهِ ، ثُمَّ يُرَبِّيهَا لِصَاحِبِهِ ، كَمَا يُرَبِّي أَحَدُكُمْ فُلُوَّهُ ، حَتَّى تَكُونَ مِثْلَ الجَبَلِ» يەنى «كىمكى ھالالدىن ئىشلەپ تېپىپ بىر خورمىنىڭ يېرىمى چاغلىق نەرسىنى سەدىقە قىلىدىكەن، - ئاللاھ پەقەت ھالالدىن قىلىنغان سەدىقىلەرنىلا قوبۇل قىلىدۇ، - ئاللاھ ئۇنى ئوڭ قولى بىلەن قوبۇل قىلىدۇ، ئاندىن ئۇنى ئىگىسىگە خۇددى سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئېتىنىڭ تايلىقىنى پەرۋىش قىلغاندەك پەرۋىش قىلىپ ئۆستۈرۈپ بېرىدۇ، بۇ سەدىقە ئاخىرى تاغدەك بولۇپ قالىدۇ»[1] دېگەن.

﴿وَقُلِ ٱعۡمَلُواْ فَسَيَرَى ٱللَّهُ عَمَلَكُمۡ وَرَسُولُهُۥ وَٱلۡمُؤۡمِنُونَۖ وَسَتُرَدُّونَ إِلَىٰ عَٰلِمِ ٱلۡغَيۡبِ وَٱلشَّهَٰدَةِ فَيُنَبِّئُكُم بِمَا كُنتُمۡ تَعۡمَلُونَ﴾ دېگەن ئايەتتىكى ﴿ٱعۡمَلُواْ﴾ دېگەن سۆز «ئىشلەڭلار»، «ئەمەل قىلىڭلار» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. چۈنكى، ئەرەب تىلىدىكى«عمل» دېگەن سۆز «ئىش»، «ئەمگەك»، «ئەمەل»دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ.

ئەللامە ئىبنى جەرىر تەبەري بۇ ئايەتنى مۇنداق تەپسىر قىلغان: «ئى پەيغەمبەر! ئۆزرىسىز تۇرۇپ جىھادقا چىقمىغانلىق گۇناھىنى ئېتىراپ قىلىپ، سەممىمي تەۋبە قىلغان كىشىلەرگە ئېيتقىنكى، سىلەر ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىش ۋە پەرزلەرنى ئادا قىلىش ئارقىلىق ئاللاھ تائالا رازى بولىدىغان ئەمەللەرنى قىلىڭلار، چۈنكى، سىلەرنىڭ ئەمەلىڭلارنى

[1] «صحيح البخاري» 9-توم، 126-بەت، 7430 -ھەدىس.

ئالدى بىلەن ئاللاھ تائالا كۆرۈپ ۋە بىلىپ تۇرىدۇ، پەيغەمبەر ۋە مۇئمىنلەرمۇ ئۇ ئەمەللەرنى بۇ دۇنيادا كۆرىدۇ، سىلەر ئەمەللىرىڭلارنىڭ مۇكاپاتىنى ئاخىرەتتە كۆرىسىلەر. سىلەر ئاخىرەتكە بارغاندا، ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ھەممىنى تولۇق بىلىپ تۇرىدىغان رەببىڭلار سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلارنى باھالايدۇ، ياخشى ئەمەللىرىڭلارنىڭ مۇكاپاتىنى، يامان ئىشلىرىڭلارنىڭ جازاسىنى بېرىدۇ»[1].

ئەللامە ئىبنى كەسىر مەزكۇر ئايەت توغرۇلۇق مۇجاھىدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى بايان قىلغان: «بۇ ئايەت ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر-پەرمانلىرىغا خىلاپلىق قىلغۇچىلارغا قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ بارلىق قىلمىشلىرىنىڭ ئاللاھقا، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە مۇئمىنلەرگە كۆرسىتىلىدىغانلىقى ھەققىدە ئاللاھ تائالادىن كەلگەن تەھدىت ۋە ئاگاھالاندۇرۇشتۇر. بۇ ﴿يَوۡمَئِذٖ تُعۡرَضُونَ لَا تَخۡفَىٰ مِنكُمۡ خَافِيَةٞ﴾ يەنى ﴿بۇ كۈندە سىلەر (ھېساب بېرىش ئۈچۈن ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىغا) چىقىرىلىسىلەر، سىلەرنىڭ ھېچقانداق بىر سىرىڭلار مەخپىي قالمايدۇ﴾[2] دېگەن ئايەتكە ئوخشايدۇ»[3].

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ يولىدا قىلىنغان سەدىقە گۇناھلارنىڭ كەچۈرۈم قىلىنىشىغا، نەپسىنىڭ بېخىللىق، ئاچكۆزلۈك قاتارلىق ئىللەتلەردىن پاكلىنىشىغا ۋە روھنىڭ يۈكسىلىشىگە تۈرتكە بولىدۇ.

2. بىراۋنىڭ سەدىقىسىنى ئالغان كىشىنىڭ سەدىقە بەرگۈچىگە دۇئا قىلىشى، ھېچ بولمىغاندا، ئۇنىڭغا: «ئاللاھ سىزگە كۆپلەپ بەرىكەت ۋە ساۋاب ئاتا قىلسۇن» دېيىشى ئىسلامىي گۈزەل ئەخلاقتىن سانىلىدۇ.

3. چوڭ گۇناھلاردىن تەۋبە قىلىپ ھەقىقەتكە قايتقان ئادەمنىڭ كىچىك گۇناھلىرى ۋە كەمچىلىكلىرى ئۇنىڭ نەپلە ناماز، سەدىقە قاتارلىق ئىختىيارىي ئەمەل-ئىبادەتلىرى سايىسىدا يۇيۇلۇپ تۇرىدۇ.

## ◄ جىھادقا چىقىشتىن قېلىپ قالغان يەنە بىر تۈرلۈك كىشىلەر

﴿وَءَاخَرُونَ مُرۡجَوۡنَ لِأَمۡرِ ٱللَّهِ إِمَّا يُعَذِّبُهُمۡ وَإِمَّا يَتُوبُ عَلَيۡهِمۡۗ

---

[1] «تفسير الطبري» 13ـ توم، 463ـ بەت.

[2] ھاققە سۈرىسى: 18ـ ئايەت.

[3] «تفسير ابن كثير» 4ـ توم، 209ـ بەت.

وَٱللَّهُ عَلِيمٌ حَكِيمٌ ﴿١٠٦﴾

◄ تەرجىمىسى

106ـ(جىھادقا چىقمىغانلاردىن) يەنە بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئىشى ئاللاھنىڭ ئەمرىگە قالدۇرۇلدى، ئاللاھ ئۇلارنى يا جازالايدۇ، يا تەۋبە قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلىدۇ. ئاللاھ ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

◄ تەپسىرى

تەبۇك غازىتىغا چىقىشتىن قېلىپ قالغانلار ئىچىدە ئۆزرىسىز تۇرۇپ چىقمىغان، ھەتتا ئۆزرىمۇ سورىمىغان مۇناپىقلار بار. يەنە ئۇلارنىڭ ئىچىدە گۇناھلىرىنى تونۇپ تەۋبە قىلغان، گۇناھلىرىنىڭ كەچۈرۈم قىلىنىشى ئۈچۈن پۇل-ماللىرىنى تەقدىم قىلغان، بۇ سەۋەبتىن ئاللاھ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىپ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلغان كىشىلەرمۇ بار.

ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن يەنە بىر بۆلۈك كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالغان، ئۆزلىرىنىڭ ئۆزرىسىز تۇرۇپ جىھادتىن قېلىپ قالغانلىقىغا ۋاقتىدا تەۋبە قىلمىغان ياكى ئەبۇ لۇبابە قاتارلىق كىشىلەرگە ئوخشاش ئۆزلىرىنى مەسجىدنىڭ تۈۋرۈكلىرىگە باغلىمىغان كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار ھەققىدە بۇ سۈرىنىڭ مۇنۇ 117ـۋە 118ـئايەتلىرى نازىل بولغان: ﴿ئاللاھ ھەقىقەتەن پەيغەمبەرنى ۋە ئۇنىڭغا قىيىنچىلىق پەيتىدە ئەگەشكەن مۇھاجىرلارنى ۋە ئەنسارلارنى ئەپۇ قىلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ دىللىرى ھەقتىن بۇرۇلۇپ كېتىشكە تاس قالغاندىن كېيىن، ئۇلارنى تەۋبىگە مۇۋەپپەق قىلدى. چۈنكى، ئاللاھ ئۇلارغا تولىمۇ كۆيۈمچان، ناھايىتى مېھرىباندۇر. (جىھادتىن) قېلىپ قالغان ئۈچ كىشىنىڭ (تەۋبىسىنىمۇ ئاللاھ قوبۇل قىلدى). شۇنچە كەڭ زېمىن ئۇلارغا تار تۇيۇلغان، ئۇلارنىڭ ئىچى سىقىلغان، ئۇلار ئاللاھقا تەۋبە قىلماي تۇرۇپ ئاللاھنىڭ غەزىپىدىن قۇتۇلۇش مۇمكىن ئەمەسلىكىگە ئىشەنگەن ئىدى. ئاندىن ئۇلارنىڭ تەۋبە قىلغۇچىلاردىن بولۇشى ئۈچۈن، ئاللاھ ئۇلارنى تەۋبە قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلدى. چۈنكى، ئاللاھ تەۋبىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾.

جىھادقا چىقىشتىن قېلىپ قالغان يەنە بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ ئىشى ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىگە ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈم چىقىرىشىغا قالدۇرۇلدى. چۈنكى، بۇلارنىڭ ئەھۋالى باشقىلارنىڭكىگە ئوخشاش ئېنىق ئەمەس ئىدى. ئۇلار توغرۇلۇق قانداق بىر ھۆكۈمنىڭ چۈشىدىغانلىقىمۇ مەلۇم ئەمەس. ئۇلارنىڭ تەۋبىسىنى ئاللاھ تائالا قوبۇل قىلىپ، گۇناھلىرىنى كەچۈرەمدۇ ياكى ئۇلارنىمۇ مۇناپىقلارنى جازالىغاندەك جازالامدۇ؟ بۇنى ئاللاھ تائالا ئۆزى بىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەھۋالى ئىنسانلار ئۈچۈن شۇنداق ئېنىق ئەمەس، ئەمما ئاللاھ تائالا ئۈچۈن ناھايىتى ئېنىقتۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالا قەلبلەردىكى سىرلارنىمۇ ئېنىق بىلگۈچىدۇر.

ئىشى ئاللاھ تائالانىڭ ھۆكۈم قىلىشىغا تاپشۇرۇلغان ۋە تەۋبىسى كېچىكتۈرۈلۈپ قوبۇل قىلىنغانلار كەئب ئىبنى مالىك، ھىلال ئىبنى ئۇمەييە ۋە مەرارە ئىبنى رەبىئ قاتارلىقلار ئىدى.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالا سەممىي تەۋبە قىلغان كىشىنىڭ تەۋبىسىنى ئەلۋەتتە قوبۇل قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ ھەرقانداق چوڭ گۇناھى بولسىمۇ ئەپۇ قىلىدۇ. بەزى كىچىك گۇناھلار ياخشى ئەمەللەرنىڭ سايىسىدا تەۋبىسىزمۇ كەچۈرۈم قىلىنىدۇ.

2. ئاللاھ تائالادىن قورقۇش بىلەن ئۇنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىش مۇسۇلمان ئادەمدە قالقاننىڭ رولىنى ئوينايدۇ. چۈنكى، قورقۇش ئۇنى گۇناھ قىلىشتىن توسىدۇ، ئۈمىد ئۇنىڭ ياخشى ئەمەللەرنى تېخىمۇ كۆپ قىلىشىغا تۈرتكە بولىدۇ.

### ◄ زىرار مەسجىدى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەۋقەسى

﴿وَٱلَّذِينَ ٱتَّخَذُواْ مَسۡجِدٗا ضِرَارٗا وَكُفۡرٗا وَتَفۡرِيقَۢا بَيۡنَ ٱلۡمُؤۡمِنِينَ
وَإِرۡصَادٗا لِّمَنۡ حَارَبَ ٱللَّهَ وَرَسُولَهُۥ مِن قَبۡلُۚ وَلَيَحۡلِفُنَّ إِنۡ أَرَدۡنَآ
إِلَّا ٱلۡحُسۡنَىٰۖ وَٱللَّهُ يَشۡهَدُ إِنَّهُمۡ لَكَٰذِبُونَ ١٠٧ لَا تَقُمۡ فِيهِ أَبَدٗاۚ
لَّمَسۡجِدٌ أُسِّسَ عَلَى ٱلتَّقۡوَىٰ مِنۡ أَوَّلِ يَوۡمٍ أَحَقُّ أَن تَقُومَ فِيهِۚ فِيهِ
رِجَالٞ يُحِبُّونَ أَن يَتَطَهَّرُواْۚ وَٱللَّهُ يُحِبُّ ٱلۡمُطَّهِّرِينَ ١٠٨ أَفَمَنۡ أَسَّسَ

بُنۡيَٰنَهُۥ عَلَىٰ تَقۡوَىٰ مِنَ ٱللَّهِ وَرِضۡوَٰنٍ خَيۡرٌ أَم مَّنۡ أَسَّسَ بُنۡيَٰنَهُۥ
عَلَىٰ شَفَا جُرُفٍ هَارٍ فَٱنۡهَارَ بِهِۦ فِي نَارِ جَهَنَّمَۗ وَٱللَّهُ لَا يَهۡدِي
ٱلۡقَوۡمَ ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿١٠٩﴾ لَا يَزَالُ بُنۡيَٰنُهُمُ ٱلَّذِي بَنَوۡاْ رِيبَةً فِي قُلُوبِهِمۡ
إِلَّآ أَن تَقَطَّعَ قُلُوبُهُمۡۗ وَٱللَّهُ عَلِيمٌ حَكِيمٌ ﴿١١٠﴾

### تەرجىمىسى

**107**ـ(بۇ مۇناپىقلارنىڭ ئارىسىدىن مۇئمىنلەرگە) زىيان يەتكۈزۈش، كۇفرىلىقنى كۈچەيتىش، مۇئمىنلەرنىڭ ئارىسىنى بۆلۈش، ئىلگىرى ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە قارشى تۇرغان ئادەمنىڭ[1] كېلىشىنى كۈتۈش مەقسىتىدە مەسجىد[2] بىنا قىلغانلار بار. شەكسىزكى، ئۇلار: «بىز پەقەت ياخشىلىقنىلا ئىرادە قىلدۇق» دەپ قەسەم قىلىدۇ. ئاللاھ گۇۋاھلىق بېرىدۇكى، ئۇلار چوقۇم يالغانچىلاردۇر.

**108**ـ(ئى پەيغەمبەر!) ئۇ مەسجىدتە مەڭگۈ ناماز ئوقۇمىغىن، بىرىنچى كۈندىن تارتىپلا تەقۋا ئاساسىغا سېلىنغان مەسجىد (قۇبا مەسجىدى) ئەلۋەتتە ئىچىدە (ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن) تۇرۇشۇڭغا ئەڭ لايىقتۇر، ئۇنىڭدا (تەقۋالىق قىلىش ئارقىلىق گۇناھ - مەئسىيەتتىن پاك بولۇشنى ياخشى كۆرگەندەك، نىجاسەتلەردىن) پاكلىنىشنى ياخشى كۆرىدىغان كىشىلەر بار، ئاللاھ (ئىچكى ۋە تاشقى جەھەتتىن) پاك بولغۇچىلارنى ياخشى كۆرىدۇ.

**109**ـئۆزىنىڭ بىناسىنى ئاللاھتىن قورقۇش ۋە ئۇنىڭ رازىلىقىنى ئىزدەش ئاساسىغا قۇرغان ئادەم ياخشىمۇ ياكى ئۇنى يىقىلاي دەپ قالغان يارنىڭ لېۋىگە سېلىپ، ئۆزىمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە دوزاخ ئوتىغا چۈشۈپ كەتكەن ئادەم ياخشىمۇ؟ ئاللاھ زالىم قەۋمنى توغرا يولغا يېتەكلىمەيدۇ.

**110**ـتاكى ئۇلارنىڭ يۈرەكلىرى پارە-پارە بولۇپ ئۆلمىگۈچە، ئۇلارنىڭ سالغان

---

[1] مەزكۇر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋە مۇسۇلمانلارغا قارشى جەڭ ئېلان قىلغان ۋە ئاخىرى رىم ئىمپېرىيەسىدىن مۇسۇلمانلارغا قارشى ياردەم سورىغىلى كەتكەن ئەبۇ ئامىر ئىسىملىك راھىب بولۇپ، بۇ مۇناپىقلار ئۇنىڭ كېلىشىنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە مۇسۇلمانلاردىن ئىنتىقام ئېلىشنى كۈتەتتى.

[2] بۇ يەردە مۇناپىقلار مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىكىنى بۇزۇش ئۈچۈن مەدىنىگە سالغان زىرار مەسجىدى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

(زىرار) مەسجىدى دىللىرىدىكى گۇماننىڭ يىلتىزى بولۇپ قېلىۋېرىدۇ، ئاللاھ ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

### ◄ نازىل بولۇش سەۋەبى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ، قۇبا دېگەن جايغا كەلگىنىدە ئەۋس جەمەتىنىڭ ئۆيىگە چۈشكەن. قۇبا مەدىنىنىڭ جەنۇب تەرىپىگە جايلاشقان يەر بولۇپ، شۇ ۋاقىتتىكى مەدىنە شەھىرىدىن تەخمىنەن بەش كىلومېتىر كېلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ جايدا دۈشەنبە، سەيشەنبە، چارشەنبە، پەيشەنبە كۈنلىرى تۇرۇپ، بۇ جەرياندا «قۇبا مەسجىدى»نى بىنا قىلغان.

مۇپەسسىرلەر مەسجىدى زىرارنى بىنا قىلىشقا بۇيرۇغان كىشىنىڭ خەزرەج قەبىلىسىدىن بولغان ئەبۇ ئامىر راھىب دېگەن كىشى ئىكەنلىكىدە بىرلىككە كەلگەن. تەپسىرى ئىبنى كەسىردە بايان قىلىنىشىچە، ئەبۇ ئامىر جاھىلىيەتتە خىرىستىيان دىنىنى قوبۇل قىلغان ۋە بۇ دىنىنىڭ تەلىماتىنى ئۆگەنگەن. ئۇ قەۋمى ئىچىدە ئابرۇيلۇق بىرى بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، مۇسۇلمانلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەتراپىغا توپلىشىپ، ئىسلام دىنىنىڭ شۆھرىتى كۈندىن-كۈنگە ئېشىپ باردى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن ئەبۇ ئامىرنىڭ قەلبىنى ھەسەتخورلۇق ۋە ئۆچمەنلىك ئوتلىرى كۆيدۈرۈشكە باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارشى ئۇرۇش قىلىدىغانلار بىلەن بىرلىشىپ ئۇرۇش قىلىشقا قەسەم قىلدى، ئۇھۇد ۋە ھۇنەيىن ئۇرۇشلىرىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارشى سەپتە تۇرۇپ ئۇرۇش قىلدى. مۇسۇلمانلار غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، ئەبۇ ئامىر مەدىنىدىن قېچىپ كەتتى.

كېيىنچە، ئۇ رۇم پادىشاھى ھىرەقلىنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنىڭدىن ياردەم سورىغان. ھىرەقلە ئۇنىڭغا ياردەم بېرىشكە ۋەدە قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئەبۇ ئامىر مەدىنىدىكى مۇناپىق سەپداشلىرىغا مەكتۇپ يوللاپ، ئۆزىنىڭ يېقىندا رۇم ئەسكەرلىرى بىلەن مەدىنىگە بارىدىغانلىقىنى، مەدىنىدىكىلەرنىڭ بىرەر قارارگاھ سېلىپ رۇمدىن كېلىدىغانلارنى كۈتۈپ تۇرۇشنى بۇيرۇغان. شۇنىڭ بىلەن مەدىنىدىكى مۇناپىقلاردىن بىر قانچىسى بىرلىشىپ، مۆئمىنلەرگە زىيان يەتكۈزۈش، ئۇلارنىڭ بىرلىكىنى بۇزۇش، كۈچىنى پارچىلاش، كۇفرىلىقنى كۈچەيتىش، ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە قارشى چىقىش مەقسىتىدە زىرار مەسجىدىنى سالدى ۋە

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەبۇك غازىتىغا تەييارلىنىۋاتقان پەيتتە، ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! بىز ياشانغانلارنى، كېسەللەرنى ۋە يامغۇرلۇق كۈنلەردە ناماز ئوقۇشنى كۆزدە تۇتۇپ بىر مەسجىد بىنا قىلدۇق. ئۈزلىرى كېلىپ بىزگە ناماز ئوقۇپ بەرگەن بولسىلىكەن، بىز بۇنىڭدىن پەقەت ياخشىلىقنىلا ئىرادە قىلىمىز» دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «مەن هازىر جىهاد تەييارلىقى بىلەن ئالدىراش، سەپەردىن كەلگەندىن كېيىن بېرىپ سىلەرگە ناماز ئوقۇپ بېرەي» دەپ جاۋاب بەرگەن.

دېگەندەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەبۇك غازىتىدىن قايتىپ كېلىپ، «زىئاۋان» دېگەن جايغا كەلگەندە، ئاللاھ تائالادىن ئۇنىڭغا ۋەھيى كېلىپ، ئۇلار سالغان مەسجىدنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ سېپىنى بۆلۈش ۋە كۇفرىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن مۇناپىقلار تەرىپىدىن سېلىنغانلىقى ئۇقتۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، مالىك ئىبنى دەھشەم قاتارلىق بىر قانچە كىشىنى چاقىرىپ، ئۇلارغا: «انْطَلِقَا إِلَى هَذَا الْمَسْجِدِ الظَّالِمِ أَهْلُهُ ، فَاهْدِمَاهُ وَحَرِّقَاهُ» يەنى «جامائىتى زالىملاردىن بولغان بۇ مەسجىدكە بېرىپ، ئۇنى يىقىتىڭلار ۋە كۆيدۈرۈپ تاشلاڭلار» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بېرىپ بۇ مەسجىدنى يىقىتىپ تاشلىدى. بۇ مەسجىدنى بىنا قىلغۇچىلار ئون ئىككى نەپەر مۇناپىق ئىدى[1].

### تەپسىرى

مۇناپىقلار مەدىنىدە بىنا قىلغان مەسجىد زىرارنى تۆۋەندىكى غەرەزلەر بىلەن بىنا قىلغان ئىدى:

1. ئۇلار بۇ مەسجىدنى مۆئمىنلەرنىڭ سېپىنى بۆلۈش، جامائەت ئوتتۇرىسىدا پىتنە تۇغدۇرۇش، ئۇلارنىڭ بىرلىكىنى بۇزۇش ئۈچۈن بىنا قىلغان.

2. ئۇلار بۇ مەسجىدنى كۇفرىلىقتا چىڭ تۇرۇش، كۇفرىنى تېخىمۇ كۈچەيتىش ۋە بۇ مەسجىدتە ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارشى رەزىل پىلانلارنى تۈزۈش ئۈچۈن بىنا قىلغان بولۇپ، بۇ سەۋەبتىن مەزكۇر زىرار مەسجىدى پىتنىنىڭ ئۇۋىسى ۋە مۇناپىقلىقنىڭ مەركىزى ھېسابلىناتتى.

---

[1] «تفسير ابن كثير» 4-توم، 212-بەت.

3. ئۇلارنىڭ بۇ مەسجىدنى بىنا قىلىشتىكى يەنە بىر غەرىزى ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە قارشى تۇرغان ۋە ھەقىقەتكە قارشى ئۇرۇش ئاچقان ئادەم ئەبۇ ئامىر راھىبنىڭ قايتىپ كېلىشىنى كۈتۈشتىن ئىبارەت ئىدى.

ئۇلار: ﴿بىز پەقەت ياخشىلىقنىلا ئىرادە قىلدۇق﴾ يەنى بىز ئېھتىياج يۈزىسىدىن، ياشانغانلارنىڭ ھاجىتىنى قامداش، يامغۇرلۇق كېچىلەردە مەسجىدكە بارالمايدىغان ئاجىز، ئۆزرىلىك مۇسۇلمانلارنىڭمۇ جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇشىغا ئاسانلىق يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن بۇ مەسجىدنى بىنا قىلدۇق، دەپ قەسەم قىلىدۇ، ھالبۇكى، ئاللاھ تائالا گۇۋاھلىق بېرىدۇكى، ئۇلار شەك-شۈبھىسىز يالغانچىلاردۇر ۋە سېپىي ئۆزىدىن مۇناپىقلاردۇر.ئەمما سەن ئى پەيغەمبەر! ئۇلار بىنا قىلغان زىرار مەسجىدىدە ھەرگىز تۇرمىغىن، ئۇ جايدا مەڭگۈ ناماز ئوقۇمىغىن. بىرىنچى كۈنىدىن تارتىپلا ئىبادەتنى ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىگىلا قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭغا تەقۋالىق قىلىش ۋە ئۇنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىشنى كۆزلەش ئاساسىغا قۇرۇلغان، مۇئمىنلەرنى بىر يەرگە توپلىغان، پەيغەمبەرنى سۆيۈش ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىكىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن سېلىنغان قۇبا مەسجىدى سېنىڭ ئۇنىڭدا تۇرۇپ ئىبادەت قىلىشىڭغا ۋە ناماز ئوقۇشۇڭغا ئەڭ لايىقتۇر. چۈنكى، ئۇنىڭدا بارلىق گۇناھلاردىن تازىلىنىپ پاك- پاكىز بولۇشنى سۆيىدىغان كىشىلەر بار، شەكسىزكى، ئاللاھ ئىچكى ۋە تاشقى، جىسماني ۋە مەنىۋى ھەر جەھەتتىن پاك-پاكىز بولغۇچىلارنى ياخشى كۆرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا مۇناپىقلارنىڭ رەزىل غەرەزلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش نىيىتى بىلەن مەسجىد بىنا قىلىشتىن ئىبارەت ئەپتى-بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلىدى ۋە ئۇلارنىڭ رەزىل پىلانلىرىنى بىتچىت قىلىۋەتتى.

ئاللاھ تائالاغا تەقۋالىق قىلىش ۋە ئۇنى رازى قىلىشنى ئىزدەش ئاساسىغا سېلىنغان مەسجىدتىن مەقسەت مەدىنىدىكى «قۇبا» مەسجىدىمۇ ياكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسجىدى بولغان «مەسجىد نەبەۋى»مۇ؟ ياكى ھەر ئىككىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالامدۇ؟ بۇنىڭ ھەقىقىتىنى ئاللاھ تائالا ئۆزى بىلىدۇ. مەسجىدتە تېپىلىشقا تېگىشلىك سۈپەت ھەر ئىككىسىدە تېپىلغانلىقى ئۈچۈن، كۆرۈنۈشتە ھەر ئىككىلا مەسجىد مەقسەت قىلىنغاندەك كۆرۈنىدۇ. چۈنكى، ئۇ مەسجىدلەردە، ئېتىكاپ قىلىش ۋە ھەقىقي تۈردە ئىخلاسمەنلىك بىلەن ناماز ئوقۇش ئارقىلىق مەسجىدنى گۈللەندۈرىدىغان، شۇ ئارقىلىق

گۇناھلاردىن، جىسمانىي ۋە مەنىۋى پاسكىنىلىقلاردىن پاكلىنىشنى ياخشى كۆرىدىغان كىشىلەر بار. شەكسىزكى، ئاللاھ تائالا جىسمانىي ۋە مەنىۋى ھەر جەھەتتىن پاك بولغۇچىلارنى ياخشى كۆرىدۇ ۋە ئۇلارنى دوست تۇتىدۇ. ئۇلار ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ ياخشىلىرى ۋە ئۈلگىلىرىدۇر.

ئاللاھ تائالا يۇقىرىقى ئايەتلەردە مۇناپىقلارنىڭ ئىمانسىزلىق ئۈستىگە قۇرۇلغان پايدىسىز ئەمەللىرىنى ۋە مۇئمىنلەرنىڭ مۇستەھكەم ئەقىدە ئۈستىگە قۇرۇلغان پايدىلىق ئەمەللىرىنى مىساللار ئارقىلىق بايان قىلغان. پۈتۈن ئەمەللىرىدە ئاللاھ تائالادىن قورقىدىغان ۋە ئۇنىڭ رازىلىقىدىن باشقىسىنى تىلىمەيدىغان، ئىخلاسمەن ئادەم بىلەن رىياخور، يالغانچى، قىلغان ئەمەللىرىدە شەيتاننى ۋە ئۆز نەپسىنى رازى قىلىشتىن باشقىسىنى ئويلىمايدىغان مۇناپىق ئادەم باراۋەر بولامدۇ؟ بۇ ئىككىسى ھەرگىز باراۋەر بولمايدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿أَفَمَن كَانَ مُؤۡمِنًا كَمَن كَانَ فَاسِقًاۚ لَّا يَسۡتَوُۥنَ﴾ يەنى ﴿مۇئمىن ئادەم پاسىق (كاپىر) ئادەمگە ئوخشاش بولامدۇ؟ ئۇلار ھەرگىز باراۋەر ئەمەس﴾[1] ئاللاھ تائالا مۇناپىقنى بۇ دۇنيادا رەسۋا قىلىدۇ، ئۇنىڭغا يامانلىقلىرىنىڭ جازاسىنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە چوقۇم تېتىتىدۇ. مۇئمىن ئادەمگىمۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ياخشى ئەمەللىرىنىڭ مۇكاپاتىنى بېرىدۇ.

ئۆز ئەقىدىسىنى ياكى ئۆزىنىڭ ھايات بىناسىنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە مەنپەئەت قىلىدىغان تەقۋادارلىق، ئىمان ۋە ئىخلاسنىڭ ئۈستىگە قۇرغان كىشى بىلەن ئاجىزلىقتىن يىقىلىشقا ئاز قالغان يارنىڭ لېۋىگە قۇرغان كىشى ئوخشاشمۇ؟ بۇ ئىككى مىسالنىڭ بىرىنچىسى مۇئمىننىڭ مىسالى، ئىككىنچىسى بولسا مۇناپىقنىڭ مىسالىدۇر. بۇ ئىككى مىسالنىڭ خۇلاسىسى شۇكى: ھەقىقىي ئىمان ۋە شۇ ئىمان بىلەن قىلىنغان ئەمەل ئىگىسىنى ھەرخىل بالايىئاپەتلەردىن قوغدايدىغان مۇستەھكەم بىناغا ئوخشاشتۇر. ئەمما مۇناپىقلاردىن سادىر بولغان بۇزۇق ۋە ساختا ئەمەللەر خۇددى ئۆرۈلەي دەپ قالغان، ئىگىسىگىمۇ مەنپەئەت قىلمايدىغان ۋە ئاپەتتىن ساقلاپ قالالمايدىغان ئاجىز بىناغا ئوخشايدۇ.

مۇناپىقلار سالغان بۇ مەسجىد ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى گۇمان، شەك، نىفاق، ھەسەت ۋە سىرلىرى ئېچىلىپ رەسۋا بولۇشتىن ئىبارەت قورقۇنچىنىڭ يىلتىزى بولۇپ قېلىۋېرىدۇ. چۈنكى، ئۇلار ھەر دائىم گۇمان ۋە شەك ئىچىدە ياشايدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَحۡذَرُ ٱلۡمُنَٰفِقُونَ

---

[1] سەجدە سۈرىسى: 18-ئايەت.

﴿أَن تُنَزَّلَ عَلَيۡهِمۡ سُورَةٞ تُنَبِّئُهُم بِمَا فِي قُلُوبِهِمۡۚ قُلِ ٱسۡتَهۡزِءُوٓاْ إِنَّ ٱللَّهَ مُخۡرِجٞ مَّا تَحۡذَرُونَ﴾ يەنى ﴿مۇناپىقلار ئۆزلىرى توغرىسىدا بىرەر سۈرە نازىل قىلىنىپ، ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكىنى مۆئمىنلەرگە پاش قىلىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەيدۇ. (ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «سىلەر (ئاللاھنىڭ دىنىنى) مەسخىرە قىلىۋېرىڭلار، سىلەر ئەنسىرەيدىغان نەرسىنى ئاللاھ چوقۇم ئاشكارا قىلىدۇ»﴾[1].

مۇناپىقلار سالغان زىرار مەسجىدىنى ئۆرۈپ تاشلاش ئۇلارنىڭ يۈرەكلىرى پارە – پارە بولۇپ ئۆلگەنگە قەدەر، ئۇلارنىڭ ھەق دىن توغرۇلۇق شەك ۋە گۇمان ئىچىدە قېلىۋېرىشىگە سەۋەب بولۇپ داۋاملىشىدۇ. ئۇلار ھاياتلا بولىدىكەن، گۇمان ۋە شەك ئىچىدە ياشايدۇ، ئاللاھ تائالا بارچە مەخلۇقاتنى ئوبدان بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. مۇناپىقلارنىڭ مۇسۇلمانلارغا بولغان خەترى چوڭ، ھىيلە-مىكرلىرى ناھايىتى كۆپتۇر. شۇڭا مۇسۇلمانلار ھەر زامان ھوشيار بولۇشى لازىم.

2. دىيانىتى سۇس ئادەملەرنىڭ سۆزلىرىگە ئىشىنىپ كەتمەسلىك لازىم. تەبىئىيكى، بىراۋنىڭ دىيانىتى ئۇنىڭ مەسجىدلەردە كۆپ ناماز ئوقۇشى، مۇسۇلمانچە قىياپەتتە چىرايلىق كىيىنىشى ياكى چىرايلىق، تەسىرلىك سۆزلەرنى قىلىشى بىلەن ئۆلچەنمەيدۇ. دىيانەت ئالدى بىلەن ئادىل مۇئامىلە ۋە گۈزەل ئەخلاق بىلەن ئۆلچىنىدۇ.

3. مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىكىنى بۇزۇشقا ۋە ئۇلارنى بىر-بىرىگە دۈشمەن قىلىشقا سەۋەب بولىدىغان ھەرقانداق توسالغۇنى پاچاقلاپ تاشلاش كېرەك. چۈنكى، مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىكىنى ساقلاش پەرزدۇر.

4. جىسمانىي ۋە مەنىۋى جەھەتلەردىن ھەمىشە پاك بولۇش مۇسۇلمانغا خاس ئۆزگىچىلىكتۇر.

5. يولسىزلىق بىلەن ئىسراپخورلۇق ئاللاھ تائالانىڭ ھىدايىتىدىن مەھرۇم قېلىشقا سەۋەب بولىدىغان يامان قىلىقلاردۇر. بىراۋغا زۇلۇم قىلغان ئادەم بۇ زۇلۇمنىڭ جازاسىنى ئاۋۋال بۇ دۇنيادا، ئاندىن ئاخىرەتتە چوقۇم تارتىدۇ.

---

[1] تەۋبە سۈرىسى: 64-ئايەت.

## كامىل مۇئمىنلەر كىملەر؟

﴿ إِنَّ ٱللَّهَ ٱشْتَرَىٰ مِنَ ٱلْمُؤْمِنِينَ أَنفُسَهُمْ وَأَمْوَٰلَهُم بِأَنَّ لَهُمُ
ٱلْجَنَّةَ ۚ يُقَٰتِلُونَ فِى سَبِيلِ ٱللَّهِ فَيَقْتُلُونَ وَيُقْتَلُونَ ۖ وَعْدًا عَلَيْهِ حَقًّا
فِى ٱلتَّوْرَىٰةِ وَٱلْإِنجِيلِ وَٱلْقُرْءَانِ ۚ وَمَنْ أَوْفَىٰ بِعَهْدِهِۦ مِنَ ٱللَّهِ ۚ
فَٱسْتَبْشِرُوا۟ بِبَيْعِكُمُ ٱلَّذِى بَايَعْتُم بِهِۦ ۚ وَذَٰلِكَ هُوَ ٱلْفَوْزُ ٱلْعَظِيمُ
﴿١١١﴾ ٱلتَّٰٓئِبُونَ ٱلْعَٰبِدُونَ ٱلْحَٰمِدُونَ ٱلسَّٰٓئِحُونَ ٱلرَّٰكِعُونَ
ٱلسَّٰجِدُونَ ٱلْءَامِرُونَ بِٱلْمَعْرُوفِ وَٱلنَّاهُونَ عَنِ ٱلْمُنكَرِ
وَٱلْحَٰفِظُونَ لِحُدُودِ ٱللَّهِ ۗ وَبَشِّرِ ٱلْمُؤْمِنِينَ ﴿١١٢﴾

### تەرجىمىسى

111ـ شۈبھىسىزكى، ئاللاھ مۆئمىنلەرنىڭ جانلىرىنى، پۇل-ماللىرىنى ئۇلارغا جەننەتنى بېرىش بەدىلىگە سېتىۋالدى. ئۇلار ئاللاھ يولىدا ئۇرۇش قىلىپ (دۈشمەنلەرنى) ئۆلتۈرىدۇ ۋە ئۆلتۈرۈلىدۇ، بۇ جەھەتتىكى ھەق ۋەدە تەۋراتتا، ئىنجىلدا ۋە قۇرئاندا بايان قىلىنغاندۇر. ۋەدىسىگە ئاللاھتىنمۇ بەك ۋاپا قىلغۇچى كىم بار؟ (ئى ئىمان ئېيتقانلار!) ئاللاھ بىلەن قىلغان بۇ سو-داڭلاردىن خۇشال بولۇڭلار، بۇ زور مۇۋەپپەقىيەتتۇر.

112ـ (بۇ سودىنى قىلغان مۆئمىنلەر) تەۋبە قىلغۇچى، ئىبادەت قىلغۇچى، ئاللاھقا ھەمدۇسانا ئېيتقۇچى، روزا تۇتقۇچى، رۇكۇ قىلغۇچى، سەجدە قىلغۇچى، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇغۇچى، يامان ئىشلاردىن توسقۇچى ۋە ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىلىرىگە رىئايە قىلغۇچىلاردۇر. (ئى پەيغەمبەر! يۇقىرىقى سۈپەتلەرگە ئىگە بولغان) مۆئمىنلەرگە (جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگىن.

### نازىل بولۇش سەۋەبى

ئەللامە قۇرتۇبى قاتارلىق مۇپەسسىرلەر بۇ ئايەتنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق ئەقەبە بەيئىتىدىن كېيىن نازىل بولغانلىقىنى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، بەيئەتتە ئەنسارلاردىن يەتمىشتىن ئارتۇقراق كىشى بار ئىدى. ئۇلار مەككىدىكى ئەقەبە دېگەن جايدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ

يېنىغا توپلاشقان، ئاندىن ئۇلارنىڭ ۋەكىلى ئابدۇللاھ ئىبنى راۋاھە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: «يا رەسۇلۇللاھ! رەببىڭ ئۈچۈن ۋە ئۆزۈڭ ئۈچۈن نېمىنى شەرت قىلىشنى خالىساڭ شۇنى شەرت قىلغىن، بىز ئۇنى ئورۇنداشقا تەييارمىز» دېگەن. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «مەن رەببىم ئۈچۈن ئۇنىڭغا خالىس ئىبادەت قىلىشىڭلارنى ۋە ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىكىڭلارنى شەرت قىلىمەن. ئەمما ئۆزۈم ئۈچۈن ئۆزۈڭلارنى، ئائىلەڭلارنى ۋە مال-مۈلۈكۈڭلارنى قانداق ھىمايە قىلساڭلار، مېنىمۇ شۇنداق ھىمايە قىلىشىڭلارنى شەرت قىلىمەن» دېگەن.

ئاندىن ئۇلار: «ئەگەر بىز شۇنداق قىلساق، بىزگە قانداق مۇكاپات بار؟» دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «جەننەت!» دەپ جاۋاب بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار: «نېمە دېگەن پايدىلىق تىجارەت بۇ!» دېيىشكەن. شۇ ۋاقىتتا ﴿شۈبھىسىزكى، ئاللاھ مۆئمىنلەرنىڭ جانلىرىنى، پۇل-ماللىرىنى ئۇلارغا جەننەتنى بېرىش بەدىلىگە سېتىۋالدى، ئۇلار ئاللاھ يولىدا ئۇرۇش قىلىپ (دۈشمەنلەرنى) ئۆلتۈرىدۇ ۋە ئۆلتۈرۈلىدۇ﴾ دېگەن ئايەت نازىل بولغان[1].

### ◄ تەپسىرى

شەكسىزكى، ئاللاھ تائالا مۆئمىن بەندىسىگە ئۆزى ئاتا قىلغان جاننى ئۇنىڭغا جەننەتنى بېرىش بەدىلىگە ئۇنىڭدىن سېتىۋالدى. ئاللاھ تائالا بىلەن ئېلىپ بارغان بۇ سودا مۆئمىنلەر ئۈچۈن ھەقىقەتەن تولىمۇ مەنپەئەتلىك سودىدۇر.

مۇبادا بىراۋ: «ئىنسان جېنى ۋە پۇل-مېلى بىلەن جەننەتنى قانداق سېتىۋالىدۇ؟» دەپ سورىسا، ئۇنىڭغا مۇنداق جاۋاب بېرىلىدۇ: ئۇلار ئاللاھ يولىدا جانلىرىنى پىدا قىلىپ، پۇل-ماللىرىنى سەرپ قىلىپ، قىممەتلىك ھەرقانداق نەرسىسىنى ئاتاپ جىھاد قىلىدۇ. ئۇلار شۇنىڭ بىلەن دۈشمەنلىرىنى ئۆلتۈرۈش ياكى ئۆزلىرى شېھىت بولۇشتىن ئىبارەت ئىككى ياخشىلىقنىڭ بىرىنى قولغا كەلتۈرىدۇ. ئۇلار ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈنلا ئۇرۇش قىلغان ئىكەن، مەيلى دۈشمەننى يوقىتىپ غەلىبە قىلسۇن ياكى شېھىت بولسۇن، ئۇلار ئۈچۈن ئىككىلىسى پايدىلىقتۇر ۋە ياخشىلىقتۇر.

ئاللاھ تائالا جىھاد قىلغۇچىلارغا جەننەتنى ۋەدە قىلدى. بۇ ۋەدىنى

---

[1] «تفسير القرطبي» 8-توم، 267-بەت.

«تەۋرات»تا، «ئىنجىل»دا ۋە «قۇرئان كەرىم»دە ئالاھىدە تەكىتلىندى. ئاللاھ تائالا شۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ يولىدا جان پىدا قىلىپ، قىممەتلىك ھەر نەرسىسىنى ئاتاپ جىھاد قىلغانلارنى جەننەتكە كىرگۈزۈشنى مەرھەمەت يۈزىسىدىن ئۆز ئۈستىگە ئالغان بولدى.

ئاللاھ تائالادىنمۇ راست سۆزلۈك كىم بار؟ ئۇنىڭدىنمۇ بەك ۋاپادار كىم بار؟ شەكسىزكى، ئاللاھ تائالا ھەممە نەرسىگە قادىردۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر ۋە بەندىلىرىنىڭ ئەھۋالىنى تولۇق بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. ئەھۋال شۇنداق ئىكەن، ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەر ئاللاھ تائالا بىلەن ئېلىپ بارغان بۇ سوداڭلاردىن (يەنى جانلىرىڭلار ۋە ماللىرىڭلارنى ئاللاھ تائالانىڭ يولىغا ئاتاش ئارقىلىق جەننەتنى قولغا كەلتۈرگەنلىكىڭلاردىن) خۇشال بولۇڭلار. چۈنكى، بۇ زور مۇۋەپپەقىيەتتۇر، بۇنىڭدىنمۇ كاتتا مۇۋەپپەقىيەت بارمۇ؟!

بۇ سودىنى قىلغان مۇئمىنلەر ھەقىقىي مۇئمىنلەر بولۇپ، ئۇلار چوڭ - كىچىك پۈتۈن گۇناھلىرى ئۈچۈن ئاللاھ تائالاغا سەممىي تەۋبە قىلغۇچىلاردۇر، ئۇنىڭغا قىلىدىغان پۈتۈن ئەمەل-ئىبادەتلىرىدە ئىخلاس قىلغۇچىلاردۇر، دىن ۋە دۇنيالىق بارلىق ئىشلىرىنى ئۇنىڭ كۆرسەتكىنى بويىچە قىلىپ، تەقۋالىق دائىرىسىدە ئىش كۆرگۈچىلەردۇر، مەدەت ۋە ياردەمنى ئاللاھ تائالادىنلا تەلەپ قىلغۇچىلاردۇر. ﴿إِيَّاكَ نَعْبُدُ وَإِيَّاكَ نَسْتَعِينُ﴾ يەنى ﴿(ئى رەببىمىز!) ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز ۋە سەندىنلا ياردەم تىلەيمىز﴾[1]. ئۇلار كەڭچىلىكتىمۇ ۋە قىسىنچىلىقتىمۇ ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇسانا ئېيتقۇچىلاردۇر، بېشىغا كەلگەن ھەممە مۇسىبەتنى ئاللاھنىڭ تەقدىرى دەپ بىلگۈچىلەردۇر. ئۇلار ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش، ئىلىم تەلەپ قىلىش، ھالال رىزىق ئىزدەش ياكى ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتىنىڭ كائىناتتىكى دەلىللىرىنى بايقاشقا ئوخشاش ياخشى ئىشلارنى نىيەت قىلىپ يەر يۈزىنى كېزىدىغانلاردۇر، ئاللاھ ئۈچۈن روزا تۇتقۇچىلاردۇر، نامازلىرىدا رۇكۇ ۋە سەجدىلىرىنى جايىدا ئورۇنداپ ۋايىغا يەتكۈزگۈچىلەردۇر، ئۇلار كىشىلەرنى ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇغۇچى ۋە يامان ئىشلاردىن توسقۇچىلاردۇر. (كىشىلەرنى ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن توسۇشتىن ئىبارەت بۇ ئىككى سۈپەت ئىسلامىي جەمئىيەتنى قوغداشنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ئامىللىرىدىن سانىلىدۇ). ئۇلار يەنە ئاللاھ تائالانىڭ پۈتۈن بەلگىلىمىلىرىگە رىئايە قىلغۇچىلاردۇر.

[1] فاتىھە سۈرىسى: 5-ئايەت.

مانا بۇلار مۇكاپاتلىرىنى تولۇق ئالىدىغان كامىل مۆئمىنلەرنىڭ سۈپەتلىرى بولۇپ، قىيامەتكە قەدەر ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىدىغان مۇجاھىدلارنى ۋە مۇشۇ سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلەنگۈچىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالانىڭ مۆئمىنلەرگە ئۇلارنىڭ جېنى ۋە پۇل-مېلى بىلەن جىھاد قىلىش بەدىلىگە ئاتا قىلىدىغان ئىنئاملىرى ھەقىقەتەن بۈيۈكتۇر، جەننەتلەردىكى ئەڭ يۇقىرى مەرتىۋىلەر ئۇلارنىڭدۇر.

2. ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىپ شېھىت بولۇش ئەڭ كاتتا مەرتىۋىلىك ئەمەلدۇر.

3. ئىنسانلارنىڭ تېنى، مال-مۈلۈكى ۋە ھەر نەرسىسى ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئۇلاردا قويۇلغان ئامانەتلەر بولۇپ، بۇنى مۆئمىنلەر ھەر زامان ھېس قىلىدۇ. مۆئمىنلەرنىڭ ۋەزىپىسى بۇ ئامانەتلەرنى ياخشى مۇھاپىزەت قىلىش ۋە ئاللاھ يولىدا ئىشلىتىشتىن بېخىللىق قىلماسلىقتۇر.

4. مۆئمىن ئادەم ئۆزىنىڭ تەن ساقلىقىغا، ئەقىدىسىگە ۋە ئەخلاقىغا زىيانلىق ئىشلارنى قىلماسلىقى لازىم. چۈنكى، مۇنداق قىلىش ئاللاھ تائالانىڭ ئامانىتىگە خىيانەت قىلغانلىق بولىدۇ.

5. مۆئمىن ئادەم ھەر ۋاقىت ئۆزىنى شەرىئەتنىڭ تارازىسى بىلەن ئۆلچەپ تۇرۇشى، «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىسلەردە ئوبرازى كۆرسىتىلگەن ھەقىقىي مۆئمىنلەرنىڭ سۈپىتىگە لايىق بولالىغان ياكى بولالمىغانلىقىنى باھالىشى، تولۇق بولسا ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلىپ يولىنى داۋاملاشتۇرۇشى، كەم تەرەپلىرى بولسا تولۇقلىشى لازىم.

## ◄ مۇشرىكلارغا مەغپىرەت تىلەشنىڭ خاتالىقى

﴿مَا كَانَ لِلنَّبِيِّ وَٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ أَن يَسْتَغْفِرُواْ لِلْمُشْرِكِينَ وَلَوْ كَانُوٓاْ أُوْلِي قُرْبَىٰ مِنۢ بَعْدِ مَا تَبَيَّنَ لَهُمْ أَنَّهُمْ أَصْحَٰبُ ٱلْجَحِيمِ ﴿١١٣﴾ وَمَا كَانَ ٱسْتِغْفَارُ إِبْرَٰهِيمَ لِأَبِيهِ إِلَّا عَن مَّوْعِدَةٍ وَعَدَهَآ إِيَّاهُ فَلَمَّا تَبَيَّنَ لَهُۥٓ أَنَّهُۥ عَدُوٌّ لِّلَّهِ تَبَرَّأَ مِنْهُ إِنَّ إِبْرَٰهِيمَ لَأَوَّٰهٌ حَلِيمٌ ﴿١١٤﴾ وَمَا كَانَ

ٱللَّهُ لِيُضِلَّ قَوۡمَۢا بَعۡدَ إِذۡ هَدَىٰهُمۡ حَتَّىٰ يُبَيِّنَ لَهُم مَّا يَتَّقُونَۚ إِنَّ ٱللَّهَ
بِكُلِّ شَيۡءٍ عَلِيمٌ ﴿١١٥﴾ إِنَّ ٱللَّهَ لَهُۥ مُلۡكُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِۖ يُحۡيِۦ
وَيُمِيتُۚ وَمَا لَكُم مِّن دُونِ ٱللَّهِ مِن وَلِيّٖ وَلَا نَصِيرٖ ﴿١١٦﴾

## ◄ تەرجىمىسى

113ـ(كاپىر ھالىتىدە ئۆلگەن) مۇشرىكلارنىڭ دوزاخ ئەھلى ئىكەنلىكى پەيغەمبەرگە ۋە مۇئمىنلەرگە ئېنىق مەلۇم بولغاندىن كېيىن، مۇشرىكلار ئۇلارنىڭ تۇغقىنى بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇلارنىڭ مۇشرىكلارغا مەغپىرەت تىلىشى دۇرۇس ئەمەس.

114ـئىبراھىمنىڭ ئۆزىنىڭ ئاتىسىغا مەغپىرەت تىلىشى پەقەت ئۇنىڭغا ئىلگىرى قىلغان ۋەدىسىنى ئورۇنلاش يۈزىسىدىن ئىدى. ئۇنىڭغا ئۆز ئاتىسىنىڭ ئاللاھنىڭ دۈشمىنى ئىكەنلىكى ئېنىق مەلۇم بولغاندىن كېيىن، ئۇ ئاتىسىدىن ئادا-جۇدا بولدى. شەكسىزكى، ئىبراھىم ئاللاھقا كۆپ ئىلتىجا قىلغۇچى، دىلى يۇمشاق، ئەپۇچان ئىدى.

115ـئاللاھ بىرەر قەۋمنى ھىدايەت قىلغاندىن كېيىن، ئۇلارغا ساقلىنىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى بايان قىلماي تۇرۇپ، ئۇلارنى ئازغۇنلۇقتا قويمايدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ ھەر نەرسىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

116ـشۈبھىسىزكى، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاللاھقا خاستۇر. ئاللاھ (خالىغانغا) ھايات بېرىدۇ، (خالىغاننىڭ) جېنىنى ئالىدۇ، سىلەرگە ئاللاھتىن باشقا ھېچبىر دوست ۋە مەدەتكار يوقتۇر.

## ◄ نازىل بولۇش سەۋەبى

سەئىد ئىبنى مۇسەييەب ئاتىسىدىن رىۋايەت قىلىدۇكى: «رەسۇ-لۇللاھنىڭ تاغىسى ئەبۇ تالىپ سەكراتقا چۈشۈپ قالغاندا، رەسۇلۇللاھ ئۇنى يوقلاپ كېلىپ، ئۇنىڭ يېنىدا ئەبۇ جەھل بىلەن ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇ ئۇمەيي يەنى كۆردى، رەسۇلۇللاھ تاغىسى ئەبۇ تالىبقا: ‹ئى تاغا! «لائىلاھە ئىللەللاھ» دېگىن، مەن ساڭا ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا گۇۋاھ بولاي› دېدى. ئەبۇ جەھل ۋە ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇ ئۇمەييە: ‹ھەي ئەبۇ تالىب! ئاتاڭ ئابدۇلمۇتتەلىبنىڭ دىنىدىن يۈز ئۆرۈمسەن؟› دېدى. رەسۇلۇللاھ

شاھادەت كەلتۈرمىسىنى ئۇنىڭغا داۋاملىق تەكرارلاپ تۇردى، ئۇ ئىككىسىمۇ ئاۋۋالقى سۆزىنى قايتىلاپ تۇردى. نەتىجىدە، ئەبۇ تالىبنىڭ ئەڭ ئاخىرقى سۆزى: ‹مەن ئابدۇلمۇتتەلىبنىڭ دىنىدىمەن› دېگەندىن ئىبارەت بولدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ «لائىلاھە ئىللەللاھۇ» دېگىلى ئۇنىمىدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ: ‹ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئەگەر مەن مەغپىرەت تەلەپ قىلىشتىن چەكلەنمىسەملا ساڭا چوقۇم مەغپىرەت تىلەيمەن› دېدى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئاللاھ تائالا: ﴿(كاپىر ھالىتىدە ئۆلگەن) مۇشرىكلارنىڭ دوزاخ ئەھلى ئىكەنلىكى پەيغەمبەرگە ۋە مۇئمىنلەرگە ئېنىق مەلۇم بولغاندىن كېيىن، مۇشرىكلار ئۇلارنىڭ تۇغقىنى بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇلارنىڭ مۇشرىكلارغا مەغپىرەت تىلىشى دۇرۇس ئەمەس﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى»[1].

يەنە بىر رىۋايەتلەردە بۇ ئايەتنىڭ بەزى ساھابىلەرنىڭ ئۆز تۇغقانلىرىغا مەغپىرەت تەلەپ قىلغانلىقى ھەققىدە نازىل بولغانلىقى سۆزلىنىدۇ. توغرىسىنى ئاللاھ تائالا ئۆزى بىلىدۇ.

### ◄ تەپسىرى

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر ۋە مۇئمىنلەرنىڭ ئۆلگىسى بولۇپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ مۇشرىكلار ئۈچۈن مەغپىرەت تىلىشى قەتئىي توغرا ئەمەس. بولۇپمۇ ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿إِنَّ ٱللَّهَ لَا يَغۡفِرُ أَن يُشۡرَكَ بِهِۦ وَيَغۡفِرُ مَا دُونَ ذَٰلِكَ لِمَن يَشَآءُۚ﴾ يەنى ﴿شەكسىزكى، ئاللاھ ئۆزىگە شېرىك كەلتۈرگەنلىكنىڭ گۇناھىنى قەتئىي كەچۈرمەيدۇ، بۇنىڭدىن باشقىسىنى خالىغان ئادەم ئۈچۈن مەغپىرەت قىلىدۇ﴾[2] دېگەن ۋە ﴿ٱسۡتَغۡفِرۡ لَهُمۡ أَوۡ لَا تَسۡتَغۡفِرۡ لَهُمۡ إِن تَسۡتَغۡفِرۡ لَهُمۡ سَبۡعِينَ مَرَّةٗ فَلَن يَغۡفِرَ ٱللَّهُ لَهُمۡۚ ذَٰلِكَ بِأَنَّهُمۡ كَفَرُواْ بِٱللَّهِ وَرَسُولِهِۦۗ وَٱللَّهُ لَا يَهۡدِي ٱلۡقَوۡمَ ٱلۡفَٰسِقِينَ﴾ يەنى ﴿(ئى پەيغەمبەر!) ئۇلار ئۈچۈن مەيلى مەغپىرەت تەلەپ قىل، مەيلى مەغپىرەت تەلەپ قىلما (بەرىبىر ئوخشاش)، ئۇلار ئۈچۈن يەتمىش قېتىم مەغپىرەت تەلەپ قىلساڭمۇ، ئاللاھ ھەرگىز ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى كەچۈرمەيدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئاللاھنى ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنى ئىنكار قىلدى، ئاللاھ پاسىق

[1] «صحيح مسلم» 1-توم، 54-بەت، 24-ھەدىس.
[2] نىسا سۈرىسى: 48 ئايەت.

قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ﴾[1] دېگەن ئايەتلىرى نازىل بولغاندىن كېيىن، مۇسۇلمانلارنىڭ كاپىرلار ئۈچۈن ئاللاھ تائالادىن مەغپىرەت تەلەپ قىلىشى قەتئىي جائىز ئەمەس. مۇشرىكلار گەرچە پەيغەمبەرنىڭ ۋە مۆئمىنلەرنىڭ ئەڭ يېقىن تۇغقانلىرى بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇلارنىڭ بۇ مۇشرىكلار ئۈچۈن ئاللاھ تائالادىن مەغپىرەت تىلىشى قەتئىي دۇرۇس ئەمەس. بۇ ھۆكۈم ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ دۈشمىنى ۋە دوزاخ ئەھلى ئىكەنلىكى مەلۇم بولغاندىن كېيىن، يەنى ئۇلار ئۆلگەندىن كېيىن ئىجرا قىلىنىدىغان بولۇپ، ئۇلار ئۆلۈشتىن ئىلگىرى ئۇلارغا ھىدايەت تەلەپ قىلىش ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارنى ئىسلامغا كىرىشكە مۇۋەپپەق قىلىشىنى تىلەش دۇرۇستۇر. ئەمما ئىمان ئېيتماي ئۆلگەن ئادەم ئۈچۈن ئاللاھ تائالادىن مەغپىرەت تەلەپ قىلىش قەتئىي توغرا ئەمەس. چۈنكى، ئۇ كاپىرلىق ھالىتىدە ئۆلگەنلىكى ئۈچۈن ئاللاھ تائالانىڭ دۈشمىنى ھېسابلىنىدۇ ۋە جەھەننەمدە مەڭگۈ قالغۇچىلاردىن بولۇپ كېتىدۇ.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئاتىسى ئازەر ئۈچۈن: ﴿وَٱغۡفِرۡ لِأَبِيٓ إِنَّهُۥ كَانَ مِنَ ٱلضَّآلِّينَ﴾ يەنى ﴿ئاتامغا مەغپىرەت قىلغىن، ئۇ ھەقىقەتەن ئازغۇنلاردىن بولدى﴾[2] دەپ مەغپىرەت تەلەپ قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ﴿ئۇ ھەقىقەتەن ئازغۇنلاردىن بولدى﴾ دېگەن سۆزىدىن «ئى رەببىم! ئۇنى ئىمانغا مۇۋەپپەق قىلغىن» دېگەن مەنە چىقىدۇ. ئىككىنچى، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز ئاتىسىغا مەغپىرەت تىلىشى، ﴿لَأَسۡتَغۡفِرَنَّ لَكَ﴾ يەنى ﴿مەن ساڭا چوقۇم مەغپىرەت تەلەپ قىلىمەن﴾[3] دەپ ئۇنىڭغا ئىلگىرى قىلغان ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىدى. كېيىنچە، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ئۆز ئاتىسىنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ دۈشمىنى ئىكەنلىكى ئېنىق مەلۇم بولغاندىن كېيىن، ئۇ ئاتىسىدىن بارلىق ئالاقىسىنى ئۈزگەن ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئادا-جۇدا بولغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭغا ھەرگىز مەغپىرەت تىلىمەيدىغان بولغان. شۇڭا تىرىكلەر ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئىمان ئېيتىشىنى ۋە ھىدايەت تېپىشىنى تىلەپ ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلسا بولىدۇ. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن: «ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئاتىسى ئۆلگەنگە قەدەر ئۇنىڭغا ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلەشنى توختاتمىدى. ئاتىسى كاپىر پېتى ۋاپات قىلىپ، ئۇنىڭ ئاللاھنىڭ دۈشمىنى ۋە دوزاخ ئەھلى ئىكەنلىكى ئۇنىڭغا ئېنىق مەلۇم

---

[1] تەۋبە سۈرىسى: 80-ئايەت.
[2] شۇئەرا سۈرىسى: 86 -ئايەت.
[3] مۇمتەھىنە سۈرىسى: 4 -ئايەت.

بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا قەتئىي مەغپىرەت تىلىمەيدىغان بولغان»[1].

ھەقىقەتەن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام كىشىلەرنىڭ ھىدايەت تېپىشىنى تىلەپ ئاللاھ تائالاغا كۆپ دۇئا قىلىدىغان، قەۋمىنىڭ ئىمان ئېيتىشتىن باش تارتقانلىقى سەۋەبلىك كۆپ ئاھ چېكىدىغان، دىلى يۇمشاق، تولىمۇ كۆيۈمچان، ئاللاھ يولىدا يەتكەن جاپا-مۇشەققەتلەرگە ۋە ئەزىيەتلەرگە بەكمۇ چىداملىق زات ئىدى.

«مۇشرىكلارغا مەغپىرەت تىلەشتىن توسقان ئايەت نازىل بولغان چاغدا، مۇئمىنلەر بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۇلارغا مەغپىرەت تەلەپ قىلىش ئارقىلىق سادىر قىلغان خاتالىقلىرى سەۋەبلىك ئاللاھ تائالانىڭ جازاسىغا ئۇچراپ قېلىشتىن قاتتىق قورققان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا : ﴿ئاللاھ بىرەر قەۋمنى ھىدايەت قىلغاندىن كېيىن، ئۇلارغا ساقلىنىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى بايان قىلماي تۇرۇپ، ئۇلارنى ئازغۇنلۇقتا قويمايدۇ﴾ دېگەن ئايەتنى نازىل قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ بۇ قورقۇنچىسىنى يوق قىلغان ۋە ئۇلارنى بىلمىگەنلىك سەۋەبتىن سادىر قىلغان خاتالىقلىرى ئۈچۈن جازالىمايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن»[2].

بىلىڭلاركى، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشاھلىقى، ھۆكۈمرانلىقى يالغۇز بىر ئاللاھ تائالاغىلا خاستۇر، ئاللاھ تائالا ھەممە ئىشقا قادىردۇر، ئاللاھ تائالا خالىغان بەندىسىنى ياشىتىدۇ، خالىغان بەندىسىنى ئۆلتۈرىدۇ، ئاللاھ تائالا چىقارغان ھۆكۈمنى قايتۇرغۇچى ياكى ئۇنىڭغا قارشى چىققۇچى يوقتۇر. ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەرنىڭ كاپىرلار بىلەن يېقىنلىقىڭلار ۋە تۇغقانچىلىقىڭلار سىلەرنى ئالداپ قويمىسۇن، ئۇلار بەرىبىر ئاللاھ تائالانىڭ دۈشمىنىدۇر. سىلەرمۇ ئۇلارنى دۈشمەن بىلىڭلار، سىلەر ئاللاھ تائالادىنلا قورقۇڭلار. چۈنكى، سىلەرگە ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچقانداق دوست ۋە مەدەتكار يوقتۇر.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. كاپىر پېتى ئۆلگەنلەرنىڭ گۇناھلىرىنىڭ مەغپىرەت قىلىنىشىنى تىلەپ ئىستىغپار ئېيتىشقا بولمايدۇ.

2. ھەرقانداق ۋەدىگە، كېلىشىمگە ۋە ئەھدە-مىساققا رىئايە قىلىش مۇسۇلمانلار ئۈچۈن پەرزدۇر.

[1] «تفسير الطبري» 14-توم، 519-ئايەت.
[2] «مفاتيح الغيب للرازي» 16-توم، 160-بەت.

3. ئاللاھ تائالا ئەزەلدىن بەندىلىرىگە توغرا يول ۋە توغرا ئىشنى كۆرسەتمەي تۇرۇپ، ئۇلارنى ئازغۇنلۇقتا قويمايدۇ.

4. ئىنسانىنىڭ ئاللاھ تائالادىن باشقا ئىگىسى، ھەقىقىي ياردەمچىسى يوقتۇر. ئاللاھ تائالانى دوست ۋە ياردەمچى تۇتقان ۋە ئۇنىڭغا ھەر ئىشتا تايانغانلار مەڭگۈ زىيان تارتمايدۇ.

### ◄ تەۋبىنىڭ شەرتلىرى، سەدىقنىڭ پەزىلىتى

﴿لَّقَد تَّابَ ٱللَّهُ عَلَى ٱلنَّبِيِّ وَٱلۡمُهَٰجِرِينَ وَٱلۡأَنصَارِ ٱلَّذِينَ ٱتَّبَعُوهُ فِي سَاعَةِ ٱلۡعُسۡرَةِ مِنۢ بَعۡدِ مَا كَادَ يَزِيغُ قُلُوبُ فَرِيقٖ مِّنۡهُمۡ ثُمَّ تَابَ عَلَيۡهِمۡۚ إِنَّهُۥ بِهِمۡ رَءُوفٞ رَّحِيمٞ ١١٧ وَعَلَى ٱلثَّلَٰثَةِ ٱلَّذِينَ خُلِّفُواْ حَتَّىٰٓ إِذَا ضَاقَتۡ عَلَيۡهِمُ ٱلۡأَرۡضُ بِمَا رَحُبَتۡ وَضَاقَتۡ عَلَيۡهِمۡ أَنفُسُهُمۡ وَظَنُّوٓاْ أَن لَّا مَلۡجَأَ مِنَ ٱللَّهِ إِلَّآ إِلَيۡهِ ثُمَّ تَابَ عَلَيۡهِمۡ لِيَتُوبُوٓاْۚ إِنَّ ٱللَّهَ هُوَ ٱلتَّوَّابُ ٱلرَّحِيمُ ١١٨ يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ ٱتَّقُواْ ٱللَّهَ وَكُونُواْ مَعَ ٱلصَّٰدِقِينَ ١١٩﴾

### ◄ تەرجىمىسى

117ـ ئاللاھ ھەقىقەتەن پەيغەمبەرنىڭ ۋە ئۇنىڭغا قىيىنچىلىق پەيتىدە ئەگەشكەن مۇھاجىرلار ۋە ئەنسارلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلدى. (ئۆز ۋاقتىدا) ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ دىللىرى ھەقتىن بۇرۇلۇپ كېتىشكە تاس قالغاندىن كېيىن، ئۇلارنى تەۋبىگە مۇۋەپپەق قىلدى. شەكسىزكى، ئاللاھ ئۇلارغا تولىمۇ كۆيۈمچاندۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.

118ـ(جىھادتىن) قېلىپ قالغان ئۈچ كىشىنىڭ (تەۋبىسىنىمۇ ئاللاھ قوبۇل قىلدى). شۇنچە كەڭ زېمىن ئۇلارغا تار تۇيۇلغان، ئۇلارنىڭ ئىچى سىقىلغان، ئۇلار ئاللاھقا تەۋبە قىلماي تۇرۇپ ئاللاھنىڭ غەزىپىدىن قۇتۇلۇش مۇمكىن ئەمەسلىكىگە ئىشەنگەن ئىدى. ئاندىن ئۇلارنىڭ تەۋبە قىلغۇچىلاردىن بولۇشى ئۈچۈن، ئاللاھ ئۇلارنى تەۋبە قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلدى. چۈنكى، ئاللاھ تەۋبىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.

**119-ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار، راستچىللار بىلەن بىللە بولۇڭلار.**

### ◄ تەپسىرى

تەۋبە – سادىر قىلىنغان گۇناھلارغا پۇشايمان قىلىپ، قايتا گۇناھ قىلماسلىققا بەل باغلاپ، ئاللاھ تائالا تەرەپكە قايتىش دېمەكتۇر.

ئاللاھ تائالانىڭ سۈپەتلىرى ئىچىدە «التَّوابُ» (ئەتتەۋۋاب) دېگەن سۈپىتى بولۇپ، مەنىسى: خالىغان بەندىلىرىنى تەۋبە قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلغۇچى ۋە تەۋبە قىلغۇچىلارنىڭ تەۋبىسىنى ناھايىتى بەك قوبۇل قىلغۇچى دېگەنلىكتۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەزى مۇناپىقلارنىڭ جىھادتىن قېلىپ قېلىشىغا رۇخسەت بەرگەن. ئاللاھ تائالا بۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كايىپ، ﴿عَفَا ٱللَّهُ عَنكَ لِمَ أَذِنتَ لَهُمۡ حَتَّىٰ يَتَبَيَّنَ لَكَ ٱلَّذِينَ صَدَقُواْ وَتَعۡلَمَ ٱلۡكَٰذِبِينَ﴾ يەنى ﴿(ئى پەيغەمبەر!) ئاللاھ سېنى كەچۈردى، (ئۇزرىسىدە) راستچىللار ساڭا ئېنىق بولمىغۇچە ۋە سەن يالغانچىلارنى بىلمىگۈچە، نېمىشقا ئۇلارغا (جىھادقا چىقماسلىققا) رۇخسەت بەردىڭ؟﴾[1] دېگەن ئايەتنى نازىل قىلغان. بۇ ئايەت ﴿إِنَّا فَتَحۡنَا لَكَ فَتۡحٗا مُّبِينٗا ۝١ لِّيَغۡفِرَ لَكَ ٱللَّهُ مَا تَقَدَّمَ مِن ذَنۢبِكَ وَمَا تَأَخَّرَ وَيُتِمَّ نِعۡمَتَهُۥ عَلَيۡكَ وَيَهۡدِيَكَ صِرَٰطٗا مُّسۡتَقِيمٗا ۝٢ وَيَنصُرَكَ ٱللَّهُ نَصۡرًا عَزِيزًا﴾ يەنى ﴿(ئى پەيغەمبەر!) ئاللاھنىڭ سېنىڭ ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى گۇناھلىرىڭنى مەغپىرەت قىلىشى، ساڭا بەرگەن نېمىتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشى، سېنى توغرا يولغا باشلىشى، ساڭا ناھايىتى كۈچلۈك ياردەم بېرىشى ئۈچۈن، بىز ساڭا ئوپئوچۇق غەلىبە ئاتا قىلدۇق﴾[2] دېگەن ئايەتكە ئوخشاپ كېتىدۇ. چۈنكى، ھەر ئىككىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خاتالىقلىرىنىڭ مەغپىرەت قىلىنغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا يەنە مۇھاجىرلار بىلەن ئەنسارلارنىڭ تەبۇك غازىتى بولغان كۈندىكى قاتتىق سىناقلاردا ئۆتكۈزۈپ قويغان بەزى خاتالىقلىرىنى كەچۈرۈۋەتكەن.

ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ، مۇھاجىرلارنىڭ ۋە ئەنسار-

---

[1] تەۋبە سۈرىسى: 43-ئايەت.

[2] فەتھ سۈرىسى: 1-3- ئايەتلەر.

لارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلدى ۋە ئۇلارنىڭ كەمچىلىكلىرىنى كەچۈرۈۋەتتى. چۈنكى، ئۇلار قاتتىق كۆڭلىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگەشكەن، جىهاد مەيدانلىرىدا ئۇنى يالغۇز تەرك ئەتمىگەن، تەبۇك غازىتى ۋە باشقا غازاتلاردا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، ئۇنىڭ يېنىدا بولغان كىشىلەردۇر. ئۇلار غازات جەريانىدا ئاچلىقتىن ۋە سۇسىزلىقتىن قىينالغانلىقىنىڭ ئۈستىگە، ھاۋانىڭ ئىسسىقلىقى تۈپەيلى قاتمۇقات جاپا-مۇشەققەتلەرگە دۇچ كەلگەن ئىدى. بىر پىرقە كىشىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەمرىگە ئاسىيلىق قىلىپ ئۆزرىسىز تۇرۇپ جىهادقا چىقىشتىن باش تارتىپ، توغرا يولدىن ئېزىپ كەتكىلى تاس قالغان بىر پەيتتە، مەزكۇر ساھابىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگەشكەن، ئۇنى يالغۇز قويمىغان ۋە ئۇنىڭ يولىدا ئىرچىل ماڭغان ئىدى. ئاللاھ تائالا ئۆزرىسىز تۇرۇپ جىهادتىن قېلىپ قالغان بولسىمۇ، دىلىدا نىفاق (يەنى مۇناپىقلىق) بولمىغان، ياخشى ئىشلارنى قىلىش بىلەن بىرگە يامان ئىشلارنىمۇ قىلىپ قويغانلارنىڭمۇ تەۋبىلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى كەچۈرۈۋەتتى. چۈنكى، ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە ناھايىتى مېهرىباندۇر، تەۋبە قىلغۇچىلارنى بەكمۇ مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر.

ئەمما كەئب ئىبنى مالىك قاتارلىق ئۈچ كىشىنىڭ ئىشى «قۇرئان كەرىم»دىن ئايەت نازىل بولغانغا قەدەر كېچىكتۈرۈلگەن بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام غازاتتىن مەدىنىگە قايتىپ كېلىپ ساق 50 كۈندىن كېيىن، ئاللاھ تائالانىڭ بۇ ئۈچ كىشىنىڭ گۇناھلىرىنى كەچۈرگەنلىكى ھەققىدە ئايەت نازىل بولغان.

كەئب ئىبنى مالىك مۇنداق دەيدۇ: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چىققان غازاتلاردىن تەبۇك غازىتىدىن باشقا ھېچبىر غازاتتىن قېلىپ قالمىغان ئىدىم. بەدرى غازىتىغا قاتنىشالمىدىم. بىرەر كىشىمۇ مېنى جىهادقا چىقمىغانلىقىم ئۈچۈن كايىغان ئەمەس. مەن تەبۇك غازىتىغا چىقىشتىن قېلىپ قالدىم. ھالبۇكى، مېنىڭ ئۆزرەم يوق ئىدى، شارائىتىممۇ يار بېرەتتى، ئىككى ئۇلىغىم بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەبۇك غازىتىدىن باشقا قانداقلا بىر غازاتقا چىقماقچى بولغىنىدا، ئېهتىيات يۈزىسىدىن بىرگە باشقا تەرەپنى ئېيتاتتى. ئەمما تەبۇك غازىتى ئېنىق ئېلان قىلىنغان ئىدى. ھاۋا قاتتىق ئىسسىق، دۈشمەن تەرەپ بىزدىن كۈچ ۋە سان جەھەتتە نەچچە ھەسسە ئارتۇق، سەپەر بەكمۇ يىراق ئىدى. مەن بۇ غازاتقا چىقىشقا تەييارلىقمۇ كۆرۈپ قويغان ئىدىم. ئەمما چىقمىدىم.

ئىچىمدە: ‹مەن بۇ جىھادقا چىقىشقا قادىر تۇرۇقلۇق ئەجەب چىقمىدىمغۇ؟› دەيدىغان بىر غۇم داۋاملىق مېنى ئازابلاپ كەلدى. باشقىلار غازات قىلدى، ئەمما مەن بۇ غازاتقا چىقمىغانلىقىم ئۈچۈن قاتتىق پۇشايمان قىلدىم ۋە ئۆزۈمنى كېسەلچانلار، ياشانغانلار ۋە ئۆزرىلىكلەر قاتارىدىن ساناپ قالدىم. ئاخىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام غازاتتىن قايتىپ كەلدى. مەن ئۇنىڭ ئالدىغا نېمە دەپ چىقىشىمنى ۋە ئۆزرىسىز تۇرۇپ جىھادقا چىقمىغانلىق گۇناھىمنى قانداق يالغان ئۆزرىلەر بىلەن ئاقلىشىمنى بىلمىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر ۋاقىت غازاتتىن قايتىپ كەلگىنىدە، ئالدى بىلەن مەسجىدكە بېرىپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇيتتى، ئاندىن جامائەتكە يۈزلىنىپ سۆھبەتلىشەتتى. جىھادقا چىقمىغانلار ئۇنىڭ ئالدىدا ئۆزرىلىرىنى بايان قىلىشقا باشلايتتى. ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ يالغان ئۆزرىلىرى ئاللاھ تائالاغا ئايان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا ئاچچىق كۈلۈپ قوياتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەندىن نېمە ئۈچۈن غازاتتىن قېلىپ قالغانلىقىمنى سورىدى. مەن دېدىم: ‹يا رەسۇلۇللاھ! مەن سۆزگە ئۇستا بىر ئادەممەن. ھازىر سىلىدىن باشقا ئادەمنىڭ ئالدىدا بولغان بولسام، ئەلۋەتتە يالغاندىن ئۆزرىلەرنى ئويدۇرۇپ چىقىپ ئۇنى چوقۇم قايىل قىلالاتتىم. ئەمما سىلىنى قايىل قىلىمەن دەپ، يالغان ئېيتسام ئاللاھ بۇنى بىلىدۇ. ئاللاھنىڭ غەزىپىگە ئۇچرىشىم تۇرغانلا گەپ. سىلىگە راست گەپ قىلىپ، ئۆزرىسىز تۇرۇپ غازاتتىن قېلىپ قالغانلىقىمنى دېسەم سىلى ماڭا ئاچچىقلىنىسىلا. مەن ئەمدى ئىشىمنى ئاللاھقا تاپشۇردۇم. مېنىڭ جىھادقا چىقماسلىقىقا ھېچقانداق ئۆزرەم يوق ئىدى، چىقسام ئەلۋەتتە چىقالايتتىم، ئەمما چىقمىدىم› دېدىم. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ‹بۇ راست گەپ قىلدى› دېدى ۋە ‹ئورنۇڭدىن تۇر! سېنىڭ ئىشىڭنى ئاللاھ بىر تەرەپ قىلىدۇ› دېدى. مەن تۇرۇپ كەتتىم ۋە مەن بىلەن يەنە ئىككى كىشىمۇ بار ئىدى، ئۇلارغىمۇ شۇنداق دېدى. ئۇلارنىڭ بىرى، ھىلال ئىبنى ئۇمەييە، يەنە بىرى، مەرارە ئىبنى رەبىئ ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارنىڭ بىزگە سۆز قىلىشىنى مەنئى قىلدى. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر بىزگە قارىمايدىغان بولدى. مەن ئۆزۈمگە ئۆزۈم مالامەت قىلىشقا باشلىدىم. زېمىن بىزگە تار كەلدى. بۇ ھالەتتە 50 كۈن تۇردۇق. ئىككى سەپدىشىم ئۆز ئۆيلىرىدە بولۇپ، يىغلاش ۋە پۇشايمان قىلىش بىلەن ئۆتتى. مەن ھەر كۈنى مەسجىدكە چىقىمەن، بازارلارغا بارىمەن. ماڭا ھېچكىم گەپ قىلمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەجلىسلىرىگە بېرىپ سالام بېرىمەن، ماڭا بىرەرسى ئاغزىنى مىدىرلىتامدۇ يوق دەپ قاراپ تۇرىمەن. ئەمما ماڭا ھېچكىم گەپ قىلمايدۇ، سالاممۇ قىلمايدۇ. 40 كۈن بولغاندا پەيغەمبەر

ئەلەيھىسسالام بىزگە ئاياللىرىدىن يىراق تۇرۇشىمىز ھەققىدە ئەلچى ئەۋەتىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئايالىمنى ئائىلىسىگە ئەۋەتتىم. سەپداشلىرىمنىڭ شۇنداق قىلدى. مەن 10 كۈن يالغۇز قالدىم. بىر كۈنى بامدات نامىزىدا ئىدىم. جامائەت ئەتراپىمنى ئورىۋالدى ۋە ھەممىسى ئاللاھنىڭ مېنى ئەپۇ قىلغانلىقى ھەققىدە ئايەت نازىل بولغانلىقىنى ئېيتىپ، مېنى قىزغىن تەبرىكلىدى»[1].

سەمىمىي تەۋبە ئەنە شۇنداق بولىدۇ. گۇناھىغا پۇشايمان قىلغانلىقتىن زېمىن تار كەلگەندەك ھېس قىلىپ قاتتىق سىقىلغان بولۇش، گۇناھقا قايتماسلىققا چىن ئىرادە باغلاش، بىراۋنىڭ ھەققىگە تاجاۋۇز قىلغان بولسا ھەققىنى قايتۇرۇپ بېرىپ، ئۇنى رازى قىلىش قاتارلىقلار ھەقىقىي سەمىمىي تەۋبىنىڭ شەرتلىرىدۇر.

يۇقىرىقى ئۈچ كىشىنىڭ تەۋبىسىنىڭ قوبۇل بولۇشىدا ئۇلارنىڭ راستچىللىقى ئاساسلىق رول ئوينىغان. چۈنكى، راستچىللىق نىجاتلىقتۇر. شۇڭا ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ تەۋبىسىنىڭ قوبۇل بولغانلىقىنىڭ بايانىغا مۇنۇ ئايەتنى ئەگەشتۈرۈپ كەلتۈرگەن: ﴿ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار ۋە راستچىللار بىلەن بىللە بولۇڭلار﴾.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارنى راستچىللىققا ئۈندەپ مۇنداق دېگەن: «عَلَيْكُمْ بِالصِّدْقِ، فَإِنَّ الصِّدْقَ يَهْدِى إِلَى الْبِرِّ، وَإِنَّ الْبِرَّ يَهْدِى إِلَى الْجَنَّةِ، وَمَا يَزَالُ الرَّجُلُ يَصْدُقُ وَيَتَحَرَّى الصِّدْقَ حَتَّى يُكْتَبَ عِنْدَ اللهِ صِدِّيقًا، وَإِيَّاكُمْ وَالْكَذِبَ، فَإِنَّ الْكَذِبَ يَهْدِى إِلَى الْفُجُورِ، وَإِنَّ الْفُجُورَ يَهْدِى إِلَى النَّارِ، وَمَا يَزَالُ الرَّجُلُ يَكْذِبُ وَيَتَحَرَّى الْكَذِبَ حَتَّى يُكْتَبَ عِنْدَ اللهِ كَذَّابًا» يەنى «ھەمىشە راستچىل بولۇڭلار! چۈنكى، راستچىللىق ياخشىلىققا باشلايدۇ، ياخشىلىق جەننەتكە باشلايدۇ. كىمكى ھەمىشە راست گەپ قىلسا ۋە راست گەپ قىلىشقا تىرىشسا، ئاخىر ئۇ كىشى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا راستچىل بەندە بولۇپ يېزىلىدۇ؛ سىلەر قانداقلا بىر يالغانچىلىقتىن ساقلىنىڭلار! چۈنكى، يالغانچىلىق كىشىنى ئاسىيلىققا، ئاسىيلىق دوزاخقا ئېلىپ بارىدۇ. كىمكى ھەمىشە يالغانچىلىق قىلسا ۋە يالغان گەپ قىلىشقا تىرىشسا، ئاخىر ئۇ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا يالغانچى بولۇپ يېزىلىدۇ»[2].

---

[1] «تفسير الطبري» 14-توم، 548-556-بەت.

[2] «صحيح مسلم» 4-توم، 2013-بەت، 2607-ھەدىس، «صحيح البخاري» 8-توم، 25-بەت، 6094 - ھەدىس.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى تاللانغان زاتلار بولۇپ، ئاللاھ تائالا خۇددى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئىنسانلار ئارىسىدىن تاللاپ چىقىپ، ئۇنى ئاخىر زامان پەيغەمبىرى قىلغىنىدەك، ئۇنىڭغا ھەمراھ بولىدىغان كىشىلەرنىمۇ ئالاھىدە تاللاپ چىقىپ، ئەڭ ئۇلۇغ پەيغەمبەرگە ئەڭ ئۇلۇغ ھەمراھلار قىلىپ ياراتقان. شۇڭا تا قىيامەتكىچە ھېچكىم ساھابىلەرنىڭ مەرتىۋىسىگە يېتەلمەيدۇ. ساھابىلەرنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى ساناپ بولۇش مۇمكىن ئەمەس.

2. ئىسلام تارىخىدىكى ئەڭ جاپالىق غازات تەبۇك غازىتىدۇر.

3. ئاللاھ تائالا مۇئمىن بەندىلىرىنىڭ قەلبىنى قىيىن سىناقلاردا مۇستەھكەم قىلىدۇ. بۇ پەقەت ئاللاھ تائالاغا ھەقىقىي ئىشەنچ قىلىش، ئۇنىڭغا تايىنىش ۋە ئۇنىڭ ياردىمىنى تىلەش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ.

4. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىدىن كەئب ئىبنى مالىك ۋە ئۇنىڭ ئىككى سەپدىشى راستچىللىقتا ۋە ئاللاھ تائالاغا سەمىمىي تەۋبە قىلىپ توغرا يولغا قايتىشتا ئۇلۇغلۇق ساھابىلەردىن سانىلىدۇ. ئۇلار تا قىيامەتكىچە مۇئمىنلەر ئۈچۈن ئۈلگىدۇر.

5. نىيەتتە، ئەمەلدە، گەپ-سۆزدە ۋە جىمى ئىشلاردا تەقۋالىق ۋە راستچىللىق بىلەن ئىش كۆرۈش ھەقىقىي مۇئمىنلەرنىڭ خىسلىتىدۇر.

### ◄ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن جىھاد قىلىشنىڭ مۇكاپاتى

﴿مَا كَانَ لِأَهۡلِ ٱلۡمَدِينَةِ وَمَنۡ حَوۡلَهُم مِّنَ ٱلۡأَعۡرَابِ أَن يَتَخَلَّفُواْ
عَن رَّسُولِ ٱللَّهِ وَلَا يَرۡغَبُواْ بِأَنفُسِهِمۡ عَن نَّفۡسِهِۦۚ ذَٰلِكَ بِأَنَّهُمۡ لَا
يُصِيبُهُمۡ ظَمَأٞ وَلَا نَصَبٞ وَلَا مَخۡمَصَةٞ فِي سَبِيلِ ٱللَّهِ وَلَا يَطَـُٔونَ
مَوۡطِئٗا يَغِيظُ ٱلۡكُفَّارَ وَلَا يَنَالُونَ مِنۡ عَدُوّٖ نَّيۡلًا إِلَّا كُتِبَ لَهُم
بِهِۦ عَمَلٞ صَٰلِحٌۚ إِنَّ ٱللَّهَ لَا يُضِيعُ أَجۡرَ ٱلۡمُحۡسِنِينَ ﴿١٢٠﴾ وَلَا يُنفِقُونَ
نَفَقَةٗ صَغِيرَةٗ وَلَا كَبِيرَةٗ وَلَا يَقۡطَعُونَ وَادِيًا إِلَّا كُتِبَ لَهُمۡ
لِيَجۡزِيَهُمُ ٱللَّهُ أَحۡسَنَ مَا كَانُواْ يَعۡمَلُونَ ﴿١٢١﴾﴾

### تەرجىمىسى

120-مەدىنە ئاھالىسى ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى سەھرالىق ئەرەبلەرنىڭ رەسۇلۇللاھ بىلەن جىھادقا بىللە چىقىشتىن قېلىپ قېلىشى، ئۆزلىرىنىڭ ئارامى بىلەنلا بولۇپ، جاپادا رەسۇلۇللاھ بىلەن بىللە بولماسلىقى توغرا ئەمەس ئىدى. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى، ئۇلار ئاللاھنىڭ يولىدا ئۇچرىغان ھەربىر ئۇسسۇزلۇق، تارتقان ھەرقانداق جاپا-مۇشەققەت ۋە ئاچلىق، ئۇلارنىڭ كاپىر-لارنى غەزەپلەندۈرىدىغان ھەربىر قەدىمى، دۈشمەن ئۈستىدىن (غالىب كېلىپ) قولغا كەلتۈرگەن ھەربىر مۇۋەپپەقىيەت ئۈچۈن ئۇلارغا ياخشىلىق يېزىلىدۇ. چۈنكى ئاللاھ (ئۆزىنىڭ ئەمر-پەرمانلىرىنى) مۇكەممەل ئادا قىلغۇچىلارنىڭ ئەجرىنى ھەرگىز بىكار قىلىۋەتمەيدۇ.

121-ئۇلارنىڭ (ئاللاھنىڭ يولىدا) مەيلى كىچىك بولسۇن ياكى چوڭ بولسۇن، سەرپ قىلغان نەرسىسى ۋە جىھاد ئۈچۈن باسقان ھەربىر قەدىمى ئۇلارنىڭ ئاللاھ مۇكاپاتلايدىغان ئەڭ ياخشى ئەمەللىرى سۈپىتىدە يېزىپ قويۇلىدۇ.

### تەپسىرى

ئاللاھ تائالانىڭ يولىدا جىھاد قىلىش ئىماننىڭ ئەڭ يۇقىرى مەرتىۋىسى، ئەمەللەرنىڭ ئەڭ كاتتىسى، دۈشمەندىن ئامان بولۇشنىڭ، ئىسلام دىيارلىرىنى مۇستەملىكىچىلەرنىڭ خىرىسلىرىدىن ساقلاپ قېلىشنىڭ، ئادالەت ۋە ھەقىقەتنى بەرپا قىلىشنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ئامىلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا دىن ۋە دۇنيالىق ھەرقانداق ئىشنى قېتىرقىنىپ ۋە بېرىلىپ مۇكەممەل قىلغۇچىلارنى ياخشى كۆرىدۇ ۋە ئۇلارغا ياردەم قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ جىھاد قىلىش ئەڭ شەرەپلىك ئەمەل بولۇپ، ئۇ زات بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ جىھاد قىلىشتىن ئايرىلىپ قېلىش ئۆزىنى زىيانغا ئۇچراتقانلىق ۋە چوڭ بەختسىزلىكتۇر. ئەينى ۋاقىتتا مەدىنە ئەتراپىدىكى قەبىلىلەردىن مۇزەينە، جۇھەينە، ئەشجە، ئەسلەم ۋە غىفار قەبىلىلىرىنىڭ جىھادتىن قېلىپ قېلىشى تېخىمۇ توغرا بولمايتتى. چۈنكى، ئۇلار مەدىنە ئىسلام دۆلىتىنىڭ مەركىزىدە ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدا ياشايدىغان قەبىلىلەر بولغانلىقتىن، دۆلەتنى قوغداش ئۇلار ئۈچۈن بەكرەك زۆرۈر ئىدى. ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبىرى ئۆزىنىڭ ئەزىز جېنىنى ۋە بارلىقىنى پىدا قىلىپ، ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشقا ئاتلىنىپ ئالدىنقى سەپكە چىققان ۋە بارچە

جاپا-مۇشەققەتلەرگە چىداپ، خەتەرلەرگە ئۆزىنى ئاتقان يەردە، مۇسۇلمانلارنىڭ جىھادتىن ئايرىلىپ قېلىشى قەتئىي توغرا بولمايتتى. ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى مۇشەققەت تارتسا، باشقا مۇسۇلمانلار بەخىرامان ئۆيلىرىدە ئولتۇرۇۋالسا بولامدۇ؟ بۇ ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ ئىمانى قانداق بولىدۇ؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «لاَ يُؤْمِنُ أَحَدُكُمْ ، حَتَّى أَكُونَ أَحَبَّ إِلَيْهِ مِنْ وَالِدِهِ وَوَلَدِهِ وَالنَّاسِ أَجْمَعِينَ» يەنى «سىلەرنىڭ ھېچبىرىڭلار مېنى ئاتىسىدىن، بالىسىدىن ۋە بارلىق كىشىلەردىن ئارتۇق سۆيمىگۈچە مۇئمىن بولالمايدۇ» [1] دېگەن.

ئۇلار ئاللاھ يولىدا مەيلى ئاز، مەيلى كۆپ، قانداقلا بىر چىقىمنى قىلسۇن، قانداقلا بىر ۋادىدىن ئۆتسۇن، ئاللاھ تائالا ئەلۋەتتە ئۇلارنى ئەڭ كاتتا ۋە ئەڭ ئېسىل مۇكاپاتلار بىلەن مۇكاپاتلايدۇ. ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش ئىماننى، ۋەتەننى قوغداش يولىدىكى ئەڭ كاتتا پەرزدۇر. ھەققانىي جىھادنى تەرك ئەتكەن مىللەت خورلۇق بىلەن ئېزىلىشتىن باشقىسىغا ئېرىشەلمەيدۇ.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالانىڭ سۆيۈملۈك پەيغەمبىرى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئۆزىنىڭ جېنىدىن، بالىلىرىدىن ۋە ھەرقانداق نەرسىسىدىن ئارتۇق ياخشى كۆرۈپ ئەقىدە قىلمىغان ئادەمنىڭ ئىمانى تاكامۇللاشمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى سۆيۈش ئۇنىڭ يولىدا ئىزچىل مېڭىش، ئۇنىڭغا سادىق بولۇش بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

2. ئاللاھ تائالانىڭ يولىدا پۇل-مال سەرپ قىلىش ئەڭ پەزىلەتلىك ئەمەللەردىن بولۇپ، ئۇنىڭ مۇكاپاتى ھەسسىلەپ بېرىلىدۇ.

### ◄ ئىلىم تەھسىل قىلىشنىڭ پەزىلىكى

﴿ وَمَا كَانَ ٱلْمُؤْمِنُونَ لِيَنفِرُواْ كَآفَّةً ۚ فَلَوْلَا نَفَرَ مِن كُلِّ فِرْقَةٍ
مِّنْهُمْ طَآئِفَةٌ لِّيَتَفَقَّهُواْ فِى ٱلدِّينِ وَلِيُنذِرُواْ قَوْمَهُمْ إِذَا رَجَعُوٓاْ إِلَيْهِمْ
لَعَلَّهُمْ يَحْذَرُونَ ﴿١٢٢﴾ ﴾

[1] «صحيح البخاري» 1-توم، 12-بەت، 15 – ھەدىس.

### تەرجىمىسى

122 ـ مۆئمىنلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ جىھادقا چىقىشى لايىق ئەمەس. ئۇلارنىڭ ھەربىر جامائەسىدىن بىر تۈركۈمى (جىھادقا چىقىپ)، (يەنە بىر تۈركۈمى) دىندا ئالىم بولۇپ، قەۋمى (جىھادتىن) قايتىپ كەلگەندە، ئۇلارنىڭ (ئاللاھتىن) قورقۇشى ئۈچۈن، ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇش مەقسىتىدە، نېمىشقا (دىنىنى ئۆگىنىشكە) قېلىپ قالمىدى؟

### بۇ ئايەتنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

«قۇرئان كەرىم» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ جىھاد قىلىشتىن قېلىپ قالغانلار ھەققىدە توختالغان ئايەتلەردە، مۇناپىقلارنىڭ ئەپتى - بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلىغان، مۆئمىنلەردىن ئۆزرىسىز تۇرۇپ جىھادقا چىقمىغانلارغا قاتتىق كايىغان. ئاندىن بۇ ئايەتتە بولسا ئۇلارغا ئىشلارنى رەتكە سېلىش ۋە قوشۇننىڭ بىرلىكىنى ساقلاشنى ئۆگەتكەن.

### تەپسىرى

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن بۇ ئايەتنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام غازاتقا ئەۋەتكەن قوشۇن ھەققىدە نازىل بولغانلىقىنى بايان قىلغان. بۇ خۇددى ئالدىنقى ﴿مَا كَانَ لِأَهْلِ ٱلْمَدِينَةِ وَمَنْ حَوْلَهُم مِّنَ ٱلْأَعْرَابِ أَن يَتَخَلَّفُواْ عَن رَّسُولِ ٱللَّهِ وَلَا يَرْغَبُواْ بِأَنفُسِهِمْ عَن نَّفْسِهِۦ﴾ يەنى ﴿مەدىنە ئاھالىسى ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى سەھرالىق ئەرەبلەرنىڭ رەسۇلۇللاھ بىلەن جىھادقا بىللە چىقىشتىن قېلىپ قېلىشى، ئۆزلىرىنىڭ ئارامى بىلەنلا بولۇپ، جاپادا رەسۇلۇللاھ بىلەن بىللە بولماسلىقى توغرا ئەمەس ئىدى﴾[1] دېگەن ئايەتكە ئوخشاش بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جىھادقا چىققاندا، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قېلىشقا بولمايدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئومۇمىيۈزلۈك جىھادقا چاقىرىلماستىن، بەلكى مەخسۇس قوشۇننىڭلا چىقىشى بەلگىلەنگەن غازاتلارغا مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ چىقىشى ھاجەتسىز. چۈنكى، مۇنداق ۋاقىتتىكى جىھاد ئۇنىڭغا چىقىشقا بەلگىلەنگەنلەر ئۈچۈن پەرز ئەين بولسا، باشقا مۇسۇلمانلار ئۈچۈن پەرز

[1] تەۋبە سۈرىسى: 120 ـ ئايەت.

كۈپايىنىڭ ئورنىدا تۇرىدۇ. ھەربىر جامائەدىن ياكى ھەربىر شەھەردىن شارائىتنىڭ تەقەززاسىغا ۋە تەلەپكە ئاساسەن مەلۇم كىشىلەر جىھادقا چىقسا، قالغانلىرىنىڭ دىنىي ئىلىملەرنى مۇكەممەل ئۆگىنىش، «قۇرئان كەرىم»نىڭ سىر-ھېكمەتلىرىنى بىلىش بىلەن بولۇشى لازىم بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا تۇرۇپ دىنىنىڭ ئەھكاملىرىنى ۋە «قۇرئان كەرىم»نى ئۆگىنىدىغان بىر جامائەت بولۇشى لازىم. ئۇلار جىھادتىن قايتىپ كەلگەن مۇجاھىدلارغا «قۇرئان كەرىم»دىن نازىل بولغان ئايەتلەرنى يەتكۈزۈشى ۋە ئۆگەنگەن دىنىي ئىلىملەردىن ئۇلارنىمۇ خەۋەردار قىلىشى لازىم. بۇلارنىڭ ھەممىسى دىندا تاكامۇللىشىش ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن ساقلىنىش ئۈچۈندۇر.

ئايەت ئىشارەت قىلغاندەك، ئىلىم تەھسىل قىلىش مۇسۇلمانلار ئۈچۈن پەرز بولۇپ، مەرتىۋە جەھەتتە جىھادتىن قېلىشمايدۇ. جىھاد دىن ئۈچۈن، ۋەتەن ئۈچۈن قانچىلىك مۇھىم بولسا، ئىلىممۇ شۇنداق مۇھىمدۇر. چۈنكى، ۋەتەن ئۆلۈمدىن قورقمايدىغان، جەڭگىۋار مۇجاھىد ئەرلەرگە موھتاج بولغاندەك، پاكىت ۋە ھۆججەتلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ۋەتەننىڭ دەۋاسىنى قىلىدىغان بىلىملىك كىشىلەرگىمۇ موھتاجدۇر. كىشىلەرنىڭ مەنىۋىيىتىنى كۈچەيتىش، ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى ئويغىتىش، بارلىقنى خەلقى ۋە ۋەتىنى ئۈچۈن ئاتاشنى بىلىدىغان ئەزىمەتلەرنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن ئىلىم تەھسىل قىلىپ بىلىملىك بولۇش ئەڭ ئەھمىيەتلىك پەرزلەرنىڭ بىرىدۇر. ئىسلام دىيارلىرىنى ھىمايە قىلىش، قوغداش مۇقەددەس ۋەزىپىدۇر.

ئايەت ئىشارەت قىلغاندەك، ئوقۇش ۋە ئۆگىنىشتىن مەقسەت دىندا مۇكەممەل ئالىم بولۇش، دىنىنىڭ روھىنى توغرا ۋە تولۇق چۈشىنىپ، ھاياتلىقتا تەتبىقلاش ئارقىلىق ئىككى ئالەملىك بەخت - سائادەتكە ئېرىشىشتۇر. بۇ مەقسەت كىشىلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا يېتەكلەش، ئۇلارغا ئىسلامنىڭ گۈزەل تەلىماتلىرىنى ئۆگىتىش، ئۇلارنى ياخشىلىقنى سۆيىدىغان، يامانلىققا قارشى تۇرىدىغان، پىداكارلىقتىن قورقمايدىغان قىلىپ تەربىيەلەپ چىقىش قاتارلىق ئىشلار بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئاللاھ تائالا ئىماندا، ئەخلاقتا، ئەقلىي ۋە جىسمانىي تەرەپلىرىدە كۈچلۈك بولغان مۆئمىننى ياقتۇرىدۇ.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئىلىم تەھسىل قىلىش بىلەن ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش بىر-

بىرىدىن قېلىشمايدىغان كاتتا ئەمەللەردۇر. ئالىم بىلىمنى ئاللاھ تائالا رازى بولىدىغان يولغا ئىشلىتىش بىلەن، مۇجاھىد جىھاد قىلىپ ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى قوغداش بىلەن كاتتا ئەجىر-ساۋابقا ئېرىشىدۇ.

2. ئىسلام ئۈممىتىنىڭ مۇجاھىدلار بىلەن جىھادقا بولغان ھاجىتى ئىلىم ۋە ئالىمغا بولغان ھاجىتىگە ئوخشاشتۇر.

## ◄ كاپىرلارغا قارشى جىھاد قىلىش ھەققىدە تەلىماتلار

﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ قَٰتِلُواْ ٱلَّذِينَ يَلُونَكُم مِّنَ ٱلْكُفَّارِ وَلْيَجِدُواْ فِيكُمْ غِلْظَةً ۚ وَٱعْلَمُوٓاْ أَنَّ ٱللَّهَ مَعَ ٱلْمُتَّقِينَ ﴿١٢٣﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

123-ئى ئىمان ئېيتقانلار! كاپىرلاردىن ئۆزۈڭلارغا يېقىن جايدىكىلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىڭلار، ئۇلار سىلەردە قاتتىق قوللۇقنى كۆرسۇن، بىلىڭلاركى، ئاللاھ تەقۋادارلار بىلەن بىللىدۇر.

### ◄ تەپسىرى

ئى ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتقانلار! كاپىرلاردىن سىلەرگە يېقىن جايدا بولغانلىرى بىلەن ئېلىشىڭلار، ئۇلارغا قارشى جان تىكىپ جىھاد قىلىڭلار، سىلەردە ئۇلارنىڭ ھەيۋىسىنى چۈشۈرىدىغان ۋە ئۇلارنىڭ ھەقىقەتنى تونۇپ «قۇرئان كەرىم»نىڭ ھىدايىتىنى قوبۇل قىلىشىغا تۈرتكە بولىدىغان ئىرادە ۋە كۈچ-قۇۋۋەت بولسۇن. بىلىڭلاركى، ئاللاھ تائالا قۇرئان ۋە سۈننەتنىڭ يولىدا ئىزچىل مېڭىپ، ئۆزىنىڭ دىن ۋە دۇنيالىق ئىشلىرىنى مۇكەممەل ئادا قىلىدىغان بەندىلىرى بىلەن بىللىدۇر، ئۇلارغا ياردەم، نۇسرەت ئاتا قىلىدۇ ۋە ئۇلارنى ھىمايىسىگە ئېلىپ قوغدايدۇ.

ئەللامە ئىبنى جەرىر تەبەرىي مۇنداق دېگەن: «بۇ ئايەتتە كۆزدە تۇتۇلغان كاپىرلار رىملىقلار بولۇپ، ئۇلار شامدا ياشايتتى. شام بولسا مەدىنىگە ئىراقتىنمۇ يېقىن جايدۇر. ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن مۇسۇلمانلار شەھەرلەرنى فەتھى قىلغاندىن كېيىن، ئىسلام شەھەرلىرىدىن ھەربىر شەھەر ئاھالىسى ئۆزىگە يېقىن جايدىكى دۈشمەنلەر بىلەنلا ئۇرۇشۇشقا، مەجبۇر بولۇپلا قالمىسا باشقا جايلاردىكى كاپىرلار بىلەن ئۇرۇشماسلىققا،

ناۋادا باشقا جايلاردىكى مۇسۇلمانلار ياردەم تىلىسە، ئۇلارغا ياردەم بېرىشكە بۇيرۇلغان. چۈنكى، مۇسۇلمانلار دۈشمەنلىرىگە قارشى بىر قولدۇر»[1]. ئەللامە ئىبنى كەسىر مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ مۇئمىنلەرنى ئۆزلىرىگە يېقىن بولغان جايدىكى كاپىرلارغا قارشى جىھاد قىلىشقا بۇيرۇغان. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاۋۋال ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى مۇشرىكلارغا قارشى جىھاد قىلغان. ئۇنىڭدىن كېيىن ئاللاھ ئۇنىڭغا مەككە، تائىف، يەمەن، يەمامە، ھىجر، خەيبەر، ھەزرەمۇت قاتارلىق ئەرەب شەھەرلىرىنى فەتھى قىلىشنى نېسىپ قىلغان. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر ئىسلامغا توپ-توپ بولۇپ كىرگەن. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەھلى كىتابقا قارشى جىھاد قىلىشقا باشلاپ، رىملىقلارغا قارشى جىھادقا ئاتلانغان. چۈنكى، رىملىقلارنىڭ تۇرغان جايى ئەرەب يېرىم ئارىلىغا ئەڭ يېقىن ئىدى»[2].

ئۆز ۋاقتىدا رىملىقلار تۇرۇۋاتقان سۈرىيە مۇسۇلمانلارنىڭ زېمىنىگە ئەڭ يېقىن ئىدى، ھەتتا مەدىنىگە ئىراقتىنمۇ يېقىن ئىدى. ئۇ چاغدا رىملىقلار بىلەن ئىرانلىقلار ۋە ئۇلارغا بېقىندى بولۇپ ياشايدىغان بەزى ئەرەب قەبىلىلىرى مۇسۇلمانلارغا دۈشمەن بولۇپ، ئۇلار ھەدەپ مۇسۇلمانلارغا ۋە ئۇلارنىڭ دۆلىتىگە تەھدىت سالاتتى. ئەرەب قەبىلىلىرىنى كۈشكۈرتۈپ ئىسلام دەۋىتىگە قارشى ئۇرۇشلارنى قوزغىتاتتى. يەھۇدىيلار بولسا خەيبەر رايونىدا ئىسلام دىنىغا ۋە مۇسۇلمانلارغا قارشى ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ باراتتى. شۇنداق بىر ۋەزىيەتتە رىملىقلارنىڭ ئۆزىگە بېقىندىغان ئەرەب قەبىلىلىرى بىلەن بىرلىكتە مەدىنە ئىسلام دۆلىتىگە قارشى ئۇرۇش تەييارلىقى قىلىۋاتقانلىق خەۋىرى كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنە ئىسلام دۆلىتىنىڭ تىنچلىقىنى قوغداش ئۈچۈن رىملىقلارغا قارشى غازاتقا ئاتلىنىپ، ھازىرقى سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ غەربى شىمالىدىكى چېگرا رايونى بولغان تەبۇك شەھىرىگە يېتىپ بارىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرى بىلەن بىر ئايلىق ئۇزۇن مۇساپىلىق تەبۇك غازىتىدىن غەلىبە بىلەن قايتىدۇ.

مۇسۇلمانلار ئالدى بىلەن ئۆزلىرىگە يېقىن جايدىكى ئۇرۇشقاق كاپىرلارغا قارشى جىھاد قىلىشقا بۇيرۇلغاندەك، ئىسلام دەۋىتىنىمۇ ئاۋۋال ئۆزلىرىگە ئەڭ يېقىن بولغانلاردىن باشلاشقا بۇيرۇلغان. ﴿لِتُنذِرَ أُمَّ ٱلْقُرَىٰ وَمَنْ حَوْلَهَا﴾ يەنى ﴿مەككە ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكىلەرنى ئا-

[1] «تفسير الطبري» 207ـ بەت.

[2] «تفسير ابن كثير» 207ـ بەت.

گاھلاندۇرۇشۇڭ ئۈچۈن...﴾[1] ﴿وَأَنذِرْ عَشِيرَتَكَ ٱلْأَقْرَبِينَ﴾ يەنى ﴿(ئى پەيغەمبەر! ئاۋۋال) يېقىن تۇغقانلىرىڭنى ئاگاھلاندۇرغىن﴾[2] دېگەن ئايەتلەر بۇنىڭ مىسالى. ئەمما ئىسلام دەۋىتى پۈتۈن ئىنسانىيەتكە قارىتىلغان ئومۇمىي دەۋەت. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پۈتۈن ئىنسانلارغا ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەردۇر. ﴿وَأُوحِيَ إِلَيَّ هَٰذَا ٱلْقُرْءَانُ لِأُنذِرَكُم بِهِۦ وَمَنۢ بَلَغَ﴾ يەنى ﴿بۇ قۇرئان ماڭا سىلەرنى ۋە قۇرئان يەتكەن كىشىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇشۇم ئۈچۈن ۋەھيى قىلىندى﴾[3] دېگەن ئايەت بۇنىڭ مىسالى. بۇ دېگەنلىك ئاۋۋال ئەرەبلەرنى، ئاندىن «قۇرئان كەرىم»نىڭ دەۋىتى يېتىپ بارغان جايلاردىكى ئىنسانلارنى ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرۇشۇم ئۈچۈن «قۇرئان كەرىم» ماڭا نازىل قىلىندى، دېگەنلىكتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن باشلاپ، ساھابىلەر، تابىئىنلار ۋە ھەربىر ئەسىرنىڭ دەۋەتچىلىرى ئالدى بىلەن ئۇرۇق-تۇغقانلىق ۋە يۇرت-ماكان جەھەتتىن ئۆزلىرىگە ئەڭ يېقىن بولغانلارنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىش بىلەن ئىش باشلىغان.

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە ﴿وَلْيَجِدُوا۟ فِيكُمْ غِلْظَةً﴾ «ئۇلار سىلەردە قاتتىق قوللۇقنى كۆرسۇن» دېيىش ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنى ئۇرۇشخۇمار كاپىرلارغا ئۆزلىرىنىڭ كۈچىنى كۆرسىتىپ قويۇشقا ۋە ئۇلارنى مۇسۇلمانلارغا قارشى ھەرىكەتكە ئۆتەلمەيدىغان ھالغا چۈشۈرۈپ قويۇشقا بۇيرۇيدۇ.

ئاللاھ تائالا دىن ۋە دۇنيالىق بارلىق ئىشلارنى ئىخلاس بىلەن قېتىرقىنىپ قىلىدىغان، ئەمەل-ئىبادەتلەرنى مۇكەممەل ئادا قىلىدىغان، ئاللاھ تائالا بەلگىلەپ بەرگەن شەرىئەت قانۇنىنىڭ چەك-چېگراسىدىن چەتنەپ كەتمەيدىغان ۋە ئاللاھ تائالانىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن ئىش كۆرىدىغان تەقۋادار مۇئمىنلەر بىلەن بىللىدۇر، ئۇلارنى ياخشى كۆرىدۇ، ئۇلارغا ياردەم قىلىدۇ.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئۇرۇش مەيدانىدا كەسكىنلىك ۋە قەتئىيلىك تەلەپ قىلىنىدۇ. ئەسكەرلەر روھلۇق بولغاندىلا دۈشمەن تەرەپنى ئۈمىدسىزلەندۈرگىلى ۋە

[1] شۇرا سۈرىسى: 7-ئايەت.

[2] شۇئەرا سۈرىسى: 214-ئايەت.

[3] ئەنئام سۈرىسى: 19-ئايەت.

ئۇلارنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى چۇشۇرگىلى بولىدۇ.

2. ئاللاھ تائالا ھەقىقىي تەقۋادار بەندىلىرىگە ياردەم قىلىدۇ ۋە ئۇلارنى ھىمايە قىلىدۇ.

### ◄ مۇناپىقلار ۋە ئۇلارنىڭ «قۇرئان كەرىم» گە قارشى مەۋقەسى

﴿وَإِذَا مَآ أُنزِلَتۡ سُورَةٞ فَمِنۡهُم مَّن يَقُولُ أَيُّكُمۡ زَادَتۡهُ هَٰذِهِۦٓ إِيمَٰنٗاۚ
فَأَمَّا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ فَزَادَتۡهُمۡ إِيمَٰنٗا وَهُمۡ يَسۡتَبۡشِرُونَ ١٢٤ وَأَمَّا ٱلَّذِينَ
فِي قُلُوبِهِم مَّرَضٞ فَزَادَتۡهُمۡ رِجۡسًا إِلَىٰ رِجۡسِهِمۡ وَمَاتُواْ وَهُمۡ كَٰفِرُونَ
١٢٥ أَوَلَا يَرَوۡنَ أَنَّهُمۡ يُفۡتَنُونَ فِي كُلِّ عَامٖ مَّرَّةً أَوۡ مَرَّتَيۡنِ ثُمَّ لَا
يَتُوبُونَ وَلَا هُمۡ يَذَّكَّرُونَ ١٢٦ وَإِذَا مَآ أُنزِلَتۡ سُورَةٞ نَّظَرَ بَعۡضُهُمۡ
إِلَىٰ بَعۡضٍ هَلۡ يَرَىٰكُم مِّنۡ أَحَدٖ ثُمَّ ٱنصَرَفُواْۚ صَرَفَ ٱللَّهُ قُلُوبَهُم
بِأَنَّهُمۡ قَوۡمٞ لَّا يَفۡقَهُونَ ١٢٧﴾

### ◄ تەرجىمىسى

124ـ قاچانكى بىرەر سۈرە نازىل قىلىنسا، ئۇلارنىڭ (مۇناپىقلارنىڭ) ئارىسىدا: «بۇ سۈرە قايسىڭلارنىڭ ئىمانىنى كۈچەيتىپتۇ؟» دەيدىغانلار بار، مۆئمىنلەرگە كېلىدىغان بولساق، (نازىل قىلىنغان ھەربىر سۈرە) ئۇلارنىڭ ئىمانىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى، ئۇلار بولسا سۆيۈنۈپ كېتىدۇ.

125ـ دىللىرىدا (مۇناپىقلىق) كېسىلى بارلارغا كېلىدىغان بولساق، (ھەر بىر ئايىتىمىز) ئۇلارنىڭ كۇفرىلىقىغا كۇفرىلىق قوشتى، ئۇلار كاپىر پېتى ئۆلدى.

126ـ ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھەر يىلى بىر قېتىم ياكى ئىككى قېتىم سىنىلىـ ـدىغانلىقىنى كۆرمەمدۇ؟ شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇلار تەۋبە قىلمايدۇ، ئىبرەتمۇ ئالمايدۇ.

127ـ (ئۇلارنىڭ ئەيىبىنى ئاچىدىغان) بىرەر سۈرە نازىل قىلىنسا، ئۇلار: «سىلەرنى بىر كىم كۆرۈپ قالارمۇ» دەپ، بىر-بىرىگە قارايدۇ، ئاندىن تىكىۋېتىدۇ، ئۇلار (ھەقىقەتنى) چۈشەنمەيدىغان قەۋم بولغانلىقى ئۈچۈن،

ئاللاھ ئۇلارنىڭ دىللىرىنى (ئۇنىڭدىن) بۇرىۋەتتى.

## تەپسىرى

نىفاق ـ ئىككى يۈزلىمچىلىك دېگەنلىك بولۇپ، ئۇ ئىنتايىن ناچار ئىجتىمائىي ئىللەت ۋە خەتەرلىك ئۆسمىدۇر. ئۇ ئىگىسىنى رەزىل، پەسكەش ئىشلارنى قىلىشقا ئېلىپ بارىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىكى مۇناپىقلار ئەنە شۇنداق رەزىل مەخلۇقلار ئىدى. «قۇرئان كەرىم»دىن بىرەر سۈرە نازىل بولۇپ، ئۇلارغا يەتكۈزۈلسە، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مۇناپىق دوستلىرىغا ياكى ئىمانى ئاجىز مۇسۇلمانلارغا: «بۇ سۈرە قايسىڭلارنىڭ ئىمانىنى كۈچەيتىپتۇ؟ مۇھەممەدنى راستچىل دەپ ئېتىقاد قىلىشىڭلار قايسىڭلارنىڭ ئىمانىنى ئاشۇرۇپتۇ؟» دەيتتى. شەكسىزكى، ئىمان ـ ھەقىقەتكە چىن قەلبىدىن ئىشىنىپ بويسۇنۇش دېگەنلىك بولۇپ، «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئايەتلىرىنى ئاڭلاش بىلەن بۇ ئىمان تېخىمۇ كۈچىيىدۇ. ئۇ ۋاقىتتا بۇ ئايەتلەرنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېغىزىدىن ئاڭلىغانلارنىڭ ئىمانى ئالاھىدە كۈچلىنىپ كېتەتتى.

ئاللاھ تائالا مۇناپىقلارنىڭ يۇقىرىقى سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىپ دەيدۇكى: ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە چىن ئىشىنىپ ئىمان ئېيتقانلارنىڭ قەلبى ئىسلام نۇرى بىلەن يورۇپ، «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرى بىلەن كۈچلىنىدۇ، ھەتتا بىرەر سۈرە ياكى بىرەر ئايەتنىڭ تىلاۋىتىنى ئاڭلاش بىلەنمۇ ئۇلارنىڭ ئىمانى كۈچىيىدۇ، بۇ ئايەتلەر ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئىمانىغا ئىمان، ئىشەنچىگە ئىشەنچ، ئەقىدىسىگە ئەقىدە قوشۇلىدۇ، دىلىدىكى ھۇزۇر ۋە خاتىرجەملىك ئاشىدۇ، كۆڭۈللىرى «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرى بىلەن ياشنايدۇ، ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىگە بولغان ئۈمىدۋارلىقى ئاشىدۇ. ئەمما قەلبىدە شەك ۋە مۇناپىقلىق كېسىلى بولغانلارنىڭ كاپىرلىقى، مۇناپىقلىقى ۋە نىجىسلىقى «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرى بىلەن تېخىمۇ ئېشىپ كېتىدۇ. مۇنداقلار ئاخىرى ئاشۇ كۇفرى ۋە نىفاق بىلەن ئۆلىدۇ.

ئۇلار بۇنى بىلمەمدۇ؟ ياكى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەرسىزمۇ؟ ئۇلارغا نۇرغۇن سىناقلار ئارقا ـ ئارقىدىن كېلىپ تۇرسىمۇ، ئاگاھلاندۇرۇشلار بېرىلىپ تۇرسىمۇ، ھەقىقەتنى باتىلدىن ئايرىپ بېرىدىغان ئايەتلەر كېلىپ تۇرسىمۇ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ راستتىنلا ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ۋە «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئاللاھنىڭ سۆزى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان تۈرلۈك مۆجىزىلەر، كائىنات ئالامەتلىرى ھەر ۋاقىت

ئۇلارنىڭ كۆزىگە چېلىقىپ تۇرسىمۇ، ئۇلار يەنى لا ئاغزىدىلا ئىمان ئېيتىپ قويۇپ، دىللىرىدا كۇفرىنى يوشۇرۇشتىن ئىبارەت خەسىسلىكىنى ۋە ناچار ئادىتىنى تۈگىتەلمىدى. شۇنچە كۆپ مۆجىزىلەر ۋە ئايەتلەر ئۇلارنى ھەقىقەتكە يېتەكلەشكە يېتەرلىك ئەمەسمىدى؟! ئەلۋەتتە يېتەرلىك ئىدى. ئەمما ئۇلارنىڭ نىفاقىنىڭ ۋە گۇناھ-مەئسىيەتنىڭ قاتمۇقات كىرلىرى بىلەن قېتىپ ۋە قارىيىپ كەتكەن دىللىرىغا ئىماننىڭ نۇرى كىرەلمىدى.

ئېنىقكى، مۇنداق مۇناپىقلار بۇنىڭدىن كېيىنمۇ تەۋبە قىلمايدۇ، ۋەز-نەسىھەتنى قوبۇل قىلمايدۇ، بېشىغا كەلگەنلەردىن ئىبرەت ئالمايدۇ.

ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا ئولتۇرغانلىرىدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيى كېلىپ بىرەر ئايەت ياكى بىرەر سۈرە نازىل بولسا، ئۇلار بىر-بىرىگە مالامەت قىلىشقان كەيپىياتتا قارىشاتتى، كۆزلىرى بىلەن بىر-بىرىگە ئىشارەت قىلىشاتتى. بۇ ئۇلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىنىڭ خارابلىقىدىن، قورقۇنچىسىنىڭ كۆپلۈكىدىن دېرەك بېرەتتى.

شۇ سەۋەبتىن، ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ قەلبلىرىنى ئىمان نۇرىدىن ۋە ياخشىلىقلاردىن مەھرۇم قىلىپ پېچەتلىۋەتتى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ قەلبى قارىلىقتىن كىر بېسىپ كەتكەچكە نۇرنى قوبۇل قىلالمايتتى، ئۇلار خۇددى بارماقلىرى بىلەن قۇلاقلىرىنى ئېتىۋالغاندەك ھەقىقەتنىڭ ساداسىنى ئاڭلاشتىن قاچقانلىقى ئۈچۈن ھەق دىننى بىلمەيدۇ، چۈشەنمەيدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇلارنى تۆھمەتلىرى سەۋەبلىك خار قىلسۇن!

«قۇرئان كەرىم» بۇ ئايەتلەردە بايان قىلغاندەك، مۇناپىقلار ئايەتلەرنى تەپەككۇر قىلمايدىغان، نېمىنىڭ پايدىلىق ۋە نېمىنىڭ زىيانلىق ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىغان، شەكىلۋاز مەخلۇقلاردۇر. ئەمما مۆئمىنلەر ئايەتلەر تىلاۋەت قىلىنغاندا كۆڭۈللىرى يايراپ يۈرەكلىرى تىترەپ كېتىدىغان، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ھەقىقەتكە باش ئېگىدىغان، ئاڭلاۋاتقان قۇرئان تىلاۋىتىدىن باشقا قانداقلا بىر ئاۋازنى ئاڭلاشتىن گاس بولۇپ كېتىدىغان كىشىلەردۇر.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

**1.** ئىمان ياخشى ئەمەللەرنى قىلىش بىلەن كۈچلىنىدۇ، گۇناھ-مەئسىيەتلەر بىلەن ئاجىزلىشىدۇ.

2. مۆئمىن ئادەم ياخشى ئەمەللىرى بىلەن خۇشاللىنىدۇ، گۇناھلىرى سەۋەبلىك غەمكىن بولىدۇ. مانا بۇ ئىماننىڭ ئالامىتىدۇر.

3. مەنىۋى كېسەللىكى بولغانلار تەۋبە قىلىپ، ئەخلاقىنى يامان ئىللەتلەردىن ئىسلاھ قىلمىسا، ئۇلارنىڭ مەنىۋى كېسەللىكى تېخىمۇ ئېشىپ كېتىدۇ. گۈزەل ئەخلاقلىق مۆئمىننىڭ قەلبى ئۇنىڭ گۈزەل ئەخلاقى ۋە پەزىلەتلىك ئەمەللىرى سايىسىدا تېخىمۇ گۈزەللىشىدۇ. بۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئەزەلدىن بەلگىلىگەن قانۇنىيىتىدۇر.

4. ئاخىرقى ئايەتتە مۇناپىقلارنىڭ رەزىللىكى ئېچىپ تاشلانغان بولۇپ، مۇناپىقلارنىڭ ھىيلە-مىكىرلىرىگە ئالدانماسلىق ئەقىللىق مۆئمىنلەرگە خاس ئالاھىدىلىكتۇر.

### ◄ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مېھىر-شەپقىتى

﴿لَقَدْ جَآءَكُمْ رَسُولٌ مِّنْ أَنفُسِكُمْ عَزِيزٌ عَلَيْهِ مَا عَنِتُّمْ حَرِيصٌ عَلَيْكُم بِٱلْمُؤْمِنِينَ رَءُوفٌ رَّحِيمٌ ﴿١٢٨﴾ فَإِن تَوَلَّوْا۟ فَقُلْ حَسْبِىَ ٱللَّهُ لَآ إِلَٰهَ إِلَّا هُوَ ۖ عَلَيْهِ تَوَكَّلْتُ ۖ وَهُوَ رَبُّ ٱلْعَرْشِ ٱلْعَظِيمِ ﴿١٢٩﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

128-(ئى ئىنسانلار!) ھەقىقەتەن سىلەرگە ئۆزۈڭلاردىن بولغان بىر پەيغەمبەر كەلدى. سىلەرنىڭ كۈلپەت چېكىشىڭلار ئۇنىڭغا ئېغىر تۇيۇلىدۇ؛ ئۇ سىلەرگە (يەنى ھىدايەت تېپىشىڭلارغا) ھېرىستۇر، مۆئمىنلەرگە بەكمۇ شەپقەتلىكتۇر، ناھايىتى كۆيۈمچاندۇر.

129-(ئى پەيغەمبەر!) ئەگەر ئۇلار سەندىن يۈز ئۆرۈسە، سەن: «ئاللاھ ماڭا يېتەرلىكتۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوقتۇر، ئۇنىڭغىلا تەۋەككۈل قىلدىم، ئۇ بۈيۈك ئەرشنىڭ ئىگىسىدۇر» دېگىن.

### ◄ تەپسىرى

ئى ئەرەبلەر! نېمە ئۈچۈن ئىسلام دىنىغا كىرىشكە ۋە ئۆزۈڭلارنىڭ ئارىسىدىن چىققان بۇ پەيغەمبەرنى ئېتىراپ قىلىشقا ئالدىرىمايسىلەر؟

باشقا مىللەتلەرگە قارىغاندا سىلەرنىڭ بىرىنچى بولۇپ ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىشىڭلار ۋە ئۇنى قوللاپ-قۇۋۋەتلىشىڭلار كېرەك ئەمەسمىدى؟ كۆپ سانلىق مۇپەسسىرلەر بۇ ئايەتتىكى خىتاب ئەرەبلەرگە قارىتىلغان دەپ قارايدۇ. ئەللامە ئىبنى جەرىر تەبەرىي مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالا ئەرەبلەرگە دەيدۇكى، ئى قەۋم! ئاللاھ سىلەرگە سىلەر بىلىدىغان بىر پەيغەمبەرنى ئۆز ئىچىڭلاردىن چىقىرىپ بەردى»[1].

رەببىڭلارنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئى ئەرەبلەر! پەيغەمبەر سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىن چىقتى، ئۇنىڭغا بېرىلگەن كىتاب سىلەرنىڭ تىلىڭلار بولغان ئەرەب تىلىدا نازىل بولدى. سىلەر ئۇ پەيغەمبەرنىڭ تىلىنى ئوبدان چۈشىنىسىلەر، ئۇنىڭ ئەخلاقىنى ياخشى بىلىسىلەر، راستچىللىقىغا ھەممىڭلار گۇۋاھسىلەر. ئۇنىڭ ھەققىدە باشقىلار بىلمىگەنلەرنى سىلەر بىلىسىلەر. بۇ پەيغەمبەر سىلەرنى بەختنىڭ كاپالىتى بولغان ئىمانغا ۋە ئاخىرەتتە نىجاتلىققا چاقىرىدۇ. ئۇ پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ پەيغەمبىرىدۇر. ﴿قُلْ يَٰٓأَيُّهَا ٱلنَّاسُ إِنِّى رَسُولُ ٱللَّهِ إِلَيْكُمْ جَمِيعًا ٱلَّذِى لَهُۥ مُلْكُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ ۖ لَآ إِلَٰهَ إِلَّا هُوَ يُحْىِۦ وَيُمِيتُ ۖ فَـَٔامِنُوا۟ بِٱللَّهِ وَرَسُولِهِ ٱلنَّبِىِّ ٱلْأُمِّىِّ ٱلَّذِى يُؤْمِنُ بِٱللَّهِ وَكَلِمَٰتِهِۦ وَٱتَّبِعُوهُ لَعَلَّكُمْ تَهْتَدُونَ﴾ يەنى ﴿(ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «ئى ئىنسانلار! مەن ھەقىقەتەن ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ ئىگىسى بولغان ئاللاھنىڭ ھەممىڭلارغا ئەۋەتكەن ئەلچىسىمەن. ئۇنىڭدىن باشقا (ھېچقانداق) ئىلاھ يوقتۇر، ئاللاھ تىرىلدۈرىدۇ ۋە ئۆلتۈرىدۇ. شۇڭا سىلەر ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈڭلار، (شۇنىڭدەك) ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ئىمان كەلتۈرىدىغان ئەلچىسىگە - ئوقۇش ۋە يېزىشنى بىلمەيدىغان پەيغەمبەرگە ئىمان كەلتۈرۈڭلار، ھىدايەت تېپىشىڭلار ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئەگىشىڭلار﴾[2].

ئى ئەرەبلەر! مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام گەرچە پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەر بولسىمۇ، ئۇ سىلەردىن چىققانلىقى ۋە سىلەرنىڭ تىلىڭلاردا سۆزلىگەنلىكى ئۈچۈن سىلەرنىڭ ئۇنى ئېتىراپ قىلىشتا ئەڭ ئالدىنقىلاردىن بولۇشۇڭلار لازىم ئەمەسمىدى؟ ئۇنىڭغا نازىل بولغان مۇقەددەس كىتاب -«قۇرئان كەرىم»مۇ سىلەرنىڭ تىلىڭلار بىلەن نازىل بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى سىلەر ئوڭايلا ئوقۇيالايسىلەر، مەنىسىنىمۇ ئوبدان چۈشىنىسىلەر. ئەھۋال شۇنداق تۇرسىمۇ، سىلەر نېمىشقا ئىمان

[1] «تفسير الطبري» 14ـ توم، 585ـ بەت.

[2] ئەئراف سۈرىسى: 158 ـئايەت.

ئېيتىشتا ئالدىنقىلاردىن بولۇشقا ئالدىرىمايسىلەر؟

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ئايەتلەردە بايان قىلىنغان سۈپەتلىرى تۆۋەندىكىچە:

1. ﴿سىلەرنىڭ كۈلپەت چېكىشىڭلار ئۇنىڭغا ئېغىر تۇيۇلىدۇ﴾. چۈنكى، ئۇ ئۆزۈڭلارنىڭ ئارىسىدىن چىققان، تولىمۇ كۆيۈمچان بىر پەيغەمبەر، ئۇ سىلەرنىڭ خۇشاللىقىڭلار بىلەن خۇشال بولىدۇ، جاپا چېكىشىڭلار بىلەن ئازابلىنىدۇ. ئۇ سىلەرنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە جاپا تارتىشىڭلارنى، ئازابقا قېلىشىڭلارنى قەتئىي خالىمايدۇ.

2. ﴿ئۇ سىلەرگە (يەنى ھىدايەت تېپىشىڭلارغا) ھېرىستۇر﴾. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ ھىدايەت تېپىشىنى، خۇسۇسەن ئەرەبلەرنىڭ بىرىنچى بولۇپ توغرا يولغا كىرىشىنى تىلىگەن بىر پەيغەمبەر ئىدى. چۈنكى، ئەرەبلەرنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى باشقا مىللەتلەرنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى ئۈچۈن تۈرتكە بولاتتى. ئۇلار بۇ يېڭى دىننى پۈتۈن ئىنسانىيەتكە يەتكۈزەتتى.

3. ﴿مۇئمىنلەرگە بەكمۇ شەپقەتلىكتۇر، ناھايىتى كۆيۈمچاندۇر﴾. ئۇ قانداقمۇ شۇنداق بولمىسۇن؟! ئۇ پۈتۈن ھاياتىدا مېھرىبانلىقنى، كۆيۈمچانلىقنى ۋە بارچە ياخشىلىقلارنى تەرغىب قىلغان تۇرسا!. ھۈسەيىن ئىبنى فەزل مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالا ھېچقانداق بىر پەيغەمبەرنى سۈپەتلەشتە ئۆزىنىڭ سۈپىتى بىلەن سۈپەتلىگەن ئەمەس. پەقەت مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئۆزىنىڭ ‹شەپقەتلىك› ۋە ‹كۆيۈمچان› دېگەن سۈپەتلىرى بىلەن سۈپەتلىگەن»[1].

ئى پەيغەمبەر! بۇ بايانلاردىن كېيىنمۇ ئۇلار سەندىن يەنە يۈز ئۆرۈسە، ئىمان ئېيتىشتىن باش تارتسا، ئۇلارغا ﴿ئاللاھ ماڭا يېتەرلىكتۇر، ئۇنىڭدىن باشقا (ھەقىقىي) ئىلاھ يوقتۇر، ئۇنىڭغىلا تەۋەككۇل قىلدىم، ئۇ بۈيۈك ئەرشنىڭ ئىگىسىدۇر﴾ دېگىن.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئاخىرقى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىش بىلەن پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە كاتتا ئىنئام ئاتا قىلغاندەك، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئەرەب مىللىتىدىن چىقىرىش

[1] «تفسير القرطبي» 8-توم، 302-بەت.

بىلەن ئىمان ئېيتقان ئەرەبلەرگە قاتمۇقات ئىنئام قىلغان بولدى.

2. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقى پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ئۈلگىدۇر.

3. ھەر ئىشتا ئاللاھ تائالاغا ئىشەنچ بىلەن تايىنىش، ئۇنىڭغا يۈرەكتىن ئىخلاس قىلىش ھەربىر مۇسۇلمان ئۈچۈن پەرزدۇر.

4. ئاللاھ تائالانىڭ ئەرشى بارچە مەۋجۇداتتىن چوڭ بولۇپ، ئۇنى تولۇق تەرىپلەپ بېرىش مۇمكىن ئەمەس.

# يۇنۇس سۈرىسى

يۇنۇس سۈرىسى مەككىدە نازىل بولغان، 109 ئايەتلىك سۈرە بولۇپ، بۇ سۈرىنىڭ ئىسمى 98-ئايەتتىن ئېلىنغان. چۈنكى، مەزكۇر ئايەتتە يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسمى شەرىپى تىلغا ئېلىنغان ۋە ئۇنىڭ قىسسىسى بايان قىلىنغان.

بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى: ۋەھيىنى ئىنكار قىلغۇچىلارغا يېتەرلىك دەلىل - پاكىتلار بىلەن رەددىيە بېرىش ۋە ئۇلارنى ئىمانغا دەۋەت قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

بۇ سۈرە دىنىي ئېتىقاد توغرىسىدا كاپىرلار بىلەن ئېلىپ بېرىلغان مۇنازىرىلەر، ئاللاھ تائالانىڭ كائىناتتىكى ئالامەتلىرىگە قارىتا قاراشنى توغرىلاش، ۋەز-نەسىھەت ۋە ئىبرەت ئېلىشقا تېگىشلىك بەزى قىسسىلەر قاتارلىقلارنى، خۇسۇسەن مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن پىرئەۋننىڭ قىسسىسىگە ئالاقىدار بەزى تارىخىي ۋەقەلەرنى بايان قىلىدۇ. بۇ ۋەقەلىكلەر ئارىسىدا ئىنساننىڭ تەبىئىتىنى ۋە دۇنيانىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلىپ بولۇپ، قىيامەتتە بولىدىغان ئىشلارنى بايان قىلىشقا يۆتكىلىدۇ، بۇنىڭغا ئەگەشتۈرۈپ ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشنىڭ دەلىللىرىنى كەلتۈرىدۇ.

ئاخىردا «قۇرئان كەرىم»نى سۈپەتلەپ ئۇنىڭ ئىنسان قەلبىگە بېرىدىغان چوڭقۇر تەسىرى ۋە ئۇنى ئىنكار قىلغۇچىلار بىلەن بولغان كەسكىن مۇنازىرىنى بايان قىلىدۇ.

### ◄ قۇرئان كەرىم ئاللاھ تائالانىڭ ۋەھيىسىدۇر

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

﴿الٓرۚ تِلۡكَ ءَايَٰتُ ٱلۡكِتَٰبِ ٱلۡحَكِيمِ ١ أَكَانَ لِلنَّاسِ عَجَبًا أَنۡ

أَوۡحَيۡنَآ إِلَىٰ رَجُلٖ مِّنۡهُمۡ أَنۡ أَنذِرِ ٱلنَّاسَ وَبَشِّرِ ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ أَنَّ لَهُمۡ قَدَمَ صِدۡقٍ عِندَ رَبِّهِمۡۗ قَالَ ٱلۡكَٰفِرُونَ إِنَّ هَٰذَا لَسَٰحِرٞ مُّبِينٌ ﴿٢﴾

### ◄ تەرجىمىسى

ناھايىتى شەپقەتلىك، تولىمۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

1ـ ئەلىف. لام. را (بۇ خىلدىكى ھەرپلەرنىڭ بايانى بەقەرە سۈرىسىنىڭ بېشىدا ئۆتتى). بۇلار ھېكمەتلىك كىتابنىڭ ئايەتلىرىدۇر.

2ـ ئىنسانلارنىڭ ئۆز ئارىسىدىن چىققان بىر كىشىگە (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا): «ئىنسانلارنى ئاگاھلاندۇرغىن، ئىمان ئېيتقانلارغا رەببىـنىڭ دەرگاھىدا يۇقىرى مەرتىۋە بارلىقى بىلەن خۇش خەۋەر بەرگىن» دەپ ۋەھيى قىلغانلىقىمىز ئۇلار ئۈچۈن ئەجەبلىنەرلىك ئىش بولۇپ قاپتۇمۇ؟ كاپىرلار: «بۇ ھەقىقەتەن ئوپئوچۇق سېھىرگەردۇر» دېدى.

### ◄ تەپسىرى

ئەلىف، لام، را. بۇ ھەرپلەرنىڭ مەنىسىنى ئاللاھ تائالا ئۆزى بىلىدۇ. شۇ ئېنىقكى، بۇ ھەرپلەردىن تۈزۈلگەن ئايەتلەرنىڭ مەنىسى چوڭقۇردۇر. چۈنكى، بۇ ھەرپلەر «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى ئىكەنلىكىگە، ئايەتلىرىنىڭ لەۋزى ۋە مەنىسى بىردىنبىر مۆجىزە ئىكەنلىكىگە ئىشارەت قىلىدۇ. ﴿الٓرۚ كِتَٰبٌ أُحۡكِمَتۡ ءَايَٰتُهُۥ ثُمَّ فُصِّلَتۡ مِن لَّدُنۡ حَكِيمٍ خَبِيرٍ﴾ يەنى ﴿ئەلىف، لام، را (بۇ خىلدىكى ھەرپلەرنىڭ بايانى بەقەرە سۈرىسىنىڭ بېشىدا ئۆتتى). بۇ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، ھەممىدىن خەۋەردار ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان، ئايەتلىرى (ھەر تەرەپتىن) پۇختا بېكىتىلگەن، ئاندىن (ئەھكاملىرى) تەپسىلي بايان قىلىنغان كىتابتۇر﴾[1].

ھەقىقەتەن كاپىرلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسى بېرىلگەنلىكىدىن ھەيران قالغان ۋە پەيغەمبەرلىكتىن ئىبارەت بۇ كاتتا شەرەپنىڭ بايلىقتا، مەنسەپتە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان كىشىلەردىن بىرەرسىگە كەلمەستىن، ئادەتتىكى ئىنسانلارنىڭ ئىچىدىن

---

[1] ھۇد سۈرىسى: 1ـ ئايەت.

چىققان بىر ئادەمگە كەلگەنلىكىدىن قاتتىق ئەجەبلەنگەن ۋە «ئاللاھ كىشىلەرگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىشكە ئەبۇ تالىبنىڭ يېتىمىدىن باشقا ئادەم تاپالماپتۇمۇ؟» دېيىشكەن ئىدى.[1] ھالبۇكى، ئاللاھ تائالا كىمنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىشنى ۋە كىمنىڭ پەيغەمبەرلىككە لاياقەتلىك ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىدۇ. ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ۋەھيى قىلىنغان بۇ پەيغەمبەر - مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كىشىلەرگە قىيامەت كۈنىنى ئەسلىتىدۇ ۋە ئىمان ئېيتماسلىقتا چىڭ تۇرۇۋالغان كاپىرلارنى ئاخىرەتنىڭ قاتتىق ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرىدۇ، ئىمان ئېيتقان مۇئمىنلەرگە بولسا ئاخىرەتتىكى يۇقىرى مەرتىۋە ۋە ئېسىل جەننەت بىلەن خۇش خەۋەر بېرىدۇ. كاپىرلار قەلب كۆزلىرى كور بولغانلىقتىن، ئۇلار بۇ ھەقىقەتنى چۈشەنمەيدۇ. شۇڭا ئۇلار بۇنىڭدىن بەك ھەيران قېلىشىۋاتىدۇ ۋە ھەممىسى بىردەك مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى مەسخىرە قىلىشقا يۈزلىنىۋاتىدۇ.

بۇ ئايەت كاپىرلارنىڭ ھەيران قالغانلىقىنى ئەيىبلىگەن ۋە ئۇلارنىڭ ئەجەبلەنگەنلىكىنى سۆككەن. چۈنكى، ئىنسانلارغا ئۆزلىرىنىڭ ئارىسىدىن بىر كىشىنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىش ئاللاھ تائالا ئەزەلدىن يولغا قويۇپ كەلگەن قانۇنىيەت بولۇپ، بۇ ئەجەبلىنىدىغان ئىش ئەمەس. ئاللاھ تائالا ئۆزى خالىغان ئىشنى قىلىشقا ئەلۋەتتە قادىردۇر. ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن ئىلگىرى ئەۋەتكەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىنى ئىنسانلارنىڭ ئىچىدىن تاللاپ چىقىرىپ، شۇ ئىنسانلارنىڭ ئۆزىگە ئەۋەتكەن ئىدى. ﴿وَلَوۡ جَعَلۡنَٰهُ مَلَكٗا لَّجَعَلۡنَٰهُ رَجُلٗا وَلَلَبَسۡنَا عَلَيۡهِم مَّا يَلۡبِسُونَ﴾ يەنى ﴿بىز پەيغەمبەرنى پەرىشتىدىن قىلغان تەقدىردىمۇ، ئەلۋەتتە، ئۇنى ئىنسان شەكلىدە قىلاتتۇق، ئۇلارنى ھازىر چۈشكەن شۈبھىگە يەنە چۈشۈرەتتۇق﴾[2]، ﴿قُل لَّوۡ كَانَ فِي ٱلۡأَرۡضِ مَلَٰٓئِكَةٞ يَمۡشُونَ مُطۡمَئِنِّينَ لَنَزَّلۡنَا عَلَيۡهِم مِّنَ ٱلسَّمَآءِ مَلَكٗا رَّسُولٗا﴾ يەنى ﴿(ئى پەيغەمبەر! ئۇ كاپىرلارغا) ئېيتقىنكى، «مۇبادا يەر يۈزىدە خاتىرجەم مېڭىپ يۈرىدىغان پەرىشتىلەر بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە ئۇلارغا ئاسماندىن پەرىشتىنى پەيغەمبەر قىلىپ چۈشۈرەتتۇق»﴾[3].

ئاللاھ تائالانىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەرلىككە تاللىغانلىقى ئۇلارنى ئەجەبلەندۈرمىسۇن، چۈنكى، ئۇنىڭ يېتىملىكى ۋە

[1] «تفسير الزمخشري» 2ـتوم، 327ـبەت.

[2] ئەنئام سۈرىسى: 9ـئايەت.

[3] ئىسرا سۈرىسى: 95ـئايەت.

پېقىرلىقى ئۇنىڭ پەيغەمبەر بولۇشىغا توسقۇن بولىدىغان ئىش ئەمەس. ئاللاھ تائالا قانداق كىشىنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىشنى ئۆزى ئوبدان بىلىدۇ. بايلىق، جەمئىيەتتىكى ئورنىنىڭ يۇقىرى بولۇشى، مال-دۇنياسىنىڭ، بالىچاقىلىرىنىڭ كۆپ بولۇشى پەيغەمبەرلىككە لايىق بولۇشىنىڭ شەرتلىرىدىن ئەمەس. ﴿وَمَآ أَمۡوَٰلُكُمۡ وَلَآ أَوۡلَٰدُكُم بِٱلَّتِي تُقَرِّبُكُمۡ عِندَنَا زُلۡفَىٰٓ﴾ يەنى ﴿سىلەرنى بىزگە يېقىنلاشتۇرىدىغان نەرسە سىلەرنىڭ پۇل-مال‌لىرىڭلار ياكى بالىلىرىڭلار ئەمەس﴾[1].

ئەمما ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش، بۇ دۇنيادا قىلغان ياخشى ۋە يامان بارلىق ئىشلاردىن ھېساب بېرىش بەس-مۇنازىرە قوبۇل قىلمايدىغان ئېنىق بىر ھەقىقەت تۇرسا، بۇ كاپىرلار نېمىشقا بۇنىڭدىن ئەجەبلىنىدۇ؟ ھەقىقەتەن ئەجەبلىنىشكە تېگىشلىك بىر ئىش بولسا، ئۇ ئەلۋەتتە بۇ كاپىرلارنىڭ ئۆزلىرىنى كۇفرىنىڭ ئاقىۋىتىدىن ئاگاھلاندۇرۇپ، ئىمانغا چاقىرىۋاتقان بىر پەيغەمبەرنىڭ دەۋىتىنى ئاڭلاشتىن باش تارتقانلىقى ۋە ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈگەنلىكىدۇر.

شەكسىزكى، بىز ئەلچىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى بارلىق ئىنسانىيەتنى ئىسلام دىنىنىڭ پارلاق نۇرىغا يېتەكلەشكە، ئىمان ئېيتمىغانلارنى ئاخىرەتنىڭ قاتتىق ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرۇشقا، ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا رەببىنىڭ ھۇزۇرىدا كاتتا مۇكاپات، يۇقىرى مەرتىۋە ۋە ئۈزۈلمەس نېمەتلەرنىڭ بارلىقى بىلەن خۇش خەۋەر بېرىشكە بۇيرۇدۇق.

ئەمما كاپىرلار بۇ دەۋەتكە قارىتا نېمە دېدى؟ پەيغەمبەرگە قانداق جاۋاب بەردى؟ كاپىرلار «قۇرئان كەرىم»نى ئاڭلىغان ۋە ئۇنىڭ دىللارغا قانداق تەسىر قىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغان، ھەتتا ئۇنىڭ تەسىرىدىن ئاتا-ئانا، ئەر-ئايال، ئاكا-ئۇكا قېرىنداشلارنىڭ مەيدانى بىر-بىرىدىن ئايرىلغانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇلار: «ھەقىقەتەن بۇ قۇرئان تەسىر كۈچى زور بولغان بىر سېھىر ئىكەن، ئۇنى ئوقۇپ بېرىۋاتقان ئادەم - (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) سېھىرگەر ئىكەن» دېيىشتى.

ئەمما «قۇرئان كەرىم»نىڭ كاپىرلار تۆھمەت قىلغاندەك سېھىر ئەمەسلىكى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى ئىكەنلىكىدە قىلچە شەك يوق. بۇ ھەقىقەت ئەقلىنى ئىشلىتىپ تەپەككۇر قىلغان ئادەم ئۈچۈن ھېچ مەخپىي ئەمەس. گەرچە ئۇلارنىڭ نۇرغۇنلىرى ئاشكارا ئېتىراپ

[1] سەبەئ سۈرىسى: 37-ئايەت.

قىلمىسىمۇ، «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئىلاھىي مۆجىزە ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ ئاللاھ تائالادىن باشقىسىنىڭ سۆزى ئەمەسلىكىنى ئوبدان بىلىدۇ. دېمىسىمۇ، بۇ «قۇرئان كەرىم» ئەقىدە، ئىبادەت، ئەدەپ-ئەخلاق، قانۇن-تۈزۈم، سىياسەت، جەمئىيەت نىزامى، ئىلىم – ھېكمەت قاتارلىق ساھەلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، مۇكەممەل بىر ساماۋى كىتابتۇر. ﴿ٱللَّهُ نَزَّلَ أَحۡسَنَ ٱلۡحَدِيثِ كِتَٰبٗا مُّتَشَٰبِهٗا مَّثَانِيَ تَقۡشَعِرُّ مِنۡهُ جُلُودُ ٱلَّذِينَ يَخۡشَوۡنَ رَبَّهُمۡ ثُمَّ تَلِينُ جُلُودُهُمۡ وَقُلُوبُهُمۡ إِلَىٰ ذِكۡرِ ٱللَّهِۚ ذَٰلِكَ هُدَى ٱللَّهِ يَهۡدِي بِهِۦ مَن يَشَآءُۚ وَمَن يُضۡلِلِ ٱللَّهُ فَمَا لَهُۥ مِنۡ هَادٍ﴾ يەنى ﴿ئاللاھ ئەڭ گۈزەل سۆز (قۇرئان)نى (ئايەتلىرى) بىر-بىرىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان، (مەزمۇنلىرى) تەكرارلىنىدىغان بىر كىتاب قىلىپ نازىل قىلدى. (ئۇ تىلاۋەت قىلىنغان چاغدا) رەببىدىن قورقىدىغان كىشىلەرنىڭ بەدەنلىرى ئۇنىڭ (تەسىرى)دىن تىترەپ كېتىدۇ، ئاندىن ئاللاھنىڭ (مۇئمىنلەرگە بولغان) رەھمىتىنى ئېسىگە ئېلىپ، ئۇلارنىڭ بەدەنلىرى ۋە دىللىرى ئارام تاپىدۇ. ئەنە شۇ ئاللاھنىڭ ھىدايىتىدۇر. ئاللاھ شۇ (قۇرئان) بىلەن خالىغان ئادەمنى توغرا يولغا يېتەكلەيدۇ، ئاللاھ ئازدۇرغان ئادەمگە ھېچبىر يول كۆرسەتكۈچى بولمايدۇ﴾[1].

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. «قۇرئان كەرىم» ۋەھيىنىڭ راستلىقىنى ۋە ئۇنىڭ ئىنسانلارنى ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا يېتەكلەش ئۈچۈن نازىل بولغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان ئەڭ جانلىق مۆجىزىدۇر.

2. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانلارغا ئەۋەتكەن ئەلچىسى ئىكەنلىكى ۋەھيى بىلەن مۇقەررەرلەشكەن ۋە مۆجىزىلەر بىلەن كۈچلەندۈرۈلگەن ھەقىقەتتۇر.

3. جىمى پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋەزىپىسى كىشىلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا دەۋەت قىلىش بولغاندەك، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەزىپىسىمۇ پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ھەق دىننى چۈشىنىشلىك قىلىپ يەتكۈزۈشتىن ئىبارەتتۇر.

4. ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنىڭ بارىدىغان جايى جەننەتتۇر.

[1] زۇمەر سۈرىسى: 23-ئايەت.

5. ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىشنى خالىمايدىغانلارنىڭ باھانىلىرى ۋە سەۋەبلىرى كۆپ بولىدۇ.

### ◄ كائىنات كۆرۈنۈشلىرىنىڭ ئىمانغا دالالەت قىلىدىغانلىقى

﴿إِنَّ رَبَّكُمُ ٱللَّهُ ٱلَّذِى خَلَقَ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضَ فِى سِتَّةِ أَيَّامٍ ثُمَّ
ٱسْتَوَىٰ عَلَى ٱلْعَرْشِ ۖ يُدَبِّرُ ٱلْأَمْرَ ۖ مَا مِن شَفِيعٍ إِلَّا مِنۢ بَعْدِ إِذْنِهِۦ ۚ
ذَٰلِكُمُ ٱللَّهُ رَبُّكُمْ فَٱعْبُدُوهُ ۚ أَفَلَا تَذَكَّرُونَ ﴿٣﴾ إِلَيْهِ مَرْجِعُكُمْ
جَمِيعًا ۖ وَعْدَ ٱللَّهِ حَقًّا ۚ إِنَّهُۥ يَبْدَؤُا۟ ٱلْخَلْقَ ثُمَّ يُعِيدُهُۥ لِيَجْزِىَ
ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ وَعَمِلُوا۟ ٱلصَّٰلِحَٰتِ بِٱلْقِسْطِ ۚ وَٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ لَهُمْ
شَرَابٌ مِّنْ حَمِيمٍ وَعَذَابٌ أَلِيمٌۢ بِمَا كَانُوا۟ يَكْفُرُونَ ﴿٤﴾ هُوَ ٱلَّذِى
جَعَلَ ٱلشَّمْسَ ضِيَآءً وَٱلْقَمَرَ نُورًا وَقَدَّرَهُۥ مَنَازِلَ لِتَعْلَمُوا۟ عَدَدَ
ٱلسِّنِينَ وَٱلْحِسَابَ ۚ مَا خَلَقَ ٱللَّهُ ذَٰلِكَ إِلَّا بِٱلْحَقِّ ۚ يُفَصِّلُ ٱلْءَايَٰتِ
لِقَوْمٍ يَعْلَمُونَ ﴿٥﴾ إِنَّ فِى ٱخْتِلَٰفِ ٱلَّيْلِ وَٱلنَّهَارِ وَمَا خَلَقَ ٱللَّهُ فِى
ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ لَءَايَٰتٍ لِّقَوْمٍ يَتَّقُونَ ﴿٦﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

3ـشۈبھىسىزكى، رەببىڭلار ئاسمانلارنى، زېمىننى ئالتە كۈندە ياراتقان، ئاندىن ئەرشنىڭ ئۈستىگە (ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە) ئۆرلىگەن ئاللاھتۇر. ئۇ (ھەممە) ئىشنى ئىدارە قىلىپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭ ئىجازىتى بولماستىن ھېچكىم شاپائەتچى بولالمايدۇ. ئەنە شۇ ئاللاھ سىلەرنىڭ رەببىڭلاردۇر، شۇڭا ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىڭلار. سىلەر ۋەز-نەسىھەت ئالماسىلەر؟

4ـھەممىڭلارنىڭ قايتىدىغان جايى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدۇر، ئاللاھنىڭ ۋەدىسى ھەقتۇر، شەكسىزكى، ئاللاھ مەخلۇقاتنى دەسلەپتە (يوقتىن) يارىتىدۇ، ئاندىن ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئىشلارنى قىلغانلارنى ئادىللىق بىلەن مۇكاپاتلاش ئۈچۈن (ھۇزۇرىغا) قايتۇرىدۇ. كاپىرلارغا كەلسەك، ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ كاپىرلىقى تۈپەيلىدىن، قايناق سۇدىن ئىچىملىك ۋە دەردلىك ئازاب بار.

5ـ ئاللاھ قۇياشنى نۇر چاچقۇچى ۋە ئاينى نۇرلۇق قىلغان، يىللارنىڭ سانىنى ۋە (ۋاقىتلارنىڭ) ھېسابىنى بىلىشىڭلار ئۇچۇن، ئايغا مەنزىللەرنى بەلگىلىگەن زاتتۇر. ئاللاھ ئۇلارنى پەقەتلا ھېكمەت بىلەن ياراتتى. (يارىتىشتىكى ھېكمەتنى) بىلىدىغان قەۋم ئۇچۇن، ئاللاھ ئايەتلىرىنى تەپسىلىي بايان قىلىدۇ.

6ـ شەكسىزكى، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىپ تۇرۇشىدا، ئاللاھ ئاسماندا ۋە زېمىندا ياراتقان شەيئىلەردە (ئاللاھتىن) قورقىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئەلۋەتتە نۇرغۇن دەلىللەر بار.

## ◄ بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

«قۇرئان كەرىم» ئىلگىرىكى ئايەتلەردە ئاللاھ تائالانىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئەرەبلەرنىڭ ئىچىدىن چىقىرىپ، ئۇنىڭغا ۋەھيى قىلىپ، ئۇنى ھەق دىننى ئىنكار قىلغان كاپىرلارنى ئاخىرەتتىكى قاتتىق ئازابتىن ئاگاھلاندۇرۇش ۋە ئىمان ئېيتقانلارغا ئاخىرەتتىكى كاتتا مۇكاپات بىلەن خۇش خەۋەر بېرىشكە بۇيرۇغانلىقىدىن مۇشرىكلارنىڭ ئەجەبلىنىپ كەتكەنلىكىنى ئەيىبلىگەن. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئەجەبلىنىشى ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرنى ئىنكار قىلغانلىقتىن بولۇپ، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى: ﴿بۇ ھەقىقەتەن ئوپئوچۇق سېھىرگەردۇر﴾ دېگەن ئىدى.

ئىسلام دىنىنىڭ ئىككى چوڭ ۋەزىپىسى بولۇپ، بىرىنچىسى، تەۋھىد ئەقىدىسىنى كىشىلەرنىڭ دىلىغا ئورنىتىش، ئىككىنچىسى، ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشنىڭ ۋە ئاخىرەتتىكى جەننەت بىلەن دوزاخنىڭ راستلىقىنى دەلىللەشتىن ئىبارەتتۇر.

«قۇرئان كەرىم» بىرىنچى ۋەزىپىنى بايان قىلىپ بولغاندىن كېيىن، بۇ ئايەتلەر ئارقىلىق ئىككىنچى ۋەزىپىنى بايان قىلىشقا ئۆتكەن.

مۇشۇ سۈرىنىڭ ئۈچىنچى ئايىتى يەنى ﴿شۈبھىسىزكى، رەببىڭلار ئاسمانلارنى، زېمىننى ئالتە كۈندە ياراتقان، ئاندىن ئەرشنىڭ ئۈستىگە (ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە) ئۆرلىگەن ۋە (ھەممە) ئىشنى ئىدارە قىلىپ تۇرىدىغان ئاللاھتۇر﴾ دېگەن ئايەت بۇ مەسىلىنىڭ بەزى ئومۇمىي تەرەپلىرىنى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتىنىڭ چەكسىزلىكىنى، ئۇنىڭ ئىبادەت قىلىنىشقا تولىمۇ ھەقلىق بولغان بىردىنبىر ئىلاھ ئىكەنلىكىنى

تەكتلەيدىغان بەزى دەلىللەرنى بايان قىلىدۇ.

## ◄ تەپسىرى

ئى ئىنسانلار! ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ رەببىڭلار ئاسمانلارنى، زېمىننى ۋە ئۇلاردىكى ئۆزىدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى ئالتە كۈندە ياراتقان، ئاندىن ئۆزىنىڭ كاتتىلىقىغا، پادىشاھلىقىغا لايىق رەۋىشتە ئەرشنىڭ ئۈستىگە ئۆرلىگەن ئاللاھ تائالادۇر.

ئايەتتىكى «ئالتە كۈن» دۇنيانىڭ بىز بىلىدىغان كۈنلىرىدىن ئالتە كۈنمۇ ياكى ئاخىرەتنىڭ كۈنلىرىدىن ئالتە كۈنمۇ بۇنى ئاللاھ تائالا ئۆزى بىلىدۇ. مەلۇمكى، بۇ دۇنيانىڭ كۈنلىرى بىلەن ئاخىرەتنىڭ كۈنلىرى ئوخشىمايدۇ. ﴿وَإِنَّ يَوۡمًا عِندَ رَبِّكَ كَأَلۡفِ سَنَةٖ مِّمَّا تَعُدُّونَ﴾ يەنى ﴿ھەقىقەتەن رەببىڭنىڭ دەرگاھىدىكى بىر كۈن سىلەر سانايدىغان مىڭ يىلچىلىكتۇر﴾[1].

قىيامەت كۈنى ئاللاھ تائالانىڭ رۇخسىتىسىز ھېچكىم ھېچكىمگە شاپائەت قىلالمايدۇ. پەقەت ئاللاھ تائالا ئۆزى رازى بولۇپ، شاپائەت قىلىش رۇخسىتىنى بەرگەن كىشىلەرلا شاپائەت قىلالايدۇ ۋە شۇلارنىڭ شاپائىتىلا قوبۇل قىلىنىدۇ. ﴿يَوۡمَئِذٖ لَّا تَنفَعُ ٱلشَّفَٰعَةُ إِلَّا مَنۡ أَذِنَ لَهُ ٱلرَّحۡمَٰنُ وَرَضِيَ لَهُۥ قَوۡلٗا﴾ يەنى ﴿بۇ كۈندە رەھمان ئاللاھ رۇخسەت بەرگەن ۋە سۆزىدىن رازى بولغان ئادەمدىن باشقا ھېچقانداق ئادەمنىڭ شاپائىتى پايدا بەرمەيدۇ﴾[2]، ﴿قُل لِّلَّهِ ٱلشَّفَٰعَةُ جَمِيعٗاۖ﴾ يەنى ﴿ئېيتقىنكى، «شاپائەتنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر»﴾[3].

بۇ ھەقىقەتلەر مۇشرىكلارنىڭ «ئىلاھلىرىمىز بىزگە شاپائەت قىلىدۇ» دەيدىغان سەپسەتىسىگە ئەجەللىك رەددىيەدۇر. ئۇلار ئاللاھ تائالاغا ئىشەنمەيدىغان تۇرۇپ، قىيامەت كۈندىكى شاپائەت توغرىسىدا قانداقمۇ ئېغىز ئاچالىسۇن؟ ئاللاھ تائالا مۇشۇ كائىناتنى ياراتقان، ھەممىنى ئىدارە قىلىۋاتقان، ئىبادەت ۋە ئىتائەت قىلىنىشقا تامامەن ھەقلىق بولغان بىردىنبىر ئىلاھتۇر. ئى ئىنسانلار! ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، سىلەر شۇ بىرلا ئىلاھقا ئىبادەت قىلىڭلار، ئۇنىڭغا ھېچكىمنى ۋە ھېچ نەرسىنى

---

[1] ھەج سۈرىسى: 47-ئايەت.

[2] تاھا سۈرىسى: 109-ئايەت.

[3] زۇمەر سۈرىسى: 44-ئايەت.

شېرىك كەلتۈرمەڭلار.

مۇشرىك ئەرەبلەر ياراتقۇچىنىڭ ئاللاھ تائالا ئىكەنلىكىگە ئىشىنەتتى. ﴿وَلَئِن سَأَلْتَهُم مَّنْ خَلَقَ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضَ لَيَقُولُنَّ خَلَقَهُنَّ ٱلْعَزِيزُ ٱلْعَلِيمُ﴾ يەنى ﴿ئەگەر ئۇلاردىن: «ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى كىم ياراتتى» دەپ سورىساڭ، ئۇلار چوقۇم: «ئاللاھ» دەپ جاۋاب بېرىدۇ﴾[1]. لېكىن ئۇلار ئىبادەت ۋە دۇئالاردا ئاللاھ تائالاغا بۇتلاردىن ئىبارەت ساختا ئىلاھلارنى شېرىك قىلاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن «قۇرئان كەرىم» ئۇلارنىڭ بۇ قىلمىشىغا رەددىيە بېرىپ مۇنداق دېگەن: ﴿ذَٰلِكُمُ ٱللَّهُ رَبُّكُمْ فَٱعْبُدُوهُ﴾ يەنى ﴿ئەنە شۇ ئاللاھ سىلەرنىڭ رەببىڭلاردۇر، شۇڭا ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىڭلار﴾[2].

ئى مۇشرىكلار! سىلەر ئەمدى مۇشۇ ئوپئوچۇق ۋە ئاشكارا ھەقىقەتكە كۆز يۇمامسىلەر؟ ھالبۇكى، ئاللاھ تائالا ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئۆزى يالغۇز ياراتقان، كائىناتنىڭ ئىشلىرىنى ئۆزى يالغۇز ئىدارە قىلىپ تۇرۇۋاتقان زاتتۇر. قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ ھۇزۇرىدا ئۇنىڭ رۇخسىتىسىز ھېچكىم ھېچكىمگە شاپائەت قىلالمايدۇ، ھەممە ئىش ئۇنىڭ ئىلكىدە، قىيامەت كۈنىدە ھۆكۈم چىقىرىش ئىشى ئۇنىڭغىلا خاستۇر. ئەنە شۇ ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ رەببىڭلاردۇر. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، سىلەر ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىڭلار، ئۇنىڭدىنلا ياردەم تىلەڭلار، ئۇنىڭغا باشقىلارنى شېرىك كەلتۈرمەڭلار.

ئاللاھ تائالا مەخلۇقاتنىڭ ھەممىسىنى يوقلۇقتىن پەيدا قىلغان، ئۇلارنى چىرايلىق شەكىلگە كىرگۈزگەن زاتتۇر. ئاللاھ تائالا ئۇلارنى ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلدۈرۈپ ئەسلىگە قايتۇرىدۇ. ئىنسانلارنى دەسلەپتە يوقتىن بار قىلىشقا قادىر بولغان زات ئۇلارنى ئۆلگىنىدىن كېيىن تىرىلدۈرۈشكىمۇ ئەلۋەتتە قادىردۇر. بۇ ئاللاھ تائالاغا ناھايىتى ئوڭايدۇر. ﴿وَهُوَ ٱلَّذِى يَبْدَؤُا۟ ٱلْخَلْقَ ثُمَّ يُعِيدُهُۥ وَهُوَ أَهْوَنُ عَلَيْهِ﴾ يەنى ﴿ئاللاھ مەخلۇقاتنى دەسلەپتە (يوقتىن) بارلىققا كەلتۈرىدىغان، ئاندىن ئۇنى (ئۆلگەندىن كېيىن) تىرىلدۈرىدىغان زاتتۇر، بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن بەكمۇ ئوڭايدۇر﴾[3].

ئىنسانلارنى ئۆلگىنىدىن كېيىن تىرىلدۈرۈشتىن مەقسەت مۇئمىنلەرنى

[1] زۇمەر سۈرىسى: 38-ئايەت.
[2] يۇنۇس سۈرىسى: 3-ئايەت.
[3] رۇم سۈرىسى: 27-ئايەت.

مۇكاپاتلاش، زالىملارنى جازالاش ئۈچۈن بولغان ئىكەن، ئۇ كۈندە ھېچ كىشىگە قىلچىلىكمۇ زۇلۇم قىلىنمايدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادالەت كۈنىدۇر. ﴿وَنَضَعُ ٱلْمَوَٰزِينَ ٱلْقِسْطَ لِيَوْمِ ٱلْقِيَٰمَةِ فَلَا تُظْلَمُ نَفْسٌ شَيْـًٔا ۖ وَإِن كَانَ مِثْقَالَ حَبَّةٍ مِّنْ خَرْدَلٍ أَتَيْنَا بِهَا ۗ وَكَفَىٰ بِنَا حَٰسِبِينَ﴾ يەنى ﴿بىز قىيامەت كۈنى (ئەمەللەرنى تارتىش ئۈچۈن) ئادالەت تارازىلىرىنى ئورنىتىمىز، ھېچكىمگە قىلچە ئۇۋال قىلىنمايدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ بىر تال قىچا چاغلىق ئەمەلى بولسىمۇ، ئۇنى كەلتۈرىمىز، ھېساب ئېلىشقا بىز يېتەرلىكمىز﴾[1]. بۇ ئايەت ئاللاھ تائالانىڭ ياخشى ئەمەل قىلغانلارنىڭ مۇكاپاتىنى ئاشۇرۇپ بېرىدىغانلىقىغا زىت كەلمەيدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا بىر ياخشىلىققا ئون ھەسسە، بەلكى ئۇنىڭدىن كۆپ ساۋاب بېرىدۇ. ﴿لِّلَّذِينَ أَحْسَنُوا۟ ٱلْحُسْنَىٰ وَزِيَادَةٌ ۖ﴾ يەنى ﴿(تائەت-ئىبادەتنى) قېتىرقىنىپ قىلغانلار ئەڭ ياخشى مۇكاپاتقا (جەننەتكە) ۋە يەنە زىيادىسىگە (ئاللاھنىڭ جامالىنى كۆرۈشكە) نائىل بولىدۇ﴾ [2] ھەقىقەتەن بۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئالاھىدە كاتتا ئىلتىپاتى بىلەن بولىدۇ.

ئاللاھ تائالاغا ئىشەنمەيدىغان، ئۇنىڭ بىرلىكىنى ئىنكار قىلىدىغان، ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشكە ئىشەنمەيدىغان كاپىرلارنىڭ ئاخىرەتتىكى جازاسى ئىچ-باغرىنى كۆيدۈرۈۋېتىدىغان يۇقىرى گىرا-دۇسلۇق قايناق سۇ بىلەن ئازابلاشتۇر، ئۇلارغا بۇنىڭدىن باشقا تۈرلۈك ئازاب-ئوقۇبەتلەر بار.

ئاللاھ تائالا قۇياشنى كائىناتتىكى بارلىق جانلىقلار ئۈچۈن ئىسسىقلىق ۋە ھەرىكەتلىنىش مەنبەسى قىلىپ بەردى. ئاينى كېچىدە يول يۈرگۈچىلەرنىڭ يولىنى تېپىۋېلىشى ۋە چۈشىدىغان ئورۇنلىرىنى بىلىشى، شۇنداقلا ئىنسانلارنىڭ يىللارنىڭ، ئايلارنىڭ ھېسابىنى بىلىشى ئۈچۈن نۇرلۇق قىلىپ بەردى.

ئالىملار قۇياشنىڭ يورۇقلۇق مەنبەسى ئىكەنلىكىنى ئىلمىي ئۇسۇللار بىلەن ئىسپاتلاپ چىققان بولۇپ، زېمىنغا چۈشكەن يورۇقلۇق قۇياشتىن بىۋاستە چۈشكەن يورۇقلۇقتۇر. ئەمما ئاينىڭ نۇرى بولسا ئاشۇ قۇياشنىڭ ئايغا چۈشكەن شولىسىدىن ئەكس ئەتكەن يورۇقدۇر. شۇڭا ئاينىڭ يورۇقى«نۇر» دېيىلىدۇ. ﴿وَجَعَلَ ٱلْقَمَرَ فِيهِنَّ نُورًا وَجَعَلَ ٱلشَّمْسَ

---

[1] ئەنبىيا سۈرىسى: 47-ئايەت.

[2] يۇنۇس سۈرىسى: 26-ئايەت.

سِرَاجًا﴾ يەنى ﴿ئاللاھ ئاسمانلاردا ئاينى نۇر قىلدى، كۈننى (نۇر چاچقۇچى) چىراغ قىلدى﴾[1] ، ﴿تَبَارَكَ ٱلَّذِي جَعَلَ فِي ٱلسَّمَآءِ بُرُوجًا وَجَعَلَ فِيهَا سِرَٰجًا وَقَمَرًا مُّنِيرًا﴾ يەنى ﴿ئاسماندا ئوربىتىلارنى، يېنىپ تۇرىدىغان چىراغ (قۇياش)نى ۋە نۇرلۇق ئاينى ياراتقان ئاللاھنىڭ بەرىكىتى بۈيۈكتۇر﴾[2].

نۇرى ئۆزىدىن بولغان نەرسە چىراغ دېيىلىدۇ. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، بىزنىڭ بىلىۋېلىشىمىز زۆرۈر بولغان نەرسە شۇكى، «قۇرئان كەرىم»دىكى بەزى ئىلمىي ھەقىقەتلەر ئۆزۈن زامانلاردىن بېرى بىز ئۈچۈن مەخپىي بولۇپ كەلگەن ئىدى. زامانىمىزدىكى ئىلمىي تەتقىقاتلار بىزگە بۇ ئىلمىي ھەقىقەتلەرنى ئېچىپ بەرگەن بولدى. گەرچە ئىلمىي تەتقىقاتلار ھازىر بۇنى ئېچىپ بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن بۈگۈن ساغلام دېيىلگەن ئىلمىي ھەقىقەت كېلەچەكتە باشقىچە بولۇپ چىقىشى مۇمكىن. دېمەك، ئىلىم-پەن زاماننىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ تەرەققىي قىلىپ تۇرىدۇ، ئىلمىي نەزەرىيەلەرمۇ شۇنىڭغا قاراپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. ئەمما ئىلاھىي ھەقىقەتلەر ئۆزگەرمەيدۇ. ئىلمىي تەتقىقاتلار تەدرىجىي ھالدا بۇ ئىلاھىي ھەقىقەتلەرنى ئاچىدۇ ۋە ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ.

ئاللاھ تائالا ئاي ئۈچۈن مەخسۇس ئوربىتىلارنى ۋە سەير قىلىدىغان مەنزىللەرنى بېكىتتى. ئاي ھېچقاچان ئۆزىنىڭ ئوربىتىسىدىن چەتنەپ كەتمەيدۇ. ﴿وَٱلْقَمَرَ قَدَّرْنَٰهُ مَنَازِلَ حَتَّىٰ عَادَ كَٱلْعُرْجُونِ ٱلْقَدِيمِ﴾ يەنى ﴿بىز ئاي ئۈچۈن ئايلىنىدىغان مەنزىللەرنى بەلگىلىدۇق، ئۇ (ئاخىردا) خورمىنىڭ قۇرۇپ قالغان شېخىغا ئوخشاش (ئەگمەچ) بولۇپ قالىدۇ﴾[3]. ئاينىڭ پەلەكتە سەير قىلىدىغان ئورنى بەلگىلەنگەن، ھەر كېچىسى ئۆزىنىڭ بەلگىلەنگەن ئورنىدىن چىقىدۇ. بۇ ئاسترونومىيە ئىلمىدە تونۇشلۇق بىر مەسىلىدۇر. بۇ سىلەرنىڭ يىللارنىڭ، ئايلارنىڭ، پەسىللەرنىڭ ھېسابىنى بىلىشىڭلار، ھەج، روزا قاتارلىق ئىبادەتلىرىڭلار-نىڭ ۋاقتىنى بىلىپ ئادا قىلىشىڭلار ئۈچۈندۇر. ئاللاھ تائالا ئاشۇ شەيئىلەرنىڭ ھەممىسىنى چوڭقۇر ھېكمەت بىلەن ياراتتى، يەنى بىكارغا ياراتمىدى. كائىناتتىكى ھەممە نەرسە ئەنە شۇنداق مەقسەتلىك يارىتىلغان.

مۇشۇ كاتتا كائىناتنى ياراتقان، ھاياتلىقنى ئاتا قىلغان، قۇياشنى ۋە

[1] نۇھ سۈرىسى: 16-ئايەت.
[2] فۇرقان سۈرىسى: 61-ئايەت.
[3] ياسىن سۈرىسى: 39-ئايەت.

ئۇنىڭ يورۇقلۇقىنى، ئاينى ۋە ئۇنىڭ نۇرىنى ياراتقان، ھەر نەرسىنى ئىنچىكە سىستېمىلاشتۇرغان قۇدرەتلىك ئاللاھ تائالا ئاشۇ ئەقىل-پاراسەتلىك، ھەممە مەخلۇقاتتىن ھۆرمەتلىك ئىنساننى يارىتىپ، ئاندىن ئۇلاردىن ھېساب ئالماستىن، ياخشىلارنى مۇكاپاتلاپ، يامانلارنى جازالىماستىن تاشلاپ قويارمۇ؟

كائىناتتىكى ئالامەتلەر ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ۋە چەكسىز قۇدرىتىنىڭ دەلىللىرىنى ئوچۇق بايان قىلىدۇ. «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرى بۇنىڭ ھەممىسىنى تولۇق بايان قىلماقتا. لېكىن بۇنىڭ بىلەن پەقەت توغرا بىلەن خاتانى پەرق ئېتەلەيدىغان، دەلىللەرنى ئەقىل كۆزى بىلەن كۆرۈپ مۇھاكىمە قىلالايدىغان كىشىلەرلا ھىدايەت تاپالايدۇ.

ھەقىقەتەن كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىپ تۇرۇشى، بۇ ئىككىسىنىڭ ئۇزۇن-قىسقا، ئىسسىق -سوغۇق بولۇشى، كېچىنىڭ ئارام ئالىدىغان ۋە كۈندۈزنىڭ تىرىكچىلىك قىلىدىغان ۋاقىت قىلىپ بېكىتىلىشىدە ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلۇغلۇقىنى، ئىلمىنىڭ چەكسىزلىكىنى، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلىدىغانلىقىنى نامايان قىلىدىغان ئوپئوچۇق ئالامەتلەر ۋە دەلىللەر بار. لېكىن بۇ ئالامەتلەردىن ئاللاھ تائالادىن قورقىدىغان، غەيبكە ئىشىنىدىغان كىشىلەرلا مەنپەئەتلىنەلەيدۇ، ئەمما ئەقلىنى ئىشلەتمىگەنلەر بۇنىڭدىن مەڭگۈ مەنپەئەتلىنەلمەيدۇ. ﴿وَكَأَيِّن مِّنْ ءَايَةٍ فِى ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ يَمُرُّونَ عَلَيْهَا وَهُمْ عَنْهَا مُعْرِضُونَ﴾ يەنى ﴿ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىگە دالالەت قىلىدىغان) نۇرغۇن دەلىللەر باركى، ئۇلار ئۇنىڭ يېنىدىن پەرۋا قىلماي ئۆتۈپ كېتىدۇ﴾[1].

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالادىن باشقا ئېتىقاد ۋە ئىبادەت قىلىنىشقا لايىق ئىلاھ يوقتۇر.

2. قىيامەتنىڭ بولىدىغانلىقى، ئاخىرەتتە بولىدىغان تىرىلىش ۋە ئىنسانلارنىڭ ئەمەللىرىدىن ھېساب ئېلىش قاتارلىق ئىشلار ھەقتۇر.

3. ئاللاھ تائالانىڭ كۈن، ئاي ۋە يۇلتۇزلارنى ياراتقانلىقىنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ھەرىكەتلىرىنى سىستېمىلىق ھالدا بەلگىلىگەنلىكىنىڭ ھېكمەتلىرى كۆپتۇر.

---

[1] يۇسۇف سۈرىسى: 105-ئايەت.

4. ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە قاتارلىق تەبىئىي پەن ئىلىملىرىنى ئۆگىنىش مۇسۇلمانلار ئۈچۈن پەرزدۇر.

### ◄ مۆئمىنلەرنىڭ مۇكاپاتى ۋە كاپىرلارنىڭ جازاسى

﴿إِنَّ ٱلَّذِينَ لَا يَرۡجُونَ لِقَآءَنَا وَرَضُواْ بِٱلۡحَيَوٰةِ ٱلدُّنۡيَا وَٱطۡمَأَنُّواْ بِهَا
وَٱلَّذِينَ هُمۡ عَنۡ ءَايَٰتِنَا غَٰفِلُونَ ۝٧ أُوْلَٰٓئِكَ مَأۡوَىٰهُمُ ٱلنَّارُ بِمَا كَانُواْ
يَكۡسِبُونَ ۝٨ إِنَّ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ يَهۡدِيهِمۡ رَبُّهُم
بِإِيمَٰنِهِمۡۖ تَجۡرِي مِن تَحۡتِهِمُ ٱلۡأَنۡهَٰرُ فِي جَنَّٰتِ ٱلنَّعِيمِ ۝٩ دَعۡوَىٰهُمۡ
فِيهَا سُبۡحَٰنَكَ ٱللَّهُمَّ وَتَحِيَّتُهُمۡ فِيهَا سَلَٰمٞۚ وَءَاخِرُ دَعۡوَىٰهُمۡ أَنِ
ٱلۡحَمۡدُ لِلَّهِ رَبِّ ٱلۡعَٰلَمِينَ ۝١٠﴾

#### ◄ تەرجىمىسى

7ـ شۈبھىسىزكى، بىزنىڭ ئالدىمىزغا كېلىدىغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمايدىغان، دۇنيا ھاياتىغا رازى بولۇپ، كۆڭلى ئۇنىڭ بىلەن ئارام تاپقانلار ۋە بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزدىن پەرۋاسىز يۈرگەنلەرـ

8ـ ئەنە شۇلارنىڭ بارىدىغان جايى قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن دوزاخ بولىدۇ.

9ـ شۈبھىسىزكى، ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنى ئۇلارنىڭ ئىمانى يۈزىسىدىن رەببى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان، نازۇنېمەتلەر بىلەن تولغان جەننەتلەرگە يېتەكلەيدۇ.

10ـ ئۇلارنىڭ جەننەتتىكى دۇئاسى: «ئى رەببىمىز! بىز سېنى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمىز» دېيىش، ئۇلارنىڭ جەننەتتە (بىر-بىرى بىلەن ئۇچراشقاندا) بېرىدىغان سالىمى: «ئامان بولۇڭلار!» دېيىش، ئۇلارنىڭ دۇئاسىنىڭ ئاخىرى: «جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھقا خاستۇر!» دېيىشتىن ئىبارەتتۇر.

#### ◄ تەپسىرى

شەك-شۈبھىسىزكى، ئاخىرەتتە ھېساب بېرىش ئۈچۈن بىزنىڭ ئالدىمىزغا كېلىدىغانلىقىغا ئىشەنمەيدىغانلار، بىز بىلەن ئۇچرىشىشنى

خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمايدىغانلار ئەسلىدە ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشكە ۋە ئاخىرەتتە بولىدىغان مۇكاپات-جازا، جەننەت، دوزاخ قاتارلىقلارغا ئىشەنمەيدىغان كاپىرلار بولۇپ، شۇڭا ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن قورقمايدۇ، ئاخىرەتتە بېشىغا كېلىدىغانلاردىنمۇ ئەنسىرەپ كەتمەيدۇ، ياخشىلارغا بېرىلىدىغان مۇكاپاتنى ئۈمىد قىلمايدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئۇلار ئاخىرەتتىكى دائىملىق نېمەتنى دۇنيادىكى ئەرزىمەس نەرسىلەرگە تېگىشىپ دۇنيا ھاياتىغا رازى بولىدۇ، ئۆزلىرىنىڭ نەپسى-ھەۋەسلىرىنى دۇنيانىڭ ئەرزىمەس شەھۋەت ۋە لەززەتلىرى بىلەن قاندۇرىدۇ. ئۇلار «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئايەتلىرىدىن ۋە ئاللاھ تائالانىڭ بىر ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى نامايان قىلىدىغان كائىنات ئالامەتلىرىدىن غەپلەتتە قالغۇچىلار بولۇپ، ئۇلار بۇ توغرىدا ئويلانمايدۇ ۋە ۋەز-نەسىھەتنىمۇ قوبۇل قىلمايدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ بارىدىغان جايى دوزاخ بولىدۇ. دوزاخ ھەقىقەتەن ئازابى قاتتىق، قورقۇنچلۇق جايدۇر. ئاخىرەتتە ئورنى دوزاخ بولغانلارنىڭ ھالىغا ۋاي!!!

بۇ ئۇلارنىڭ دىن، ئەقىل ۋە مەنتىقىگە زىت كېلىدىغان ئەمەللەرنى قىلغانلىقى ئۈچۈندۇر. ھەقىقەتنى ئىنكار قىلغان كاپىرلارنىڭ ئاقىۋىتى ۋە جازاسى ئەنە شۇنداق بولىدۇ.

ئەمما ھەقىقەتنى ئېتىراپ قىلىپ، ئاللاھ تائالاغا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋە «قۇرئان كەرىم»گە ئىمان كەلتۈرگەن ۋە شۇ ئىمانىغا لايىق ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەرگە كەلسەك، ئۇلارنىڭ مۇكاپاتى بۇ دۇنيادا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش، ئاخىرەتتە ئېسىل جەننەتلەردىن ئورۇن ئېلىشتۇر. چۈنكى، ئاللاھ تائالا مۇنداق كىشىلەرنى بۇ دۇنيادا جەننەتنىڭ يوللىرىغا يېتەكلەيدۇ، ئۇلارنى جەننەتكە ئېلىپ بارىدىغان ئەمەللەرنى قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا جەننەتنى سۈپەتلەپ: ﴿ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەر...﴾ دەيدۇ. بۇ جەننەتتىكى تىنچلىق، راھەت ۋە بەخت-سائادەتنىڭ بايانىدۇر. ئۇلارنىڭ جەننەتتىكى دۇئاسى: ئى ئاللاھ! سېنى بارچە ئەيىب-نۇقساندىن ۋە جىمى كەمچىلىكلەردىن ئەلۋەتتە پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمىز ۋە شۇنداق ياد ئېتىمىز، دېيىشتىن ئىبارەتتۇر. جەننەت ئەھلىنىڭ بىر-بىرى بىلەن ئۇچراشقان ۋاقىتتىكى تىلەكلىرى «ئامان بولۇڭلار!» دېيىش ئارقىلىق بىر-بىرىگە ئامانلىق تىلەشتىن ئىبارەتتۇر. ئۇلارنىڭ ئاخىرقى دۇئاسى بولسا ﴿جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھقا خاستۇر!﴾ يەنى بارلىق مەدھىيە ۋە ئەڭ گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان

ئاللاھقا خاستۇر! ئاللاھقا شۈكۈرلەر بولسۇنكى، بىزنى مۇشۇنداق ئىسىل جەننەتكە ئورۇنلاشتۇردى، دېيىشتىن ئىبارەت بولىدۇ. بۇ تولۇپ تاشقان رازىمەنلىك بىلەن ئۇلارنىڭ قەلب قاتلىرىدىن ئېتىلىپ چىققان مەدھىيە ۋە تەشەككۈر سۆزىدۇر.

يۇقىرىقى ئۈچ تۇرلۇك سۈپەت بىلەن ئۈچ تۇرلۇك سۆز بىزگە جەننەت ئەھلىنىڭ قانداق نېمەتلىنىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاخىرەتنى ئۇنتۇپ، بۇ دۇنيانىڭ ۋاقىتلىق لەززەتلىرىگە ۋە قىزىقتۇرۇشلىرىغا ئالدىنىپ قالغانلار زىيان تارتقۇچىلاردۇر. يۇقىرىقى ئايەتلەر بۇنداق قىلىشنىڭ يامان ئاقىۋىتىدىن ئاگاھلاندۇرىدۇ.

2. ئاللاھ تائالانىڭ ياراتقانلىرى ئۈستىدە ۋە «قۇرئان كەرىم» ھەققىدە تەپەككۇر قىلىش ھىدايەت تېپىشنىڭ ۋە بەختلىك ھاياتقا ئېرىشىشنىڭ ئامىللىرىدۇر.

3. ئىمان بىلەن ياخشى ئەمەللەر جەننەتنىڭ ئاچقۇچى ۋە توغرا يول تېپىشنىڭ كاپالىتىدۇر.

4. جەننەتنىڭ نېمەتلىرى بۇ دۇنيانىڭ بارچە نېمەتلىرىدىن ئارتۇقتۇر.

## ◄ ئىنسانلارنىڭ مىجەز-خاراكتېرى ۋە تەبىئىتى

﴿۞ وَلَوۡ يُعَجِّلُ ٱللَّهُ لِلنَّاسِ ٱلشَّرَّ ٱسۡتِعۡجَالَهُم بِٱلۡخَيۡرِ لَقُضِيَ إِلَيۡهِمۡ
أَجَلُهُمۡۖ فَنَذَرُ ٱلَّذِينَ لَا يَرۡجُونَ لِقَآءَنَا فِي طُغۡيَٰنِهِمۡ يَعۡمَهُونَ ﴿١١﴾
وَإِذَا مَسَّ ٱلۡإِنسَٰنَ ٱلضُّرُّ دَعَانَا لِجَنۢبِهِۦٓ أَوۡ قَاعِدًا أَوۡ قَآئِمٗا فَلَمَّا
كَشَفۡنَا عَنۡهُ ضُرَّهُۥ مَرَّ كَأَن لَّمۡ يَدۡعُنَآ إِلَىٰ ضُرّٖ مَّسَّهُۥۚ كَذَٰلِكَ
زُيِّنَ لِلۡمُسۡرِفِينَ مَا كَانُواْ يَعۡمَلُونَ ﴿١٢﴾ وَلَقَدۡ أَهۡلَكۡنَا ٱلۡقُرُونَ مِن
قَبۡلِكُمۡ لَمَّا ظَلَمُواْ وَجَآءَتۡهُمۡ رُسُلُهُم بِٱلۡبَيِّنَٰتِ وَمَا كَانُواْ لِيُؤۡمِنُواْۚ
كَذَٰلِكَ نَجۡزِي ٱلۡقَوۡمَ ٱلۡمُجۡرِمِينَ ﴿١٣﴾ ثُمَّ جَعَلۡنَٰكُمۡ خَلَٰٓئِفَ فِي
ٱلۡأَرۡضِ مِنۢ بَعۡدِهِمۡ لِنَنظُرَ كَيۡفَ تَعۡمَلُونَ ﴿١٤﴾﴾

### تەرجىمىسى

**11ـ ئەگەر ئىنسانلار ياخشىلىقنىڭ تېز كېلىشىگە ئالدىرىغاندەك ئاللاھمۇ ئۇلارغا يامانلىق چۈشۈرۈشنى تېزلەتكەن بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ ئەجىلى ئاخىرلاشقان بولاتتى. بىزنىڭ ئالدىمىزغا كېلىدىغانلىقىدىن پەرۋاسىز يۈرگەنلەرنى ئازغۇنلۇقتا تېڭىرقىغان ھالىتىگە قويۇۋېتىمىز.**

**12ـ ئىنساننىڭ بېشىغا بالايىئاپەت كەلسە، ئۇ ياتسىمۇ، ئولتۇرسىمۇ، ئۆرە تۇرسىمۇ، (ئۇنىڭدىن قۇتۇلدۇرۇپ قويۇشىمىزنى تىلەپ) بىزگە دۇئا قىلىدۇ؛ ئۇنىڭغا يەتكەن بالايىئاپەتنى كۆتۈرۈۋەتسەك، ئۇ گويا ئۇنى كۆتۈرۈۋېتىشىمىزنى تىلەپ بىزگە دۇئا قىلمىغاندەكلا يۈرۈۋېرىدۇ. ھەددىدىن ئاشقۇچىلارنىڭ قىلمىشلىرى ئۇلارغا مۇشۇنداق چىرايلىق كۆرسىتىلدى.**

**13ـ شۈبھىسىزكى، سىلەردىن ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە پەيغەمبەرلىرى ئوپئوچۇق مۆجىزىلەرنى ئېلىپ كەلگەن بولسىمۇ، (ئۇلار مۆجىزىلەرنى ئىنكار قىلىپ ئۆزىگە) زۇلۇم قىلغاندا، ھەقىقەتەن بىز ئۇلارنى ھالاك قىلدۇق. زادى ئۇلار ئىمان ئېيتمايدىغان قەۋم ئىدى. بىز گۇناھكار قەۋمنى ئەنە شۇنداق جازالايمىز.**

**14ـ ئاندىن سىلەرنىڭ قانداق قىلىدىغانلىقىڭلارنى كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن، بىز سىلەرنى زېمىندا ئۇلارنىڭ ئورنىغا دەسسەتتۇق.**

### تەپسىرى

ئالدىراقسانلىق ئىنسان تەبىئىتىنىڭ بىر قىسمىدۇر. ﴿وَكَانَ ٱلْإِنسَٰنُ عَجُولًا﴾ يەنى ﴿ئىنسان بەكمۇ ئالدىراقسان كېلىدۇ﴾[1]. ئادەتتە ئىنسانلار ئۆزىگە ياخشىلىق بولىدىغان ئىشلارغا ئالدىرايدۇ، يامانلىققا بولسا ئاچچىقلانغان، غەزەپلەنگەن ۋە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا ئاجىز قالغان ھالەتلىرىدىلا ئالدىرايدۇ. بۇ خۇددى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغۇچىنىڭ ئىشىغا ئوخشايدۇ. چۈنكى، بۇنداق كىشى خاپىلىقتىن تېزرەك قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئالدىراپ ئۆلۈمنى تاللىۋالىدۇ.

ئەگەر ئىنسانلار ئۆزلىرىدىكى نادانلىق، ئەخمەقلىق ۋە ئاجىزلىق قاتارلىق ئىللەتلەرنىڭ تۈرتكىسى بىلەن يامانلىققا ئالدىرىغاندەك ئاللاھ

[1] ئىسرا سۈرىسى: 11ـ ئايەت.

تائالامۇ ئۇلارنى جازالاشقا ئالدىرىغان بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ ئەجىلى ئاخىرلاشقان ۋە ئاللىبۇرۇن ھالاك بولغان بولاتتى. ئۆز ۋاقتىدا مەككە كاپىرلىرىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن، ئۆزلىرى ئاگاھلاندۇرۇلغان ئازابنىڭ تېزرەك كېلىشىنى تەلەپ قىلغان. ﴿وَيَسۡتَعۡجِلُونَكَ بِٱلسَّيِّئَةِ قَبۡلَ ٱلۡحَسَنَةِ﴾ يەنى ﴿ئۇلار سەندىن ياخشىلىقتىن ئىلگىرى يامانلىقنىڭ (يەنى ئۆزلىرى ئاگاھلاندۇرۇلغان ئازابنىڭ) تېزرەك چۈشۈشىنى تەلەپ قىلىدۇ﴾[1]، ﴿وَإِذۡ قَالُواْ ٱللَّهُمَّ إِن كَانَ هَٰذَا هُوَ ٱلۡحَقَّ مِنۡ عِندِكَ فَأَمۡطِرۡ عَلَيۡنَا حِجَارَةٗ مِّنَ ٱلسَّمَآءِ أَوِ ٱئۡتِنَا بِعَذَابٍ أَلِيمٖ﴾ يەنى ﴿ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار: «ئى ئاللاھ! ئەگەر بۇ (قۇرئان) سېنىڭ تەرىپىڭدىن نازىل قىلىنغان ھەقىقەت بولىدىغان بولسا، ئاسماندىن ئۈستىمىزگە تاش ياغدۇرغىن، ياكى بىزنى قاتتىق ئازاب بىلەن جازالىغىن!» دېدى﴾[2].

ئەگەر ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنىڭ يامانلىققا ئالدىراشتىكى تەلىپىنى ئۇلارنىڭ ياخشىلىققا ئالدىراشتىكى تەلىپىنى ئىجابەت قىلغاندەك تېز ئىجابەت قىلىدىغان بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ ئەجىلى توشۇپ، ئۆمرى ئاخىرلىشىپ، ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۈممەتلىرى ھالاك بولغاندەك مۇددەتتىن بۇرۇنلا ھالاك بولۇپ تۈگەشكەن بولاتتى. لېكىن ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى پۈتۈن دۇنياغا رەھمەت قىلىپ ئەۋەتكەنلىكتىن، ئۇنىڭ رەھمىتى تا قىيامەتكىچە پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە ئورتاقتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ رەھمەت بولۇپ ئەۋەتىلگەنلىكىنىڭ يۈزىسىدىن ئىنسانلار ھالاك قىلىنمىدى، بەلكى ئۇلارنىڭ كۆپ سانلىقى ھىدايەت قىلىندى. شۇنداق قىلىپ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مىللىتى بولغان ئەرەبلەر ئەڭ ئاۋۋال ئىمان ئېيتتى، ئاندىن باشقا مىللەتتىن بولغان كىشىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتىپ، ئۇنىڭ يولىغا ئەگەشتى، ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئىنكار قىلغان كاپىرلارنى ئاللاھ تائالا مەغلۇپ قىلدى.

ئاللاھ تائالا كاپىرلارنى شۇنداق ئىككى خىل يول بىلەن جازالايدۇ: بىرى، بۇ دۇنيادا مۇسۇلمانلارنىڭ قولى ئارقىلىق ئەسىرگە ئېلىش ياكى ئۆلتۈرۈش بىلەن جازالاش، يەنە بىرى، ئۇلارنىڭ جازاسىنى قىيامەت كۈنىگە قەدەر كېچىكتۈرۈپ ئەڭ قاتتىق ئازاب-ئوقۇبەتلەر بىلەن

[1] رەئد سۈرىسى: 6-ئايەت.
[2] ئەنفال سۈرىسى: 32-ئايەت.

جازالاشتۇر. ئىمان ئېيتىشنى خالىمىغانلارنى ئاللاھ تائالا ئۆز ئازغۇنلۇقىدا قالدۇرىدۇ. ﴿بىزنىڭ ئالدىمىزغا كېلىدىغانلىقىدىن پەرۋاسىز بولغانلارنى ئازغۇنلۇقتا تېڭىرقىغان ھالىتىگە قويۇۋېتىمىز﴾.

ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى پۈتۈن ئالەملەرگە رەھمەت قىلىپ ئەۋەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ دىنىغا قارشى چىققان كاپىرلارنى قارۇننى يەرگە يۇتقۇزغاندەك يەرگە يۇتقۇزۇۋېتىشتىن، ئاد ۋە سەمۇد قەۋملىرىنى ھالاك قىلىۋەتكەندەك پۈتۈنلەي ھالاك قىلىۋېتىشتىن ساقلاپ قالغان ۋە ئۇلارنىڭ جازاسىنى ئاخىرەتكە قالدۇرغان.

ئىنسانغا قاتتىق دەرد-ئەلەم ياكى زور قىيىنچىلىق ۋەياكى چوڭ زىيان-زەخمەت قاتارلىق بىرەر مۇسىبەت يەتسە، ئۇ دەرھال ئاللاھ تائالاغا يۈزلىنىدۇ، ئىلتىجا قىلىدۇ ۋە چىن كۆڭلىدىن دۇئا قىلىپ بۇ مۇسىبەتنى كۆتۈرۈۋېتىشنى تۆۋەنچىلىك بىلەن تىلەيدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇنىڭدىن مۇسىبەتنى كۆتۈرۈۋەتسە، ئۇنى قىيىنچىلىقتىن قۇتقۇزۇپ قويسا، ئۇ گويا ھېچ ئىش بولمىغاندەك ۋە ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلىپ يالۋۇرمىغاندەكلا ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى يولىنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىدۇ.

مۇسىبەت يەتكەندە ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىپ، خاتىرجەملىك ۋاقىتلاردا ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈش ئارقىلىق ئۆزىگە ئۆزى زۇلۇم قىلغانلار شەيتانلارغا ئالدىنىپ قالغان كىشىلەردۇر. بۇنىڭدىن شۇنى بىلىۋالىمىزكى، كاپىرلارنىڭ يامانلىقنى ئالدىرىشى ئۆزلىرىنىڭ ھەددىدىن ئاشقانلىقىدىن بولۇپ، ئۇلار بۇ ئالدىراشتا ئۆزىنى ھالاكەتكە ئېتىشتىن باشقا ھېچ نەرسىگە ئېرىشەلمەيدۇ.

ئىنسان ئەنە شۇنداق يامانلىققا ئالدىرايدۇ. نۇرغۇن كىشىلەر پەقەت زور قىيىنچىلىققا يولۇققان ياكى قاتتىق كۈندە قالغاندىلا ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلىدۇ. ﴿وَٱلْعَصْرِ ۝١ إِنَّ ٱلْإِنسَـٰنَ لَفِى خُسْرٍ ۝٢ إِلَّا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ وَعَمِلُوا۟ ٱلصَّـٰلِحَـٰتِ وَتَوَاصَوْا۟ بِٱلْحَقِّ وَتَوَاصَوْا۟ بِٱلصَّبْرِ ۝٣﴾ يەنى ﴿زامان بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئىنسان چوقۇم زىيان ئىچىدىدۇر. پەقەت ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، بىر - بىرىگە ھەقنى تەۋسىيە قىلىشقان ۋە (ئۇنىڭدا) چىداملىق بولۇشنى تەۋسىيە قىلىشقان كىشىلەرلا زىيان تارتمايدۇ﴾[1].

ئىنسان تەبىئىتى ئەنە شۇنداق. ئاللاھ تائالانىڭ كائىناتتا بەلگىلىگەن

[1] ئەسىر سۈرىسى.

قانۇنىيىتىمۇ شۇنداق. ئاللاھ تائالا بەلگىلىگەن قانۇنىيەت ئۆزگەرمەيدۇ. ئەقىل ئىگىلىرى ئەلۋەتتە بۇنىڭدىن ئىبرەت ئېلىشى كېرەك.

ئى مەككە كاپىرلىرى! ئۆزۈڭلارنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىڭلارغا قاراڭلار؟ قەسەمكى، بىز سىلەردىن ئىلگىرىمۇ نۇرغۇن ئۈممەتلەرنى ھالاك قىلىۋەتتۇق. ئۇلار كۈچ-قۇۋۋەتتە، بايلىقتا سىلەردىن ئەلۋەتتە ئۈستۈن ئىدى. لېكىن ئۇلار ھەددىدىن ئاشقانلىقى ۋە ھەقىقەتنى ئىنكار قىلىپ ئۆزىگە ئۆزى زۇلۇم قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنى يەر يۈزىدىن يوق قىلىۋەتتۇق. ئۆز ۋاقتىدا ئۇلارنىڭ پەيغەمبەرلىرى ئۇلارغا دۇنيانىڭ ھەقىقىتىنى ئېنىق بايان قىلىپ بەرگەن، پەيغەمبەرگە ئەگىشىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى بىلدۈرۈپ نۇرغۇن تەۋسىيەلەرنى قىلغان ئىدى. ئەمما ئۇلار پەيغەمبەرلەرگە ئىشەنمىدى. ئۇلار ھەقىقەتكە ئەمەس، بەلكى ئۆزلىرىنىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشتى، ئاندىن زۇلۇم ۋە كۇفرىلىدا ھەددىدىن ئاشتى، دۇنيا مەنپەئەتىگە بېرىلىپ، شۇنىڭدىنلا كۆڭلى ئارام تاپتى. ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى كىشىلەرگە زۇلۇم قىلىش، كۇفرىدا چىڭ تۇرۇپ ئۆزىگە ئۆزى زۇلۇم قىلىش، گۇناھ-مەئسىيەتلەرنى سادىر قىلىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت ئىدى. بۇنداق ناچار سۈپەتلىك ئىنسانلارنىڭ ئىمان ئېيتىشىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. بۇ خىلدىكى زالىملارنىڭ جازاسى ئۇلارنى ھالاك قىلىپ تۈپ-يىلتىزىدىن يوق قىلىش، ياكى ئۇلارنىڭ بىرلىكىنى پارچىلاپ ئازابلاشتۇر. ئاللاھ تائالانىڭ كائىناتتا بېكىتىۋەتكەن قانۇنىيىتى ئەنە شۇنداقتۇر.

ئى مەككىلىكلەر! بۇنىڭدىن ئىبرەت ئېلىڭلار. بىز سىلەرنى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى ۋە ئەڭ ئاخىرقىسى بولغان ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتى قىلدۇق. سىلەرنى ئىلگىرى ھالاك قىلىنغان ئۈممەتلەرنىڭ ئورنىغا دەسسەتتۇق ۋە ئۇلارنىڭ يەر-ماكانلىرىغا ئىگە قىلدۇق. قېنى، سىلەرنىڭ قانداق ئەمەل قىلىدىغانلىقىڭلارغا قاراپ باقىمىز. شۇنىڭغا ئاساسەن، سىلەرنىڭ مۇكاپات ياكى جازايىڭلارنى بېرىمىز. ئەمەلىڭلار ياخشى بولسا مۇكاپاتقا ئېرىشىسىلەر، يامان بولسا جازاسىنى تارتىسىلەر.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىنىڭ ئالامەتلىرىدىن بىرى گۇناھكارلارنىڭ جازاسىنى كېچىكتۈرۈش ۋە دەرھال ھالاك قىلماسلىق، ئۇلارنىڭ توغرا يول

تېپىۋېلىشى ئۇچۇن پۇرسەت بېرىشتۇر. ئەگەر ئاللاھ تائالا ئىنسانلارغا مەرھەمىتىنى كىچىكتۈرمىگەندەك، ئازابىنىمۇ كېچىكتۈرمىسە ئىدى، ئۇلار گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن ئەلۋەتتە ھالاك بولغان بولاتتى.

2. ئاللاھ تائالانى ئىنكار قىلىدىغان كاپىرلارمۇ ھالاكەتلەرگە دۇچ كەلگەندە، ئەتراپىتىكىلىرىنىڭ ياردىمىدىن ئۈمىدى ئۈزۈلگەندە، ئاللاھ تائالانى ئېسىگە ئالىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئىلتىجا قىلىدۇ. ئاندىن ئاللاھ تائالا ئۇلارنى ھالاكەتلەردىن قۇتقۇزغاندىن كېيىن، ئۇلار ئۇنى ئۇنتۇپ كېتىدۇ.

3. كاپىرلارنىڭ كۇفرىلىقتا چىڭ تۇرۇۋېلىشى، ئازغۇنلارنىڭ توغرا يولنى تېپىشىنى خالىماسلىقى ئۇلارنىڭ نەپسى بىلەن شەيتانلىرىنىڭ يامانلىقنى ياخشىلىقتەك، ئازغۇنلۇقنى ھىدايەتتەك كۆرسەتكەنلىكىدىن بولىدۇ.

4. گۇناھكارلار تەۋبە قىلمىسا ئاللاھ تائالانىڭ ئازابى ئۇلارنى كېچىكىپ بولسىمۇ چوقۇم تاپىدۇ.

### ◄ مۇشرىكلارنىڭ سەپسەتىلىرىگە رەددىيە

﴿وَإِذَا تُتْلَىٰ عَلَيْهِمْ ءَايَاتُنَا بَيِّنَٰتٍ قَالَ ٱلَّذِينَ لَا يَرْجُونَ لِقَآءَنَا ٱئْتِ
بِقُرْءَانٍ غَيْرِ هَٰذَآ أَوْ بَدِّلْهُ ۚ قُلْ مَا يَكُونُ لِىٓ أَنْ أُبَدِّلَهُۥ مِن تِلْقَآيِٕ
نَفْسِىٓ ۖ إِنْ أَتَّبِعُ إِلَّا مَا يُوحَىٰٓ إِلَىَّ ۖ إِنِّىٓ أَخَافُ إِنْ عَصَيْتُ رَبِّى عَذَابَ
يَوْمٍ عَظِيمٍ ﴿١٥﴾ قُل لَّوْ شَآءَ ٱللَّهُ مَا تَلَوْتُهُۥ عَلَيْكُمْ وَلَآ أَدْرَىٰكُم
بِهِۦ ۖ فَقَدْ لَبِثْتُ فِيكُمْ عُمُرًا مِّن قَبْلِهِۦٓ ۚ أَفَلَا تَعْقِلُونَ ﴿١٦﴾ فَمَنْ
أَظْلَمُ مِمَّنِ ٱفْتَرَىٰ عَلَى ٱللَّهِ كَذِبًا أَوْ كَذَّبَ بِـَٔايَٰتِهِۦٓ ۚ إِنَّهُۥ لَا يُفْلِحُ
ٱلْمُجْرِمُونَ ﴿١٧﴾ وَيَعْبُدُونَ مِن دُونِ ٱللَّهِ مَا لَا يَضُرُّهُمْ وَلَا يَنفَعُهُمْ
وَيَقُولُونَ هَٰٓؤُلَآءِ شُفَعَٰٓؤُنَا عِندَ ٱللَّهِ ۚ قُلْ أَتُنَبِّـُٔونَ ٱللَّهَ بِمَا لَا يَعْلَمُ فِى
ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَلَا فِى ٱلْأَرْضِ ۚ سُبْحَٰنَهُۥ وَتَعَٰلَىٰ عَمَّا يُشْرِكُونَ ﴿١٨﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

15ـ ئۇلارغا (ھەقىقەتنىڭ) ئوپئوچۇق (دەلىللىرى بولغان) ئايەتلىرىمىز ئوقۇپ بېرىلگەندە، بىزنىڭ ئالدىمىزغا كېلىدىغانلىقىدىن قورقمايدىغانلار:

«بۇنىڭدىن باشقا بىر قۇرئاننى كەلتۈرگىن ياكى ئۇنى ئۆزگەرتكىن» دېدى. (ئۇلارغا) «مەن ئۇنى ئۆزۈمچە ئۆزگەرتەلمەيمەن، مەن پەقەت ماڭا قىلىنغان ۋەھيىگىلا ئەگىشىمەن. ئەگەر مەن رەببىمگە ئاسىيلىق قىلسام، ئەلۋەتتە، بۈيۈك بىر كۈننىڭ ئازابىدىن قورقىمەن» دېگىن.

16-«ئەگەر ئاللاھ خالىسا ئىدى، سىلەرگە ئۇنى ئوقۇپ بەرمىگەن بولاتتىم، ئاللاھمۇ ئۇنى سىلەرگە بىلدۈرمىگەن بولاتتى. (قۇرئان نازىل بولۇشتىن) ئىلگىرى ئاراڭلاردا ئۇزاق ۋاقىت تۇردۇم. سىلەر ئەقلىڭلارنى ئىشلەتمەمسىلەر؟» دېگىن.

17-ئاللاھ نامىدىن يالغاننى توقۇغان ياكى ئۇنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغان ئادەمدىنمۇ زالىم ئادەم بارمۇ؟ گۇناھكارلار ھەرگىز مەقسىتىگە يېتەلمەيدۇ.

18-ئۇلار ئاللاھنى قويۇپ، ئۆزلىرىگە پايدا-زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان نەرسىلەرگە چوقۇنىدۇ، «ئاشۇلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا بىزنىڭ شاپا-ئەتچىلىرىمىزدۇر» دېيىشىدۇ، (ئۇلارغا ئېيتقىنكى) «ئەجەبا، ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا ئاللاھنىڭ ئىلمىدە بولمىغان بىر نەرسە بولۇپ، سىلەر ئۇنى ئاللاھقا ئېيتىپ بەرمەكچىمۇ؟» ئاللاھ ئۇلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن ئەلۋەتتە پاكتۇر ۋە يۈكسەكتۇر.

### ◄ تەپسىرى

مەككە مۇشرىكلىرىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارشى ئىشلەتكەن ھىيلە-مىكىرلىرىدىن بىرى، ئۇلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىس-سالامدىن «قۇرئان كەرىم»دىن باشقا بىر كىتاب كەلتۈرۈشىنى ياكى ئۇنى مۇشرىكلارنىڭ خاھىشىغا مۇناسىپ قىلىپ ئۆزگەرتىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىشى ئىدى. ئۇلارنىڭ بۇنداق دېيىشىگە تۈرتكە بولغان نەرسە ئۇلارنىڭ ئىنكاردا چىڭ تۇرۇۋاتقانلىقى ۋە ئۆزلىرىنىڭ «قۇرئان كەرىم»گە ئوخشايدىغان بىرەر كىتابنى مەيدانغا چىقىرىشتىن ئاجىز كەلگەنلىكى ئىدى. ئۇلار شۇنداق ھىيلە-مىكىر ئىشلەتمەكچى بولۇۋىدى، ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ بارلىق ھىيلە-مىكىرلىرىنى بىتچىت قىلىۋەتتى.

ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ئومۇمىي پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ

قەۋمى بولغان ئەرەبلەرنى ئىسلام دىنىغا دەۋەت قىلىپ، ئۇلاردىن ئاللاھ تائالانىڭ بىر ئىكەنلىكىگە ئىمان كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى، ئىمان ئېيتقانلارغا ئۇلارنىڭ جەننەتكە كىرىدىغانلىقى ھەققىدە خۇش خەۋەر بەردى، كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋالغانلارنى دوزاخ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەڭگۈلۈك مۆجىزە ۋە ئەڭ كۈچلۈك ھۆججەت بولغان «قۇرئان كەرىم»نى تۇتۇپ تۇرۇپ پۈتۈن ئەرەبلەرگە مۇنازىرە ئېلان قىلدى. ئۇلاردىن مۇشۇ «قۇرئان كەرىم»گە ئوخشايدىغان بىرەر كىتابنى ياكى ئۇنىڭ ئون سۈرىسىگە ۋەياكى ھېچ بولمىغاندا بىرەر سۈرىسىگە ئوخشايدىغان بىرەر كىتابنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ بېقىشنى تەلەپ قىلدى. ئەمما ئۇلار ۋە ئۇلار ياشاۋاتقان جەمئىيەت بۇ مۇنازىرىگە جاۋاب بېرەلمىدى. گەرچە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يېتىشكەن ئەدىبلەر، تالانتلىق شائىرلار ۋە سۆزدە يېڭىلمەيدىغان ئۇستا سۆزمەنلەر شۇنچە كۆپ بولغان تۇرۇقلۇق، ئۇلار ئۆزلىرىدىن تەلەپ قىلىنغان بۇ ئاددىي تەلەپنىمۇ ئورۇندىيالمىدى. ﴿قُل لَّئِنِ ٱجۡتَمَعَتِ ٱلۡإِنسُ وَٱلۡجِنُّ عَلَىٰٓ أَن يَأۡتُواْ بِمِثۡلِ هَٰذَا ٱلۡقُرۡءَانِ لَا يَأۡتُونَ بِمِثۡلِهِۦ وَلَوۡ كَانَ بَعۡضُهُمۡ لِبَعۡضٖ ظَهِيرٗا﴾ يەنى ﴿ئېيتقىنكى، «ئەگەر ئىنسانلار، جىنلار بۇ قۇرئاننىڭ ئوخشىشىنى مەيدانغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن يىغىلىپ بىر-بىرىگە ياردەملەشكەن تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ ئوخشىشىنى مەيدانغا كەلتۈرەلمەيدۇ»﴾[1]. «قۇرئان كەرىم» مۇشرىكلارنىڭ مەبۇد دەۋالغان بۇتلىرىنىڭ پەقەتلا ساختا نەرسىلەر ئىكەنلىكىنى بايان قىلىشنى توختاتمىدى. بۇ ئىشلار ئۇلارنى غەزەپلەندۇردى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بۇتلارنى ھەددىدىن زىيادە ياخشى كۆرىدىغان ۋە ئۇلارنى جان تىكىپ قوغدىماقچى بولغانلار كۆپ ئىدى. ئەھۋال شۇنداق تۇرسا، ئۇلار غەزەپلەنمەي نېمە قىلاتتى؟

شۇڭا ئۇلار دېدىكى: ئى مۇھەممەد! سەن بىزگە بىزنى ۋە بىزنىڭ ئىلاھلىرىمىزنى سۆكمەيدىغان، ئەيىبلىمەيدىغان باشقا بىر قۇرئاننى كەلتۈرگىن ياكى بۇ قۇرئاننى بىزنىڭ خاھىشىمىزغا مۇناسىپ قىلىپ بىزنىڭ ئىلاھلىرىمىزنى سۆكمەيدىغان شەكىلدە ئۆزگەرتكىن، بۇ قۇرئاندىكى ئازاب-ئوقۇبەت، ھالال-ھارام، بۇتلارنىڭ ساختا ئىكەنلىكى قاتارلىق ئىشلار توغرىسىدا كەلگەن ئايەتلەرنى ئۆچۈرۈۋەتكىن، ئەگەر سەن شۇنداق قىلساڭ، بىز ئەلۋەتتە ساڭا ئەگىشىمىز ۋە ئىمان ئېيتىمىز. ئۇلارنىڭ مەقسىتى شۇ ئىدىكى، ناۋادا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام شۇنداق

[1] ئىسرا سۈرىسى: 88-ئايەت.

قىلسا، ئۇ ئۆز دەۋىتىنىڭ ئاساسىنى ئۆزى ۋەيران قىلغان، «قۇرئان كەرىم» نىڭ ئويۇچۇق دەلىل-پاكىتلىرىنى بۇزغان بولاتتى. ناۋادا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام «قۇرئان كەرىم»نى ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى دەپ تۇرۇپ، ئۇنى ئۆزى ئۆزگەرتىۋەتسە ئىدى، ئۇ ۋاقىتتا مۇشرىكلارنىڭ سەپسەتىلىرى ۋە «قۇرئان كەرىم»نى «سېھىر»، «ئىنسان سۆزى» دەيدىغان تۆھمەتلىرى بازار تاپقان بولاتتى. ئەمما ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۇلارغا قايتا ئىغىز ئاچالمايدىغان دەرىجىدە كەسكىن جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېيىشكە بۇيرۇغان: «قۇرئان كەرىم»نى ئۆزگەرتىش مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەيدۇ، مۇنداق قىلسام قەتئىي توغرا بولمايدۇ. چۈنكى، مەن پەقەت بىر ئەلچىمەن. «قۇرئان كەرىم»بولسا ئاللاھ تائالانىڭ ماڭا قىلغان ۋەھيىسىدۇر. مەن پەقەت رەببىم تەرىپىدىن ماڭا قىلىنغان ۋەھيىگە ئەگىشىمەن. رەببىمنىڭ سۆزىنى ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق ئۇنىڭغا ئاسىيلىق قىلىپ قىيامەتتە دەھشەتلىك ئازاب-ئوقۇبەتكە چۈشۈپ قىلىشتىن قورقىمەن.

ئاللاھ تائالا يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كاپىرلارنىڭ «بۇنىڭدىن باشقا بىر قۇرئاننى كەلتۈرگىن» دېگەن تەلىپىگە مۇنداق دەپ جاۋاب بېرىشكە بۇيرۇغان: ئەگەر ئاللاھ خالىسا ئىدى، مەن سىلەرگە قۇرئان ئايەتلىرىنى ھەرگىزمۇ تىلاۋەت قىلمايتتىم ۋە ئۆگەتمەيتتىم. چۈنكى، ئىش مېنىڭ خاھىشىم بىلەن ئەمەس، بەلكى ئاللاھ تائالانىڭ خاھىشى بىلەن بولىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسى ھەمىشە كۈچكە ئىگىدۇر.

ئى قەۋمىم! سىلەر نېمە ئۈچۈن مەندىن يىراقلىشىپ كېتىسىلەر؟ نېمە ئۈچۈن مېنىڭ دەۋىتىمنى قوبۇل قىلمايسىلەر؟ ھالبۇكى، مۇشۇ «قۇرئان كەرىم» نازىل بولۇشتىن ئىلگىرى 40 يىللىق ھاياتىمدا سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا تۇردۇم. بىرەر مۇئەللىمنىڭ ئالدىغا بارمىدىم، بىرەر كىتاب ئوقۇمىدىم، بىرەر مەكتەپكە كىرىپمۇ باقمىدىم. مەن ئوقۇش ۋە يېزىشنى ئۆگەنمىگەن ساۋاتسىز بىر ئىنسانمەن. شۇنداقلا ساۋاتسىزلىق ئومۇملاشقان بىر جەمئىيەتتە ئۆسۈپ يېتىلدىم. ماڭا پەيغەمبەرلىك ۋەھيى قىلىنىشتىن بۇرۇنقى ھاياتىمدا بۇنداق سۆزلەرنى قىلىپ باقمىدىم. ئەھۋال شۇنداق تۇرسا، بۇ «قۇرئان كەرىم» قانداقمۇ مېنىڭ سۆزۈم بولسۇن؟!

ئى قەۋمىم! مۇشۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇنتۇپ قالدىڭلارمۇ؟ ئەقلىڭلارنى ئىشلەتمەمسىلەر؟ ئەگەر بىلسەڭلار، دۇنيادا مۇنداق ئىككى تۈرلۈك كىشى ئەڭ زالىم ئادەم بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرى، ئاللاھ تائالانىڭ

نامىدىن يالغاننى توقۇغان ئادەم، يەنە بىرى، ئاللاھ تائالانىڭ ئوپئوچۇق ھەقىقەتكە دالالەت قىلىدىغان روشەن ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغان ئادەمدۇر. شۇڭا زالىملارنىڭ ھەرگىز مۇرادىغا يېتەلمەيدىغانلىقى ۋە مەڭگۈ نىجاتلىققا ئېرىشەلمەيدىغانلىقى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس.

ئەرەبلەر جاھىلىيەت دەۋرىدە كۆپ دىنغا ئېتىقاد قىلاتتى، ئىبادەتتە تۈرلۈك پىرقىلەرگە بۆلۈنۈپ كەتكەن ئىدى. ئەمما ئۇلارنىڭ ھەممىسى بۇتلارنى ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈشتە ئورتاق ئىدى. ئەرەبلەرنىڭ ئارىسىدا يەمەندىكى بەزى قەبىلىلەردەك يەھۇدىي بولۇپ كەتكەنلەر، غەسساسىنە ۋە تەغلەب قەبىلىلىرىدەك خىرىستىيان بولۇپ كەتكەنلەرمۇ بولغان. نەجراندا ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىنىڭ قالدۇقلىرى بار ئىدى. خەيبەر يەھۇدىيلىرىغا ۋە ئۇلارنىڭ قۇرەيزە، نەزىر، قەينۇقا قەبىلىلىرىگە قوشنا بولغان ئەۋس بىلەن خەزرەج قەبىلىلىرىدىنمۇ نۇرغۇن كىشىلەر يەھۇدىي بولۇپ كەتكەن ئىدى. بەزى كىشىلەر يۇلتۇزغا چوقۇنىدىغان بولۇپ، «پالانى يۇلتۇز بىزگە يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىدۇ» دەيتتى. يەنە بەزى كىشىلەر ھېچبىر دىنغا ئېتىقاد قىلمايتتى. ئاللاھ تائالانى، ئاخىرەتنى ۋە ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشنى ئىنكار قىلغۇچىلار بولسا ھاياتلىق پەقەت مۇشۇ دۇنيا ھاياتىدۇر، بۇنىڭدىن باشقا ھاياتلىق يوق، ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش دېگەن يوق گەپ، دەيتتى. ئەمما كۆپ ساندىكى كىشىلەر ئاللاھ تائالانىڭ ياراتقۇچى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلاتتى. ﴿وَلَئِن سَأَلْتَهُم مَّنْ خَلَقَ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضَ لَيَقُولُنَّ خَلَقَهُنَّ ٱلْعَزِيزُ ٱلْعَلِيمُ﴾ يەنى ﴿(ئى پەيغەمبەر!) ئەگەر سەن ئۇلاردىن: «ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى كىم ياراتقان؟» دەپ سورىساڭ، ئۇلار: «ئەلۋەتتە ئۇلارنى غالىب، ھەممىنى بىلگۈچى ئاللاھ ياراتقان» دەيدۇ﴾[1]. ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ ياراتقۇچى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغىنى بىلەن ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشنى ئىنكار قىلاتتى، ئۇلار ئۆزلىرىگە پايدا-زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان بۇتلارغا چوقۇناتتى. ئۇلارنىڭ بۇتلار توغرىسىدىكى سەپسەتىسى: ﴿مَا نَعْبُدُهُمْ إِلَّا لِيُقَرِّبُونَآ إِلَى ٱللَّهِ زُلْفَىٰٓ﴾ يەنى ﴿بىز بۇلارغا پەقەت بىزنى ئاللاھقا تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرسۇن دەپلا چوقۇنىمىز﴾[2] دېيىشتىن ئىبارەت ئىدى.

ئۇلارنىڭ بۇتلارغا چوقۇنۇشى بۇتلارنى ئۇلۇغلاش، ئۇلارغا ئىلتىجا

[1] زۇخرۇف سۈرىسى: 9-ئايەت.
[2] زۇمەر سۈرىسى: 3-ئايەت.

قىلىش ۋە قۇربانلىقلىرىنى ئۇلارغا ئاتاپ شۇلارنىڭ يېنىدا بوغۇزلاشتىن ئىبارەت ئىدى. ئۇلار يەنە بىر بۆلەك ھايۋانلارنى بۇتلارغا خاسلاشتۇرۇۋالاتتى. ﴿وَجَعَلُواْ لِلَّهِ مِمَّا ذَرَأَ مِنَ ٱلۡحَرۡثِ وَٱلۡأَنۡعَٰمِ نَصِيبٗا فَقَالُواْ هَٰذَا لِلَّهِ بِزَعۡمِهِمۡ وَهَٰذَا لِشُرَكَآئِنَاۖ فَمَا كَانَ لِشُرَكَآئِهِمۡ فَلَا يَصِلُ إِلَى ٱللَّهِۖ وَمَا كَانَ لِلَّهِ فَهُوَ يَصِلُ إِلَىٰ شُرَكَآئِهِمۡۗ سَآءَ مَا يَحۡكُمُونَ﴾ يەنى ﴿ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) ئاللاھ ياراتقان ئېكىنلەردىن ۋە چارۋىلاردىن ئاللاھ ئۈچۈن بىر نېسىۋە (بۇتلىرى ئۈچۈن بىر نېسىۋە) ئايرىپ قويۇپ، ئۆزلىرىچە: «بۇ ئاللاھ ئۈچۈندۇر، بۇ مەبۇدلىرىمىز ئۈچۈندۇر» دېدى. (ئۇلارنىڭ قارىشىچە) بۇتلىرىنىڭ نېسىۋىسىدىن ئاللاھنىڭكىگە قوشۇشقا بولمايتتى، ئەمما ئاللاھنىڭ نېسىۋىسىدىن بۇتلىرىنىڭكىگە قوشۇشقا بولاتتى. ئۇلارنىڭ (بۇ) ھۆكمى نېمىدېگەن قەبىھ!﴾[1]. ئۆز ۋاقتىدا مۇشرىكلاردىن نەزىر ئىبنى ھارىس دېگەن ئادەم: «قىيامەت كۈنىدە لات بىلەن ئۇززا بۇتلىرى ماڭا شاپائەت قىلىدۇ» دەپ بىلجىرلىغان. ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۇلارنىڭ بۇ ئاساسسىز بىلجىرلاشلىرىغا رەددىيە بېرىشكە بۇيرۇپ بۇ مەنىدە دەيدۇكى: سىلەر شۇ كەم ئەقلىڭلار بىلەن ئاللاھ تائالاغا ئاسمان-زېمىندا ئۇ بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى ئېيتىپ بەرمەكچىمۇ؟ بۇ يەردە مۇشرىكلارنىڭ جاھالەتتە ئىكەنلىكىنى ۋە بىلجىرلىغانلىرىنىڭ قىلچە ئاساسى يوق ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇشنىڭ ئۆزى ئۇلار بۇتلىرىدىن ئۈمىد قىلىۋاتقان شاپائەتنىڭ ئەسلا يوقلۇقىنى ئىسپاتلاشقا يېتەرلىكتۇر. ئېنىقكى، ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن ئەلۋەتتە پاكتۇر.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. كىشىلەرگە «قۇرئان كەرىم»نى چىرايلىق تىلاۋەت قىلىپ بېرىشمۇ، دەۋەتنىڭ يوللىرىدىن بىرىدۇر.

2. ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىشنى خالىمايدىغانلار ئۆزلىرىنىڭ نادانلىقىنى ھېس قىلمايدۇ.

3. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوقۇش ۋە يېزىشنى ئۆگەنمىگەن، بىرەر ئىلىم ساھەسىدە ئىنسانلاردىن تەلىم ئالمىغان ئادەتتىكى بىر ئىنسانلىق دەرىجىسىدىن 40 ياشقا كىرىشى بىلەن بىردىنلا ئەرەبلەرنىڭ

[1] ئەنئام سۈرىسى: 136-ئايەت.

ئاتاقلىق ئەدىبلىرى بىلەن تالانتلىق شائىرلىرىنى سەھنىدىن چۈشۈرەلەيدىغان دەرىجىدە ئىلىم - مەرىپەتلىك بولۇپ قالغانلىقى ئۇنىڭ راستتىنلا ئاللاھ تائالانىڭ ۋەھيىسى بىلەن يېتىشتۈرۈلگەنلىكىنىڭ دەلىلىدۇر.

4. دۇنيادا ئاللاھ تائالانى ئىنكار قىلغان ياكى ئۇنىڭ نامىدىن يالغان سۆزلىگەن ئادەمدىنمۇ ئازغۇن ئادەم يوقتۇر.

5. مۇشرىكلارنىڭ مەبۇدلىرى ئاخىرەتتە ئۇلارغا ھېچ نەرسە قىلىپ بېرەلمەيدۇ. چۈنكى، ئاخىرەتتە ئەسقاتىدىغان نەرسە ئاللاھ تائالاغا بولغان ئىماندۇر.

## ◄ ئاللاھ ئىنسانلارنى دىنىي ئاڭ بىلەن ياراتقان

﴿وَمَا كَانَ ٱلنَّاسُ إِلَّآ أُمَّةً وَٰحِدَةً فَٱخْتَلَفُوا۟ ۚ وَلَوْلَا كَلِمَةٌ سَبَقَتْ مِن رَّبِّكَ لَقُضِىَ بَيْنَهُمْ فِيمَا فِيهِ يَخْتَلِفُونَ ١٩﴾

### ◄ تەرجىمىسى

19ـ ئىنسانلار (ئەسلىدە) پەقەت بىر دىندا ئىدى. كېيىن ئۇلار بۆلۈندى. ئەگەر رەببىڭ تەرىپىدىن (ئۇلارنىڭ جازاسىنى كېچىكتۈرۈش ھەققىدە) ئالدىنئالا (ئېيتىلغان) بىر سۆز بولمىسا ئىدى، ئۇلار ئىختىلاپ قىلىشقان نەرسىلەر توغرىسىدا ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئەلۋەتتە ھۆكۈم چىقىرىلغان بولاتتى.

### ◄ تەپسىرى

ئىنسانلار ئەسلىدە ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىدىن ئىبارەت بىر دىندا بولۇپ، ھاياتىنى ئاللاھ تائالا نازىل قىلغان شەرىئەت ئەھكاملىرىغا ئەمەل قىلىش بىلەن ئۆتكۈزەتتى. كېيىن ئۇلار دىنىنىڭ روھىدىن يىراقلىشىپ كېتىپ بۆلۈنۈپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا ئۇلارنى ھەق دىنغا قايتۇرۇش ئۈچۈن، پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتى ۋە ساماۋى كىتابلارنى نازىل قىلدى[1].

بۇ ھەقىقەتنى ئاللاھ تائالا بەقەرە سۈرىسىدىكى مۇنۇ ئايەتتىمۇ بايان قىلغان: ﴿كَانَ ٱلنَّاسُ أُمَّةً وَٰحِدَةً فَبَعَثَ ٱللَّهُ ٱلنَّبِيِّـۧنَ مُبَشِّرِينَ وَمُنذِرِينَ وَأَنزَلَ

[1] بەقەرە سۈرىسىنىڭ 213ـ ئايىتىنىڭ تەپسىرىگە قاراڭ.

مَعَهُمُ ٱلۡكِتَٰبَ بِٱلۡحَقِّ لِيَحۡكُمَ بَيۡنَ ٱلنَّاسِ فِيمَا ٱخۡتَلَفُواْ فِيهِۚ وَمَا ٱخۡتَلَفَ فِيهِ إِلَّا ٱلَّذِينَ أُوتُوهُ مِنۢ بَعۡدِ مَا جَآءَتۡهُمُ ٱلۡبَيِّنَٰتُ بَغۡيَۢا بَيۡنَهُمۡۖ فَهَدَى ٱللَّهُ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ لِمَا ٱخۡتَلَفُواْ فِيهِ مِنَ ٱلۡحَقِّ بِإِذۡنِهِۦۗ وَٱللَّهُ يَهۡدِي مَن يَشَآءُ إِلَىٰ صِرَٰطٖ مُّسۡتَقِيمٍ﴾ يەنى ﴿ئىنسانلار بىر دىندا ئىدى (كېيىن ئۇلارنىڭ بەزىسى ئىمان ئېيتىپ، بەزىسى كاپىر بولۇپ ئىختىلاپلاشتى)، ئاللاھ پەيغەمبەرلەرنى (مۆئمىنلەرگە جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگۈچى، (كاپىرلارنى دوزاختىن) ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ ئەۋەتتى. ئاللاھ ئىنسانلارنىڭ ئىختىلاپ قىلىشقان نەرسىلىرى ئۈستىدە ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن، ئۇ پەيغەمبەرلەر بىلەن بىرگە ھەق يولنى كۆرسەتكۈچى كىتابنى نازىل قىلدى. پەقەت كىتاب بېرىلگەنلەر (يەنى يەھۇدىيلار) لا ئۆزلىرىگە ھەقىقەتنىڭ ئوپئوچۇق دەلىللىرى كەلگەندىن كېيىن ئۆزئارا ھەسەت قىلىشىپ، كىتاب توغرىسىدا ئىختىلاپ قىلىشتى. ئاندىن ئاللاھ ئىمان ئېيتقانلارنى ئۆز ئىرادىسى بويىچە (ئۇ يەھۇدىيلار) بىرلىككە كېلەلمىگەن ھەقىقەتكە ھىدايەت قىلدى. ئاللاھ خالىغان كىشىنى توغرا يولغا باشلايدۇ﴾[1].

ئەللامە مۇھەممەد مۇتەۋەللى شەئراۋىي بەقەرە سۈرىسىدىكى مەزكۇر ئايەت بىلەن بۇ سۈرىدىكى ﴿ئىنسانلار (ئەسلىدە) پەقەت بىر دىندا ئىدى. كېيىن ئۇلار بۆلۈندى﴾ دېگەن ئايەتنى مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ مۇنداق دېگەن: «بۇ ئىككى ئايەتتىن مەلۇمكى، ئىنسانلار ئەسلىدە ھەق دىندا ئىدى، ئۇلاردىكى بۆلۈنۈش كېيىن پەيدا بولغان»[2].

ئەللامە ئىبنى جەرىر تەبەرىي ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ «ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئون ئەسىر ئۆتكەن بولۇپ، بۇ ئەسىرلەردە ئۆتكەن ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى ھەق دىندا ئىدى. كېيىن ئۇلار ئىختىلاپ قىلىشتى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەرلەر ئۇلارنى توغرا يولغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن ئەۋەتىلدى» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان[3].

قىل سىغمايدىغان ھەقىقەت شۇكى، ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتىش

---

[1] بەقەرە سۈرىسى: 213ـ ئايەت.

[2] «تفسير الشعراوي» 10ـ توم، 5819ـ بەت.

[3] «تفسير ابن كثير» 4ـ توم، 257ـ بەت.

ئىنسانىنىڭ تۇغۇلۇشىدىلا بار بولغان خىسلەتتۇر، ئەمما ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرىدىغان مۇشرىكلىك ئەقىدىسى بولسا پەقەت جاھالەت ۋە ئازغۇنلۇقتىن كېلىپ چىققان خۇراپاتتۇر.

﴿إِنَّ رَبَّكَ يَقْضِي بَيْنَهُمْ يَوْمَ ٱلْقِيَٰمَةِ فِيمَا كَانُوا۟ فِيهِ يَخْتَلِفُونَ﴾ يەنى ﴿قىيامەت كۈنى رەببىڭ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۇلار ئىختىلاپ قىلىشقان نەرسىلەر ئۈستىدە ئەلۋەتتە ھۆكۈم چىقىرىدۇ﴾[1]. ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىنئالا بەلگىلىۋەتكەن مۇشۇ بەلگىلىمىسى بولمىغان بولسا ئىدى، ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ ئىختىلاپ قىلغان نەرسىلىرى ئۈستىدە ئەلۋەتتە ھۆكۈم قىلغان بولاتتى، ئاندىن ئۇلار قىلمىشلىرىنىڭ جازاسىنى بۇ دۇنيادىلا تارتقان ۋە ئەلۋەتتە ئازابقا دۇچار بولغان بولاتتى. بۇ بايانلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالا بېكىتكەن قانۇنىيەتنى ۋە ئىنسانىنىڭ تەبىئىتىنى بايان قىلىش بىلەن بىرگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قىلىنغان تەسەللىدۇر.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئىنسانلارنىڭ ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت ۋە ئىتائەت قىلىشى ئۇلارنىڭ يارىتىلىشتىكى ئەسلى ھالىتى بولۇپ، ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈش ياكى تەبىئەت كۈچلىرىگە چوقۇنۇش ئىنسانىيەتنىڭ تۇغما ئەقىدىسىگە سىرتتىن كىرگەن خۇراپاتلاردۇر.

2. كۇفرىلىق ئىنسانلارنى پىرقىلەرگە بۆلۈۋەتكەن ئەڭ چوڭ ئاپەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، كاپىرلار ئۆزلىرىنىڭ يارىتىلىشتىكى تەبىئىتى بىلەن زىتلاشقۇچىلاردۇر.

### ◄ مۇشرىكلارنىڭ ئورۇنسىز تەلەپلىرى

﴿وَيَقُولُونَ لَوْلَآ أُنزِلَ عَلَيْهِ ءَايَةٌ مِّن رَّبِّهِۦ ۖ فَقُلْ إِنَّمَا ٱلْغَيْبُ لِلَّهِ فَٱنتَظِرُوٓا۟ إِنِّى مَعَكُم مِّنَ ٱلْمُنتَظِرِينَ ﴿٢٠﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

20ـ ئۇلار (يەنى مەككىلىك كاپىرلار): «نېمىشقا ئۇنىڭغا رەببى تەرىپىدىن

---

[1] يۇنۇس سۈرىسى: 93ـ ئايەت.

(بىز تەلەپ قىلغان مۆجىزىلەردىن) بىرەر مۆجىزە چۈشۈرۈلمىدى؟» دەيدۇ. (ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «غەيب (نى بىلىش) پەقەت ئاللاھقىلا خاستۇر، ئەمدى سىلەر (ئاللاھنىڭ ھۆكمىنى) كۈتۈڭلار، مەنمۇ ئەلۋەتتە سىلەر بىلەن بىللە كۈتكۈچىلەردىنمەن.

## ◄ تەپسىرى

مەككىلىك كاپىرلار ئۆزلىرىگە ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەر - ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى «بىزگە ئوخشايدىغان بىر ئىنسانغا ۋەھيى قىلىنىپتۇمۇ؟» دەپ ئىنكار قىلغانلىقى سىرتىدا، ئۇنىڭدىن بۇ قۇرئاندىن باشقا بىر قۇرئان كەلتۈرۈشىنى ياكى ئۇنى باشقىسىغا ئالماشتۇرۇشىنى تەلەپ قىلغاندەك، ئۇنىڭدىن باشقا مۆجىزىلەرنى تەلەپ قىلغان ئىدى. ئۇلار مۇنداق دېگەن: ئەگەر مۇھەممەد راستتىنلا ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن پەيغەمبەر بولىدىغان بولسا، نېمىشقا ئۇنىڭغا ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرگە بېرىلگەن مۆجىزىلەرگە ئوخشايدىغان مۆجىزىلەر بېرىلمىدى؟

ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دەپ بۇيرۇغان: ئى پەيغەمبەر! ئۇ مۇشرىكلارغا ئېيتقىنكى، غەيبنى پەقەت ئاللاھ تائالا ئۆزىلا بىلىدۇ. سىلەر مەندىن تەلەپ قىلىۋاتقان مۆجىزىمۇ شۇ غەيبنىڭ جۈملىسىدىن سانىلىدۇ. مەن پەقەت ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەر بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان ۋەھيىلەرنى سىلەرگە يەتكۈزىمەن. رەببىمنىڭ مېنى ۋە سىلەرنى قانداق قىلىدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيمەن. ئەگەر سىلەر ماڭا ئىمان ئېيتمىساڭلار ۋە مەن دەۋەت قىلغان دىننى قوبۇل قىلمىساڭلار، ئۇنداقتا، سىلەر ئاللاھ تائالانىڭ ئارىمىزدا ھۆكۈم چىقىرىشىنى، كىمنى ھالاك قىلىپ، كىمنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرىدىغانلىقىنى كۈتۈڭلار، مەنمۇ ئەلۋەتتە سىلەر بىلەن بىللە شۇنى كۈتىمەن. ﴿فَهَلۡ يَنتَظِرُونَ إِلَّا مِثۡلَ أَيَّامِ ٱلَّذِينَ خَلَوۡاْ مِن قَبۡلِهِمۡۚ قُلۡ فَٱنتَظِرُوٓاْ إِنِّي مَعَكُم مِّنَ ٱلۡمُنتَظِرِينَ﴾ يەنى ﴿ئۇلار پەقەت ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرگە كەلگەن (ئازابلىق) كۈنلەرنى كۈتىدۇ. (ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «سىلەر (ئاللاھنىڭ ئازابىنى) كۈتۈڭلار، مەنمۇ ئەلۋەتتە سىلەر بىلەن بىللە كۈتكۈچىلەردىنمەن»﴾[1].

[1] يۇنۇس سۈرىسى: 102ئايەت.

## مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ھەقىقەتنى ئىزدىگەنلەر ئۈچۈن مۆجىزە زۆرۈر ئەمەس، چۈنكى، ئەقىلنى ئىشلەتكەن ئادەمگە پەيغەمبەرلەرنىڭ دۇرۇسلۇقى ۋە گۈزەل ئەخلاقى ئۇلارنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشقا كۇپايىدۇر.

2. كاپىرلار كۇفرىلىقىنى ۋە بارچە يامانلىقىنى پەقەت ئاللاھ تائالا بەلگىلىگەن مەلۇم ۋاقىتقىچە داۋاملاشتۇرالايدۇ. ئەمما ئاللاھ تائالانىڭ ئازابى كەلگەندە ئۇلار تەۋبە قىلىشقىمۇ پۇرسەت تاپالماي قالىدۇ.

## ئىنسانلارنىڭ خاراكتېرى

﴿وَإِذَآ أَذَقۡنَا ٱلنَّاسَ رَحۡمَةٗ مِّنۢ بَعۡدِ ضَرَّآءَ مَسَّتۡهُمۡ إِذَا لَهُم مَّكۡرٞ
فِيٓ ءَايَاتِنَاۚ قُلِ ٱللَّهُ أَسۡرَعُ مَكۡرًاۚ إِنَّ رُسُلَنَا يَكۡتُبُونَ مَا تَمۡكُرُونَ
٢١ هُوَ ٱلَّذِي يُسَيِّرُكُمۡ فِي ٱلۡبَرِّ وَٱلۡبَحۡرِۖ حَتَّىٰٓ إِذَا كُنتُمۡ فِي ٱلۡفُلۡكِ
وَجَرَيۡنَ بِهِم بِرِيحٖ طَيِّبَةٖ وَفَرِحُواْ بِهَا جَآءَتۡهَا رِيحٌ عَاصِفٞ وَجَآءَهُمُ
ٱلۡمَوۡجُ مِن كُلِّ مَكَانٖ وَظَنُّوٓاْ أَنَّهُمۡ أُحِيطَ بِهِمۡ دَعَوُاْ ٱللَّهَ مُخۡلِصِينَ
لَهُ ٱلدِّينَ لَئِنۡ أَنجَيۡتَنَا مِنۡ هَٰذِهِۦ لَنَكُونَنَّ مِنَ ٱلشَّٰكِرِينَ ٢٢ فَلَمَّآ
أَنجَىٰهُمۡ إِذَا هُمۡ يَبۡغُونَ فِي ٱلۡأَرۡضِ بِغَيۡرِ ٱلۡحَقِّۗ يَٰٓأَيُّهَا ٱلنَّاسُ إِنَّمَا
بَغۡيُكُمۡ عَلَىٰٓ أَنفُسِكُمۖ مَّتَٰعَ ٱلۡحَيَوٰةِ ٱلدُّنۡيَاۖ ثُمَّ إِلَيۡنَا مَرۡجِعُكُمۡ
فَنُنَبِّئُكُم بِمَا كُنتُمۡ تَعۡمَلُونَ ٢٣﴾

## تەرجىمىسى

21ـ ئىنسانلارغا زىيان-زەخمەت يەتكەندىن كېيىن، بىز ئۇلارغا رەھمىتىمىزنى تېتىتسىپ قويساق، ئۇلار (مەغرۇرلىنىپ) بىزنىڭ ئايەتلىرىمىز ھەققىدە رەزىل پىلانلارنى تۈزۈشكە ئالدىرايدۇ. ئېيتقىنكى، «ئاللاھ ئۇلارنىڭ رەزىل پىلانلىرىنى ئەڭ تېز بىتچىت قىلغۇچىدۇر». شۈبھىسىزكى، بىزنىڭ پەرىشتىلىرىمىز ھىيلە-مىكىرىڭلارنى يېزىپ تۇرىدۇ.

22ـ ئاللاھ سىلەرنى قۇرۇقلۇقتا، دېڭىزدا سەپەر قىلدۇرىدىغان زاتتۇر. سىلەر ئولتۇرغان كېمە مەيىن شامالدا مېڭىۋاتقان ۋە يولۇچىلار (بۇ) شامالدىن

خۇشاللىنىۋاتقان چاغدا، بىردىنلا قاتتىق بوران چىقىپ، ئۇلار تەرەپ-تەرەپتىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان دېڭىز دولقۇنلىرى ئىچىدە قالىدۇ، كېمىدىكىلەر (ھالاكەت) قورشاۋىدا قالغانلىقىغا كۆزى يېتىپ: «ئى ئاللاھ! ئەگەر سەن بىزنى بۇنىڭدىن قۇتقۇزساڭ، بىز چوقۇم (ساڭا) شۈكۈر قىلغۇچىلاردىن بولاتتۇق» دەپ چىن ئىخلاسى بىلەن ئاللاھقا دۇئا قىلىدۇ.

23-ئاللاھ ئۇلارنى قۇتقۇزغاندىن كېيىن، ئۇلار يەنە يەر يۈزىدە يولسىزلىق بىلەن بۇزغۇنچىلىق قىلىدۇ. ئى ئىنسانلار! سىلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىقىڭلارنىڭ ۋابالى پەقەت ئۆزۈڭلارغا بولىدۇ، سىلەر دۇنيا ھاياتىنىڭ مەنپەئەتلىرىدىن (ئاز-تولا) بەھرىمەن بولىسىلەر. ئاندىن سىلەرنىڭ قايتىدىغان جايىڭلار بىزنىڭ دەرگاھىمىزدۇر. شۇ چاغدا بىز سىلەرگە قىلمىشىڭلارنى ئېيتىپ بېرىمىز.

### تەپسىرى

بۇ ئايەتلەر بىزگە زامان ۋە ماكانلارنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەنمۇ ھەرگىز ئۆزگەرمەيدىغان ئىنسان خاراكتېرىنى ئوچۇق بايان قىلىپ بەرگەن. شۇنداقلا «قۇرئان كەرىم»دىن ئىبارەت ئۇلۇغ مۆجىزىدىنمۇ ھېچبىر ئىبرەت ۋە ۋەز-نەسىھەت ئالماي تۇرۇپ، يەنە باشقا مۆجىزىلەرنىڭ كېلىشىنى تەلەپ قىلىدىغان كاپىرلارغا رەددىيە بېرىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

ئاللاھ تائالا دەيدۇكى، ئىنسانلارنىڭ بېشىغا دەرد-ئەلەملەر، زىيان-زەخمەتلەر ۋە زور قىيىنچىلىقلار كەلگەندىن كېيىن، ئۇلارغا رەھىم-شەپقەت قىلغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ بېشىغا كەلگەنلەرنى كۆتۈرىۋېتىش ئارقىلىق ئۇلارغا رەھمىتىمىزنى تېتىتساق، ئۇلار بىزگە شۈكۈر قىلىشنىڭ ئورنىغا بىزنىڭ ئايەتلىرىمىز ھەققىدە تۈرلۈك ھىيلە-مىكىرلەرنى ئىشلىتىشكە ۋە بۇ ئايەتلەرنىڭ تەسىرىنى يوق قىلىش ئۈچۈن رەزىل پىلانلارنى تۈزۈشكە ئالدىرايدۇ. ئىنسانلارنىڭ تەبىئىتى ئەنە شۇنداقتۇر. چۈنكى، ئۇلارغا قاتتىق قۇرغاقچىلىقتىن كېيىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بەرسەك، ئۇلار «بىز يامغۇر پەسلىدە بولغاچقا شۇڭا يامغۇر ياغدى» دەيدۇ. ئېغىر بىر قىيىنچىلىقتىن قۇتقۇزۇپ قويساق، «مەن بۇ ئىشتىن تاسادىپىي قۇتۇلۇپ قالدىم» دەيدۇ. ئۆز ۋاقتىدا پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنى چېكەتكە ۋە قان بالاسىغا ئوخشىغان بەزى تەبىئىي ئاپەتلەردىن قۇتقۇزۇپ قويغىنىمىزدا،

ئۇلارمۇ بىزگە شۇنداق تۈزكورلۇق قىلغان ئىدى. قۇرەيش كاپىرلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتىنى قوبۇل قىلماسلىقتا چىڭ تۇرۇۋالغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىكىگە ئوخشاش ئاچارچىلىق كېلىشىنى تىلەپ ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارغا قۇرغاقچىلىق ۋە قاتتىق ئاچارچىلىق يەتكەندىن كېيىن، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىپ، ئۇلارنى بۇ قىيىنچىلىقتىن قۇتقۇزۇپ قويۇشنى تىلىگەن. شۇ چاغدا ئاللاھ تائالا ﴿إِنَّا كَاشِفُواْ ٱلْعَذَابِ قَلِيلًاۚ إِنَّكُمْ عَآئِدُونَ﴾ يەنى ﴿بىز ئەلۋەتتە ئازابنى (سىلەردىن) ئاز ۋاقىت كۆتۈرۈۋېتىمىز، (ئاندىن سىلەر چوقۇم (ئىلگىرىكى كاپىرلىق ھالىتىڭلارغا) قايتىۋالىسىلەر﴾[1] دېگەن ئايەتنى نازىل قىلغان. ئاندىن ئاللاھ تائالا ئۇلارغا يامغۇر ياغدۇرۇپ بەرگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ باياشاتلىق تۇرمۇشى ئەسلىگە كەلگەندە، ئۇلار بۇرۇنقى دۈشمەنلىكىگە قايتىۋالغان. ئاندىن ئاللاھ تائالا ﴿يَغْشَى ٱلنَّاسَۖ هَٰذَا عَذَابٌ أَلِيمٌ ۝١١ رَّبَّنَا ٱكْشِفْ عَنَّا ٱلْعَذَابَ إِنَّا مُؤْمِنُونَ﴾ يەنى ﴿(ئى پەيغەمبەر!) سەن ئاسمان ئاشكارا تۈتۈننى ئېلىپ كېلىدىغان كۈننى كۈتكىن. (ئۇ تۈتۈن) ئىنسانلارنى ئورىۋالىدۇ، بۇ قاتتىق ئازابتۇر﴾[2] دېگەن ئايەت بىلەن ﴿يَوْمَ نَبْطِشُ ٱلْبَطْشَةَ ٱلْكُبْرَىٰٓ إِنَّا مُنتَقِمُونَ﴾ يەنى ﴿بىز شىددەت بىلەن تۇتىدىغان كۈندە ئۇلاردىن چوقۇم ئىنتىقام ئالغۇچىمىز﴾[3] (يەنى بەدرى ئۇرۇشى بولىدىغان كۈندە ئۇلارنى مەغلۇپ قىلىمىز) دېگەن ئايەتلەرنى نازىل قىلغان. ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسى بىلەن ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىقىنى كۆتۈرۈۋەتكەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ كۇفرىلىقى، گەدەنكەشلىكى، بۇزغۇنچىلىقى ۋە پىتنە-پاساتلىرى تېخىمۇ ئېشىپ كەتكەن[4]. بۇ ۋەقەلىكنى ئىمام بۇخارىي ۋە ئىمام مۇسلىم ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە تولۇق بايان قىلغان.

كاپىرلارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ئايەتلىرىگە قارشى تۈزگەن رەزىل پىلانلىرى، ئىشلەتكەن ھىيلە-مىكىرلىرى «قۇرئان كەرىم»نى ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى ئەمەس دەيدىغان ئىغۋالارنى تارقىتىش، ئايەتلەرنىڭ

[1] دۇخان سۈرىسى: 15- ئايەت.

[2] دۇخان سۈرىسى: 10- 11- ئايەتلەر.

[3] دۇخان سۈرىسى: 16- ئايەت.

[4] «صحيح مسلم» 4-توم، 2156-بەت، 2798-ھەدىس.

تەسىرىنى ئازايتىش ئۈچۈن قولىدىن كەلگەن رەزىللىكلەرنى قىلىش، كىشىلەرنى قۇرئان ئايەتلىرىنى ئاڭلاشتىن توسۇش، بەزى ئايەتلەر ھەققىدە شەك-شۈبھىلەرنى تارقىتىش قاتارلىق ۋاسىتىلەر بىلەن بولغان. ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ دەيدۇكى، ئى پەيغەمبەر! ئۇ كاپىرلارغا ئېيتقىنكى، ئاللاھ تائالا ھەقىقەتكە قارشى تۈزۈلگەن بارلىق رەزىل پىلانلارنى ۋە قۇرۇلغان تۇزاقلارنى ناھايىتى تېز بىتچىت قىلغۇچىدۇر ۋە ئۇلارنىڭ جازاسىنى ئوبدان بەرگۈچىدۇر. سىلەر ھەقىقەتكە قارشى چىقىپ، ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى يوق قىلىشقا ئورۇنغىنىڭلار ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئازابى سىلەرگە ناھايىتى تېز يېتىپ كېلىدۇ. بۇ ھەيران قالارلىق ئىش ئەمەس. بىزنىڭ ئەلچىلىرىمىز ۋە پۈتۈكچى پەرىشتىلىرىمىز سىلەرنىڭ قىلغۇاتقان بارچە ھىيلە-مىكىرىڭلارنى ۋە رەزىل پىلانىڭلارنى تولۇق يېزىپ تۇرىدۇ. يېزىشتا سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلاردىن ھېچ نەرسە چالا قالمايدۇ.

سىلەرنى سەپەر قىلالايدىغان ۋە خالىغان جايغا يېتىپ بارالايدىغان قىلغان، سىلەرگە شۇنداق كۈچ-قۇۋۋەتنى ۋە ئىمكانىيەتنى بەرگەن زات ئاللاھ تائالادۇر. سىلەر ئاللاھ تائالانىڭ بۇ ئىلتىپاتى بىلەن ئات، ئېشەك، قېچىر، تۆگە قاتارلىق ئۇلاغلارنىڭ ئۈستىگە مىنىپ ياكى ماشىنا، پويىز، ئايروپىلان ۋە پاراخوتلارغا چىقىپ خالىغان جايلارغا بارالايسىلەر.

سىلەر كېمە ياكى پاراخوتلار بىلەن دېڭىزدا سەپەر قىلىۋاتقان چېغىڭلاردا، ئۇنىڭ يۈنىلىشى بويىچە مەيىن شامال چىقسا، ھەممىڭلار خۇرسەن بولىسىلەر. تۇساتتىن بۇ شامال كۈچلۈك بورانغا ئۆزگىرىپ، ھەر تەرەپتىن دېڭىز دولقۇنلىرى ئۆرلىگىلى تۇرغاندا، دەھشەتلىك قورقۇنچ ئىچىدە قالىسىلەر، ھەتتا «بىز ئەمدى دېڭىزغا غەرق بولۇپ كېتىدىغان بولدۇق» دەپ قاتتىق ساراسىمىگە چۈشىسىلەر-دە، بۇ ۋاقىتتا ئېسىڭلارغا ئاللاھ تائالادىن باشقىسى كەلمەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن سىلەر: «ئى ئاللاھ! ئەگەر سەن بىزنى بۇنىڭدىن قۇتقۇزساڭ، بىز چوقۇم (ساڭا) شۈكۈر قىلغۇچىلاردىن بولاتتۇق» دەپ چىن ئىخلاسىڭلار ۋە سەممىمىي قەلبىڭلار بىلەن ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلىپ دۇئا قىلىسىلەر. بۇنداق ۋاقىتتا، بۇتلىرىڭلارنى ۋە ساختا ئىلاھلىرىڭلارنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كېتىسىلەر، ئۇلار ئېسىڭلارغىمۇ كەلمەيدۇ. ئىنساننىڭ خاراكتېرى مانا مۇشۇنداقتۇر. ﴿وَإِذَا مَسَّ ٱلۡإِنسَٰنَ ٱلضُّرُّ دَعَانَا لِجَنۢبِهِۦٓ أَوۡ قَاعِدًا أَوۡ قَآئِمٗا فَلَمَّا كَشَفۡنَا عَنۡهُ ضُرَّهُۥ مَرَّ كَأَن لَّمۡ يَدۡعُنَآ إِلَىٰ ضُرّٖ مَّسَّهُۥۚ﴾ يەنى ﴿ئىنساننىڭ بېشىغا بالايىئاپەت كەلسە، ئۇ ياتسىمۇ، ئولتۇرسىمۇ، ئۆرە تۇرسىمۇ، (ئۇنىڭدىن قۇتۇلدۇرۇپ

قويۇشىمىزنى تىلەپ) بىزگە دۇئا قىلىدۇ؛ ئۇنىڭغا يەتكەن بالايىئاپەتنى كۆتۈرۈۋەتسەك، ئۇ گويا ئۇنى كۆتۈرۈۋېتىشىمىزنى تىلەپ بىزگە دۇئا قىلمىغاندەكلا يۈرۈۋېرىدۇ﴾[1]. ئۇلار ھالاك بولۇشتىن قورققان چاغدىكى قىيىن ئەھۋالدا ئاللاھ تائالاغا قىلغان دۇئاسىدا، ئەگەر ئۆزلىرىنى ئاشۇ ھالاكەتتىن قۇتقۇزۇپ قويسا شۈكۈر قىلغۇچىلاردىن بولىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلغان بولسىمۇ، قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلغاندىن كېيىنلا يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا، يولسىزلىق قىلىشقا ۋە قولىدىن كەلگەن يامانلىقلارنى قىلىشقا ئالدىرايدۇ. ئىشىنىڭ ئەپسۇسلىنارلىق تەرىپى شۇكى، ئۇلار بۇ قىلمىشلىرىنىڭ تامامەن يولسىزلىق ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇيپئوچۇق گۇناھ ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ شۇنداق قىلىدۇ.

ئى ئىنسانلار! ئۇنتۇماڭلاركى، سىلەر بارلىق قىلمىشىڭلارنىڭ جازاسىنى چوقۇم تارتىسىلەر. دۇنيا ھاياتىدا بۇ دۇنيانىڭ لەززەتلىرىدىن ۋاقىتلىق ھۇزۇرلىنىسىلەر، ئاندىن ھەممىدىن ئايرىلىسىلەر، زۇلۇمنىڭ ۋە ھەددىدىن ئاشقانلىقنىڭ جازاسىنى بۇ دۇنيادا ۋە ئاخىرەتتە چوقۇم تارتىسىلەر، چۈنكى، ھەممە ئادەم ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىدۇ ۋە ئۇنىڭ ھۇزۇرىدا ئۆزىنىڭ بۇ دۇنيادىكى بارلىق ياخشى-يامان ئەمەللىرىدىن تەپسىلىي ھېساب بېرىدۇ. ئاللاھ تائالا ئەلۋەتتە ھەركىمنىڭ قىلغان ئەمەلىگە يارىشا مۇكاپات ياكى جازا بېرىدۇ.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالانى ئالداش خام خىيالىدا بولغۇچىلار ئۈچۈن ئاللاھ تائالانىڭ ئازابى قاتتىق ۋە تېز بولىدۇ.

2. ئىنسان ھەر ۋاقىت ئاللاھ تائالاغا موھتاج بولۇپ، ھەربىر ئىنسان بۇنى ھېس قىلالايدۇ.

3. ئىنساننىڭ بېشىغا قاتتىق كۈنلەر كەلگەندىلا ئۆزىنىڭ ئاللاھ تائالاغا بولغان قاتتىق ھاجىتىنى ھېس قىلىدۇ ۋە شۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭغا چىن ئىخلاسى بىلەن يۈزلىنىدۇ.

4. ئاۋۋالقى مۇشرىكلار قاتتىق كۈنلەردە ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلاتتى، باياشاتلىق ۋاقىتلىرىدا ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرۈشنى داۋاملاشتۇراتتى. ھازىرقى جاھالەت ئەھلىمۇ شۇنداق.

[1] يۇنۇس سۈرىسى: 12-ئايەت.

## دۇنيا ھاياتىنىڭ ئەھۋالى

﴿إِنَّمَا مَثَلُ ٱلْحَيَوٰةِ ٱلدُّنْيَا كَمَآءٍ أَنزَلْنَٰهُ مِنَ ٱلسَّمَآءِ فَٱخْتَلَطَ بِهِۦ نَبَاتُ ٱلْأَرْضِ مِمَّا يَأْكُلُ ٱلنَّاسُ وَٱلْأَنْعَٰمُ حَتَّىٰٓ إِذَآ أَخَذَتِ ٱلْأَرْضُ زُخْرُفَهَا وَٱزَّيَّنَتْ وَظَنَّ أَهْلُهَآ أَنَّهُمْ قَٰدِرُونَ عَلَيْهَآ أَتَىٰهَآ أَمْرُنَا لَيْلًا أَوْ نَهَارًا فَجَعَلْنَٰهَا حَصِيدًا كَأَن لَّمْ تَغْنَ بِٱلْأَمْسِ ۚ كَذَٰلِكَ نُفَصِّلُ ٱلْـَٔايَٰتِ لِقَوْمٍ يَتَفَكَّرُونَ ﴿٢٤﴾﴾

### تەرجىمىسى

24ـ دۇنيا ھاياتى بىز ئاسماندىن چۈشۈرگەن يامغۇرغا ئوخشايدۇكى، ئۇنىڭ بىلەن زېمىننىڭ ئىنسانلار، ھايۋانلار يەيدىغان تۈرلۈك ئۆسۈملۈكلىرى بىر-بىرى بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن، ھەتتا زېمىن گۈزەل تۈسكە كىرگەن، چىرايلىق ياسانغان، زېمىن ئىگىلىرى ئۇنىڭدىن مول ھوسۇل ئالىدىغان بولدۇق دەپ تۇرغان چاغدا، ئۇشتۇمتۇت كېچىسى ياكى كۈندۈزى ئۇنىڭغا ئەمرىمىز (يەنى ئاپىتىمىز) يەتتى-دە، ئۇنى تونۇگۈن يوقتەكلا (يىلتىزىدىن) ئورۇپ تاشلانغان بىر ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويدۇق. پىكىر يۈرگۈزىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئايەتلەرنى مۇشۇنداق تەپسىلىي بايان قىلىمىز.

### بۇ ئايەتنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ئالدىنقى ئايەتلەردە زۇلۇم ۋە ھەقسىزلىقتا ھەددىدىن ئاشقۇچىلارغا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بېرىلىدىغان جازالار بايان قىلىنغان. بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى دۇنيالىقنى ھەددىدىن زىيادە ياخشى كۆرۈپ ئۇنى ئاخىرەتلىكنىڭ ئالدىغا قويۇۋېلىش ۋە دۇنيالىقتىن ئېرىشكەن نەرسىلىرىگە كۆرەڭلەپ كېتىشتىن كېلىپ چىققان ئاسىيلىق ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان. بۇ ئايەتتە بولسا مۇئمىنلەرنىڭ ۋەز-نەسىھەت، ئەقىل ئىگىلىرىنىڭ ئىبرەت ئېلىشى ئۈچۈن دۇنيانىڭ ئەھۋالىنى مىسال بىلەن بايان قىلىش مۇناسىپ كۆرۈلگەن.

### تەپسىرى

ھەقىقەتەن دۇنيا ھاياتىنىڭ ۋاپا قىلمايدىغانلىقى، دۇنيا نېمەتلىرىنىڭ ۋە لەززەتلىرىنىڭ ۋاقىتلىق ئىكەنلىكى خۇددى بۇلۇتلاردىن ياغقان

يامغۇرغا ئوخشايدۇكى، ئۇنىڭ بىلەن يەر يۈزىدە ئۆسۈملۈكلەر چىققان، ئۆسۈپ بىر-بىرىگە گىرەلىشىپ كەتكەن ئۆسۈملۈكلەرنى ۋە بۇغداي، ئارپا، قوناق قاتارلىق زىرائەتلەرنى ئىنسانلار ئىستېمال قىلىدۇ، ئۇنىڭ چۆپ-سامانلىرى ھايۋانلارغا يەم قىلىنىدۇ، زىرائەتلەر ئۆسۈپ-يېتىلىپ، تۈرلۈك مېۋىلەر پىشىپ ھەرخىل رەڭلەر بىلەن زېمىنغا زىننەت بېرىپ، زېمىن گۈزەل بىر تۈسكە كىرىدۇ. دېھقانلار بۇنىڭدىن مول-ھوسۇل ئېلىشقا ئىشەنچ قىلىپ، ئۇنىڭ مېۋىلىرى ۋە غەللە-پاراقلىرى بىلەن خېلى كىرىمگە ئېرىشىدىغان بولدۇق، دەپ تۇرغان ۋاقىتتا، كېچىسى ياكى كۈندۈزى، ئەتىگەن ياكى ئاخشامدا بۇنىڭغا ئاللاھ تائالا تەقدىر قىلغان ئاپەت يېتىدۇ-دە، زىرائەتلەرنى پۈتۈنلەي ۋەيران قىلىۋېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەممىنى نابۇت قىلىپ گويا بۇ يەردە تۈنۈگۈن ھېچبىر زىرائەت بولمىغاندەك بىر ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويىدۇ.

ئەللامە ئابدۇراھمان سەئدىي مۇنداق دېگەن: «بۇ مىسال دۇنيا ھاياتىغا كەلتۈرۈلگەن ئەڭ ئېسىل مىساللارنىڭ بىرى بولۇپ، دۇنيا ھاياتىنى مۇكەممەل تەسۋىرلەپ بەرگەن. چۈنكى، دۇنيانىڭ لەززەتلىرى، نېمەتلىرى، مەنپەئەتلىرى ئادەمنى مەغرۇرلاندۇرىدۇ. ئەمما بۇ مەغرۇرلىنىش ئۇزاققا بارمايدۇ. چۈنكى، ھەممە تەل بولۇپ ئادەم تازا خۇشال بولغان ۋاقىتتا، بۇلار ئىگىسىنىڭ قولىدىن چىقىپ كېتىدۇ ياكى ئىگىسى ئۇلاردىن ئايرىلىپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىنسان قۇرۇق قول قالىدۇ، كۆڭلىرىنى ھەسرەت-نادامەت بىلەن ئۆتكۈزىدۇ»[1].

ئاللاھ تائالانىڭ بىر ئىكەنلىكىنى، قىيامەت كۈنىنىڭ چوقۇم بولىدىغانلىقىنى ۋە ئۇ كۈندىكى مۇكاپات ۋە جازالارنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش يولىدا ئايەتلىرىمىزنى پىكىر يۈرگۈزۈپ ئەقلىنى ئىشلىتىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئەنە شۇنداق ئوچۇق ۋە تەپسىلىي بايان قىلىپ بېرىمىز.

ئەللامە قۇرتۇبى ئاللاھ تائالانىڭ دۇنيا ھاياتىنى يامغۇرغا ئوخشاتقانلىقىنىڭ سەۋەبىنى ئىزاھلاپ مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالانىڭ بۇ دۇنيا ھاياتىنى ئاسماندىن چۈشىدىغان يامغۇرغا ئوخشاتقانلىقىنىڭ ھېكمىتى تۆۋەندىكىچە:

سۇ بىر يەردە مۇقىم تۇرمايدۇ، دۇنيا ھاياتىمۇ بىر خىل تۇرمايدۇ.

سۇ سىڭىپ كېتىدۇ ياكى كېتىپ قالىدۇ، دۇنيا ھاياتىمۇ مەڭگۈلۈك

[1] «تيسير الكريم الرحمن في تفسير كلام المنان» 358-بەت.

تۇرمايدۇ.

سۇغا كىرگەن ئادەم ھۆل بولماي قالمايدۇ، دۇنيادا ياشىغان ئادەممۇ ئۇنىڭ پىتنىسىدىن سالامەت قالالمايدۇ.

سۇ ئېھتىياجغا چۇشلۇق بولسا پايدىلىق، ئەمما ھاجەتتىن زىيادە بولغاندا زىيانلىق بولۇپ ئادەمنى ھالاك قىلىۋېتىدۇ، دۇنيالىقمۇ ھاجەتكە تۇشلۇق بولغاندا پايدىلىق، ئەمما ھاجەتتىن كۆپ بولغاندا زىيانلىق بولۇپ، ئادەمنى يولدىن چىقىرىدۇ»[1].

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. دۇنيا ھاياتى ئۆتكۈنچى ھايات بولۇپ، ئاخىرەتتە ئەسقاتىدىغىنى ئىمان بىلەن ياخشى ئەمەلدۇر. ھاياتنى ئىمان ۋە ياخشى ئەمەللەر بىلەن ئۆتكۈزگەنلەر ئاخىرەتتە پۇشايمان قىلمايدۇ ۋە مەڭگۈلۈك بەختلىك ھاياتقا ئېرىشىدۇ.

2. دۇنيانىڭ مەنپەئەتلىرىگە ئالدىنىپ، ئاخىرەتنى ئۇنتۇپ كەتكەن ئادەم چوقۇم زىيان تارتىدۇ.

3. گۇناھ-مەئسىيەتلەر نېمەتنىڭ يوقۇلۇشىغا ۋە بالايىئاپەتلەرگە سەۋەب بولىدۇ.

4. تەپەككۇر قىلىش، ئەقىلنى ئىشلىتىش ياخشى ئەمەلدىن سانىلىدۇ، خۇسۇسەن ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتى، كائىناتنىڭ نىزامى ھەققىدە تەپەككۇر قىلىش ئىبادەتتۇر.

5. ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانلارغا ئاتا قىلغان نېمەتلىرى ئىنتايىن كۆپتۇر.

## ◄ جەننەتكە رىغبەتلەندۈرۈش ۋە دوزاختىن قورقۇتۇش

﴿وَٱللَّهُ يَدۡعُوٓاْ إِلَىٰ دَارِ ٱلسَّلَٰمِ وَيَهۡدِي مَن يَشَآءُ إِلَىٰ صِرَٰطٖ
مُّسۡتَقِيمٖ ﴿٢٥﴾ ۞ لِّلَّذِينَ أَحۡسَنُواْ ٱلۡحُسۡنَىٰ وَزِيَادَةٞۖ وَلَا يَرۡهَقُ
وُجُوهَهُمۡ قَتَرٞ وَلَا ذِلَّةٌۚ أُوْلَٰٓئِكَ أَصۡحَٰبُ ٱلۡجَنَّةِۖ هُمۡ فِيهَا خَٰلِدُونَ
﴿٢٦﴾ وَٱلَّذِينَ كَسَبُواْ ٱلسَّيِّـَٔاتِ جَزَآءُ سَيِّئَةِۭ بِمِثۡلِهَا وَتَرۡهَقُهُمۡ ذِلَّةٞۖ مَّا

[1] «تفسير القرطبي» 10-توم، 412-بەت.

لَهُم مِّنَ ٱللَّهِ مِنْ عَاصِمٍۖ كَأَنَّمَآ أُغْشِيَتْ وُجُوهُهُمْ قِطَعًا مِّنَ ٱلَّيْلِ
مُظْلِمًاۚ أُوْلَٰٓئِكَ أَصْحَٰبُ ٱلنَّارِۖ هُمْ فِيهَا خَٰلِدُونَ ﴿٢٧﴾

### ◄ تەرجىمىسى

25ـ ئاللاھ (بەندىلىرىنى) ئامانلىق يۇرتىغا دەۋەت قىلىدۇ ۋە خالىغان ئادەمنى توغرا يولغا باشلايدۇ.

26ـ (تائەت-ئىبادەتنى) قېتىرقىنىپ قىلغانلار ئەڭ ياخشى مۇكاپاتقا (جەننەتكە) ۋە يەنە زىيادىسىگە (ئاللاھنىڭ جامالىنى كۆرۈشكە) نائىل بولىدۇ. ئۇلارنىڭ يۈزلىرىنى زۇلمەت ۋە خارلىق قاپلىمايدۇ. ئەنە شۇلار جەننەت ئەھلىدۇر، ئۇلار ئۇنىڭدا مەڭگۈ قالىدۇ.

27ـ يامان ئىشلارنى قىلغۇچىلار قىلغان يامانلىقىغا لايىق جازاغا تارتىلىدۇ، ئۇلارنى قاتتىق خارلىق قورشىۋالىدۇ، ئۇلارنى زادى ئاللاھتىن (كېلىدىغان ئازابتىن) قۇتقۇزغۇچى بولمايدۇ، ئۇلارنىڭ يۈزلىرى گويا قاراڭغۇ كېچىنىڭ زۇلمىتى بىلەن ئورالغاندەك قارىيىپ كېتىدۇ، ئەنە شۇلار دوزاخ ئەھلىدۇر، ئۇلار ئۇنىڭدا مەڭگۈ قالىدۇ.

### ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنى ئىمان ئېيتىشقا ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا بۇيرۇش ئارقىلىق ئۇلارنى تىنچلىق ۋە خاتىرجەملىك يۇرتى بولغان جەننەتكە دەۋەت قىلىدۇ، جەننەتكە كىرگەن كىشىلەر بارلىق غەم-قايغۇ، جاپا-مۇشەققەتلەردىن پۈتۈنلەي خالاس بولىدۇ، ئۇلار جەننەتتە چەكسىز ئېھتىرام ۋە ئالىي ھۆرمەتكە سازاۋەر بولىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ بۇ دەۋىتى پۈتۈن ئىنسانىيەتكە قارىتىلغان ئومۇمىي دەۋەتتۇر.

ئاللاھ تائالا بۇيرۇغان ئىشلارنى قىلىش، توسقان ئىشلاردىن يىراق تۇرۇش ئارقىلىق ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشنى ۋايىغا يەتكۈزگەن، ئەمەل-ئىبادەتلەرنى قېتىرقىنىپ، ئىخلاس بىلەن قىلىدىغان كىشىلەر جەننەتتىن ئىبارەت كاتتا مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ، ئۇلارغا يەنە بۇنىڭدىنمۇ كاتتا ۋە تولىمۇ ئالىي بىر مۇكاپات بار بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ جەننەتتە ئاللاھ تائالانىڭ جامالىنى كۆرۈشكە نائىل بولۇشىدۇر. بۇ جەننەتنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى نېمەتلەرنىڭ ئەڭ كاتتىسى ۋە ئىززەت-

ئىكرامنىڭ ئەڭ مۇكەممىلىدۇر.

ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىشنى ۋايىغا يەتكۈزگەن مەزكۇر مۇئمىنلەرنىڭ جەننەتتە ئاللاھ تائالانى كۆرىدىغانلىقى توغرىسىدا نۇرغۇن ھەدىسلەر بايان قىلىنغان. ئايەتتە بايان قىلىنغان ﴿ئەڭ ياخشى مۇكاپات﴾دىن جەننەت، «زىيادىسى»دىن ئاللاھ تائالانىڭ جامالىنى كۆرۈش كۆزدە تۇتۇلىدىغانلىقىغا بارلىق مۇپەسسىرلەر بىرلىككە كەلگەن. قىيامەت كۈندە، ئۇلارنىڭ يۈزلىرىدە غەم-قايغۇ، قورقۇنچ، بىئاراملىق ۋە خارلىق دېگەنلەردىن ھېچبىر ئەسەر كۆرۈلمەيدۇ. بۇ سۈپەتلەرگە ئىگە بولغانلار مەڭگۈلۈك جەننەت ئەھلىدۇر.

ئەمما بۇ دۇنيادا ھاياتىنى يامانلىق بىلەن ئۆتكۈزگەن، ئاللاھ تائالانى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغانلارغا كەلسەك، قىيامەت كۈنى ئۇلارغا قىلمىشىنىڭ جازاسى تولۇق بېرىلىدۇ، ئۇلارنى خارلىق ۋە رەسۋالىق ھەر تەرەپتىن ئورىۋالىدۇ. ئۇ كۈندە ئۇلارنى ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن قوغداپ قالىدىغان ھېچبىر شاپائەتچى ياكى ياردەم قىلغۇچى چىقمايدۇ. مۇشرىكلارنىڭ «شاپائەتچىلىرىمىز» دەپ چوقۇنغان بۇتلىرى ۋە بارلىق ساختا ئىلاھلىرى ئۇ كۈندە ئۇلارغا قىلچە ئەسقاتمايدۇ، ئۇلارنى ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن ھېچكىم قۇتقۇزالمايدۇ. ﴿يَوْمَ لَا تَمْلِكُ نَفْسٌ لِّنَفْسٍ شَيْـًٔاۖ وَٱلْأَمْرُ يَوْمَئِذٍ لِّلَّهِ﴾ يەنى ﴿ئۇ ھېچكىم ھېچكىمنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ھېچنېمىگە ئىگە بولالمايدىغان كۈندۇر، بۇ كۈندە ھۆكۈم ئاللاھقا خاستۇر﴾[1]. ئۇلارنىڭ يۈزلىرى قاراڭغۇ كېچىنىڭ زۇلمىتى بىلەن ئورالغاندەك قاپقارا بولۇپ كېتىدۇ. بۇلار دوزاخ ئەھلىنىڭ سۈپەتلىرى بولۇپ، ئۇلار جەھەننەمنىڭ دەھشەتلىك ئازابى ئىچىدە مەڭگۈ قالىدۇ.

ئەنئام سۈرىسىدىمۇ بۇ مەنىنى ئىپادىلەيدىغان ئايەت بايان قىلىنغان: ﴿مَن جَآءَ بِٱلْحَسَنَةِ فَلَهُۥ عَشْرُ أَمْثَالِهَاۖ وَمَن جَآءَ بِٱلسَّيِّئَةِ فَلَا يُجْزَىٰٓ إِلَّا مِثْلَهَا وَهُمْ لَا يُظْلَمُونَ﴾ يەنى ﴿كىمكى (دەرگاھىمىزغا) بىرەر ياخشىلىق بىلەن كەلسە، ئۇ ئون ھەسسە ئارتۇق مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ، كىمكى بىرەر يامانلىق بىلەن كەلسە، ئۇ پەقەت شۇ يامانلىقىغا باراۋەرلا جازاغا ئۇچرايدۇ، ئۇلارغا زۇلۇم قىلىنمايدۇ﴾[2]. ئەبەسە سۈرىسىدىمۇ بۇ مەنىدىكى ئايەت بايان قىلىنغان: ﴿وُجُوهٌ يَوْمَئِذٍ مُّسْفِرَةٌ ٣٨ ضَاحِكَةٌ

---

[1] ئىنفىتار سۈرىسى: 19-ئايەت.
[2] ئەنئام سۈرىسى: 160-ئايەت.

﴿مُّسۡتَبۡشِرَةٞ ٣٩ وَوُجُوهٞ يَوۡمَئِذٍ عَلَيۡهَا غَبَرَةٞ﴾ يەنى ﴿ئۇ كۈندە نۇرغۇن يۈزلەردىن نۇر، كۈلكە ۋە خۇشال-خۇراملىق يېغىپ تۇرىدۇ. يەنە بۇ كۈندە نۇرغۇن يۈزلەر چاڭ-توزان بېسىپ، قارىداپ كەتكەن بولىدۇ. ئەنە شۇلار كاپىرلاردۇر، گۇناھكارلاردۇر﴾[1].

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ياخشى ئەمەلنىڭ ئاخىرەتتىكى مۇكاپاتى ھەقىقەتەن كاتتا بولۇپ، ئەڭ يۇقىرىسى ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش ۋە ئۇنىڭ جامالىنى كۆرۈشكە نائىل بولۇشتۇر.

2. يامانلىقنىڭ جازاسى قاتتىق بولىدۇ، خۇسۇسەن، زۇلۇم ۋە ھەقسىزلىقنىڭ جازاسىدىن بەزىسىنى ئاللاھ تائالا مۇشۇ دۇنيادىلا كۆرسىتىدۇ. يامانلىق ۋە يامان ئەمەللەر ئىنسانلارغا پۇشايمان، ھەسرەت ۋە نادامەتتىن باشقىسىنى ئېلىپ كەلمەيدۇ.

3. قىيامەتنىڭ بولىدىغانلىقى ۋە ئۇ كۈندىكى مۇكاپات ۋە جازانىڭ راست ئىكەنلىكىدە قىلچە شەك يوق.

4. ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىشتىن باش تارتىپ، مەخلۇقاتقا چوقۇنغان ۋە ئۇلاردىن نىجاتلىق كۈتكەنلەرنىڭ ئاخىرەتتىكى ئەھۋالى بەكمۇ يامان بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ساختا مەبۇدلىرى ئاخىرەتتە ئۇلارغا ئەسقاتمايدۇ. چۈنكى، ئاخىرەتتە ئەسقاتىدىغىنى ئىمان بىلەن ياخشى ئەمەلدۇر.

## ◄ قىيامەتنىڭ كۆرۈنۈشلىرىدىن

﴿وَيَوۡمَ نَحۡشُرُهُمۡ جَمِيعٗا ثُمَّ نَقُولُ لِلَّذِينَ أَشۡرَكُواْ مَكَانَكُمۡ أَنتُمۡ
وَشُرَكَآؤُكُمۡۚ فَزَيَّلۡنَا بَيۡنَهُمۡۖ وَقَالَ شُرَكَآؤُهُم مَّا كُنتُمۡ إِيَّانَا تَعۡبُدُونَ
٢٨ فَكَفَىٰ بِٱللَّهِ شَهِيدَۢا بَيۡنَنَا وَبَيۡنَكُمۡ إِن كُنَّا عَنۡ عِبَادَتِكُمۡ
لَغَٰفِلِينَ ٢٩ هُنَالِكَ تَبۡلُواْ كُلُّ نَفۡسٖ مَّآ أَسۡلَفَتۡۚ وَرُدُّوٓاْ إِلَى ٱللَّهِ
مَوۡلَىٰهُمُ ٱلۡحَقِّۖ وَضَلَّ عَنۡهُم مَّا كَانُواْ يَفۡتَرُونَ ٣٠﴾

[1] ئەبەسە سۈرىسى: 38-40-ئايەتلەر.

## تەرجىمىسى

28ـ شۇ (قىيامەت) كۈنىدە (خالايىقنىڭ) ھەممىسىنى يىغىمىز، ئاندىن مۇشرىكلارغا: «سىلەر (ئاللاھقا) شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىڭلار بىلەن ئورنۇڭلاردا جىم تۇرۇڭلار»دەپ، ئۇلارنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىۋېتىمىز. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرى ئېيتىدۇ: «سىلەر بىزگە چوقۇنمايتتىڭلار.

29ـ سىلەر بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدا گۇۋاھ بولۇشقا ئاللاھ يېتەرلىكتۇر، سىلەرنىڭ بىزگە چوقۇنغانلىقىڭلارنى بىلمەيتتۇق».

30ـ بۇ چاغدا ھەر ئادەم ئىلگىرى قىلغان ـ ئەتكەنلىرىنى بىلىدۇ ۋە ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھەقىقي ئىگىسى ـ ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىدۇ، ئۇلارنىڭ شاپائەت قىلىدۇ دەپ چوقۇنغان نەرسىلىرى ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن غايىب بولىدۇ.

## تەپسىرى

ئاللاھ تائالا قىيامەت كۈنى بولىدىغان ئىشلارنى ھەر خىل ئۇسۇل ۋە تۈرلۈك تەرىقىدە ناھايىتى روشەن بايان قىلغان. بۇ ئايەتلەردىكى بايانلار قىيامەتنىڭ كۆرۈنۈشلىرىدىن بىر كۆرۈنۈشتۇر.

ئاللاھ تائالا دەيدۇكى، قىيامەت كۈنى ھېساب ئېلىش ئۈچۈن مۇئمىن، كاپىر پۈتۈن ئىنسانلارنى بىر جايغا توپلاپ، مۇشرىكلارغا دەيمىزكى، سىلەر ۋە سىلەرنىڭ ئاللاھ تائالاغا شېرىك قىلىپ قوشۇۋالغان مەبۇدلىرىڭلار ئۆز ئورنۇڭلاردا جىم تۇرۇڭلار. ﴿وَقِفُوهُمۡۖ إِنَّهُم مَّسۡـُٔولُونَ﴾ يەنى ﴿ئۇلارنى توختىتىپ تۇرۇڭلار، چۈنكى، ئۇلار سوراققا تارتىلىدۇ﴾[1]. ئۇلارنىڭ ئارىسى ئايرىۋېتىلىدۇ، مۇشرىكلار بىلەن ئۇلارنىڭ مەبۇدلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بارلىق مۇناسىۋەتلەرنى پۈتۈنلەي ئۈزۈپ تاشلايمىز. مۇشرىكلارنىڭ بۇ ساختا مەبۇدلىرى ئۇلارنىڭ ھالىنى كۆرگەندە: سىلەر بىزگە چوقۇنمايتتىڭلار، بەلكى ئۆزۈڭلارنىڭ نەپسى ـ ھەۋەسلىرىڭلارغا ۋە شەيتانلىرىڭلارغا چوقۇناتتىڭلار دەپ، ئۇلارنىڭ دۇنيادا ئۆزلىرىگە چوقۇنغانلىقىنى ئىنكار قىلىدۇ. ساختا مەبۇدلار ئۆزلىرى بىلەن مۇشرىكلارنىڭ ئارىسىدا ھېچقانداق مۇناسىۋەت يوق ئىكەنلىكىنى

---

[1] ساففات سۈرىسى: 24ـ ئايەت.

بىلدۇرۇپ، سىلەر بىلەن بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا ھۆكۈم قىلىشقا ئاللاھ يېتەرلىكتۇر، چۈنكى، ئاللاھ سىلەر بىلەن بىزنىڭ ئەھۋالىمىزنى ۋە سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلارنى ئوبدان بىلىدۇ، دەيدۇ.

قىيامەت كۈنى ھەربىر ئادەم ئۆزىنىڭ دۇنيادا قىلغان ياخشى ۋە يامان ئەمەللىرىدىن تولۇق خەۋەردار بولىدۇ. ئۇنىڭ ئەمەللىرى ياخشى بولسا جەننەت بىلەن مۇكاپاتلىنىدۇ، ئەگەر يامان بولسا دوزاخقا كىرىش بىلەن جازالىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ ھەقىقىي ئىگىسى بولغان ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالانى قويۇپ چوقۇنغان ساختا مەبۇدلىرى ئۇلارنىڭ كۆزىدىن غايىب بولىدۇ. بۇ ساختا مەبۇدلار غايىب بولمىغان تەقدىردىمۇ، بۇ نەرسىلەر ئۇلارغا قىلچە ئەسقاتمايتتى. چۈنكى، بۇ كۈندە پادىشاھلىق بىرلا ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدە بولىدۇ.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئۆز ۋاقتىدىكى ئەرەب مۇشرىكلىرى ئىبادەت ۋە دۇئادا ئاللاھ تائالاغا باشقىلارنى شېرىك قىلىپ قوشۇۋالسىمۇ، ئاللاھ تائالانىڭ ياراتقۇچى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلاتتى.

2. ئاللاھ تائالاغا ئىمانى بولسىمۇ، ئىبادەتتە ياكى دۇئادا ئۇنىڭغا مەخلۇقاتنى شېرىك كەلتۈرگەن كىشى جەننەتكە كىرەلمەيدۇ.

3. ھەقىقەتكە ئەگەشمىگەنلەر ئازغۇنلاردۇر. ھەقىقەتنىڭ ئەكسى باتىل بولۇپ، باتىلنى ھەقىقەتنىڭ ئورنىدا كۆرگەنلەر ئازغۇنلۇق پاتقاقلىرىغا پاتقانلاردۇر.

4. قىيامەت مەيدانىدا ھەركىم ئۆزىنىڭ ياخشى ۋە يامان قىلمىشلىرىنى بىلىدۇ، ئەمما ئۇ ۋاقىتتا بىلگەنىنىڭ ھېچقانداق پايدىسى بولمايدۇ.

5. ساختا مەبۇدلار چوقۇنغۇچىلىرىغا بۇ دۇنيادا ئەسقاتمىغاندەك، ئاخىرەتتىمۇ ئەسقاتمايدۇ.

## ◄ ئاللاھنىڭ بىرلىكى ۋە شېرىك ئەقىدىسىنىڭ باتىللىقى

﴿قُلْ مَن يَرْزُقُكُم مِّنَ ٱلسَّمَآءِ وَٱلْأَرْضِ أَمَّن يَمْلِكُ ٱلسَّمْعَ
وَٱلْأَبْصَٰرَ وَمَن يُخْرِجُ ٱلْحَىَّ مِنَ ٱلْمَيِّتِ وَيُخْرِجُ ٱلْمَيِّتَ مِنَ ٱلْحَىِّ

وَمَن يُدَبِّرُ ٱلْأَمْرَ ۚ فَسَيَقُولُونَ ٱللَّهُ ۚ فَقُلْ أَفَلَا تَتَّقُونَ ﴿٣١﴾ فَذَٰلِكُمُ
ٱللَّهُ رَبُّكُمُ ٱلْحَقُّ ۖ فَمَاذَا بَعْدَ ٱلْحَقِّ إِلَّا ٱلضَّلَٰلُ ۖ فَأَنَّىٰ تُصْرَفُونَ ﴿٣٢﴾
كَذَٰلِكَ حَقَّتْ كَلِمَتُ رَبِّكَ عَلَى ٱلَّذِينَ فَسَقُوٓا۟ أَنَّهُمْ لَا يُؤْمِنُونَ ﴿٣٣﴾
قُلْ هَلْ مِن شُرَكَآئِكُم مَّن يَبْدَؤُا۟ ٱلْخَلْقَ ثُمَّ يُعِيدُهُۥ ۚ قُلِ ٱللَّهُ يَبْدَؤُا۟
ٱلْخَلْقَ ثُمَّ يُعِيدُهُۥ ۖ فَأَنَّىٰ تُؤْفَكُونَ ﴿٣٤﴾ قُلْ هَلْ مِن شُرَكَآئِكُم مَّن
يَهْدِىٓ إِلَى ٱلْحَقِّ ۚ قُلِ ٱللَّهُ يَهْدِى لِلْحَقِّ ۗ أَفَمَن يَهْدِىٓ إِلَى ٱلْحَقِّ أَحَقُّ
أَن يُتَّبَعَ أَمَّن لَّا يَهِدِّىٓ إِلَّآ أَن يُهْدَىٰ ۖ فَمَا لَكُمْ كَيْفَ تَحْكُمُونَ
﴿٣٥﴾ وَمَا يَتَّبِعُ أَكْثَرُهُمْ إِلَّا ظَنًّا ۚ إِنَّ ٱلظَّنَّ لَا يُغْنِى مِنَ ٱلْحَقِّ شَيْـًٔا ۚ
إِنَّ ٱللَّهَ عَلِيمٌۢ بِمَا يَفْعَلُونَ ﴿٣٦﴾

### تەرجىمىسى

31-(ئى پەيغەمبەر! مۇشرىكلارغا) ئېيتقىنكى، «سىلەرگە ئاسماندىن ۋە زېمىندىن كىم رىزىق بېرىدۇ؟ سىلەرنىڭ ئاڭلاش ۋە كۆرۈش قابىلىيىتىڭلارنى كىم باشقۇرىدۇ؟ تىرىكنى ئۆلۈكتىن، ئۆلۈكنى تىرىكتىن كىم چىقىرىدۇ؟ (كائىناتنىڭ) ئىشىنى كىم ئىدارە قىلىدۇ؟» ئۇلار (جاۋاب بېرىپ): «ئاللاھ» دەيدۇ. ئېيتقىنكى، «(ئۇنداقتا)، (ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈشتىن) قورقمامسىلەر؟

32-ئەنە شۇ ئاللاھ سىلەرنىڭ ھەقىقىي رەببىڭلاردۇر. ھەقىقەتتىن باشقىسى پەقەتلا ئازغۇنلۇقتۇر، شۇنداق تۇرۇقلۇق سىلەر قانداقمۇ (ھەقىقەتتىن) بۇرۇلۇپ كېتىسىلەر؟».

33-رەببىڭنىڭ ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتقانلار توغرىسىدىكى «ئۇلار ئىمان ئېيتمايدۇ» دېگەن سۆزى مانا مۇشۇنداق ئەمەلگە ئاشتى.

34-(ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «سىلەرنىڭ مەبۇدلىرىڭلار ئىچىدە مەۋجۇداتنى يوقلۇقتىن بار قىلىپ (ئاندىن يوق قىلىپ)، ئاندىن ئۇنى ئەسلىگە كەلتۈرەلەيدىغانلار بارمۇ؟» ئېيتقىنكى، «ئاللاھ مەۋجۇداتنى يوقلۇقتىن بار قىلىپ (ئاندىن يوق قىلىپ)، ئاندىن ئۇنى ئەسلىگە كەلتۈرەلەيدۇ. ئەمەلىيەت شۇنداق تۇرسا، سىلەر نېمىشقا (ھەقىقەتتىن) بۇرۇلۇپ كېتىسىلەر؟».

35ـئېيتقىنكى، «سىلەرنىڭ (ئاللاھقا قوشۇۋالغان) شېرىكلىرىڭلارنىڭ ئارىسىدا ھەق يولغا يېتەكلىيەلەيدىغانلىرى بارمۇ؟» ئېيتقىنكى، «ئاللاھ ھەق يولغا يېتەكلىيەلەيدۇ. ھەق يولغا يېتەكلەيدىغان زاتقا بويسۇنۇش كېرەكمۇ؟ ياكى ھەق يولغا يېتەكلىيەلمەيدىغان، پەقەت ئۆزى باشقىلارنىڭ يېتەكلىشىگە موھتاج بولغانلارغا بويسۇنۇش كېرەكمۇ؟ سىلەرگە نېمە بولدى؟ سىلەر قانـداقسىغا مۇنداق ھۆكۈم چىقىرىسىلەر؟».

36ـئۇلارنىڭ تولىسى پەقەت گۇمانغىلا ئەگىشىدۇ، گۇمان دېگەن ھەقىقەت ئالدىدا ھېچ نەرسىگە يارىمايدۇ. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى ئوبدان بىلگۈچىدۇر.

### ◄ تەپسىرى

ئـى پەيغەمبـەر! مەخلۇقاتنـى ئاللاھ تائالاغـا شـېرىك قىلىۋالغـان بـۇ مۇشـرىكلارغا ئېيتقىنكـى: سـىلەرگە ئاسـماندىن ۋە زېمىنـدىن كـىم رىزىـق بېرىۋاتىـدۇ؟ يەنـى ئاسـماندىن يامغۇرنـى كـىم ياغـدۇرۇپ بېرىۋاتىـدۇ؟زېمىنـدا سـىلەر ۋە چارۋىلىرىڭلار يەيدىغـان ئۆسـۈملۈكلەرنى كـىم ئۈنـدۈرۈپ بېرىۋاتىـدۇ؟ سـىلەرنىڭ ئاڭلاش ۋە كـۆرۈش ئىقتىدارىڭلارنـى كـىم باشـقۇرۇۋاتىدۇ؟ بـۇ ئىككـى ئەزانـى ئۆرنەكسـىز يارىتىـپ ھەربىرىنـى، ۋۇجۇدۇڭلارنىـڭ مۇناسـىپ يېرىگـە ئاجايىـپ گـۈزەل شـەكىلدە يەرلەشـتۈرگەن زات كىم؟ ئۇنى خېيىم-خەتەرلەردىن كىم ساقلايدۇ؟

بـۇ يـەردە ئـاڭلاش بىلـەن كۆرۈشـتىن ئىبـارەت ئىككـى ئەزانىـلا ئالاھىـدە بايـان قىلىشـتىن مەقسـەت بـۇ ئىككىسـىنىڭ بىلىـش ۋە چۈشىنىشـتە ئالاھىـدە ئەھمىيەتلىـك رول ئوينايدىغانلىقىنـى ۋە مۇھىملىقىنـى بىلـدۈرۈش ئۈچۈندۇر.

﴿تىرىكنـى ئۆلۈكتـىن، ئۆلۈكنـى تىرىكتـىن كـىم چىقىرىـدۇ؟﴾ يەنـى جانلىـق نەرسـىلەرنى جانسـىز نەرسـىلەردىن، جانسـىز نەرسـىلەرنى جانلىـق نەرسـىلەردىن كـىم چىقىرىـدۇ؟ بـەزى مۇپەسسـىرلەر جانسـىز نەرسـىلەردىن جانلىـق نەرسـىلەرنى، جانلىـق نەرسـىلەردىن جانسـىز نەرسـىلەرنى چىقىرىش دېگەننـى ئۆسـۈملۈكلەرنى ئۇرۇقتـىن، ئۇرۇقنـى ئۆسـۈملۈكتىن چىقىرىشـقا ئوخشاش دەپ تەپسىر قىلغان.

ئـىلگىرىكى كىشـىلەر مەزكـۇر ئايەتنـى ئاددىي مەنىـدە چۈشـىنىپ، ئاللاھ تائـالا ئىنسـاننى ئىسـپېرمىدىن، ئۇچارقانـاتلارنى تۇخۇمـدىن، ئىسـپېرمىنى

ئىنساندىن، تۇخۇمنى ئۇچارقاناتلاردىن چىقىرىدۇ، دەپ چۈشىنىش بىلەن بىرگە ئىسپېرما بىلەن تۇخۇمنى هاياتلىق يوق جانسىز نەرسە دەپ قارىغان. ئۇلارنىڭ بۇ چۈشەنچىسىمۇ شۇ زامانلارغا نىسبەتەن توغرا بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، ئۇ زامانلاردا ئىسپېرما بىلەن تۇخۇمدا هاياتلىق بارلىقىنى ئىسپاتلايدىغان پەن - تېخنىكا يوق ئىدى.

هازىرقى زامان ئالىملىرىنىڭ ئېيتىشىچە: تۇخۇم بىلەن ئىسپېرمىدا هاياتلىق بار، ھەتتا ئۇرۇق ۋە دانلاردىمۇ هاياتلىق بار. بۇنىڭغا مىسال بايان قىلساق دېمىزكى، بىز كۈندىلىك يەۋاتقان يېمەكلىكلەر ئۆزىدە هاياتلىق بولمىغان نەرسىلەردۇر، ئۇنىڭ ئۈستىگە تاماق پىشۇرۇش جەريانىدا ئوتقا كىرگەندىن كېيىن، ئۇ تامامەن ئۆلۈك نەرسىگە ئايلىنىدۇ. بىز ئۇنى يېگەندىن كېيىن ئۇنىڭدىن قان شەكىللىنىدۇ، قاندىن ئىسپېرما هاسىل بولىدۇ. نەتىجىدە، بىز بىلىدىغان تىرىك ئىسپېرما جانسىز يېمەكلىكتىن چىققان بولىدۇ. ئاللاھ تائالا ئىنسان ۋە ئۆسۈملۈكلەردىن قالدۇق، كېرەكسىز نەرسىلەرنى چىقىرىۋېتىدۇ، بۇ جانسىز نەرسىلەر جانلىق ئىنسان ۋە ئۆسۈملۈكلەردىن چىققان بولىدۇ، بۇنى بايان قىلىشتىكى ئاساسىي مەقسەت ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى ۋە ئۇنىڭ بارلىق جانلىق ۋە جانسىز نەرسىلەرنى يوقلۇقتىن پەيدا قىلغان زات ئىكەنلىكىنى ئەسلىتىش ئۈچۈندۇر.

بەزى مۇپەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە، ئايەتتىكى «تىرىك» بىلەن «ئۆلۈك»تىن مۇئمىن بىلەن كاپىر مەقسەت قىلىنغان بولۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ مۇئمىن ئادەمنىڭ نەسلىدىن كاپىرنى، كاپىرنىڭ نەسلىدىن مۇئمىننى چىقىرىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

كائىناتنىڭ ئىشلىرىنى كىم ئىدارە قىلىدۇ؟ ھەممە نەرسىدىكى مۇكەممەل تەرتىپ-ئىنتىزامنى كىم بېكىتتى؟

وفي كل شيءٍ له آية تدل على أنه واحد

ھەرنەرسىدە ئاللاھ ئۈچۈن بار ئالامەت،
بىرلىكىگە قىلىدۇ شەكسىز دالالەت.

بۇ سوئاللارغا بېرىلىدىغان جاۋاب: «مۇشۇلارنىڭ ھەممىسىنى قىلغۇچى پەقەت ئاللاھ تائالادۇر» دېگەندىن ئىبارەت بولۇپ، بۇنىڭدىن باشقا جاۋاب تېپىلمايدۇ. بۇنىڭدا گەدەنكەشلىك قىلىشقا، تەكەببۇرلۇق

قىلىشقا زادى يول يوق.

مۇشرىكلارغا دېيىلىدۇكى، سىلەر بۇ ھەقىقەتلەرنى بىلىپ تۇرۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ يېگانە ياراتقۇچى ۋە ھەممىگە رىزىق بەرگۈچى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىپ تۇرۇپ، يەنە ئۇنىڭغا مەخلۇقاتنى شېرىك قىلىپ قوشۇشنىڭ ئاقىۋىتىدىن قورقمامسىلەر؟ سىلەر ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن قورقمامسىلەر؟ ھېچكىمگە قىلچە پايدا يەتكۈزەلمەيدىغان نەرسىلەرنى قانداقمۇ ئاللاھ تائالاغا شېرىك قىلىۋالىسىلەر؟ ئۇنتۇ-ماڭلاركى، سىلەرنى ۋە بارلىق مەۋجۇداتنى يوقتىن بار قىلغان، ھەممىڭلارغا رىزىق بېرىپ تۇرۇۋاتقان زات-يالغۇز ئاللاھ تائالادۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ئىبادەتكە لايىق بولىدىغان ھېچقانداق ئىلاھ يوق، ئۇ دائىم ھايات ۋە مەخلۇقاتنىڭ ئىشلىرىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچىدۇر. ئى كاپىرلار! ئاللاھ تائالانىڭ سىلەرنىڭ ھەقىقىي رەببىڭلار ۋە يېگانە ئىگەڭلار ئىكەنلىكىدە ۋە ئىبادەت قىلىنىشقا تامامەن ھەقلىق بولغان بىرلا مەبۇد ئىكەنلىكىدە قىلچە شەك يوق تۇرسا، نېمە ئۈچۈن سىلەر بۇ ھەقىقەتنى بىلىپ تۇرۇپ، ئازغۇنلۇقنى ئۆزۈڭلار ئۈچۈن راۋا كۆرۈپ، ھەقىقەتتىن بۇرۇلۇپ كېتىسىلەر؟ سىلەر زادى نەگە يۈزلىنىسىلەر؟ ئاللاھ تائالا ياراتقان مەخلۇقاتنى ئىلاھ دەپ چوقۇنۇش ئوپئوچۇق ئازغۇنلۇق ئەمەسمۇ؟! ئەھۋال شۇنداق تۇرسا، سىلەر قانداقلارچە ئاللاھ تائالانى قويۇپ، ئۇنىڭ مەخلۇقاتىغا چوقۇنىسىلەر؟ نېمە ئۈچۈن ھەقىقەتتىن باتىلغا، ھىدايەتتىن ئازغۇنلۇققا بۇرۇلۇپ كېتىسىلەر؟

ئى پەيغەمبەر! رەببىڭنىڭ سۆزى ھەقتۇر، ئۇ ئىلاھلىقتا يەككە-يېگانىدۇر، ھەقىقەتتىن باشقىسى ئازغۇنلۇقتۇر. ئاللاھ تائالانىڭ ئىتائىتىدىن چىققانلارغا، ھىدايەتتىن ۋە ھەقىقەتتىن يۈز ئۆرۈگەنلەرگە ئاللاھ تائالانىڭ ئازابى تېگىشلىك بولدى. چۈنكى، ئۇلار ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرلەر ئارقىلىق چۈشۈرگەن ھەقىقەتلەرگە ئىشەنمەيدۇ، ئۆزلىرىنىڭ مۇتەكەببىرلىكى تۈپەيلىدىن ھەقىقەتكە ئەگەشمەيدۇ، نەتىجىدە، ئىمان ئېيتمايدۇ.

ئى پەيغەمبەر! مۇشرىكلارغا ئېيتقىنكى: سىلەرنىڭ ئاللاھ تائالاغا قوشۇپ ياكى ئاللاھ تائالانى قويۇپ چوقۇنغان بۇتلىرىڭلار ياكى ئاللاھ تائالانىڭ ھۇزۇرىدا بىزگە شاپائەت قىلىدۇ، دەپ چوقۇنغان شاپا-ئەتچىلىرىڭلار (مەيلى ئۇلار بۇت ياكى يۇلتۇز ۋەياكى پەرىشتە بولسۇن) بىرەر جانلىقنى يارىتالامدۇ؟

ئايەتتە خىتاب قىلىنىۋاتقان كاپىرلار قىيامەت كۈنىگە ۋە ئۆلگەندىن

كېيىنكى تىرىلىشكە ئىشەنمەيدىغان كاپىرلاردىن بولغاچقا[1]، ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئۇلارغا بېرىدىغان جاۋابنى ئۆگىتىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئېيتقىنكى، « ئاللاھ مەۋجۇداتنى يوقلۇقتىن بار قىلىپ (ئاندىن يوق قىلىپ)، ئاندىن ئۇنى ئەسلىگە كەلتۈرەلەيدۇ»﴾. چۈنكى، بىر نەرسىنى يوقلۇقتىن بار قىلغان زات ئۇنى يوق قىلىۋېتىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئەلۋەتتە قادىردۇر. ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتىنىڭ نامايەندىلىرىنى كائىناتتا ۋە ئۆزلىرىدە ھەر ۋاقىت كۆرۈپ تۇرىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرى دۇنياسىدا ھەر يىلى قايتا يارىتىلىشنىڭ تەكرارلىنىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ، بۇنىڭغا ئەقلىنى ئىشلەتمەمدۇ؟ تەپەككۇر قىلىپ كۆرمەمدۇ؟ ئۇلار نېمە ئۈچۈن قىيامەت كۈندىكى تىرىلىشكە ۋە ئۇ كۈندىكى مۇكاپاتلاش ۋە جازالاش قاتارلىق ئىشلارغا ئىشەنمەيدۇ؟ ئۇلارغا نېمە بولدى؟ ئۇلار قانداقمۇ ھەقىقەتتىن باتىلغا بۇرۇلۇپ كېتىدۇ؟ ئۇلارغا ئېيتقىنكى: سىلەر ئاللاھ تائالاغا شېرىك قىلىپ قوشۇۋالغان شېرىكلىرىڭلار ئىچىدە كىشىلەرنى ھەقىقەتكە يېتەكلىيەلەيدىغانلار بارمۇ؟ ﴿رَبُّنَا ٱلَّذِيٓ أَعۡطَىٰ كُلَّ شَيۡءٍ خَلۡقَهُۥ ثُمَّ هَدَىٰ﴾ يەنى ﴿بىزنىڭ رەببىمىز ھەممە نەرسىگە (ئۆزىگە خاس) شەكىل (ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەت) ئاتا قىلغان، ئاندىن (ئۇلارنى ئۆزلىرىگە ئاتا قىلىنغان نەرسىلەردىن پايدىلىنىش يوللىرىغا) يېتەكلىگەن زاتتۇر﴾[2]. ئۇلار بۇنىڭغا نېمە دەپ جاۋاب بېرىدۇ؟ نۇرغۇن دەلىل-پاكىتلار بۇ سوئالنىڭ جاۋابىنىڭ ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئېيتىپ بەرگەن مۇنۇ جاۋاب ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ: ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا ئېيتقىنكى: ئاللاھ ھەقىقەتكە ۋە توغرا يولغا ھىدايەت قىلىدۇ، ئۇ سىلەرنى ھىدايەت قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا شۈكۈر قىلىش بۇرچۇڭلار بار. ھەقىقەت، ھىدايەت، ياخشىلىق ۋە نىجاتلىققا يېتەكلىگەن زاتنىڭ بەلگىلەپ بەرگەن قانۇن-تۈزۈملىرىگە رىئايە قىلىش توغرىمۇ ياكى ھېچكىمنى ياخشىلىققا يېتەكلىيەلمەيدىغان پەقەت باشقىلارنىڭ يېتەكلىشىگە موھتاج بولغان نەرسىلەرگە ئەگىشىشمۇ؟ يەنى ئاللاھ تائالا ياخشىمۇ ياكى سىلەر چوقۇنۇۋاتقان بۇتلىرىڭلارمۇ؟ ھالبۇكى، ئاللاھ تائالا خالىغان بەندىلىرىنى توغرا يولغا يېتەكلەيدۇ، ئەمما بۇتلار ھېچكىمنى توغرا يولغا ياكى ياخشىلىققا يېتەكلىيەلمەيدۇ. ئەمما ئۇزەير، مەسىھ ۋە پەرىشتىلەر ئاللاھ

---

[1] كاپىرلارنىڭ ئىچىدە قىيامەت كۈنىگە ئىشىنىدىغان كاپىرلارمۇ بار. مەسىلەن: يەھۇدىيلار ۋە خىرىستىيانلارغا ئوخشاش.

[2] تاھا سۈرىسى: 50-ئايەت.

تائالانىڭ ھىدايىتى بىلەن كىشىلەرنى توغرا يولغا يېتەكلەيدۇ. ئايەتتىكى سوئال جاۋاب تەلەپ قىلىش مەنىسىدە ئەمەس، بەلكى ئەجەبلىنىش مەنىسىدە كەلگەن. يەنى قولىدىن ھېچبىر ئىش كەلمەيدىغان مۇشۇنداق نەرسىلەرنى ئىلاھ قىلىۋېلىشىڭلارغا سىلەرگە نېمە تۈرتكە بولدى؟ سىلەرنى ئۇنىڭغا نېمە قىزىقتۇردى؟ قايسى ئەھۋال سىلەرنى ئۇلارغا چوقۇنۇشقا، ئۇلارنى ئاللاھ تائالاغا ۋاستە قىلىشقا ۋە ئۇلارنى ئاللاھ تائالانىڭ ھۇزۇرىدا شاپائەت قىلىدۇ، دەپ ئېتىقاد قىلىشقا ئاپىرىپ قويدى؟ بۇ ھەقىقەتەن ئەجەبلىنەرلىك ئىشتۇر. ھېچقانداق شەك-شۈبھە بولمىغان ھەقىقەت شۇكى، ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى قىيامەتنى ئىنكار قىلىش، ساختا ئىلاھلارغا ئەگىشىش ۋە پەيغەمبەرنى ئىنكار قىلىش، ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ ئازغۇنلۇقىنى ئېتىراپ قىلماسلىق، ئۇلارغا قارىغۇلارچە ئەگىشىش قاتارلىق ھەممە ئىشلىرىدا ئىلىمگە ئەمەس، پەقەت پەرەزگە تايىنىپ ئىش كۆرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئاخىرەتنى بۇ دۇنياغا قىياس قىلىشى، جانلىقلار ئۆلۈپ تۇپراققا ئايلىنىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈشىگە ئىشەنمەسلىكى، ئۆزلىرىگە ئوخشاش بىر ئىنسانغا ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ۋەھيى نازىل بولۇشىنى ئېھتىمالدىن يىراق سانىشى ئۇلارنىڭ نەزىرىدە چوڭ ئىشلاردىن سانالمايتتى.

يۇقىرىدا، مۇشرىكلارنىڭ خىيالىي پەرەزلەرگە ئەگىشىدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭغا تايىنىپ ئىش كۆرىدىغانلىقى ئەيىبلەندى. ئەمدى، بۇنداق پەرەزگىلا تايىنىپ ئىش كۆرۈشنىڭ ھۆكمى نېمە؟ دەپ سورايدىغانلارغا جاۋاب بېرىپ دەيمىزكى، پەرەز ۋە گۇمان بىلەن ھېچ نەرسىنى ئىسپاتلىغىلى بولمىغاندەك، ئۇ نەرسىلەر ھەقىقەتنىڭ ئورنىدا تۇرالمايدۇ. چۈنكى، ھەقىقەت دېگەن كۈچلۈك دەلىل-پاكىت بىلەن ئىسپاتلانغان نەرسە بولۇپ، ئۇ ھېچقانداق شەك-شۈبھىنى قوبۇل قىلمايدۇ. ئەمما گۇمان ۋە پەرەزنىڭ ئاساسى شەك-شۈبھە بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن ھېچ نەرسىنى ئىسپاتلىغىلى بولمايدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ ھېچقانداق ئىلمىي قىممىتى يوق.

ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنىڭ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن قىلغان پۈتۈن ئىشلىرىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، ئاخىرەتتە شۇنىڭغا ئاساسەن ئۇلارنىڭ مۇكاپاتىنى ياكى جازاسىنى بېرىدۇ، بولۇپمۇ، ھەقىقەت تۈرلۈك مىساللار ۋە ھەر خىل بايانلار بىلەن تولۇق يورۇتۇپ بېرىلىپ، ھەممىگە ئايان بولغاندىن كېيىنمۇ، يەنە ھەقىقەتكە ئەگەشمىگەنلەرگە بېرىلىدىغان جازا ئەلۋەتتە ئېغىر بولىدۇ.

### مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ساختا ئىلاھلارنىڭ ھېچ ئىش قىلالمايدىغانلىقىنى ئەقلى بار كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بىلىدۇ. پەقەت تەقلىدچىلىك تۈپەيلىدىن بەزى ئىنسانلار ئەقلىنى ئىشلەتمەستىن خۇراپاتلارغا ئەگىشىدۇ. ئەگەر ھەربىر ئىنسان تەقلىدچىلىكتىن قۇتۇلۇپ ئەركىن پىكىر يۈرگۈزىدىغان بولسا، ياراتقۇچىنىڭ بىرلىكىنى ئەلۋەتتە بىلىدۇ ۋە ساختا مەبۇدلارغا ئىشەنمەيدۇ.

2. ئېتىقاد ۋە ئىمان ئىشىدا گۇمان، شەك ۋە ئىككىلىنىش قوبۇل قىلىنمايدۇ.

3. گۇمان بىلەن ئىش قىلىش ۋە گۇمانخورلۇق قىلىش يامان ئەخلاق قاتارىدىن سانىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىستە: «إِيَّاكُمْ وَالظَّنَّ ، فَإِنَّ الظَّنَّ أَكْذَبُ الْحَدِيثِ» يەنى «گۇمانخورلۇقتىن ساقلىنىڭلار. چۈنكى، گۇمانخورلۇق ئەڭ چوڭ يالغانچىلىقتۇر»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

### مۇشرىكلارنىڭ قۇرئانغا تۇتقان پوزىتسىيەسى

﴿وَمَا كَانَ هَٰذَا ٱلۡقُرۡءَانُ أَن يُفۡتَرَىٰ مِن دُونِ ٱللَّهِ وَلَٰكِن
تَصۡدِيقَ ٱلَّذِي بَيۡنَ يَدَيۡهِ وَتَفۡصِيلَ ٱلۡكِتَٰبِ لَا رَيۡبَ فِيهِ مِن رَّبِّ
ٱلۡعَٰلَمِينَ ﴿٣٧﴾ أَمۡ يَقُولُونَ ٱفۡتَرَىٰهُۖ قُلۡ فَأۡتُواْ بِسُورَةٖ مِّثۡلِهِۦ وَٱدۡعُواْ
مَنِ ٱسۡتَطَعۡتُم مِّن دُونِ ٱللَّهِ إِن كُنتُمۡ صَٰدِقِينَ ﴿٣٨﴾ بَلۡ كَذَّبُواْ بِمَا
لَمۡ يُحِيطُواْ بِعِلۡمِهِۦ وَلَمَّا يَأۡتِهِمۡ تَأۡوِيلُهُۥۚ كَذَٰلِكَ كَذَّبَ ٱلَّذِينَ مِن
قَبۡلِهِمۡۖ فَٱنظُرۡ كَيۡفَ كَانَ عَٰقِبَةُ ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿٣٩﴾ وَمِنۡهُم مَّن يُؤۡمِنُ
بِهِۦ وَمِنۡهُم مَّن لَّا يُؤۡمِنُ بِهِۦۚ وَرَبُّكَ أَعۡلَمُ بِٱلۡمُفۡسِدِينَ ﴿٤٠﴾ وَإِن
كَذَّبُوكَ فَقُل لِّي عَمَلِي وَلَكُمۡ عَمَلُكُمۡۖ أَنتُم بَرِيٓـُٔونَ مِمَّآ أَعۡمَلُ
وَأَنَا۠ بَرِيٓءٞ مِّمَّا تَعۡمَلُونَ ﴿٤١﴾ وَمِنۡهُم مَّن يَسۡتَمِعُونَ إِلَيۡكَۚ أَفَأَنتَ
تُسۡمِعُ ٱلصُّمَّ وَلَوۡ كَانُواْ لَا يَعۡقِلُونَ ﴿٤٢﴾ وَمِنۡهُم مَّن يَنظُرُ إِلَيۡكَۚ

[1] «صحيح البخاري» 7-توم، 19-بەت، 5143 -ھەدىس.

أَفَأَنتَ تَهۡدِي ٱلۡعُمۡيَ وَلَوۡ كَانُواْ لَا يُبۡصِرُونَ ﴿٤٣﴾ إِنَّ ٱللَّهَ لَا يَظۡلِمُ ٱلنَّاسَ شَيۡـٔٗا وَلَٰكِنَّ ٱلنَّاسَ أَنفُسَهُمۡ يَظۡلِمُونَ ﴿٤٤﴾

### تەرجىمىسى

37ـ بۇ قۇرئاننى ئاللاھتىن باشقا بىرىنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىرالىشى مۇمكىن ئەمەس. ئەكسىچە، (بۇ قۇرئان) ئۆزىدىن ئىلگىرى كەلگەن (ساماۋى) كىتابلارنى تەستىقلايدىغان ۋە (ئاللاھنىڭ) بەلگىلىگەنلىرىنى بايان قىلىدىغان كىتابتۇر، ئۇنىڭدا قىلچە شەك يوق، (ئۇ) ئالەملەرنىڭ رەببى تەرىپىدىن كەلگەندۇر.

38ـ ئۇلار: «قۇرئاننى (مۇھەممەد) ئۆزى ئويدۇرۇپ چىققان» دېيىشەمدۇ؟ ئېيتقىنكى، «ئەگەر بۇ سۆزۈڭلاردا راستچىل بولساڭلار، ئاللاھتىن باشقا (يار-دەمگە) چاقىرالايدىغانلىكى كىشىلىرىڭلارنى چاقىرىپ، قۇرئانغا ئوخشاش بىرەر سۈرىنى كەلتۈرۈپ بېقىڭلار».

39ـ ئەكسىچە، ئۇلار قۇرئاننىڭ مەنىسىنى تولۇق چۈشەنمەي ۋە ھەقىقىتىگە تېخى ئەقلى يەتمەي تۇرۇپ ئۇنى ئىنكار قىلىشتى. ئۇلاردىن ئىلگىرىكىلەرمۇ (پەيغەمبەرلىرىنى) مۇشۇلارغا ئوخشاش يالغانغا چىقارغان ئىدى. زالىملارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىغا قارىغىن.

40ـ ئۇلارنىڭ ئىچىدە قۇرئانغا ئىشىنىدىغانلارمۇ بار، ئىشەنمەيدىغانلارمۇ بار، رەببىڭ بۇزغۇنچىلارنى ھەممىدىن ئوبدان بىلىدۇ.

41ـ ئەگەر ئۇلار يەنە سېنى يالغانغا چىقارسا: «مېنىڭ قىلغان ئەمەلىم ئۆزۈم ئۈچۈندۇر، سىلەرنىڭ قىلغان ئەمەلىڭلارمۇ ئۆزۈڭلار ئۈچۈندۇر، سىلەر مېنىڭ قىلغان ئەمەلىمدىن جاۋابكار ئەمەس، مەنمۇ سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلاردىن جاۋابكار ئەمەس» دېگىن.

42ـ ئۇلارنىڭ ئىچىدە (قۇرئان ئوقۇغىنىڭدا) ساڭا قۇلاق سالىدىغانلار بار، ئەمما سەن گاسلارغا ئۇلار ھېچ نەرسىنى ئاڭقىرالمىسىمۇ ئاڭلىتالامسەن؟ (شۇنىڭدەك ئاشۇ مۇشرىكلارنىمۇ ئاللاھ خالىمىسا ھىدايەت قىلالمايسەن).

43ـ ئۇلارنىڭ ئىچىدە ساڭا قارايدىغانلار بار (ئۇلار كورلاردۇر)، كورلار ( ھەقىقەتنى) كۆرەلمىسىمۇ سەن ئۇلارغا كۆرسىتەلەمسەن؟

**44ـ شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ئىنسانلارغا قىلچە زۇلۇم قىلمايدۇ، لېكىن ئىنسانلار ئۆزىگە ئۆزى زۇلۇم قىلىدۇ.**

### ◄ تەپسىرى

«قۇرئان كەرىم» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىلىرى ئىچىدە ئەڭ ئاساسلىق ۋە مەڭگۈلۈك مۆجىزە بولۇپ، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئىنسانلارغا ئەۋەتىلگەن ئەلچى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان دەلىللەرنىڭ ئەڭ كاتتىسىدۇر. شۇنىمۇ ئۇنتۇماسلىق كېرەككى، «قۇرئان كەرىم» دىنىنىڭ ئاساسى ۋە ئىسلام قانۇنىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق مەنبەسى بولۇپ، ئۇ ئالدى بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ يېگانە ئىلاھ ئىكەنلىكىنى ۋە ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ.

«قۇرئان كەرىم» ئۆزىگە خاس يېگانە ئۇسلۇبى، ئايەت ۋە سۈرىلىرىنىڭ تىزىلىشىدىكى ئۆزگىچىلىكى، قانۇن-پرىنسىپى، ئىلىم-ھېكمىتى، بايانلىرى، سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ھەققىدىكى كۆرسەتمىلىرى، قىسسىلىرى ۋە كەلگۈسىدە يۈز بېرىدىغان ئىشلاردىن ئالدىنئالا خەۋەر بېرىش قاتارلىق ئىشلاردا ئىنتايىن راستچىل ۋە ئەمەلىيەتچىل كىتابتۇر. ئەھۋال شۇنداق بولغان ئىكەن، ئەقلى جايىدا بىر ئادەمنىڭ بۇ «قۇرئاننى بىرەر ئىنسان توقۇپ چىقتى» دېيىشى قەتئىي ئەقىلگە سىغمايدۇ، چۈنكى، بۇنىڭغا ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىمنىڭ كۈچى يەتمەيدۇ. «قۇرئان كەرىم» مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزى ئەمەس، بەلكى ئاللاھ تائالانىڭ سۆزىدۇر.

«قۇرئان كەرىم» يەنە ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئىلگىرىكى پەيغەمبەر-لەردىن ئىبراھىم، مۇسا، ئىيسا قاتارلىق پەيغەمبەرلەرگە بېرىلگەن ساماۋى كىتابلارنىڭ ئەسلىسىنى ئېتىراپ قىلىدىغان ۋە بارلىق پەيغەمبەرلەرگە نازىل قىلىنغان ۋەھيىنى كۈچلەندۈرىدىغان كىتابتۇر.

«قۇرئان كەرىم» ئۆزىدىن ئىلگىرىكى ساماۋى كىتابلارنىڭ دەۋەت ئۇسۇلى بويىچە ئالدى بىلەن كىشىلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ بىر ئىكەنلىكىگە ئىمان ئېيتىشقا دەۋەت قىلىدۇ، ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشنى ۋە قىيامەت كۈنىدە بولىدىغان ئىشلارنى بايان قىلىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرگە كەلمىگەن بىر نەرسىنى ئېلىپ كەلگەن بىر پەيغەمبەر ئەمەس، بەلكى ئۇ ئىلگىرىكى

پەيغەمبەرلەرنىڭ يولىنى يول قىلغان، ئۇلارنىڭ غايىسىنى غايە قىلغان هالدا، ئاللىدى بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ بىر ئىكەنلىكىنى ۋە قىيامەتنىڭ چوقۇم بولىدىغانلىقىنى جاكارلىغان پەيغەمبەردۇر. ئۇ «قۇرئان كەرىم»دە بايان قىلىنغان قانۇن-تۈزۈم، هۆكۈم، ۋەز-نەسىهەت، قىسسە قاتارلىقلارنى، ئىنسانلار دىن ۋە دۇنيالىق ئىشلىرىدا هاجەت بولىدىغان مەسىلىلەرنىڭ هەممىسىنى «قۇرئان كەرىم»گە تايىنىپ، ئۆزىنىڭ ئەمەلىيىتى ئارقىلىق ناهايىتى ئېنىق ۋە روشەن بايان قىلىپ بەرگەن پەيغەمبەردۇر. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ سۈننىتى «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئەمەلىي تەتبىقىدۇر.

«قۇرئان كەرىم»نى قانداقمۇ بىرەر ئىنسان تەرىپىدىن توقۇلغان كىتاب دېگىلى بولسۇن؟ ئۇلار بۇ هەقتە پىكىر يۈرگۈزمەمدۇ؟ ﴿أَفَلَا يَتَدَبَّرُونَ ٱلْقُرْءَانَۚ وَلَوْ كَانَ مِنْ عِندِ غَيْرِ ٱللَّهِ لَوَجَدُوا۟ فِيهِ ٱخْتِلَٰفًا كَثِيرًا﴾ يەنى ﴿ئۇلار قۇرئان ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزمەمدۇ؟ ئەگەر ئۇ (قۇرئان كاپىرلار ئويلىغاندەك) ئاللاهتىن باشقا بىرى تەرىپىدىن كەلگەن بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە، ئۇلار ئۇنىڭدىن نۇرغۇن زىتلىقلارنى تاپقان بولاتتى﴾[1]. شەك-شۈبهىسىزكى، ئۇ ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان هىدايەت كىتابىدۇر.

«قۇرئان كەرىم» تۆۋەندىكى سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلەنگەن:

«قۇرئان كەرىم»نى ئىنسانلاردىن بىرەرسى توقۇپ چىقىپ، ئاندىن ئۇنى ئاللاه تائالاغا مەنسۇپ قىلغان بولۇشى قەتئىي مۇمكىن ئەمەس.

«قۇرئان كەرىم» ئۆزىدىن ئىلگىرىكى ساماۋى كىتابلارنىڭ هەقلىقىنى ئىسپاتلايدىغان، ئۇ كىتابلاردا قېلىپ قالغان هەقىقەتلەرنى ئېتىراپ قىلىدىغان ۋە ئۇنى قوغدايدىغان كىتابتۇر.

«قۇرئان كەرىم» ئىسلام دىنىنىڭ شەرىئەت ئەهكاملىرىنى تولۇق بايان قىلىپ بەرگەن ئۇلۇغ دەستۇردۇر.

«قۇرئان كەرىم» پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ئۈگۈت، مۇئمىنلەرگە هىدايەت مەنبەسىدۇر.

«قۇرئان كەرىم» پۈتۈن ئىنسانىيەتكە بۇنىڭ ئوخشىشىنى كەلتۈرۈش توغرىسىدا جەڭ ئېلان قىلغان ئىلاهىي كىتابتۇر.

مۇشۇنداق ئوچۇق-ئاشكارا، كەسكىن هۆججەت، دەلىل-ئىسپاتلاردىن

[1] نىسا سۈرىسى: 82-ئايەت.

كېيىنمۇ «قۇرئان كەرىم»نى ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى ئەمەس دېيىش ئەقىلگە سىغامدۇ؟

﴿ئۇلار: «قۇرئاننى (مۇھەممەد) ئۆزى ئويدۇرۇپ چىققان» دېيىشەمدۇ؟﴾. ئى پەيغەمبەر! ئەگەر ئۇ كاپىرلار «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى ئىكەنلىكىگە ئىشەنمىسە ۋە ئۇنى سېنى ئۆزى توقۇپ چىقتى دەپ تۇرۇۋالسا، ئۇلارغا شۇنداق دېگىنكى، ئەگەر ئىش سىلەر گۇمان قىلغاندەك بولسا، قېنى كېلىڭلار، سىلەرمۇ بەدىئىيلىكتە، پاساھەتتە، گۈزەل ئىپادىلەش ئۇسلۇبىدا، ئايەتلىرىنىڭ تىزىلىشىدا «قۇرئان كەرىم»گە ئوخشايدىغان بىرەر سۈرىنى مەيدانغا كەلتۈرۈپ بېقىڭلار، مۇشۇ ئىشىڭلارغا ياردەم بېرەلەيدىغان بارلىق ياردەمچىلىرىڭلارنى چاقىرىڭلار. ئەمما شۇنى ئېنىق بىلىڭلاركى، پۈتۈن ئىنسانلار ۋە جىنلار بىرلەشكەن تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭغا كۈچى يەتمەيدۇ. ﴿قُل لَّئِنِ ٱجْتَمَعَتِ ٱلْإِنسُ وَٱلْجِنُّ عَلَىٰٓ أَن يَأْتُواْ بِمِثْلِ هَٰذَا ٱلْقُرْءَانِ لَا يَأْتُونَ بِمِثْلِهِۦ وَلَوْ كَانَ بَعْضُهُمْ لِبَعْضٍ ظَهِيرًا﴾ يەنى ﴿ئېيتقىنكى، «ئەگەر ئىنسانلار، جىنلار بۇ قۇرئاننىڭ ئوخشىشىنى مەيدانغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن يىغىلىپ بىر-بىرىگە ياردەملەشكەن تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ ئوخشىشىنى مەيدانغا كەلتۈرەلمەيدۇ»﴾[1]. ئەگەر سىلەر قۇرئانغا ئوخشاش بىرەر كىتابنى باشقىلارمۇ مەيدانغا كەلتۈرەلەيدۇ، دەپ ئويلىساڭلار، قېنى شۇنداق قىلىپ بېقىڭلار.

ئېنىقكى، ئۇلار ھەرگىز ئۇنداق قىلالمايدۇ، ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، ئى ئىنسانلار! «قۇرئان كەرىم»گە قۇلاق سېلىڭلار، ھەقىقەتكە ئەگىشىڭلار، ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتىڭلار. چۈنكى، سىلەر ئۈچۈن بۇنىڭدىن ياخشىسى يوقتۇر.

بۇ بايانلارنىڭ ھەممىسى ئىسلام دەۋىتىنى يوق قىلىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ جېنىنى، مال-مۈلۈكىنى ۋە بارلىق قىممەتلىك نەرسىلىرىنى ئاتىغان، ئىسلام پەيغەمبىرىگە قارشى بارلىق ھىيلە-مىكىرلىرىنى ئىشقا سېلىپ ئاللاھ تائالانىڭ بۇ روشەن نۇرىنى ئۆچۈرۈشكە ئۇرۇنغان بارلىق كاپىرلارغا جەڭ ئېلان قىلىش بولۇپ، ئۆز ۋاقتىدا «قۇرئان كەرىم»نىڭ بۇ كەسكىن مۇنازىرىسى ئەرەبلەرنى ئېغىز ئاچالمايدىغان قىلىپ قويغان ئىدى. چۈنكى، «قۇرئان كەرىم»دە ئوتتۇرىغا قويۇلغان مۇنازىرىلەر، ئۇنىڭ ئىنسان سۆزى ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلايدىغان دەلىل-ئىسپاتلار ئۇنىڭ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان ئىلاھىي كىتاب ئىكەنلىكىنى

[1] ئىسرا سۈرىسى: 88-ئايەت.

تەكتىلەشكە يېتەرلىكتۇر. ئۆز ۋاقتىدا ئەدەبىيات ۋە شېئىرىيەت ساھەسىدە داڭق چىقارغان پاساھەتلىك ئەرەبلەر «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئوخشىشىنى كەلتۈرۈشتىن ئاجىز كەلگەن، ھازىرمۇ ئاجىز كەلمەكتە. ئەھۋال شۇنداق تۇرسا، «قۇرئان كەرىم» قانداقمۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام توقۇپ چىققان كىتاب بولسۇن؟ ھالبۇكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئوقۇش ۋە يېزىشنى بىلمەيدىغان بىر زات تۇرسا؟!

ئەھۋال شۇنداق تۇرسىمۇ، مەككە كاپىرلىرى ئۆز ۋاقتىدا «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى ئىكەنلىكىگە ئىشەنمىگەن ئىدى. ئۇلار ئەسلىدە ئۆزلىرىنىڭ نادانلىقىدىن ئۆزلىرى بىلمىگەن نەرسىنى ئىنكار قىلغان ئىدى. زادى ئۆزىنىڭ نەپسى خاھىشى ئەقلىگە ھۆكۈمران بولۇۋالغان، ئەقلىنى ئىشلەتمىگەن، تەپەككۇر قىلىشنىڭ ئورنىغا ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ خۇراپاتلىرىنى جان جەھلى بىلەن قوغدىغان مۇنداق ئەخمەق قەۋملەردىن كۈتۈلىدىغىنى شۇ ئىدى. شۇڭا ئۇلار «قۇرئان كەرىم» توغرۇلۇق ئوبدان ئويلىنىپ باقماستىنلا ئۇنى ئىنكار قىلىشقا ئالدىرىغان ئىدى.

ئۇلارغا «قۇرئان كەرىم»دىن پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغان كاپىرلارغا بېرىلىدىغان جازالار بايان قىلىنسا، ئۇلار ئۆزلىرىدىن ئىلگىرى ھالاك قىلىنغان قەۋملەرگە ئوخشاش ئىنكار يولىنى تۇتىدۇ. ئۇلار ئىلگىرى ھالاك قىلىنغان ئۈممەتلەرنىڭ نېمە سەۋەبتىن ھالاك قىلىنغانلىقى ۋە پەيغەمبەرلەرگە قارشى چىقىشنىڭ يامان ئاقىۋىتى ھەققىدە ئەقلىنى ئىشلىتىپ ئويلاپ كۆرمەيدۇ، تەپەككۇر قىلىپ مۇلاھىزە يۈرگۈزمەيدۇ، ئىبرەت ئالمايدۇ. چۈنكى، ئازغۇنلۇقتا پاتقانلارغا شەيتان ئۇلارنىڭ يامان ئىشلىرىنى ئەنە شۇنداق چىرايلىق قىلىپ كۆرسىتىدۇ.

ئۇلار ئىلگىرى ھالاك بولغان ئاد، سەمۇد، پىرئەۋن قەۋملىرىنىڭ ئاقىۋىتىدىن ئىبرەت ئالامدۇ؟ ئۇلارنىڭ خارابىگە ئايلانغان يۇرت ـ ماكانلىرىنى كۆرمەمدۇ؟ ﴿فَكُلًّا أَخَذْنَا بِذَنبِهِۦ ۖ فَمِنْهُم مَّنْ أَرْسَلْنَا عَلَيْهِ حَاصِبًا وَمِنْهُم مَّنْ أَخَذَتْهُ ٱلصَّيْحَةُ وَمِنْهُم مَّنْ خَسَفْنَا بِهِ ٱلْأَرْضَ وَمِنْهُم مَّنْ أَغْرَقْنَا ۚ وَمَا كَانَ ٱللَّهُ لِيَظْلِمَهُمْ وَلَٰكِن كَانُوٓا۟ أَنفُسَهُمْ يَظْلِمُونَ﴾ يەنى ﴿بىز ئۇلارنىڭ ھەربىرىنى گۇناھى تۈپەيلىدىن ئازابقا تۇتتۇق، ئۇلارنىڭ بەزىسىگە تاش ياغدۇردۇق، بەزىسىنى قاتتىق ئاۋاز ھالاك قىلدى، بەزىسىنى (مال ـ مۈلۈكى بىلەن قوشۇپ) يەرگە يۇتقۇزدۇق، بەزىسىنى (سۇدا) غەرق قىلدۇق. ئاللاھ ئۇلارغا ئۇۋال قىلمىدى، بەلكى ئۇلار ئۆزلىرىگە ئۆزى زۇلۇم

قىلدى﴾[1].

مۇشرىكلارنىڭ ئىچىدىن «قۇرئان كەرىم»گە كۆڭلىدە ئىشەنگەن، ئەمما ئېغىزىدا ئۇنى ئىنكار قىلىدىغانلارمۇ بار ئىدى. ئۇلارنىڭ كاتتىباشلىرىدىن بىرى مۇنداق دېگەن: «مەن مۇھەممەدتىن بىر سۆز ئاڭلىدىم، ئۇ سۆز ئىنسانلارنىڭ سۆزى ئەمەس، جىنلارنىڭ سۆزىگىمۇ ئوخشىمايدۇ، ئېنىقكى، مۇھەممەدنىڭ بۇ ئىشى پات يېقىندا مېۋە بېرىدۇ ۋە ھەممە ئۇنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالىدۇ». مۇنداقلار ھەقىقەتنى ئېنىق بىلىپ تۇرۇپ، تەكەببۇرلۇقتىن ۋە گەدەنكەشلىكتىن ئۇنى ئىنكار قىلىدىغان بەختسىزلەردۇر. «قۇرئان كەرىم»نى ئۆزىنىڭ نادانلىقى ۋە بىلىمسىزلىكى تۈپەيلى ئىنكار قىلىدىغانلارمۇ بار. ئالدىنقىلار ھاكاۋۇرلار، كېيىنكىلەر نادانلاردۇر. ئى پەيغەمبەر! سەن بۇ ئىشلارغا قايغۇرۇپ كەتمىگىن، چۈنكى، سېنىڭ رەببىڭ زالىملارنى ۋە يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق تېرىغۇچىلارنى ئوبدان بىلىدۇ. ئۇلارنى جازالاشقا رەببىڭ يېتەرلىكتۇر. بۇلارنىڭ ھەممىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەسەللى بېرىش ئۈچۈندۇر.

ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يەنە تەسەللى بېرىپ، بۇ مەنىدە دەيدۇكى، ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا ئېيتقىنكى: مېنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى يەتكۈزۈش، كاپىرلارنى ئاخىرەتنىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرۇش ۋە ئىمان ئېيتقانلارغا جەننەت بىلەن خۇش خەۋەر بېرىشتىن ئىبارەت ئەمەللىرىمنىڭ ساۋابى ئۆزۈم ئۈچۈندۇر، رەببىم مېنى مۇشۇ ئىشىمغا ئاساسەن مۇكاپاتلايدۇ، سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلارمۇ ئۆزۈڭلار ئۈچۈندۇر، رەببىڭلار سىلەرنىمۇ قىلمىشىڭلارغا ئاساسەن جازالايدۇ.﴿هَلْ تُجْزَوْنَ إِلَّا بِمَا كُنتُمْ تَكْسِبُونَ﴾ يەنى ﴿سىلەر پەقەت قىلمىشىڭلارنىڭلا جازاسىنى تارتىسىلەر﴾[2]. مېنىڭ قىلغانلىرىمدىن سىلەر جاۋابكار ئەمەسسىلەر، مەنمۇ سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلاردىن سورالمايمەن، مەن سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلاردىن يىراقمەن، سىلەرمۇ مېنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىمدىن يىراقسىلەر. رەببىم ھېچكىمنى باشقا بىرسىنىڭ گۇناھى تۈپەيلىدىن جازالىمايدۇ. ﴿أَمْ يَقُولُونَ ٱفْتَرَىٰهُ ۖ قُلْ إِنِ ٱفْتَرَيْتُهُۥ فَعَلَىَّ إِجْرَامِى وَأَنَا۠ بَرِىٓءٌ مِّمَّا تُجْرِمُونَ﴾ يەنى ﴿ياكى ئۇلار: «قۇرئاننى (مۇھەممەد) ئۆزى توقۇپ چىققان» دېيىشەمدۇ؟ ئېيتقىنكى، «ئەگەر مەن ئۇنى توقۇپ چىققان بولسام، گۇناھىم ئۆزۈمگىدۇر. مەن سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلاردىن جاۋابكار

[1] ئەنكەبۇت سۈرىسى: 40-ئايەت.
[2] يۇنۇس سۈرىسى: 52-ئايەت.

ئەمەس»﴾[1].

ئى پەيغەمبەر! سەن ئۇلارنىڭ ئەھۋالىدىن ھەيران قالمىغىن، قىلمىشلىرىدىن بىئارام بولمىغىن، سەن پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ ئەلچىلىكىنى يەتكۈزگۈچىسەن، سەن ئۆز مەسئۇلىيىتىڭنى جايىدا ئورۇنداپ كېلىۋاتىسەن. كاپىرلارنىڭ بەزىسى سەن ئوقۇۋاتقان قۇرئان ئايەتلىرىگە قۇلاق سالسىمۇ، ھەرگىز ئۇنى چۈشىنىش ۋە ھەقىقەتنى ئىزدەش نىيىتى بىلەن قۇلاق سالمايدۇ، ئۇلارنىڭ قۇلىقى سەندە بولسىمۇ، كۆڭلى باشقا يەرلەردە بولىدۇ، شۇڭا ئۇلار ئاڭلىغانلىرىدىن ھېچ نەرسىنى چۈشەنمەيدۇ، نەتىجىدە «قۇرئان كەرىم»نىڭ نۇرى ئۇلارنىڭ دىلىغا كىرمەيدۇ، چۈنكى، ئۇلارنىڭ دىللىرى قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن پېچەتلەنگەن. ﴿مَا يَأۡتِيهِم مِّن ذِكۡرٖ مِّن رَّبِّهِم مُّحۡدَثٍ إِلَّا ٱسۡتَمَعُوهُ وَهُمۡ يَلۡعَبُونَ ۝٢ لَاهِيَةٗ قُلُوبُهُمۡۗ﴾ يەنى ﴿ئۇلارغا رەببى تەرىپىدىن يېڭى ۋەز- نەسىھەت يەتكۈزۈلسىلا، ئۇلار ئۇنىڭغا دىللىرى ئويۇن-تاماشاغا بېرىلگەن ۋە ئۇنى مەسخىرە قىلغان ھالدا قۇلاق سېلىشىدۇ﴾[2]. ئاڭلىغۇچىسىغا نەپ ئېلىپ كېلىدىغان قۇلاق سېلىش دېگەن: كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاش، ئاڭلىغانلىرىنى ئەقلى بىلەن تەپەككۇر قىلىش، ئۇنىڭ تەقەززاسى بويىچە ئەمەل قىلىشتۇر، ئەگەر ئۇنداق بولمىغاندا، ئادەم ھېچ نېمىنى ئاڭلىمايدىغان گاسقا ئوخشاپ قالىدۇ. ھەقىقەتنىڭ ساداسىغا قۇلاق سالمىغانلار مەنىۋى جەھەتتىن گاسلاردۇر. ئى پەيغەمبەر! ساڭا گاسلارغا سۆز ئاڭلىتىش قۇدرىتى بېرىلگىنى يوق. شۇڭا سەن ئۇلارغا سۆزۈڭنى ئاڭلىتالمايسەن.

ئۇلارنىڭ بەزىسى ساڭا قاراپ قويىدۇ، خۇسۇسەن، سەن قۇرئان ئوقۇۋاتقان ۋاقتىڭدا، ئۇلار خۇددى ساڭا يۈزلەنگەندەك قىلىدۇ ۋە ساڭا قارايدۇ، ئەمما ئۇلار سېنىڭ ئوقۇپ بېرىۋاتقانلىرىڭغا كۆڭۈل بۆلمەيدۇ، دىققەت-ئېتىبارىنى بەرمەيدۇ. شۇڭا ئۇلار «قۇرئان كەرىم»نىڭ نۇرىدىن مەھرۇمدۇر. چۈنكى، ئۇلار ساپ قەلب، ياخشى نىيەت بىلەن قۇلاق سالمايدۇ. بۇ سەۋەبتىن ئۇلار ھەقىقەتنى بىلمەيدۇ، كۆرەلمەيدۇ، توغرا يولنى تاپالمايدۇ. ھەقىقي كورلار ئەنە شۇنداقلاردۇر.

﴿ئۇلارنىڭ ئىچىدە ساڭا قارايدىغانلار بار، (ئۇلار كورلاردۇر) كورلار ) ھەقىقەتنى) كۆرەلمىسىمۇ سەن ئۇلارغا يول كۆرسىتەلەمسەن؟﴾. ئايەتنىڭ مەنىسى شۇكى، سەن ئۇلارنى ھىدايەت قىلالمايسەن. چۈنكى، ئاڭلاش

[1] ھۇد سۈرىسى: 35-ئايەت.

[2] ئەنبىيا سۈرىسى: 2-3-ئايەتلەر.

سېزىمنى يوقاتقان كىشى ئاڭلىيالمايدۇ، كۆرۈش سېزىمنى يوقاتقان كىشى ھېچ نەرسىنى كۆرەلمەيدۇ، شۇنىڭدەك ھىدايەتنى ۋە ھەقىقەتنى چۈشىنىشكە مايىللىقى بولمىغان، ئۇنى قوبۇل قىلىش تەرەپدارى بولمىغان كىشىنىڭ ھىدايەت تېپىشى ۋەياكى باشقىلارنى توغرا يولغا يېتەكلىشى مۇمكىن ئەمەس.

شۇ ئېنىقكى، ئاللاھ تائالا ئىنسانلارغا ھەرگىز زۇلۇم قىلمايدۇ. ئەمما ئىنسانلار ھەمىشە ئۆزىگە ئۆزى زۇلۇم قىلىدۇ.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. «قۇرئان كەرىم» نىڭ راستتىنلا ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى ئىكەنلىكىنىڭ دەلىللىرىدىن بىرى، ئۇنىڭ ئىلگىرىكى ساماۋى كىتابلارنى ئېتىراپ قىلىدىغانلىقى ۋە ئۇ كىتابلاردىكى بۇرمىلىنىش ۋە ئۆزگەرتىشلەرنى پاش قىلغانلىقىدۇر.

2. «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى ئىكەنلىكىنىڭ يەنە بىر دەلىلى ئۇنىڭ پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە مۇنازىرە ئېلان قىلغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ ئۇنىڭ ئوخشىشىنى كەلتۈرۈشتىن ئاجىز كەلگەنلىكىدۇر.

4. «قۇرئان كەرىم»دە بىرىلگەن بەزى بېشارەتلەرنىڭ ۋە خەۋەرلەرنىڭ زاماننىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ ئارقا-ئارقىدىن ئوتتۇرىغا چىقىشىمۇ، ئۇنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى ئىكەنلىكىگە دەلىلدۇر.

5. ھەقىقىي كورلار كۆزى كۆرمەيدىغانلار ئەمەس، بەلكى قەلب كۆزى كور بولغانلاردۇر.

6. ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا مۇشرىكلار بىلەن قانداق مۇنازىرىلىشىش ۋە ئۇلارنى قانداق قايىل قىلىش ھەققىدە تەلىم بەرگەن.

7. ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە ئۇۋۋال قىلمايدۇ، ئەمما ئىنسانلار بىر-بىرىگە زۇلۇم قىلىدۇ ۋە ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلىپ ئۆزىگە ئۆزى ئۇۋۋال قىلىدۇ.

## ◄ دۇنيا ھاياتىنىڭ ئاخىرلىششى

﴿وَيَوْمَ يَحْشُرُهُمْ كَأَن لَّمْ يَلْبَثُوٓاْ إِلَّا سَاعَةً مِّنَ ٱلنَّهَارِ يَتَعَارَفُونَ بَيْنَهُمْ ۚ قَدْ خَسِرَ ٱلَّذِينَ كَذَّبُواْ بِلِقَآءِ ٱللَّهِ وَمَا كَانُواْ مُهْتَدِينَ ﴿٤٥﴾﴾

### تەرجىمىسى

**45ـ ئاللاھ ئۇلارنى (مەھشەرگاھقا) يىغىدىغان كۈندە، (ئۇلارغا دۇنيادا تۇرغان مۇددەتتى) كۈندۈزنىڭ ئاز قىسمىدىلا ياشاپ ئۆتكەندەك بىلىندۇ. ئۇلار ئۆزئارا تونۇشىدۇ، ئۆزىنىڭ ئاللاھنىڭ ئالدىغا بارىدىغانلىقىنى ئىنكار قىلغان ۋە توغرا يولغا ئەگەشمىگەنلەر چوقۇم زىيان تارتىدۇ.**

### تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! رەببىڭ قىيامەت كۈنىدە زالىملارنى بىر يەرگە يىغىدۇ، ئۇلار قەبرىلىرىدىن چىققاندىن كېيىن، پەرىشتىلەر ئۇلارنى توپلاپ، ھېساب مەيدانىغا ھەيدەپ ئاپىرىدۇ. ھېساب مەيدانىدا ساقلاشنىڭ ئۇزۇنلۇقى ۋە غەم-ئەندىشىنىڭ كۆپلۈكىدىن ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ دۇنيادا ياشىغان ۋاقتى ئىنتايىن ئاز تۇيۇلغانلىقتىن، گويا دۇنيادا بىر-بىرى بىلەن تونۇشۇشقا يەتكۈچىلىك ۋاقىت ياشىغاندەكلا بىلىنىپ كېتىدۇ.

دۇنيادىكى ھاياتنى ئويۇن-تاماشا، بۇزۇقچىلىق ۋە بىھۇدە ئىشلار بىلەن زايە قىلىۋەتكەن، ئاخىرەتتىكى مەڭگۈلۈك ھايات ئۈچۈن ئۆزلىرىگە پايدىلىق ئىشلارنى قىلىشقا ئەھمىيەت بەرمىگەن ئاشۇ بەختسىزلەرنىڭ ھالىغا ۋاي! ئۇلار قىيامەت كۈنى ئۆزلىرى بۇ دۇنيادا ئاگاھلاندۇرۇلغان ئازابنى كۆرگەن ۋاقىتتا، دۇنيا ھاياتىنى ئەسلەيدۇ، ئۇلارغا دۇنيا ھاياتىنىڭ ئاخىرەتكە قارىغاندا ئىنتايىن قىسقا ئىكەنلىكى بىلىنىدۇ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ دۇنيادا پەقەت دوستلار بىلەن تونۇشۇشقا يەتكۈچىلىك ۋاقىتلا تۇرغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. ھەقىقىي زىيان تارتقۇچىلار ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىغا بېرىشنى ۋە ئۇلگەندىن كېيىنكى تىرىلىشنى ئىنكار قىلغۇچىلاردۇر. چۈنكى، بۇنىڭدىن ئارتۇق زىيان يوقتۇر. مۇنداقلار دۇنيادىكى ۋاقىتتا ئۆزلىرىگە پايدىسى بولىدىغان ياخشى ئەمەللەرنى قىلمىغان، توغرا يولغا ئەگەشمىگەن ئىدى. شۇڭا ئۇلار زىيان تارتقۇچىلاردىن بولۇپ كەتكەن. جانابى ئاللاھ تائالا بىزلەرنى ياخشىلىققا مۇۋەپپەق قىلغاي، توغرا يولغا يېتەكلىگەي، ئامىن.

### مۇھىم نۇقتىلىرى

1. قىيامەتنىڭ بولىدىغانلىقى ۋە ئاخىرەت ھاياتى مۇنازىرە قوبۇل قىلمايدىغان ھەقىقەتتۇر.

2. قىيامەت كۈنىنى ئىنكار قىلغۇچىلار چوقۇم زىيان تارتقۇچىلاردۇر.

## ◄ مۇشرىكلارنىڭ ئازابقا ئالدىرىشى

﴿وَإِمَّا نُرِيَنَّكَ بَعۡضَ ٱلَّذِي نَعِدُهُمۡ أَوۡ نَتَوَفَّيَنَّكَ فَإِلَيۡنَا مَرۡجِعُهُمۡ ثُمَّ
ٱللَّهُ شَهِيدٌ عَلَىٰ مَا يَفۡعَلُونَ ٤٦ وَلِكُلِّ أُمَّةٖ رَّسُولٞۖ فَإِذَا جَآءَ رَسُولُهُمۡ
قُضِيَ بَيۡنَهُم بِٱلۡقِسۡطِ وَهُمۡ لَا يُظۡلَمُونَ ٤٧ وَيَقُولُونَ مَتَىٰ هَٰذَا ٱلۡوَعۡدُ
إِن كُنتُمۡ صَٰدِقِينَ ٤٨ قُل لَّآ أَمۡلِكُ لِنَفۡسِي ضَرّٗا وَلَا نَفۡعًا إِلَّا مَا
شَآءَ ٱللَّهُۗ لِكُلِّ أُمَّةٍ أَجَلٌۚ إِذَا جَآءَ أَجَلُهُمۡ فَلَا يَسۡتَـٔۡخِرُونَ سَاعَةٗ وَلَا
يَسۡتَقۡدِمُونَ ٤٩ قُلۡ أَرَءَيۡتُمۡ إِنۡ أَتَىٰكُمۡ عَذَابُهُۥ بَيَٰتًا أَوۡ نَهَارٗا مَّاذَا
يَسۡتَعۡجِلُ مِنۡهُ ٱلۡمُجۡرِمُونَ ٥٠ أَثُمَّ إِذَا مَا وَقَعَ ءَامَنتُم بِهِۦٓۚ ءَآلۡـَٰٔنَ
وَقَدۡ كُنتُم بِهِۦ تَسۡتَعۡجِلُونَ ٥١ ثُمَّ قِيلَ لِلَّذِينَ ظَلَمُواْ ذُوقُواْ عَذَابَ
ٱلۡخُلۡدِ هَلۡ تُجۡزَوۡنَ إِلَّا بِمَا كُنتُمۡ تَكۡسِبُونَ ٥٢ ۞ وَيَسۡتَنۢبِـُٔونَكَ
أَحَقٌّ هُوَۖ قُلۡ إِي وَرَبِّيٓ إِنَّهُۥ لَحَقّٞۖ وَمَآ أَنتُم بِمُعۡجِزِينَ ٥٣ وَلَوۡ أَنَّ لِكُلِّ
نَفۡسٖ ظَلَمَتۡ مَا فِي ٱلۡأَرۡضِ لَٱفۡتَدَتۡ بِهِۦۗ وَأَسَرُّواْ ٱلنَّدَامَةَ لَمَّا رَأَوُاْ
ٱلۡعَذَابَۖ وَقُضِيَ بَيۡنَهُم بِٱلۡقِسۡطِ وَهُمۡ لَا يُظۡلَمُونَ ٥٤ أَلَآ إِنَّ لِلَّهِ مَا
فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِۗ أَلَآ إِنَّ وَعۡدَ ٱللَّهِ حَقّٞ وَلَٰكِنَّ أَكۡثَرَهُمۡ لَا
يَعۡلَمُونَ ٥٥ هُوَ يُحۡيِۦ وَيُمِيتُ وَإِلَيۡهِ تُرۡجَعُونَ ٥٦﴾

### ◄ تەرجىمىسى

46ـ بىز ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرغان ئازابنىڭ بىر قىسمىنى (ئۇلارنى ئازابلاش بىلەن) ساڭا كۆرسەتسەكمۇ ياكى ئۇنىڭدىن ئىلگىرى سېنى ۋاپات قىلدۇرساقمۇ، ئۇلارنىڭ بارارجايى بىزنىڭ دەرگاھىمىزدۇر، ئاندىن ئاللاھ ئۇلارنىڭ قىلمىشـلىرىغا گۇۋاھتۇر.

47ـ (ئۆتكەن) ھەربىر ئۈممەتكە پەيغەمبەر ئەۋەتىلگەن. (قىيامەت كۈنى) ئۇلارنىڭ پەيغەمبىرى كەلگەندە، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم چىقىرىلىدۇ، ئۇلارغا زۇلۇم قىلىنمايدۇ.

48ـ (ئى پەيغەمبەر! مۇشرىكلار) «بۇ ۋەدە قاچان ئىشقا ئاشىدۇ؟ ئەگەر سىلەر

راستچىل بولساڭلار (جاۋاب بېرىڭلارچۇ)» دەيدۇ.

49ـ ئېيتقىنكى: «ئاللاھ خالىماي تۇرۇپ، مەن ئۆزۈمنىڭ پايدا ـ زىيىنىغىمۇ ئىگە بولالمايمەن. ھەربىر ئۇممەتنىڭ بىر ئەجىلى بولىدۇ، شۇ ئەجەل يېتىپ كەلگەندە، ئۇلار بىردەممۇ كېچىكتۈرەلمەيدۇ، بىردەممۇ ئىلگىرى سۈرەلمەيدۇ».

50ـ ئېيتقىنكى: «دەپ بېقىڭلارچۇ! ئەگەر ئاللاھنىڭ ئازابى سىلەرگە كېچىسى ياكى كۈندۈزى كەلسە (نېمە قىلارسىلەر؟) گۇناھكارلار (ئۇ ئازابنىڭ) قايسى بىرىگە ئالدىرايدۇ؟

51ـ ئازاب كەلگەندىن كېيىن ئاندىن ئۇنىڭغا ئىشەندىڭلارمۇ؟ ئەمدىمۇ؟ (يەنى ئەمدى ئەقلىڭلارنى تاپتىڭلارمۇ؟ ھالبۇكى ئىلگىرى سىلەر مەسخىرە قىلىپ) ئازابنىڭ تېزرەك چۈشۈشىنى تەلەپ قىلاتتىڭلارغۇ!».

52ـ ئاندىن كېيىن ئۇ (ئۆزىگە) زۇلۇم قىلغانلارغا: «سىلەر مەڭگۈلۈك ئازابنى تېتىڭلار، سىلەرگە پەقەت قىلمىشىڭلارنىڭلا جازاسى بېرىلىدۇ» دېيىلىدۇ.

53ـ ئۇلار سەندىن: «ئۇ (جازانىڭ بېرىلىدىغانلىقى) راستمۇ؟» دەپ سورايدۇ، سەن: «ھەئە، رەببىمنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇ ئەلۋەتتە راستتۇر، سىلەر (ئۇنىڭدىن) قېچىپ قۇتۇلالمايسىلەر» دېگىن.

54ـ شەكسىزكى، (كۇفرىدا چىڭ تۇرۇش ئارقىلىق ئۆزىگە) زۇلۇم قىلغان ھەربىر ئادەم ئەگەر يەر يۈزىدىكى ھەممە نەرسىگە ئىگە بولىدىغان بولسا، (ئازابتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن) ئەلۋەتتە ئۇنىڭ ھەممىسىنى فىدىيە قىلىپ بېرىۋېتەتتى، ئۇلار ئازابنى كۆرگەن چاغدا ھەسرەت ـ نادامەتلىرىنى يوشۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئادالەت بىلەن ھۆكۈم چىقىرىلىدۇ، ئۇلارغا زۇلۇم قىلىنمايدۇ.

55ـ بىلىڭلاركى، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە نەرسە ئەلۋەتتە ئاللاھنىڭدۇر. شۇنىمۇ بىلىڭلاركى، ئاللاھنىڭ (كاپىرلارنى جازالاش ھەققىدىكى) ۋەدىسى ھەقىقەتەن راستتۇر، لېكىن ئۇلارنىڭ تولىسى (بۇنى) بىلمەيدۇ.

56ـ ئاللاھ تىرىلدۈرىدۇ ۋە ئۆلتۈرىدۇ، سىلەر ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر.

### ◄ تەپسىرى

مۇشرىكلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزلىرىنى باشلىرىغا

كېلىدىغان ئازابتىن ئاگاھلاندۇرۇشلىرىنى مەسخىرە قىلاتتى. ئۇلارغا ئەگەر كۇفرىدا چىڭ تۇرۇۋەرسە، ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىغا ئۇچرايدىغانلىقىنى ئېيتقاندا، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مەسخىرە قىلىپ، ئاگاھلاندۇرۇلغان شۇ ئازابنىڭ تېزرەك كېلىشىنى تەلەپ قىلاتتى. چۈنكى، ئۇلار مۇنداق بىر ئازابنىڭ كېلىشىگە قەتئىي ئىشەنمەيتتى. شۇنىڭدەك، ئۇلار «ئەگەر مۇھەممەد ئۆلسە ئۇنىڭ دەۋىتىمۇ ئۆلىدۇ» دەپ گۇمان قىلغانلىقتىن ئۇنىڭ ئۆلۈمىنى تىلەيتتى.

ئاللاھ تائالا كاپىرلارنىڭ بۇ خام خىيالىغا رەددىيە بەرگەن ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىرادىسىنى كۈچەيتكەن ھالدا دەيدۇكى، ئى پەيغەمبەر! بىز ئۇ كاپىرلارنى ئاگاھلاندۇرغان ئازابنىڭ بەزىسىنى سەن ھايات ۋاقتىڭدا ساڭا كۆرسىتىمىز ياكى سېنى ۋاپات قىلدۇرغىنىمىزدىن كېيىن، ئۇ ئازابنى ئۇلارغا تېتىتىمىز. ئۇلارنى بەربىر جازالايمىز. ئۇلار چوقۇم بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتۇرۇلىدۇ. دېمەك، ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ بارلىق قىلمىشلىرىغا گۇۋاھتۇر. قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ ھەممە قىلمىشىنى بىر-بىرلەپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا قويىدۇ، ئۇلار ئۆز قىلمىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئىقرار قىلىشتىن باش تارتالمايدۇ.

دەرۋەقە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەدرى ۋە ھۇنەيىن غازاتلىرى بولغان كۈنلەردە ۋە باشقا ئورۇنلاردا ئاللاھ تائالا كاپىرلارنى ئاگاھلاندۇرغان ئازابنىڭ بىر قىسمىنىڭ چۈشكەنلىكىنى كۆرگەن ئىدى. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، كاپىرلار ئاگاھلاندۇرۇلغان ئازاب-ئوقۇبەتلەر ئۇلارنىڭ بېشىغا دۇنيا-ئاخىرەتتە چوقۇم كېلىدۇ.

ئى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتى! سىلەر باشقا ئۈممەتلەرنىڭ ئارىسىدىكى تۇنجى ئۈممەت ئەمەس، بەلكى بۇ يەردە ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ئومۇمىي قانۇنىيەت بار. ئۇ بولسىمۇ، ھەربىر ئۈممەتكە ئۇلارنى دۇنيا-ئاخىرەتلىك ياخشىلىققا باشلايدىغان پەيغەمبەرلەرنىڭ كەلگەنلىكىدۇر. ھەربىر ئۈممەتنىڭ پەيغەمبىرى قىيامەت كۈنىدە ھېساب مەيدانىدا ھازىر بولۇپ، ئۆز ئۈممىتىگە گۇۋاھلىق بېرىدۇ، ئۈممىتىنىڭ دۇنيادا ئۇلارنى يالغانغا چىقارغانلىقىنى ۋە ئۇلار دەۋەت قىلغان دىنىنى ئىنكار قىلغانلىقىنى ئوچۇق - ئاشكارا بايان قىلىدۇ. بۇ چاغدا ئۇ ئۈممەتلەر ئۆزلىرىنىڭ قىلمىشلىرىنى ئىنكار قىلالمايدۇ، بەلكى ھەممىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، بۇ ئۈممەتلەرنىڭ بارچە قىلمىشى ئۆزلىرىنىڭ زىيىنىغا دەلىل-ئىسپات بولۇپ ئۆزلىرىنىڭ ئالدىغا قويۇلىدۇ. ئاندىن ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئادالەت بىلەن ھۆكۈم

چىقىرىدۇ، گۇناھكارلار قىلمىشلىرىنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ. ئەمما ئۇلارغا قىلچە ئۇۋال قىلىنمايدۇ. چۈنكى، ئۇ كۈندە ئادالەت ھەقىقىي مەنىسى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

كاپىرلار ئۆزلىرى ئاگاھلاندۇرۇلغان ئازابقا ئىشەنمىگەنلىكتىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مەسخىرە قىلىپ، بىز ئاگاھلاندۇرۇلغان ئىش قاچان ۋە قانداق ئەمەلگە ئاشىدۇ؟ دەيدۇ. ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئەگەر سىلەر ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىسىگە چىن ئىشەنسەڭلار، شۇنى بىلىڭلاركى، ئاللاھ تائالا بۇنىڭ جاۋابىنى پەيغەمبىرىڭلارغا بىلدۈرۈپ، ئۇنى ئۇ كاپىرلارغا مۇنداق دېيىشكە بۇيرۇيدۇ: مەنمۇ سىلەرگە ئوخشاشلا ئىنسانمەن، ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھ تائالانىڭ سىلەرگە ئەۋەتكەن ئەلچىسىمەن. مەن ئۆزۈمنىڭ پايدا-زىيىنىغا ئىگە بولالمايدىغان تۇرسام، قانداقمۇ باشقىلارغا ئىگە بولاي؟ كېلەچەكتە نېمە بولىدۇ، ئۇنى مەن نەدىن بىلەي؟

﴿قُل لَّآ أَمۡلِكُ لِنَفۡسِي نَفۡعٗا وَلَا ضَرًّا إِلَّا مَا شَآءَ ٱللَّهُۚ وَلَوۡ كُنتُ أَعۡلَمُ ٱلۡغَيۡبَ لَٱسۡتَكۡثَرۡتُ مِنَ ٱلۡخَيۡرِ وَمَا مَسَّنِيَ ٱلسُّوٓءُۚ إِنۡ أَنَا۠ إِلَّا نَذِيرٞ وَبَشِيرٞ لِّقَوۡمٖ يُؤۡمِنُونَ﴾

يەنى ﴿(ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «ئاللاھنىڭ خالىغىنىدىن باشقا، ئۆزۈمگە پايدا يەتكۈزۈش، ئۆزۈمنى زىياندىن قوغداپ قىلىش مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەيدۇ. ئەگەر مەن غەيبنى بىلىدىغان بولسام، ئۆزۈمگە نۇرغۇن ياخشىلىقلارنى ئېلىپ كەلگەن، زىيان-زەخمەتكىمۇ ئۇچرىمىغان بولاتتىم. مەن پەقەت ئىمان ئېيتىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئاگاھلاندۇرغۇچى ۋە خۇش خەۋەر بەرگۈچى (قىلىپ ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرمەن)»﴾[1].

لېكىن ئاللاھ تائالا ئىرادە قىلغان ئىش چوقۇم بولىدۇ، ئۇ خالىمىغان ئىش بولمايدۇ. ئاللاھ تائالا ھەربىر مىللەتنىڭ دۇنيادا ياشىشى ۋە زاۋاللىققا يۈزلىنىشى ئۈچۈن مەلۇم بىر ئەجەل (مۇددەت) بېكىتكەن بولۇپ، ئۇنى ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئەجىلى يېتىپ كەلگەندە ئۇلارنىڭ ئىشى ئاخىرلىشىدۇ. بۇ ئەجەل بەلگىلەنگەن ۋاقىتتىن ھەرگىز ئىلگىرى ياكى كېيىن بولمايدۇ، ئۇلارنىڭ پەيغەمبەرلىرىمۇ ئۇ ئەجەلنى ئىلگىرى سۈرۈش ياكى كېچىكتۈرۈشكە ئىگە بولالمايدۇ. بۇ ئاللاھ تائالا ئالدىنئالا ئورۇنلاشتۇرۇۋەتكەن ئومۇمىي قانۇنىيەتتۇر.

بۇنىڭدىن شۇنى بىلىۋالايمىزكى، مۆئمىن ئادەم ئاللاھ تائالا كائىناتتا

---

[1] ئەئراف سۈرىسى: 188-ئايەت.

بېكىتىۋەتكەن قانۇنىيەتلەرنى ھېچكىمنىڭ ئۆزگەرتەلمەيدىغانلىقىنى، ھەتتا پەيغەمبەرنىڭمۇ قولىدىن كەلمەيدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ. شۇنىڭدەك، ئاللاھ تائالا بۇ قانۇنىيەتلەرنى بىرەر كىشىنىڭ يۈزىسىدىن ئۆزگەرتمەيدۇ. بۇ خۇددى ﴿وَأَن لَّيْسَ لِلْإِنسَانِ إِلَّا مَا سَعَىٰ﴾ يەنى ﴿ئىنسان پەقەت ئۆزىنىڭ ئىشلىگەن ئىشىنىڭلا نەتىجىسىنى كۆرىدۇ﴾[1] دېگەن ئومۇمىي قانۇنىيەتكە ئوخشايدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا غەلىبىنى ۋەدە قىلغان بولسىمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاشۇ غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن سەۋەب قىلىپ جىھاد قىلغان ۋە قولىدىن كەلگەنچە ئىشلىگەن. چۈنكى، نەتىجە قازىنىش ئۈچۈن ئىشلەش شەرتتۇر. ئاللاھ تائالا ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا: ﴿ئاللاھ خالىماي تۇرۇپ، مەن ئۆزۈمنىڭ پايدا ـ زىيىنىغىمۇ ئىگە بولالمايمەن﴾ دېيىشنى ئۆگەتكەن.

كاپىرلارنىڭ ئۆزلىرى ئاگاھلاندۇرۇلغان ئازابنىڭ تېزرەك كېلىشىنى تەلەپ قىلىپ ئالدىراپ كەتكەنلىكىگە قايتا رەددىيە بېرىپ، ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۇلارغا مۇنداق دېيىشكە بۇيرۇغان: ﴿دەپ بېقىڭلارچۇ! ئەگەر ئاللاھنىڭ ئازابى سىلەرگە كېچىسى ياكى كۈندۈزى كەلسە (نېمە قىلارسىلەر؟) گۇناھكارلار (ئۇ ئازابنىڭ) قايسى بىرىگە ئالدىرايدۇ؟﴾ يەنى ئاللاھ تائالانىڭ سىلەردەك ئاسىي-گۇناھكارلارنى ئاگاھلاندۇرغان ئازابى سىلەر كېچىدە غەپلەت ئۇيقۇسىدا ئۇخلاۋاتقاندا ياكى كۈندۈزدە دۇنيا تىرىكچىلىكى بىلەن بەند بولۇپ تۇرغان ۋاقىتلاردا كەلسە، سىلەر قانداق قىلارسىلەر؟ سىلەر ئۆزۈڭلارغا كېلىدىغان ئازابلارنىڭ قايسىسىغا ئالدىراۋاتىسىلەر؟ دۇنيادىكى ئازابقىمۇ ياكى ئاخىرەتتىكى ئازابقىمۇ؟ ئېنىقكى، ئۇنىڭغا ياكى بۇنىڭغا ئالدىراش ئوخشاشلا نادانلىق ۋە ھاماقەتلىكتۇر. چۈنكى، بۇ ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقى كەسكىن بولغان بىر ئىشقا ئالدىرىغانلىقتۇر.

سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى گۇناھكارلار ئازابقا ئالدىراۋاتامدۇ؟ شۇنى بىلىپ قويۇڭلاركى، ئازاب چۈشكەندە سىلەرنىڭ ئىمان ئېيتقىنىڭلارنىڭ ھېچنېمىگە پايدىسى بولمايدۇ، چۈنكى، سىلەر بۇنىڭدىن بۇرۇن ئىمان ئېيتمىغان. ئازابنى كۆرمەي تۇرۇپ ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتىش بىلەن ئازابنى كۆرگەندىن كېيىن ئىمان ئېيتىشنىڭ ئارىسىدا ئاسمان-زېمىن پەرق بار. كېيىنكىسى ھەرگىز قوبۇل قىلىنمايدۇ.

[1] نەجم سۈرىسى: 39-ئايەت.

ئۇ چاغدا ئەلۋەتتە ئۇلارغا كايىپ: ھازىر مەجبۇر بولغاندا ئىمان ئېيتىتىڭلارمۇ؟ ھەقىقەتەن سىلەر پەيغەمبەرنى ئىنكار قىلىپ، ئۇنى مەسخىرە قىلىپ، ئۇ ۋەدە قىلغان ئازابنىڭ تېزرەك كېلىشىنى تەلەپ قىلغان ئەمەسمىدىڭلار؟ دېيىلىدۇ. ئاندىن كۇفرىلىق ۋە ئاسىيلىقتا چەك تونۇرغان بۇ زالىملارغا: سىلەرگە ۋە سىلەرگە ئوخشاش كاپىرلارغا تەييارلانغان مەڭگۈلۈك ئازابنى تېتىڭلار، بۇ پەقەت سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلارنىڭ جازاسىدۇر، دېيىلىدۇ.

ئى پەيغەمبەر! ئۇلار سەندىن قىيامەت، ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش ۋە كاپىرلارغا تەييارلانغان ئازاب توغرىسىدا سورايدۇ، ھەتتا ئۇلار سەندىن «بىز ئاگاھلاندۇرۇلغان ئازاب راستمۇ؟» دېيىشىدۇ. گويا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىنكارىدىنمۇ گۇمانلىنىدۇ، شەكلىنىدۇ. يەنى ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دېگەنلىرىنى ئىنكار قىلغىنى بىلەن بۇ ئىنكارنىڭ توغرا ياكى خاتالىقىدىن گۇمانلىنىدۇ. شۇڭا بىر تەرەپتىن قورقىدۇ. چۈنكى، ﴿وَمَا يَتَّبِعُ أَكۡثَرُهُمۡ إِلَّا ظَنًّاۚ﴾ يەنى ﴿ئۇلارنىڭ تولىسى گۇمانغىلا ئەگىشىدۇ﴾[1]. ئۇلارغا ئېيتقىنكى، ئۇ ئىشلار سىلەر تەلەپ قىلغاندەك چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدۇ. ﴿إِنَّ عَذَابَ رَبِّكَ لَوَٰقِعٞ ۝٧ مَّا لَهُۥ مِن دَافِعٖ﴾ يەنى ﴿شەكسىزكى، رەببىڭنىڭ ئازابى چوقۇم چۈشكۈچىدۇر، ئۇنى ھېچكىم توسۇپ قالالمايدۇ﴾[2]. سىلەر ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايسىلەر. سىلەر زادى نەگىمۇ قېچىپ كېتەلەيسىلەر؟ ئاسمان ۋە زېمىننىڭ قايسى يېرىدىن چىقىپ كېتەلەيسىلەر؟ سىلەر دۇنيادا تېز كېلىشىنى تەلەپ قىلغان ۋە ئاخىرەتتە سىلەر ئۈچۈن تەييارلانغان بۇ ئازابنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى ئاللاھ تائالا ئوبدان بىلىدۇ. ﴿شەكسىزكى، (كۇفرىدا چەك تونۇش ئارقىلىق ئۆزىگە) زۇلۇم قىلغان ھەربىر ئادەم ئەگەر يەر يۈزىدىكى ھەممە نەرسىگە ئىگە بولىدىغان بولسا، (ئازابتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن) ئەلۋەتتە ئۇنىڭ ھەممىسىنى فىدىيە قىلىپ بېرىۋېتەتتى، ئۇلار ئازابنى كۆرگەن چاغدا ھەسرەت-نادامەتلىرىنى يوشۇرىدۇ﴾ يەنى ئۇلار ئۆزلىرى ئۈچۈن تەييارلانغان ئازابنى كۆرگەن ۋاقىتدا ئۆزىنى بۇ ئازابتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، ئەگەر قولىدىن كەلسە، يەر يۈزىدىكى ھەممە نەرسىنى فىدىيە قىلىپ بېرىۋەتكۈسى كېلىدۇ، ئۇلار بەرگەن تەقدىردىمۇ بۇنىڭ ھېچ نەرسىگە پايدىسى بولمايدۇ، ھەم بۇنداق بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس.

---

[1] يۇنۇس سۈرىسى: 36-ئايەت.

[2] تۇر سۈرىسى: 7-، 8-ئايەت.

چۈنكى، ئۇ يەر يۈزىنىڭ بايلىقىغا ئىگە ئەمەستە!

ئۇلار ئازابنى كۆرگەن چېغىدا، پۇشايمانىنىڭ پايدىسى يوقلۇقىنى بىلىپ تۇرۇپ، يەنە قاتتىق ھەسرەت ـ نادامەت چەككىلى تۇرىدۇ. ئەمما ئۇلار ھەسرەت ـ نادامەتلىرىنى يوشۇرىدۇ، بەزىدە چىدىماستىن ئۇنلۇك ئاۋازدا: ﴿يَٰحَسۡرَتَىٰ عَلَىٰ مَا فَرَّطتُ فِي جَنۢبِ ٱللَّهِ﴾ يەنى ﴿ئاللاھنىڭ ھەققىدە كەتكۈزۈپ قويغانلىرىمغا ۋاي ئىسىت!﴾[1] دەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئادالەت بىلەن ھۆكۈم قىلىنىدۇ، ئۇلارغا قىلچە ئۇۋال قىلىنمايدۇ. چۈنكى، ھەركىمگە ئۆزىنىڭ قىلمىشىنىڭ جازاسى بېرىلىدۇ. ئاللاھ تائالا ئەلۋەتتە بۇنىڭغا قادىردۇر. چۈنكى، بۇنى ئاللاھ تائالا ئۆزى ۋەدە قىلدى، ئۇنىڭ ۋەدىسى ھەقتۇر، سۆزى راستتۇر. كائىنات ئاللاھ تائالانىڭ باشقۇرۇشى ئاستىدىدۇر. ئەھۋال شۇنداق تۇرسىمۇ، ئىنسانلارنىڭ تولىسى بۇ ھەقىقەتلەردىن غاپىل ھالدا ياشايدۇ، ئاللاھ تائالانى تونۇمايدۇ، ئۇنىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى بىلمەيدۇ.

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1 ئاللاھ تائالا كاپىرلارنى قاتتىق ئازاب بىلەن جازالايدىغانلىقىنى ۋەدە قىلىش ئارقىلىق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەسەللى بەرگەن ۋە ئۇنى چىدامچانلىققا تەشەببۇس قىلغان.

2. قىيامەت كۈنى بارلىق پەيغەمبەرلەر ئۆز ئۈممەتلىرى بىلەن ھېساب مەيدانىغا ھازىر بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھېساب ـ كىتاب ۋە سوراق ـ سوئال قىلىنىدۇ، ئاندىن مۇئمىنلەر قۇتقۇزۇپ قېلىنىپ، كاپىرلار دوزاخقا ھەيدىلىدۇ.

3. ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم ئۆزىدىن ياكى باشقىلاردىن بىرەر زىياننى كۆتۈرۈۋېتىشكە ياكى بىرەر پايدىنى كەلتۈرۈشكە قادىر ئەمەس.

4. ئەجەل بەلگىلەنگەن ۋاقتىدىن ئىلگىرى ياكى كېيىن بولمايدۇ. ئاللاھ تائالا بەلگىلىگەن ئەجەلنى توسۇۋالغۇچى يوقتۇر.

5. بۇرۇن ئىمان ئېيتمىغان كىشىنىڭ سەكراتقا چۈشكەندە ئېيتقان ئىمانىنىڭ پايدىسى بولمايدۇ. تەۋبىمۇ شۇنداق.

6. راست خەۋەرنى تەكىتلەش ئۈچۈن ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىش دۇرۇستۇر.

[1] زۇمەر سۈرىسى: 56 ـ ئايەت.

7. قىيامەت كۈنىنىڭ ئازابى ئىنسان تەسەۋۋۇر قىلغاندىنمۇ قاتتىق بولۇپ، كاپىرلار بارچە نەرسىسىنى فىدىيە قىلىپ بېرىپ بولسىمۇ ئازابتىن قۇتۇلۇپ قېلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ.

8. ئاللاھ تائالا پۈتۈن كائىناتنىڭ ۋە ئۇنىڭدىكى بارلىق مەۋجۇداتنىڭ ياراتقۇچىسى ھەم پەرۋىش قىلغۇچىسىدۇر.

## ◄ «قۇرئان كەرىم» نىڭ خۇسۇسىيەتلىرىدىن بەزىسى

﴿يَـٰٓأَيُّهَا ٱلنَّاسُ قَدْ جَآءَتْكُم مَّوْعِظَةٌ مِّن رَّبِّكُمْ وَشِفَآءٌ لِّمَا فِى
ٱلصُّدُورِ وَهُدًى وَرَحْمَةٌ لِّلْمُؤْمِنِينَ ﴿٥٧﴾ قُلْ بِفَضْلِ ٱللَّهِ وَبِرَحْمَتِهِۦ
فَبِذَٰلِكَ فَلْيَفْرَحُوا۟ هُوَ خَيْرٌ مِّمَّا يَجْمَعُونَ ﴿٥٨﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

57ـ ئى ئىنسانلار! سىلەرگە رەببىڭلار تەرىپىدىن نەسىھەت، دىللاردىكى (ئىللەت) لەرگە شىپا، مۇئمىنلەرگە ھىدايەت ۋە رەھمەت بولغان (قۇرئان) كەلدى.

58ـ (ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «ئۇلار ئاللاھنىڭ بۇ پەزلى ۋە رەھمىتىدىن خۇشال بولسۇن، (بۇ) ئۇلارنىڭ يىغقان (مال ـ دۇنيا) لىرىدىن ئەلۋەتتە ياخشىدۇر.

### ◄ تەپسىرى

ئى ئىنسانلار! سىلەرگە نىمە بولدى؟ نىمە ئۈچۈن «قۇرئان كەرىم»نىڭ مەنىسىنى چۈشەنمەي، ئۇنىڭدىكى ئىلىم ـ ھېكمەتنى بىلمەي تۇرۇپ ئۇنى ئىنكار قىلىسىلەر؟

ئى ئىنسانلار! «قۇرئان كەرىم»دىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغ كىتاب دىللارنى يۇمشىتىدىغان، كۇفرى، شەك ۋە نىفاق قاتارلىق ئىللەتلەرگە شىپا بولىدىغان، كىشىلەرنى ھەق يولغا ۋە ياخشى ئىشلارغا يېتەكلەيدىغان، ئۇلارنىڭ قەلبىگە مېھىر ـ شەپقەت ۋە كۆيۈمچانلىق ئۇرۇقىنى چاچىدىغان، ئىككىلا ئالەمدە پايدىلىق ۋەز ـ نەسىھەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىلاھىي كىتابتۇر. «قۇرئان كەرىم»دە يەنە قانۇن ـ تۈزۈم، ھالال ـ ھارام ۋە مۇئامىلە پرىنسىپلىرى، قىسسە، ئەدەپ ـ ئەخلاق قاتارلىق كۆپلىگەن مەسىلىلەر بايان قىلىنغان بولۇپ، يۇقىرىقى ئايەت «قۇرئان كەرىم»نىڭ نازىل قىلىنىشىدىكى ئاساسلىق مەقسەتنى تۆۋەندىكى تۆت ئىشقا ئىخچاملىغان:

1. ﴿مَّوْعِظَةٌ مِّن رَّبِّكُمْ﴾ يەنى ﴿رەببىڭلاردىن كەلگەن ۋەز-نەسىھەتتۇر﴾. چۈنكى، «قۇرئان كەرىم» ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە كەلگەن بۈيۈك ئۈگۈت ۋە كاتتا ۋەز-نەسىھەتتۇر. ﴿هَـٰذَا بَيَانٌ لِّلنَّاسِ وَهُدًى وَمَوْعِظَةٌ لِّلْمُتَّقِينَ﴾ يەنى ﴿بۇ (قۇرئان) ئىنسانلارغا باياندۇر، تەقۋادارلارغا توغرا يول كۆرسەتكۈچىدۇر ۋە ۋەز-نەسىھەتتۇر﴾[1].

2. ﴿وَشِفَآءٌ لِّمَا فِى ٱلصُّدُورِ﴾ يەنى ﴿دىللاردىكى (ئىللەت)لەرگە شىپادۇر﴾. چۈنكى، «قۇرئان كەرىم» دىللاردىكى كۇفرى، شەك، نىفاق، ۋىجدانسىزلىق، ئۆچمەنلىك، ھەسەتخورلۇق، دۈشمەنلىك، زۇلۇم، ئادالەتسىزلىك قاتارلىق مەنىۋى ئىللەتلەرنى ساقايتىدىغان ئىلاھىي شىپادۇر.

3.﴿وَهُدًى﴾ يەنى ﴿يېتەكچىدۇر﴾. چۈنكى، «قۇرئان كەرىم» مۆئمىنلەرنى توغرا يولغا يېتەكلەش ئۈچۈن كەلگەن ھىدايەت مەنبەسىدۇر.

4. ﴿وَرَحْمَةٌ لِّلْمُؤْمِنِينَ﴾ يەنى ﴿مۆئمىنلەرگە رەھمەتتۇر﴾. رەھىم-شەپقەت دېگەن قەلبتە بولىدىغان بىر ئېسىل خىسلەت بولۇپ، بۇ يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ۋەز-نەسىھەت، شىپا ۋە ھىدايەتنىڭ نەتىجىسىدۇر. ۋەز-نەسىھەت قەلبكە تەسىر قىلىدىغان تەربىيە ئۇسۇلى بولۇپ، بۇ ئارقىلىق مەنىۋى ئىللەتلەردىن قۇتۇلغىلى بولىدۇ، بۇنىڭدىن ھىدايەت تېپىش ۋە ياخشىلىققا مۇۋەپپەق بولۇش شەكىللىنىدۇ، بۇلاردىن قەلبتە مېھىر-شەپقەت ھاسىل بولىدۇ، بۇ گۈزەل سۈپەت پەقەت مۆئمىنلەردىلا بولىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پۈتۈن ئىنسانىيەتكە رەھىم-شەپقەت قىلىشقا ۋە ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىشقا تەشەببۇس قىلىدىغان ھەدىسلىرى ئىنتايىن كۆپتۇر. رەھىم-شەپقەتنىڭ ھەقىقىي مۆئمىنلەرنىڭ ئاساسلىق سۈپەتلىرى قاتارىدىن سانالغانلىقى مۆئمىنلەر ئۈچۈن كاتتا شان-شەرەپ ۋە پەزىلەتتۇر. ﴿وَتَوَاصَوْاْ بِٱلْمَرْحَمَةِ﴾ يەنى ﴿ئۇلار بىر- بىرىگە مەرھەمەتنى تەۋسىيە قىلىشىدۇ﴾[2]. كۆيۈمچانلىق بىلەن مېھرىبانلىق مۆئمىنلەرنىڭ سۈپىتى بولغىنىدەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ ئېسىل سۈپەتلىرىدىن بىرىدۇر. ﴿لَقَدْ جَآءَكُمْ رَسُولٌ مِّنْ أَنفُسِكُمْ عَزِيزٌ عَلَيْهِ مَا عَنِتُّمْ حَرِيصٌ عَلَيْكُم بِٱلْمُؤْمِنِينَ رَءُوفٌ رَّحِيمٌ﴾ يەنى ﴿(ئى ئىنسانلار!) ھەقىقەتەن سىلەرگە ئۆزۈڭلاردىن بولغان بىر پەيغەمبەر كەلدى. سىلەرنىڭ

---

[1] ئال ئىمران سۈرىسى138-ئايەت.

[2] بەلەد سۈرىسى: 17-ئايەت.

كۆلپەت چېكىشىڭلار ئۇنىڭغا ئېغىر تۇيۇلىدۇ؛ ئۇ سىلەرگە (يەنى ھىدايەت تېپىشىڭلارغا) ھېرىستۇر، مۇئمىنلەرگە بەكمۇ شەپقەتلىكتۇر، ناھايىتى كۆيۈمچاندۇر﴾[1].

﴿ئۇلار ئاللاھنىڭ بۇ پەزلى ۋە رەھمىتىدىن خۇشال بولسۇن﴾، يەنى ئىنسانلار ئاللاھ تائالا ئاتا قىلغان ئىسلام دىنىدىن ئىبارەت بۇ كاتتا نېمەتتىن خۇشال بولسۇن، مەمنۇن بولسۇن ۋە ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلسۇن. چۈنكى، ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانلارغا ئىسلام دىنىدىن ئىبارەت ھەق دىنىنى ۋە «قۇرئان كەرىم»دىن ئىبارەت نۇرلۇق كىتابىنى نازىل قىلغانلىقى ئۇلارغا ئاتا قىلغان ئەڭ كاتتا پەزل-كەرەمى ۋە ئەڭ كاتتا رەھمىتىدۇر.

بۇ ئايەتتە ئاللاھ تائالانىڭ پەزل-كەرەمىنى ۋە ئۇنىڭ رەھمىتىنى خۇشاللىقتىن بۇرۇن كەلتۈرۈشتىن مەقسەت ئىنسانلارغا خۇشاللىق ۋە شادلىقنىڭ پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ پەزل-كەرەمى ۋە رەھمىتى سايىسىدىلا بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈندۇر. شەكسىزكى، ئاللاھ تائالانىڭ پەزل-رەھمىتى بولغان ئىسلام بىلەن خۇشال بولۇش دۇنيالىق ئۈچۈن توپلىغان ئەرزىمەس مال-دۇنيادىن ئەلۋەتتە ياخشى ۋە مەنپەئەتلىكتۇر، چۈنكى، بۇ خۇشاللىق ئىككىلا ئالەمدە داۋاملىشىدىغان خۇشاللىقتۇر. ﴿وَٱبْتَغِ فِيمَآ ءَاتَىٰكَ ٱللَّهُ ٱلدَّارَ ٱلْـَٔاخِرَةَ ۖ وَلَا تَنسَ نَصِيبَكَ مِنَ ٱلدُّنْيَا ۖ وَأَحْسِن كَمَآ أَحْسَنَ ٱللَّهُ إِلَيْكَ ۖ وَلَا تَبْغِ ٱلْفَسَادَ فِى ٱلْأَرْضِ ۖ إِنَّ ٱللَّهَ لَا يُحِبُّ ٱلْمُفْسِدِينَ﴾ يەنى ﴿ئاللاھ ساڭا بەرگەن (مال-دۇنيا) بىلەن ئاخىرەت يۇرتىنى ئىزدىگىن، دۇنيادىكى نېسىۋەڭنىمۇ ئۇنتۇمىغىن، ئاللاھ ساڭا ياخشىلىق قىلغاندەك، سەنمۇ (باشقىلارغا) ياخشىلىق قىلغىن، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىقنى ئىستىمىگىن. شەكسىزكى، ئاللاھ بۇزغۇنچىلىق قىلغۇچىلارنى ياخشى كۆرمەيدۇ﴾[2].

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1.«قۇرئان كەرىم» توغرا يولنىڭ يېتەكچىسى، مۇئمىنلەرگە ۋەز-نەسىھەت، ئۇلار ئۈچۈن ماددىي ۋە مەنىۋى شىپادۇر.

2. ئىسلام نېمىتى بۇ دۇنيانىڭ بارلىق مەنپەئەتلىرىدىن ئەلۋەتتە چوڭ

[1] تەۋبە سۈرىسى: 128-ئايەت.

[2] قەسەس سۈرىسى: 77-ئايەت.

ۋە ئەۋزەلدۇر.

## هالال-هارامنى بەلگىلەش ئاللاھنىڭ ھەققىدۇر

﴿قُلْ أَرَءَيْتُم مَّآ أَنزَلَ ٱللَّهُ لَكُم مِّن رِّزْقٍ فَجَعَلْتُم مِّنْهُ حَرَامًا
وَحَلَٰلًا قُلْ ءَآللَّهُ أَذِنَ لَكُمْ ۖ أَمْ عَلَى ٱللَّهِ تَفْتَرُونَ ﴿٥٩﴾ وَمَا ظَنُّ
ٱلَّذِينَ يَفْتَرُونَ عَلَى ٱللَّهِ ٱلْكَذِبَ يَوْمَ ٱلْقِيَٰمَةِ ۗ إِنَّ ٱللَّهَ لَذُو فَضْلٍ
عَلَى ٱلنَّاسِ وَلَٰكِنَّ أَكْثَرَهُمْ لَا يَشْكُرُونَ ﴿٦٠﴾﴾

### تەرجىمىسى

59-ئايەتنىڭ، «دەپ بېقىڭلارچۇ! ئاللاھ سىلەرگە چۈشۈرگەن رىزىقتىن بىر قىسمىنى هارام، (يەنە بىر قىسمىنى بولسا) هالال قىلىۋالدىڭلار». ئېيتقىنكى: «ئاللاھ سىلەرگە (مۇشۇنداق قىلىشقا) رۇخسەت بەرگەنمۇ؟ ياكى سىلەر ئاللاھنىڭ نامىدىن يالغاننى توقۇۋاتامسىلەر؟».

60-ئاللاھنىڭ نامىدىن يالغاننى توقۇيدىغانلار قىيامەت كۈنىنى نېمە چاغلايدۇ؟ شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ئىنسانلارغا ناھايىتى كەرەملىكتۇر، لېكىن ئۇلارنىڭ تولىسى (ئاللاھقا) شۈكۈر قىلمايدۇ.

### تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! كاپىرلارغا ئېيتقىنكى، دەپ بېقىڭلارچۇ! سىلەر ئاللاھ تائالا ئاتا قىلغان رىزىق بىلەن ئوزۇقلىنىش ئارقىلىق هايات كەچۈرۈپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ سىلەرگە ئاتا قىلغان رىزىقلىرىدىن بىر قىسمىنى هارام، يەنە بىر قىسمىنى هالال دەپ بەلگىلىۋالدىڭلار. بۇ هوقۇقنى سىلەرگە كىم بەردى؟ ئىنسانلارنىڭ هالال ياكى هارام قىلىش ھەققى بارمۇ؟ سىلەر نېمە ئۈچۈن ھەددىڭلاردىن ئېشىپ كېتىسىلەر؟ ﴿وَجَعَلُوا۟ لِلَّهِ مِمَّا ذَرَأَ مِنَ ٱلْحَرْثِ وَٱلْأَنْعَٰمِ نَصِيبًا فَقَالُوا۟ هَٰذَا لِلَّهِ بِزَعْمِهِمْ وَهَٰذَا لِشُرَكَآئِنَا ۖ﴾ يەنى ﴿ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) ئاللاھ ياراتقان ئېكىنلەردىن ۋە چارۋىلاردىن ئاللاھ ئۈچۈن بىر نېسىۋە (بۇتلىرى ئۈچۈن بىر نېسىۋە) ئايرىپ قويۇپ،

ئۆزلىرىچە: «بۇ ئاللاھ ئۈچۈندۇر، بۇ مەبۇدلىرىمىز ئۈچۈندۇر» دېدى﴾[1]. ئۇلارغا ئېيتقىنكى، ئاللاھ تائالا سىلەرگە شۇنداق قىلىشقا رۇخسەت بەرگەنمۇ؟ ياكى سىلەر ئۇنىڭ نامىدىن يالغاننى توقۇۋاتامسىلەر؟ بۇنىڭ جاۋابى چوقۇم مۇشۇ ئىككى سۆزدىن بىرى بولىدۇ: يا ئاللاھ تائالا بىزگە شۇنداق قىلىشقا ئىجازەت بەرگەن دېيىش ياكى ئاللاھ تائالانىڭ نامىدىن يالغان سۆزلىگەنلىكىڭلارنى ئېتىراپ قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. سىلەرنىڭ بىرىنچى جاۋابنى بېرەلمەيدىغانلىقىڭلار ئېنىقتۇر. چۈنكى، سىلەرگە ۋەھيى كەلگىنى يوق. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، ئىككىنچى جاۋاب قالىدۇ. ئۇ بولسىمۇ، ئۆزۈڭلارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ نامىدىن يالغاننى توقۇ- ۋاتقانلىقىڭلارنى ئېتىراپ قىلىشتۇر.

ئاللاھ تائالانىڭ نامىدىن يالغاننى توقۇيدىغانلار قىيامەت كۈنىدە بۇ قىلمىشىنىڭ جازاسىنى تارتماي قويۇپ بېرىلمىز دەپ ئويلامدىغاندۇ؟ ياكى ئۇلار ئۆزلىرى چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلەرنى قىيامەت كۈنىدە ئۇلارغا شاپائەت قىلىپ، ئۇلارنى ئازابتىن قۇتقۇزۇپ قالالايدۇ، دەپ ئويلامدىغاندۇ؟ ئۇنداقمۇ ئەمەس، مۇنداقمۇ ئەمەس. ھەر ئىككىسىنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، ئۇلارنىڭ قىيامەت كۈندىكى ھالىغا ۋاي!

ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانلارغا ئاتا قىلغان پەزل-كەرەمى ئىنتايىن چوڭدۇر. بۇنى مۇتەكەببىر ۋە گەدەنكەشلەردىن باشقىسى ئىنكار قىلمايدۇ، ئاللاھ تائالا تەڭداشسىز كۈچ-قۇۋۋەت ئىگىسى، ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچى ۋە ھەممىگە رىزىق بەرگۈچى، شۇنداقلا بەندىلىرىگە تولىمۇ مېھرىبان، تولىمۇ رەھىم-شەپقەتلىك زاتتۇر. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، قانۇن چىقىرىش، ھالال بىلەن ھارامنى بەلگىلەش ھوقۇقى ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىگىلا خاستۇر. ئاللاھ تائالا كائىناتتا بەندىلىرىگە ئۆزىدىن باشقىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلماسلىقى ئۈچۈن ھېچبىر بەندىسىگە ھالال-ھارامنى بەلگىلەش ھوقۇقىنى بەرمىگەن. ئاللاھ تائالا سانسىز نېمەت ئىگىسى بولۇپ، ئۇنىڭ بەرگەن نېمەتلىرىنى ساناپ تۈگەتكىلى ۋە ھېسابلاپ بولغىلى بولمايدۇ. لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى بۇنى بىلمەيدۇ، ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزلىرىگە قىلغان پەزل-كەرەمىگە شۈكۈر قىلمايدۇ. ﴿وَقَلِيلٌ مِّنْ عِبَادِيَ ٱلشَّكُورُ﴾ يەنى ﴿بەندىلىرىمدىن شۈكۈر قىلىدىغانلار بەكمۇ ئاز﴾[2].

---

[1] ئەنئام سۈرىسى: 136-ئايەت.

[2] سەبەئ سۈرىسى: 13-ئايەت.

### مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالا ھالال قىلغاننى ھالال، ھارام قىلغاننى ھارام دەپ بىلىپ، شۇ بويىچە ئىش كۆرۈش ھەربىر مۇسۇلمان ئۈچۈن پەرزدۇر. ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم ھالال-ھارامنى بەلگىلىمەيدۇ.

2. ئاللاھ تائالانىڭ نامىدىن يالغان ئېيتىش ئەڭ چوڭ ھارام ئىشلاردىن بولۇپ، گۇناھى بەكمۇ ئېغىردۇر.

3. ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانلارغا ئاتا قىلغان نېمەتلىرى ۋە ئىنئاملىرى ناھايىتى چوڭ ۋە سانسىز بولۇپ، ئۇنىڭغا شۈكۈر قىلىش پەرزدۇر. ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلىدىغانلار بەكمۇ ئاز.

### ئاللاھ تائالانىڭ كۆزىتىشى ۋە ئىلمىنىڭ كەڭلىكى

﴿وَمَا تَكُونُ فِي شَأۡنٖ وَمَا تَتۡلُواْ مِنۡهُ مِن قُرۡءَانٖ وَلَا تَعۡمَلُونَ مِنۡ عَمَلٍ إِلَّا كُنَّا عَلَيۡكُمۡ شُهُودًا إِذۡ تُفِيضُونَ فِيهِۚ وَمَا يَعۡزُبُ عَن رَّبِّكَ مِن مِّثۡقَالِ ذَرَّةٖ فِي ٱلۡأَرۡضِ وَلَا فِي ٱلسَّمَآءِ وَلَآ أَصۡغَرَ مِن ذَٰلِكَ وَلَآ أَكۡبَرَ إِلَّا فِي كِتَٰبٖ مُّبِينٍ ﴿٦١﴾﴾

### تەرجىمىسى

61-(ئى پەيغەمبەر!) سەن قايسى ھالەتتە بولساڭ، قۇرئاندىن قايسى ئايەتنى ئوقۇساڭ، (ئى ئىنسانلار!) سىلەر قانداقلا بىر ئىشنى قىلساڭلار، ئۇنىڭ بىلەن بولۇۋاتقان ۋاقتىڭلاردا ھامان بىز سىلەرنى كۆزىتىپ تۇرىمىز. ئاسمان - زېمىندىكى زەررە چاغلىق نەرسە رەببىڭنىڭ ئىلمىدىن چەتتە قالمايدۇ، ئۇنىڭدىن كىچىك ياكى چوڭ نەرسە بولسۇن، روشەن كىتابتا (لەۋھۇلمەھپۇزدا) خاتىرىلەنگەندۇر.

### بۇ ئايەتنىڭ ئالدىنقى ئايەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ئالدىنقى ئايەتلەردە ئاللاھ تائالانىڭ نامىدىن يالغاننى توقۇشنىڭ ۋە ھالال-ھارامنى بەلگىلىۋېلىشنىڭ گۇناھى، شۇنداقلا ئاللاھ تائالانىڭ پەزل-كەرەمىنىڭ كاتتا ئىكەنلىكى، شۇنداق تۇرسىمۇ، بەندىلەردىن ئۇنىڭغا شۈكۈر قىلغۇچىلارنىڭ بەك ئاز ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان. بۇ

ئايەتتە، ئاللاھ تائالانىڭ كائىناتتىكى ھەممە نەرسىنى ئېنىق بىلىدىغانلىقى ۋە ئىنسانلارنىڭ قىلغان-ئەتكەنلىرىدىن تولۇق خەۋەردار ئىكەنلىكى ئەگەشتۈرۈپ كەلتۈرۈلگەن.

### ◄ تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! سەن ئۆزۈڭنىڭ شەخسىي ئىشلىرىڭدىن ياكى كىشىلەرنى ھېكمەت بىلەن ۋە چىرايلىق ئۇسلۇب بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا دەۋەت قىلىشتەك ئومۇمغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلىرىڭدىن قايسىبىرىنى قىلساڭ، قايسى ھالەتتە بولساڭ، ساڭا نازىل قىلىنغان «قۇرئان كەرىم»دىن قايسى ئايەتنى ۋە قايسى سۈرىنى تىلاۋەت قىلىۋاتقان بولساڭ، ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەرمۇ چوڭ-كىچىك ئىش-ھەرىكەتلەردىن قايسىبىر ئىشنى قىلساڭلار، ئۇ ئىش بىلەن بولۇۋاتقان ۋاقتىڭلاردا، بىز ھەم ئۇ ئىشنى ھەم سىلەرنى چوقۇم كۆزىتىپ تۇرىمىز ۋە ئۇنىڭغا گۇۋاھ بولىمىز، كېيىن شۇنىڭغا ئاساسەن، سىلەرنى يا جازالايمىز ياكى مۇكاپاتلايمىز. چۈنكى، ﴿فَمَن يَعْمَلْ مِثْقَالَ ذَرَّةٍ خَيْرًا يَرَهُۥ ۞ وَمَن يَعْمَلْ مِثْقَالَ ذَرَّةٍ شَرًّا يَرَهُۥ ۞﴾ يەنى ﴿كىمكى زەررىچىلىك ياخشى ئىش قىلسا، ئۇ ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرىدۇ. كىمكى زەررىچىلىك يامان ئىش قىلىدىكەن، ئۇ ئۇنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ﴾[1].

﴿ئاسمان-زېمىندىكى زەررە چاغلىق نەرسە ۋە ئۇنىڭدىن كىچىك ياكى چوڭ نەرسە بولسىمۇ، ھېچقايسىسى ئاللاھنىڭ ئىلمىدىن چەتتە قالمايدۇ﴾. مەلۇمكى، زەررە دېرىزىدىن كىرگەن كۈن نۇرى بىلەنلا كۆرگىلى بولىدىغان چاڭ-توزانغا ئوخشاش تولىمۇ كىچىك نەرسىدۇر. ئاللاھ تائالا ئەنە شۇنداق زەررىنىڭ ۋە ئۇنىڭدىنمۇ كىچىك نەرسىلەرنىڭ بارلىق ئەھۋالىنى بىلىپ تۇرىدۇ ۋە تولۇق كۆزىتىپ تۇرىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە زەررىدىنمۇ كىچىك نەرسىلەرنىڭ بارلىقىدىن خەۋەر بەرگەن. زامانىمىزدىكى ئىلىم-پەن زەررىنىڭ كىچىك پارچىلارغا بۆلۈنىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ چىقتى. يەنە ئاللاھ تائالانىڭ ﴿فَلَآ أُقْسِمُ بِمَا تُبْصِرُونَ ۞ وَمَا لَا تُبْصِرُونَ ۞﴾ يەنى ﴿مەن سىلەر كۆرۈپ تۇرۇۋاتقان نەرسىلەر بىلەن ۋە سىلەر كۆرەلمەيدىغان نەرسىلەر بىلەن قەسەم قىلىمەنكى...﴾[2] دېگەن سۆزىمۇ دۇنيادا ئىنسانلار كۆرەلمەيدىغان نۇرغۇن نەرسىلەرنىڭ بارلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. ھازىرقى

[1] زەلزەلە سۈرىسى: 7-8-ئايەت.
[2] ھاققە سۈرىسى: 38-39-ئايەت.

ئىلىم-پەن دەۋرىدە ئىنسانلار مىكروسكوپ ئارقىلىق ئۆتمۈشتىكىلەر كۆرەلمىگەن نۇرغۇن نەرسىلەرنى كۆرىدىغان بولدى، ئۇ زامانلاردا بىلىنمىگەن نەرسىلەر ھازىر ئوتتۇرىغا چىقماقتا. ئاسمان-زېمىندىكى، قۇرۇقلۇق ۋە دېڭىزدىكى ھەممە نەرسىنى تولۇق بىلىپ تۇرىدىغان ئاللاھ تائالا ھەقىقەتەن بۈيۈكتۇر!

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. مۇسۇلمانلار ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارنى ۋە قىلىۋاتقان ئەمەللىرىنى كۆزىتىپ تۇرىدىغانلىقىنى بىر لەھزىمۇ ئەستىن چىقارماسلىقى لازىم. بۇنىڭدىن غەپلەتتە قالغۇچىلار ۋە ئاللاھ تائالانىڭ كۆزىتىشىگە پىسەنت قىلمايدىغانلار چوقۇم زىيان تارتقۇچىلاردۇر.

2. بەندىلەرنىڭ بارچە ياخشى-يامان ئىشلىرى، رىزقى، ئەجىلى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى لەۋھۇلمەھپۇزدا پۈتۈلۈپ بولغان تەقدىرنىڭ جۈملىسىدىن بولۇپ، ھەركىم پېشانىسىگە يېزىلغاننى كۆرىدۇ.

### ◄ ئاللاھنىڭ ئەۋلىيالىرى كىملەر؟

﴿أَلَآ إِنَّ أَوۡلِيَآءَ ٱللَّهِ لَا خَوۡفٌ عَلَيۡهِمۡ وَلَا هُمۡ يَحۡزَنُونَ ٦٢ ٱلَّذِينَ
ءَامَنُواْ وَكَانُواْ يَتَّقُونَ ٦٣ لَهُمُ ٱلۡبُشۡرَىٰ فِي ٱلۡحَيَوٰةِ ٱلدُّنۡيَا وَفِي ٱلۡأٓخِرَةِۚ
لَا تَبۡدِيلَ لِكَلِمَٰتِ ٱللَّهِۚ ذَٰلِكَ هُوَ ٱلۡفَوۡزُ ٱلۡعَظِيمُ ٦٤﴾

### ◄ تەرجىمىسى

62-بىلىڭلاركى، ئاللاھنىڭ يېقىن بەندىلىرىگە (ئاخىرەتتە) قورقۇنچ يوقتۇر، ئۇلار ھەرگىز قايغۇرمايدۇ.

63-ئۇلار ئىمان ئېيتقان ۋە ھەمىشە تەقۋادارلىق قىلغانلاردۇر.

64-ئۇلارغا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە خۇش خەۋەر بېرىلىدۇ. ئاللاھ ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ، ئەنە شۇ كاتتا ئۇتۇقتۇر.

### ◄ تەپسىرى

ئايەتتىكى ﴿أَوۡلِيَآءَ ٱللَّهِ﴾ دېگەن سۆز ئاللاھ تائالانىڭ يېقىن بەندىلىرى

دىگەنلىك بولۇپ، ئۇلار ئالاھىدە تاللانغان، ئاللاھ تائالانىڭ سۆيگۈسىگە نائىل بولغان، تائەت-ئىبادەتتە، ئاللاھ تائالاغا تايىنىشتا، ئۇنىڭغا ئىخلاس قىلىشتا ۋە مۇھەببىتىنى بېغىشلاشتا تەلەپكە لايىق ئىش كۆرگەن، تەقۋادار كىشىلەردۇر. ئۇلارنىڭ قەلبى ھەمىشە ئاللاھ تائالانى سۆيۈش، ئۇلۇغلاش، ئۇنى تېخىمۇ ياخشى تونۇش ۋە ئۇنىڭ رازىلىقىنى تىلەش بىلەن بولۇپ تۇرىدۇ. چۈنكى، ئۇلار كائىناتتا كۆرگەن ھەربىر نەرسىلەردە ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتىنى تەپەككۇر قىلىدىغان، «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىدىن ئاڭلىغان ۋە ئۆگەنگەنلىرىگە ئەمەل قىلىدىغان، ئولتۇرۇش-قوپۇشى، يۈرۈش-تۇرۇشى ۋە جىمى ئىش-ھەرىكەتلىرى ئاللاھ تائالانى رازى قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىش بىلەن بولىدىغان، دىن ۋە دۇنيالىق ئىشلىرىنى ئاللاھ تائالا كۆرسەتكەن بويىچە ئېلىپ بارىدىغان كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار مۇشۇ ئەمەللىرى يۈزىسىدىن ئاللاھ تائالانىڭ ئەڭ يېقىن بەندىلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالغان. ﴿ٱللَّهُ وَلِيُّ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ يُخۡرِجُهُم مِّنَ ٱلظُّلُمَٰتِ إِلَى ٱلنُّورِۖ﴾ يەنى ﴿ئاللاھ ئىمان ئېيتقانلارنىڭ ئىگىسىدۇر، ئۇلارنى (كۇفرىنىڭ) قاراڭغۇلۇقلىرىدىن (ئىماننىڭ) يورۇقلۇقىغا چىقىرىدۇ﴾[1].

ئەللامە بەيزاۋىي مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھنىڭ يېقىن بەندىلىرى – ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭغا بولغان سۆيگۈ-مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىدىغان، ئاللاھمۇ ئۇلارنى ئىززەتلەيدىغان كىشىلەردۇر. ئۇلار ئاخىرەتتە ھەرقانداق زىيان – زەخمەتكە ئۇچراشتىن، بارلىق قورقۇنچلاردىن ئەمىن بولىدۇ، بۇ دۇنيادا ئېرىشەلمەي قالغانلىرىغا قىلچە قايغۇرمايدۇ»[2]. چۈنكى، بەندىنىڭ ئاللاھقا بولغان مۇھەببىتى ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىش بىلەن، ئاللاھنىڭ بەندىسىگە بولغان مۇھەببىتى ئۇنىڭ تائەت-ئىبادىتىنى قوبۇل قىلىش ۋە مۇكاپاتلاش بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. ﴿بىلىڭلاركى، ئاللاھنىڭ يېقىن بەندىلىرىگە (ئاخىرەتتە) قورقۇنچ يوقتۇر، ئۇلار ھەرگىز قايغۇرمايدۇ﴾. مانا بۇ ئاللاھقا يېقىن بولغان ئۆلگىلىك مۆئمىنلەرگە بېرىلىدىغان مۇكاپاتتۇر. بۇ نۇرغۇن ئايەتلەردە بايان قىلىنغان

ئاللاھ تائالاغا، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە، كىتابلىرىغا ۋە قىيامەت كۈنىگە چىن دىلىدىن ئىمان ئېيتقان، بارلىق ئىش-ھەرىكەتلىرىدە ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىدىغان، ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن ۋە غەزىپىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن مەنئى قىلىنغان ئىشلارنى قەتئىي قىلمايدىغان كىشىلەرگە

[1] بەقەرە سۈرىسى: 257-ئايەت.
[2] «تفسير البيضاوي» 3-توم، 118-بەت.

ئۇلارنىڭ دۇنيادا غەلىبىگە ئېرىشىدىغانلىقى ۋە ئاخىرەتتە جەننەتكە كىرىدىغانلىقى ھەققىدە چوڭ خۇش خەۋەر بېرىلىدۇ. ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا خىزمەت قىلغان، «قۇرئان كەرىم»نىڭ ھۆكۈملىرىنى ئىجرا قىلغان مۇددەتتە ئىچىدە، ئۇلارغا ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمى كېلىپ تۇرىدۇ. ﴿وَعَدَ ٱللَّهُ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ مِنكُمۡ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ لَيَسۡتَخۡلِفَنَّهُمۡ فِي ٱلۡأَرۡضِ كَمَا ٱسۡتَخۡلَفَ ٱلَّذِينَ مِن قَبۡلِهِمۡ وَلَيُمَكِّنَنَّ لَهُمۡ دِينَهُمُ ٱلَّذِي ٱرۡتَضَىٰ لَهُمۡ وَلَيُبَدِّلَنَّهُم مِّنۢ بَعۡدِ خَوۡفِهِمۡ أَمۡنًاۚ﴾ يەنى ﴿ئاللاھ ئىچىڭلاردىكى ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا، ئۆزلىرىدىن ئىلگىرىكىلەرنى يەر يۈزىدە ھۆكۈمران قىلغاندەك، ئۇلارنىمۇ چوقۇم ھۆكۈمران قىلىشنى، ئۇلار ئۈچۈن تاللىغان دىنىنى چوقۇم مۇستەھكەم قىلىپ بېرىشنى ۋە ئۇلارنىڭ قورقۇنچىسىنى ئامانلىققا ئايلاندۇرۇپ بېرىشنى ۋەدە قىلدى﴾[1]. ئەمما ئاخىرەتتىكى مۇكاپات بولسا دائىملىق جەننەتلەردە كەڭتاشا نېمەتلىنىشتۇر. ﴿إِنَّ ٱلَّذِينَ قَالُواْ رَبُّنَا ٱللَّهُ ثُمَّ ٱسۡتَقَٰمُواْ تَتَنَزَّلُ عَلَيۡهِمُ ٱلۡمَلَٰٓئِكَةُ أَلَّا تَخَافُواْ وَلَا تَحۡزَنُواْ وَأَبۡشِرُواْ بِٱلۡجَنَّةِ ٱلَّتِي كُنتُمۡ تُوعَدُونَ ٣٠ نَحۡنُ أَوۡلِيَآؤُكُمۡ فِي ٱلۡحَيَوٰةِ ٱلدُّنۡيَا وَفِي ٱلۡأٓخِرَةِۖ وَلَكُمۡ فِيهَا مَا تَشۡتَهِيٓ أَنفُسُكُمۡ وَلَكُمۡ فِيهَا مَا تَدَّعُونَ﴾ يەنى ﴿شۈبھىسىزكى، «رەببىمىز ئاللاھتۇر» دېگەن، ئاندىن (شۇ ئىماندا) مۇستەھكەم تۇرغان كىشىلەرگە پەرىشتىلەر چۈشۈپ: «قورقماڭلار، غەم قىلماڭلار، سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان جەننەت بىلەن خۇشال بولۇڭلار، بىز دۇنيادىمۇ ۋە ئاخىرەتتىمۇ سىلەرنىڭ دوستلىرىڭلارمىز. جەننەتتە سىلەر ئۈچۈن كۆڭلۈڭلار تارتقان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى بار ۋە تىلىگەن نەرسەڭلارنىڭ ھەممىسى ئۇ يەردە سىلەر ئۈچۈن ھازىردۇر. (بۇلار) ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچى، ناھايىتى مېھرىبان ئاللاھ تەرىپىدىن (سىلەر ئۈچۈن) تەييارلانغان زىياپەتتۇر» دەيدۇ﴾[2].

﴿ئۇلارغا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە خۇش خەۋەر بېرىلىدۇ. ئاللاھ ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ، ئەنە شۇ كاتتا ئۇتۇقتۇر﴾ يەنى ئاللاھ تائالا مەزكۇر يېقىن بەندىلىرىگە بۇ دۇنيا ھاياتىدا ئۇلارنى خۇش قىلىدىغان، كۆڭلىنى ئارام تاپقۇزىدىغان روھىنى شادلاندۇرىدىغان ياخشى بېشارەتلەرنى بېرىپ تۇرىدۇ. پەرىشتىلەر ئۇلارنىڭ جانلىرىنى ئېلىش ئۈچۈن كەلگەندىمۇ ئۇلارغا جەننەتتىن ئىبارەت كاتتا مۇكاپات ھەققىدە خۇش خەۋەر بېرىلىدۇ، ئۇلارغا

[1] نۇر سۈرىسى: 55ـئايەت.

[2] فۇسسىلەت سۈرىسى: 30ـ32ـئايەتلەر.

يەنە ئۇلار جان ئۈزگەندىن كېيىنمۇ، ھېساب مەيدانىغا توپلانغاندىمۇ ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ ياخشى بولىدىغانلىقى ۋە قورقماسلىقى ھەققىدە خۇش بېشارەتلەر بېرىلىدۇ. مانا بۇ ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىسىدۇر. ئاللاھ تائالانىڭ سۆزلىرى ھەق، ۋەدىلىرى راستتۇر. ئۇنىڭ سۆزلىرى ئۆزگەرمەيدۇ، ئۇ ۋەدىسىگە قەتئىي خىلاپلىق قىلمايدۇ. بۇ مۇكاپاتلار مۇئمىنلەر ئۈچۈن ئەڭ كاتتا بەخت ۋە چوڭ ئۇتۇقتۇر، بۇنىڭدىن كاتتا بەخت بولامدۇ؟!

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالانىڭ يېقىنلىقىغا ئۇنىڭغا تائەت-ئىبادەت قىلىش، ئۇنىڭ تەلەپ قىلغىنىنى ۋە بۇيرۇغىنىنى بويىچە ياشاش ۋە ئۇنى چىن سۆيۈش بىلەن ئېرىشكىلى بولىدۇ. ئىمان ئېيتقان، ئاللاھقا ھەقىقىي رەۋىشتە باغلانغان، ئۇنىڭ بۇيرۇغانلىرىنى تولۇق ئورۇنداپ، ھارام قىلغان ئىشلارنى تەرك ئەتكەن ئادەم ئاللاھ تائالانىڭ دوستلۇقىغا ۋە يېقىنلىقىغا ئېرىشكەن بولىدۇ.

2. ئاللاھ تائالانىڭ كۆرسەتمىلىرىگە رىئايە قىلمايدىغان پاسىق ئادەملەر ھەرگىزمۇ ئەۋلىيا بولالمايدۇ. ساختا ئەۋلىيالار ئۆزلىرىنىڭ ئەۋلىيالىقىنى دەۋا قىلىدىغان ئالدامچىلاردۇر. ئەمما ھەقىقىي ئەۋلىيا ئۆزىنىڭ ئەۋلىيا ئىكەنلىكىنىمۇ بىلمەي قالىدۇ ۋە ئەۋلىيالىق دەۋاسى قىلمايدۇ.

### ◄ ئىززەت ۋە كۈچ-قۇۋۋەت ئاللاھقا مەنسۇپتۇر

﴿وَلَا يَحۡزُنكَ قَوۡلُهُمۡۘ إِنَّ ٱلۡعِزَّةَ لِلَّهِ جَمِيعًاۚ هُوَ ٱلسَّمِيعُ ٱلۡعَلِيمُ ٦٥ أَلَآ
إِنَّ لِلَّهِ مَن فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَن فِي ٱلۡأَرۡضِۗ وَمَا يَتَّبِعُ ٱلَّذِينَ يَدۡعُونَ
مِن دُونِ ٱللَّهِ شُرَكَآءَۚ إِن يَتَّبِعُونَ إِلَّا ٱلظَّنَّ وَإِنۡ هُمۡ إِلَّا يَخۡرُصُونَ
٦٦ هُوَ ٱلَّذِي جَعَلَ لَكُمُ ٱلَّيۡلَ لِتَسۡكُنُواْ فِيهِ وَٱلنَّهَارَ مُبۡصِرًاۚ إِنَّ
فِي ذَٰلِكَ لَأٓيَٰتٖ لِّقَوۡمٖ يَسۡمَعُونَ ٦٧﴾

### ◄ تەرجىمىسى

65-(ئى پەيغەمبەر!) ئۇلارنىڭ سۆزى سېنى قايغۇغا سالمىسۇن. شەكسىزكى، پۈتۈن كۈچ-قۇۋۋەت ئاللاھقا مەنسۇپتۇر. ئاللاھ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر،

ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

66ـ ئۇنتۇماڭلاركى، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە نەرسە ئاللاھنىڭدۇر. ئاللاھنى قويۇپ ساختا ئىلاھلارغا چوقۇنىدىغانلار پەقەت گۇمانغىلا ئەگىشىدۇ، ئۇلار پەقەت (ئاللاھ نامىدىن) قالايمىقان بىلجىرلايدۇ.

67ـ(ئى ئىنسانلار!) ئارام ئېلىشىڭلار ئۈچۈن سىلەرگە كېچىنى يارىتىپ بەرگەن، (تىرىكچىلىك قىلىشىڭلار ئۈچۈن) كۈندۈزنى يورۇق قىلىپ بەرگەن ئاللاھتۇر. شەكسىزكى، (ھەقىقەتنىڭ ساداسىغا) قۇلاق سالىدىغان قەۋم ئۈچۈن بۇنىڭدا ئەلۋەتتە (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) نۇرغۇن دەلىللەر بار.

## تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! مۇشرىكلارنىڭ بۇتلارنى ئاللاھ تائالاغا شېرىك قىلىۋېلىشى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ نامىدىن ئېيتقان يالغان سۆزلىرى سېنى ھەرگىز بىئارام قىلمىسۇن، قايغۇغا سالمىسۇن. چۈنكى، ئاللاھ تائالانىڭ ئىبادەت قىلىنىشقا تامامەن ھەقلىق بولغان يېگانە ئىلاھ ئىكەنلىكى، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە چەكسىز قۇدرەتكە ئىگە ئىكەنلىكى شەكسىز ھەقىقەتتۇر، بارلىق كۈچ ـ قۇۋۋەت ئاللاھ تائالاغا مەنسۇپتۇر، ئىلگىرىمۇ ۋە كېيىنمۇ ھەممە ئىش ئۇنىڭ ئىلكىدىدۇر، ئىززەت، شان ـ شەرەپ ئاللاھ تائالاغا، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە مۇئمىنلەرگە مەنسۇپتۇر، ئاللاھ تائالا مۇشرىكلارنىڭ قىلغان يالغان سۆزلىرىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، قىلمىشلىرىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، شۇنىڭغا ئاساسەن ئۇلاردىن ھېساب ئالىدۇ. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، مۇشرىكلارنىڭ ئىشلىرى ۋە بولمىغۇر سۆزلىرى سېنى غەمكىن قىلمىسۇن، ھەرگىز قايغۇرمىغىن!

بۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قىلىنغان تەسەللى ۋە كېلەچەكتە ئۇنىڭغا مەنسۇپ بولىدىغان غەلىبىنىڭ بېشارىتىدۇر.

ئى ئىنسانلار! شۇنى قەتئىي ئۇنتۇماڭلاركى، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە نەرسە ئىگىدارچىلىق قىلىش، باشقۇرۇش ۋە تەسەررۇپ قىلىش جەھەتتىن پۈتۈنلەي ئاللاھ تائالانىڭدۇر، مۇشرىكلار ئاللاھ تائالاغا ئۇنىڭ مەخلۇقاتىنى شېرىك قىلىۋېلىشتا پەقەت گۇمان ۋە خىيالىي پەرەزلەرگە تايىنىدۇ. مەلۇمكى، گۇمان ھەقىقەتنىڭ ئورنىدا تۇرالمايدۇ، گۇمان ۋە پەرەز بىلەن ھېچقانداق نەرسىنى ئىسپاتلىغىلى بولمايدۇ. ئاسمان ـ زېمىندىكى ھەممە نەرسە ئاللاھ تائالانىڭ تۇرسا، ئۇ

مۇشرىكلار قايسى ئەقىل، قايسى دىن ۋە قايسى مەنتىقىگە ئاساسلىنىپ ئۆزلىرى چوقۇنۇۋاتقان بۇ ساختا ئىلاھلىرىنى ئاللاھ تائالاغا تەڭ قىلىدۇ؟ بۇ ئوپئوچۇق ئەخمەقلىق ئەمەسمۇ؟!

ئى ئىنسانلار! ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ تىنىچ هالدا ئارام ئېلىشىڭلار، كۈندۈزدىكى هارغىنلىقتىن راهەتلىنىشىڭلار ۋە ئۇيقۇغا قېنىپ هاردۇقۇڭلارنى چىقىرىشىڭلار ئۈچۈن سىلەرگە كېچىنى قاراڭغۇ قىلىپ بەرگەن، كۈندۈزنى تىرىكچىلىك قىلىشىڭلار ۋە ئەتراپنى كۆرۈشۈڭلار ئۈچۈن يورۇق قىلىپ بەرگەن زاتتۇر. ئاللاھ تائالانىڭ كېچىنى ئۇيقۇ ئۈچۈن، كۈندۈزنى تۇرمۇش ۋە ئىبادەت ئۈچۈن قىلىپ بېرىشىدە، هەقىقەتنىڭ ساداسىغا قۇلاق سالىدىغان، هەق گەپنى ئاڭلايدىغان، ئاللاھ تائالانىڭ ئايەتلىرىنى كۆڭۈل بۆلۈپ تىڭشايدىغان قەۋم ئۈچۈن بۇنىڭدا ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتىنىڭ چەكسىزلىكىگە ئەلۋەتتە نۇرغۇن دەلىللەر بار.

### ◄ مۇهىم نۇقتىلىرى

1. كىشىلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا چاقىرىدىغان هەرقانداق مۇئمىن ئادەم دەۋەت يولىدا ئۇچرىغان جاپا-مۇشەققەتلەرگە، قارشى چىققۇچىلارنىڭ ئازارلىرىغا، تۆهمەتلىرىگە سەۋر قىلىپ، يولىغا ئىزچىل داۋاملاشقاندىلا، ئاندىن هەقىقىي ئىسلام دەۋەتچىسى، پەيغەمبەرنىڭ ۋارىسى ۋە ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ئۈلگىسى بولالايدۇ.

2. ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىشتىن باش تارتقۇچىلار ياكى ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىش بىلەن بىرگە هەرخىل ساختا مەبۇدلارغا چوقۇنغۇچىلار بىرەر ئىلمىي ئاساسقا ئەمەس، پەقەت تەقلىدچىلىك، قارىغۇلارچە ئەگىشىش ۋە گۇمان قاتارلىقلارنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئىش كۆرىدىغان نادانلاردۇر.

3. ئاللاھ تائالانىڭ يەككە-يېگانە ئىلاھ ۋە مەبۇد ئىكەنلىكى ئىبادەتنىڭ پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىگىلا قىلىنىشقا تېگىشلىك ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ. ئىبادەتكە لايىق زات ئاللاھ تائالا بولغان ئىكەن، ئۇنىڭدىن باشقىسىغا ئىبادەت قىلىش ئەقىل ۋە شەرىئەتنىڭ بىردەك تەقەززاسى بىلەن قەتئىي توغرا ئەمەس.

### ◄ ئاللاھنىڭ قانداقمۇ بالىسى بولسۇن؟

﴿قَالُواْ ٱتَّخَذَ ٱللَّهُ وَلَدٗاۗ سُبۡحَٰنَهُۥۖ هُوَ ٱلۡغَنِيُّۖ لَهُۥ مَا فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَا

فِي ٱلۡأَرۡضِۚ إِنۡ عِندَكُم مِّن سُلۡطَٰنِۭ بِهَٰذَآۚ أَتَقُولُونَ عَلَى ٱللَّهِ مَا لَا
تَعۡلَمُونَ ۞٦٨ قُلۡ إِنَّ ٱلَّذِينَ يَفۡتَرُونَ عَلَى ٱللَّهِ ٱلۡكَذِبَ لَا يُفۡلِحُونَ
٦٩ مَتَٰعٞ فِي ٱلدُّنۡيَا ثُمَّ إِلَيۡنَا مَرۡجِعُهُمۡ ثُمَّ نُذِيقُهُمُ ٱلۡعَذَابَ ٱلشَّدِيدَ
بِمَا كَانُواْ يَكۡفُرُونَ ٧٠

## تەرجىمىسى

68ـ ئۇلار: «ئاللاھنىڭ بالىسى بار» دېيىشتى، ئاللاھ بۇنىڭدىن پاكتۇر، ئۇ (بالىدىن) بىھاجەتتۇر. ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭدۇر. (ئاللاھنىڭ بالىسى بار دېگەن) بۇ سۆزۈڭلارغا سىلەرنىڭ ھېچقانداق پاكىتىڭلار يوق، ئۆزۈڭلار بىلمەيدىغان نەرسىنى يالغاندىن ئاللاھقا چاپلامسىلەر؟

69ـ (ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «ئاللاھقا يالغاننى چاپلايدىغانلار ھەرگىز نىجاتلىققا ئېرىشەلمەيدۇ».

70ـ (ئۇلار) بۇ دۇنيادىن (ئازغىنە) بەھرىمەن بولىدۇ، ئاندىن ئۇلار بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتىدۇ، ئاندىن كاپىر بولغانلىقى تۈپەيلىدىن، ئۇلارغا شىددەتلىك ئازابنى تېتىتىمىز.

## تەپسىرى

خۇددى خىرىستىيانلارنىڭ ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى، يەھۇدىيلارنىڭ ئۇزەيرنى ئاللاھنىڭ ئوغلى دەۋالغىنىغا ئوخشاش بەزى مۇشرىكلارمۇ پەرىشتىلەرنى ئاللاھنىڭ قىزلىرى دەپ بىلجىرلايتتى. بۇنىڭدا ئۇلارنىڭ تايىنىدىغان بىرەر دەلىلى ياكى ھۆججىتى ۋەياكى بىرەر كىتابى يوق ئىدى، ئۇلارنىڭ بىلجىرلاشلىرى ھېچقانداق بىر ئىلمىي ئاساسقا تايانمىغان قۇرۇق سۆزلەر بولۇپ، بۇ ئەينى ۋاقىتتا ئۇلار ئاللاھ تائالاغا چاپلىغان چوڭ يالغان ۋە توقۇلما ئىدى. چۈنكى، ئاللاھ تائالا بالىغا ياكى ئائىلىگە موھتاج بولمايدىغان زات تۇرسا، ئۇنىڭ قانداقمۇ بالىسى بولسۇن؟ ئاللاھ تائالا ئاسمان-زېمىندىكى ھەممە نەرسىنى ئۆزى ياراتقان تۇرسا، مەخلۇقاتىدىن ھېچبىرىگە ئوخشىمايدىغان، ھېچبىرىگە ئېھتىياجلىق بولمىغان، بەلكى ھەممە ئۇنىڭغا موھتاج بولغان تۇرسا،

قانداقمۇ ئۇنىڭ ئۆزى ياراتقان مەخلۇقاتلىرىدىن بالىسى بولسۇن؟! شۇ كەسكىن ھەقىقەتكى، ئاللاھ تائالا ئۆز زاتىدا ۋە جىمى سۈپەتلىرىدە يېگانىدۇر، ئۇ ھەممە نەرسىدىن بىھاجەتتۇر، ئاسمان-زېمىندىكى ھەممە نەرسە ئۇنىڭ مۈلۈكىدۇر، ئۇنىڭغا ھېچ كىشى تەڭداش ياكى شېرىك بولالمايدۇ.

ئادەتتە ئاتا-ئانا ئۆزىنىڭ نەسەبىنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن بالىغا ئېھتىياجلىق بولىدۇ، چۈنكى، پەرزەنت ئاتا-ئانىنىڭ كۈچ-قۇۋۋىتى، ئۇنىڭ نام-نىشانىسى، بايلىقى ۋە ھەر نەرسىسىدۇر. ئاتا-ئانا ئۇنىڭغا تايىنىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن پەخىرلىنىدۇ، ياشانغاندا ۋە ئاجىزلاشقاندا ئۇنىڭغا ئېھتىياجلىق بولىدۇ. ئەمدى ئاللاھ تائالامۇ شۇنداقمۇ؟ ئۇمۇ بالىغا ئېھتىياجلىقمۇ؟ ياق! ئاللاھ تائالا بالىغا ئېھتىياجلىق ئەمەس. ئۇ مۇشرىكلارنىڭ سۈپەتلىگەنلىرىدىن ئەلۋەتتە پاكتۇر ۋە ھەممىدىن ئۈستۈندۇر. ئى مۇشرىكلار! سىلەرنىڭ بۇ توقۇلما سۆزۈڭلارنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلايدىغان ھېچقانداق دەلىل-ئىسپاتىڭلار يوق. قانداقمۇ ئۆزۈڭلار ھەقىقىتىنى بىلمەيدىغان سۆزلەرنى ئاللاھ تائالا ھەققىدە ئېيتىسىلەر؟

ئى پەيغەمبەر! ئۇ مۇشرىكلارغا ئېيتقىنكى، ئاللاھ تائالاغا مۇنداق ئۆپئوچۇق يالغاننى توقۇغان، مەخلۇقاتنى ئۇنىڭغا شېرىك قىلىۋالغان، ئۇنى بالىسى بار دەپ گۇمان قىلغان يالغانچىلار ھەرگىز نىجاتلىققا ئېرىشەلمەيدۇ، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە مۇرادىغا يېتەلمەيدۇ ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ.

كاپىرلار دۇنيا مەنپەئەتىدىن ئازغىنە ۋاقىت ھۇزۇرلىنىدۇ، پايدىلىنىدۇ. نىھايەت، ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىدۇ ۋە قاتتىق ئازابقا تاشلىنىدۇ. ھەقىقەتەن دۇنيا ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە پاشىنىڭ قانىتىچىلىكمۇ قەدىر-قىممىتى يوق نەرسىدۇر. شەكسىزكى، ئاللاھ تائالانى ئىنكار قىلغان ۋە ئۇنى ئۇنىڭ شەنىگە لايىق كەلمەيدىغان سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلىگەنلەر بۇ قىلمىشلىرىنىڭ جازاسى ئۈچۈن ئاخىرەتتە قاتتىق ئازابقا قالىدۇ. ﴿قُلۡ هُوَ ٱللَّهُ أَحَدٌ ۝١ ٱللَّهُ ٱلصَّمَدُ ۝٢ لَمۡ يَلِدۡ وَلَمۡ يُولَدۡ ۝٣ وَلَمۡ يَكُن لَّهُۥ كُفُوًا أَحَدُۢ ۝٤﴾ يەنى ﴿(ئى پەيغەمبەر! سەندىن سورىغانلارغا) ئېيتقىنكى، (سىلەر بىلمەكچى بولغان) ئۇ ئاللاھ يەككە-يېگانىدۇر. ئاللاھ ھېچكىمگە موھتاج ئەمەس، ئەكسىچە، ھەممە ئۇنىڭغا موھتاجدۇر. ئۇ بالىلىق بولغانمۇ ئەمەس، تۇغۇلغانمۇ ئەمەس.

ھېچكىم ئۇنىڭغا تەڭداش بولالمايدۇ﴾[1].

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالانى مەخلۇقاتقا ئوخشاتقان ياكى ئۇنىڭغا بالا ياكى شېرىكنى مەنسۇپ قىلغان ئادەم شەكسىز كاپىر بولىدۇ.

2. دەلىل-ئىسپاتى بولمىغان ھەرقانداق دەۋا رەت قىلىنىدۇ، ئۇنىڭ ھېچقانداق قىممىتى بولمايدۇ.

3. ئاللاھ تائالاغا يالغاننى چاپلىغانلار، ئۇنىڭ نامىدىن يالغان سۆزلىگەنلەر، ئاللاھ تائالا توغرۇلۇق ۋە ئۇنىڭ سۈپەتلىرى توغرۇلۇق يالغان سۆزلەرنى توقۇپ چىققانلار، سېھىرگەرلەر، پالچىلار، مۇناپىقلار ھەرگىز مۇرادىغا يېتەلمەيدۇ، ئىككىلا ئالەمدە نىجاتلىققا ئېرىشەلمەيدۇ. ئۇلار بۇ دۇنيادا خارلىققا، ئاخىرەتتە بولسا قاتتىق ئازابقا مەھكۇمدۇر.

4. مۇسۇلمان ئادەم كاپىرلارنىڭ باياشاتلىق تۇرمۇشتىكى ئارتۇقلۇقىغا، بايلىقىغا ۋە سەلتەنىتىگە قىزىقىپ كەتمەيدۇ، ئۇز ھالىدىن مەمنۇن بولۇپ ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلىدۇ. چۈنكى، دۇنيا مەنپەئەتى باقىي ئەمەس، ئەمما مۆئمىنلەرگە ئاخىرەتتە تەييارلانغان نېمەتلەر مەڭگۈلۈك بولۇپ، ئۇ تۈگەپ قالمايدۇ.

## ◄ نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى

﴿۞ وَٱتۡلُ عَلَيۡهِمۡ نَبَأَ نُوحٍ إِذۡ قَالَ لِقَوۡمِهِۦ يَٰقَوۡمِ إِن كَانَ
كَبُرَ عَلَيۡكُم مَّقَامِي وَتَذۡكِيرِي بِـَٔايَٰتِ ٱللَّهِ فَعَلَى ٱللَّهِ
تَوَكَّلۡتُ فَأَجۡمِعُوٓاْ أَمۡرَكُمۡ وَشُرَكَآءَكُمۡ ثُمَّ لَا يَكُنۡ أَمۡرُكُمۡ
عَلَيۡكُمۡ غُمَّةٗ ثُمَّ ٱقۡضُوٓاْ إِلَيَّ وَلَا تُنظِرُونِ ٧١ فَإِن تَوَلَّيۡتُمۡ
فَمَا سَأَلۡتُكُم مِّنۡ أَجۡرٍۖ إِنۡ أَجۡرِيَ إِلَّا عَلَى ٱللَّهِۖ وَأُمِرۡتُ أَنۡ
أَكُونَ مِنَ ٱلۡمُسۡلِمِينَ ٧٢ فَكَذَّبُوهُ فَنَجَّيۡنَٰهُ وَمَن مَّعَهُۥ فِي
ٱلۡفُلۡكِ وَجَعَلۡنَٰهُمۡ خَلَٰٓئِفَ وَأَغۡرَقۡنَا ٱلَّذِينَ كَذَّبُواْ بِـَٔايَٰتِنَاۖ
فَٱنظُرۡ كَيۡفَ كَانَ عَٰقِبَةُ ٱلۡمُنذَرِينَ ٧٣ ثُمَّ بَعَثۡنَا مِنۢ بَعۡدِهِۦ

[1] ئىخلاس سۈرىسى.

رُسُلًا إِلَىٰ قَوْمِهِمْ فَجَآءُوهُم بِٱلْبَيِّنَٰتِ فَمَا كَانُوا۟ لِيُؤْمِنُوا۟ بِمَا كَذَّبُوا۟ بِهِۦ مِن قَبْلُ ۚ كَذَٰلِكَ نَطْبَعُ عَلَىٰ قُلُوبِ ٱلْمُعْتَدِينَ ﴿٧٤﴾

## تەرجىمىسى

71ـ ئۇلارغا نۇھنىڭ قىسسىسىنى ئوقۇپ بەرگىن، ئۆز ۋاقتىدا نۇھ قەۋمىگە: «ئى قەۋمىم! ئەگەر سىلەرگە مېنىڭ ئىچىڭلاردا تۇرۇشۇم ۋە سىلەرگە ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئەسلىتىشىم ئېغىر كەلگەن بولسا، (شۇنى ياخشى بىلىڭلاركى) مەن يالغۇز ئاللاھقىلا تاياندىم. سىلەرمۇ (ئاللاھقا قوشۇۋالغان) شېرىكلىرىڭلار بىلەن بىرلىكتە (ماڭا قارشى) ئىشىڭلارنى قارار قىلىۋېرىڭلار. ئىشىڭلار سىلەرگە تۇتۇق بولۇپ قالمىسۇن (يەنى مېنى قەستلەيدىغان ئىشىڭلار سىلەرگە ئاشكارا بولسۇن)، ئاندىن ماڭا ھېچبىر مۆھلەتمۇ بەرمەي، قىلىدىغىنىڭلارنى قىلىۋېرىڭلار.

72ـ ئەگەر سىلەر (مېنىڭ دەۋىتىمدىن) يۈز ئۆرۈسەڭلار، مەن سىلەردىن ھېچبىر ھەق سورىغىنىم يوق، مەن ئەجرىمنى پەقەت ئاللاھتىن كۈتىمەن، مەن مۇسۇلمانلاردىن بولۇشقا بۇيرۇلدۇم» دېدى.

73ـ لېكىن ئۇلار نۇھنى ئىنكار قىلدى. بىز ئۇنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن كېمىدە بىللە بولغانلارنى قۇتقۇزدۇق ۋە ئۇلارنى (يەر يۈزىدە) ئورۇنباسارلار قىلدۇق، دەلىل-پاكىتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلارنى بولسا غەرق قىلدۇق. ئاگاھلاندۇرۇلغانلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىغا قارىغىن!

74ـ نۇھتىن كېيىن نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنى ئۆزلىرىنىڭ قەۋمىگە ئەۋەتتۇق، ئۇلار ئۇ قەۋملەرگە ئوپئوچۇق مۆجىزىلەرنى ئېلىپ كەلدى. (ئەمما) ئۇلار ئىلگىرى ئىنكار قىلغان ھەقىقەتكە (قايتا) ئىمان ئېيتمىدى. بىز ھەددىدىن ئاشقۇچىلارنىڭ دىللىرىنى ئەنە شۇنداق پېچەتلەيمىز.

## تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! بۇ ھاكاۋۇر، ئىنكارچى قەۋمىڭگە نۇھ ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ قىسسىسىنى ئوقۇپ بەرگىن. ئۆز ۋاقتىدا نۇھ ئەلەيھىسسالام ئۆز قەۋمىگە مۇنداق دېگەن ئىدى: ئى قەۋمىم! مېنىڭ سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا ئۇزۇن مۇددەت تۇرۇشۇم، سىلەرنى بىر ئاللاھقىلا

ئىبادەت قىلىشقا ۋە ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىككە چاقىرىشىم، سىلەرگە ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئەسلىتىش ئارقىلىق ۋەز-نەسىھەت قىلىشىم سىلەرگە ئېغىر كەلگەن بولسا، مېنىڭ قولۇمدىن باشقا ئىش كەلمەيدۇ، مەن پەقەت ئاللاھقا تاياندىم. ﴿وَلَا يَنفَعُكُمْ نُصْحِيٓ إِنْ أَرَدتُّ أَنْ أَنصَحَ لَكُمْ إِن كَانَ ٱللَّهُ يُرِيدُ أَن يُغْوِيَكُمْ﴾ يەنى ﴿مەن سىلەرگە نەسىھەت قىلماقچى بولسام، ئاللاھ سىلەرنى ئازدۇرماقچى بولسا، ئۇ چاغدا مېنىڭ قىلغان نەسىھىتىمنىڭ سىلەرگە پايدىسى بولمايدۇ﴾[1]. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، مەن ئىشلىرىمنى رەببىم ئاللاھقا تاپشۇرىمەن ۋە ئۇنىڭغىلا تەۋەككۇل قىلىمەن. سىلەرمۇ ئاساسسىز ھالدا ئاللاھقا قوشۇۋالغان شېرىكلىرىڭلار بىلەن بىرلىكتە مېنى قەستلەش ئۈچۈن ئېلىپ بارىدىغان ئىشىڭلارنى قارار قىلىۋېرىڭلار، مېنى ۋە مېنىڭ دەۋىتىمنى يوق قىلىش ئۈچۈن قانداق پىلانىڭلار بولسا قىلىۋېرىڭلار، تاكى بۇ ئىشىڭلار سىلەرگە ئېنىقسىز ياكى شۈبھىلىك بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن مۇكەممەل پىلانلاپ كەسكىن ئىرادىگە كەلگەندىن كېيىن، ئاندىن قىلماقچى بولغان ئىشىڭلارنى ئىجرا قىلىڭلار.

مانا بۇ نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز قەۋمىگە قارىتا تۇتقان مەۋقەسى ۋە ئاللاھ تائالاغا بولغان چەكسىز ئىشەنچىسىنىڭ ئىپادىسى. بۇ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. چۈنكى، نۇھ ئەلەيھىسسالام ئىنسانلارنىڭ ئىككىنچى ئاتىسى، «قۇرئان كەرىم» دە ماختالغان ئەزىمەتلىك پەيغەمبەرلەرنىڭ بىرىنچىسى ئىدى[2]. نۇھ ئەلەيھىسسالام ھەممىدىن ئاۋۋال ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمىگە ئىشەندى، بارلىق مۇشرىكلارغا ۋە ئۇلارنىڭ ساختا ئىلاھلىرىغا قارىتا جەڭ ئېلان قىلىپ: ئەگەر سىلەر مېنىڭ دەۋىتىمدىن باش تارتىپ، نەسىھەتلىرىمنى ئاڭلىمىساڭلار، شۇنى ئۇنتۇماڭلاركى، مەن دەۋىتىم ئۈچۈن سىلەردىن بىر تىيىن چاغلىق ھەق تەلەپ قىلغىنىم يوق. بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ھەرگىز تەلەپ قىلمايمەن، كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە سىلەرنى ئىسلاھ قىلىشقا تىرىشىمەن، ئەمما ئەجرىمنى ئاللاھ تائالادىنلا كۈتىمەن، ئۇنىڭغا تايىنىمەن ۋە ئۇنىڭ يولىدا ئىزچىل يۈرىمەن، دېدى.

ئەمما ئۇلار يەنى لا نۇھ ئەلەيھىسسالامغا ئىشەنمىدى، ئۇنىڭ ھەق

---

[1] ھۇد سۈرىسى: 34-ئايەت.

[2] قۇرئان كەرىمدە «أولو العزم» (ئۇلۇل ئەزم) يەنى ئىرادىلىك پەيغەمبەرلەر دەپ تىلغا ئېلىنغان پەيغەمبەرلەر نۇھ، ئىبراھىم، مۇسا، ئىسا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاملاردۇر.

دەۋىتىنى، چىرايلىق نەسىھەتلىرىنى رەت قىلىپ، ئۇنىڭ دىنىنى قەتئىيلىك بىلەن ئىنكار قىلدى، ئۇنىڭغا قارشى ئىسيانكارلىق قىلدى، ئۇنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالمىدى. نۇھ ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ئىمان ئېيتىشىدىن ئۈمىدىنى ئۈزدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىزنىڭ بۇيرۇقىمىز ۋە ۋەھيى قىلىشىمىز بىلەن بىر كېمە ياسىدى، ئاندىن ئۇ ئۆزى بىلەن بىرگە بولغان مۆئمىنلەرنى ۋە بارلىق جانلىقلاردىن بىر جۈپتىن ئېلىپ كېمىگە چىقتى. ئاندىن ئۇلارنى غەرق بولۇشتىن سالامەت ساقلاپ قېلىپ، ھەقىقەتنى ئىنكار قىلغان ۋە ھەق دىنغا قارشى چىققان كاپىرلارنىڭ ھەممىسىنى توپان بالاسىدا غەرق قىلىپ ھالاك قىلىۋەتتۇق. ئاندىن نۇھ ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە بولغان مۆئمىنلەرنى يەر يۈزىدە ئىزباسار قىلدۇق. پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغان ۋە مۆئمىنلەرگە دۈشمەن بولغانلارنىڭ ئاقىۋىتى ئەنە شۇنداق بولىدۇ.

نۇھ ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتۇق، ئاد قەۋمىگە ئۇلارنىڭ ئۆز قەۋمى ئىچىدىن ھۇد ئەلەيھىسسالامنى، سەمۇد قەۋمىگە سالىھ ئەلەيھىسسالامنى، مەديەن ئاھالىسىغا شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنى ئەۋەتتۇق، ئۇلاردىن باشقا يەنە نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتۇق، ئۇلار ئۆز قەۋمىگە ھەق دىنىنى يەتكۈزدى، ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان روشەن مۆجىزىلەرنى كۆرسەتتى. ئەمما ئىلگىرىكى ئۈممەتكە ئوخشاشلا ئۇلارنىڭ قەۋمىنىڭ كۆپچىلىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ سۆزلىرىگە ئىشەنمىدى، ئۇلارنى يالغانغا چىقاردى. نىھايەت، ھەقىقەتنى ئىنكار قىلغان بۇ قەۋمىنىڭ ئاقىۋىتىمۇ ھالاكەت بىلەن نەتىجىلەندى. ھەقىقەتنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ شەخسىي غەرەزلىرى ۋە كىشىلىك مەنپەئەتلىرى يۈزىسىدىن ئۇنى ئىنكار قىلىدىغانلارنىڭ ئاقىۋىتى ھەمىشە شۇنداق زىيان تارتىش ۋە ھالاكەت بىلەن خۇلاسىلىنىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالانىڭ مۇنداقلار ئۈچۈن بېكىتىۋەتكەن قانۇنىيىتى ئۆزگەرمەيدۇ.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى كىشىلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا دەۋەت قىلىش يولىدا يۈرۈۋاتقان ھەرقانداق مۇسۇلمان دەۋەتچى ئۈچۈن ئەڭ ياخشى ئۈلگىدۇر. نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىگە قارشى چىققان قەۋمىگە «قولۇڭلاردىن كەلگەننى قىلىڭلار، مەن ئاللاھقا تەۋەككۈل

قىلمەن» دېگەن مەنىدە خىتاب قىلىپ، ئۇلارنىڭ تەھدىتلىرىدىن قەتئىي قورقۇپ قالماستىن، ئۆزىنىڭ دەۋەت يولىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرغانلىقى ھەرقانداق بىر مۇسۇلمان ئۈچۈن ئەڭ ئېسىل ئۈرنەكتۇر.

2. ئاللاھ تائالاغا چىن ئىشەنچ بىلەن تايىنىشنىڭ مېۋىسى شىجائەت، خاتىرجەملىك، جۈرئەت، چىدامچانلىق ۋە چىن ئىرادىدۇر.

3. دەۋەت يولىدىكى كىشىلەر دەۋەت ئىشلىرى ئۈچۈن كىشىلەردىن ھەق تەلەپ قىلمايدۇ. ئەگەر ئەھۋالى ناچار بولسا، جامائەتنىڭ ياردىمىنى قوبۇل قىلسا بولىدۇ. بىراق دىنغا دەۋەت قىلىشنى مەئىشەتنىڭ كەسپىگە ئايلاندۇرۇۋېلىشقا بولمايدۇ.

4. پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ ئاقىۋىتى ھەقىقەتەن ئىبرەتلىك ئازابتىن ئىبارەت بولىدۇ.

5. يامانلىق، زۇلۇم ۋە ھەقسىزلىقنىڭ ئازگاللىرىغا چۆشۈپ كەتكەنلەرنىڭ قەلبىنى پېچەتلىۋېتىش، ئۇلارنى ھىدايەت ۋە ئىماندىن مەھرۇم قىلىش ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزگەرمەس قانۇنىيەتلىرىدىن بىرىدۇر.

### ◄ مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن پىرئەۋننىڭ قىسسىسى

﴿ثُمَّ بَعَثْنَا مِنۢ بَعْدِهِم مُّوسَىٰ وَهَٰرُونَ إِلَىٰ فِرْعَوْنَ وَمَلَإِيْهِۦ
بِـَٔايَٰتِنَا فَٱسْتَكْبَرُوا۟ وَكَانُوا۟ قَوْمًا مُّجْرِمِينَ ﴿٧٥﴾ فَلَمَّا جَآءَهُمُ ٱلْحَقُّ مِنْ
عِندِنَا قَالُوٓا۟ إِنَّ هَٰذَا لَسِحْرٌ مُّبِينٌ ﴿٧٦﴾ قَالَ مُوسَىٰٓ أَتَقُولُونَ لِلْحَقِّ
لَمَّا جَآءَكُمْ ۖ أَسِحْرٌ هَٰذَا وَلَا يُفْلِحُ ٱلسَّٰحِرُونَ ﴿٧٧﴾ قَالُوٓا۟ أَجِئْتَنَا
لِتَلْفِتَنَا عَمَّا وَجَدْنَا عَلَيْهِ ءَابَآءَنَا وَتَكُونَ لَكُمَا ٱلْكِبْرِيَآءُ فِى
ٱلْأَرْضِ وَمَا نَحْنُ لَكُمَا بِمُؤْمِنِينَ ﴿٧٨﴾ وَقَالَ فِرْعَوْنُ ٱئْتُونِى بِكُلِّ
سَٰحِرٍ عَلِيمٍ ﴿٧٩﴾ فَلَمَّا جَآءَ ٱلسَّحَرَةُ قَالَ لَهُم مُّوسَىٰٓ أَلْقُوا۟ مَآ أَنتُم
مُّلْقُونَ ﴿٨٠﴾ فَلَمَّآ أَلْقَوْا۟ قَالَ مُوسَىٰ مَا جِئْتُم بِهِ ٱلسِّحْرُ ۖ إِنَّ ٱللَّهَ
سَيُبْطِلُهُۥٓ ۖ إِنَّ ٱللَّهَ لَا يُصْلِحُ عَمَلَ ٱلْمُفْسِدِينَ ﴿٨١﴾ وَيُحِقُّ ٱللَّهُ
ٱلْحَقَّ بِكَلِمَٰتِهِۦ وَلَوْ كَرِهَ ٱلْمُجْرِمُونَ ﴿٨٢﴾﴾

### تەرجىمىسى

75-ئۇلاردىن كېيىن بىز مۇسا بىلەن ھارۇننى پىرئەۋنگە ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ كاتتىباشلىرىغا نۇرغۇن مۆجىزىلىرىمىز بىلەن ئەۋەتتۇق. ئۇلار (ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىشتىن) چوڭچىلىق قىلدى. ئۇلار گۇناھكار قەۋم ئىدى.

76-ئۇلارغا بىز تەرەپتىن ھەقىقەت كەلگەن چاغدا ئۇلار: «بۇ ئەلۋەتتە ئوپئو-چۇق سېھىردۇر» دېدى.

77-مۇسا: «سىلەرگە ھەقىقەت كەلسە، سىلەر ئۇنى (سېھىر) دەمسىلەر؟ بۇ سېھىرمۇ؟ ھالبۇكى، سېھىرگەرلەر مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمايدۇ» دېدى.

78-ئۇلار: «سەن بىزگە ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ دىنىدىن بىزنى ۋاز كەچتۈرۈش ۋە (بۇ) زېمىننىڭ سەلتەنىتىنى ئىككىڭلارنىڭ قولىۋېلىش ئۈچۈن كەلدىڭمۇ؟ بىز ئىككىڭلارغا ھەرگىز ئىشەنمەيمىز» دېدى.

79-پىرئەۋن: «مېنىڭ ئالدىمغا بارلىق ئۇستا سېھىرگەرلەرنى ئېلىپ كېلى-ڭلار» دېدى.

80-سېھىرگەرلەر يېتىپ كەلگەندە، مۇسا ئۇلارغا: «تاشلىماقچى بولغى-نىڭلارنى تاشلاڭلار» دېدى.

81-ئۇلار (ئارغامچىلىرىنى) تاشلىغاندا، مۇسا: «سىلەرنىڭ كەلتۈرگىنىڭلار سېھىردۇر، ئاللاھ چوقۇم ئۇنى بەربات قىلىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ بۇزغۇنچىلارنىڭ ئىشىنى تۈزىمەيدۇ» دېدى.

82-گۇناھكارلار ياقتۇرمىغان تەقدىردىمۇ، ئاللاھ پاكىتلىرى ئارقىلىق ھە-قىقەتنى ئىسپاتلايدۇ.

### تەپسىرى

ئاللاھ تائالا دەيدۇكى، بىز ئىنسانلارغا نۇھ ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتۇق، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭ قېرىندىشى ھارۇن ئەلەيھىسسالامنى مىسىردىكى قىبتى مىللىتىنىڭ كاتتىسى ۋە مىسىرنىڭ پادىشاھى پىرئەۋننىڭ يېنىغا ئوپئوچۇق مۆجىزىلىرىمىز بىلەن ئەۋەتتۇق. پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ تەۋەلىرى چوڭچىلىق قىلىپ ئىماندىن باش تارتتى، بۇنى ئاز دەپگەندەك ئۇ ئىككى

پەيغەمبەرنىڭ دەۋىتىنى توسۇش ئۈچۈن ئۇلارغا قارشى ھىيلە-مىكىرلەرنى ئىشلىتىشكە ۋە تۇزاقلارنى قۇرۇشقا باشلىدى.

ئۆز ۋاقتىدا ئاللاھ تائالا بۇ ئىككى پەيغەمبەرنى ئەئراف سۈرىسىدە ۋە باشقا سۈرىلەردە بايان قىلىنغانىدەك توققۇز تۈرلۈك مۆجىزە بىلەن كۈچلەندۈرگەن ھالدا پىرئەۋن تەۋەلىرىگە ئەۋەتكەن. ئەمما پىرئەۋن ئۆز تەۋەلىرى بىلەن بىرلىشىپ بۇ ئىككى پەيغەمبەرگە قارشى رەزىل پىلانلارنى تۈزگەن. ﴿وَكَذَٰلِكَ جَعَلْنَا فِي كُلِّ قَرْيَةٍ أَكَٰبِرَ مُجْرِمِيهَا لِيَمْكُرُواْ فِيهَاۖ وَمَا يَمْكُرُونَ إِلَّا بِأَنفُسِهِمْ وَمَا يَشْعُرُونَ﴾ يەنى ﴿شۇنىڭدەك (يەنى مەككە مۇشرىكلىرىنىڭ كاتتىباشلىرىنى باش گۇناھكارلىرى قىلغىنىمىزدەك)، ھەربىر شەھەرنىڭ كاتتىباشلىرىنى ھىيلە-مىكىر ئىشلىتىشى ئۈچۈن باش گۇناھكارلار قىلدۇق. ئۇلارنىڭ ھىيلە-مىكىرلىرى پەقەتلا ئۆزىگە يانىدۇ، ئۇلار (بۇنى) سەزمەيدۇ﴾[1]. پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ تەۋەلىرى ئەسلىدە گۇناھكار قەۋم ئىدى. بۇ ئۇلارنىڭ قىسسىسىنىڭ خۇلاسىسى بولۇپ، تەپسىلاتى تۆۋەندىكىچە:

پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ تەۋەلىرىگە مۇسا ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئېلىپ كەلگەن مۆجىزىلەر يەتكەندە، ئۇلار بۇ مۆجىزىلەرنى ﴿بۇ ئوپئوچۇق سېھىردۇر﴾ دەپ ئىنكار قىلدى ۋە ئۆزلىرىنىڭ بۇ ئىنكارىنى يوللۇق قىلىشقا ئۇرۇنۇشتى.

مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا نېمە دېدى؟ ئۇ مۇنداق دېدى: سىلەر سېھىر بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى بولمىغان بۇ روشەن مۆجىزىلەرنى سېھىر دەمسىلەر؟ بۇ مۇمكىن ئەمەس، ھەممىڭلارغا مەلۇمكى، سېھىرگەرلەر مۇنداق مۇھىم ئىشلاردا ئۇتۇق قازىنالمايدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ قىلىدىغىنى كىشىلەرگە راست ئەمەس نەرسىلەرنى خۇددى راستتەك كۆرسىتىپ كۆز بويامچىلىق قىلىشتۇر.

ئۇلار دېدىكى، ئى مۇسا! سەن بىزنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىمىز بۇرۇندىن تارتىپ داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان دىنىمىزنى ئۆزگەرتىدىغان نەرسىنى ئېلىپ كەلدىڭمۇ؟ سىلەر ئىككىڭلار ئۆزۈڭلارچە بىزگە دىنىدا يېتەكچى بولۇۋالماقچىمۇ؟ ئېنىقكى، سىلەرنىڭ پىلانىڭلار بىزنىڭ دىنىمىزنى ئۆزگەرتىش، ئاندىن كىشىلەرنى ئۆزۈڭلارغا بويسۇندۇرۇشتۇر. شۇنداقمۇ؟ بىلىپ قويۇڭلاركى، بىز سىلەر ئېلىپ كەلگەن نەرسىلەرگە

[1] ئەنئام سۈرىسى: 123-ئايەت.

ھەرگىز ئىشەنمەيمىز، ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ دىنىنى قەتئىي تاشلىمايمىز.

تارىختىن بۇيان ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كەلگەن پەيغەمبەرلەر بىلەن ئۇلار ئەۋەتىلگەن قەۋمنىڭ كاتتىباشلىرى ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن زىددىيەتلەر ۋە كۈرەشلەرنىڭ ھەممىسى كاتتىباشلارنىڭ ئۆز قەۋمى ئىچىدىكى يۇقىرى ئورنىنى ساقلاپ قېلىش ۋە خەلق ئۈستىدىكى نوپۇزىنى قوغداش يۈزىسىدىن ئوپئوچۇق ھەقىقەتنى بىلىپ تۇرۇپ رەت قىلىشى ۋە ھەقىقەت ئىگىلىرىنى مەغلۇپ قىلىش ئۈچۈن تۈرلۈك ھىيلە-مىكىرلەرنى پىلانلاپ خەلقنى ئازدۇرۇشى يۈزىسىدىن بولۇپ كەلگەن. مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن پىرئەۋن ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتمۇ شۇ سەۋەبتىن چىققان. چۈنكى، مىسىر زېمىنىدا ئۆزىنى ئىلاھ دەپ ئاتىۋالغان ۋە بارلىق خەلقنى قۇل قىلىپ كېلىۋاتقان پىرئەۋنگە نىسبەتەن مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن ھارۇن ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلارغا بويسۇنۇش تۈگەشكەنلىك ۋە سەلتەنەتتىن ئايرىلىپ قېلىش ھېسابلىناتتى. شۇڭا ئۇ مۇسا ئەلەيھىسسالام دەۋەت قىلغان دىنىنىڭ ھەقلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا قارشى چىققان. مانا بۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۆز قەۋمىنىڭ ئىنكار قىلىشىغا ئۇچرىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب.

پىرئەۋن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز دەۋىتىنى داۋاملاشتۇرۇشتا چىڭ تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن، يېنىدىكىلەرگە: سىلەر دۆلەت تەۋەسىدىكى سېھىرگەرلەرنى ۋە ئۇنىڭ يوللىرىنى بىلىدىغان بارلىق كىشىلەرنى مېنىڭ ئالدىمغا ئېلىپ كېلىڭلار، دېدى. چۈنكى، پىرئەۋن تەۋەلىرى مۆجىزە بىلەن سېھىرنىڭ پەرقىنى ئايرىيالمايتتى.

سېھىرگەرلەر كېلىپ ئۆزلىرىنىڭ سېھىرگە كېرەكلىك ھەممە نەرسىلىرىنى تەييارلىغاندىن كېيىن، مۇسا ئەلەيھىسسالامغا: سەن سېھىرلىرىڭنى ئاۋۋال مەيدانغا چىقىرامسەن ياكى بىزمۇ؟ دەپ، سورىۋىدى، مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: ﴿تاشلىماقچى بولغىنىڭلارنى تاشلاڭلار!﴾ دېدى. ئۇلار ئۆزلىرىدە بار بولغان ئارغامچا ۋە ھاسىلارنى مەيدانغا تاشلىغان ۋاقىتتا، مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا دېدىكى، سىلەر كەلتۈرۈپ مەيدانغا تاشلىغان نەرسىڭلار سېھىردۇر. ئاللاھ تائالا سىلەر كەلتۈرگەن بۇ نەرسىلەرنى ئەلۋەتتە بەربات قىلىۋېتىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ھەقىقەت تەرەپدارلىرىنى قوللايدۇ، بۇزغۇنچىلارنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرمەيدۇ، بۇزغۇنچىلارنىڭ ئىشىنى تۈزىمەيدۇ، ئۇلارنى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرمەيدۇ.

ھەقىقەت شۇكى، گۇناھكار كاپىرلار ياقتۇرمىغان تەقدىردىمۇ، ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى پاكىتلىرى ئارقىلىق ھەقىقەتنى ئىسپاتلايدۇ، ئۇنى چوقۇم ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ، ھەقىقەتنىڭ ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى جاكارلايدۇ.

ئى قېرىندىشىم! بۇ قىسسىنىڭ ئاخىرىنى ئەئراف سۈرىسىدىن: ﴿وَأَوْحَيْنَآ إِلَىٰ مُوسَىٰٓ أَنْ أَلْقِ عَصَاكَ ۖ فَإِذَا هِىَ تَلْقَفُ مَا يَأْفِكُونَ﴾ يەنى ﴿مۇساغا: «ھاساڭنى تاشلىغىن» دەپ ۋەھيى قىلدۇق، (ئۇ ھاسىسىنى تاشلىۋىدى، ھاسا) ئۇلارنىڭ ساختا نەرسىلىرىنى دەرھال يۇتۇۋەتتى﴾[1] دېگەن ئايەتتىن باشلاپ ئوقۇۋېلىڭ.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئۆزىنى قالتىس چاغلاپ باشقىلارغا چوڭچىلىق قىلىش كۆپلىگەن گۇناھ-مەئسىيەتلەرگە سەۋەب بولىدىغان يامان قىلىقتۇر.

2. سېھىرگەرلەر ئۆزلىرىنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىكىنى نابۇت قىلغۇچىلار بولۇپ، دۇنيادا رەسۋالىقتا، ئاخىرەتتە بولسا قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ.

3. پاك ئادەملەرگە قارا چاپلاش پاسىقلارنىڭ، بۇزغۇنچىلارنىڭ ۋە توغرا يولدىن ئازغان نائەھلىلەرنىڭ ئىشىدۇر.

4. سېھىرگەرلىك ئىسلام دىنى ئۆگىنىشنى ھارام قىلغان ئىلىملەردىن بولۇپ، سېھىرگەرلەر «قۇرئان كەرىم»نىڭ ھۆكمى بويىچە كاپىرلاردۇر.

5. ھەقىقەتنى كۈچلەندۈرۈش، باتىلنى مەغلۇپ قىلىش يولىدا ھەرقانداق بەس-مۇنازىرىلەرگە قاتنىششقا بولىدۇ.

### ◄ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتقان كىشىلەر

﴿فَمَآ ءَامَنَ لِمُوسَىٰٓ إِلَّا ذُرِّيَّةٌ مِّن قَوْمِهِۦ عَلَىٰ خَوْفٍ مِّن فِرْعَوْنَ
وَمَلَإِيْهِمْ أَن يَفْتِنَهُمْ ۚ وَإِنَّ فِرْعَوْنَ لَعَالٍ فِى ٱلْأَرْضِ وَإِنَّهُۥ لَمِنَ
ٱلْمُسْرِفِينَ ﴿٨٣﴾ وَقَالَ مُوسَىٰ يَٰقَوْمِ إِن كُنتُمْ ءَامَنتُم بِٱللَّهِ فَعَلَيْهِ
تَوَكَّلُوٓاْ إِن كُنتُم مُّسْلِمِينَ ﴿٨٤﴾ فَقَالُواْ عَلَى ٱللَّهِ تَوَكَّلْنَا رَبَّنَا لَا تَجْعَلْنَا

---

[1] ئەئراف سۈرىسى: 117- ئايەت.

فِتْنَةً لِّلْقَوْمِ ٱلظَّٰلِمِينَ ﴿٨٥﴾ وَنَجِّنَا بِرَحْمَتِكَ مِنَ ٱلْقَوْمِ ٱلْكَٰفِرِينَ ﴿٨٦﴾
وَأَوْحَيْنَآ إِلَىٰ مُوسَىٰ وَأَخِيهِ أَن تَبَوَّءَا لِقَوْمِكُمَا بِمِصْرَ بُيُوتًا
وَٱجْعَلُوا۟ بُيُوتَكُمْ قِبْلَةً وَأَقِيمُوا۟ ٱلصَّلَوٰةَ ۗ وَبَشِّرِ ٱلْمُؤْمِنِينَ ﴿٨٧﴾

### تەرجىمىسى

**83-مۇساغا (دەۋىتىنىڭ ئەۋۋىلىدە) پەقەت ئۆز قەۋمىدىن بىر بۆلۈك ياشلارلا پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ كاتتىباشلىرىنىڭ زىيانكەشلىك قىلىشىدىن قورقۇپ تۇرۇپ ئىمان ئېيتتى. چۈنكى، پىرئەۋن يەر يۈزىدە ھەقىقەتەن زوراۋان ئىدى، ھەقىقەتەن ھەددىدىن ئاشقۇچىلاردىن ئىدى.**

**84-مۇسا: «ئى قەۋمىم! ئەگەر ئاللاھقا ئىمان ئېيتقان ۋە بويسۇنغان بولساڭلار، ئۇنىڭغىلا تەۋەككۈل قىلىڭلار» دېدى.**

**85-ئۇلار ئېيتتى: «ئاللاھقىلا تەۋەككۈل قىلدۇق، ئى رەببىمىز! زالىم قەۋمنى بىزگە زىيانكەشلىك قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلمىغىن.**

**86-رەھمىتىڭ بىلەن بىزنى ئۇ كاپىر قەۋمدىن قۇتقۇزغىن»**

**87-بىز مۇسا بىلەن ئۇنىڭ قېرىندىشىغا: «قەۋمىڭلار ئۈچۈن مىسىردا ئۆيلەرنى ياساڭلار، ئۆيلىرىڭلارنى ناماز ئوقۇيدىغان جاي قىلىڭلار، نامازنى مۇكەممەل ئوقۇڭلار، (ئى مۇسا!) مۆئمىنلەرگە (غەلىبە بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگىن» دەپ ۋەھيى قىلدۇق.**

### تەپسىرى

ئالدىنقى ئايەتلەردە بايان قىلىنغاندەك، سېھىرگەرلەر ئۆزلىرىنىڭ سېھىرلىرىنى كۆرسەتكەندىن كېيىن، مۇسا ئەلەيھىسسالام ھاسىسىنى تاشلىۋېدى، بۇ ھاسا ئەجدىھاغا ئايلىنىپ سېھىرگەرلەرنىڭ كۆرسەتكەن بارلىق سېھىرلىرىنى دەرھال يۇتۇۋەتتى، ھەقىقەت ئاشكارا بولدى، ئۇلارنىڭ كۆرسەتكەن سېھىرلىرى بەربات بولدى، شۇنىڭ بىلەن سېھىرگەرلەر ھەقىقەتنى تونۇپ ئاللاھ تائالا ئۈچۈن سەجدىگە باش قويدى. ﴿قَالَ فِرْعَوْنُ ءَامَنتُم بِهِۦ قَبْلَ أَنْ ءَاذَنَ لَكُمْ ۖ إِنَّ هَٰذَا لَمَكْرٌ مَّكَرْتُمُوهُ فِى ٱلْمَدِينَةِ لِتُخْرِجُوا۟ مِنْهَآ أَهْلَهَا ۖ فَسَوْفَ تَعْلَمُونَ ﴿١٢٣﴾ لَأُقَطِّعَنَّ أَيْدِيَكُمْ وَأَرْجُلَكُم مِّنْ

خِلَٰفٖ ثُمَّ لَأُصَلِّبَنَّكُمۡ أَجۡمَعِينَ﴾ يەنى ﴿پىرئەۋن ئېيتتى: «سىلەر مەن رۇخسەت قىلماي تۇرۇپ ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتتىڭلار، بۇ چوقۇم سىلەرنىڭ شەھەردىكى چېغىڭلاردا ئاھالىنى شەھەردىن ھەيدەپ چىقىرىش ئۈچۈن ئالدىن پىلانلىغان ھىيلەڭلار ئىكەن. سىلەر (بېشىڭلارغا كېلىدىغاننى) ئۇزاققا قالماي بىلىپ قالىسىلەر. سىلەرنىڭ قولۇڭلارنى، پۇتۇڭلارنى ئوڭ-سول قىلىپ (يەنى ئوڭ قولۇڭلار بىلەن سول پۇتۇڭلارنى ياكى ئوڭ پۇتۇڭلار بىلەن سول قولۇڭلارنى) چوقۇم كېسىپ تاشلايمەن، ئاندىن ھەممىڭلارنى چوقۇم دارغا ئاسىمەن»﴾[1]. مۇشۇنداق زۇلۇم ۋە قىيناشلار سەۋەبىدىن مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئىسرائىل ئەۋلادى ئىچىدىكى بىر بۆلۈك ياشلاردىن ئىبارەت ئازغىنە كىشىلا ئىمان ئېيتتى، قالغانلىرى پىرئەۋندىن قورقۇپ ئىمان ئېيتمىدى. ئىمان ئېيتقان بۇ ئاز ساندىكى كىشىلەرمۇ پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ جاللاتلىرىنىڭ ئازاب-ئوقۇبەتلىرىدىن قورقۇش ۋە ئۇ زالىملارنىڭ ئۇلارنى دىنىدىنياندۇرۇۋېتىشىدىن ئەنسىرەش بىلەن ياشىدى، شۇ ۋاقىتتا زالىم، مۇستەبىت پىرئەۋن: ﴿سَنُقَتِّلُ أَبۡنَآءَهُمۡ وَنَسۡتَحۡيِۦ نِسَآءَهُمۡ وَإِنَّا فَوۡقَهُمۡ قَٰهِرُونَ﴾ يەنى ﴿ئۇلارنىڭ ئوغۇللىرىنى ئۆلتۈرۈپ، قىزلىرىنى (خىزمەتكە سېلىشقا) قالدۇرىمىز، بىز ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلىمىز﴾[2] دېدى. ھەقىقەتەن پىرئەۋن بۇ ۋاقىتتا ئالجىپ تەلۋىلەشكەن ۋە ئىنسانلىقتىن چىقىپ كەتكەن ئىدى. پىرئەۋن ئوبرازى بارلىق مۇستەبىتلەرنىڭ ئوبرازى بولۇپ تا قىيامەتكىچە داۋام قىلىدۇ.

ئى پەيغەمبەر! مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى ئۇنىڭ ئوپئوچۇق مۆجىزىلىرىنى كۆرۈپ تۇرۇپ، پىرئەۋننىڭ زۇلمىدىن قورقۇپ ئىنتايىن ئاز كىشىدىن باشقىسى ئىمان ئېيتمىغان يەردە، سەن قەۋمىڭنىڭ ئىماندىن يۈز ئۆرۈگەنلىكىگە قايغۇرۇپ كەتمىگىن، ئۈمىدسىزلەنمىگىن. ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىلىرىدە سەن ئۈچۈن ئەلۋەتتە ياخشى ئۈلگە بار.

مۇسا ئەلەيھىسسالام قەۋمىگە مۇنداق دېدى: ئى قەۋمىم! ئەگەر سىلەر راستتىنلا ئاللاھقا ئىمان ئېيتقان بولساڭلار، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىدىغان بولساڭلار، سەۋر قىلىڭلار، ئاللاھ تائالاغا ئىشەنچ قىلىپ تايىنىڭلار.

---

[1] ئەئراف سۈرىسى: 123- 124-ئايەتلەر.

[2] ئەئراف سۈرىسى: 127-ئايەت.

ئۇلار: بىز ئاللاھ تائالاغىلا تاياندۇق، ئۇنىڭغا يۈزلەندۇق، بىزنىڭ ۋە دىنىمىزنىڭ دۈشمەنلىرى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشىمىز ئۈچۈن ئۇنىڭدىن ياردەم تىلەيمىز، دەپ مۇنداق دۇئا قىلدى: «ئى رەببىمىز! زالىم قەۋمنى ئۈستىمىزدىن غەلىبە قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ بىزلەرنى يېڭىلگەنلەردىن قىلمىغىن، چۈنكى، مۇنداق قىلساڭ، كىشىلەر بىزنى توغرا چۈشەنمەستىن، ‹قارىمامسىلەر، ئەگەر مۇساغا ئىمان ئېيتقانلارنىڭ دىنى ھەق بولىدىغان بولسا ئىدى، ئۇلار پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ تەۋەلىرى ئالدىدا يېڭىلمىگەن بولاتتى› دېمىسۇن، ئى رەببىمىز! بىزنى زالىم قەۋمنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلىغىن، رەھمىتىڭ ۋە پەزل-كەرەمىڭ بىلەن بىزنى زالىملارنىڭ زۇلمىدىن قۇتقۇزغىن. سېنىڭ ھەقىقىي مۇئمىن بەندىلىرىڭگە ياردەم قىلىش ھەققىدىكى ۋەدەڭ ئەلۋەتتە ھەقتۇر». ﴿وَكَانَ حَقًّا عَلَيْنَا نَصْرُ ٱلْمُؤْمِنِينَ﴾ يەنى ﴿مۇئمىنلەرگە ياردەم قىلىش بىزنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشىمىزدۇر﴾[1].

بىز مۇسا ۋە ئۇنىڭ قېرىندىشىغا ۋەھيى قىلىپ: سىلەرنىڭ ۋە قەۋمىڭلارنىڭ تۇرۇشۇڭلار ئۈچۈن مىسىردا بىر-بىرىگە قاراپ تۇرىدىغان ئايرىم-ئايرىم بىر تۇتاش ئۆيلەرنى سېلىڭلار، ئۆيۈڭلاردا ناماز ئوقۇيدىغان جايلارنى قىلىڭلار، ھەر نامازنى ئۆز ۋاقتىدا مۇكەممەل ئوقۇڭلار. ئى مۇسا! قەۋمىڭگە ئاللاھ تائالانىڭ ھەقىقىي مۇئمىنلەرنى قوغدايدىغانلىقى ۋە ھەمىشە ئۇلارغا ياردەم بېرىدىغانلىقى ھەققىدە خۇش خەۋەر بەرگىن، دېدۇق.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسىنى بايان قىلىپ بېرىش، ئۇ مۆجىزىلەر بىلەن قانچىلىك زور غەلىبىگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭغا ئەگەشكەن مۇئمىنلەرنىڭ ئىنتايىن ئازلىقىنى بىلدۈرۈش ئارقىلىق مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا تەسەللى بەرگەن ۋە ھەق يولدا مۇستەھكەم بولۇشنى تەۋسىيە قىلغان.

2. كىشىلەرگە مۇتەكەببىرلىك قىلىپ غادىيىشنىڭ ئاقىۋىتى خورلۇق ۋە يوقىلىشتۇر. پىرئەۋننىڭ ئاقىۋىتى بۇنىڭ مىسالى.

3. ئاللاھ تائالاغا چىن قەلبىدىن تەۋەككۇل قىلغان كىشىلەر ھەر زامان پايدا تاپىدۇ.

---

[1] رۇم سۈرىسى: 47-ئايەت.

4. ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلغاندا، ئۇنىڭ ئىسىم-سۈپەتلىرىنى ۋەسىلە قىلىش مۇستەھەب بولغاندەك، ھەركىم ئۆزىنىڭ ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن قىلغان خالىس ئەمەللىرىنى ۋەسىلە قىلىپ دۇئا قىلسا بولىدۇ.

5. ئاللاھ تائالا بۇيرۇغان پەرزلەرنى تولۇق ئادا قىلىدىغانلارنىڭ ئىككى ئالەملىك بەخت-سائادىتى كاپالەتلىك بولۇپ، ئۇلار ئەڭ ياخشى ئاقىۋەتلەرگە ئېرىشكۈچىلەردۇر.

### ◄ مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ پىرئەۋن بىلەن ئېلىپ بارغان كۆرەشلىرى

﴿وَقَالَ مُوسَىٰ رَبَّنَآ إِنَّكَ ءَاتَيۡتَ فِرۡعَوۡنَ وَمَلَأَهُۥ زِينَةٗ وَأَمۡوَٰلٗا
فِي ٱلۡحَيَوٰةِ ٱلدُّنۡيَا رَبَّنَا لِيُضِلُّواْ عَن سَبِيلِكَۖ رَبَّنَا ٱطۡمِسۡ عَلَىٰٓ
أَمۡوَٰلِهِمۡ وَٱشۡدُدۡ عَلَىٰ قُلُوبِهِمۡ فَلَا يُؤۡمِنُواْ حَتَّىٰ يَرَوُاْ ٱلۡعَذَابَ
ٱلۡأَلِيمَ ٨٨ قَالَ قَدۡ أُجِيبَت دَّعۡوَتُكُمَا فَٱسۡتَقِيمَا وَلَا تَتَّبِعَآنِّ
سَبِيلَ ٱلَّذِينَ لَا يَعۡلَمُونَ ٨٩ ۞ وَجَٰوَزۡنَا بِبَنِيٓ إِسۡرَٰٓءِيلَ ٱلۡبَحۡرَ
فَأَتۡبَعَهُمۡ فِرۡعَوۡنُ وَجُنُودُهُۥ بَغۡيٗا وَعَدۡوًاۖ حَتَّىٰٓ إِذَآ أَدۡرَكَهُ ٱلۡغَرَقُ
قَالَ ءَامَنتُ أَنَّهُۥ لَآ إِلَٰهَ إِلَّا ٱلَّذِيٓ ءَامَنَتۡ بِهِۦ بَنُوٓاْ إِسۡرَٰٓءِيلَ
وَأَنَا۠ مِنَ ٱلۡمُسۡلِمِينَ ٩٠ ءَآلۡـَٰٔنَ وَقَدۡ عَصَيۡتَ قَبۡلُ وَكُنتَ مِنَ
ٱلۡمُفۡسِدِينَ ٩١ فَٱلۡيَوۡمَ نُنَجِّيكَ بِبَدَنِكَ لِتَكُونَ لِمَنۡ خَلۡفَكَ
ءَايَةٗۚ وَإِنَّ كَثِيرٗا مِّنَ ٱلنَّاسِ عَنۡ ءَايَٰتِنَا لَغَٰفِلُونَ ٩٢ وَلَقَدۡ
بَوَّأۡنَا بَنِيٓ إِسۡرَٰٓءِيلَ مُبَوَّأَ صِدۡقٖ وَرَزَقۡنَٰهُم مِّنَ ٱلطَّيِّبَٰتِ فَمَا
ٱخۡتَلَفُواْ حَتَّىٰ جَآءَهُمُ ٱلۡعِلۡمُۚ إِنَّ رَبَّكَ يَقۡضِي بَيۡنَهُمۡ يَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِ
فِيمَا كَانُواْ فِيهِ يَخۡتَلِفُونَ ٩٣﴾

### ◄ تەرجىمىسى

88-مۇسا ئېيتتى: «ئى رەببىمىز! سەن پىرئەۋنگە ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ كاتتىباشلىرىغا دۇنيا ھاياتىدا زىننەت بۇيۇملىرىنى، تۈرلۈك مال-مۈلۈكلەرنى بەردىڭ. ئى رەببىمىز! ئۇلار (بۇ نېمەتلەر بىلەن ئىنسانلارنى) يولۇڭدىن ئازدۇ-

رۇۋاتىدۇ. ئى رەببىمىز! ئۇلارنىڭ مال-مۈلۈكلىرىنى يوق قىلىۋەتكىن، ئۇلارنىڭ دىللىرىنى قاتتىق قىلغىن[1] شۇنىڭ بىلەن ئۇلار دەردلىك ئازابنى كۆرگەنگە قەدەر ئىمان ئېيتمىسۇن».

89-ئاللاھ ئېيتتى: «ئىككىڭلارنىڭ دۇئاسى ئىجابەت قىلىندى، دەۋىتىڭ-لارنى داۋاملاشتۇرۇڭلار، نادانلارنىڭ يولىغا ئەگەشمەڭلار».

90-بىز ئىسرائىل ئەۋلادىنى دېڭىزدىن ئۆتكۈزۈۋەتتۇق، پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى زۇلۇم ۋە زوراۋانلىق قىلىش ئۈچۈن دەرھال ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلىدى. پىرئەۋن غەرق بولىدىغان چاغدا: «ئىمان ئېيتتىمكى، ئىسرائىل ئەۋلادى ئىمان ئېيتقان ئىلاھتىن باشقا (ھەقىقي) ئىلاھ يوقتۇر، مەنمۇ مۇسۇلمانلاردىن» دېدى.

91-(ئۇنىڭغا شۇنداق دېيىلدى) «ئەمدىمۇ؟ (يەنى ئۆلۈم كەلگەن چاغدا ئەمدى ئىمان ئېيتامسەن؟)(ھالبۇكى، ئىلگىرى (ئاللاھقا) ئاسىيلىق قىلغان ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلغانلاردىن ئىدىڭ.

92-كېيىنكىلەرگە ئىبرەت بولۇشۇڭ ئۈچۈن، بۈگۈن سېنىڭ جەسىتىڭنى (دېڭىزدىن) چىقىرىپ قويىمىز». شەكسىزكى نۇرغۇن كىشىلەر بىزنىڭ ئايەت-لىرىمىزدىن غاپىلدۇر.

93-شەكسىزكى، بىز ئىسرائىل ئەۋلادىنى ياخشى جايغا ئورۇنلاشتۇردۇق، ئۇلارنى شېرىن نەرسىلەر بىلەن رىزىقلاندۇردۇق، ئۇلارغا (تەۋراتتىن ئىبارەت) ئىلىم كەلگەندىن كېيىن، ئۇلار (دىن ئىشىدا) ئىختىلاپ قىلىشتى. قىيامەت كۈنى رەببىڭ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۇلار ئىختىلاپ قىلىشقان نەرسىلەر ئۈستىدە ئەلۋەتتە ھۆكۈم چىقىرىدۇ.

### ◄ تەپسىرى

﴿زىننەت بۇيۇملىرى﴾ دەپ تەرجىمە قىلىنغان ﴿زِينَةً﴾ دېگەن سۆز ھاياتلىقنىڭ زۆرۈر ئېھتىياجلىرىنىڭ سىرتىدىكى نېمەتلەرنى كۆرسىتىدۇ. ھاياتنىڭ زۆرۈر ئېھتىياجلىرى ھەر زامان ۋە ھەر ماكاننىڭ ئېھتىياجىغا ۋە

[1] بۇ ئايەتنى «ئۇلارنىڭ دىللىرىنى پېچەتلىۋەتكىن» دەپ تەرجىمە قىلغانلارمۇ ۋە «قوللىرىدىن كەتكەن مال-دۇنيانىڭ ھەسرىتى بىلەن ئۇلارنىڭ دىللىرىنى مۇجۇپ ئازابلىغىن» دەپ تەپسىر قىلغانلارمۇ بار.

شارائىتىغا قاراپ پەرقلىق بولۇشى مۇمكىن.

مۇسا ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالاغا مۇناجات قىلىپ، پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ كاتتىباشلىرى ئۈستىدىن دەردلەنگەن، ئۇلارنىڭ ئىمان ئېيتماسلىقىنىڭ ۋە باشقىلارنى توغرا يولدىن ئازدۇرۇشىنىڭ سەۋەبىنى ئۇلارغا مال-دۇنيانىڭ ۋە زىننەت بۇيۇملىرىنىڭ كۆپ بېرىلگەنلىكىدىن دەپ ئوتتۇرىغا قويغان. يەنى ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدىكى ئارتۇقچە مال-دۇنيانىڭ ۋە زىننەت بۇيۇملىرىنىڭ ئۇلارنىڭ ئىمان ئېيتماسلىقىغا ۋە كىشىلەرنى توغرا يولدىن توسۇشىغا سەۋەب بولغانلىقىنى بايان قىلغان. گويا مۇسا ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالاغا مۇنداق دەپ مۇناجات قىلغان: ئى ئاللاھ! سەن پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ كاتتىباشلىرىغا مال-دۇنيا، زىننەت بۇيۇملىرى، ھوقۇق-مەنسەپ، يۈز-ئابرۇي قاتارلىق نېمەتلەردىن يەتكۈچە بەردىڭ. نىھايەت، ئۇلار بۇ مال-دۇنيا بىلەن ئېگىز قەسىرلەرنى، ھەيۋەتلىك بىنالارنى سالدى. دۇنيالىق مەنپەئەتلەرنى ھەممىدىن بەك ياخشى كۆرۈپ، بارلىقىنى مۇشۇ پانىي دۇنيالىق ئۈچۈن ئاتىدى. ئى ئاللاھ! سېنىڭ ئۇلارغا ئاتا قىلغان بۇ سانسىز نېمەتلىرىڭ ئۇلارنىڭ توغرا يولدىن ئېزىپ كېتىشىگە ۋە باشقىلارنىمۇ ئازدۇرۇپ كېتىشىگە سەۋەب بولدى. ئى ئاللاھ! ئۇلارنىڭ مال-دۇنياسىنى يوق قىلىۋەتكىن، ئۇلارنىڭ ئېسىل قەسىرلىرىنى بەربات قىلىۋەتكىن، قوللىرىدىن كەتكەن مال-دۇنيانىڭ ھەسرىتى بىلەن ئۇلارنىڭ دىللىرىنى مۇجۇپ ئازابلىغىن، ئۇلارنىڭ دىللىرىنى ئىمان ۋە ھىدايەتنىڭ نۇرىنى قوبۇل قىلمايدىغان قاتتىق قىلىۋەتكىن، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ دىللىرى تېخىمۇ قاتتىقلىشىپ، تېخىمۇ قارىيىپ كەتسۇن، قەلبى ئىمانغا ئېچىلمىسۇن. چۈنكى، ئۇلار قاتتىق ئازابنى كۆرمىگۈچە ئىمان ئېيتمايدۇ.

مۇسا ئەلەيھىسسالام دۇئا قىلاتتى، ھارۇن ئەلەيھىسسالام «ئامىن» دەيتتى. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلغان ۋە ئۇلارنى دەۋەت يولىدا مەھكەم تۇرۇشقا، پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنى ئىمانغا دەۋەت قىلىشتىن ۋاز كەچمەسلىككە، نادانلارنىڭ يولىغا ئەگەشمەسلىككە بۇيرۇغان.

جاپا تارتقانلارنىڭ راھەت كۆرۈشى، كۆڭلى سىقىلغانلارنىڭ خۇشاللىققا ئېرىشىشى، ئېزىلگەنلەرنىڭ ئازادلىققا چىقىشى ۋە تۇرمىگە كىرىپ قالغانلارنىڭ ئەركىنلىككە چىقىشى مۇقەررەردۇر. ئاللاھ تائالا ئىسرائىل ئەۋلادىنى پىرئەۋننىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ مىسىردىن ئايرىلىپ، پەلەستىن زېمىنىگە قاراپ يولغا چىقىشىنى ئىرادە قىلغان ئىدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام قېرىندىشى ھارۇن ئەلەيھىسسالام بىلەن

بىرلىكتە پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ كۆز-قۇلاقلىرى غەپلەتتە قالغان بىر ۋاقىتتا، ئىسرائىل ئەۋلادىنى باشلاپ مىسىردىن يولغا چىقتى. پىرئەۋن بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بارلىق قوشۇنلىرى بىلەن ئۇلارنى قوغلاپ بېرىپ، مىسىرنىڭ ھازىرقى سۇۋەيش قانىلىدا ئۇلارغا يېتىشىۋالدى، بۇ ۋاقىتتا ئىسرائىل ئەۋلادى مۇسا ئەلەيھىسسالامغا: ئى مۇسا! كەينىمىزدىن پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قوشۇنلىرى قوغلاپ كەلدى، ئالدىمىزدا دېڭىز تۇرسا، ئەمدى بىز قانداق قىلىمىز؟ دېيىشتى. ئەمما مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ پىرئەۋندىن قۇتۇلۇشقا بولغان ئىشەنچىسى تولۇق ئىدى، چۈنكى، ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمىگە ئىشەنچ قىلاتتى. شۇڭا ئۇ قەۋمىنى خاتىرجەم قىلغان ھالدا ئۇلارغا: ﴿كَلَّآ إِنَّ مَعِيَ رَبِّي سَيَهۡدِينِ﴾ يەنى ﴿ئۇنداق بولمايدۇ! رەببىم چوقۇم مەن بىلەن بىللىدۇر، ماڭا يول كۆرسىتىدۇ﴾[1] دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا: ھاساڭ بىلەن دېڭىزغا ئۇرغىن، دەپ ۋەھيى قىلدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام ھاسىسى بىلەن دېڭىزغا ئۇرغاندىن كېيىن، دېڭىز سۈيى ئىككى تەرەپكە بۆلۈنۈپ، ئوتتۇرىسىدىن قۇرۇقلۇق يول ھاسىل بولدى، ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ ھەربىر قەبىلىسى ئۆزلىرىگە دېڭىزدىن ئېچىلغان يوللاردىن مېڭىپ ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمى بىلەن دېڭىزدىن سالامەت ئۆتۈپ كەتتى، ئەمما پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ ھەددىدىن ئاشقان زالىم قوشۇنى ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ دېڭىزغا كىرگەندە، دېڭىز سۈيى بىرلىشىپ ئەسلىگە قايتىپ ئۇلارنى غەرق قىلىۋەتتى، ئۇلارنى قۇتۇلدۇرۇپ قالىدىغان ھېچبىر ياردەمچى بولمىدى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ سۇدا غەرق بولىدىغانلىقىنى جەزم قىلغان ۋاقىتتا، پىرئەۋن ئىمان ئېيتتى. ئېنىقكى، بۇنداق ۋاقىتتا ھەرقانداق كاپىر، ئاسىي، زالىم، گۇناھكار ئادەممۇ ئىمان ئېيتىدۇ. لېكىن بۇ ۋاقىتتا ئېيتقان ئىماننىڭ ۋە قىلغان تەۋبىنىڭ قىلچە پايدىسى بولمايتتى. شۇنداق، پىرئەۋن ئۆلىدىغان ۋاقىتتا: ﴿ئىمان ئېيتتىمكى، ئىسرائىل ئەۋلادى ئىمان ئېيتقان ئىلاھتىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر، ئەمدى مەنمۇ مۇسۇلمانلاردىن بولدۇم﴾ دېدى. ئۇنىڭغا دېيىلدىكى، ئەمدىمۇ؟ مۇشۇ ۋاقىتتا-ھاياتتىن ئۈمىدىڭ ئۈزۈلگەندە، ئۆلۈمنى كۆرگەندە، ئارقىغا قايتىشقا چارەڭ قالمىغاندا، ئاللاھ تائالانىڭ قولىغا چۈشكىنىڭدە-ئىمان ئېيتامسەن؟ ھالبۇكى، سەن پۈتۈن ھاياتىڭدا ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلدىڭ، يەر يۈزىدە كۇفرى-مەئسىيەت ۋە زوراۋانلىق قىلىش بىلەن بۇزغۇنچىلىق تېرىدىڭ. بۈگۈن بىز سېنىڭ جەسىتىڭنى قۇتقۇزۇپ، ئۇنى

---

[1] شۇئەرا سۈرىسى: 62-ئايەت.

دېڭىز ساھىلىغا چىقىرىپ قويىمىز، شۇنىڭ بىلەن سېنى ئىنسانلارنىڭ ئۈستىدە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان ئىلاھ، دەپ ئېتىقاد قىلىدىغانلار ۋە سېنىڭ ئۆلگەنلىكىڭدىن شەك قىلىدىغانلار سېنىڭ راستتىنلا ئۆلگەنلىكىڭگە ئىشىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن سەن كېيىنكىلەر ئۈچۈن ئىبرەت بولۇپ قالىسەن، سېنىڭ ساقلىنىدىغان جەسىتىڭ ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى نامايان قىلىدىغان دەلىللەر قاتارىدا قالىدۇ. چۈنكى، ئىنسانلارنىڭ نۇرغۇنى بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزدىن غاپىلدۇر.

ئۇزۇن زاماندىن بېرى يەر يۈزىدە چوڭچىلىق قىلىپ، خەلقنىڭ يەلكىسىگە مىنىۋالغان مۇستەبىت ھاكىممۇتلەق پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ تەۋەلىرى تەرىپىدىن ئېغىر ئازاب-ئوقۇبەتلەرگە مۇپتىلا بولغان، ئوغۇللىرى ئۆلتۈرۈلۈپ، قىزلىرى ھايات قالدۇرۇلۇپ قۇل قىلىنغان ئىسرائىل ئەۋلادىنى ئاللاھ تائالا ئۆزىنى ئىلاھ دەپ دەۋا قىلغان ۋە مەن مىسىرنىڭ پادىشاھى، دېڭىز مېنىڭ بۇيرۇقۇم بىلەن ئاقىدۇ، دەپ داۋراڭ سالغان پىرئەۋندىن قۇتۇلدۇردى. ئى قۇرەيش كاپىرلىرى! سىلەر كۈچ-قۇۋۋەت، مال-مۈلۈك ۋە ھەربىي جەھەتتە پىرئەۋندىن يۇقىرى ئەمەسسىلەر، ئەقىل ئىگىسى بولساڭلار بۇنىڭدىن ئىبرەت ئېلىڭلار. ئەپسۇسكى، نۇرغۇن كىشىلەر بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزدىن غاپىلدۇر.

بىز ئىسرائىل ئەۋلادىنى پىرئەۋننىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلدۇرغاندىن كېيىن، ئۇلارنى تىنچ جايلارغا ئورۇنلاشتۇردۇق، ئۇلارغا پاكىز، ئېسىل نەرسىلەرنى رىزىق قىلىپ بەردۇق. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ئىبراھىم، ئىسھاق ۋە يەئقۇب ئەلەيھىسسالاملارنىڭ تىلى ئارقىلىق پەلەستىن زېمىنىنى ئىسرائىل ئەۋلادىغا ۋەدە قىلغان ئىدى، ئەمما ئۇلار پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغانلىقى، بولۇپمۇ ئىيسا ئەلەيھىسسالام بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئىنكار قىلغانلىقى ئۈچۈن ئاللاھ تائالا ئۇلاردىن بۇ زېمىنىنى تارتىۋالغان.

يەھۇدىيلار ئۆزلىرى بىلىدىغان ھەقىقەت كەلگەنگە قەدەر دىندا ئىختىلاپ قىلىشمىغان ئىدى. ئۇلار بىلىدىغان ھەقىقەت مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ كېلىشى ئىدى. چۈنكى، ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاخىر زامان پەيغەمبىرى بولۇپ كېلىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلەتتى، شۇڭا ئۇلار كاپىرلار بىلەن ئۇرۇش قىلىپ قالسا، ئاخىر زاماندا ئەۋەتىلىدىغان پەيغەمبەرنىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ تۇرۇپ، ئاللاھ تائالادىن ئۆزلىرىگە غەلىبە تىلەيتتى. ئەمما مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇلار ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىش مەسىلىسىدە

ئىختىلاپلىشىپ، بەزىسى ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتتى، ئەمما كۆپچىلىكى ھەسەت قىلىش، چوڭچىلىق تالىشىش دېگەندەك سەۋەبلەر بىلەن ئۇنى ئىنكار قىلدى. ئى پەيغەمبەر! قىيامەت كۈنى رەببىڭ ئۇلار ئىختىلاپ قىلىشقان نەرسىلەر توغرىسىدا، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا چوقۇم ھۆكۈم چىقىرىدۇ، شۇڭا بۇ كاپىرلارنىڭ قىلمىشلىرى سېنى بىئارام قىلمىسۇن، ھەرگىز قايغۇرمىغىن!

## ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. زالىملارنىڭ ھالاكىتىنى تىلەپ دۇئا قىلىش جائىزدۇر.

2. مال-دۇنيانىڭ كۆپ بولۇشى ئەيىبلىك ئىش ئەمەس، ئەمما مال-دۇنياغا بېرىلىپ، ئاللاھ تائالانى ئۇنتۇپ كېتىش ۋە ھالال-ھارامنىڭ پەرقىنى ئايرىماسلىق ئەيىبلىك قىلمىشتۇر. مۇنداق مال-دۇنيا ھېچكىمگە ياخشىلىق ئېلىپ كەلمەيدۇ.

3. باشقىلارغا زۇلۇم قىلىشتا، ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى كۆزگە ئىلماسلىقتا ھەددىدىن ئاشقانلارنى ئاللاھ تائالا تەۋبە قىلىشقا پۇرسەت بەرمەستىن شۇ گۇناھلىرى بىلەن ئۇ دۇنياغا ئېلىپ كېتىدۇ. چۈنكى، ئۇلار قاتتىق ئازاب-ئوقۇبەتلەرگە تېگىشلىك بولغان زالىملاردۇر.

4. جاھالەت ئەھلىدىن ھەزەر ئەيلەش ۋە ئۇلارنىڭ يولىغا كىرىپ قېلىشتىن ساقلىنىش ھەربىر مۇسۇلمان ئۈچۈن زۆرۈردۇر.

5. بۇرۇن تەۋبە قىلماستىن سەكراتقا چۈشكەن ۋاقتىدا قىلغان تەۋبە قوبۇل بولمايدۇ.

6. ھەرقانداق ئەقىللىق ئادەم مۇسۇلمان ھالىتىدە ۋاپات بولۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ. ھەتتا پىرئەۋنمۇ ئۆلۈمنى كۆرگىنىدە ئىمان ئېيتقان.

7. «ئاللاھتىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوقتۇر، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسىدۇر» دېگەن كەلىمە تەييىبە ئىمان بىلەن كۇفرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى چەك-چېگرا بولۇپ، بۇ كەلىمىنى چىن قەلبىدىن ئېيتقان ئادەم مۇسۇلمان بولىدۇ.

8. دۇنيادا ئورغۇن ئادەملەر ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزلىرىدىن نېمىلەرنى تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى ۋە ئۆزلىرىنىڭ قانداق بولۇشى كېرەكلىكىنى بىلمەستىن ھايات كەچۈرىدۇ. ئۇلار ھەقىقەتلەردىن غەپلەتتە قالغان ۋە ئۆزلىرى بىلگەنلىرىنى ھەقىقەت دەپ ئويلاپ قالغان ئازغۇنلاردۇر.

9. ئاللاھ تائالا ئۆز ۋاقتىدا ئىسرائىل ئەۋلادىنى جاھان ئەھلىدىن ھۆرمەتلىك قىلغان ۋە ئۇلارغا كاتتا ئىنئاملارنى ئاتا قىلغان.

10. ھالال ئاللاھ تائالا ئىستېمال قىلىشقا رۇخسەت قىلغان ھەرقانداق نەرسىنى كۆرسىتىدۇ. ھالال يېيىش ئىبادەت ۋە ئىبادەتنىڭ قوبۇل بولۇشى ئۈچۈن شەرتتۇر.

11. ئاللاھ تائالا بىر مىللەتنى ھالاك قىلماقچى بولسا، ئاۋۋال ئۇلاردىن بىرلىكنى ۋە ئىناقلىقنى سۇغۇرۇپ ئېلىۋالىدۇ، ئاندىن ئۇلارنى ئۆزئارا ئىختىلاپلارغا سالىدۇ.

12. قىيامەت كۈنى ھەق بىلەن ناھەق، توغرا بىلەن خاتا، ياخشى بىلەن يامان ئايرىلىدىغان ئايرىش كۈنىدۇر.

### ◄ «قۇرئان كەرىم»نىڭ ھەقلىقى

﴿فَإِن كُنتَ فِي شَكٍّ مِّمَّآ أَنزَلۡنَآ إِلَيۡكَ فَسۡـَٔلِ ٱلَّذِينَ يَقۡرَءُونَ ٱلۡكِتَٰبَ مِن قَبۡلِكَۚ لَقَدۡ جَآءَكَ ٱلۡحَقُّ مِن رَّبِّكَ فَلَا تَكُونَنَّ مِنَ ٱلۡمُمۡتَرِينَ ﴿٩٤﴾ وَلَا تَكُونَنَّ مِنَ ٱلَّذِينَ كَذَّبُواْ بِـَٔايَٰتِ ٱللَّهِ فَتَكُونَ مِنَ ٱلۡخَٰسِرِينَ ﴿٩٥﴾ إِنَّ ٱلَّذِينَ حَقَّتۡ عَلَيۡهِمۡ كَلِمَتُ رَبِّكَ لَا يُؤۡمِنُونَ ﴿٩٦﴾ وَلَوۡ جَآءَتۡهُمۡ كُلُّ ءَايَةٍ حَتَّىٰ يَرَوُاْ ٱلۡعَذَابَ ٱلۡأَلِيمَ ﴿٩٧﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

94ـ(ئى پەيغەمبەر!) مۇبادا بىز ساڭا بەرگەن خەۋەردىن شەكلەنسەڭ، سەندىن ئىلگىرى (بىز نازىل قىلغان) كىتاب (تەۋرات)نى ئوقۇغانلاردىن سوراپ باققىن، شۈبھىسىزكى، ساڭا رەببىڭ تەرىپىدىن ھەقىقەت كەلدى. شۇڭا سەن ھەرگىز (بۇ خەۋەرگە) شەك كەلتۈرگۈچىلەردىن بولمىغىن.

95ـسەن ھەرگىز ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغۇچىلاردىن بولمىغىن، (ئۇنداق قىلساڭ) زىيان تارتقۇچىلاردىن بولۇپ قالىسەن.

96ـ97ـ شۈبھىسىزكى، رەببىڭنىڭ (كۇفرى ئۈستىدە ئۆلىدۇ دېگەن) سۆزى تېگىشلىك بولغانلار پۈتۈن مۆجىزىلەر كەلگەن تەقدىردىمۇ، قاتتىق ئازابنى كۆرمىگۈچە ئىمان ئېيتمايدۇ.

### ◄ تەپسىرى

ئاللاھ تائالا ئىسرائىل ئەۋلادىنى ئىلىم -مەرىپەتلىك كىشىلەر دەپ بىلگەنلىكتىن، ئۇلارنى ﴿سەندىن ئىلگىرى (بىز نازىل قىلغان) كىتاب (تەۋرات)نى ئوقۇغانلار﴾ دەپ سۈپەتلىگەن. ئۆز ۋاقتىدا يەھۇدىيلار بىلەن خىرىستىيانلار ئەرەبلەرگە نىسبەتەن ئىلىم-مەرىپەتلىك كىشىلەر سانىلاتتى. چۈنكى، ئۇلار «تەۋرات» ۋە «ئىنجىل» قاتارلىق ساماۋى كىتابلارنىڭ ۋارىسلىرى ئىدى. بولۇپمۇ ئۆز ۋاقتىدا مەدىنىدە ياشايدىغان يەھۇدىيلار «تەۋرات»نى بىلەتتى. «تەۋرات» تا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرى بايان قىلىنغان ۋە ئۇنىڭ كېلىدىغانلىقىدىن بېشارەتلەر بېرىلگەن. ئەھلى كىتاب ئۆلىمالىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى «تەۋرات» ۋە «ئىنجىل»لاردىكى سۈپەتلىرى ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ بالىلىرىنى تونۇغاندەك تونۇيتتى. ئاللاھ تائالا بۇ يەردە ئۇلارنىڭ «قۇرئان كەرىم»نىڭ ھەقلىقى ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى بىلىدىغانلىقىنى تەكىتلەپ مۇنداق دېگەن: ئى پەيغەمبەر! ناۋادا سەن بىزنىڭ ساڭا نازىل قىلغانلىرىمىزدىن، خۇسۇسەن بىز ساڭا نازىل قىلغان نۇھ ۋە مۇسا قاتارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىلىرىدىن شەكلىنىدىغان بولساڭ، ئىلگىرى ساماۋى كىتابلارنى ئوقۇغان ئەھلى كىتابنىڭ ئالىملىرىدىن، بولۇپمۇ «تەۋرات»نى ئوقۇغان يەھۇدىي ئۆلىمالىرىدىن سوراپ باققىن. چۈنكى، ئۇلار ساڭا نازىل قىلىنغان «قۇرئان كەرىم»نىڭ، ئۇنىڭدىكى بارچە قىسسىلەرنىڭ ۋە جىمى ئايەتلەرنىڭ ھەق ۋە توغرا ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ.

رەببىڭنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ساڭا رەببىڭ تەرىپىدىن ھەق ئىكەنلىكىدە قىلچە شەك-شۈبھە بولمىغان روشەن ھەقىقەت كەلدى. شۇڭا سەن ھەرگىز شەك قىلغۇچىلارنىڭ جۈملىسىدىن بولمىغىن، يەنى سەن يولۇڭنى داۋاملاشتۇرۇۋەرگىن، ئاللاھ تائالانىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ قاتارىدىن بولمىغىن، بولمىسا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە زىيان تارتقۇچىلاردىن بولۇپ قالىسەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق دىن توغرۇلۇق شەك قىلىشى ياكى ئاللاھ تائالانىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلىشى قەتئىي مۇمكىن ئەمەس. مەلۇمكى، ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتلەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىش ئارقىلىق ھەقىقەتتىن شەك قىلىدىغان، «قۇرئان كەرىم»نى ئىنكار قىلىدىغان گۇناھكار كاپىرلارنى ئاگاھلاندۇرغان. بۇ ئۇسۇل كىنايە دەپ ئاتىلىدۇ، يەنى «قىزىم سىزگە ئېيتاي، كېلىنىم ئاڭلىسۇن» دېگەنگە

ئوخشاش.

﴿قاتتىق ئازابنى كۆرمىگۈچە ئىمان ئېيتمايدۇ﴾ يەنى رەببىڭنىڭ جازاسىغا ھەقلىق بولغان، دوزاخقا كىرىدىغانلىقى توغرۇلۇق ھۆكۈم بېكىتىلىپ بولغان كاپىرلار بەربىر ئىمان ئېيتمايدۇ. بۇنىڭدىن ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارنىڭ ئىمان ئېيتىشىنى مەنئى قىلغانلىقى چىقمايدۇ، بەلكى ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارنىڭ ئىمان ئېيتمايدىغانلىقىدىن ئالدىنئالا خەۋەر بەرگەنلىكى ئىپادىلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئىنكار يولىنى ئۆزلىرى تاللىۋالغان بولۇپ، ھىدايەتتىن ئازغۇنلۇقنى ئەۋزەل كۆرگەن. بۇ سەۋەبتىن دوزاخقا لايىق بولغان.

ئاللاھ تائالانىڭ ئىلمىدە ئىمان ئېيتمايدۇ دەپ يېزىلىپ كەتكەن ئاشۇ ئىنسانلار ھەرگىز ئىمان ئېيتمايدۇ، كائىناتتا ياكى ئىلمىي تەتقىقاتلاردا ياكى «قۇرئان كەرىم»دە ئىسپاتلانغان ئوپئوچۇق ھەقىقەتلەر ئۇلارنىڭ ئالدىغا كەلتۈرۈلگەن تەقدىردىمۇ، ئۇلار ئازابنى كۆرمىگۈچە ئىمان ئېيتمايدۇ. ئۇلار خۇددى پىرئەۋنگە ئوخشاش ئازابنىڭ ئالامەتلىرىنى كۆرگەندىن كېيىنلا ئىمان ئېيتىدۇ. ئەمما ئۇ ۋاقىتتا ئېيتقان ئىماننىڭ ۋە قىلغان تەۋبىنىڭ نېمىگە پايدىسى بولسۇن؟!

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ساماۋى دىنىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبىرى بولۇپ، بۇ ھەقىقەت «تەۋرات»، «ئىنجىل» قاتارلىق ساماۋى كىتابلاردا بايان قىلىنغان.

2. بىلمىگەنلىرىنى بىلىدىغانلاردىن سوراپ ئۆگىنىش ھەربىر مۇسۇلمانىنىڭ مۇسۇلمانلىق بۇرچىدۇر.

3. ئاللاھ تائالانىڭ ئايەتلىرىنى ۋە مۆجىزىلىرىنى ئىنكار قىلغانلار دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە قاتتىق زىيان تارتقۇچىلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتى تولىمۇ ياماندۇر.

4. دىندا شەك قىلىش كاپىرلىقتۇر. دىنىنىڭ ھەقلىقى ياكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكى ياكى «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئاللاھنىڭ سۆزى ئىكەنلىكى توغرۇلۇق شەك پەيدا بولغان ۋاقىتتا، ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلىپ شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىدىن ۋە ئازدۇرۇۋېتىشىدىن پاناھ تىلەش لازىم. چۈنكى، شەيتان ئادەمنىڭ كۆڭلىگە ھەرخىل بولمىغۇر خىياللارنى سالىدۇ.

### ◄ يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنىڭ ئىمان ئېيتىشى

﴿فَلَوْلَا كَانَتْ قَرْيَةٌ ءَامَنَتْ فَنَفَعَهَآ إِيمَٰنُهَآ إِلَّا قَوْمَ يُونُسَ لَمَّآ
ءَامَنُوا۟ كَشَفْنَا عَنْهُمْ عَذَابَ ٱلْخِزْىِ فِى ٱلْحَيَوٰةِ ٱلدُّنْيَا وَمَتَّعْنَٰهُمْ إِلَىٰ
حِينٍ ﴿٩٨﴾ وَلَوْ شَآءَ رَبُّكَ لَءَامَنَ مَن فِى ٱلْأَرْضِ كُلُّهُمْ جَمِيعًا ۚ أَفَأَنتَ
تُكْرِهُ ٱلنَّاسَ حَتَّىٰ يَكُونُوا۟ مُؤْمِنِينَ ﴿٩٩﴾ وَمَا كَانَ لِنَفْسٍ أَن تُؤْمِنَ
إِلَّا بِإِذْنِ ٱللَّهِ ۚ وَيَجْعَلُ ٱلرِّجْسَ عَلَى ٱلَّذِينَ لَا يَعْقِلُونَ ﴿١٠٠﴾﴾

### ◄ تەرجىمىسى

98- ئاھالىلىرى ئىچىدە يۇنۇسنىڭ قەۋمىدىن باشقىسىغا (ئازابنىڭ شەپىسىنى كۆرۈپ) ئېيتقان ئىمانىنىڭ پايدىسى بولغىنى يوق. يۇنۇسنىڭ قەۋمى ئىمان ئېيتتى، دۇنيا ھاياتىدا رەسۋا قىلىدىغان ئازابنى ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن كۆتۈرۈۋەتتۇق، ئۇلارنى مەلۇم ۋاقىتقىچە (ھاياتلىقتىن) بەھرىمەن قىلدۇق.

99- ئەگەر رەببىڭ خالىسا ئىدى، يەر يۈزىدىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئەلۋەتتە ئىمان ئېيتقان بولاتتى. سەن كىشىلەرنى مۆئمىن بولۇشقا مەجبۇر-لىماقچىمۇ؟

100- ئاللاھنىڭ ئىزنى بولماستىن ھېچكىم ئىمان ئېيتمايدۇ. ئاللاھ ئەقلىنى ئىشلەتمەيدىغانلارنى ئازابقا مەھكۇم قىلىدۇ.

### ◄ تەپسىرى

ھەقىقىي ئىمان ئۆلۈمنىڭ شەپىسىنى كۆرۈشتىن ئىلگىرى ئېيتىلغان ئىماندۇر. مۇشۇنداق ئىمانلا كىشىگە مەنپەئەت قىلىدۇ. ئەمما سەكراتقا چۈشكەندە ياكى ئۆلۈم كۆزىگە كۆرۈنگەن چاغدا ئېيتقان ئىمانىنىڭ قىلچە پايدىسى بولمايدۇ. يەنى جان ئۈزۈش ئالدىدا ياكى سۇدا غەرق بولغاندا ۋەياكى ئازاب چۈشكەندە ئېيتقان ئىمانىنىڭ پايدىسى بولمايدۇ.

كاشكى، ئۆزلىرىگە پەيغەمبەر ئەۋەتىلگەن شەھەرلەرنىڭ ئاھالىسى ئازاب چۈشۈشتىن ئىلگىرى ئىمان ئېيتقان بولسا، شۇنداقلا ئەمەلنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كېتىشتىن بۇرۇن ئەمەل قىلغان بولسا ئىدى، ئۇلار ھەرگىزمۇ ھالاك قىلىنمىغان بولار ئىدى. ئەمما ئۇلار ئۆلۈمنى ياكى ئازابنى كۆرگەن

ۋاقتىدىلا ئەقلىنى تاپماقچى بولدى. بىراق بۇ ۋاقىتتا ئەقلىنى تاپقاننىڭ، ئىمان ئېيتقاننىڭ نېمىگە پايدىسى بولسۇن؟!

يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى بولسا، ئازابنىڭ شەپىسىنى كۆرەر-كۆرمەيلا دەرھال ئىمان ئېيتىشتى. شۇڭا ئۇلاردىن ئازاب كۆتۈرۈۋېتىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار دۇنيانىڭ خارلىقىدىن ۋە رەسۋالىقىدىن ساقلىنىپ قالدى، ئۇلار ئىمان ئېيتقاندىن باشلاپ دۇنيادىكى ھاياتى ئاخىرلاشقانغا قەدەر دۇنيا نېمەتلىرىدىن كەڭتاشا بەھرىمەن قىلىندى.

﴿ئەگەر رەببىڭ خالىسا ئىدى، ئەلۋەتتە، يەر يۈزىدىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئىمان ئېيتقان بولاتتى﴾ ئۇ چاغدا ئاللاھ تائالا ئۇلارنى پەرىشتىلەرگە ئوخشاش ئىمانغا تەييار بولغان ھالەتتە يارىتاتتى، ئىنسانلارنىڭ ھەممىسىنى بىر ئۈممەت (يەنى مۇسۇلمان) قىلاتتى، ئەمما ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ ئەزەلىي ئىلمى بىلەن ئىنسانلار ئارىسىدا ياخشىلىقنى ياكى يامانلىقنى، ئىماننى ياكى كۇفرىنى تاللايدىغانلارنىڭ بارلىقىنى بىلگەنلىكتىن، ئۇلارنى ئىمانغا ياكى كۇفرىغا زورلىمىغان، بەلكى ئۇلارغا نىجاتلىق بىلەن ھالاكەتنىڭ يوللىرىنى ئوچۇق بايان قىلىپ بېرىپ، ئۇلار ئۈچۈن تولۇق ئەركىنلىك ۋە بۇ ئىككى يولدىن بىرىنى تاللاش ئىختىيارىنى بەرگەن.

﴿سەن كىشىلەرنى مۆئمىن بولۇشقا مەجبۇرلىماقچىمۇ؟﴾ چۈنكى، بۇنداق قىلىش توغرا ئەمەس، ھېچكىمنىڭ كىشىلەرنى دىنغا كىرىشكە مەجبۇرلاش ھەققى يوق. ﴿لَآ إِكۡرَاهَ فِي ٱلدِّينِۖ﴾ يەنى ﴿دىندا زورلاش يوقتۇر﴾[1]. ئەگەر مەجبۇرلاشقا توغرا كەلسە، ئۇنىڭغا پەقەت ئاللاھ تائالانىڭلا كۈچى يېتىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ھەممىگە قادىردۇر. ئەمما باشقىلار كىشىلەرنىڭ قەلبىگە ھۆكۈمرانلىق قىلالمايدۇ.

﴿ئاللاھنىڭ ئىزنى بولماستىن ھېچكىم ئىمان ئېيتمايدۇ﴾. چۈنكى، بەندىلەرنىڭ ئىرادىسى پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسى ئاستىدا بولۇپ، ئاللاھ تائالا خالىمىغان ئىشنى ھېچكىم خالىيالمايدۇ. ئەمما ئاللاھ تائالا ھېچكىمنى بىرەر ئىشنى قىلىشقا مەجبۇرلىمايدۇ، بەلكى ئۇنىڭغا تاللاش ئەركىنلىكى بېرىدۇ. توغرا يولدا ماڭمىغان، ياخشىلىقنى تاللىمىغان ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ئايەتلىرى توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزمىگەن بەختسىزلەر خارلىققا، ھالاكەتكە ۋە ئاخىرەتتە قاتتىق ئازابقا مەھكۇمدۇر. ئى ئەقىل

[1] بەقەرە سۈرىسى: 256-ئايەت.

ئىگىلىرى! بۇنىڭدىن ئىبرەت ئېلىڭلار!

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىگە بولغان رەھىم-شەپقىتىنىڭ ئالامەتلىرىدىن بىرى ئۇلارنى ئىمانغا دەۋەت قىلغانلىقى ۋە ئۇنىڭ بەختسائادەتنىڭ يوللىرىنى ئوچۇقلاشتۇرۇپ بەرگەنلىكىدۇر.

2. تەۋبىنىڭ ئىشىكى تا قىيامەتكىچە ياكى ئۆلۈم كەلگىچە ئوچۇق بولۇپ، ئاللاھ تائالاغا تەۋبە قىلىپ، يامانلىقلىرىنى تەرك ئېتىپ توغرا يولغا كىرىشنى خالىغانلار ئۈچۈن يول ئوچۇقتۇر، ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتى مول، مەغپىرىتى چەكسىزدۇر.

3. ئاللاھ تائالانىڭ كائىناتتا بېكىتىۋەتكەن قانۇنىيىتى مەڭگۈگە ئۆزگەرمەيدۇ، بەلگىلىگەن ئەجىلى ۋە تەقدىرى ئىلگىرى-كېيىن بولمايدۇ.

4. ھىدايەت ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدە بولۇپ، خالىغان بەندىسىنى ئۇنىڭغا ھىدايەت قىلىدۇ. پەيغەمبەرنىڭ ۋە دىنغا دەۋەت قىلغان ھەرقانداق ئادەمنىڭ ۋەزىپىسى كىشىلەرگە ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى توغرا يەتكۈزۈشتۇر. ئەمما ئۇلارنى دىنغا ھىدايەت قىلىش ئاللاھ تالانىڭ ئىشىدۇر. دىنىنىڭ دەۋىتىدىن يۈز ئۆرۈگەنلەر ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىغا ھەقلىقتۇر.

### ◄ ئاگاھلاندۇرۇش، خۇش بېشارەت بېرىش ۋە ئىلىمگە رىغبەتلەندۈرۈش

﴿قُلِ ٱنظُرُواْ مَاذَا فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِۚ وَمَا تُغۡنِي ٱلۡأٓيَٰتُ وَٱلنُّذُرُ
عَن قَوۡمٖ لَّا يُؤۡمِنُونَ ١٠١ فَهَلۡ يَنتَظِرُونَ إِلَّا مِثۡلَ أَيَّامِ ٱلَّذِينَ خَلَوۡاْ
مِن قَبۡلِهِمۡۚ قُلۡ فَٱنتَظِرُوٓاْ إِنِّي مَعَكُم مِّنَ ٱلۡمُنتَظِرِينَ ١٠٢ ثُمَّ نُنَجِّي
رُسُلَنَا وَٱلَّذِينَ ءَامَنُواْۚ كَذَٰلِكَ حَقًّا عَلَيۡنَا نُنجِ ٱلۡمُؤۡمِنِينَ ١٠٣﴾

### ◄ تەرجىمىسى

101-(ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنى كۆزىتىڭلار. مۆجىزىلەر ۋە ئاگاھلاندۇرغۇچى (پەيغەمبەر)لەرنىڭ ئىمان ئېيتمايدىغانلارغا پايدىسى بولمايدۇ.

102ـ ئۇلار پەقەت ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرگە كەلگەن (ئازابلىق) كۈنلەرنى كۈتىدۇ. (ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «سىلەر (ئاللاھنىڭ ئازابىنى) كۈتۈڭلار، مەنمۇ ئەلۋەتتە سىلەر بىلەن بىللە كۈتكۈچىلەردىنمەن».

103ـ ئاندىن كېيىن پەيغەمبەرلىرىمىزنى ۋە مۆئمىنلەرنى (ئازابتىن) قۇتقۇزىمىز. بىز مۆئمىنلەرنى ئەنە شۇنداق قۇتقۇزىمىز، بۇ بىزنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشىمىزدۇر.

### ◄ تەپسىرى

«قۇرئان كەرىم» بىزنى ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتىنىڭ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ئالامەتلىرىگە ئەقىل كۆزىمىز بىلەن قاراپ ئىبرەت ئېلىشقا، كائىناتتىكى ئىنچىكە نىزام ۋە مۇكەممەل قانۇنىيەتلەر ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالانىڭ ئىككى كىتابى بار بولۇپ، ئۇنىڭ بىرى، «قۇرئان كەرىم»، يەنە بىرى، كائىناتتۇر. ئالىملار: «كائىنات سۆزلىمەيدىغان قۇرئاندۇر، قۇرئان سۆزلەيدىغان كائىناتتۇر» دېگەن. چۈنكى، قۇرئان ۋە كائىنات ھەر ئىككىسى ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلۇغلۇقىنى، يەككە-يېگانە ئىكەنلىكىنى ۋە چەكسىز قۇدرىتىنى نامايان قىلىدۇ. «قۇرئان كەرىم»نى چۈشىنىپ ئوقۇغان ئادەم ئاللاھ تائالانى مۇكەممەل تونۇغاندەك، كائىناتتىكى ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتىگە ۋە گۈزەل سەنئەتلىرىگە دالالەت قىلىدىغان ئالامەتلەر ۋە ئاجايىپ قانۇنىيەتلەر ئۈستىدە تەپەككۇر قىلغان ئادەممۇ ئاللاھ تائالانى تونۇيدۇ. ﴿وَٱلشَّمۡسُ تَجۡرِي لِمُسۡتَقَرّٖ لَّهَاۚ ذَٰلِكَ تَقۡدِيرُ ٱلۡعَزِيزِ ٱلۡعَلِيمِ ٣٨ وَٱلۡقَمَرَ قَدَّرۡنَٰهُ مَنَازِلَ حَتَّىٰ عَادَ كَٱلۡعُرۡجُونِ ٱلۡقَدِيمِ ٣٩ لَا ٱلشَّمۡسُ يَنۢبَغِي لَهَآ أَن تُدۡرِكَ ٱلۡقَمَرَ وَلَا ٱلَّيۡلُ سَابِقُ ٱلنَّهَارِۚ وَكُلّٞ فِي فَلَكٖ يَسۡبَحُونَ﴾ يەنى ﴿كۈن بەلگىلەنگەن جايىغا قاراپ سەير قىلىدۇ، بۇ غالىب، ھەممىنى بىلگۈچى ئاللاھنىڭ ئالدىنئالا بەلگىلىۋەتكەن ئىشىدۇر. بىز ئاي ئۈچۈن ئايلىنىدىغان مەنزىللەرنى بەلگىلىدۇق، ئۇ (ئاخىردا) خورمىنىڭ قۇرۇپ قالغان شېخىغا ئوخشاش (ئەگمەچ) بولۇپ قالىدۇ. كۈننىڭ ئايغا يېتىۋېلىشى، كېچىنىڭ كۈندۈزنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس، ھەربىرى (ئايرىم) بىر ئوربىتىدا ئۈزۈپ تۇرىدۇ﴾[1]. بۇنىڭغا ئەقلى بىلەن نەزەر سالغان كىشى مۇشۇنداق مۇكەممەل ئىنتىزام ۋە

[1] ياسىن سۈرىسى: 38ـ40ـئايەتلەر.

تەرتىپ بىلەن داۋاملىشىۋاتقان بۇ كاتتا كائىناتنى ياراتقان زاتنىڭ بۇنى بىكارغا ياراتمىغانلىقىنى، ئەلۋەتتە بىرەر مەقسەت بىلەن ياراتقانلىقىنى بىلىدۇ. بۇ بىلىش پەيغەمبەرلەرنى، ۋەھيىنى، «قۇرئان كەرىم»نى تونۇشقا ۋە ئۇنىڭغا ئىشىنىشكە ئېلىپ بارىدۇ.

لېكىن، ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىشەنمەيدىغان قەۋم ئۇچۇن «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىنىڭ ۋە كائىناتتىكى ئىلاھىي قۇدرەتنىڭ كامىللىقىنى نامايان قىلىپ تۇرىۋاتقان ئالامەتلەرنىڭ نېمىگە پايدىسى بولسۇن؟!

كاپىرلار ئەقلىنى توغرا شەكىلدە ئىشلەتمىسە، ئۇنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرمىسا، ئۇلارغا ۋەز-نەسىھەت قىلغاننىڭ، مۆجىزىلەرنى كۆرسەتكەننىڭ نېمىگە پايدىسى بولسۇن؟!

بۇ سۈرىنىڭ ﴿وَيَجۡعَلُ ٱلرِّجۡسَ عَلَى ٱلَّذِينَ لَا يَعۡقِلُونَ﴾ يەنى ﴿ئاللاھ ئەقلىنى ئىشلەتمەيدىغانلارنى ئازابقا مەھكۇم قىلىدۇ﴾ دېگەن ئايىتىدىكى ﴿ئەقلىنى ئىشلەتمەيدىغانلار﴾ دېگەن سۆزدىن ئەقلى يوق ساراڭلار كۆزدە تۇتۇلمايدۇ، بەلكى ساپ-ساغلام ئەقلى بار تۇرۇقلۇق، ئۇنى جايىدا قوللانمىغان ۋە ئۇنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرمىغانلارنى كۆرسىتىدۇ. ئەقىلنىڭ ئەڭ ئالدىنقى ۋەزىپىسى ئۆزىنىڭ ياراتقۇچىسىنى تونۇشتۇر. ئەقلىنى رەببىنى تونۇشتىن ئىبارەت بۇنداق مۇھىم بىر ئىشقا ئىشلىتەلمىگەن ئادەمنىڭ شۇ ئەقلىنىڭ بولغانلىقىنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بولسۇن؟! بۇنداق ئەقىلنىڭ نېمىگە پايدىسى بولسۇن؟!

ئەقلىنى ئۆزىنىڭ ياراتقۇچىسىنى تونۇش، پەيغەمبەرلەرنى ئېتىراپ قىلىش ۋە ئۇلارغا ئىمان ئېيتىشتىن ئىبارەت تالاش-تارتىش قوبۇل قىلمايدىغان شەكسىز ھەقىقەتلەرگە ئىشلەتمىگەنلىكى ئۈچۈن، «قۇرئان كەرىم»نىڭ ھەقىقىتىگە ئىشەنمىگەن، ئۇنىڭ ئايەتلىرىدىن مەنپەئەت ئالالمىغان بەختسىزلەر ئۆزلىرىگىمۇ ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرنىڭ بېشىغا كەلگەن ھالاكەتلەرنىڭ كېلىشىدىن باشقا نەرسىنى كۈتمەيدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالانىڭ بېكىتكەن قانۇنىيىتى ئۆزگەرمەيدۇ، ھەقىقەتنىڭ دۈشمەنلىرى چوقۇم ھالاك بولىدۇ.

ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا ئېيتقىنكى، ئىش شۇنداقلا بولىدىغان بولسا، سىلەر ئىبرەت ئېلىشنى ۋە ئەقىل ئىشلىتىپ تەپەككۇر قىلىش ئارقىلىق ھەقىقەتنى ئىزدەشنى خالىمىساڭلار، سىلەر ئەمدى ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىنى كۈتۈڭلار، مەنمۇ سىلەر بىلەن بىرگە شۇنى كۈتىمەن.

ئاللاھ تائالا شۇنداق كەسكىن ۋە قەتئىي ئۆزگەرمەيدىغان بىر ھۆكۈمنى ئېلان قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿ئاندىن كېيىن پەيغەمبەرلىرىمىزنى ۋە مۇئمىنلەرنى (ئازابتىن) قۇتقۇزىمىز. بىز مۇئمىنلەرنى ئەنە شۇنداق قۇتقۇزىمىز، بۇ بىزنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشىمىزدۇر﴾. بۇنىڭغا بىنائەن، ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرىنى ۋە ھەقىقىي مۇئمىنلەرنى خۇددى ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنى ۋە مۇئمىنلەرنى كاپىرلارنىڭ يوق قىلىۋېتىشىدىن، ئۇلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ۋە ھالاك بولۇپ تۈگەپ كېتىشتىن قۇتقۇزغاندەك قۇتقۇزىدۇ. چۈنكى، بۇ ھۆكۈم قىلىنىپ بولغان ئىشتۇر. ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى راست، ۋەدىسى ھەقتۇر. ﴿وَمَنۡ أَصۡدَقُ مِنَ ٱللَّهِ قِيلٗا﴾ يەنى ﴿ئاللاھتىنمۇ راست سۆزلۈك كىم بار؟﴾[1] ، ﴿وَمَنۡ أَوۡفَىٰ بِعَهۡدِهِۦ مِنَ ٱللَّهِۚ﴾ يەنى ﴿ۋەدىسىگە ئاللاھتىنمۇ بەك ۋاپا قىلغۇچى كىم بار؟﴾[2].

بۇ ئايەتتىن كائىناتقا نەزەر سېلىشنىڭ، ئۇنىڭدىكى شەيئىلەر ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈش ئۈچۈن ئىزدىنىشنىڭ پەرز ئىكەنلىكى ئېپادىلىنىدۇ. چۈنكى، مۇنداق قىلىش ئاللاھ تائالاغا بولغان ئىماننى كۈچەيتىدۇ، تەقۋالىقنى ئاشۇرىدۇ، ئەقىدىنى مۇستەھكەم قىلىدۇ ۋە ئاللاھ تائالانى لايىقىدا ئۇلۇغلاشقا ئېلىپ بارىدۇ. شۇ ئېنىقكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا «قۇرئان كەرىم»دىن تۇنجى قېتىم نازىل بولغان ئايەت ﴿ٱقۡرَأۡ بِٱسۡمِ رَبِّكَ ٱلَّذِي خَلَقَ﴾ يەنى ﴿ياراتقان رەببىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن﴾[3] دېگەن ئايەت ئىدى. ھەركىمنىڭ بىلىۋېلىشى زۆرۈر بولغان مەسىلە شۇكى، ئىسلام دىنى ئىلىم ۋە ئەمەل دىنىدۇر، ھاياتىدا بىرەر قېتىممۇ مەكتەپ كۆرمىگەن، ھېچكىمدە ئوقۇمىغان بىر ئۈممى (ئوقۇش ۋە يېزىشنى بىلمەيدىغان) پەيغەمبەر «قۇرئان كەرىم»نىڭ شاراپىتى بىلەن ئىسلام دىنىنىڭ تۇنجى مۇئەللىمى، ئەخلاق -پەزىلەت ئۈلگىسى بولۇپ قالدى. شەكسىزكى، بۇ ئاللاھ تائالانىڭ كاتتا ئىنئامىدۇر.

### مۇھىم نۇقتىلىرى

**1.** ھىدايەتتىن نېسىۋىسى بولمىغانلارغا دەۋەتنىڭ پايدىسى بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئورۇنلىرىنى دوزاختىن ئاللىبۇرۇن ئېلىپ بولغان بولۇپ،

[1] نىسا سۈرىسى: 122-ئايەت.
[2] تەۋبە سۈرىسى: 111-ئايەت.
[3] ئەلەق سۈرىسى: 1-ئايەت.

ئەبۇ جەھل، پىرئەۋن ۋە قارۇن قاتارلىقلار بۇنىڭ مىسالى.

2. كىشىلەرگە زۇلۇم قىلغۇچىلار ۋە ھەرخىل يولسىزلىقلارنى قىلغۇچىلار ئىلگىرىكى زالىملار ئۇچرىغان ئىبرەتلىك ئاقىۋەتلەرگە يولۇقىدۇ.

3. ئاللاھ تائالا ھەقىقەتتە تۇرغانلارنىڭ يېنىدا بولۇپ، ئۇلارنى قوغدايدۇ، زالىملارنى ھالاك قىلىدۇ.

### ◄ ئىسلام دەۋىتىنىڭ ئومۇمىي پرىنسىپى

﴿قُلۡ يَـٰٓأَيُّهَا ٱلنَّاسُ إِن كُنتُمۡ فِي شَكّٖ مِّن دِينِي فَلَآ أَعۡبُدُ ٱلَّذِينَ
تَعۡبُدُونَ مِن دُونِ ٱللَّهِ وَلَٰكِنۡ أَعۡبُدُ ٱللَّهَ ٱلَّذِي يَتَوَفَّىٰكُمۡۖ وَأُمِرۡتُ
أَنۡ أَكُونَ مِنَ ٱلۡمُؤۡمِنِينَ ١٠٤ وَأَنۡ أَقِمۡ وَجۡهَكَ لِلدِّينِ حَنِيفٗا وَلَا
تَكُونَنَّ مِنَ ٱلۡمُشۡرِكِينَ ١٠٥ وَلَا تَدۡعُ مِن دُونِ ٱللَّهِ مَا لَا يَنفَعُكَ
وَلَا يَضُرُّكَۖ فَإِن فَعَلۡتَ فَإِنَّكَ إِذٗا مِّنَ ٱلظَّـٰلِمِينَ ١٠٦ وَإِن يَمۡسَسۡكَ
ٱللَّهُ بِضُرّٖ فَلَا كَاشِفَ لَهُۥٓ إِلَّا هُوَۖ وَإِن يُرِدۡكَ بِخَيۡرٖ فَلَا رَآدَّ لِفَضۡلِهِۦۚ
يُصِيبُ بِهِۦ مَن يَشَآءُ مِنۡ عِبَادِهِۦۚ وَهُوَ ٱلۡغَفُورُ ٱلرَّحِيمُ ١٠٧﴾

### ◄ تەرجىمىسى

104ـ ئېيتقىنكى «ئى ئىنسانلار! ئەگەر سىلەر مېنىڭ دىنىمدىن گۇمانلانسائىلار، (شۇنى بىلىڭلاركى)، مەن سىلەرنىڭ ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلىرىڭلارغا چوقۇنمايمەن، لېكىن مەن سىلەرنىڭ جېنىڭلارنى ئالىدىغان ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىمەن، مەن مۆئمىنلەردىن بولۇشقا بۇيرۇلدۇم».

105ـ يەنە (ماڭا): «توغرا دىنغا يۈزلەنگىن، مۇشرىكلاردىن بولمىغىن،

106ـ ئاللاھنى قويۇپ، ساڭا پايدا-زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان نەرسىلەرگە چوقۇنمىغىن، ئەگەر ئۇلارغا چوقۇنساڭ، ئۇ چاغدا سەن چوقۇم (ئۆزىگە) زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولۇپ قالىسەن.

107ـ ئەگەر ئاللاھ ساڭا بىرەر زىيان-زەخمەت يەتكۈزۈشنى ئىرادە قىلسا، ئاللاھتىن باشقا ئۇنى كۆتۈرۈۋەتكۈچى يوقتۇر، ئەگەر ئاللاھ ساڭا بىرەر ياخشىلىقنى ئىرادە قىلسا، ئاللاھنىڭ بۇ مەرھەمىتىنى قايتۇرۇۋەتكۈچى

يوقتۇر. ئاللاھ مەرھەمىتىنى بەندىلىرىدىن خالىغان ئادەمگە يەتكۈزىدۇ. ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، تولىمۇ مېھرىباندۇر» (دەپ ۋەھيى قىلىندى).

### تەپسىرى

ئى پەيغەمبەر! بارلىق ئىنسانىيەتكە قارىتىلغان دەۋىتىڭنىڭ ئاساسلىق نۇقتىسىنى ئۇلارغا قىسقىچە بايان قىلىپ ئېيتقىنكى، سىلەر مېنىڭ دىنىمدىن ۋە پەيغەمبەر ئىكەنلىكىمدىن ئازراق شەكلىنىپ قالغان بولساڭلار، بىلىپ قويۇڭلاركى، مەن سىلەر چوقۇنۇۋاتقان بۇتلاردىن ئىبارەت ساختا مەبۇدلارغا قەتئىي چوقۇنمايمەن، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى كىشىلەرگە پايدا-زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. ئۇلار ئۆزىگە بىرەر پايدا يەتكۈزۈشكە ياكى ئۆزىنى بىرەر زىياندىن قوغداپ قېلىشقا قادىر بولالمايدىغان نەرسىلەر تۇرسا، ئۇلارنىڭ باشقىلارغا پايدا يەتكۈزەلىشى ياكى ئۇلارنى زىياندىن ساقلاپ قالالىشى مۇمكىنمۇ؟ شۇڭا مەن ھېچقانداق شېرىكى بولمىغان، يەككە-يېگانە ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىمەن. ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ ئەجىلىڭلار توشقاندا جېنىڭلارنى ئالىدىغان ۋە سىلەرنى ئۆز دەرگاھىغا ئېلىپ كېتىدىغان، سىلەردىن تولۇق ھېساب ئالىدىغان ۋە ياخشى - يامان بارلىق ئەمەللىرىڭلارنىڭ مۇكاپاتىنى ياكى جازاسىنى بېرىدىغان زاتتۇر. مەن مۇشۇ ئۈممەتنىڭ ئىچىدە ئاللاھ تائالاغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقان مۇئمىنلەرنىڭ تۇنجىسى بولۇشقا، شېرىكنىڭ ھەممە تۈرلىرىنى ئىنكار قىلىپ، دىننى خالىس ئاللاھ تائالا ئۈچۈن قىلىشقا ۋە مۇشرىكلاردىن بولماسلىققا بۇيرۇلدۇم.

ئى پەيغەمبەر! سەن ساڭا ياكى باشقىلارغا قىلچە پايدا يەتكۈزەلمەيدىغان، ھېچكىمنى زىيان-زەخمەتتىن ساقلىيالمايدىغان نەرسىلەرگە چوقۇنمىغىن، ئەگەر شۇنداق قىلىدىغان بولساڭ، سەن چوقۇم ئۆزىگە ئۆزى زۇلۇم قىلغۇچىلارنىڭ جۈملىسىدىن بولۇپ قالىسەن. بىلگىنكى، ئاللاھ تائالا ساڭا ياكى پۇل-مېلىڭغا ۋەياكى قانداقلا بىر نەرسەڭگە زىيان يەتكۈزۈشنى ئىرادە قىلغان بولسا، بۇ زىياننى ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم كۆتۈرۈۋېتەلمەيدۇ، ھېچكىم ساڭا ئاللاھ تائالانى قايرىپ قويۇپ ياردەم قىلالمايدۇ. چۈنكى، ھەممە ئىش ئاللاھ تائالانىڭ ئىلكىدىدۇر. شۇنىڭدەك، ئاللاھ تائالا سېنىڭ دىن ۋە دۇنيالىق قانداقلا بىر ئىشىڭدا ساڭا بىرەر ياخشىلىقنى ئىرادە قىلسا، ئۇنىڭ بۇ ئىرادىسىنى رەت قىلغۇچى ياكى ئۇنىڭغا توسقۇنلۇق قىلغۇچى ۋەياكى ئۇنىڭ پەزل-مەرھەمىتىنى چەكلىگۈچى يوقتۇر. رەببىڭ ئەنە شۇنداق چەكسىز

قۇدرەتلىك زاتتۇر.

ئاللاھ تائالا كاپىرلار سۈپەتلىگەن نەرسىلەردىن ئەلۋەتتە پاكتۇر. ئاللاھ تائالانىڭ پەزل-كەرەمى، مەرھەمىتى، ياردىمى ۋە ئاتا-ئېھسانى ئۆز ھېكمىتىگە ۋە ئىرادىسىگە ئاساسەن، بەندىلىرىدىن خالىغان كىشىلەرگە يېتىپ تۇرىدۇ. ئاللاھ تائالا ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر، بەندىلىرىنىڭ بارلىق ئىشلىرىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، تەۋبە قىلغان كىشىلەرنىڭ گۇناھلىرىنى كەچۈرگۈچىدۇر ۋە ئۇلارغا بەكمۇ مېھرىباندۇر.

### مۇھىم نۇقتىلىرى

1. كاپىرلارنىڭ كۇفرىلىقى، ئازغۇنلارنىڭ دىندا شەك قىلىشى ۋە پىتنە-ئىغۋالارنى تېرىشى مۇئمىن ئادەمنىڭ ئىمانىغا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. دۇنيادا خۇددى نۇر چېچىۋاتقان قۇياشنى كۆرەلمەيدىغان كورلار بولغىنىدەك، ھەقىقەتنىڭ نۇرىنى كۆرەلمەيدىغان، ھېس قىلالمايدىغان مەنىۋى كورلارمۇ كۆپتۇر.

2. ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرمىگەن مۇسۇلمان ئادەم قانچىلىك چوڭ گۇناھلارنى قىلغان بولسىمۇ، گۇناھىغا لايىق جازاسىنى تارتىپ بولغاندىن كېيىن چوقۇم جەننەتكە كىرىدۇ.

3. ئاتالمىش ئەۋلىيالاردىن ۋە ساختا ئىلاھلاردىن مەدەت تىلەش ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرگەنلىكتۇر. ئاللاھ تائالا شېرىك كەلتۈرگەنلىكنىڭ گۇناھىدىن تەۋبىسىز ئۆتمەيدۇ.

4. «ئاللاھ تەقدىر قىلغان زىياننى ھېچكىم قايتۇرالمايدۇ، ئاللاھ تەقدىر قىلغان پايدىنى ياكى ياخشىلىقنى ھېچكىم توسۇۋالالمايدۇ» دېگەن ھەقىقەتكە چىن يۈرەكتىن ئىشەنگەن ئادەمنىڭ ئىمانى تولۇقلانمايدۇ.

### بۇ سۈرىنىڭ خۇلاسىسى

﴿قُلْ يَٰٓأَيُّهَا ٱلنَّاسُ قَدْ جَآءَكُمُ ٱلْحَقُّ مِن رَّبِّكُمْ ۖ فَمَنِ ٱهْتَدَىٰ فَإِنَّمَا يَهْتَدِى لِنَفْسِهِۦ ۖ وَمَن ضَلَّ فَإِنَّمَا يَضِلُّ عَلَيْهَا ۖ وَمَآ أَنَا۠ عَلَيْكُم بِوَكِيلٍ ﴿١٠٨﴾ وَٱتَّبِعْ مَا يُوحَىٰٓ إِلَيْكَ وَٱصْبِرْ حَتَّىٰ يَحْكُمَ ٱللَّهُ ۚ وَهُوَ خَيْرُ ٱلْحَٰكِمِينَ ﴿١٠٩﴾﴾

## تەرجىمىسى

**108-ئايەتنىڭ تەپسىرى**

108-ئېيتقىنكى، «ئى ئىنسانلار! شەكسىزكى، سىلەرگە رەببىڭلار تەرىپىدىن ھەق (دىن) كەلدى. ئەمدى كىمكى ھىدايەت تاپىدىكەن، ئۇ پەقەت ئۆزىنىڭ پايدىسى ئۈچۈن ھىدايەت تاپقان بولىدۇ، كىمكى ئازىدىكەن، ئۇ پەقەت ئۆزىنىڭ زىيىنى ئۈچۈن ئازغان بولىدۇ، مەن سىلەردىن (مۆئمىن بولماسلىقىڭلاردىن) جاۋابكار ئەمەسمەن».

109-(ئى پەيغەمبەر!) ساڭا قىلىنغان ۋەھيىگە ئەگەشكىن. ئاللاھ ھۆكۈم چىقارغانغا قەدەر سەۋر قىلغىن. ئاللاھ ھۆكۈم چىقارغۇچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر.

## تەپسىرى

بۇ ئىسلامنىڭ ئاساسلىق پرىنسىپلىرىنى بايان قىلغان سۈرە – يۇنۇس سۈرىسىنىڭ تۈگەنچىسىدۇر. بۇ سۈرىدە مۇشرىكلار ئىنكار قىلغان تەۋھىد ئەقىدىسى، ۋەھيى، پەيغەمبەرلىك، ئۆلگەندىن كېيىنكى تىرىلىش، قىيامەت كۈنىدىكى ھېساب ئېلىش، «قۇرئان كەرىم»نىڭ ھەقىقىتى، ئاللاھ تائالانىڭ سۈپەتلىرى قاتارلىق مۇھىم مەسىلىلەر، ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرنىڭ قىسسىلىرى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئىمان ئېيتقان كىشىلەرنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئېرىشكەن مۇكاپاتى، ئۆزىنىڭ كاپىرلىقىدا چىڭ تۇرۇۋېلىپ ھەق دىنغا قارشى تۇرغان كاپىرلارنىڭ ئاقىۋىتى توغرىسىدىكى ئىبرەتلىك قىسسىلەر ۋە ۋەز نەسىھەتلەر بايان قىلىنغان.

ئى پەيغەمبەر! سەن پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە شۇنداق جاكارلىغىنكى، ئى ئىنسانلار! سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىن چىققان بىر ئىنسانغا -مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا رەببىڭلار تەرىپىدىن ۋەھيى قىلىنىپ، ئۇنىڭ تىلى ئارقىلىق سىلەرگە ھەق دىن يېتىپ كەلدى، بۇ قىلچە شەك-شۈبھە بولمىغان، ئايەتلىرى ئەڭ مۇكەممەل شەكىلدە ئورۇنلاشتۇرۇلغان، كامالەتلىك «قۇرئان كەرىم»دە بايان قىلىنغان دىندۇر. «قۇرئان كەرىم» شۇنداق بىر كىتابكى، ئۇنىڭغا ئالدىدىنمۇ، ئارقىسىدىنمۇ، يەنى ھېچقايسى تەرىپىدىن بۇزغۇنچىلىق كەلمەيدۇ، ئۇنى ئاللاھ تائالا ئۆزى مۇھاپىزەت قىلىپ قوغدايدۇ، ئۇنىڭغا ھېچكىم زىيانكەشلىك قىلالمايدۇ، ئۇ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، مەدھىيىگە لايىق ئاللاھ تائالا

تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان ئەڭ ئاخىرقى ساماۋى كىتابتۇر. كىمكى ئۇنىڭغا ئەگىشىپ، ئۇنى ھاياتىدا ھايات دەستۇرى قىلىپ، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭدا سىزىپ بەرگەن توغرا يولدا يۈرىدىكەن، بۇنىڭ پايدىسىنى ئۇ كىشىنىڭ ئۆزى كۆرىدۇ. كىمكى شۇنداق ئېنىق، روشەن ۋە راستلىقىغا قىل سىغمايدىغان بۇ ھەقىقەتنى ئىنكار قىلىپ كاپىر بولىدىكەن، ئۇنىڭ كاپىرلىقىنىڭ ۋە ئازغۇنلۇقىنىڭ زىيىنىنى ئۇ كىشىنىڭ ئۆزى تارتىدۇ. مەن سىلەرنىڭ مۆئمىن بولماسلىقىڭلاردىن جاۋابكار ئەمەسمەن، سىلەرنى ئىمانغا مەجبۇرلىغۇچىمۇ ئەمەسمەن، مەن پەقەت سىلەرنى ئاخىرەتنىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرغۇچى ۋە ئىمان ئېيتقانلارغا جەننەت بىلەن خۇش خەۋەر يەتكۈزگۈچى پەيغەمبەرمەن.

ئى پەيغەمبەر! «قۇرئان كەرىم»دە رەببىڭ ساڭا ۋەھيى ئارقىلىق بىلدۈرگەن مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسىگە ئەمەل قىلغىن، ئۇنى كىشىلەرگە ئۆگەتكىن، دەۋا ئىشلىرىنى ئۇنىڭ بىلەن ھەل قىلغىن، كىشىلەرنى ئۇنىڭ نۇرى بىلەن ھىدايەتكە يېتەكلىگىن، دىنىنى يەتكۈزۈش يولىدا ئىلگىرىكى ئەزىمەتلىك پەيغەمبەرلەر چىداملىق بولغاندەك چىداملىق بولغىن، رەببىڭ سەن بىلەن ئۇ كاپىرلارنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقارغانغا قەدەر ئۇلار توغرىسىدا ھۆكۈم چىقىرىشقا ئالدىراپ كەتمىگىن، رەببىڭ ھۆكۈم چىقارغۇچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر ۋە ئەڭ ئادالەتلىكىدۇر.

ئى ئىنسانلار! ئاللاھ تائالا مۇشۇ كائىنات ۋە ئۇنىڭدىكى بارلىق نەرسىلەر ئۈچۈن ئەڭ مۇكەممەل قانۇن-سىستېمىلەرنى، پۇختا ۋە ئىنچىكە نىزاملارنى بېكىتكەن بولۇپ، بۇلار ھەرگىز بۇزۇلمايدۇ. ئاللاھ تائالا بۇلارنىڭ ھەممىسىنى سىلەرنىڭ مەنپەئەتىڭلار ئۈچۈن شۇنداق قىلدى. كائىناتتىكى بارلىق مەۋجۇداتنى سىلەر ئۈچۈن ياراتتى. ئەمدى ئاللاھ تائالا سىلەرنى بىكارغا ياراتتىمۇ؟ جاۋاب شۇكى، ئاللاھ تائالا سىلەرنى ھەرگىز بىكارغا ياراتقان ئەمەس، «قۇرئان كەرىم»نى بىكارغا نازىل قىلغان ئەمەس. سىلەر سىناق ئۈچۈن يارىتىلدىڭلار، سىلەرگە نازىل قىلىنغان بۇ كىتاب سىلەرنىڭ ئىككى دۇنيالىق بەخت-سائادەت يولۇڭلارنى تېپىۋېلىشىڭلار ئۈچۈن كەلدى.

توغرا، ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»نى ئىنسانلارنى توغرا يولغا باشلاش ئۈچۈن نازىل قىلدى. ئاللاھ تائالانىڭ بارلىق ئەمر-پەرمانلىرى، ئىنسانلارنىڭ ھاياتىغا يېتەكچىلىك قىلسۇن دەپ بېكىتكەن قانۇن-پرىنسىپلىرى، ھەر تۈرلۈك ئۈگۈتلەر ۋە ۋەز-نەسىھەتلەر، ئىبرەتلىك قىسسىلەر، ئىلگىرىكىلەرنىڭ كەچۈرمىشلىرى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى

بۇ كىتابتا بايان قىلىنغان. ئاللاھ تائالا بۇلارنىڭ ھەممىسىنى شۇ ئىنسانلار ئۈچۈن ياراتقان تۇرۇپ، بۇ ئىنسانلارنى ئۆز ھالىغا قويۇپ بېرەمدۇ؟ ئاسمان-زېمىننى ياراتقان، كائىناتنى ئىدارە قىلىپ تۇرۇۋاتقان زات ئۇلارنى يارىتىپ باشقىلارغا تاشلاپ قويامدۇ؟!﴿أَفَحُكْمَ ٱلْجَٰهِلِيَّةِ يَبْغُونَ ۚ وَمَنْ أَحْسَنُ مِنَ ٱللَّهِ حُكْمًا لِّقَوْمٍ يُوقِنُونَ ﴿٥٠﴾﴾ يەنى ﴿ئۇلار جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ ھۆكمىنى تەلەپ قىلامدۇ؟ (ھەقىقەتكە) جەزم قىلىپ ئىشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن ھۆكۈمدە ئاللاھتىنمۇ ئادالەتلىك كىم بار؟﴾[1].

ئايەتنىڭ تۈگەنچىسىدە، جانابى ئاللاھ تائالادىن مۇسۇلمانلارنىڭ ئىش باشقۇرغۇچىلىرىنى ئاللاھ تائالانىڭ قانۇن-پرىنسىپلىرى بويىچە ئىش قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلىشنى تىلەيمىز.

### ◄ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ھەركىمنىڭ بەخت-سائادىتى ياكى بەختسىزلىكى ئۆزىگە باغلىقتۇر. ﴿كىمكى ھىدايەت تاپىدىكەن، ئۇ پەقەت ئۆزىنىڭ پايدىسى ئۈچۈن ھىدايەت تاپقان بولىدۇ، كىمكى ئازىدىكەن، ئۇ پەقەت ئۆزىنىڭ زىيىنى ئۈچۈن ئازغان بولىدۇ﴾.

2. مۇسۇلماننىڭ دەستۇرى «قۇرئان كەرىم» بىلەن سەھىھ ھەدىسلەردە ئىپادىسىنى تاپقان ۋەھىيدۇر. «قۇرئان كەرىم» لەۋزى ۋە مەنىسى بىلەن ۋەھىيدۇر، ئەمما سەھىھ ھەدىسلەر لەۋزى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن، مەنىسى ئاللاھ تائالادىن كەلگەن ۋەھىيدۇر.

3. سەۋرنىڭ ۋە چىدامچانلىقنىڭ نەتىجىسى مۇرادقا يېتىشتۇر. ھەرقانداق قىيىنچىلىق چىدامچانلىق ئارقىلىق ئوڭايلىققا ئايلىنىدۇ. چىدامچانلىق ۋە سەۋرچانلىق ئەڭ ئېسىل پەزىلەتتۇر. ئەمما يولسىزلىققا، زۇلۇمغا سۈكۈت قىلىپ تۇرۇش سەۋرچانلىق ئەمەس، بەلكى ئىماننىڭ ئاجىزلىقىدۇر.

---

[1] مائىدە سۈرىسى: 50-ئايەت.